215
I210.2/1/:1



# لۇشۈن ئەسەرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى ئارتىشى

中央民族大学图书馆

قەبرە

ياۋا گىياھ

21500009799

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## لۇشۈن ئەسەرلىرى

1- توم
قەبرە
ياۋا گىياھ
2- توم
چۇقان
تېڭىرقاش
يېڭىدىن يېزىلغان كونا ھېكايە
3- توم
ئىسسىق شامال
سايىۋەن
سايىۋەننىڭ داۋامى
«سايىۋەننىڭ داۋامى»نىڭ داۋامى
4- توم
ئۈچ «بىكار»
ئالا كۆڭۈل
5- توم
تاغدىن - باغدىن
ساختا ئەركىنلىكنامە
6- توم
گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە
چىلتەكلىك ئەدەبىيات
7- توم
خالاس
كۈنس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى
8- توم
ئەچتە ئۆزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى
شېئىرلار
ئىككى يەردىن مەكتۇپلار
مەكتۇپلار

**图书在版编目(CIP)数据**

鲁迅文集.1/鲁迅著；托呼提·巴克译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3
ISBN 7—228—09890—0

Ⅰ.鲁… Ⅱ.①鲁… ②托… Ⅲ.鲁迅著作—选集—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I210.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 018416 号

责任编辑：艾合买提·伊明
帕提古丽·米吉提
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
牙生·扎衣都
封面设计：买买提·乃拜提

**鲁迅文集（1）**（维吾尔文）

鲁迅 著
托呼提·巴克 译

---

**新疆人民出版社出版**
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 16.5 印张 2 插页
2006 年 3 月第 1 版 2006 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3000

---

ISBN 7—228—09890—0 定价：30.00 元

# مۇھەررىردىن

لۇشۇننىڭ بارلىق ئەسەرلىرى دەسلەپتىلا يەنى لۇشۇننىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل ئۆتمەيلا 1938 - يىلى لۇشۇن ئەپەندىنىڭ «ماتەم ھەيئىتى» تەرىپىدىن رەتلىنىپ، «لۇشۇن ئەسەرلىرى» دېگەن سەرلەۋھىدە 20 توم قىلىپ نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى، يىغىپ - توپلاپ، رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان قەدىمىي ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. 1947 - يىلى مەخسۇس ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلىرى رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن، يېزىلغان ۋاقتى بويىچە يىللىق كىتابچە شەكلىدە تۈزۈلگەن «لۇشۇننىڭ 30 يىللىق ئەسەرلىرى» ناملىق 30 پارچە كىتابمۇ نەشر قىلىنغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى» ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئەسەرلىرىنى — بەدىئىي ئىجادىي ئەسەرلىرى، مۇھاكىمە - ئوبزورلىرى يەنى فېلىيەتونلىرى، ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلىرى ۋە قىسمەن سالام خەتلىرىنى — يېڭىۋاشتىن رەتلەپ، زۆرۈر تېپىلغان ئىزاھلارنى قوشۇپ، 1956 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە جەمئىي 10 توملۇق «لۇشۇن ئەسەرلىرى»نى نەشر قىلدى. 1981 - يىلى «خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى» يەنە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 10 توملۇق «لۇشۇن ئەسەرلىرى»نى ئاساس قىلىپ، يىللىق «توپلام سىرتىدىكى توپلام»، «توپلاملار سىرتىدىكى توپلاملاردىن قېپقالغان ئەسەرلەر»، «تەۋەررۇك ئەسەرلەرگە بېغىشلاپ يېزىلغان مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلەر توپلىمى»، «تەرجىمە ئەسەرلەرگە بېغىشلانغان مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلەر توپلىمى»، «كۈندىلىك خاتىرىلەر» ۋە شۇ چاغقىد-

چە تېپىلغان بارلىق سالام خەتلىرىنى قوشۇپ، جەمئىي 15 توملۇق
«لۇشۇن ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى. بۇنىڭغا يەنە ئاپتورنىڭ
ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ يىلنامىسى، بارلىق ئەسەرلەر-
نىڭ مۇندەرىجىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر
توممۇ قوشۇلغان. ئاپتورنىڭ چەت ئەل تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغان
ئەسەرلىرى، ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر توپلاپ - رەتلەپ نەشرگە
تەييارلىغان تەۋەررۇك (قەدىمىي) ئەسەرلىرى، ئىلگىرىكى چاغلار-
دا جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتاب - ژۇرناللىرىدىن يىغىپ - رەتلەپ
تەييارلىغان «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەزكىرىسى»، «هاياتلىق ئالا-
مەتلىرى» سەرلەۋھىلىك فىزىئولوگىيە لېكسىيىلىرى قاتارلىق ئە-
سەرلىرى توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن.

لۇشۇن ئەسەرلىرىنىڭ چوڭ ھەجىملىك نۇسخىلىرىدىن باشقا
ئايرىم توپلام، كىتابچە، تاللانما، يەككە پارچە ئەسەر شەكلىدە
نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى ئاز ئەمەس، نەشر قىلغان جايلار،
مۇئەسسەسەلەرمۇ ئوخشاش ئەمەس. يۇقىرىدىكى گەپلىرىمىز پەقەت
لۇشۇن ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋا-
لى توغرىسىدا پەقەت خەنزۇ تىلى نۇقتىسىدىلا توختالغان بايان.
ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن سۆز ئاچساق، خەنزۇ تىلىدا ئاي-
رىم - ئايرىم كىتابچە، توپلام قىلىنغان نەشر نۇسخىلىرىدىن
تەرجىمە قىلىنغان قىسىملىرىمۇ بار، 10 توملۇق توپلامدىن تەرجە-
مە قىلىنغانلىرىمۇ بار، 16 توملۇق توپلامدىن تەرجىمە قىلىنغانلى-
رىمۇ بار؛ ئىزاھسىز نۇسخىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ بار،
ئىزاھلىق نۇسخىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ بار. قولىڭىزدى-
كى بۇ سەككىز توملۇق «لۇشۇن ئەسەرلىرى» ئەنە شۇ تەرجىمى-
لەرنىڭ مەجمۇئەسى. بۇ مەجمۇئەنى خەنزۇ تىلىدىكى ئەسلىي 10
توملۇق، 16 توملۇق ياكى 20 توملۇق ۋە ياكى 30 يىللىق توپلام-
لارنىڭ تولۇق تەرجىمىسى دېگىلى بولمايدۇ؛ پەقەت «لۇشۇن ئە-
سەرلىرى» نىڭ 10 توملۇق نۇسخىسى ئاساسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات-
لىرى، تارىخىي ئەسلىمىلىرى، ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى، نەسرلى-



رى، شېئىر - نەزمىلىرى، فېليەتونلىرى ۋە مەكتۇپلىرىنىڭ
ئاساسەن تولۇق، قىسمەن تاللانغان تەرجىمىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى.

جۇڭخۇا ئېلىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيا خەلقىنىڭ مەدە-
نىيەت خەزىنىسىدە قىممەتلىك مەنىۋى گۆھەر سانىلىپ كېلىۋاتقان
لۇشۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىپ ئۇيغۇر كىتابخانلىرى-
مىزغا سۇنۇش ھەقىقەتەن شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل بىر ئىش. بۇ
ئىش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلىنىپ،
گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق پارچە ئەسەرلەر ھالىتىدە، كېيىنچە
تاكى 80 - يىللارغىچە يەككە - يەككە توپلام، تاللانما، ئۈزۈندە
ۋە رىسالە نۇسخىسىدا نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز
كۆرۈشتۈرۈلۈپ كەلدى. مانا بۇ سەككىز توملۇق «لۇشۇن ئەسەر-
لىرى» نى ئەنە شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا قايتا رەتلەپ، نۆۋەتتە
كېيىنكى يېڭى نەشرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان خەنزۇچە 16
توملۇق نۇسخىسىغا قاراپ تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلىدۇق. بۇنىڭ
بىلەن پەخىرلىنىمىز. بۇ قېتىمقى نەشرگە تەييارلاشتا «ئىزاھلار»
قىسمىغا بەزى زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى. بۇ ئۆزگىرىش-
لەر بەزى تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرگە ئۆز ۋاقتىدا باشقىلار تەرىپى-
دىن بېرىلگەن ئىنتايىن سولچىل باھالارنى تارىخىي رېئاللىق نۇق-
تىسىدىن قايتىدىن باھالاشتا ئەكس ئېتىدۇ. ئالاھىدە قەيت قىلىپ
ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى شۇكى، تەرجىمشۇناس توختى باقى
ئارتىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىدە يول ئاچقۇچى ئۇستاز
بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرجىمە ساھەسىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارات-
قان. بۇ ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەرگە خاس سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر-
چىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىشىدا، ئەسلىي تىلدىكى سۆز - دىئالوگلار-
نى سۆزمۇسۆز ئەمەس، بەلكى ماھىيەتلىك ئوبرازى بىلەن گەۋدى-
لەندۈرۈشىدە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. باشقا مىللەتلەرگە خاس ئاتال-
غۇ - ئىبارىلەرنى شۇ مىللەتكە خاس ئاتالغۇلار بىلەن ئېلىش،
بولۇپمۇ دىن ۋە ئۆرپ - ئادەتكە تاقىلىدىغان ئاتالغۇلار مەسىلىسىدە
تېخىمۇ شۇنداق قىلىش ئۆلچىمى توختى باقى ئارتىشغا ئوخشاش

# مۇندەرىجە

## قەبرە


بېغىشلىما ................................................ 3
ئىنسانلار تارىخى ........................................ 7
پەن تارىخى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ....................... 27
مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا ................ 54
شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا ................. 87
ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىم .............. 171
بىز ھازىر قانداق ئاتا بولۇۋاتىمىز ........................ 191
نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى ...... 212
تالانت بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ........................ 223
لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا ..................... 229
بۇرۇت ھەققىدە ............................................ 233
رەسىم تارتىشقا دائىر ...................................... 241
يەنە لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا ............... 253
ئەينەككە قارىغاندا ........................................ 260
كەچ باھاردىن پارالڭ ....................................... 267
چىراغ تۈۋىدىكى ئەسلىمىلىرىم .............................. 275
پارچە ئەسلىمىلەر ......................................... 288
«ئاناڭنى ! » توغرىسىدا .................................. 298
كۆزنى ئېچىپ قاراش توغرىسىدا ............................. 305
گەپ بۇرۇتتىن چىشقىچە ...................................... 314




تەرجىمە پېشىۋالىرىمىزنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا داۋاملىق ئىزلىنىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىزنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى بۇ جەرياننى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق تۇستىكى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئەينەن ساقلاپ قالدۇق. مۇھتەرەم تەرجىمانىمىزنىڭ ئىپادە تىلى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرىدىكى سۆز - جۈملە قۇرۇلمىسىغا يېقىن. بىز چاغاتاي تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ تىلى لۇشۇن ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراپ، تەرجىمانىمىزنىڭ جۈملە ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلدۇق. بۇ نۇقتىلار ئۇيغۇر تىلى ۋە تەرجىمە تەتقىقاتىدا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. يەنە شۇنىمۇ ئېيتماقچىمىزكى، بۇ مۇشكۈل ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرۈش يولىدا كۆپ تىرىشقان بولساقمۇ، ئىقتىدارىمىزنىڭ ۋە بەزى ئىمكانىيەتلىرىمىزنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بەزى كەمچىلىك ۋە قۇسۇرلاردىن خالىي بولالماسلىقىمىز مۇمكىن. كېيىنكى نەشرىدە كەمچىلىكلەرنىڭ تۈزىتىلىشىگە، قۇسۇرلارنىڭ يوقىتىلىشىغا ياردەم بولسۇن ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياردەم ۋە كۆرسەتمە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا - تۇزنى يىغىشتۇرۇش تەلىماتى ...... 329
تۇلچىلىق تەلىماتى ...... 337
«فاير پلەي»نى يولغا قويۇشقا ئالدىرىماسلىق كېرەكلىكى توغرىسىدا ...... 347
«قەبرە»نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە ...... 361
ئىزاھلار ...... 371


## ياۋا گىياھ


بېغىشلىما ...... 443
كۆز كېچىسى ...... 445
قار ...... 449
سايىنىڭ ۋىداسى ...... 451
تىلەمچى ...... 453
مېنىڭ پىراقىم ...... 455
قىساس (1) ...... 457
قىساس (2) ...... 460
ئۇمىد ...... 463
لەگلەك ...... 466
ياخشى ھېكايە ...... 470
يولۇچى ...... 473
قوقاس ...... 481
ئىتنىڭ رەددىيىسى ...... 484
قولدىن كەتكەن ياخشى دوزاخ ...... 485
قەبرە يازۇلىرى ...... 488
ھالسىرىغان جەسەتنىڭ قىمىرلىشى ...... 490
مۇھاكىمە ...... 494
ئۆلگەندىن كېيىن ...... 496





شۇنداق جەڭچى ...... 502
دانا، تەلۋە ۋە مالاي ...... 504
قۇرۇغان يوپۇرماق ...... 507
سۇس قان داغلىرى ئىچىدە ...... 509
بىر تەسىرات ...... 511
ئىزاھلار ...... 514

# قەبرە

# بېغىشلىما[1]

ژانىر جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان بۇ نەرسىلەرنى توپلاپ، كىتابقا ئوخشىشىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشۈمنىڭ ئېغىزغا ئالغۇدەك قالتىس سەۋەبىمۇ يوق. بۇنىڭغا، ئالدى بىلەن، ئازغىنە كەم 20 يىل ئىلگىرى ماقالە دەپ يېزىلغان بىرنەچچە پارچە نەرسىدىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەب بولدى. بۇلار مەن يازغان نەرسىمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. قارىسام، ھەقىقەتەن مەن يازغاندەك تۇرىدۇ. بۇلار «خېنەن»[2] گە ئەۋەتىپ بېرىلگەن ماقالىلەر ئىدى. ئۇ چاغدا مۇھەررىر ئەپەندىنىڭ ئۇزۇن يېزىلغان ماقالىنى ياخشى كۆرىدىغان، ماقالە قانچىكى ئۇزۇن بولسا، قەلەم ھەققىنى شۇنچە كۆپ بېرىدىغان مىجەزى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «مارالارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دېگەندەك ماقالىلىرىم تولىمۇ خام يېزىلغان. كېيىنكى يىللاردا بولسا، ئۇنداق يازمىغان بولاتتىم. شۇ ماقالىلەردە غەلىتە جۈملە ۋە كونا سۆزلەرنى قوللانغانلىقىم ئۆز ۋاقتىدىكى «خەلق گېزىتى»[3] نىڭ تەسىرىدىن بولغان؛ مەتبەئەدە تىزىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھازىر ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتىم، قالغانلىرىغا سالاۋات قىلدىم. بۇ خام نەرسىلەرنى باشقا ئادەم يازغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇنىڭغا بۇ ماقالىلىرىڭىزنىڭ «مېھرىدىن كېچىڭ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولاتتىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ قالغۇم كەلدى. بۇنىڭدىكى مەقسىتىم «50 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۆتكەن 49 يىللىق خاتالىقىنى بىلىپتۇ» دېگەندەك، قېرىغانسېرى ئەقىل تېپىشمۇ ئەمەس.

شۇ ماقالەمدە يېزىلغان بىرنەچچە شائىرنى ھازىرغىچە باشقىلارنىڭ يەنە تىلغا ئالمىغانلىقىمۇ مېنىڭ شۇ كونا ماقالىلىرىمنى تاشلىۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىغانلىقىنىڭ كىچىككىنە بىر سەۋەبى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نامى ئىلگىرى مېنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرغانىدى، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىر يەنە ئۇلار پات - پاتلا كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، تەبىئىي، بۇ ماقالىلىرىمنى ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ بۇ ماقالىلىرىمگە نەپرەت قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىمۇ سەۋەب بولدى. گەپنى بەزىلەرنى بىزار قىلغۇچە سۆزلەش شۈك تۇرغانغا قارىغاندا راھەت ئىش. جاھاندا بىئارام ئادەم ئاز ئەمەس، ھالبۇكى، بەزىلەر ئۆزىگە ئارام بېرىدىغان دۇنيانى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش يولىدا جان - تېنى بىلەن ئەجىر قىلماقتا. ئۇلارغا ئۇنداق ئاسان يول بەرمەسلىك كېرەك، ئۇلارنىڭمۇ كۆز ئالدىغا جېنىغا تەگكۈدەك بىر نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ قويۇش كېرەككى، ئۇلارمۇ بەزىدە بىئارام بولسۇن، ئۆز دۇنياسىنىڭ راھەتلىك بولۇشى ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن. چىۋىن گىڭشىلدىغىنىدا كىشىلەرنىڭ يىرگىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ بۇ ئەھۋال ماڭا ئايان بولسىمۇ، لېكىن گىڭشىلداش ئىقتىدارىم بار ئىكەن، گىڭشىلداۋېرىمەن، ئۆزۈمنىڭ ئەسكىلىكىمنى بەزىدە ئۆزۈممۇ بىلىپ تۇرىمەن، مەسىلەن، ئۆزۈنراق ئۆمۈر كۆرەي دەپ ھاراقنى تاشلاپ، بېلىق مېيى يېيىشتىن مەقسىتىم پۈتۈنلەي مەھبۇبەمنى كۆزدە تۇتۇش ئەمەس، ئاساسەن دۈشمەنلىرىم — يۈز - خاتىر قىلىپراق ئېيتسام، دۈشمەن — لىرىمنىڭ دۇنياسىدا كۆپرەك قۇسۇر قالدۇرۇش. ئالىيجاناب بىرنېمىلەر[4]: سەن نېمىشقا قانخور مىلىتارىستلارنى تىللىمايسەن، قىرمايسەن؟[5] دەيدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق ئالدامچىلارنىڭ دامىغا چۈشمەيمەن.





داپچى مەدداھ[6] «گال پىچاق بىلەن بىرنەچچە يىل غىرداۋەرسەڭ، كاللىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ» دەپتىكەن. مەن ئەنە شۇنداق ئۆزىنى «مىلتىقسىزلار» دەپ ئاتىۋالغان، ئەمەلىيەتتە بولسا قولىدىن گال پىچاقنى چۈشۈرمەيدىغان جادۇگەرلەرگە نەپرەت قىلىمەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئالىيجاناب بىرنېمىلەرنىڭ گەپلىرى ئەنە شۇنداق گال پىچاق جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەگەر سەن قەلەم بالاسىغا يولۇقۇپ قالساڭ، ئۇلار سېنى شېھىت دەپ تەرىپلەرمۇ؟ ياق، ئۇ چاغدا باشقا گەپ بىلەن تەنە قىلىدۇ. ئىشەنمىسەڭ، ئۇلارنىڭ «18 - مارت پاجىئەسى»دە ئۆلگەن ياشلار[7] ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە قاراپ باق.

ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ نەزىرىمدە مۇنداق بىر مەنىمۇ بار: بۇ ماقالىلەر ھەرھالدا تۇرمۇشنىڭ بىر قىسىم ئىزناسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆتمۈشنىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن ئۆتمۈشنىڭ رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش مۇمكىن بولمىدى ھەم كۆمۈپ تاشلاش، ھەم ئېجىللىقىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇ رەزگىلەرنى يىغىپ، كىچىككىنە بىر قەبرە ياساپ قويغۇممۇ كەلدى، يېقىن كەلگۈسىدە دەسسىلىپ - تۈزلىنىپ كەتسىمۇ مەيلى.

بىرنەچچە بۇرادىرىم قايتىپ كەلمەيدىغان بىرمۇنچە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بۇ ماقالىلىرىمنى توپلىدى، كۆچۈردى، تەھرىرلەپ مەتبەئەگە بەردى، ئۇلاردىن كۆپ مىننەتدارمەن. ئۇلارغا بىلدۈرىدىغان تەشەككۈرۈم شۇكى، بۇ كىتاب بېسىلىپ - توپلىنىپ چىققاندىن كېيىن، شۇ بۇرادەرلىرىم چىن قەلبىدىن مەمنۇنىيەت ھاسىل قىلسۇن. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئارزۇيۇممۇ يوق؛ كەڭ زېمىننىڭ كىچىككىنە كېسەكنى سىغدۇرالماي قالمىغىنىدەك، بۇ كىتابنىڭ كىتاب دۇكانلىرىدىكى كىتابلار قاتارىدا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئورۇن ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېيتسام،

جۇڭگولۇقلارنىڭ پىكىر ـ خىيالى، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ئاتالمىش
ئالىيجانابلار تەرىپىدىن تېخى بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى يوق، بۇنىڭ-
دىن بىرئاز ئەنسىرەيمەن، مەسىلەن، بەزىلەر پادىشاھلارنىڭ قەبرى-
لىرىنى زىيارەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلەر خارابلاشقان
گۆرىستانلىقتا بېرىپ دۇئا ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. دېمەك،
قانداقلا بولسۇن، بۇ كىتابنى ئوقۇپ باقىدىغان ئادەم چىقار. شۇن-
داق بولسا مۇرادىمغا يەتكەن بولىمەن؛ بۇ مۇراد مىليونېر بايلارنىڭ
مىليون دوللار پۇلىنى ئالغاندىن قىلىشمايدۇ.

1926 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ بورانلىق
كېچىسى شيامېندا يېزىلدى، لۇشۈن.





# ئىنسانلار تارىخى(8)

## — گېرمانىيىلىك گېككىلنىڭ پىللوگېنىيىلىك بىرلەمچى تەتقىقاتىنىڭ شەرھى

تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتى گرېتسىيە ئالىمى تالېس
(Thales) (9) دىن باشلىنىپ، دارۋىن (ch. Darwin) (10) تەرد-
پىدىن رەسمىي قارارلاشتۇرۇلغان. گېرمانىيىلىك گېك-
كىل (E. Haeckel) (11) مۇ گېكسلېي (T. H. Huxley) (12) غا
ئوخشاش يېقىنقى زامان دارۋىن تەلىماتىنىڭ مەدداھى بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ تەلىماتنى ئۆلۈك هالدا ئەمەس، بەلكى جانلىق هالدا
نۇرغۇن تەرەپلەردىن راۋاجلاندۇرۇپ، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققد-
ياتىنىڭ سىستېمىلىق ئىسخېمىسىنى تۈزۈپ، هايۋانات ۋە ئۆسۈم-
لۈكلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ
ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرگەن؛ پاكىت-
لىرى تولۇق بولمىغان يەرلىرىنى قەدىمكى جانلىقلارنىڭ تاشقا
ئايلانغان نەمۇنىلىرى بىلەن تولۇقلاپ يەشكەن. ئۇنىڭ تۈركۈملەر-
گە ئايرىپ قىلغان بايانلىرى تولىمۇ كەڭ بولۇپ، يىراقتىن
ئېيتقاندا، يالاڭ هۈجەيرىلىك جانلىقلارنى، يېقىندىن ئېيتقاندا،
ئىنسانلارنى ئومۇمەن سىستېمىغا كىرگۈزۈپ، ناهايىتى ئېنىق
دەلىللىگەن. كېيىنكى ئالىملار بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ
چەكسىز ئالغا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا
تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى بايان قىلغۇچىلار ئىچىدە گېك-

كىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى بولمىسا كېرەك. جۇڭگودا يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى گويا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئۆز ئىبارىلىرىنى شۇ نەزەرىيە بىلەن پەردازلىسا، كونىلىق تەرەپدارلىرى ئادەم بىلەن مايمۇننى بىر تۈرگە مەنسۇپ قىلىشنى يامان كۆرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرماقتا. گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ پائۇلسېن (Er. Paulsen)[13] مۇ، گېككېلنىڭ كىتابىنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ شۇنچە كۆپىيىۋاتقانلىقى بىزنىڭ ۋەتىنىمىز گېرمانىيە ئۈچۈن شەرمەندىچىلىك ئەمەسمۇ؟ دېگەنىدى. گېرمانىيە — ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بۆلىقى، پائۇلسېن ئۆزى دانىشمەن[14] بولۇپ تۇرۇقلۇق شۇنداق سۆزنى قىلغان يەردە، جۇڭگودىكى كونىلىقنى ساقلىغۇچى كىشىلەرنىڭ يېڭى مۇھاكىمىلەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ قېچىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەلىمات ئىنسانلارنىڭ قەدىر - قىممىتىگە داغ چۈشۈرگىنى يوق، ئىنسانلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ئىنسانلارنىڭ ماھارەتتە بارلىق ھايۋاناتتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات سىستېمىسىنىڭ قەيەردىن باشلانغانلىقى مەسىلىسىدە نېمە شەرمەندىچىلىك بولسۇن؟ گېككېل ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب يېزىپ ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنلىرىنى ئېنىق بايان قىلغان ۋە پېللوگېنىيە (Phyllogenie)[15] نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئونتوگېنىيە (Ontogenie)[16] بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىپ نۇرغۇن يېشىلمىگەن مەسىلىلەرنى يېشىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، يېقىنقى زامان بىئولوگىيە تەتقى-





قاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەن ئەمدى پېللوگېنىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ تەلىماتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى زامانغىچە بولغان تەرەققىياتىنى بايان قىلىمەن، بۇ بايانىمنى گېككېلنىڭ بۇ تەلىماتقا قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. پېللوگېنىيە — ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ سىستېمىلىق تەرەققىياتىنى بايان قىلىدىغان پەن؛ ئۇ ھايۋانلار ئۇرۇقىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ، بۇ تەتقىقات بىئولوگىيىنىڭ يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى تارمىقى. قەدىمكى پەيلاسوپلار ۋە دىندارلارنىڭ ئادەمنى بارلىق مۆجىزاتنىڭ ئەقلىلىقى، بارلىق جانلىقلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ قارىمىغىنى يوق. بەزىلەر جانلىقلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا گۇمان پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەپسانىلەردىكى ئاچا يولدا ئارىسالدى بولۇپ، ئەقلىگە سىغمايدىغان سىرلىق ئىزاھلارنىلا بېرەلىگەن. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئاسمان بىلەن يەرنى پەنگۇ دېگەن ئادەم بارلىققا كەلتۈرگەن دېگەن گەپ بار؛ نۈيۋا دېگەن ئايال ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى ئاسمان بىلەن يەرگە ئايلانغان دېگەن گەپلەرمۇ بار. بۇ گەپچە، ئىنسان ئاسمان بىلەن يەر پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا بار بولغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى بولمىسا، ئالەم غۇۋا بىر ھالەتتە تۇرسا، ئىنسان نەدە ياشىسۇن؟ چۈي يۈەن ئۆز شېئىرىدا: لەھەڭ تاغنى دۈمبىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قىمىرلىسا، تاغ قانداقمۇ تۇرالىسۇن مەزمۇت تازا، دەپ ئۆز كۆڭلىدىكى گۇمانىنى ئېيتقانىكەن. غەرب ئەللىرىدە خۇدانىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇسا ئەلەيھىسسالام[17] ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. «تەۋرات» نىڭ بېشىدىلا: خۇدا يەتتە كۈن ئىچىدە ئاسمان - زېمىننى، بارلىق

كائىناتنى ياراتقان، سېغىز توپىدىن ئەركەك ئىنساننى، ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ئايالنى ياراتقان، دېگەن گەپلەر بار. X ئەسىردە ياۋروپادا دىنىي تەسىر كۈچىيىپ، ئىلىم - پەننىڭ نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان، خۇراپاتلىق ئەۋج ئالغان، رىم پاپاسىمۇ ئالىملارنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، جاھاننى زۇلمەتكە تولدۇرغان. گېككىلىنىڭ ئۇنى دۇنيا تارىخى بويىچە چوڭ ئالدامچى دېگەنلىكىمۇ بىھۇدە گەپ ئەمەس. كېيىن دىنىي ئىسلاھات نەتىجىسىدە نىستورى[18] خۇراپاتلىقلىرىغىمۇ بارا - بارا پەشۋا بېرىلگەن؛ كوپېرنىك (Copernicus)[19] بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «يەر مەركەز تەلىماتى» تارمار بولغان، بۇ ئىلىمنى تەتقىق قىلىدىغانلارمۇ، مەسىلەن، ۋېسالى (A. Vesalius)[20]، ئېئۇستاچى (Eustschi)[21] ۋە باشقىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنسانىيەت توغرىسىدىكى ئىلىم - بىلىمنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى بىلەن نۇرلاندۇرغان. ھايۋانات سىستېمىسى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر بولسا لىننېي[22] نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن جانلانغان.

لىننېي (K. von Linne) شۋېتسىيىلىك پېشقەدەم ئالىم. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھەرقايسى ئەللەردىكى جانلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ جانلىقلارغا يەرلىك شېۋىلەر بىلەن ئات قويغانلىقىدىن، شۇ ئاتلارنىڭ مالىمانلىقىدىن نارازى بولۇپ، «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۇرلىنىشى» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ، ھايۋانلارغا، ئۆسۈملۈكلەرگە لاتىنچە ئات قويغان، قوش ئات قويۇش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق ئىسمىنى، ئۇرۇق ئىسمىنى قارارلاشتۇرغان. مەسىلەن، مۇشۇك، يولۋاس، شىر ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇك بىلەن ئۇرۇق-





داش دەپ ئاتىغان؛ بۇ ئۈچ خىل ھايۋان بىر - بىرىدىن پەرق قىلغاچقا، مۇشۇكنى مۇشۇك ئۇرۇقىغا كىرىدىغان ئۆي ھايۋىنى دەپ، يولۋاسنى مۇشۇك ئۇرۇقىغا كىرىدىغان يولۋاس دەپ، شىرنى مۇشۇك ئۇرۇقىغا كىرىدىغان شىر دەپ ئاتىغان. مۇشۇك ئۇرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋانلارنىمۇ مۇشۇك ئائىلىسىگە كىرگۈزگەن؛ ئائىلىنى تۇرگە، تۇرنى تىپقا، تىپنى دۇنياغا كېڭەيتكەن؛ دۇنيانى ھايۋانات دۇنياسى، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى دەپ ئايرىغان.

ئۇ ئۆز ئەسىرىدە تۇرلۇك جانلىقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ چۇشەنىشلىك خاتىرىلىگەن. جانلىقلار تۇرى كۆپ بولۇپ، بىراقلا رەتكە سېلىپ تۇگەتكىلى بولمىغاچقا، ھەرقاچان يېڭى بىر تۇرى تېپىلغاندا يېڭى ئات قويۇش توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتە جانلىقلارنىڭ يېڭى تۇرلىرىنى تېپىش بىلەن شۆھرەت قازىنىش كويىدا بولغان كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ئىزدىگەن، تېپىلغان يېڭى تۇرلەرمۇ كۆپەيگەن، نەتىجىدە لىننېينىڭ نامى تېخىمۇ شۆھرەت تاپقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە جانلىقلارنىڭ ئۇرۇقى زادى نېمە، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى قانداق ۋە ئۇلارنى قانداق تۇرگە ئايرىش كېرەك، دېگەن سوئاللارمۇ ئالىملارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلىغان. شۇنداق بولسىمۇ لىننېي بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە يەنىلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كائىناتنى خۇدا ياراتقان دېگەن گەپلىرىنى قوللانغان. «تەۋرات»تا: ھازىرقى جانلىقلار ئەلمىساقتا يارىتىلغانىدى، دېگەن رىۋايەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۇرلىنىشى» دېگەن كىتابىدىمۇ: نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى توپان بالاسى[23] دىن ئامان قېلىپ ھازىرغىچە نەسىل سۇرۇپ كېلىۋاتقان جانلىقلار مۆجىزاتلارنىڭ ئۇرۇقىدۇر، بارلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇرى كۆپەيگىنى، ئازايغىنى ۋە ئۆزگەرگىنى يوق، خۇدانىڭ ياراتقىنىدىن پەرقى يوق، دېيىلگەن؛

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا يەر شارىدا ياشىغان، ئەمدىلىكتە نەسلى
قۇرۇپ كەتكەن جانلىقلار تەتقىق قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۇچۇن،
جانلىقلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئەت-
راپلىق بولمىغانلىقى تەبىئىي. لىنىي بىلەن زاماندىش ئالىملارمۇ
ئەنە شۇنداق كونا كۆزقاراشلارغا يېپىشىۋېلىپ، يېڭى كۆزقاراش
يارىتالمىغان، بەزىلەر، ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جانلىق-
لارنىڭ تۇرىدە ئاز - پاز ئۆزگىرىش تۇغۇلغان، دېگەن قاراشنى
ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنداق
قاراشنى رەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ قاراش ئومۇملىشالمىغان.
XIX ئەسىرنىڭ بېشىدىلا بىراۋ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي
قىلىش پاكىتلىرىنى ئېنىق تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇنى نەزەرىيە جە-
ھەتتىن شەرھلەشكە باشلىغان. ئۇ كىشى — لامارك[24]. ئەمەلى-
يەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن مۇلاھىزە يۈرگۈز-
گەن كىشى كۇۋېر.

كۇۋېر (G. Guvier)[25] — فرانسۇز، ئۆگىنىشكە تىرىشىد-
غان كەڭ بىلىملىك ئادەم، ئىلىمغا ناھايىتى چوڭ ھەسسە قوش-
قان. ئۇ بولۇپمۇ ھايۋانلار توغرىسىدىكى سېلىشتۇرما ئاناتومىيە-
كىنى، ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان نەمۇنىلىرىنى ئىجتىھات بىلەن
تەتقىق قىلىپ، «تاشقا ئايلانغان ئۇستىخانلار توغرىسىدا» ناملىق
ئەسەر يېزىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى قەدىمكى جانلىقلار ئىلمى
(قەدىم بىئولوگىيىسى) گە يول ئېچىپ بەرگەن. تاشقا ئايلانغان
نەمۇنە — بۇرۇنقى زاماندىكى جانلىقلار جەسىتىنىڭ تاش قاتلاملى-
رىدا ساقلىنىپ قالغان نەمۇنىسى بولۇپ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ شەكىللىرىنى ئېنىق تو-
نۇش مۇمكىن. ئىلگىرى دۇنيادا ياشىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك-
لەرنىڭ ھالىتىنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جانلىقلار بىلەن





بولغان پەرقىنى بىلىش مۇمكىن، بۇ ھەقىقەتەن تەبىئەت دۇنياسى-
نىڭ تەرەققىيات تارىخى بولۇپ، تەبىئەت ئۆز نەتىجىلىرىنى ئىن-
سانلارغا ئەنە شۇنداق نەمۇنە بىلەن قالدۇرغان. پەرەز قىلىشىمىز-
چە، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بەزىلەر بۇ ئەھۋالنى بىر ئاز
بىلگەن بولسا كېرەك، بىراق كېيىنكى چاغلاردا ياسىما گەپلەر
ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، بەزىلەر، نەمۇنە تاشلارنىڭ شەكىللەنگەنلىكى
تەبىئەت دۇنياسىدىكى چاقچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس دېسە، بەزى-
لەر، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى روھ ئىنسان تېنىگە
كىرىپ نەسىللەنگەندىن كېيىن تاش ئارىسىغا تۇغۇلۇپ، تاش قۇرت-
قا، تاش قوڭغۇزغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان،
دېگەن. لامارك قۇلۇلىگە ئوخشاش جانلىقلارنىڭ نەمۇنە تاشلىرى-
نى، كۇۋېر بېلىق، ھايۋان جىنسلىرىنىڭ نەمۇنە تاشلىرىنى تەك-
شۈرۈپ، نەمۇنە تاشلارنىڭ ھەقىقەتەن قەدىمكى جانلىقلارنىڭ ساق-
لىنىپ قالغان پوستى ئىكەنلىكىنى، شۇ جانلىقلارنىڭ ھازىر مەۋ-
جۇت ئەمەسلىكىنى بىلگەن، شۇنىڭ بىلەن لىننېينىڭ جانلىقلار
يارىتىلغىنىدىن بۇيان كۆپەيمىگەن، ئازايمىغان، ئۆزگەرمىگەن دې-
گەن قاراشلىرى ناتوغرا بولۇپ چىققان، شۇنداق بولسىمۇ كۇۋېر
ئىلگىرىكى كۆزقاراشلىرى كارغا كەلمەيدىغان ھالەتكە بېرىپ قال-
غاندا، يەنىلا جانلىقلارنىڭ ئۇرۇقى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن
قاراشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى يەنە ئۆزى ياراتقان «جىددىي ئۆز-
گىرىش نەزەرىيىسى» بىلەن شەرھلىگەن. ئۇ: ھازىر ياشاپ
تۇرغان ھايۋانلارنىڭ تۇرى ئەلمىساقتا خۇدا تەرىپىدىن يارىتىل-
غان، لېكىن ئاسمان بىلەن يەرنى پەيدا قىلغاندەك ئەلمىساق بىرلا
قېتىم يۈز بەرگەن ئەمەس، ھەر قېتىم يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى
زور بالايىئاپەتلەر پەيدا بولغان، دەريالار قۇرۇقلۇققا، دېڭىز -
كۆللەر ئېگىز تاغقا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن كونا ئۇرۇقلار يوقى-

لىپ، يېڭى ئۇرۇقلار پەيدا بولغان، دېمەك، هازىرقى نەمۇنە
تاشلار خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان، پەقەت ئۇلارنىڭ يارىتىلىش
ۋاقتىلا ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا شەكىللىرىمۇ پەرقلىق، ئۇلارنىڭ
نەسلداشلىق مۇناسىۋىتى يوق، دېگەن. تاغ چوققىلىرىدا ھەقىقە-
تەن بېلىق ۋە قۇلۇلىلەرنىڭ نەمۇنە تاشلىرى ئۇچرايدۇ، بۇ ئەھۋال
شۇ يەرنىڭ ئەسلىدە دېڭىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ؛ نەمۇنە
تاشلارنىڭ تولىسى ئۆلۈم ئازابىنى چەككەنلىكىنىڭ بەلگىسىنى بېرى-
دىغان قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆزگىرىش-
نىڭ كەسكىنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. ئاسمان بىلەن يەر بىنا
بولغان ئەلمىساقتىن تارتىپ هازىرغىچە يەر شارى يۈزىدە ئاز
دېگەندە 15 ـ 16 قېتىم چوڭ ئۆزگىرىش بولغاندۇر، ھەر قېتىمقى
ئۆزگىرىشتە كونا ئۇرۇقلار پۈتۈنلەي يوقىلىپ، نەمۇنە
تاشقا ئايلىنىپ قالغاندۇر… كۈۋىېرنىڭ بۇ گەپلىرى پۈتۈنلەي
ئەمەلىي ئاساسسىز پەرەز. لېكىن، بۇ پەرەز ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى
زور تەسىر قوزغىغان، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ئادەملەر ئىلىم
ساھەسىنى قاپلىغان. پەقەت ئەۋلىيا گىلايىرى
(E. Geoffroy St. Hialaire)[26] ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارىژدىكى
ئاكادېمىيىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. لېكىن، كۈۋىېر چوڭ-
قۇر ئىلىملىك بولۇپ، ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئەۋلىيا گىلايىرنىڭ هايۋانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى
تەلىماتى مۇكەممەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 1830 ـ يىل 7 ـ
ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى مۇنازىرىدە گىلايىرى مەغلۇپ بولۇپ،
كۈۋىېرنىڭ تەلىماتى ئۈستۈنلۈك قازانغان.

شۇنداق بولسىمۇ، تەبىئەت ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن تەلىمات ئا-
خىر ئالىملارنى قانائەتلەندۇرەلمىگەن، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
نۇرغۇن ئادەم بۇ گۇماننى تەبىئەت هادىسىلىرى بىلەن يېشىپ





بېرىشكە ئۇرۇنغان. شۇنىڭ بىلەن گيوتې (W. von Goethe)[27]
«شەكلەن ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. گيوتې
گېرمانىيىلىك كاتتا شائىر، پەلسەپىگىمۇ كامىل. ئۇنىڭ نەزەرى-
يىسى تولۇق پاكىت ئاساسى يوق قىياس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىل-
غان بولسىمۇ، ئۇ بىلىمى چوڭقۇر، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىمۇ
مول بولغاچقا، جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ۋە
ئۇلارنىڭ مەنبەسى بىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق يېشىپ بېرەلىگەن. ئۇ
1790 ـ يىلى يازغان «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكلەن ئۆزگىرىشى»
توغرىسىدا ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر بىرلا
ئىپتىدائىي ئۆسۈملۈكتىن كېلىپ چىققان، ئۇلارنىڭ ئەزالىرىمۇ
ئىپتىدائىي ئەزادىن، يەنى يوپۇرماقتىن راۋاجلانغان، دەپ قارى-
غان. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ هايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى چوڭقۇر
سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخان تۈزۈلۈشلىرىنىڭمۇ بىر تىپقا
كىرىدىغانلىقىنى، يەنى ئىنسانلار تىپىنىڭمۇ باشقا هايۋانلار تىپى-
دىن پەرق قىلمايدىغانلىقىنى، شەكلەن پەرقلىرى تارىخىي ئۆزگى-
رىشتىنلا كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگەن. شەكلەن ئۆزگىرىشكە تۈ-
زۈش رولىنى ئوينايدىغان ئىككى زور كۈچ سەۋەب بولغان: ئۇنىڭ
ئورگانىزم ئىچىدىكىسى مەركەزگە تارتىش كۈچى دېيىلىدۇ، ئور-
گانىزم سىرتىدىكىسى مەركەزدىن چەتنەش كۈچى دەپ ئاتىلىدۇ؛
مەركەزگە تارتىش كۈچى ئوخشاشلىقنى، مەركەزدىن چەتنەش كۈ-
چى ئوخشىماسلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئوخشىماسلىق هازىرقى ئىر-
سىيەت دېگىنىمىز، ئوخشىماسلىق هازىرقى ماسلىشىش دېگىنى-
مىزگە ئوخشايدۇ. گيوتېنىڭ تەتقىقاتى تەبىئەت پەلسەپىسىدىن
جانلىقلارنىڭ شەكلەن تۈزۈلۈشى ۋە ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىگىچە
چوڭقۇرلاشقانلىقتىن، ئۇنى لاماركنىڭ، دارۋىننىڭ باشلامچىسى
دەپ تەرىپلەشمۇ مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققى-

يات توغرىسىدىكى كۆزقارىشى كانت ( Kant . ) [28] ۋە ئـوكېـن
( L. Oken ) [29] قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئاسا-
سەن ئوخشاش بولغاچقا، تەبىئەت ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن تەلىماتنىڭ
ئۇلىنى تەۋرىتىشتە ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رالمىغان. ئۇ ئۇلنى تەۋرىتىشنى لامارك باشلاپ بەرگەن.

لامـارك ( Seande Lamarck ) ئـۇلۇغ فـرانسۇز ئالىم. ئۇ
1802 ـ يىلى يازغان «جانلىق تەبىئەت توغرىسىدا» ناملىق ئەسە-
رىدە جانلىقلار ئۇرۇقىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ شەكلەن
ئۆزگىرىشى توغرىسىدا توختالغان. ئۇ ئۆز قۇۋۋىتىنى بولۇپمۇ
«هايۋانات ئىلمى پەلسەپىسى» دېگەن ئەسەرگە سەرپ قىلىپ، ئە-
سەردە جانلىقلارنىڭ تۈرى سۈنئىي يوسۇندا ئايرىلغانلىقىنى شەرھ-
لىگەن. ئۇ: يەر شارىدىكى نەرسىلەر، مەيلى جانلىق ياكى
جانسىز بولسۇن، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئاسمان ـ زېمىن
ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە مەنسۇپ
قىلىش مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئورگانسىز نەرسىلەرگە ھۆكۈم-
رانلىق قىلىدىغان سەۋەبمۇ ئورگانلىق نەرسىلەرگە ھۆكۈمرانلىق
قىلىدىغان سەۋەبدۇر، بىزنىڭ ئورگانسىز نەرسىلەرنى تەتقىق قى-
لىشتا قوللىنىدىغان ئۇسۇلىمىزمۇ ئورگانلىق نەرسىلەرنى تەتقىق
قىلىشتا قوللىنىدىغان يولىمىزدۇر، دەپ يازغان. ئۆسۈملۈكنىمۇ،
هايۋاناتنىمۇ، ئىنساننى يەشكەنگە ئوخشاشلا تەبىئەت قانۇنى بىلەن
يېشىش مۇمكىن؛ ئۇرۇقمۇ شۇنداق، ئۇ «ئىنجىل» دا ئېيتىلغىنى-
دەك خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەمەس. كۆۋپىرنىڭ ئېيتقىنىدەك،
ئۇرۇق نەچچە ئون قېتىم قايتا ـ قايتا يارىتىلغانمۇ ئەمەس. جېنى
بارلىكى نەرسىلەر قەدىمدىن داۋاملىق راۋاجلانغان، ئۇلار تۇزۇلۇ-
شى تولىمۇ ئاددىي ئورگانسىز جىسىملاردىن باشلىنىپ، يەر شارى-
نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىدەك





يۇقىرى دەرىجىگە يېتىپ كەلگەن. تۆۋەن دەرىجىلىك جانلىقلارنىڭ
بارا ـ بارا يۇقىرى دەرىجىگە راۋاجلىنىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا
لامارك ئىككى قانۇنىيەتنى يەكۈنلىگەن: بىرى — مەلۇم بىر هايۋان
تېخى ياش چېغىدا مەلۇم بىر ئەزاسىنى ناھايىتى كۆپ ئىشلەتكەن
بولسا، ئۇنىڭ شۇ ئەزاسى بارغانسېرى تەرەققىي تاپىدۇ، ئوينايدى-
غان رولىمۇ زورىيىدۇ. ئـۇنىڭ يېڭىدىن ھاسىل قىلغان ئىق-
تىدارىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى شۇ
ئەزاسىنى ئىشلىتىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا باغلىق
بولىدۇ. ئاددىي مىسال كەلتۈرسەك، تۆمۈرچىنىڭ بىلىكى، ھام-
مالنىڭ پاچىقى دەسلەپتە ئادەتتىكى ئادەمنىڭكىدىن پەرق قىلماي-
دۇ، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ئۇزارغانسېرى كۈچىمۇ
كۆپىيىدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، ئىشلەتمىسە، شۇ ئەزاسى بارا ـ بارا
ئاجىزلىشىدۇ، كۈچىمۇ يوقىلىدۇ. قارىغۇ ئۈچەينى ئالساق، ئۈچار
قاناتلار ئوزۇقنى قارىغۇ ئۈچەي بىلەن ھەزىم قىلىدۇ، لېكىن
ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كېرىكى بولمىغاچقا كۈندىن ـ كۈنگە قورۇلۇپ
كېتىدۇ؛ قۇلاق يۇلۇنىنى ئالساق، هايۋانلار قۇلاقلىرىنى شۇنىڭ
بىلەن مىدىرلىتىدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۈچۈن رولى بولمىغاچقا
كىچىككىنە ئىزىلا قالغان، ماسلىشىش دېگىنىمىز ئەنە شۇ. يەنە
بىرى — هايۋانات ئۆز ھاياتىدا ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى
بىلەن ھاسىل قىلغان ياكى يوقاتقان خۇسۇسىيەتلىرىنى نەسىل
سۈرۈش ئارقىلىق مۇقەررەر يوسۇندا كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇ-
رىدۇ. ئـەزالـىرىـنىـڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنىمۇ، كۈچلۈك ـ
ئاجىزلىقىنىمۇ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرىدۇ، لېكىن شۇ چاغدا ئاتا ـ
ئانىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولۇشى شەرت، ئىرسىيەت دې-
گىنىمىز ئەنە شۇ. ماسلىشىش تەلىماتى ھازىرمۇ ئالىملار نەزىرىدە
مىزان بولۇپ تۇرماقتا؛ ئىرسىيەت تەلىماتى توغرىسىدا بولسا مۇنا-

زىرە كەسكىن داۋام قىلماقتا، تېخى بىردەك خۇلاسە ھاسىل بولغىنى يوق. لېكىن، لاماركنىڭ بايانلىرى تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ھايۋانات ئورگانىزمىنىڭ رولى بىلەن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەن تۈپ قانۇنىيىتى بولۇپ تۇرماقتا. «ھايۋانات ئىلمى پەلسەپىسى» دېگەن ئەسەرنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، جانلىقلار سىستېمىسى پۈتۈنلەي مونىزم (بىر مەنبەچىلىك) نەزىرى بىلەن دېگۈدەك تەكشۈرۈلگەن؛ لېكىن ئۇنىڭدا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنغان. دېمەك، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى خۇدا ياراتقان دېگەن تەلىماتنى تارمار كەلتۈرۈش بىلەن باشلانغان. لاماركمۇ خۇددى گىلايرىغا ئوخشاشلا كۇۋېرغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن، لېكىن بۇ رەددىيە كىشىلەرگە نامەلۇم ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا بىئولوگىيە (جانلىقلار ئىلمى) تەتقىقاتى ئەمدىلا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان، سېلىشتۇرما ئانالىتىك بىلەن فىزىئولوگىيەمۇ خېلى تەرەققىي تاپقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجەيرە تەلىماتى ئەمدىلا شەكىللىنىپ، ئونتوگېنىيىگە بىر قەدەم يېقىنلاشقانىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە مەركەزلىشىپ، ئۇرۇقنىڭ مەنبەسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ئادەم چىقمىغان. ئادەتتىكى ئادەملەر بولسا كونا بايانلارغا چاپلىشىۋالغان، يېڭى كۆزقاراشلارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ پەرۋا قىلمىغان، شۇڭا لاماركنىڭ نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ھە - ھۇ دەيدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغان، ھەتتا كۇۋېر تەھرىرلىكىدە چىققان «ھايۋانات ئىلمى يىلنامىسى» دىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، بۇنىڭدىن بۇ تەلىماتنىڭ يېتىمسىراپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. 1858 - يىلى دارۋىن بىلەن ۋاللېس (AR. Wallace)[30] نىڭ «تەبىئىي تاللاش نەزەرىيىسى» ئوتتۇرىغا چىقتى، يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دارۋىننىڭ





«ئۇرۇقلارنىڭ مەنبەسى» دېگەن ئەسىرى پۈتۈپ چىقىپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى، بىئولوگىيە ساھەسىنىڭ نۇرى بولغان بۇ ئەسەر كىشىلەرنىڭ بىرمۇنچە گۇمانىنى تۈگەتتى.

دارۋىن بىئولوگىيىلىك تەتقىقاتىدا، لاماركتىن پەرق قىلغان ھالدا، ئاساسەن جەملەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىئولوگىيىلىك مەلۇماتلارنىڭ نەتىجىلىرىنى توپلىغان؛ ئۇ 22 يېشىدىلا «بايگىل»[31] ناملىق پاراخوتتا دۇنيانى بىر ئايلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى بىئولوگىيىلىك (جانلىقلار توغرىسىدىكى) ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، ئۇرۇقلارنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئەمەلىي پاكىتلارنى توپلاپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلەرنى قارارلاشتۇرغان ھەمدە جانلىقلارنىڭ شەكلەن ئۆزگىرىشىگە تەبىئىي تاللاپ تاشلاش سەۋەب بولىدۇ، تاللاپ تاشلاش قانۇنىيىتى ياشاش رىقابىتىدىن كېلىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تەبىئىي تاللاش نەزەرىيىسىنى، يەنى «دارۋىن تەلىماتى»نى بەرپا قىلغان، بۇ ھەقىقەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. بۇ تەلىماتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى — ئالدى بىلەن سۈنئىي تاللاش. مەسىلەن، بىر ئادەم بەلگىلىك بىر ئۆلچەمنى قوللىنىپ، شۇ ئۆلچەمگە يېقىن كېلىدىغان ھايۋاننى تاللاپ يېتىشتۈرۈشى، ئۇنىڭ نەسلىنى ئالغاندىن كېيىن شۇ نەسىللىرى ئىچىدىن يەنە ھېلىقى ئۆلچەمگە يېقىنراق كېلىدىغانلىرىنى يېتىشتۈرۈشى مۇمكىن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشقانلىرى داۋاملىق نەسىل سۈرۈپ كېتىشى مۇمكىن. قەدىمكى زاماندا مالچىلار، باغۋەنلەر ئەنە شۇ ئۇسۇلنى بىلگەن. گېكسلىنىڭ يېزىشىچە، ئامېرىكىدا بىر قويچى قويىنىڭ قوتاندىن سەكرەپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، پۇتى كالتە قويلارنى ساقلاپ قېلىپ، قالغانلىرىنى بارا - بارا تاللاپ

چىقىرىۋەتكەنىكەن، پۈتى كالتە قويلارنىڭ نەسىللىرىنىمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن تاللىغانىكەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كالتە پۇتلۇق قويلارنىڭ نەسلى ساقلىنىپ قېلىپ، ئۇزۇن پۇتلۇق قويلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەنىكەن. مانا بۇ، ماسلاشقان ئۇرۇقنى سۈنئىي يول بىلەن نەسىللەندۈرۈش چارىسى. لېكىن، بۇ پەقەت ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنى سۈنئىي تاللاشتىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رولىمۇ جانلىقلارنى تاللاشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنى سۈنئىي تاللاشتىن ھېچقانچە پەرقى يوق، پەرقى پەقەت: سۈنئىي تاللاش ئىنساننىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، تەبىئىي تاللاش بولسا جانلىقلار ئارا ياشاش رىقابىتى بىلىنەر - بىلىنمەس داۋام قىلىدۇ. چۈنكى، جانلىقلار گېئومېتىرىيىلىك دەرىجە سان بويىچە كۆپىيىدۇ. مەسىلەن، بىر جۈپ ھايۋان بىر نۆۋەتتە تۆتنى تۇغسا، تۆتى يەنە تۇغسا، ھېلىقى بىر جۈپ ھايۋان سەككىز نەۋرىلىك بولىدۇ، شۇنداق بەش ئەۋلاد 64 كە، 10 ئەۋلاد 1028 گە كۆپىيەلەيدۇ، شۇنداق كۆپىيىۋەرسە تېز ئاۋۇيدۇ. لېكىن، بەزىدە كۈچلۈك ئۇرۇقلار ئاجىز ئۇرۇقلارنى يوقىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ، دېمەك، كۈچلۈك ئۇرۇقلار كۈندىن - كۈنگە راۋاج تاپىدۇ، ئاجىزلىرى بارا - بارا ئازىيىدۇ؛ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھىتقا ماسلىشالايدىغانلىرى ساقلىنىپ قالىدۇ، تەبىئىي تاللاش ئەنە شۇ جەرياندا يۈز بېرىدۇ - دە، جانلىقلار مۇھىتقا تازا ئوبدان ماسلىشالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. دارۋىننىڭ بۇ مەسىلىنى بايان قىلىشتا تاپقان دەلىللىرى ناھايىتى تولۇق ۋە راست. دېمەك، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، ئۇ تالېستىن باشلانغان. كېيىن خۇدا ياراتقان دەيدىغان قاراشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان؛ لامارك ئۇ نەزەرىيىنى ئالغا سۈرگەن، دارۋىن شۇ ھەقتىكى نەتىجىلەرنى توپلاپ كامالەتكە





يەتكۈزگەن؛ كېيىن گېككىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ، پېللوگېنىيىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى پاكىتلىرى قىلچە گۇمانسىز ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

جانلىقلار پېللوگېنىيىسى توغرىسىدا گېككىلدىن بۇرۇن مۇھاكىمە قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئونتوگېنىيە ئۈستىدىلا توختالغان. گېككىل ئۆز تەلىماتىنى بەرپا قىلىپ، ئونتوگېنىيە بىلەن بىر قاتاردا قويغان ھالدا «پېللوگېنىيىدىكى تۈپ قانۇنىيەت» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، بۇ ئىككى تەلىماتنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بار، ئۇرۇقلارمۇ ئۆزىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا ئىرسىيەت قانۇنى بىلەن ماسلىشىش قانۇنىغا ئاساسلىنىدۇ، دېگەن ئەسەردە شەكلەن ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى مەركەزلىك شەرھلەنگەن. پېللوگېنىيە (جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى) دىكى تۈپ قانۇنىيەت بويىچە ئالغاندا، ئونتوگېنىيە (جىسىملارنىڭ يەككە پەيدا بولۇشى) ئەمەلىيەتتە ئۇرۇق مەنبەسىنىڭ قايتا يارىلىشىدۇر، بۇ يەردە گەپ پەقەت ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىدىن، تەرەققىياتنىڭ تېزلىكىدىنلا ئىبارەت. ئونتوگېنىيىنى بەلگىلەيدىغان سەۋەبكە كەلسەك، ئۇ يەنىلا ئىرسىيەتنىڭ ۋە ماسلىشىشنىڭ فىزىئولوگىيىلىك رولىدىن ئىبارەت. گېككىل ئونتوگېنىيىلىك ئەھۋاللارنى ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئۇچارقاناتلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ، بېلىق ۋە قۇرتلارنىڭ تۈرى سانسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن؛ ئۇ پېللوگېنىيىلىك ئەھۋاللارنىمۇ شۇ قانۇنىيەت بويىچە تەتقىق قىلىپ، بارلىق جانلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاددىي بولغان ئىپتىدائىي ئەزادىن كېلىپ چىقىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىپ مۇرەككەپلەشكەنلىكىنى، ئاخىر ئىنسانغا ئايلانغانلىقىنى بىلگەن. ئەسلىدە

ئاياللارنىڭ ئۇرۇقلۇقىمۇ باشقا ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئۇرۇقلۇقىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاددىي ھۈجەيرە. ئەركەكلەرنىڭ ئۇرۇقلۇقىمۇ شۇنداق. ئىككى جىنسنىڭ جىماھ قىلىشى بىلەن ئۇرۇقلۇق ئۆتۈشۈپ، ئەنە شۇ ھۈجەيرە شەكىللىنىدۇ، يەنى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانى باشلىنىدۇ، بۇنداق نەرسىنى ھايۋاناتتىن تېپىش توغرا كەلسە، ئۇ ئامېبا[32] بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ناھايىتى ئاددىي، ئۇ پەقەت ھەرىكەتلىنىش ۋە ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارىغىلا ئىگە. كېيىن ئۇ پارچىلىنىشقا باشلاپ، گېئومېتىرىيىلىك دەرىجەسان بويىچە كۆپىيىپ، پاندورىنا (panddorina)[33] غا ئوخشاش ھۈجەيرىلەر توپىغا ئايلىنىپ، ئۇجمىگە ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ، ئىچى كاۋاك بولۇپ، بارا - بارا ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىدۇ - دە، ھەزىم قىلغۇچى بوشلۇققا ئايلىنىدۇ؛ ھازىرقى كۈندىكى تاتلىق سۇ كۆلچەكلىرىدە ياشايدىغان ھىدرا (Hydra) ئەنە شۇنداق جانلىقلاردۇر. ئۇلار يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، يۈرىكىدىن تۆت جۈپ قان تومۇرى پەيدا قىلىدۇ، بۇ تومۇرلار خۇددى بېلىقنىڭ مەڭزىدەك ئوڭ - سولغا تارتىشىدۇ؛ ئۇندۇرمە ئۆسۈپ ئەنە شۇ ھالغا كەلگەندە، ھايۋانات دۇنياسىدىكى بېلىق تۈرىگە باراۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغاندا ئىنساندىن باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاندىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ، مېڭىسى، قولىقى، كۆزى ۋە پۇت - قوللىرى پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئومۇرتقىلىق باشقا ھايۋانلارنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ تەتقىقاتلارنى كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن، قورساقتىكى ئۇندۇرمىنىڭ ئۆسۈشىنى ھەر كۈنى كۆزىتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن، جانلىقلار ئۇرۇقىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدا تەكشۈرۈلىدىغىنى بۇنىڭدىن نەچچە ئون





مىليون يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، بىۋاستە كۆزىتىش مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى تار بىر قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ؛ ئاساسلىنىشقا بولىدىغىنى پەقەت ۋاستىلىك قىياس ۋە ھۆكۈمدىن، تۈرلۈك پەنلەر بويىچە توپلانغان تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، گېككىل: بۇ پەننى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ناھايىتى قىيىن، بۇنى ئونتوگېنىيىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، دېگەن.

ئۆتمۈشتە ئۇرۇقنىڭ پەيدا بولۇشى دارۋىننىڭ «ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە جىنس تاللاش» دېگەن ئەسىرىدە، گېكسلىنىڭ «ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنغاندى. گېككىل ئۆزىنىڭ «ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى» ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات سىستېمىسىنى قەدىمكى بىئولوگىيە، ئونتوگېنىيە ۋە مورفولوگىيە بىلەن دەلىللەپ، ھايۋانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ئىنسان تۆرەلمىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بېلىق تۈرىدىن باشلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ گېئولوگىيىدىكى قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ يۇرا دەۋرىدە[34] مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، كېيىن دېۋونىيىر دەۋرىدىكى پاقا بېلىققا، تاشكۆمۈر دەۋرىدىكى قوش ماكانلىقلارغا، پېرم دەۋرىدىكى ئۆمىلىگۈچىلەرگە ۋە ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدىكى ئەمگۈچىلەرگە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىگە كەلگەندە تېخى تاكامۇللاشمىغان مايمۇن پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مايمۇن پەيدا بولغانلىقىنى، مايمۇنلارنىڭ تۈرى ئىچىدە تار بۇرۇنلۇق مايمۇنلار بارلىقىنى، بۇ مايمۇنلاردىن ئىت بۇرۇن ماي-

مۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەمسىمان مايمۇن، ئۇنىڭدىن مايمۇن ئادەم پەيدا بولغانلىقىنى بۇلارنىڭ دەسلەپتە گەپ قىلالمىغانلىقىنى، كېيىن گەپ قىلالايدىغان ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى بىلگەن؛ بۇلار يەككە جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋە ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنى سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلغاندىن كېيىن ئىسپاتلىغان. يەككە جىسىملارنىڭ يېتىلىش تەرتىپى شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن نەسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشى يەككە جىسىملارنىڭ قايتا ۋۇجۇدقا كېلىشىدۇر، دېيىمىز. لېكىن، پەقەت ئومۇرتقىلىق هايۋانلارلا شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئومۇرتقىسىز هايۋانلارنىڭ تەرەققىيات سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ئىش يۇقىرىقى ئىشتىنمۇ مۇشكۇل. چۈنكى، ئومۇرتقىسىز هايۋانلارنىڭ ئۇستىخان ئىسكىلىتلىرى ساقلىنىپ قالمىغان، ئۇلارنى تاش نەمۇنىلىرىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي هايۋانلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى، ئۇ هايۋانلارنىڭ قورساقتىكى ئۇندۇرمە (تۆرەلمە) بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش هالەتتىكى هايۋانلارنىڭ بولغانلىقىنى پەقەت بىئولوگىيە پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن بىلىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، گېككىل ئۇلارنى جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەمۇنىلىرى بويىچە پەرقلەندۈرۈپ، يېتىشمىگەن يەرلىرىنى تاش نەمۇنىلەر ۋە تەسەۋۋۇردىكى جانلىقلار بىلەن تولۇقلىغان، شۇنىڭ بىلەن يالاڭ هۈجەيرىلىك جانلىقلاردىن ئىنسانلارغا تەرەققىي قىلىش ئىسخېمىسىنى پۈتتۈرگەن، ئىسخېمىغا مونېر (monera)[35] دەك ئىپتىدائىي هۈجەيرىلىك جانلىقلارنىڭ بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ ئىنسان دەرىجىسىگە ئۆتۈش تارىخى كىرگۈزۈلگەن. بىئولوگىيىدىكى ئۇرۇق تەرەققىياتىنىڭ تارىخى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. گېككىلنىڭ ئىسخېمىسى





مۇنداق:




يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، قەدىمكى بىئولوگىيە جەھەتتىن تېپىلغان نەمۇنىلەرمۇ بىرمۇنچە كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى — ياۋا ئارىلىدىكى مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ تاش نەمۇنىلىرى[36]، بۇ نەمۇنىلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات سىستېمىسى ناھايىتى ئايدىڭلاشتى. ئۆتمۈشتە دەلىللەر تولۇق بولمىغاچقا، تار بۇرۇن ماي-

مۇندىن ئادەمگىچە بولغان مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن
بولمىغانىدى، تاش نەمۇنىلەر تېپىلغاندىن كېيىن دەلىل - ئاساس
تېخىمۇ تولۇقلاندى، بۇنىڭ رولى سېلىشتۇرما ئانتومىيە بىلەن
ئونتوگېنىيىدىن قېلىشمايدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنى ئەڭ تۆۋەن
دەرىجىدىكى نەرسىلەردىن، يەنى ئىپتىدائىي ھايۋاندىن پەيدا بولغان
دەپ ئېيتىش مۇمكىن. شۇ ئىپتىدائىي جانلىقلار مونېردىن، مونېر
بولسا پروبىئون (probion) دىن پەيدا بولغان؛ پروبىئون جانلىق-
لارنىڭ ئەسلىي زاتى. ئەسلىي زاتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈر-
ىدىغان بولساق، بۇنىڭغا ناگېل (Naegeli)[37] نىڭ تەلىماتى بىر-
قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جانلىقلار جانسىزلاردىن
پەيدا بولغان. بۇ، ماددىنىڭ يوقالماسلىقى ۋە قۇۋۋەتنىڭ ساقلى-
نىش قانۇنىيىتىنىڭ نەتىجىسى؛ پۈتۈن ماددىي دۇنيا سەۋەب -
نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن پەيدا بولغان، ئالەمدىكى ھادىسىلەرمۇ شۇ
قانۇنىيەتكە مەھكۇم بولغانىكەن، ئورگانىسىز ماددىدىن پەيدا بولغان
ۋە ئاخىر بېرىپ ئورگانىسىز جىسىمغا ئايلانغان ئورگانلىق ماددىلار-
نىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئورگانىسىز ماد-
دىدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىشى مۇقەررەر. يېقىندا فرانسۇز ئالىم-
لاردىن بىرى ئورگانىسىز ماددىلارنى خىمىيە ۋە فىزىكا قائىدىسى
بىلەن ئۆسۈملۈككە ئۆزگەرتەلىگەن؛ يەنە بىرى ئۇنى زەھەر ھاراققا
چىلانغان مېتال بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ توك ۋە ئىسسىقلىق
ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتكەن. دېمەك، جانلىقلار دۇنيا-
سى بىلەن جانسىزلار دۇنياسى كۈندىن - كۈنگە ئاجراتقىلى بولماي-
دىغان دەرىجىدە بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ بارماقتا، جانسىزلارنىڭ
جانلىقلارغا ئايلىنىشى ئۆزگەرمەس ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالدى. XIX
ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرۇ-
شى ئەنە شۇنىڭدىن بولغان، جانسىزلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەمدى
كوسموگېنىيە (kosmogenie) بايان قىلار.

1907 - يىلى يېزىلدى.





# پەن تارىخى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە[38]

ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ھەيران بولمايدىغان ئادەم-
دىن نەچچىنى چېقىپ تۇرۇش مۇمكىن؟ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
كۈچ - قۇۋۋىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىرادىسىگە، قوماندانلىقىغا بوي-
سۇنماقتا. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ كۈچىنى، گويا ئۆزلىرىنىڭ ئاتلى-
رىنى تىزگىنلىگەندەك، ماشىنىلار بىلەن باشقۇرماقتا ۋە ئۇنىڭدىن
پايدىلانماقتا؛ قاتناش - ترانسپورت، سودا مۇئامىلە بۇرۇنقىدىن
ئاسانلىشىپ كەتتى، ئېگىز تاغلارمۇ، توسۇن دەريالارمۇ ئۇنىڭغا
يول بېرىدىغان بولدى، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ
چوڭ زىيان يەتكۈزەلمەس بولۇپ قالدى؛ مائارىپ ئىشلىرىمۇ ئۆز
ۋەزىپىسىنىڭ ئەھدىسىدىن خېلى تولۇق چىقالايدىغان بولدى؛ بۇ-
نىڭدىن 100 يىل بۇرۇنقى جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ
كۆرىدىغان بولساق، ئۇ چاغلاردا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە تەڭ تۇرالىغۇ-
دەك بىرەر ئۆزگىرىشنى ئۇچرىتالمايمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كەل-
تۈرۈپ چىقارغان باشلامچى زادى قايسى؟ بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ
كېلىپ چىقىشىدا ئۆزئارا يار - يۆلەك بولغان ئامىللار زادى
قايسىلار؟ بۇنى يۈزەكى ھادىسىلەرگە قاراپلا روشەن بىلىۋالماق
ئاسان بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى-
نى ئاساسىي سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ. ئىلىم - پەن دېگىنىمىز،
ئىلىم - بىلىمدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى

بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنۇم ھاسىل
قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات قوزغاش دېمەكتۇر.
بۇ ئىسلاھات ئېقىمى ئۆز نۆۋىتىدە كېڭىيىپ يىراق شەرققە يېتىپ
كەلدى، جۈملىدىن چىنىستانغىمۇ[39] تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئېقىم
توختاپ قالماستىن داۋاملىق ئۆركەش ياساپ ئاقماقتا. بۇ ئېقىم-
نىڭ قۇدرىتىدىن بۇنىڭدا ئىنتايىن زور بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى،
ئىلىم ـ پەننىڭ بىرەر ـ يېرىم كۈن ئىچىدىلا راۋاج تېپىپ
كەتمىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىنى
تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، ئۇ ئېھتىمال قەدىمكى گرېتسىيە دەۋرى-
دىن باشلىنىپ، كېيىن 1000 يىلدەك ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالغان،
XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەنە يا ئېلىپ كەتكەن
سۇدەك يېڭىۋاشتىن تېخىمۇ زور، تېخىمۇ كەڭ ئېقىن ھاسىل
قىلىپ تاھازىرغىچە توختاپ قالماي راۋاجلانماقتا. ئۇ ئىنسانىيەتكە
نۇرغۇن ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائا-
دىتىنى ئاشۇرماقتا. ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىيات جەريانىغا قاراپ
باقىدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى
ۋە سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ بىز ئۈچۈن
ساۋاق.

گرېتسىيە ۋە رىم دەۋرىدە ئىلىم ـ پەننىڭ گۈللىنىشى ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتتىن قېلىشمىغان. شۇ زاماندىكى مەشھۇر ئەسەرلەر-
دىن پىتاگور (Pythagaras)[40] نىڭ «ئاۋاز پەردىسى»، ئارىستو-
تېل (Aristsoteles)[41] نىڭ ئاناتومىيىسى ۋە ھاۋا رايى ئىلمى،
ئەپلاتون (Platon)[42] نىڭ «تىمېئوس» (Timaeus) ۋە «غايىۋى
دۆلەت» دېگەن ئەسەرلىرى، دېموكرېت (Demokritos)[43] نىڭ
«ئاتوم نەزەرىيىسى» بار. سۇ دىنامىكىسىنى ئارخىمىد
(Archimedes)[44] كەشىپ قىلغان، گېئومېترىيىنى بولسا ئې-





ئۇكلىد (Eukietdes)[45] بەرپا قىلغان، مېخانىكىنى ھېرون
(Heron)[46] كەشىپ قىلغان. باشقا ئالىملارنى بىر ـ بىرلەپ
ساناپ چىقىش قىيىن. شۇ چاغدا ئىسكەندىرىيە فارىلئولۇمى[47]
ئالىملارنىڭ مەركەزلەشكەن يېرى بولۇپ، ئۇ يەردە 100 مىڭ
نۇسخىدىن ئوشۇق كىتاب بار ئىدى، ئۇ يېقىنقى زامان كۈتۈپخاند-
لىرىدىنمۇ قىلچە قېلىشمايتتى؛ ئىلىم ـ ئىدىيىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى
ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ھازىرقى كۈندە مەدھىيە-
لەشكە تامامەن ئەرزىيدۇ. چۈنكى، شۇ زاماندىكى ئەقىل ئىگىلىرى
يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن پەنلەرنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى پىك-
رىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا شۇنداق نازۇك دەرىجىگە يەتكەنكى، ئالەمنى
تەشكىللىگەن ئامىللارنى يېشىشكىمۇ تىرىشقان: تالېس (Thales)
سۇنى، ئاناكسىمېن (Anaximenes)[48] گازنى، ھېراكلېت
(Herakeleitos)[49] ئوتنى ئالەم ئامىللىرىغا ھېسابلىغان. بۇ ئى-
بارىلەرنىڭ توغرا قويۇلمىغانلىقىدا گەپ يوق. ۋېۋىل[50] بۇنىڭ
سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى
ئېچىشتا پەلسەپىگە تايىنىش كېرەك، لېكىن قەدىمكى گرېتسىيە
ئالىملىرىدا ئۇنداق پەلسەپە يوق ئىدى، بولسىمۇ ناھايىتى يېتەرسىز
ئىدى، چۈنكى شۇنداق پەلسەپىۋى ئەھمىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە
لوگىكىنىڭ ياردىمىگە تايانماي مۇمكىن ئەمەس، دېگەنىدى (داۋامى
قىسقارتىلدى). شۇ زاماندىكى ئالىملار ئالەمنىڭ سىرىنى بۈگۈنكى
كۈندە بىز ئىشلىتىپ يۈرگەن يېزىق بىلەن ئىزاھلاش، بۇ تېپىش-
ماقنى تېپىش ئارزۇسىدا بولغان. ئۇلارنىڭ شۇنداق غەيرىتى،
بۈرۈنقى كىشىلەر تېخى بىلىپ يەتمىگەن ئىشلار توغرىسىدا ئۆز
گۇمانلىرىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنى تەك-
شۈرۈشتە يۈزەكى چۈشەنچىدىلا توختاپ قالمىغانلىقى يېقىنقى زامان
ئادەملىرىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە قېلىشمايدۇ. چۈنكى، جەم-



ئىيەتتە مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنى باھالايدىغان كىشىلەرنىڭ بەزد-
سى ئۇنى مەدھىيىلىسە، بەزىسى چۆكۈرىدۇ، ئۆز زامانىسىنىڭ
مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ھازىرقى زامان سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇ-
رۇپ، بىرەر خاتالىقنى تاپسا ئۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ. مۇبادا بىراۋ
ئۆزىنى قەدىمكى ئادەملەر ئورنىدا قويۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ كونا ئىدد-
يىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشتە ھازىرقى زاماننى نەزەردە تۇتماي،
خاتىرجەم تەتقىق قىلىپ باھالايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېلان قىلغان
مۇلاھىزىلىرى خاتا بولمىغان بولاتتى. ئازراق پاراستى بار ئادەم-
لەرنىڭ شۇنداق قىلمايدىغىنى يوق. ئەگەر مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن
پىكىر بايان قىلىدىغان بولساق، گرېتسىيىدىكى ئىلمىنىڭ گۈللىد-
نىشىنى چۆكۈرمەستىن، راسا مەدھىيىلەش توغرا كېلىدۇ، باشقا
تەرەپلەردىمۇ شۇنداق، دۇنيادا بەزىلەر چۆچەكلەرنى خۇراپاتلىق دەپ
ئەيىبلىشىدۇ، قەدىمكى زامان دىنلىرىنى پۇچەك دەپ سۆكىدۇ،
ئۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئايرىيالمايدىغان
بىچارە نېمىلەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پەند - نەسىھەت قىلغۇسىنى
كەلتۈرىدۇ. قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ
يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا شۇنىڭ بىلەن زاماندىش
بولغان باشقا بىرەر مىللەتنىڭ نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
ئۇلار ئېرىشەلەيدىغان سەۋىيىنى مۆلچەرلەپ سېلىشتۇرۇپ، شۇ-
نىڭدىن يەكۈن چىقارغاندىلا ئاندىن بۇ يەكۈن ھەقىقەتكە يېقىنلىشا-
لايدۇ. لېكىن، ئەگەر مۇبالىغە قىلىپ، يېقىنقى زامان تەلىماتلىد-
رىنىڭ ھەممىسىنى قەدىمكى زامان كىشىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن،
يېڭى تەلىماتلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى زاماندىلا بارلىقىقا كەلگەن
نەرسىلەرنىڭ يېڭى شەرھىدۇر دېيىلسە، بۇنداق پىكىرلەر قەدىمكى
زاماننى كەمسىتكەن جاھىللىقىقا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. تەسەۋ-
ۋۇر قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ قەدىمكى





زامان كىشىلىرى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ،
بۇ جەھەتتە مىسال يوق ئەمەس؛ لېكىن ئىلمىي تەتقىقاتتا پەرەز
ۋە تەجرىبە كېرەك، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىللە ئىلگىرىلەش
كېرەك، قەدىمكى كىشىلەر بىلىپ يېتەلمىگەن نەرسىلەر توغرىسىدا
كېيىنكى كىشىلەرنىڭ خىجىل بولۇشى ھاجەتسىز، ئۇ ھەقتە ئېغىز
ئاچماسلىقمۇ يارىمايدۇ. بۇرۇن ئىنگلىزلار ھىندىستاندا ۋودپرو-
ۋوت ئورناتماقچى بولغاندا، ھىندىلار بۇ ئىشنى يامان كۆرۈپ رەت
قىلغانىكەن، كېيىن بەزىلەر، ۋودپرووۋوتنى ئەسلىدە قەدىمكى ھىند-
دى دانىشمەنلىرى كەشىپ قىلغان، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ
تېخنىكا تاشلىنىپ قالغان، ئاق تەنلىكلەر ئەنە شۇ تېخنىكىنى
ئوغرىلىۋېلىپ ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتكەن، دەپتىكەن. شۇنىڭ
بىلەن ۋودپرووۋوت تەرەققىي تاپقانىكەن. قەدىمكى كونا ئەللەردە
كونىلىقىقا مەھكەم يېپىشىۋالىدىغان كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتا
ئەنە شۇنداق دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ. جۇڭگودا مىللىي تەۋەر-
رۇكلەرگە جېنىنىڭ بارىچە يېپىشىۋالىدىغان ئادەملەر ئىچىدە شۇن-
داق مۇقامنى تارقىتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە
گويا ھازىرقى ئىلىم، ئەدەبىيات - سەنئەت مەملىكىتىمىزدە بۇنىڭ-
دىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا بار ئىكەنمىش. ئۇلارنىڭ مۇددىئا-
سى نېمىكىن؟ ئۇلار ھىندىستاندىكى يالغانچىلارغا ئوخشاش رەڭۋاز-
لىقنى يېڭى تەلىمات قىلىۋالماقچىمۇ ياكى قەدىمكى نەرسىلەرنى
كامالەتكە يەتكەن دەپ، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن چوقۇنامدۇ؟ مەيلى
قانداقلا بولسۇن، يېڭى ئىلىمگە ھەمكارلاشمايدىغان، ئۇنى قوبۇل
قىلمايدىغان جەمئىيەت گۇناھلىق بولىدۇ.

گرېتسىيە خارابلاشقاندىن كېيىن رىممۇ ھالىدىن كەتتى، لې-
كىن كېيىن ئەرەبلەر گۈللىنىشكە باشلىدى، ئۇلار نېستورىئانلار-
دىن، يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىشكە باشلىدى، تەرجىمە قىلىش ۋە

شەرھلەش ئىشلىرىنى ناھايىتى راۋاجلاندۇردى؛ ئۇلار ئۆز ئەقىدىلىرىنىڭ كارامەتلىكىگە مەپتۇن بولۇپ خۇراپاتلىققا بېرىلىپ كەتتى، ئىلمىي چۈشەنچىلىرى سۇسلاشتى، تەرەققىياتىمۇ توختاپ قالدى. چۈنكى، گرېتسىيە ۋە رىمدا ئىلىم - پەن تېخى بىلىپ يەتمىگەن ساھەلەرگە يۇرۇش قىلغان بولسا، ئەرەبلەردە ئىلىم - پەن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى دوراشقا قارىتىلدى، شۇڭا شەرھلەش ئەمەلىي تەجرىبىنىڭ ئورنىنى ئالدى، باھالاش بولسا ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئورنىنى ئالدى، قارىيلارچە قىرائەت ئەۋج ئېلىپ كەتتى، يېڭى كەشپىياتلار ئازىيىپ كەتتى، ئالەم ھادىسىلىرى شۇ دەۋرگە كەلگەندە بىلىپ بولمايدىغان تىلسىماتقا ئايلىنىپ قالدى. مېڭىسىنى ئورنىۋالغان ئىدىيىلەر شۇنداق بولغاچقا، تەقلىد قىلىپ دورىغان نەرسىلىرىنىڭ توغرا بولماسلىقى تەبىئىي. شۇ سەۋەبلىك ئىلىم - پەن كۆمۈلۈپ قالدى، سېھىرگەرلىك ئەۋج ئالدى، ئاسترونومىيە ئارقىغا چېكىندى، ئاسترونومىيىنىڭ ئورنىنى مۇنەججىملىك ئىگىلىدى، مۇنەججىملىك ۋە جادۇگەرلىكمۇ باش كۆتۈردى. ئەمما، سۆككىلى بولمايدىغان يەرلىرىمۇ يوق ئەمەس، شۇ زاماندىكى ئالىملار ھورۇن ۋە قولىدىن ئىش كەلمەس، مەنىۋى جەھەتتە بوشىشىپ كېتىپ چېكىنىپ كەتكەن ئەمەس، پەقەت ئۇسۇل جەھەتتە خاتالاشقانلىقى ئۈچۈن ئەجىرلىرى بىكار كەتكەن؛ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا كەلسەك، ھەيرانلىق ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇيدىغان يەرلىرىمىز يوق ئەمەس. مەسىلەن، ئىسلام دىنى ئەمدىلا دۇنياغا كېلىۋاتقاندا، سىياسەت بىلەن ئىلىم بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلدى، كوردوبا[51] پادىشاھى بىلەن باغداد [52] پادىشاھى بىرى شەرقتە، يەنە بىرى غەربتە تۇرۇپ گرېتسىيە ۋە رىم ئىلىملىرىنى بەس - بەس بىلەن ئۆز دۆلەتلىرىدە تارقاتتى ھەم ئارىستوتېل ۋە ئەپلاتوننىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا زوقلاندى. مەكتەپلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى، بۇ مەكتەپلەردە ئىستىلىستىكا، ماتېماتىكا، پەلسەپە، خىمىيە ۋە دورىگەرلىك دەرسلىرى ئوقۇلاتتى، خىمىيە ساھەسىدە ئىسپىرت ۋە ئازوت كىسلاتاسى، نىترات كىسلاتاسى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى بارلىققا كەلدى. ماتېماتىكا ساھەسىدە ئالگېبرا، تىرىگونومېترىيە تەرەققىي تاپتى، مېرىدىئان ۋە پاراللېل بىلەن يەر شارىنى ئۆلچەش، ئىستىرلكا بىلەن ۋاقىتنى ھېسابلاش، يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت جەدۋىلىنى[53] سىزىش قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەر ئەنە شۇ دەۋردىن باشلانغان. ئۇلار ئىلىم جەھەتتە گۈللىنىپ دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇپ قالاي دېگەنىدى. خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ تولىسى ئىسپانىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئىلىم - پەنلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتاتتى. شۇنىڭ بىلەن خرىستىئان دۆلەتلىرىنىڭ ئىلىم ئىشلىرىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەنىدى. ئۇلار XI ئەسىرگە كەلگەندىلا چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدى، گېكسلېي ئۆزىنىڭ «XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىلىم - پەن تەرەققىياتى» دېگەن كىتابىدا بۇ خىل ئەھۋالغا باھا بېرىپ: ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەكتەپلەر ئاسترونومىيە، گېئومېترىيە، ھېساب، مۇزىكا پەنلىرىنى ئالىي مائارىپنىڭ ئاساسلىق دەرسلىرى قىلاتتى، ئوقۇغۇچىلار بۇ پەنلەرنىڭ قايسىبىرىدىن خەۋەرسىز بولىدىكەن، ئۇ ھالدا تەلەپكە لايىق تەربىيە كۆرگەن كىشى ھېسابلانمايتتى، ھازىر مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىدىكى كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس قىلىشىمىز كېرەك، دېگەنىدى. بۇ گەپ قارىماققا گويا جۇڭگودىكى يېڭىلىقنى تەلەپ قىلىپ، مائارىپنى يولغا سېلىش كېرەك، دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ گېپى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگودا ئېيتىلىۋاتقان تۆت پەننىڭ ئۈچى نەزەرىيە پەنلىرى بولۇپ، بۇلار بۇ

يەردە سانىلىپ ئۆتكەن ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىدىغان ئەمەلد-
يەتچان پەنلەردىن بولماستىن، بەلكى ساختا ئىلمىيلىقنى بازارغا
سالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز گەپ - سۆزلىرىنى بېزەيدىغان پەنلەر-
دىن ئىبارەت.

ئەرەبلەرنىڭ شۇ زاماندىكى ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى، ئەمما
خرىستىئان دۆلەتلەردە بولسا ئىلىم - پەن تەرغىب قىلىنمىدى،
تەرغىب قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى
ھەدەپ چەتكە قېقىلدى، ھەتتا بوغۇپ تاشلاندى. ئۇلار: ئىنسان
ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە پەزىلەت جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت ۋە
دىنىي جەھەتتىكى ئۈمىدكە ئېتىبار قىلىش؛ ئىلىم - پەنگە بېرىل-
گەندە، ئىنساننىڭ زېھنىي كۈچى زايە كېتىدۇ، دەپ قارىغان.
خرىستىئانلارنىڭ زەكىيلىرىدىن بولغان لاكتانتىئۇس
(Lacantius) [54] دېگەن ئادەم: بارلىق ئىشلارنىڭ مەنبەسىنى،
يەر - زېمىننىڭ ھەرىكىتىنى بىلىشكە ئۇرۇنغۇچى، ئاينىڭ يۇزىد-
كى دۆڭلۈك ۋە ئويمان - چوڭقۇرلۇقلار ئۈستىدە گەپ ساتقۇچى،
يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندىكى سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى، تەبى-
ئەت دۇنياسىنىڭ ماددىي تەركىبىنى كۆزەتكۈچى، مۇشۇ مەسىلى-
لەرنى باش قاتۇرۇپ ئويلىغۇچى كىشىلەر خۇددى ئۆزى كۆرۈپ
باقمىغان بىرەر پايتەختنى تاغدىن - باغدىن ھېكايە قىلىپ بەرگۈ-
چىگە ئوخشاش ئەخمەق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ، دېگەنىكەن. قابى-
لىيەتلىك كىشىلەر شۇنداق تونۇشتا بولغان يەردە، ئادەتتىكى كى-
شىلەرنىڭ قانداق بولۇشى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. ئىلىم - پەن شۇ-
نىڭدىن تارتىپ نۇرسىزلاندى، ئومۇمىي يۈزلىنىشنىڭ مۇنداق
بولۇشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس. ج. تىيىندالنىڭ
(J. Tyndall) [55] گەپلىرىگە قارىغاندا، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، شۇ
زاماندىكى رىم ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ پايتەختىدە ئەخلاق بۇزۇلغان،





خرىستىئان دىنى دەل ئەنە شۇ مەزگىلدە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ،
پۇقراغا ئىنجىلنى تەشۋىق قىلغان. دىنىي تۈزۈم ئادەتتىن تاشقىرى
قاتتىق بولمىغاندا، ناچار ئادەتلەرنى تۈزەپ كەتكىلى بولمايتتى،
شۇڭا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى مۆمىن بەندىلەر ناھايىتى كۆپ
بولسىمۇ، خرىستىئان دىنى بەرىبىر غەلىبە قىلغان. شۇنداقتىمۇ
كىشىلەر مەنىۋى ئاسارەت ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىت ياشىغاچقا، ئۇنىڭ
ئىزلىرىنى تۈگەتمەك قىيىنغا توختىغان، نەتىجىدە روھىي ئوزۇق
دەپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن ئىنجىلمۇ ئىلىم - پەن ئالدىدا مەھكۇم
بولۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغان يەردە،
تەرەققىياتتىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ شۇنىڭدىن تارتىپ دىنىي
جەمئىيەتلەر (چېركاۋلار) بىلەن ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى
ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولغان، بۇمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلى-
رىغا ناھايىتى زور توسالغۇ بولغان. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ھەر خىل پەنلەر ھەمىشە
دېگۈدەك تۈز يولدا مېڭىۋەرمەيدۇ، A سى چىڭ تۇتۇلسا، B سى
بوشىشىپ كېتىدۇ؛ B سى گۈللەنسە، A سى چۈشكۈنلىشىدۇ،
شۇنداق دەۋر قىلىپ ماڭىدۇ. مەسىلەن، گرېتسىيە بىلەن رىم
ئىلىم - پەندە ئىنتايىن گۈللەنگەنلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان
بولسا، ئەرەب ئۆلىمالىرى باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، پۈتۈنلەي قە-
دىمكىنى ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ كەتتى؛ خرىستىئان دۆلەتلەردە
بولسا ئىنتايىن چىڭ دىنىي قائىدىلەر ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئاساسى
بولۇپ قالدى، پەننىي بىلىمنىڭ تارقىلىشى ئۈزۈلۈپ قالدى. لې-
كىن، جاھاندىكى ئىشلار مۇرەككەپ بولغاچقا، زاماننىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئىلىم - پەن ئاخىر يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۈزلۈكسىز
تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلىدى. دۇنيا تۈز
سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىمەيدۇ، ھەمىشە دولقۇننىڭ بىر چۆكۈپ،

بىر ئۆرلەپ، گاھ ئىلگىرىلەپ، گاھ چېكىنىپ، ئاخىر يار لېۋىگە
بارغىنىغا ئوخشاش ئىلگىرىلەيدۇ، دېگەن گەپ ھەقىقەتەن توغرا.
ئەخلاق بىلەن بىلىملا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، ئىلىم - پەن
بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق. ياۋروپادا ئوتتۇرا ئە-
سىرلــەردە رەسىم سىزىشنىڭ ھــەر خىل پرىنسىپلىرى بــار ئى-
دى، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن بولسا، باشقا
سەۋەبلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گۈزەل سەنئەت يېرىم يولدا چۈشۈپ
قالدى. ھېلىقى پرىنسىپلارغا پەقەت يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندىلا
ئاندىن قايتىدىن ئەمەل قىلىنىشقا باشلىدى. مانا مۇشۇ تەرەققىيات
ۋە چېكىنىش جەريانلىرىنى ئويلاپ كۆرگەندە مۇلاھىزە يۈرگۈزگۈ-
چىلەرمۇ بۇنداق بولۇشنى يا پايدىلىق، يا زىيانلىق دەپ ئېيتالماي
قالار. چۈنكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دىن تۇيۇقسىز ئەۋج ئېلىپ
كېتىپ، ئىلىم - پەننىڭ بېسىلىپ قالغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن
چۆچۈتىدۇ. بىراق، ئىنسانلارنىڭ روھىي قىياپىتى شۇنىڭدىن تار-
تىپ تازىلىنىپ، تاۋلىنىپ، يەنە چىرايلىق گۈللەرنى يېتىشتۈر-
دى. 2000 يىلدىن بۇيان بۇ گۈلنىڭ رەڭگى تېخىمۇ ئېچىلىپ،
كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان دەرىجىگە يەتتى. م. لۇتېر[56]،
ئو. كرومۋېل[57]، ج. مىلتون[58]، گ. ۋاشىنگتون[59]، ت. كار-
لىلى[60] ئەنە شۇ گۈللەرنىڭ ئۆزىدۇر. كېيىنكى كىشىلەردىن
ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنى ئۇلۇغ دېمەيدىغان كىم
بار؟ بۇ ھوسۇل ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشتىن
كېلىپ چىققان زىيانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ يەنە ئېشىپ قالدـ
دۇ. مەيلى دىن، ئىلىم - پەن ياكى سەنئەت، ئەدەبىيات بولسۇن،
بۇلار كىشىلىك جەمئىيىتىنى راۋاجلاندۇرىدىغان مۇھىم بىلىملەر
ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن قايسىبىرىنى مۇھىم دەپ كېسىپ ئېيتىش
ھازىر مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا كۆزنى يەيدىغان نەپكە بېرىلىپ





كېتىپ، ئەرزىمەس ساختا پەننى دورايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تارد-
خىي پاكىتلار تەمىنلىگەن ساۋاقلارغا ئاساسەن شۇنى پەرەز قىلىش
مۇمكىنكى، ئەسلىي مەقسەتكە خىلاپ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ،
بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇنداق مىللەتنىڭ ئۇ-
زۇنغىچە ياشاپ تۇرالىشى مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە سىياسىي تارىختا
كۆرۈلۈپ باقمىغان.

يۇقىرىدا ساپلا قاراڭغۇ تەرەپلەرنى بايان قىلدىم، ئەگەر شۇ
زاماننىڭ چولپانلىرىنى ئىزدەپ كۆرىدىغان بولساق، مۇنداق چول-
پانلاردىن بىرنەچچىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، XII ئەسىردە
ئۆتكەن ماگنۇس (A. Magnus)[61]، XIII ئەسىردە ئۆتكەن روگېر
بېكون (Roger Bacon، بۇ 1214 - يىلى تۇغۇلغان، جۇڭگولۇق-
لارغا تونۇش بولغان، XVI ئەسىردە تۇغۇلغان بېكوندىن باشقا
ئادەم)[62] لار ئەسەر يېزىپ، ئىلىمدىكى زەئىپلىكنىڭ سەۋەبلىرد-
نى بايان قىلغان، ئىلىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرىنى
تەسەۋۋۇر قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن ھېكمەتلىك
سۆزلەر ماختاشقا ۋە تونۇشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەرزىيدۇ؛ لېكىن
ئۇلارنىڭ نامىنى كىشىلەر بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇنلا بىلدى.
بېكون ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدا بىلىمسىزلىكنىڭ مۇنداق تۆت خىل
سەۋەبىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[63]؛ قەدىمكى زامان نوپۇزلۇقلىرىغا
چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى دوراپ، تەلۋىلەرچە ئاقىللىق قىلىش، كونا
ئادەتلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىش، كونا قائىدە بىلەن قايمۇقۇپ
قېلىش. يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ۋېۋېلمۇ مۇشۇ سەۋەبنى بايان
قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ شۇ زاماندىكى ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈپ چد-
قىپ، بېكوندىن پــەرقلىق ھالــدا مۇنــداق تــۆت خىل سەۋەبكە
يىغىنچاقلىغانىدى[64]: بىرىنچى، ئۇقۇملار ئېنىق ئەمەس؛ ئىك-
كىنچى، ئۇسۇل چاكىنا؛ ئۈچىنچى، پاكىتلارغا ئاساسەن تەسەۋ-

ۋۇر قىلالماسلىق؛ تۆتىنچى، نوقۇل قىزغىنلىقتا يۆلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش. ئۇ بۇ نۇقتىلارنى نۇرغۇن مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان. كېيىن چىققان ئىندال تۆتىنچى سەۋەبكە ئوخشاشمايدىغان كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: نوقۇل قىزغىنلىق ئىلمىي تەتقىقاتتا توسقۇنلۇق قىلىدۇ دېيىلسە، ئۇ پەقەتلا ئەقلىي كۈچى ئاجىزلاشقان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن ئەقلىي كۈچ جەھەتتە قەيسەر بولىدىغان بولسا، مۇنداق خۇسۇسىيەت ئىلمىي تەتقىقاتتا يار - يۆلەك بولىدۇ، ئالىملار قېرىغاندىن كېيىن كەشپىياتلىرىمۇ مۇقەررەر ئازلايدۇ، بۇ ئەقلىي كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىدىن ئەمەس، بەلكى قىزغىنلىقىنىڭ پەيدىنپەي سوۋۇپ كەتكىنىدىن بولىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەخلاقنىڭ كۈچىدىن ئاجرىتىۋېتىش كېرەك، دەيدۇ، بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. ناۋادا ئەخلاقىي كۈچنىڭ تۈرتكىسىدىن ئايرىلىپ، ئەخلاقتا تايىنىشلىق بولغان بىلىمنى ئىگىلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشى ناھايىتىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، چۈنكى ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ ئەخلاقىي كۈچ. ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن مۇھىم سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقالايمىز. چۈنكى، ئىلمىي كەشپىيات ھامان ئىلىم - پەندىن تاشقىرى بىر خىل كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەنى غەيرىي ئىلمىي غايىلەرنىڭ ئىلھامىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق مەيدانغا چىققان. ل. ۋۇن. رانك[65]: كىشىلەرنى ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشتۈرۈشكە يار - يۆلەك بولىدىغان كۈچ زادى نېمە؟ ئۇ ھەقىقىي بولمىغان نەرسە، ھېس قىلىپ بولمايدىغان نەرسە، ئۇ نەرسە — غايە،





دېگەندى. بۇ سۆزنى پولاتتەك پاكىت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەنگلىيىلىك گېكسلىي: ئىلمىي كەشپىيات ئىلھامدىن كېلىدۇ، كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئالاقىسى يوق، مۇشۇنداق ئىلھام ھەقىقەتنى تاپقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ، مۇشۇنداق ئىلھام بولغاندا، ئادەتتىكى قابىلىيەت بىلەنمۇ چوڭ تۆھپىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ، بۇ خىل ئىلھام بولمىغىنىدا، تالانت ئىگىسى بولغىنى بىلەنمۇ بىر ئىشتا ھېچ نەتىجە يارىتالمايدۇ، دەپ ئېيتقان، بۇ سۆزلەرمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئا. ج. فرېسنېل[66] دىنامىكا ۋە ماتېماتىكا تەتقىقاتى جەھەتتە مەشھۇر. ئۇ ئۆز دوستلىرىغا يازغان خېتىدە: نام - ئاتاققا بېرىلدىغان خىياللىرىم تۈگەپ كەتتى، ھازىر شان - شەرەپ ئۈچۈن چېلىشمايۋاتىمەن، بەلكى مېنىڭ قىزىقىشلىرىم ماڭا ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئېيتقان. ئۇ نام - مەنپەئەتكە ئەنە شۇنداق سەل قارىغان. ئىلمىي كەشپىياتچىلارغا كېلىدىغان شان - شەرەپنىڭ شۇنچە زور بولۇشىغا قارىماي، ۋاللاس ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دارۋېنىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، دەپ قارىغان. ر. ۋ. بۇنسېن[67] ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك مېھنەتلىرى بەدىلىگە ئېرىشكەن مېۋىلىرىنى گ. ر. كىرخوفقا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ئۇلار ئەنە شۇنداق كەمتەر كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئالىملار نام - مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان روھىي كەيپىياتنى ھەمىشە ئۆزىدە ھازىرلىشى، كەمتەر بولۇشى، غايىلىك بولۇشى ۋە ئىلھامغا باي بولۇشى كېرەك. مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىرەر نەتىجە قالدۇرغان كىشىلەر ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. باشقا ئىشلاردىمۇ خۇددى شۇنداق. ناۋادا قايسىبىر كىشى بۇنى تارىختىن كېلىۋاتقان ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق قۇرۇق گەپ دەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇنى يېقىنقى زامانلاردا ئەمەلىي مەنپەئەتنى يېتىشتۈرگۈچى ئانا

دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر بۇ ئاننى تونۇشتۇرۇش ئۇنىڭ بالىلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل تەسەللى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاراڭغۇ دەۋردە قەدىمكى مەدەنىيەتنى تىرىلدۈرۈش[68] كويىدا بولغان بىر - ئىككى نەپەر ئۇلۇغ ئەرباب مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. مەدەنىيەت يالقۇنى ئەمەلىيەتتە XV — XVI ئەسىرلەر ئارىلىقىدىلا بارلىققا كەلگەن. ئىلىم - پەننىڭ چۈشكۈنلۈك دەۋرى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەچكە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە دالاسى قاقاسلىشىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئارزۇسىدا بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئىزغا دەرھال چۈشەلمەي قالغان. شۇڭا، كىشىلەر XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا، يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك ساداسىنى ئاڭلىغان. ئۆتمۈشنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، كوپېرنىك (N. Copernicus)[69] قۇياش سىستېمىسىنى يەشتى. كېپلېر (J. Kepler) سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدىن باشقا گالىلېي (Galileo Galilei)[70] ئاسترونومىيە ۋە دىنامىكا ساھەسىدە نۇرغۇن كەشپىياتلارنى ياراتتى، ئۇ كىشىلەرنى مۇشۇ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىرلىق بىلەن يېتەكلىدى؛ ئاندىن ستېۋىننىڭ (S. Setvin)[71] مېخانىكا ئىلمى ۋە گالبېرتنىڭ (W. Gilbrt)[72] ماگنىت ئىلمى، ھارۋېينىڭ (W. Harvey)[73] فىزىئولوگىيە ئىلمى مەيدانغا چىقتى. فرانسىيە ۋە ئىتالىيىدىكى مەكتەپلەردە ئاناتومىيە ئىلمى كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالدى، ئىلىم - پەن جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئىتالىيىدە پەنلەر ئاكادېمىيىسى[74] پەن تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ شۇنچىلىك گۈللـ-





ـنىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇنداق تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئىختىساسلىق مەشھۇر كىشىلەر يېتىشىپ چىققىلى تۇردى. ئەنگلىيىلىك فرانسىس بېكون[75]، فرانسىيىلىك دېكارت[76] ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى.

ف. بېكون (1626—1561 F. Bacon) قەدىمدىن بۇيانقى ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي نىشانغا قانداق يېتىشنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە «يېڭى قورال» ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. كېيىنكى نەتىجە گەرچە ئاپتورنىڭ كۈتكىنىدەك بولۇپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۆھپىسىنى قەدىرلىمەي بولمايدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە پەقەت تەرتىپ بويىچە يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنىلا تەشەببۇس قىلغان، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە توختالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى كىشىلەر مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇۋېلىپ ھاڭ - تاڭ بولۇشقان. بېكون ياشىغان دەۋردە ئىلمىي كەشپىيات ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، يېڭىنىڭ ئۇچىچىلىك پاكىت ئۇچرىسىمۇ، ئۇنى چوڭ قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشنىڭ يىپ ئۇچى دەپ ھېسابلىشاتتى، بېكون بۇ خىل كەشپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن قەدىمكىلەرنىڭ پەرەز قىلىش ئۇسۇلىغا، كۆپتۈرمىچىلىك كەشپىياتىغا رەددىيە بەرمەي تۇرالمىغان، شۇنىڭ بىلەن يەشمە خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلىغا سەل قاراپ، يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىغا ئېغىپ كەتكەنلىكى ئەسلىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ يەشمە خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە مەخسۇس توختالمىغان. بىز ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقىدىغانلا بولساق، ھېچقانداق ئېغىشنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمىز. بېكون تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇنداق ئىككى ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن: ئالدى بىلەن تەجرىبە قىلىش، ئاندىن كېيىن

تېئورېما كەلتۈرۈپ چىقىرىش، شۇنىڭغا ئۇلاپلا تېئورېمىدىن يەنە
تەجرىبىگە ئۆتۈش. شۇڭا، ئۇ: كىشىلەر بىرەر ئىشنى تامامىلاشتا
قولغا تايىنامدۇ ياكى پىكىرگىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنى بىرلا جەھەتكە
تايىنىپ ئورۇنداشقا بولمايدۇ، قورالنىڭ ياردىمى ۋە باشقا ياردەمگە
تايانغاندىلا ئاندىن تولۇق ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئىشلەشكە تېگىش-
لىك ئىشلار بولىدىكەن، ھەم قولىدىن، ھەم مېڭىدىن ئۆتكۈزمەي
تۇرۇپ ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېيتقان[77]. بۇ گەپلەر-
دىن قارىغاندا، «يېڭى قورال» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى قىس-
مىدا يەشمە خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە توخ-
تالغانلىقى مۇقەررەر. بىراق، ئىككىنچى قىسمى ئوچۇق ئېلان
قىلىنماپتىكەن. دېمەك، بېكوننىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى مۇكەم-
مەل بولمىغان، ئۇ پەقەت مۇكەممەل يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنى تەت-
قىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالغان. مۇنداق مۇكەممەل يىغىن-
چاقلاش ئۇسۇلىنى ھەممە كىشى ئىشلەپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىرى كىشلەرنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدىن ھالقىپ
كېتەلمەسلىكى تەبىئىي، ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق يېڭى
قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئىزدەش، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالەمنىڭ
ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تېپىش ئالىملارنىڭ قارىشىچىمۇ قىيىن
ئىش ھېسابلىناتتى. يەنە كېلىپ، بېكون پەرەز ئۇسۇلىنى ياقتۇر-
مىغان، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم - پەن ئۇچۇن چوڭ تۆھپە
قوشۇپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇكسەك دەرىجىگە يەتكۈزۈشتە دەل
ئەنە شۇ پەرەز قىلىش ئۇسۇلى ياردەم بەرمەكتە. بېكون تەلىماتى
گەرچە بىر تەرەپكە ئېغىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆز ۋاقتى-
دىكى ئۆرپ - ئادەتنى ئوڭشاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قاراش
كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنى ئارتۇقچە گۇناھ قويۇپ، ئەيىبلەپ ئولتۇرۇش
ھاجەتسىز.





بېكوندىن 30 يىل كېيىن ئۆتكەن دېكارت
(1650—1596 R. Descarte) فرانسىيىدە تۇغۇلغان. ئۇ ماتېماتى-
كىدا داڭق چىقارغان. يېقىنقى زامان پەلسەپە ئاساسلىرىمۇ شۇنىڭغا
تايىنىپ قۇرۇلغان. ئۇ قورقماستىن گۇمان بىلەن قاراش دولقۇنى-
نى قوزغىغان، ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەن، شۇڭا ئۇ
بىردىل - بىر نىيەتتە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن پەلسەپە ئاساسىنى
ئىزدىگەن. ماتېماتىكا، فىزىكا جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى
ئىزدىگەن. ئۇ: گېئومېترىيىنى تەتقىق قىلغان كىشى ئەڭ ئاددىي
ئۇقۇم ۋە تېئورېمىلاردىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن مۇرەككەپ تېئورې-
مىلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. مەن شۇنىڭدىن بىلدىمكى، ئىنسان
ئەقىل - پاراسىتى دائىرىسىدىمۇ ھەرقانداق ئىشنى مانا مۇشۇ
ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدىكەن. ئەگەر ساختا
نەرسىنى ھەقىقەت دەپ ھېسابلىماي، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك
يول بىلەن ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئورۇنداپ تۈگەتكىلى
بولمايدىغان ئىش، چۈشىنىپ بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ،
دېگەن. دېمەك، ئۇنىڭ پەلسەپە نەزەرىيىسى يەشمە خۇلاسە چىقى-
رىش ئۇسۇلىدىن تەركىب تاپقان، ئۇ يەشمە خۇلاسە چىقىرىش
ئۇسۇلىنى كېڭەيتىپ تەتبىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىلىم - پەننى
تىزگىنلىگەن. نەتىجىدىن سەۋەبنى كەلتۈرۈپ چىقارماي، سەۋەب-
تىن نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش — بۇ، دېكارتنىڭ «پەلسەپە
قائىدە - قانۇنىيەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان كۆزقارى-
شى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنىڭ تۈپ نۇقتىسى،
پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مەركىزى. باھاچىلار ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى
مۇكەممەل ئەمەس، دېيىشىدۇ ۋە: ئەگەر ئۇنىڭغا شەكلەنمەي ئى-
شەنگەندە، ئۇنىڭ زىيىنى بېكوننىڭ يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىغا بىر
تەرەپلىمە ئىشەنگەنگە ئوخشاش بولىدۇ، بۇ پەقەت تەجرىبىگە ئار-

تۇقچە ئېتىبار بېرىپ كېتىدىغان كىشىلەرنى ئوڭشىۋېلىشقا پايدى-
لىق، دەيدۇ. ئەگەر توغرا يول تۇتىدىغان بولساق، بېكوننىڭ
يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىغا ئېغىپ كېتىشـىـمـۇ توغــرا ئەمەس،
دېكارت (R. Descarttes) نىڭ يەشمە خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلىغا
ئىشىنىپ كېتىشىمۇ توغرا ئەمەس. ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھەم-
مىسىنى قوللانغاندىلا ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ. ئىلىم - پەننىڭ
راۋاجلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلىشىمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ
دەل مۇشۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ قوللانغانلىقىدىن
بولغان. مەسىلەن، گالىلېي، ۋ. ھارۋېي، ر. بويىل[78]، ئى.
نيۇتونلار[79] يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىغا بېكوندەك بېرىلمەي، يەشمە
خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلىغا دېكارتتەك بېرىلمەي، ئـۆز ئـالدىغـا
مـۇستەقىل ئىش كۆرگەن، ھېچياققا ئـاغماي، لىللا ئىلمىي
تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بېكون (F. Bacon) ھايات ۋاقتىدا،
ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ خەلققە بايلىق ئەكىلىدىغانلىقىغا،
ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدا مول مېۋە بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي
ئىشەنگەن. شۇنىڭدىن 100 يىل كېيىن ئىلىم - پەن تېخىمۇ راۋاج
تاپتى، ئەمما ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ئى. نيۇتوننىڭ
كەشپىياتى ئىنتايىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ چىقتى. ر. دې-
كارتنىڭ ماتېماتىكىسىمۇ ئىنتايىن كامال تاپتى، لېكىن جەمئىيەت-
تىكى كىشىلەر مېڭىسىدىكى بىلىمنىڭ بىرئاز كۆپەيگەنلىكىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەلگە تەرەققىيات، خەلققە بەخت ۋە مەنپەئەت
كەلمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ر. بويىل خىمىيە بىلەن فىزىكىنىڭ
تەجرىبە ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلدى. ب. پاسكال (B. Pacal)[80]
ۋە ئى. تورسېل (E. Torricelli)[81] ئاتموسفېرا بېسىمىنى ئۆل-
چەپ چىقتى، مالپىگ (M. Malpighi)[82] قاتارلىقلار بىئولوگىيە
ئەزالىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. لېكىن، سانا-





ئەت بۇرۇنقىغا ئوخشاش تۇرۇۋەردى، قاتناش - ترانسپورت ياخشى-
لانمىدى، كانچىلىقتىمۇ قىلچە يۈكسىلىش كۆرۈلمىدى. پەقەت
مېخانىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىلا ئىنتايىن قوپال سائەتلەر
بارلىققا كەلدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلى-
يە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئالىملار
تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئارقىمۇئارقا مەيدانغا چىقتى. خىمىيە،
بىئولوگىيە، گېئولوگىيە پەنلىرى تەرەققىي قىلىپ كۆزنى چاقنات-
قۇدەك نۇر چاچتى. بىراق، جەمئىيەتكە زادى قانچىلىك مەنپەئەت
يەتكۈزەلەيدىغانلىقى ئۈستىدە باھاچىلىرىمىزنىڭ بىرنېمە دېمىكى
ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇزۇن مۇددەت مۇلاھىزە قىلىش ئارقىسىدا،
ئەمەلىي ئۈنۈم ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تاكى شۇ ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىلىم - پەننىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە كۆزگە
چېلىقىشقا باشلىدى، مەسىلەن، سانائەتتە ئىشلىتىدىغان ماشىنا -
ئۈسكۈنىلەر، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى، ھايۋانلار نەسلى-
نىڭ ياخشىلىنىشى ئىلىم - پەننىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. XIX
ئەسىرنىڭ ئاتالمىش ماددىي مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ مەزگىلدە باشلان-
غانىدى. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى كەلكۈندەك ئۆركەشلىدى،
كۆتۈرۈلدى، نەتىجــدە ئىنسانـلار ئارىسىدىكى كەشپىياتمۇ يې-
ڭىلاندى. بىراق، ئىلىم - پەننى تەتقىق قىلىدىغان ئاتاقلىق ئالىم-
لار بۇ نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى، ئالدىدا ئېيتقىنىد-
مىزدەك، ئۇلار ھەقىقەتنى ئىزدەشنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر مەق-
سىتى قىلىۋەردى. ئۆز مېڭىلىرىنى بىلىم بىلەن تولدۇرۇپ،
ئىلمىي ساھەدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋەردى، ئۆزلىرىنىڭ پۈ-
تۈن جىسمانىي، ئەقلىي كۈچلىرىنى ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ،
تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۈپ قانۇنلىرىنى ئىزدەۋەردى. شۇ زاماندىكى
مەشھـۇر ئالىملار ئـەنە شۇنـداق قىلغانـدى. مـەسىلەن، ھېر-

شىل (J. Herschel) [83] ۋە لاپلاس (S. de. laplsce) [84] ئاسترونومىيە ئىلمىگە، يۇنگ (Th. Young) [85] ۋە پرېسنېل (A. Fresnel) ئوپتىكا ئىلمىگە، ئۆرستېد (H. C. Oersted) [86] فىزىكا ئىلمىگە، لامارك (J. de. Lamarc) بىئولوگىيە ئىلمىگە، دېكاندول (A. de. Candolle) [87] بوتانىكا ئىلمىگە، ۋېرنېر (A. G. Werner) [88] مەدەنچىلىك ئىلمىگە، ھۇتتۇن (J. Huttun) [89] گېئولوگىيە ئىلمىگە، ۋات (J. Watt) [90] مېخانىكا ئىلمىگە تۆھپە قوشتى، بۇلار دۇنياغا ئالاھىدە مەشھۇر. ئەمدى ئۇلارنىڭ مەقسىتىگە كەلسەك، ئۇلار بىرەر ئەمەلىي نەپ ئېلىشنى كۆزدە تۇتقانمۇ؟ زادى ئۇنداق ئەمەس. ئوتقا چىدامىلىق لامپۇچكا ياسالدى، پاراۋوز دۇنياغا كەلدى، كان ئېچىش تېخنىكىسىمۇ روناق تاپتى، جامائەتچىلىك بولسا پەقەت مۇشۇ كەشپىياتلارغا ھەيران قالغىنىدىن، ئەتىدىن كەچكىچە مۇشۇ نەتىجىلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئالىملار بولسا بىر تەرەپكە قايرىلىپ قالدى، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى شۇنداق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئەھۋال شۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بولغىيدى! ئالغا ئىلگىرىلەيمەن دەپ تۇرۇپ، ئاتقا قامچا ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا تىزگىنىنى تارتىدىغان مۇنداق ئۇسۇل بىلەن مەقسەتكە يەتمەك قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مۇبادا، ئىلىم ـ پەن سانائەتنى بەرپا قىلىدۇ، ئەمما سانائەت ئىلىم ـ پەنگە ھېچقانداق نەپ بەرمەيدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئىلىم ـ پەندىن شان ـ شۆھرەت قازىنىشقا بېرىلىدۇ، دېيىلسە، بۇمۇ توغرا بولمايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئىشلارنىڭ تۈرى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئىش تەقسىماتى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىردىن كەسپىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ، شۇڭلاشقا بىرلىكتە ئالغا باسالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سانائەت-





نىڭ ئىلىم ـ پەندىن ئالىدىغان پايدىسى ھەقىقەتەن كۆپ بولىدۇ. شۇنداقلا، ئىلىم ـ پەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سانائەتنىڭ ياردىمىگە كۆپلەپ ئېرىشىدۇ. ھازىر ئەگەر ئالىملارنى ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ سىناپ كۆرىدىغان بولساق، مىكروسكوپ بىلەن تارازا تۇرماق، ھەتتا ئىسپىرت بىلەن ئەينەكنىمۇ تاپقىلى بولماس ئىدى. شۇ ئەھۋالدا ئالىملار نېمە قىلالايتتى؟ ئويلاپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئامالى بولمايتتى. ئويلاپ كاللىسىنىلا قاتۇرۇش — دەل ئافىنا ۋە ئىسكەندىرىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئىلىم ـ پەننىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىش سەۋەبى ئىدى. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلىششى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن راست گەپ.

دېمەك، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن ھەيرەتتە قېلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ كۈن بويى سانائەتنى گۈللەندۈرۈشنى، ھەربىي قوشۇنلارنى كۈچەيتىشنى جار سېلىپ يۈرىدىغان ئادەملەر كۆرۈنۈشىدىن ناھايىتى تېزلىكتە ئويغىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلار بىلەن قايمۇقۇپ قالغان كىشىلەردىنلا ئىبارەت، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى زادى بىلمەيدۇ. جۇڭگوغا كەلگەن ياۋروپالىقلارنىڭ ئادەمنى ئۆزىگە بەكمۇ مەپتۇن قىلىدىغان يېرى، ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، ئۇ گۈلنىڭ يىلتىزى ئەمەس، پەقەتلا يوپۇرمىقى. ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ يىلتىزى بەكمۇ چوڭقۇر. ئۇلارنىڭ بىرەر تەرىپىنى ئۆگىنىش بىلەن نېمە ئىش ھاسىل بولاتتى؟ لېكىن پېقىر ئاپتور بۇنداق دېيىش بىلەن ھەرگىزمۇ، كىشىلەر ئالدى بىلەن ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانسۇن، تەتقىقاتتا ئۇنۇمگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن ھەر-

تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 900 مىڭ كىشى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى، مۇنچىلىك كۆپ ئادەم بولمىغىنىدا ئادەم يېتىشسىزلىكى كېلىپ چىقاتتى. ئەمما، ئادەم سانى 900 مىڭغا يەتمىگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئىنتايىن ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى، ئۇنى ئاز دېگەندەك، قورال - ياراغ ئىسكىلاتىمۇ ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ قالغانىدى. ئۇرۇش ھازىرلىقىمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، نۆۋەتتىكى جىددىي خەتەردىن ئادەم كۈچى بىلەن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولمايتتى، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئوق - دورا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما ئوق - دورىنىڭ خام ئەشياسى كالىي سېلىترا ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەچكە، شۇ پەيتتە تۈگەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن قالسا مىلتىق بىلەن زەمبىرەك كېرەك ئىدى، فرانسىيىدە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان مىس يېتىشمەيتتى، شۇڭا روسىيىگە، ئەنگلىيىگە، ھىندىستانغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى، ئەمما شۇ مەزگىلدە بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلگەنىدى. ئۈچىنچى مەسىلە، پولات - تۆمۈر ئىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلەتتى، بۇ تۆمۈر - پولاتنى تاۋلاش تېخنىكىسىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئاخىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىملارنى يىغىپ كېلىپ مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلدى. مۇزاكىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ قىيىن مەسىلە دورا ياساش بولدى. ھۆكۈمەت ۋەكىلى دورىنى ئىشلەپ چىقىرالمايدىغانلىقتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ: كالىي سېلىترا نەدە بار؟ دېدى. گەپنىڭ ئايىغى چۈشەر - چۈشمەيلا، ئالىم مونگې (G. Monge)[93] ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: بار، جايىنى تاپساق بار. مەسىلەن، قوتان، مەھەللى ئامبارلاردا سانسىزلىغان كالىي سېلىتراسىنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشۈڭگىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيدىڭ، دېدى. بۇ





يەردە ئۇ، ئۆزىنىڭ تالانتى ھەمدە بىلىمى، ۋەتەنپەرۋەر قەلبى بىلەن يىغىندا ئولتۇرغان كىشىلەرگە قاراپ تۇرۇپ: مەن پەقەت ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سېغىز تۇپىلارنى يىغىپ كالىي سېلىترا ياساپ، دورىنى ئىشلەپ چىقىرىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقارساق، ئەر - ئايال، ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ياسىيالايدىغان بولىدۇ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن فرانسىيە ناھايىتى تېزلىكتە چوڭ بىر زاۋۇتقا ئايلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، خىمىيە ئالىملىرى مىس قوڭغۇراقلارنى ئېرىتىپ قورال - ياراغ ياسىغان، تۆمۈر تاۋلاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىمۇ شۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن. ياسالغان قىلىچ، خەنجەر، مىلتىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز مەملىكىتىدە ئىشلەنگەن خام ئەشيا ئىشلىتىلگەن. كۆن - خۇرۇم پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاياغ تىكىدىغان خۇرۇممۇ يېتىشسىزلىك قىلمايدىغان بولغان. ئۆز ۋاقتىدا تىلسىمات دەپ ئاتالغان ھاۋا شارى ۋە تېلېگرافنىڭمۇ[94] سۈپىتى ياخشىلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن. گېنېرال مورىئا[95] شارغا ئولتۇرۇپ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى رازۋېدكا قىلىپ، ھەقىقىي مەلۇمات تاپقان، شۇنىڭ بىلەن زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. تىيندال بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: شۇ دەۋردە فرانسىيە ئەمەلىيەتتە ئىككى نەرسە بىلەن مەۋجۇت بولۇپ قالالىدى. بۇنىڭ بىرى، ئىلىم - پەن؛ يەنە بىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك. بۇ ئىشتا ئەڭ زور تۆھپە قوشقان كىشىلەر مونگى بىلەن كارنوت[96]. كۈچ چىقارغان كىشىلەردىن فوركرو (F. de Foarcroy)[97]، مورۋېي (G. de. Morveau)[98] ۋە بېرخوللېت[99] قاتارلىقلار بار. بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاچقۇچى ئەنە شۇ

يەردە ئىدى. دېمەك، ئىلىم ـ پەننىڭ مۇقەددەس نۇرى دۇنيانى
يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ چۈشكۈنلۈكنى تۈگىتىپ، كىشىگە ئىلھام
بېرەلەيدۇ؛ ئادەتتىكى چاغلاردا ھايات نۇرى بولۇپ چاقنايدۇ، ئۇ-
رۇش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ ئىلھامى كارنوتقا ئوخشاش دۆل-
ەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنى ناپولېئون (N. Bonaparte)[100]
دىنمۇ كۈچلۈك قوماندانلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئەمدى بىز يۇ-
قىرىدا كەلتۈرۈپ ئۆتكەن مىساللارنى يىغىنچاقلاپ قارايدىغان بول-
ساق، ئىلىم ـ پەننىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالالاي-
مىز. ئىككىنچى ئورۇندىكى نېگىزلىك بولمىغان ئىشلاردىن بىر
مەزگىل نۇر چاقنىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇلى چىڭ بولمىغاچقا،
تېزلىكتە نۇرسىزلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئىلىم ـ پەن ئىقتىدارى-
نى بالدۇرراق ھازىرلىغاندىلا، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتقا كاپا-
لەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سەل قاراشقا تېخىمۇ بولمايدىغان مۇنداق
بىر نۇقتا باركى، ئۇ بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ قىيسىق يولغا كى-
رىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمىغاندا،
جەمئىيەت كۈندىن ـ كۈنگە بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ،
تۈپ روھىي كۈچ تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ بارىدۇ، ئاخىر جەمئىيەت
بەربىر ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر پۈتۈن دۇنيا
ئىلىم ـ پەن بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئۇ ھالدا ئىنسانلار ھاياتىنىڭمۇ
ئانچە مەززىسى قالمايدۇ. شۇنداق كېتىۋەرسە گۈزەل ھېسسىياتلار
تۈگەيدۇ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىدىيىلەرمۇ تۈگەيدۇ، نەتىجىدە
ئاتالمىش ئىلىم ـ پەننىڭمۇ قىممىتى قالمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر
نيۇتونغا ئوخشاشلارغا تەشنا بولۇپلا قالماي، شېكىسپىر[101] غا ئوخ-
شاش شائىرلارغىمۇ، بويىلغا ئوخشاشلارغىلا ئەمەس، راپائېل
(Raphaelo)[102] غا ئوخشاش رەسساملارغىمۇ، كانتقىلا ئەمەس،
بېتخوۋېن (Beethoven)[103] غا ئوخشاش مۇزىكانتلارغىمۇ،





دارۋېنغىلا ئەمەس، كارلىلى (Garlyle) غا ئوخشاش ئەدىبلەرگى-
مۇ تەشنا. مۇشۇ كىشىلەر كىشىلىك جەمئىيەتنى قىيسىق يولغا
كىرگۈزۈپ قويماي، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەنلىكى-
تىن، بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيا مەيدانغا كەلگەن. قاراڭلار، ئىنسا-
نىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىزگە ئېمىلەرنى ئېيتىپ بەر-
مەيۋاتىدۇ ـ ھە!

1907 ـ يىلى يېزىلدى.

# مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا[104]

جۇڭگو ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن جاھانغا مەشھۇر، بەزى ھاقارەتخورلار بۇنى جاھىللىق دەپ ئاتىشىدۇ ھەم مۇشۇ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى تەنزىنى يېغىشتۇرمىغاندا چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە، بەزى ئەربابلار ئاستا - ئاستا ئانچە - مۇنچە يېڭى تەلىماتلاردىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزلىرىدە بىر خىل خىجالەتچىلىكنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولۇشتى، غەرب نەزەردىيىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمەسلىك، غەرب يوسۇنلىرىغا توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كويىغا چۈشتى. كونا نەرسىلەرگە پەشۋا بېرىشتە ئاجىز كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇ خىل پوزىتسىيە بىلەن ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىنى يۇيۇپ، كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىغا يەتمەكچى بوپتۇ. بۇ ھەقتە مەن مۇنۇ بىر نۇقتىنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن: قەدىمىي زامانلاردىكى شۆھەن يۈەن ئاتا چى يۇنى تىنچىتقاندىن[105] كېيىن جۇڭخۇا زېمىنىغا ماكانلاشقانىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەۋلادلار راۋاجلىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەنىكەن. ئۇ چاغلاردا ئەتراپتىكى قوشنا قەبىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى بىلەنمۇ جۇڭگونىڭ ئۇلاردىن ئۆگەنگۈچىلىك ھېچنېمىسى يوق ئىكەن، شۇڭا مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ، باشقىلارغا زا-





دى تايانمىغانىكەن. جۇ، چىن دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، غەربتە گرېتسىيە بىلەن رىم باش كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە خېلى شانلىق نەمۇنىلەرگە ئىگە ئىكەن. ئەمما، يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، يەنى توسۇن دەريالار، خەتەرلىك چوققىلار قاتناش يولىنى توسۇپ تۇرغاچقا، جۇڭگو ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆلگە سۈپىتىدە ئۆگىنىشكە ئامالسىز قالغانىكەن. يۈەن ۋە مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، كاتولىك دىنىنىڭ بىر - ئىككى مىسسىئونېرى[106] دىنىي تەلىمات ھەم تارىخ، قانۇن، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق بىلىملەرنى جۇڭگوغا ئەكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كېتەلمىگەنىكەن. شۇ سەۋەبلىك جۇڭگونىڭ چېگرا دەرۋازىسى ئېچىلغاندىن كېيىنلا، ئاق تەنلىكلەر جۇڭگوغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىشكە باشلىغان ۋاقىتدا، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئوتتۇرا دۆلەت (يەنى جۇڭگو) تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن چەت ئەللەرنىڭ بەزىسىنىڭ دوستانىلىك قىلىپ جۇڭگودىن ئۆگىنىدىغانلىقىنى، بەزىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى بارلىقىنى كۆرگەن؛ لېكىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى جۇڭگونىڭكىگە يەتمەيدىكەن دەپ قارىغان. جۇڭگو ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭ تۇرالايدىغان رەقىبى بولمىغاچقا بارغانسېرى ھاكاۋۇرلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى گۆھەر دەپ بىلىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئادەتتە بولۇپ تۇرىدۇ، ئەقىلغىمۇ ئانچە - مۇنچە سىغىدۇ. تەڭ كېلەلەيدىغان رەقىبى بولمىغاچقا، بەخىرامان كېتىۋەرگەچكە، شۇنىڭ بىلەن زەئىپلىشىشكە باشلىغان. سىرتنىڭ تەھدىتى ۋە زۇلمى بولمىغاچقا ئالغا بېسىشتىن توختاپ قالغان، كىشىلەر روھسىزلانغان، بىخۇدلاش-

قان، ھەتتا گۈزەل، ياخشى نەرسىلەرنى كۆرسىمۇ ئۆگەنگۈسى
كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. غەربتە نۇرغۇن يېڭى دۆلەتلەر
ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تېخنىكـ
لىرىنى جۇڭگوغا ئەكېلىپ ئازغىنە بىرەر ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ
قويغاندا، چوڭ مەخلۇق بولغان جۇڭگو ئۇلارغا تىز پۈككەن؛ ئەنە
شۇ ۋاقىتتىلا كىشىلەر ئۆز ئېلىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانـ
لىقلىرىنى ھېس قىلغان؛ ئەقلى - ھوشى ئانچە - مۇنچە جايىدا
بولغان بەزى كىشىلەر ھەربىي تەييارلىق ئىشلىرى ئۈستىدە باش
قاتۇرۇشقا باشلىغان. كېيىن، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقانلار ياكى جۇڭگوـ
نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۇقماي ياكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلارنى
ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقماي، ئۇيەردىن - بۇيەردىن تېرىـ
ۋالغان پارچە - پۇرات نەرسىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ،
قورال ياساش دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشى دېيىشكەن. يەنە
بەزى مەدەنىي ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىنى بېزەپ، ھىندىستان، پولـ
شىلارنىڭ بويسۇندۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن[107] ئىبرەت ئېلىشنى
تەشەببۇس قىلغان. قورال ئىشلىتىش غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ
بولۇشنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەن، ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ
مەدەنىيەتلىك ۋە بەدەۋىلىك بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇزاقىراقتىن
سۆزلىسەك، رىم ئىمپېرىيىسى گائۇللار[108] بىلەن بولغان ئۇرۇشـ
تا يېڭىلگەن؛ يېقىنراقتىن سۆزلىسەك، جۇڭگودا سۇڭ سۇلالىسى
موڭغۇللار ۋە نيۇجېنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلگەن؛ مۇشۇ
ئىككى تەرەپنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق
بارلىقىغا ناھايىتى ئۆتكۈر دانالاردىن بولمىغان ئادەممۇ ھۆكۈم
چىقىرالايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ غالىبىيىتىنىڭ ياكى مەغلۇبىيىتىـ
نىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ ناۋادا بۇنداق ئەھۋال قەدىمكى
زاماندىلا بولغان، ھازىر بولسا ماشىنىلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنـ
غا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، قورال كۈچىگە تايىنىپ غەلىبە قىلغىلى





بولمايدۇ، شۇڭا غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ پەرقى مەدەنىيلىك
بىلەن بەدەۋىلىكنىڭ پەرقىدىن ئىبارەت دېيىلسە، ئۇ ھالدا، نېمە
ئۈچۈن كىشىلەرنى ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ئويغىتىپ، ئۇلارغا
قورالنى يىرتقۇچ بۆرىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىدىغانـ
لىقىمىزنى ئۇقتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئاق تەنلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىـ
لىق قارا نىيىتىنى ھەدەپ ماختاپ، ئۇلارنى دۇنيا بويىچە مەدەنىـ
يەتنىڭ چوققىسى قىلىۋالىمىز؟ بوپتۇ، ھەربىي ھازىرلىقنى كۈـ
چەيتىش دېگەن گەپنى توغرىمۇ دەيلى، ئەمما خەلقىمىز تېخى ناھاـ
يىتى ئاجىز تۇرغاندا، ئۇلارغا زور كۆلەمدە قورال تارقىتىپ بەرـ
گەندە، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ يەنىلا تىرىكتاپتەك تۇرماقـ
تىن باشقا نەتىجە يوق، ئېھتىمال، بۇ ئەپەندىلەر ھەربىي كۈچكە
تايانغاندىلا جان باققىلى بولىدۇ دەپ، تۈپ مەسىلىنى نەزەردە تۇتـ
ماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن ئازغىنە بىلىملىرى بىلەنلا مەنمەنـ
چىلىك قىلسا كېرەك؛ ئۇلارنىڭ سۇلايمان قالپاق ئاستىغا يوشۇـ
رۇنغان تەلىماتلىرى تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ،
ئۇلارنىڭ مەنسەپ ۋە مال - دۇنياغا بېرىلىدىغان روھىي كەيپىياتى
خەلقئالەم ئالدىدا ئاللىقاچان ئاشكارا بولۇپ قالغان! ئۇنىڭدىن
باشقا، سودا - سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساسىي قانۇنلۇق
پادىشاھلىق تۈزۈمى بىلەن پارلامېنت تەشكىل قىلىش[109] تەشەبـ
بۇسلىرىمۇ بار. ئالدىنقى ئىككى خىل تەشەببۇس جۇڭگو ياشلىرى
ئىچىدە ئەزەلدىن ئېتىبارغا ئېلىنماقتا، ئۇ تەشەببۇس قىلىنمىغان
بولسىمۇ، سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سانىنى
ساناپ بېرىشمۇ قىيىن. دۆلەت بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن، بۇ
كىشىلەر دۆلەتنى كۈچەيتىش يولىدا تىرىشىۋاتىمىز دېگەن نامنى
سۈيئىستېمال قىلىپ، قاچانلا بولسۇن ئىرادىلىك ئەرباب دېگەن
نامنى ئالماي قالمايدۇ؛ بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچراپ دۆلەت مۇنـ
قەرز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بەربىر نۇرغۇن مال - مۈلۈككە

ئىگە بولۇپ، بەخىرامان تۇرمۇش كەچۈرۈۋېرىدۇ. ئىشەنگەن تاغلى-
رىدىن ئايرىلىپ قالغان بىلەنمۇ ياكى يەھۇدىيلار[110]غا ئوخشاش
قەتلى قىلىنغان تەقدىردىمۇ چېكىنىپ يۈرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئې-
لىشقا ماھىر ئادەملەر ئۆزىنى ئۇنداق بالا ـ قازالاردىن قۇتۇلدۇ-
رۇپ قالالايدۇ؛ زور بالايىئاپەت يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، ھامان
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئۇلار بەھۇزۇر ياشاۋې-
رىدۇ. كېيىنكى ئىككى خىل ئەھۋالنى سۆزلىمەيلا قويايلى. بۇ-
نىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ياخشىراقلىرى، ئېھتىمال، چەت ئەل تاجا-
ۋۇزىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇۋېرىشىدىن ياشاشقا ئامالسىز قالغانلىق-
تىن ھەقىقەتەن ئېچىنىدۇ، ئۆزىنىڭ قورسىقىدا ئۈمچى بولمى-
غاچقا، باشقىلارنىڭ قالدى ـ قاتتىلىرىنى تېرىۋېلىپ، نۇرغۇن
ئادەمنى توپلاپ تاقابىل تۇرماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۆز مىجەزىنىڭ
ئەسكى، جېدەلخور، ھەسەتخور بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئوخ-
شاشمايدىغان پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى
كۆرگەن ھامان كۆپچىلىككە تايىنىپ ئازچىللىقنى باسىدۇ، ئېغى-
زىدا دۆلەتنى ئامما باشقۇرىدۇ دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، باستۇرۇشقا
كەلگەندە زالىم پادىشاھتىنمۇ قەبىھ بولىدۇ. بۇ يالغۇز ھەقىقەتكە
خىلاپ مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلار ۋەتەننى قۇتقۇزۇش
يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭۈل
قويۇپ تەتقىق قىلمىغاچقا، ئىنچىكىلەپ باش قاتۇرمىغاچقا، ئىش-
نىڭ سەۋەبىنى تونۇپ يەتمىگەچكە كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قارىغۇ-
لارچە بويسۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خۇددى ئېغىر كېسىلى
بار بىر ئادەمنىڭ تېببىي داۋالاشنى چەتكە قېقىپ، روھىي كۈچتىن
مەدەت تىلەپ، ئەپسۇن بىلەن كېسەل داۋالايدىغان داخانلارغا يال-
ۋۇرغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. تېخىمۇ پەسكەش بەلكى ساندا
تېخىمۇ كۆپ يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار ۋەتەننى قۇتقۇ-
زۇشنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي غە-





رىزىگە يېتىش كويىدىلا بولىدۇ، خالاس. ئۇلار ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ
قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئىش بېجىرىش ھوقۇقىنى ۋە جامائەت
پىكرى ھوقۇقىنى خۇشامەتچىلىك بىلەن مەنسەپ تاپىدىغان كىشى-
لەرگە ياكى ئەڭ دۆت بايلارغا بېرىدۇ ۋە ياكى مونوپول قىلىشقا
ماھىر بېدىكلەرگە بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا تايى-
نىپ مەسلىھەت كۆرسىتىپ قاتارغا ئۆتۈۋالالايدۇ. ئاممىغا مەنپە-
ئەت يەتكۈزگۈچى دېگەن شەرەپلىك نام ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نەپسا-
نىيەتچىلىك ئەسكى نامىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ، شۇنداق بىر ئەپچىل
يول كۆز ئالدىدا تۇرغاندا، يېقىلىپ چۈشۈشتىن قورقماي، ئۇنى
قولغا كەلتۈرۈشكە جان پىدا قىلىدۇ. قەدىمىي زاماندا خەلقنىڭ
ئۈستىدىن پەقەت بىرلا زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن؛
ھازىرقى ئۇسۇل بىلەن ئېيتقاندا، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان
مۇتتەھەملەر ھۆكۈمرانغا ئايلىنىپ، خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىپ، خەلققە كۈن بەرمەيدۇ. بۇنىڭ دۆلەتنىڭ گۈل-
لىنىشى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟! لېكىن شۇنداق ئادەم-
لەر داۋراڭ بىلەن چاقىرىق چىقىرىشتا يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنى
ئارقا تىرەك قىلمايدىغىنى يوق. ناۋادا قارشى پىكىردىكى ئادەملەر
ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلارغا «ياۋايى» دېگەن نامنى چاپلاپ، دۆلەتكە
ۋە ئاممىغا زىيان يەتكۈزدى، دېگەن بەتنام بىلەن ئۇلارنى سۈرگۈن
قىلىشتىنمۇ ئېغىر جازاغا تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت دېگىنى
ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن قائىدە ـ تۈزۈملەردىن تاللىۋېلىنغان،
جۇڭگودا رەسمىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان مۇكەممەل مەدەنىيەتمۇ
ياكى ئەسلىدە بار بولغان ھەممە نەرسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان
ھالدا كۆزدە تۇتۇلغان غەرب مەدەنىيىتىمۇ؟ بۇنى ھېچ بىلىپ بول-
مايدۇ. ماددا، كۆپ سانلىق دېگەنلىرى، ئېھتىمال، XIX ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولسا كې-
رەك، لېكىن مەن ئۇنداق كۆزقاراشقا ئانچە قوشۇلۇپ كېتەلمەي-

مەن. چۈنكى، بۇگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئالدىنقى ئەۋلادلارنىڭ
ئىزىدىن كەلگەن، مەدەنىيەتمۇ كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىپ، تە-
رەققىي قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى كونا زاماندىكىسىگە قارشى
كېلىدىغان ئېقىملارمۇ يوق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەتتە
ئېغىش يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن بۈگۈننى كۆزلەيدى-
كەنمىز، ئۆتمۈشنى تەكشۈرۈپ كۆرمەي، كەلگۈسىنى مۆلچەرلى-
مەي بولمايدۇ، ماددىي مەنپەئەتكە پەشۋا بېرىش، مەنىۋى مەنپەئەت-
نى راۋاجلاندۇرۇش، شەخسنى قەدىرلەش، كۆپ سانلىقلارنى چەتكە
قېقىش كېرەك. شەخس غەيرەت - شىجائەتكە كەلگەندىلا دۆلەتمۇ
گۈللىنىشكە يۈزلىنىدۇ. شاخ - پاخالغا ئېسىلىۋېلىپ، پۇل ۋە
توپ - زەمبىرەك[111]، سانائەت، پارلامېنت، ئاساسىي قانۇن دې-
گەن بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇردىكەش
ئادەملەرنىڭ ھەق - ناھەقنى ئايرىۋالماسلىقى، تەشەببۇس قىلغان
تەدبىرلىرىنىڭ خاتا بولۇپ چىقىشى تەبىئىي. ئەھۋال شۇنداق بول-
غان يەردە ھېلىقىدەك ئەخلاق - پەزىلىتى پەسكەشلەشكەن، مەدەنى-
يەتنى يېڭىلاشنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەخ-
سىي غەرىزىگە يەتمەكچى بولغان كىشىلەر ئۈستىدە سۆز ئېچىشنىڭ
نېمە ھاجىتى بولسۇن؟! دېمەك، بۈگۈنكى كۈندىكى ۋەزىيەتتىن
خەۋىرى بار ئاتالمىش ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى
تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ
كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ئىكەنلىكىنى، قىزىل پۇرچاقنى قاراپ تۇرۇپ
رەڭدار مەرۋايىت، گۆھەر دەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئاز ساندىكى مۇ-
غەمبەر قېرى تۈلكىلەرنىڭ قارماقنىڭ ئۇچىغا ئازراق بىرنېمىنى
ئىلىپ قويۇپ، چوڭ بېلىق تۇتۇش كويىدا يۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋا-
لالايمىز. ھازىرچە ئۇنداق ئەمەس دەپمۇ تۇرايلى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار
ئادىل ۋە پاك نىيەت بىلەن جاپا چېكىپ، تەر ئاققۇزۇپ قابىلىيىتى-
نى جارى قىلىپ، ئۆز ئىرادىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاجىز





ئاتالمىش يېڭى مەدەنىيەتلىرىنى جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىپ يولغا
قويسا، بۇ خىل ۋاقتى ئۆتكەن، بىر قۇتۇپقا ئېغىپ كەتكەن، چەت
ئەلدە ئاللىبۇرۇن كونىراپ كەتكەن نەرسىلەرگە شام كۆيدۈرۈپ،
باش ئۇرۇپ چوقۇنۇپ ئولتۇرساق، بىز نېمىدېگەن ئەخمەق ئادەم-
لەر - ھە! يېڭى مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ بۇ — ماددىدىن، كۆپ
سانلىق دېگەن بىرنېمىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاغمىچىلىقتىن
باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، غەربتە مۇنداق
مەدەنىيەتنىڭ دۇنياغا كېلىشى مۇقەررەر، لېكىن بۇ تەجرىبىنى
ئاددىيلىق بىلەن جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلىتىش خاتا.
ناۋادا كىمكى بۇ سۆزۈمنى توغرا ئەمەس دېسە، شۇ يېڭى مەدەنىيەت-
نىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى:

ھازىرقى ئەسىر ئەيسا[112] پەيغەمبەر تۇغۇلغان يىلدىن باشلان-
غان، بۇ ھېساب بويىچە ھەر 100 يىل بىر ئەسىر ھېسابلىنىدۇ.
زامانىنى ئەزەلدىن ئەسرى بويىچە ئايرىش ئادەت بولۇپ قالغان،
بۇنىڭدا باشقا بىرەر سىر يوق. چۈنكى، دۇنيادىكى ئىشلار ھامان
ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى بولىدۇ.
بۇ خۇددى سۇ بۇلاقتىن چىققاندەك، گىياھ يىلتىزىدىن بىخ ئۇرۇپ
ئۈنۈپ چىققاندەك بىر ئەھۋال؛ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدىغان
ياكى تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىدىغان نەرسىلەر داۋلى بويىچە ئېيت-
قاندا ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى
قايتا - قايتا ئىزدىنىپ، تەھلىل قىلىپ يىغىنچاقلايدىغان بولساق،
ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئايرىلماس ھالدا بىر - بىرىگە
مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ناۋادا مەلۇم بىر ئەسىر
مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلى-
مەكچى بولساق، پەقەت كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرغان بىرقانچە
تەرەپلىرىنىلا كۆرسىتىش كۇپايە قىلىدۇ. تارىخىي پاكىتلارغا قارى-
غاندا، رىم ئىمپېرىيىسى ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كې-

يىنلا، بۇ قىتئە ئورتاق تارىخقا ئىگە بولغان، كېيىنكى كۈنلەردە پاپا[113] ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ياۋروپانى كونترول قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ جايلار بولسا خۇددى جەمئىيەت بويىچە ئالغاندا، دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك بۆلۈنۈشى دىنىي رايونلارغا ئايرىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئەھۋال. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ پىكىر - خىيالى، ئىدىيىۋى ئەركىنلىكى بوغۇلۇشقا يۈزلەنگەن؛ ئەقىل - پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك ئەرbابلار يېڭى نەزەرىيىلەرنى يارىتالىغان، قەلبىدە مۇستەقىل يېڭى كۆزقاراشلارغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق دىنىي ئەمىرمەرۇپلارنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خەلق خۇددى كەلكۈن سۇغا ئوخشاش توسالغۇغا دۈچ كەلگەندە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۈچ - قۇدرەت بىلەن ئۆركەشلىگەن، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ئىسكەنجىلەردىن قۇتۇلۇش كويىغا چۈشكەن؛ ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيىدە تەڭسىزلىككە نەپرەت ئوقۇيدىغان كىشىلەر كۆپەيگەن، ئۇلارنىڭ غەزەپ نەزىرى پاپانىڭ ئوردىسىغا مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاپا ئىتالىيىدە تۇرغاچقا، ئىتالىيىلىكلەرمۇ لەنەت - نەپرەتكە قالغان؛ كەڭ ئامما تەڭسىزلىككە غەزەپلەنگەن كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلغان، ئىشقىلىپ، پاپانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا، پاپاغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقىغا باقماي بىردەك قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن. شۇ مەزگىلدە گېرمانىيىدە لۇتېر (M. Luther) ئىسىملىك بىر كىشى چىققان. ئۇ دىنىنىڭ يىلتىزى ئېتىقادتىن ئىبارەت، تۈزۈم ۋە دىنىي ئەمىرمەرۇپلار بولسا ئۇنىڭ شېخىدىن ئىبارەت دەپ، كونا دىنغا كۈچەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتكەن. ئۇ ئۆزى تىكلىگەن يېڭى دىن بولسا، مەرتىۋە پەرقلىرىنى بىكار قىلغان، پاپا، باش





روھانىي دېگەن ناملارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئۇنىڭ ئورنىغا پوپ تۈزۈمىنى دەسسەتكەن. پوپلارنىڭ ۋەزىپىسى تەڭرىنىڭ ۋەھىيلىرىنى تەرغىب قىلىش بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ياشىغان؛ ئىبادەت قىلىش رەسمىيەتلىرىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلغان. يېڭى دىندا پوپلارنىڭ تۇتقان ئورنى ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئېشىپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىنغان. دىنىي ئىسلاھات باشلىنىشى بىلەنلا بۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرى پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالغان، ئىسلاھات دائىرىسى دىن بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، جەمئىيەتتىكى باشقا ئىشلارغىمۇ بېرىپ تاقاشقان. مەسىلەن، دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە بىرلىشىشى، ئۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى، كېيىنكى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ كۆپى مانا مۇشۇنىڭدىن باشلانغان. بۇنىڭ ئۈستىگە، كونا دىنىي ئەمىرمەرۇپنىڭ كونتروللۇقى بوشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىدىيە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىمۇ يېڭىلانغان، نەتىجىدە كېيىنكى مەزگىلدە مېتافىزىكا[114] ۋە تەبىئىي پەن جەھەتتە يېڭى كەشپىياتلار بارلىققا كەلگەن؛ يېڭى قىتئە[115] تېپىلغان، ماشىنىلار ياخشىلانغان، پەن - تېخنىكا راۋاجلانغان، سودا - قاتناش كېڭەيتىلگەن، ئەگەر ئىسكەنجىلەر بىكار قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئازاد بولمىغان بولسا، مۇنداق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بويىچە تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشاش دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەلىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇرۇن پاپانى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلار پادىشاھنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلانغانىدى، دىنىي ئىسلاھات تاماملانغاندىن كېيىن، پادىشاھ ھوقۇقى تېخىمۇ زورايدى، بىر كىشىنىڭ ئىرادىسى مىڭلىغان -

ئۇنمىڭلىغان كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى،
تۆۋەندىكى پۇقرالار ئۇنى چەكلىيەلمەس بولۇپ قالدى، پادىشاھلار
كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك زېمىن كېڭەيتىش كويىدا يۈرىدىغان
بولدى، خەلقنى ئوت دېڭىزغا ئىتتەردى، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇ-
بەتلىرى ئۈستىدە قىلچە باش قاتۇرمايدىغان بولدى، خەلقنىڭ تۇر-
مۇشى ئېغىرلاشتى، كۈچىمۇ تۈگىدى. لېكىن، شەيئىلەر تەرەققىي
قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ھامان ئۆزىنىڭ ئەكسىگە يانىدۇ. خەلق
كۆڭلىدە نارازى بولۇشتىن ئەمەلدە ھەرىكەتكە ئۆتتى، ئىنقىلاب
ئالدى بىلەن ئەنگلىيىدە يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئامېرىكى-
دا يۈز بەردى. شۇنىڭدىن سەل كېيىن فرانسىيىدە ئىنقىلاپ كەڭ
كۆلەمدە ئەۋج ئالدى(116)، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەرتىۋە تۈزۈمىنى
سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىكنى يولغا قوي-
دى. سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە پۇقرالار خوجايىن بولدى،
باراۋەرلىك، ئەركىنلىك نۇقتىئىنەزىرى، سوتسىيالىستىك دېموك-
راتىك ئىدىيە ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، بۇ كەيپىيات تا
ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. جەمئىيەتنىڭ سى-
ياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھوقۇقلىرىنى پۈتۈنلەي كەڭ
خەلق ئاممىسى بىرلىكتە باشقۇرۇشى كېرەك، ئۆرپ - ئادەت،
قائىدە - يوسۇن، ئەخلاق - پەزىلەت، دىنىي ئېتىقاد، قىزى-
قىش - ھەۋەس، گەپ - سۆز ۋە باشقا ئىشلاردىكى يۇقىرى -
تۆۋەنلىك پەرقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. شۇ ئارقىلىق
پەرقسىز، باراۋەر ئورۇنغا ئاساسەن يېتىشكىلى بولىدۇ، دەيدىغان
قاراشلار تا ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. كۆپچىلىك
توغرا تاپقانلىرى توغرا بولۇش، يالغۇز بىرەر شەخسنىڭ توغرا
تاپقىنى توغرا دەپ ھېسابلانماسلىق، كۆپ سانلىقلار دۆلەتنى باشقۇ-
رۇپ، ئايرىم سانىدىكى مۇستەقىل پىكىر ئىگىلىرىنى بې-
سىش — بۇ نەرسىلەر ھەقىقەتەن XIX ئەسىردىكى ئاساسىي ئېقىم-





نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە توختاپ قالماي
داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ
يۈكسىلىشى ئۈستىدىكى مىساللارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولى-
دۇ. كونا دىن ئەۋج ئالغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ نوپۇزى ئىنتايىن
زور ئىدى. شۇڭا، ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى سۆزلى-
يەلمەيتتى. ئايرىم سانىدىكىلىرى قەتئىي تۇرۇپ، ئۆز كۆزقاراشلى-
رىنى ئاممىغا ئېلان قىلغان تەقدىردىمۇ، ھامان زىندانغا تاشلىناتتى
ياكى جېنىدىن جۇدا قىلىناتتى. دىنىي ئىمتىياز ئاجىزلاشقاندىن
كېيىن بولسا ئىدىيە ئازادلىققا ئېرىشتى، ھەر خىل ئىلمىي تەتقى-
قات ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىلىم - پەن قائىدىلىرى
بىلەن قانۇنىيەتلىرى تەتبىق قىلىنىپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل بول-
دى. شۇڭا، XIX ئەسىرگە كەلگەندە، ماددىي مەدەنىيەت ئۆزىدىن
بۇرۇنقى 2000 يىل بىلەن ئېپتىخارلىنىپ تۇرۇپ سېلىشتۇرغۇ-
دەك دەرىجىدە گۈللەندى. بۇنىڭ ئىچىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن رو-
شەن مىساللاردىن كۆرسەتسەك، پاختا، پولات - تۆمۈر، كۆمۈر
قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلىشى ئۆتكەنكىگە قارىغاندا
ھەسسىلەپ ئېشىپ، نۇرغۇن ساھەلەرگە تەتبىق قىلىندى، سانائەت
ۋە قاتناش ساھەلىرىدە ئىشلىتىلىپ، ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئېشىپ
كەتتى. پار، توك قاتارلىق نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ قوماندىسىغا
بويسۇنىدىغان بولدى. دۇنيانىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەر-
دى، خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولۇپ قالدى.
كىشىلەر ماددىي مەدەنىيەتتىن ئۇزاق مۇددەت بەھرىمەن بولۇش
ئارقىسىدا، ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، تەدرىجىي
ھالدا ئۇنىڭغا خۇددى مىزانغا ھۆرمەت قىلغاندەك ھۆرمەت قىلىدى-
غان ھەم بارلىق مەۋجۇداتنىڭ نېگىزى دەپ قارايدىغان بولدى ھەمدە
ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ماددىي مەدەنى-
يەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇ رېئال تۇرمۇش بىلەن مۇس-

تەھكەم باغلانغان، تەۋرىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش-
قا، ئەقىدە باغلاشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بولدى. بۇ، XIX
ئەسىردىكى چوڭ ئېقىمنىڭ يەنە بىر تارمىقى بولۇپ، تا بۈگۈنگە
قەدەر ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي، دىنىي ھوقۇق چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى پادىشاھقا
تايىنىپ تۇرۇپ ئاغدۇرۇشقا توغرا كەلدى. ھوقۇق پادىشاھدىن
ئىبارەت بىر كىشىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەندە بولسا، ئاممىغا
تايىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.
بۇنىڭدىن قارىغاندا، قائىدە بويىچە ئامما ھەممىنى بەلگىلەيدىغاندەك
كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئامما ھەق بىلەن ناھەقنى تولۇق ئايرىپ كېتە-
لەمدۇ؟ ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك چېكىدىن ئاشقاندا، يەنە دىن
بىلەن تۈزىتىشتى، دىن ئۆز نوپۇزىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە باش-
لىغاندا بولسا، ماددىي كۈچ ئارقىلىق ئۇنىڭغا زەربە بېرىشتى.
بۇنىڭدىن قارىغاندا، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى گويا ماددىي كۈچ
بەلگىلەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ماددىي كۈچ ھەقىقەتەن كى-
شىلىك تۇرمۇشنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالامدۇ؟
سوغۇق قانلىق ۋە خالىسلىق بىلەن ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق،
مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى چوقۇم بىلىۋالالايمىز.
شۇنداقتىمۇ، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى مەدەنى-
يەت ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەردىن مەيدانغا كەلمەي
مۇمكىن ئەمەس، ئەنە شۇ سەۋەبلىك كونا نەرسىلەرنى تۈزىتىشكە
توغرا كەلگەندە، ئېغىش يۈز بېرىدۇ. توغرا ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ
سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بۇ خىل ئېغىش خۇددى بىر قولى چولاق
ياكى بىر پۇتى ئاقساق ئادەمدەك، ئادەمنىڭ كۆزىگە ناھايىتى رو-
شەن چېلىقىدۇ. ئۇ مەدەنىيەت ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈ-
چۈنلا مۇقەررەر ئەھۋال ھېسابلانغان ھەم بىكار قىلىشقىمۇ مۇمكىن
بولمىغان. بىر پۇتى ياكى بىر قولى بولمىغانلارنى كاردىن چىقار-





غاندا، چولاق ۋە ئاقساقلارنىڭ پايدىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاخىر
ھەممىدىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنى گۆھەر قاتارىدا خاتىر-
جەم قوبۇل قىلماي نېمە ئىلاجى بار دەيسىز؟ ئەگەر ئۇ نەرسىنى
قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان جۇڭگولۇقلارغا زورمۇزور تېڭىپ قە-
دىرلىسەك مۇۋاپىق بولامدۇ؟ كۆز نۇرى بىرقەدەر روشەن ئادەملەر
بىرلا قاراش بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەردىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرەلەي-
دۇكى، قابىلىيەتلىك ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۇنىڭ نۇقسانلى-
رىنى ئاللىقاچان تونۇپ يېتىپ، نارازى بولغان ھالدا ئۇھ تارتىشقا-
نىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىدىيىۋى ئېقىمدا ئۆزگى-
رىش بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. نېمىس ئالىمى
نىتسى (Fr. Nietzsche) (117) زاراتۇسترا (Zarathustra) (118)
نىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەنىكەن: «مەن بەكمۇ
يىراقلىشىپ كەتتىم. يەككە - يېگانە بولۇپ ھەمراھلىرىمدىن
ئايرىلىپ قالدىم، ھازىرقى دۇنياغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا، دۆلەت-
لەر مەدەنىيلىشىپ كېتىپتۇ، جەمئىيەت نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. ئەم-
ما، ئۇ جەمئىيەتتە مۇقىم بىر ئېتىقاد يوق ئىكەن؛ كىشىلەردە
بىلىمگە نىسبەتەن ئىجادىي روھ يوق ئىكەن، ئۇنداق دۆلەتتە قانداق-
مۇ ئۇزۇن تۇرۇپ بولىدۇ؟ مەن ئۆز ۋەتىنىمدىن سۈرگۈن قىلىن-
غان! ئۈمىد بېغىشلاشقا بولىدىغىنى پەقەتلا كېيىنكى ئەۋلادلىرى-
مىز!» قاراڭلار، ئۇ نېمىدېگەن چوڭقۇر ئويلىغان، نېمىدېگەن
يىراقنى كۆرگەن، ئۇ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ساختىلىقىنى
ۋە ئاغمىچىلىقىنى ئېچىۋەتكەن، شۇنداقلا ئۆز زامانىدىكى كىشى-
لەردىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا كەلگۈسىگە
نەزەر سالغان.

ئۇنداقتا، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىدىيە ئۆزگىرىشلى-
رىنىڭ سەۋەبلىرى زادى نەدە؟ ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى قانداق؟
ئۇنىڭ كەلگۈسىگە بولىدىغان تەسىرى زادى قانچىلىك؟ ئۇنىڭ

ماھىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ XIX ئەسىردىكى مەدەنىيەتتىكى
ئاغمىچىلىقنى ئوڭشاش يۈزىسىدىن مەيدانغا چىققان دېيىلسە بولى-
دۇ. 50 يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى زور
دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، ئۆتكەنكى ئىشلارنى بارا - بارا ئەسلەش
نەتىجىسىدە ئۆتمۈشتىكى ئومۇمىي كېسەلنى تېپىپ چىقتى، ئۆت-
مۈشتىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، شۇنىڭ
بىلەن يېڭى ئىدىيە جۇش ئۇرۇپ راۋاج تېپىپ، چوڭ ئېقىم ھاسىل
قىلدى، قارشىلىق بىلدۈرۈش، بۇزۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي
دۇنياسىنى تولۇقلىدى، يېڭى ھاياتقا ئىرىشىشنى ئۆزلىرىگە ئۈمىد
قىلدى، كونا مەدەنىيەتكە ھۇجۇم قوزغىدى ۋە تازىلاش ئېلىپ
باردى. پۈتۈن ياۋروپا ئەھلىدىن بەزىلىرى بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ
قېلىشتى، قورقۇپ تىترىشىپ كەتتى، ئەھۋالدىن خەۋەرسىزلىرى
بولسا قانداق قىلىشنى بىلمەيلا قېلىشتى، يېڭى ئىدىيىنىڭ
كۈچ - قۇدرىتى كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. بىراق، بۇ
ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ يىلتىزى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىدېئا-
لىزم ئېقىمى[119] بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شۇ
دەۋردىكى رېئاللىق تەسىرىگە ئۇچراپ، يېڭى شەكىل يارىتىلىپ،
ئەسلىدىكى رېئاللىققا قارشى چىقتى، ئۇ يېڭى ئىدېئالىزم[120] دەپ
ئاتالدى. ئۇنىڭ تەسىرىگە كەلسەك، ئۇزاق كەلگۈسىگە قارىتا ئال-
دىنئالا بىرنېمىنى پەرەز قىلماق تەس. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئېقىم
ھەرگىزمۇ توساتتىن مەيدانغا كېلىپ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە
بويسۇندۇرۇۋالغان ئەمەس، شۇڭا ئۇ يەنە توساتتىن يوقىلىپ كەت-
مەيدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ مۇستەھكەم، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى
چوڭقۇر، ئۇنى XX ئەسىردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى قىلىش تېخى
بالدۇرلۇق قىلسىمۇ، بىراق ئۇ كەلگۈسىدىكى يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ
بېشارىتى بولالايدۇ، شۇنداقلا يېڭى تۇرمۇشنىڭ پېشۋاسى بولالاي-
دۇ، تارىخ نامايان قىلغان ئەمەلىي قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا،





بۇ نۇقتىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ ئۆزلۈكىدىن چۈشىنىشلىك.
يېڭى ئىدىيە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسىمۇ، كونا ئىدىيىلەر تېخى
ئۆز پېتىچە تۇرۇۋاتقان، يەنە كېلىپ پۈتۈن ياۋروپادا تارقىلىپ
يۈرگەن، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئاستىرتىن زىچ ئالاقىدار
بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاشقان - تاشقان سادالار يەنە يىراق شەرققە
يېتىپ كېلىپ، جۇڭگولۇقلارنى كونا چۈشىدىن يېڭى چۈشكە بۇرى-
ۋەتتى، خۇددى مەستلەردەك ئويان - بۇيان قاتراپ ۋارقىرىغىلى
تۇردى. كىشىلەر قەدىمكىگە سەل قاراپ، ھازىرقىغا كۆڭۈل بۆلۈ-
ۋاتقان بىر پەيتتە، ئېرىشكەن نەرسىلىرى يېڭى نەرسە بولماي،
بەكمۇ بىر تەرەپلىمە، بەكمۇ ساختا نەرسىلەر بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە كۆرگەنلا يەرگە تارقىلىپ يىغىشتۇرغىلى بولماي قالدى،
بۇ ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ھەسرەت بولۇپ
قالىدۇ. ھازىر مەن بۇ ماقالەمدە غەربنىڭ ھازىرقى زامان يېڭى
ئىدىيىلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلدىم دېيەلمەيمەن، شۇنداقلا جۇڭ-
گونىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بىرەر مىزان بەلگىلەپ چىقىشنى مەقسەت
قىلدىم دېيەلمەيمەن، مەقسىتىم پەقەت ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن
بەزىلەرگە نەپرەت بىلدۈرۈشتىنلا ئىبارەت. شۇڭا، ئۇچۇقداشقا
تېگىشلىك جايلىرىنى ئۇچۇقداپ ئۆتتۈم، بۇمۇ خۇددى يېڭى ئىدېئا-
لىزمنىڭ كونا ئىدېئالىزمغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئوخشاش بىر
ئىش. شۇڭا، بۇ يەردە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى سۆزلەش بىلەنلا
چەكلىنىمەن. بۇنىڭ بىرى — ماددىنى رەت قىلىش، يەنە
بىرى — شەخسكە ئېتىبار بېرىش.

«شەخس» (ئىنگلىز، رۇس تىللىرىدا individual، ئەرەب -
پارس تىللىرىدا خۇدبىن — تەرجىمان ئىزاھى) دېگەن سۆزنىڭ
جۇڭگوغا كىرگىنىگە ئەمدىلا ئۈچ - تۆت يىل بولدى. زامانغا قاراپ
ئىش كۆرىدىغان بەزى كىشىلەر بۇ سۆزنى چوڭ ھاقارەت سۆز
قاتارىدا كۆرمەكتە، ناۋادا ئۇلارنىڭ بىرەرىگە «شەخسىيەتچى» دې-

گەن نام چاپلىشىپ قالسا، ئۆزىنى ئوغرى دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش
يامان كۆرمەكتە. پەرىزىمچە، بەزى كىشىلەر بۇ سۆزنى تېخى
چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن شەخس دېگەن
سۆزنى باشقىلارنىڭ زىيىنى ھېسابىغا ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇش
دەپ خاتا چۈشىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەمەلىي ئەھۋالنى
تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مەنىسى ھەرگىز ئۇنداق
ئەمەس. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەخسكە ئېتىبار بېرىش كارا-
مەت چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى، مۇنداق ئېتىبار بېرىشنى ئۆتمۈش-
تىكى ھەرقانداق دەۋر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ. شۇ زاماندا
ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، بىرە-
رىنىڭمۇ ئۆتمۈشتىكى كىشىلەر بىلەن ئوخشىشىدىغانلىقىنى ئۇچ-
راتمايمىز. ئۇلار ئۆزىنى بىلىش باسقۇچىغا كىرىش بىلەن ئۆزىنى
ئاساس قىلىدىكەن، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىكەن، ئادەتتىكى چا-
كىنا بىرنېمىلەرگە پىسەنت قىلمايدىكەن، مەسىلەن، شېئىر ۋە
رومانلاردا ھاكاۋۇر ئادەملەر پۈتۈن ئەسەرگە باش قەھرىمان قىلى-
نىدىكەن، ئاپتور بۇنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئويى-
دۇرۇپ چىقارغان ئەمەس. بەلكى، جەمئىيەتتىكى ئىدىيىۋى ئې-
قىمدا دەسلەپتە مۇشۇنداق بىخ بولغىنى ئۈچۈن كېيىنكى ۋاقىتلاردا
كىتابقا يازغان. فرانسىيە زور ئىنقىلابىدىن بۇيان، باراۋەرلىك ۋە
ئەركىنلىك ھەممە ئىشتىن مۇھىم بولۇپ قالدى، كېيىنكى چاغلار-
دا ئومۇمىي مائارىپ بىلەن خەلق مائارىپى مۇشۇ روھقا ئاساسەن
ئومۇملاشتى؛ كىشىلەر مەدەنىيەت تەلىم - تەربىيىسىنى ئۇزۇن
مۇددەت قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا، بارا - بارا ئىنسانىنىڭ قەدرىگە
يېتىشكە باشلىدى؛ ئۆزىنى بىلىپ يېتىش بىلەن شەخسلىكىنىڭ
قىممىتىنى تېخىمۇ تېز چۈشىنىپ يەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتمۈش-
تىكى ئادەت كۈچلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتقانلىقتىن، ئېتىقادتا تۈپ
تەۋرىنىش پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتتە خەلقچىل-





لىققا مايىل كۈچلەرمۇ زورىيىپ كەتتى، ھەربىر شەخس جەمئىيەت-
نىڭ بىر ئۇنسۇرى بولۇپ، ئېگىز - پەسلىكنى تەڭشەش كۆپچى-
لىكنىڭ تىلەك - ئارزۇسى بولۇپ قالدى. يۇقىرى - تۆۋەن دەپ
ئايرىماي، جەمئىيەتتىكى بۇ پەرقلەرنى تۈگىتىپ، جاھاندىكى كى-
شىلەرنى ئوخشاش قىلىش — بۇ، بەكمۇ گۈزەل غايە ئىدى.
لېكىن، بۇ غايىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى
نەزەرگە ئېلىنمىغان، پەرقلەندۇرۇلمىگەن، ھەتتا ئۇنى يوقاتماقچى
بولغان. ئۇنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ بۇن-
داق نۇقسانى راۋاجلىنىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، نەتىجىدە مەدەنى-
يەتنىڭ جەۋھەرلىرى كۈنسايىن ئازىيىپ، خۇددى كۆپۈكتەك يوقى-
لىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك
دېگەن سۆز كۆپىنچە يۇقىرىنى يونۇپ تۆۋەنگە چېقىلماسلىقتىن
ئىبارەت ئىدى، ئەگەر كۆپچىلىك ھەقىقەتەن مۇشۇنداق تەكشۈلۈق
ئىچىدە ئىلگىرىلىسە، مۇنداق ئىلگىرىلەش ھامان بۇرۇنقى تەرەققى-
يات سەۋىيىسىدىن زادى ئېشىپ كەتمەيدۇ. ھالبۇكى، جامائەت
ئىچىدە ئەقىل - پاراسەتلىكلىرى ئەسلىدە كۆپ بولمايدۇ. ئاددىي
چاكىنا ئادەملەر باش كۆتۈرۈپ، كۆرگەنلا يەردە زورلۇق - زومبۇ-
لۇق قىلسا، كۆپ بولغىنى ئۈچۈن تىزگىنلەپ كەتكىلى بولمايدۇ،
بۇ خىل دولقۇننىڭ تەسىرى ئارقىسىدا پۈتۈن خەلق ئاددىي چاكىنا
ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ئالەمدىن تويغان، جەمئىيەتتىن
ئايرىلغان ياكى دۆت ۋە كالۋا ئادەم بولماي، كۆپچىلىكنىڭ پىكرى-
گىلا قۇلاق سېلىشنى بىلىدىغان ئادەم بولسا، بۇ ھەقتە ئۆز پىكرى-
نى بايان قىلماي تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ شەيئىلەر راۋاجلىنىپ چې-
كىگە يەتكەندە ئۆزىنىڭ ئەكسىگە ماڭىدۇ. بالدۇر ئويغانغان ھەمدە
كۈرەش قىلىشقا ماھىر كىشىلەر مەيدانغا چىقماي قالمايدۇ: گېرما-
نىيىلىك ستىنار (M. stiner) [121] ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچى-
لىك بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. ئۇنىڭچە: ھەقىقىي تەرەققىيات ھەر-

كىمنىڭ ئۆز ئايىغىدا بولىدۇ؛ ئادەملەر شەخسلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىدېئولوگىيىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك؛ شۇنداق شەخسلىكنىڭ ئۆزى ياراتقۇچىدۇر؛ شەخسنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئەركىنلىكتىن ئىبارەت، ئۇ ئەسلىدە مەۋجۇت ئىكەن، يەنە ئۇنى تاپىمەن، دەپ ئىزدىنىشنىڭ ئۆزى زىددىيەت؛ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچكە تايىنىش كېرەك، كۈچ بولسا شەخسنىڭ ئۆزىدە، ئۇ شەخسنىڭ بايلىقى، يەنى ھوقۇقى، شۇڭا سىرتتىن بىرەر كۈچ كېلىپ ئەركىنلىككە ئارىلىشىدىغان بولسا، مەيلى ئۇ ئاز سانلىقلاردىن كەلگەن بولسۇن ياكى كۆپ سانلىقلار تامانىدىن كەلگەن بولسۇن، مۇستەبىتلىك ھېسابلىنىدۇ؛ دۆلەت مېنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولۇشۇڭ كېرەك دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇمۇ بىر خىل مۇستەبىتلىك بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ پىكرى قانۇن بولۇپ ئىپادىلەنسە، مەن ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئۇچرايمەن، قانۇن مېنىڭ چاكىرىم (مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان) بولسىمۇ، لېكىن مەنمۇ ئوخشاشلا چاكار بولۇپ قالىمەن. بۇنداق ئەھۋالنى قانداق بىكار قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ چارىسى ھەرقانداق مەجبۇرىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت؛ مەجبۇرىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، قانۇنمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. ستىنار بۇ يەردە شەخس ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىشى، ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى نىشان قىلىشى، يەنى مۇتلەق ئەركىن شەخسلىكنى ئورنىتىشى لازىم، دېمەكچى. شوپېنخائۇئېر (A. Schopenhuer)[122] بولسا، تەكەببۇر ۋە جاھىللىقى بىلەن نام چىقارغان، سۆز - ھەرىكەتتە شۇنداق غەلىتە بولۇشى شۇ زاماندا كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇ دۆت ۋە نادان ئادەملەرنىڭ جاھاننى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەڭ ناچار مەخلۇقاتلار قاتارىدا ھېسابلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدىغان قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈشنى تېخىمۇ كۈچەپ تەشەببۇس





قىلغان. دانىيە پەيلاسوپى كېركېگارد (S. Kierkehard)[123] خىتاب قىلىپ، شەخسلىكنى جارى قىلدۇرۇشلا ئەڭ يۈكسەك پەزىلەت، باشقىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ، دەپ جار سالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېنرىك ئىبسىن[124] ئەدەبىيات سېپىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل قەلىمى، كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتى بىلەن كېركېگاردنىڭ پىكىرلىرىنى شەرھلەپ داڭق چىقارغان. ئۇ يازغان كىتابلىرىدا كۆپىنچە ئىجتىمائىي خەلقچىللىق خاھىشىغا قارشى تۇرغان، دىققەت - ئېتىبارىنى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، دىني ئېتىقاد، ئەدەپ - ئەخلاق قاتارلىق تەرەپلىرىگە قاراتقان، ناۋادا شۇ تەرەپلەردە قۇسۇر تاپسا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى ئۇچۇقدىغان. ئۇ يېقىنقى زامان جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ساختا باراۋەرلىكنى سۇيئىستېمال قىلىپ، ئەمەلىيەتتە بارغانسېرى ئىپلاس ۋە پاسكىنا گوداڭغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، نادانلىق ۋە ئىنساپسىزلىقنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى، تەلۋىلىكنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنى، ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقنىڭ بازىرى چىقىۋاتقانلىقىنى، ئەمما غەيرەت - شىجائىتى، ئەدەپ - ئەخلاقى كۆپچىلىك كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەل ئىچىدە كۆمۈلۈپ قېلىپ خارلىنىۋاتقانلىقىنى، شەخسىي ئىززەت - ئابرۇي، ئىنسان قىممىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى باسالماي داد - پەرياد ئوقۇغان. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «خەلق دۈشمىنى» دېگەن ئەسىرىدە، بەزىلەر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ، چاكىنا ئادەتلەرگە بېرىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاممىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ كېتىدۇ؛ قۇۋ - ھىيلىگەر ئەبلەخلەر بولسا نادان خەلقنىڭ رەھبىرى بولۇۋالىدۇ، كۆپ سانلىقتا تايىنىپ تۇرۇپ ئاز سانلىقنى ئېزىدۇ، گۇرۇھ توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈرەش كېلىپ چىقىدۇ، دەپ يازغان. ئۇنىڭ ئەسىرىمۇ جەمئىيەت

قىياپىتىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن ئاخىرلاشقان، نىتسى
شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى،
ئۇ ئۇلۇغ كىشىلەرگە ۋە تالانتلىقلارغا ئۈمىد باغلىغان؛ نادان
ئاممىنى مەركەز قىلىدىغان تەشەببۇسلارنى بولسا چاياندەك يامان
كۆرگەن. ئۇ: ئەگەر كۆپ سانلىقلارغا تايىنىپ دۆلەتنى ئىدارە
قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جەمئىيەت نابۇت بولىدۇ، ئۇنىڭدىن
كۆرە، ئاددىي ئاممىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بىر ـ ئىككى تالانت
ئىگىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك، تالانت ئىگىلىرى ۋۇ-
جۇدقا كەلگەندە، جەمئىيەتمۇ هاياتىي كۈچكە ئېرىشىدۇ، دەپ قارى-
غان. ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشكەن بۇ تەلىمات ياۋروپادا
ئىدىيە ساهەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغان-
دا، كۆپ سانلىقنى مەدھىيىلەيدىغان، كۆپ سانلىقلارغا چوقۇنىدى-
غان كىشىلەر ئېهتىمال يورۇقلۇقتىن ئىبارەت بىرلا تەرەپنى كۆر-
گەن، باشقا تەرەپلەرنى بولسا ئەتراپلىق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن.
ناۋادا ئۇلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆرۈلۈپ قاراڭغۇ تەرەپلەرگە قاراپ بې-
قىڭلار، دەيدىغان بولساق، ئۆزلىرىنىڭ توغرا قىلمايۋاتقان-
لىقلىرىنى دەرهال سېزىپ يېتەلەيدۇ. سوقرات[125] بىر توپ
گرېكلار تەرىپىدىن زەهەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئەيسا پەيغەمبەر بولسا
بىر توپ يەهۇدىيلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، كېيىنكى كىشىلەر
بۇ ۋەقەلەرگە باها بەرگەندە، مۇنداق قىلىش خاتا بولغان دېمىگىنى
بارمۇ؟ بىراق ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشلار ئاممىنىڭ ئىرادىسى بويىچە
بولغان. بۇگۈنكى كۈندە ناۋادا كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسىنى ساقلاپ
قېلىپ، كەلگۈسىدە پەيلاسوپلارنىڭ باهالىشىغا يېزىپ قالدۇرۇپ
قويساق، ئۇ هالدا، خۇددى هازىرقى كىشىلەر قەدىمكى زامان
كىشىلىرىنى باهالىغىنىدەك، پەيلاسوپلار هەق ـ ناهەقنى ئاس-
تىن ـ ئۈستۈن قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، كۆپ سانلىق كىشىلەر
توپلىشىۋالغاندا، ئەخلاق ـ پەزىلەت، توغرا ـ خاتالىق ئۆلچىمى





توغرىسىدىكى پىكىرلەر هەر خىل بولۇپ ئادەتتىكى داۋلى بىلەنلا
چۈشەندۈرۈلسە، چوڭقۇر ئەهمىيىتىنى چۈشەنگىلى بولماي قېلىشى
ۋە مۇجمەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەتتىكى داۋلى بىلەن چوڭ-
قۇر ئەهمىيىتىنىڭ قايسىسى هەقىقەتكە يېقىن؟ دېمەك، برودو
قەيسەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن[126] ئۇنىڭ پۈتۈن شەهەر خەلقىگە
چىقارغان جاكارنامىسىدىكى سۆزلەر خۇددى كۆز ئالدىدا يېنىپ
تۇرغان گۈلخانغا ئوخشاش ئېنىق ۋە روشەن بولغان؛ لېكىن ئاممى-
نىڭ بۇ سۆزلەردىن تەسىرلىنىشى ئانتونىنىڭ قانغا بويالغان كى-
يىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىدىن ئالغان تەسىرىگە
دال بولالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاممىا ئانتونىنى ۋەتەنپەرۋەر ئۇلۇغ
ئادەم دەپ قەدىرلىگەن، بىراق ئۇ يەنە ئۇشتۇمتۇتلا سۈرگۈن قى-
لىنغان. ئۇلارنى ماختىغانلارمۇ ئاممىا، هەيدىۋەتكەنلەرمۇ ئاممىا.
ئاممىا بىر دەمدىلا شۇنداق تۈتۈرۇقسىزلىق قىلغان، ئۇلاردا مۇقىم
قاراشنىڭ بولمىغانلىقى ئۇياقتا تۇرسۇن، هادىسىنىڭ ئۆزىدىن قا-
رىغاندىمۇ، ئاقىۋەتنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
دېمەك، هەق ـ ناهەقلىقنى ئايرىشتا كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلى-
شىشقا بولمايدۇ. كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشقاندا، توغرا نەتىجە
چىقارغىلى بولمايدۇ. سىياسىي ئىشلاردا ئاممىا بىلەن ئورتاقلاشقىلى
بولمايدۇ، ئاممىا بىلەن ئورتاقلاشقاندا كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى
بولماي قالىدۇ. ئەۋلىيا بولمىسا دانىشمەنگە تايىنىش كېرەك.
قاراڭلار، هۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىب قىلىدىغان كىشىلەر هۆكۈ-
مەتنى ئاغدۇرۇش، سىنىپلارنى يوق قىلىش كېرەك، دەيدۇ. بۇمۇ
ئۇزۇل ـ كېسىل گەپ؛ تەلىمات يارىتىپ، شۇ يولدا ئىش باشلى-
غان قەهرىمانلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنى ئۇستاز سانايدۇ. دېمەك،
بىر ئادەم يول باشلايدۇ، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ئاقىللار
بىلەن كالۋالارنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە. دانىشمەنلەرنى بېسىپ،
نادانلارغا يول قويغاندىن كۆرە، كۆپچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئۈمىد-

نى دانىشمەنلەرگە باغلىغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ كۆپ سانلىقلارغا
بويسۇنۇش دېگەن تەلىمات دۇرۇس ئەمەس، شەخسنىڭ ئىززەت -
ھۆرمىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىـ
نى، پايدا - زىيىنىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ چۈشىنىۋالـ
غىلى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا قورقماس باتۇرلارغا تايىنىش
كېرەك، شۇلارغا تايانغاندىلا مۇستەقىل ھالدا قۇدرەت تاپقىلى،
توسالغۇلارنى تۈگەتكىلى، چاكىنا كۆزقاراشلارنىڭ چەكلىمىسىـ
دىن، تۇزاقلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

غەيرىي ماددىچىلىقمۇ شەخسىيەتچىلىككە ئوخشاشلا، بىدـ
ئەتكە — چاكىنىلىقتا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن.
چۈنكى، ماددىچىلىق، يەنى ماتېرىيالىستىك خاھىش ئەسلىدە رېئالـ
لىقتىن باشلىنىپ، پەيدىنپەي كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ،
داۋاملىق راۋاجلانغان. شۇڭا ئۇ XIX ئەسىردە غايەت چوڭ بىر ئېقىم
بولۇپ شەكىللىنىپ، مەزمۇت ئورۇن تۇتقان ۋە خۇددى تۇرمۇشتا
ماددىدىن ئايرىلسا ھېچ نەرسە مەۋجۇت بولمىغىنىدەك، كەلگۈسى
ئەسىرلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەن. ماددىي مەدەنىيەت رېـ
ئال تۇرمۇشنىڭ نېگىزى بولغان بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ھەددىدىن
تاشقىرى كۆپتۈرۈلسە، ئۇنداق خاھىشمۇ ئاغمىچىلىق بولىدۇ، باشـ
قا تەرەپلىرى نەزەردە تۇتۇلماي كېتىۋەرسە، شۇ خاھىشنىڭ كاساـ
پىتى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى جەۋھىرى بارا - بارا خوراپ،
ئاخىر يوقىلىدۇ، تارىختىكى مەنىۋى مەدەنىيەتلەر 100 يىلغا يەتمىـ
گەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي شاكالغا ئايلاندى. XIX ئەسىرنىڭ
ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ كاساپىتى تېخىمۇ روشەن كۆرۈلدى.
ھەممە ئىشتا ماددا نەزەردە تۇتۇلدى، روھ كۈندىن - كۈنگە زەئىپـ
لەشتى. كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى چاكىنىلاشتى، كىشىـ
لەر ھە دەپ تاشقى ماددىي دۇنياغا تەلپۈندى، سۇبيېكتىپ ئىچكى
دۇنياسىنى بولسا بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. سىرتقى دۇنياغىلا





ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكى دۇنيا بىلەن كارى بولماسلىق، ماددىغا
بېرىلىپ، روھنى تاشلىۋېتىش نەتىجىسىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى
كىشىلەر ماددىي تەمە بىلەن قايمۇقۇپ كەتتى، جەمئىيەت
كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىشكە، تەرەققىيات تۇرغۇنلۇققا يۈزـ
لەندى، شۇنىڭ بىلەن ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق جىنايەتلىرى
پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ، ئەقىل - پاراسىتىـ
نىڭ نۇرى تېخىمۇ غۇۋالىشىپ كەتتى. XIX ئەسىردىكى مەدەنىيەتـ
نىڭ ئورتاق كېسىلى ئەنە شۇ بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ
دەۋردە يېڭى ئىدېئالىستلار مەيدانغا چىققان، ئۇلاردىن بەزىلىرى
سۇبيېكتىپ روھنى، بەزىلىرى ئىرادە كۈچىنى تەرغىب قىلىپ،
ئېقىپ يۈرگەن نادانلىقنى ئوڭشاشقا كىرىشتى، بۇ سادادا جەمئىيەتـ
تىكى ئاممىنى خۇددى گۈلدۈرمامىدەك كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن چۆـ
چۈتتى. ھەتتا باشقا تەقرىزچىلەرمۇ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىـ
غان، نادانلىققا قارشى چىقمايدىغان ئالىملار ۋە ئەدىبلەرمۇ ماتېرىـ
يالىزمنىڭ يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ روھىي ھاياتنى بوغۇۋالغانلىقىـ
نى كۆرۈپ، داد - پەرياد ئۇرۇپ، سۇبيېكتىۋىزم بىلەن ئىرادىچىـ
لىك نەزەرىيىسىنىڭ تۆھپىسى توپان بالاسى پەيدا بولغان چاغدىكى
نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنىڭ تۆھپىسىدىنمۇ ئۇلۇغ ئىكەن،
دېگەن قاراشتا بولغان. ئۇلار مۇنداق دېيىشكەن: سۇبيېكتىۋىزمـ
نىڭ مۇنداق ئىككى مەنىسى بار: بىرى — پەقەت سۇبيېكتىپنىلا
مىزان قىلىپ، ھەممە نەرسىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەش كېرەك؛
يەنە بىرى — سۇبيېكتىپ روھىي دۇنياغا ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنياـ
دىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بىلەن قاراش كېرەك. ئالدىنقىسى چېكىـ
دىن ئاشقان سۇبيېكتىپ خاھىش بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى XIX
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقتى، ئەمما ئۇنىڭ
يۈزلىنىشى بولسا ئۆزىنى مەركەز قىلىش ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېـ
تىش بىلەن زادىلا ئوخشاش چىقمىدى. ئۇ سۇبيېكتىپ ئادەتلەرگە

قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىك ياكى ئېتىبار قىلماسلىق بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم دەپ قارىدى، خالاس. مۇشۇ سەۋەبتىن سۇبيېكتىۋىزمچىلار ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىدە تاشقى ماددىي دۇنيادىن ئايرىلىپ قالدى، ئۆزىنىڭ تار ئىچكى دۇنياسى دائىرىسىدىلا تەنھا ئۈزۈپ يۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە قانائەت ھاسىل قىلدى، بۇنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ نۇرىنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. سۇبيېكتىۋىزمنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىگە كەلسەك، ئۇ سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن كەلگەن، يەنى تاشقى دۇنيادىكى بىدئەتلەر، شەخسىي ھەرىكەتتىكى ئەركىنسىزلىك، ئىختىيارسىزلىق ئەقىل - ھوشى جايىدىكى ئادەملەرنى تاقەتسىزلەندۈرگەن، قارشى چىقارغان؛ ئىچكى سەۋەبلىرىگە كەلسەك، يېقىنقى زامان ئادەملىرىنىڭ كاللىسى تەرەققىي قىلىپ، ئويغىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن، ئۇلار ماددا ھەممىگە قادىر دېگەن نەزەرىيىنىڭ شەخسلەرنىڭ ھېسسىيات ۋە ئىرادىلىرىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى، ئىجابىي قابىلىيىتىنى ئاخىر تۈگىتىۋېتىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۆزلىرى تونۇپ يەتكەن داۋلىلار بىلەن باشقىلارنىمۇ ئويغىتىپ، ھالاكەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنى ئۈمىد قىلغان. مەسىلەن، نىتسى، ئىبسىن قاتارلىقلار ئۆزلىرى ئەقىدە باغلىغان ئىدىيىلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، شۇ زاماندىكى چاكىنا كۆزقاراشلار بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، ئۇچىغا چىققان سۇبيېكتىپ خاھىشنى نامايان قىلغان؛ كېركېگارد بولسا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپ، سۇبيېكتىپچانلىقنىڭ ئۆزى ھەقىقەت، ئەخلاق - پەزىلەتكە ياتىدىغانلىكى ھەرىكەتلەرنى، ئوبيېكتىپ ئۇنۇمىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى ياخشىلىق - يامانلىق ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن، دەپ





قارىغان. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا مەدەتكارلىرى كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، سىرتقى ماددىي دۇنياغا مايىل بولۇپ كەتكەن ئادەملەر ئەمدىلىكتە بولسا ئىچكى دۇنياغا بەند بولۇشقا باشلىغان، چوڭقۇر باش قاتۇرىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلگەن، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئۆز ھېسسىياتى بىلەن ئىش كۆرۈش ئىرادىسىنى تىكلىگەن، شۇنىڭ بىلەن رېئال ماددا ۋە تەبىئەت بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان روھىي ساھەگە قەدەم قويغان، روھىي ھادىسە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شانلىق رولىنى جارى قىلدۇرمىغاندا، كىشىلىك ھاياتقا توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن؛ ۋەھالەنكى، شەخسلەرنىڭ كىشىلىك خىسلىتىنى ئۆستۈرۈش بولسا كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە. ئەمما، بۇ دەۋردە تەلەپ قىلىنىۋاتقان كىشىلىك خىسلىتى مەسىلىسى ئالدىنقىلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ غايىسى ئەقىل - پاراسەت بىلەن مىجەزنى ئۆزئارا تەڭشەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار سۇبيېكتىپ ئەقىل - پاراسەتنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا ئوخشاش ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ تۇرۇپ، پۈتكۈل ئوبيېكتىپ دۇنيانى سۇبيېكتىپ دۇنياغا كۆچۈرۈپ كېلىشلا غايىۋى كىشىلىك خىسلىتى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ خىل ئىدىيە گېگېل (F. Hegell) [127] ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. رومانتىزم بىلەن كلاسسىكىزمغا كەلسەك، شافېسبۇر (Shaftsbury) [128] روسسۇ (J. Roussedu) [129] نىڭ ئىزىدىن بېسىپ، ھېسسىي تەرەپلەرگە يول قويۇش كېرەك، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەقەت مىجەز بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋە بىرلىككە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن غايىدىكى كىشىلىك

خىسلەتكە ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ، دەپ قارىدى. شىللېر (Fr. Schiller)[130] بولسا، ئەقىل - پاراستى بىلەن ھېسسىياتى كامالەتكە يەتكەندىلا، مۇكەممەل ئادەم دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى. XIX ئەسىر ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، كىشىلىك خىسلىتى توغرىسىدىكى غايىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش بولدى. ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەقىل تاپتى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى كىشىلەر نەزىرىدىكى مۇكەممەل ئادەملەرنى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىن زادى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئىرادە ۋە قابىلىيەت جەھەتتە كۆپچىلىك ئاممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان كىشىلەرلا ئىنسانلار تىلەك - ئارزۇسىنى بېغىشلايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، كۆزلىگەن نىشانغا بولسا، ھېسسىيات ۋە ئىرادە جەھەتتە ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئەپ كېلەلىگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەردانىلەرچە كۈرەش قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغاندىلا، گەرچە ھەدەپ موللاق ئېتىپ يىقىلىپ تۇرسىمۇ، ئاخىر بەرىبىر ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. كىشىلىك خىسلىتى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك. دېمەك، شوپېنخاۋئېر تەشەببۇس قىلغاندەك ھەر ئادەم ئۆز قەلبىنى ئويغاتسا ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ، شۇڭا ئىرادىنىڭ كۈچى دۇنيانىڭ نېگىزىدۇر. نىتسىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى بولسا بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئىرادە كۈچىگە ئىگە بولغان ئەۋلىيا كەبى ئادەملەردىن ئىبارەت. ئىبسىننىڭ تەسۋىرلىگىنى ئۆزىنى ئىسلاھاتچىلىققا ئاتىغان، جۇشقۇن، كۈرەشچان مىليونلىغان ئادەمنى رەنجىتىپ قويۇشتىنمۇ قورقمايدىغان يۈرەكلىك ئادەملەردىن ئىبارەت. ھەر خىل غايىلەر، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت، كىشىلىك جەمئىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان دەۋردە، شۇ دۇنيانىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر ناۋادا بۇ خىل غايىلەرگە ئىگە بولمىسا، ھامان ئۆز غايىسىدىن ۋاز كېچىپ، باشقىلارغا بويۇن ئېگىپ





ياشىشى، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلمەي، كونا ئىدىيە ئېقىمىدا غەرق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ماھىيىتىمۇ دەرھال يوقىلىشى مۇمكىن. تىز پۈكمەس قەيسەر ئادەملەر سىرتقى مۇداخىلىگە دۇچ كەلگەندىمۇ تەۋرەنمەي تۇرالىغاندىلا جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولالايدۇ. ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەردانىلەرچە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلايدىغان روھ، بۇ خىل روھقا ئىگە جاسارەتلىك كىشىلەرلا قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما، بۇلار ئىشنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى. باشقا تەرەپلىرىگە قارايدىغان بولساق، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى خەلقنىڭ ئاجىزلىقلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەتنىڭ نۇقسانلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئامما بارغانسېرى ئاجىز ۋە مەزلۇم ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان مەۋقەسىنى بارا - بارا تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن نارازى بولۇشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئىرادىلىك كىشىلەرگە ھەۋەسمەن بولۇپ، شۇنداق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سايىۋەن قىلماقچى بولغان. بۇ خۇددى كەلكۈن بۆسۈپ كەلگەندە، كەلكۈنگە يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ قىرغاققا چىقىۋېلىش نىيىتىدە سۇ ئۈزۈش ماھىرىغا پۈتۈن ئېتىقادى بىلەن يالۋۇرۇۋاتقىنىدەك ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال.

دېمەك، XIX ئەسىردىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، شەرق مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي كۆزەتمەيمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىسلاھات ئارزۇسىدىن كېلىپ چىققان، قارشىلىقنى نېگىز قىلغانىكەن، ئۇنىڭدا ئانچە - مۇنچە ئېغىشلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، بۇمۇ ۋەزىيەتنىڭ مەھ-

سۇلى بولۇپ، ئەقىلگە ئۇيغۇن. ئۇ تەرەققىي قىلىپ ئاخىرىغا
كەلگەندە، نۇقسان ئېنىقمۇ روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ
بىلەن كونا مەدەنىيەت يېڭى پەيدا بولغان ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاشمايدۇ.
غان يېڭى ئېقىملار مەيدانغا چىقىپ، قىزغىن كەيپىيات، باتۇرانە
ھەرىكەت بىلەن چوڭ دولقۇن قوزغاپ كونا مەدەنىيەتنىڭ ئىللەتلىـ
رىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى، بۇ دولقۇننىڭ ھەيۋىسى تا بۈگۈنگە قەدەر
ئۆلگىيىپ كەلمەكتە، كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ، ھازىرچە كېسىپ
بىرنېمە دېيىش قىيىن. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، كونا كېسەلنى
داۋالاشنىڭ شىپالىق دورىسى، يېڭى ھايات يارىتىشنىڭ كۆۋرۈكى
سۈپىتىدە ئۇزلۇكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلانماقتا. ئۇ ئېنىق پات كۈن
ئىچىدىلا توختاپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ باقساق،
روھنى كۆزىتىپ كۆرسەك، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئاساسقا
ئىگە بولغىلى بولىدۇ. پەرەز قىلىپ كۆرگەندىمۇ، مەدەنىيەت ھا-
مان چوڭقۇرلاشماي، راۋاج تاپماي قالمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى
تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋەرمەيدۇ. XX ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتى XIX ئەسىر
مەدەنىيىتىدىن ئۆزگىچە ھالدا چوڭقۇر ھەم نازاكەتلىك بولماي
قالمايدۇ. يېڭى شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ساختا نۇقتىـ
ئىنەزەرلەر يوقالماي قالمايدۇ، ئۇنداقتا، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى
دۇنيا ھاياتى كەلگۈسىدە ئېنىقمۇ چوڭقۇرلاشمامدۇ ۋە كۈچەيمەسمۇ؟
روھىي ھايات ئۆز شان - شەۋكىتىنى ئېنىقمۇ نامايان قىلماسمۇ؟
ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ، ئوبيېكتىپ خىيال دۇنياسىدىن ئۈزۈپ
چىققاندىن كېيىن، سۇبيېكتىپ، ئاڭلىق ھايات ئېنىقمۇ كېڭەيمەسـ
مۇ؟ ئىنسانلار ئىچكى دۇنياسى ھاياتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ،
ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. شەخسىي قەدىر - قىمـ
مەت ئۇچۇن تىرىشىشتىكى مەقسەتمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. XX ئەسىردىكى
يېڭى روھ دەھشەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە ئىرادىنىڭ كۈچ - قۇدرىـ
تىگە تايىنىپ، ھاياتلىق يولىنى ئېچىشى مۇمكىن. بۇ يېڭى دەۋردە





جۇڭگونىڭ ئىچكى سىرلىرى ئېچىلىپ بولدى، ئەتراپتىكى قوشنا
دۆلەتلەر نىشاننى جۇڭگوغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى قىستاشقا كىـ
رىشتى، بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭگودا ئۆزگىرىش يۈز بەر-
مەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئاجىزلىققا تەن بېرىپ دۇگدىيىۋالغاندـ
ـدا، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغاندا، دۇنيادا ياشاش
مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مۇشۇ خىل ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى
بولغان كىشىلەر توغرا يولنى ماڭماي تۇرۇپ، كۈن بويى ئىسلاھات
ئېلىپ بارىمىز، دەپ كانىيى يىرتىلغۇچە توۋلىغىنى بىلەنمۇ دۆلەتـ
ـنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتنى يېڭىپ چىقىشقا قانچىلىك ياردىمى
تېگەتتى؟ شۇڭا ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا نىيەت باغلىغان ئەقىل -
پاراسەتلىك ئەربابلار دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى تېگى - تەكـ
ـتىدىن چۈشىنىشى، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئېغىش ۋە
بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىشى
ھەم ئۇنى جۇڭگودا يولغا قويۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا تولۇق
ماسلاشتۇرغانلىق بولىدۇ. تاشقى جەھەتتە دۇنيا ئېقىمىدىن كېيىن
قالماسلىق، ئىچكى جەھەتتە ئەسلىدىكى ئەنئەنىنى چىڭ ساقلاپ،
ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىدىن بىر
ئېقىم يارىتىپ كىشىلىك ھاياتىغا يېڭى مەنە قوشقاندىلا، پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى ئويغىنىدۇ، شەخسلىكمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلاـ
لايدۇ. قۇمغا ئوخشاش چېچىلىپ تارقاق ھالەتتە تۇرغان ئەل ئىنـ
سان دۆلىتىگە ئايلىنالايدۇ. ئىنسان دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلگەندـ
كەن، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئېشىپ، دۇنيادا مۇستەقىل قەد
كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. ئۇ چاغدا چاكىنا نەرسىلەرنىڭ نېمە ئەھمىيىـ
تى قالىدۇ؟ لېكىن جۇڭگونىڭ قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش
كويىدا بولۇۋاتقانلار خېلى كۆپ يىللار شۇ يولدا كۈرەش قىلدى؛
ياشلار ئەيىبنى كۆپىنچە قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىدە قويماقتا؛
ھەتتا قەدىمكى زاماننىڭ تىل - يېزىقىنى ياۋايىلىق دەپ ھاقارەتلەيـ

دۇ، قەدىمكى زامان ئىدىيىلىرىنى ئاددىي ئىدىيە دەپ كەمسىتىدۇ، مۇشۇنداق كەيپىياتنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيە-تىنى ئوپۇل - توپۇل ئىمپورت قىلىپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى پىكىر ئېقىملىرىغا پەرۋاسىز قاراپ، كۆزىنىڭ قىرىغىمۇ ئىلىپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى كۆپىنچە ماددىي مەدەنىيەتتىنلا ئىبارەت. غەربنىڭ ماددىي مەدەنى-يىتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قو-بۇل قىلىۋاتقىنى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ساختا، يەنە كېلىپ ئەڭ بىر تەرەپلىمە، ئەڭ كېرەكسىز نەرسىلىرىدىن ئىبارەت. كەل-گۈسىنى نەزەرگە ئالماي، پەقەت بۈگۈنكى خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنى نەزەردە تۇتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇل - چارىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ھالبۇكى، تەشۋىق - تەرغىب قىلىپ، ئىش بېجىرىپ يۈرگەن ئادەملەرنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى سۈيىئىستېمال قى-لىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش كويىدا يۈرگەنلەر دەپ ئېيتقىلى بولارمۇ؟ ئۆزلىرىنى ئىرادىلىك ئەرباب ساناپ يۈرگەن كىشىلەردىن سوراپ باقايلى، سىلەر بايلىقنى مەدەنىيلىك دېمەكچىمۇسىلەر؟ ئۇنداقتا يەھۇدىيلارنىڭ ئەۋلادلىرى پۇل تېپىشقا بەكمۇ ئۇستا، ياۋروپالىقلار ئارىسىدىكى سودىگەرچى-لىكنى بەك قاملاشتۇرىدىغان سودىگەرلەرمۇ ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ. ئەمما، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ سىلەر يول ياساش، كان ئېچىشنى مەدەنىيلىك دېمەكچىمۇسىلەر؟ ئۇنداقتا 50 يىلدىن بۇيان ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلاردا تۆمۈريول ۋە كان ئىشلىرى شۇنچە راۋاجلانماقتا، ئەمما ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتى قانداق؟ سىلەر جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى مەدە-نىيلىك دېمەكچىمۇسىلەر؟ ئۇنداقتا ئىسپانىيە، پورتۇگالىيىلەردە





ئاساسىي قانۇن يولغا قويۇلغىلى شۇنچە ئۇزۇن بولدىيۇ، بۇ دۆلەت-لەردىكى ئەمەلىي ئەھۋال يەنە نېمە بولدى؟ ناۋادا ماددىي بايلىقلا مەدەنىيەتنىڭ بىردىنبىر ئاساسى دېيىلسە، ئۇ ھالدا قورال - ياراغلارنى تىزىۋېتىپ، ئاشلىقنى دۆۋىلەپ قويغاندىلا، جاھاننىڭ خوجىسى بولغىلى بولامدۇ؟ ناۋادا كۆپ سانلىقلارلا ھەق - ناھەقنى ئاجرىتالايدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا تەنھا بىر ئادەمنى بىر توپ مايمۇن-لارنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ قويسا، ئۇمۇ خۇددى مايمۇنلارغا ئوخشاش دەرەخ ئۈستىدە مېۋە تېرىپ يەمدۇ؟ بۇنىڭغا، ئەقەللىيسى، خوتۇن خەقلەرمۇ، باللارمۇ قوشۇلماس! ئەمما ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ماددىي بايلىقنى ۋە كۆپ سانلىقلارنى جاھانغا كۆز - كۆز قىلىشتىن بولغان. ئەمەلىيەتتە كۈچ - قۇۋۋەت تېپىشنىڭ يىلتىزى ئادەم؛ ماددا ۋە كۆپ سانلىق دېگەن نەرسىلەر پەقەتلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھادىسىلەردىن ئىبارەت. يىل-تىز توپىنىڭ ئاستىدىن ئۆسكەچكە ئاسان كۆزگە چېلىقمايدۇ، گۈل ئېچىلىپ تۇرغاچقا، بىر قاراش بىلەنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ-ڭا، جاھاندا ياشاش، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈ-چۈن ئاۋۋال ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كې-رەك. ئىختىساسلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىققاندىلا، ھەرقانداق ئىش ئاسانلىشىدۇ. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈ-چۈن شەخسلىكنى قەدىرلەش ۋە روھ (غەيرەت)نى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، بىر ئەۋلاد ۋاقىتقا يېتەر - يەتمەيلا دۆلەت پۈتۈنلەي ئاجىزلىشىپ ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. ئۆتمۈشتە جۇڭگو ئەسلىدىمۇ ماددىنى قەدىرلەپ، تالانتنى يامان كۆرگەندى، ئاتا مىراس كونا ئۇسۇللار كۈندىن - كۈنگە يارىماس بولۇپ قې-لىپ، سىرتقى كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغاندا جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى؛ ئېلىپنىڭ سۈنۈقىنىمۇ بىلمەيدىغان بەزىبىر مەمەدانلار روھنى ماددا بىلەن نابۇت قىلىپ، ئاز سانلىقلارنى كۆپ

سانلىقلار بىلەن بوغقۇچلاپ، كىشىلەرنى ئۆز شەخسلىكىدىن پۈتۈن-لەي مەھرۇم قىلماقتا. بۈرۈن جۇڭگو ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى بىلەن پالەچ ئىدى، ھازىر قاتناشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن يېڭى ۋابا كېسىلىمۇ چاپلاشتى، بۇ ئىككى خىل كېسەللىكنىڭ دەستىدە جۇڭ-گونىڭ چۈشكۈنلىشىشى تېخىمۇ تېزلەشكۈسى. ئۇھ، كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا قانداق قىلارمىز؟!

1907 ـ يىلى يېزىلدى.





# شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا[131]

قەدىمىي دەۋرلەرنىڭ بۇلاق كۆزلىرىنى يەتكۈچە ئىزدىگەنلەر ئەمدى نەزىرىنى كەلگۈسىگە ئاغدۇرۇپ، يېڭى بۇلاق كۆزلىرىنى ئىزدەش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئاھ، قېرىنداشلار، يېڭى ھاياتقا كۆز ئاچىدىغان، يېڭى بۇلاق تېرەن جايدىن بۇلدۇقلاپ چىقىدىغان كۈن-لەر ئۇزۇن قالمىدى.

— نىتسى

## 1

قەدىمىي دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئوقۇپ چىققان كى-شىلەر شۇ تارىخنى دەۋر تەرتىپى بىلەن ئوقۇۋېتىپ كىتابنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خۇددى ئىللىق باھاردىن ئايرىلىپ، سالقىن كەچ كۈز كۈنلىرىگە كىرىپ قالغاندەك، تېنى شۈركۈنمەي تۇرال-مايدۇ، كۆز ئالدىدا بىخ چىقىرىۋاتقان گىياھلارنىڭ ئورنىغا قۇرۇپ ـ قاقشال بولغان غازاڭلار پەيدا بولىدۇ، مەن بۇ خىل ئەھۋالنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق گەپ تاپالمىدىم، شۇڭا ئۇنى سول-غۇنلۇق، دەپ ئاتاپ تۇراي. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆز ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان ئەڭ قۇۋۋەتلىك مىراسى تىل ـ يېزىق بولسا كېرەك. قەدىمىي زامان كىشىلىرى ئۆز تەسەۋۋۇرلىرى

ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بىلەر - بىلمەس ھالدا ماسلاشقان، كۆڭلىدە ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىراتلار ھاسىل قىلغان ھەم شۇ ئاساستا ئىپادىلەپ بېرەلىگۈچىلىك تەسىراتلىرىنى بايان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن شېئىر، غەزەل(132) مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئاۋاز دەۋردىن ھالقىپ، كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغان، ئېغىز يۇمۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ساداسى يوقىلىپ كەتمىگەن؛ بەلكى شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كۇنساناپ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ بارغان. مەدەنىيەت چۇشكۇنلەشكەندە، بۇ مىللەتمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، خەلقنىڭ ناخشا سادالىرى ئۆچكەن، ئۆتمۈشتىكى گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى تۈگىگەن، تارىخ ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بىردىنلا سولغۇنلۇق پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت تارىخى كىتابىنىڭ بەتلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان. ئومۇمەن دەسلەپكى دەۋرلەردە تارىختا ياخشى نام قالدۇرغان، مەدەنىيەتتە سۇبھى تاڭنى ئېچىپ بەرگەن، ئەمما ھازىرقى كۈندە بولسا نامىلا قېلىپ، ئۆزى يوقالغان قەدىمىي مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى مۇشۇ ئەھۋالدىن خالىي ئەمەس. كۆپچىلىككە پىششىق تونۇشلۇق بولغان مىساللاردىن كەلتۈرسەك، ھىندىستان بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ. ھىندىستاننىڭ قەدىمىي زامان تارىخىدا تۆت خىل «ۋېدا كالامى»(133) بار ئىدى، بۇ كىتابلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئالەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسەر دەپ نام ئالغانىدى؛ «ماھاپارادا» ۋە «رامايانا»(134) ناملىق پوئېمىلىرىمۇ ئىنتايىن ئېسىل ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك كالىداسا (Kalidasa)(135) ئۆزىنىڭ درامىلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغانىدى. ئۇ بەزىدە لىرىك شېئىرلارنىمۇ يازغان؛ نېمىس شائىرى گېتې (W. Vongoethe) ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەتتا يەر يۈزىدىكى ئەڭ نەپىس شېئىر، دەپ ئەقىدە باغلىغاندى.





ھىندى مىللىتى ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قېلىشقا باشلاش بىلەنلا مەدەنىيىتىمۇ چېكىنىشكە يۈزلەندى، ياڭراق ئاۋازمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ دۆلەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى سەرگەردانغا ئوخشاش بارا - بارا باشقا ئەللەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئاندىن قالسا يېۋرېلار(136). ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى كۆپىنچە دىنىي ئېتىقاد بىلەن چېتىشقان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈپ، دىنىي مەدەنىيەتنىڭ بۆلىقى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان، ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. ئەمما، ئىسرائىلىيىلىكلەر پەقەت جىرىمىياھ (Jeremiah)(137) غەزەللىرىگىچىلا تەرەققىي قىلغان، شۇ دەۋردە ئۆتكەن ئىسرائىلىيە سۇلتانلىرى ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلىقتىن يوقالغان، ئېروسالىم ۋەيران بولغان(138)، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مىللەتنىڭمۇ ئۈنى ئۆچكەن. ئۇلار يات ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىرىدە ئۆز ۋەتىنىنى دەرھال ئەسلىرىدىن چىقىرىۋېتەلمەي، ئۆز تىلى ۋە ئېتىقادلىرىنى ياد ئېتىپ ئۆلگۈرگەن بولسىمۇ، «مەرسىيە» يېزىلغاندىن كېيىن، ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىرەر شېئىر مەيدانغا چىقمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىران، مىسىر خۇددى ئۈزۈلگەن ئارغامچىغا ئوخشاش يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالغان، قەدىمكى دەۋرلەردە پارلاق مەدەنىيىتى بولغانلىقىغا قارىماي، ھازىرقى كۈندە سولغۇن ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناۋادا جۇڭگو مۇشۇ قاتاردىن ئايرىلىپ كېتەلىگەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئامەت كەلمىگەن بولاتتى. نېمىشقا؟ ئەنگلىيىلىك كارلىلي (Th. Carlyle)(139) مۇنداق دېگەنىدى: ھاياتلىق ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئۆز كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئېنىق ۋە بىمالال كۈيلەپ بېرىش بىرەر ئەل خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئىتالىيە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا بىر پۈتۈن ھالەتتە

قالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دانتې[140] چىقتى ھەم ئىتالىيە
ساداسى مەۋجۇت تۇردى. چارروسىيە قولىدا مىلتىق، زەمبىرەك
قاتارلىق قورال - ياراغلىرى بار ئىدى، سىياسىي جەھەتتە شۇنچە
كەڭ زېمىننى سورىغان، زور ئىشلارنى قىلغان، لېكىن نېمىشقا
چىن كۆڭلىدىن چىققان ئاۋازى يوق؟ ئۇنىڭ قانداقتۇ ئۇلۇغ نەرسە-
لىرى باردۇر، ئەمما شۇنچە چوڭ بىرنەرسە بولسىمۇ، لېكىن
ساداسىز گاچا بولۇپ قالدى (ئەسلىدە ئازراق قىسقارتىلغان).
مىلتىق، زەمبىرەك قاتارلىق قورال - ياراغلىرىنى دات بېسىپ
كەتكەندىمۇ، دانتېنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇرۇۋەردى. دانتېنىڭ مىل-
لىتى بىرلىككە كەلگەن ھالىتىدە تۇرۇۋەردى، ئاۋازى يوق روسىيە
ئاخىر پارچىلىنىپ كەتتى.

پروفېسسور نىتسى (Fr. Nietzsche) ياۋايىلارنى يات كۆر-
مەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يېڭى ھاياتىي كۈچلەر بار دەپ قارايت-
تى. بۇ سۆزنىڭمۇ ھەقىقەتەن داۋلىسى بار. مەدەنىيەت، ئەسلىنى
ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋايىلىقتىن كېلىپ چىققان. ياۋايىلارنىڭ تۇر-
قى - كۆرۈنۈشى ئىپتىدائىي ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە
يورۇقلۇق يوشۇرۇنغان. مەدەنىيەتنى گۈل دېسەك، ياۋايىلىق ئۇ-
نىڭ غۇنچىسى، مەدەنىيەتنى مېۋە دېسەك، ياۋايىلىق مېۋە بېرىد-
غان چېچەك. ئىنسانلار مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز ئالغا باسىدۇ، ئۇ-
مىدمۇ دەل شۇ يەردە. مەدەنىيەت تەرەققىياتى توختاپ كەتكەن
قەدىمىي مىللەتلەرلا ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى توخ-
تاپ قالغان چاغدا، چىرىكلىشىش ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا مەيدانغا كېلى-
دۇ. شۇنداق ئىكەن، قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شان - شەرىپى
ئۈستىگە دۆم چۈشكەنلەر ئۆزىنى ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ دوت ۋە جاھىللىقى-
نى بىلمەي، ئاخىر سېسىق كۆلگە ئايلىنىپ كېتىشى تۇرغان
گەپ، تارىخنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە پارلاق نۇر چېچىپ، ئاخى-





-رىغا كەلگەندە يوقىلىپ كەتكەن مىللەتلەر ئېھتىمال مۇشۇنداق
سەۋەبلەردىن بولغاندۇر. رۇسلار ساداسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، جۇش-
قۇن ئىدى، ئۇلار بوۋاققا ئوخشايتتى، ئەمما گاچا ئەمەس ئىدى؛
ئۇلار يەر ئاستى دەريا ئېقىنىغا ئوخشايتتى، ئەمما قۇرۇق قۇدۇق
ئەمەس ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، گو-
گول (N. Gogol)[141] دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈنمەس
كۆز يېشى ۋە ھەسرەتلىرى بىلەن ئۆز ئېلى خەلقىگە ئىلھام بەردى.
بەزىلەر ئۇنى ئەنگلىيىلىك شېكسپېر (W. Shakspeave) گە، يەنى
كارلىلې ماختىغان ۋە قەدىرلىگەن ئادەمگە ئوخشاتقان. كىشىلىك
جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق، يېڭى - يېڭى ئاۋازلار مەيدانغا
چىقىۋاتقانلىقىنى، ھەممىسىلا ئالاھىدە لاتاپەتلىك سۆزلەر بىلەن
كىشىلەر روھىنى ئۇرغۇتۇۋاتقانلىقىنى، ئۆز ئېلىنىڭ ئۇلۇغ ۋە
گۈزەل تەرەپلىرىنى جاھانغا تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز؛
شۇ ئەھۋالدا يەنە مىت قىلماي جىم تۇرغانلار يەنىلا بىز يۇقىرىدا
ئېيتىپ ئۆتكەن ھىندىستان قاتارلىق قەدىمىي دۆلەتلەر. قەدىمىي
كىشىلەرنىڭ يۈرەك سادالىرى — شېئىرىي ئىجادىيەتلىرى تا بۇ-
گۈنگە قەدەر ئۆز سەلتەنىتىنى يوقاتماي تۇرۇپتۇ، ھېلىمۇ ئۇلۇغلۇ-
قى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بۈگۈنگە يېتىپ
كېلەلمىگەن تۇرسا، ئۇنى پەقەتلا قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى
تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل خۇشى ۋە ماختاپ تەرىپلىشى ئۈچۈن
تاپشۇرۇپ بېرىشكىلا ھەقلىقمىز؛ ئۇنىڭدىن باشقا، كېيىنكى ئەۋ-
لادلارغا قالدۇرغان نېمىسى بار دەيسىز؟ ئەكسىچە، قەدىمكى زامان
شان - شەرىپىنى ئۆزىلا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرۈپ،
يېقىنقى زامان تىمتاسلىقىنى سۈپەتلەپ يۈرگىنىدىن كۆرە، يېڭى
بارلىققا كەلگەن دۆلەتلەردەك، مەدەنىيەتتە راۋاج تاپالمىغىنى بى-
لەنمۇ كەلگۈسى ئۈچۈن بەربىر ئۈمىد تۇغدۇرغىنى، كىشىلەرنىڭ
ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىنى ياخشى. دېمەك، قەدىمىي مەدەنىي

دۆلەت دېگەن گەپ قايغۇ - ئەلەم بىلەن تولغان، كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان مەسخىرە. خانىۋەيران بولغان كونا ئائىلىلەردىن چىققان پەرزەنتلەر ئاتا - بوۋىسى ئاللىقاچان هالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، باشقىلار ئالدىدا هېيىقماستىن: ئاتا - بوۋىلىرىم هايات ۋاقتىدا بەك ئەقىللىق، بەك دۆلەتمەن ئىدى، قورۇ - جايلىرىمىز، ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆهەرلىرىمىز بار ئىدى. ئىتتىن تارتىپ ئاتقىچە هەممە نەرسىمىز تەل ئىدى. ئېسىلزادىلىكتە هەممىنى بېسىپ چۈشەتتۇق دەپ يۈرسە، بۇنداق گەپنى ئاڭلىغان ئادەم كۈلمەي تۇرالمايدۇ. ئەل تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەندە، قەدىمكى دەۋرلەرنى يادلاشنىڭ پايدىسى بولسىمۇ، بىراق بۇنى ئەسكە ئالغاندا، ئىدىيە ئېنىق بولۇشى، ئۇلاردىن ئەينەك ئورنىدا پايدىلىنىش، هەر ۋاقىت ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش، هەر ۋاقىت ئۆتمۈشنى ئەسلەپ تۇرۇش، يورۇق، داغدام يولغا قاراپ ئۈزلۈكسىز مېڭىش، قەدىمكى زاماندا ئېرىشكەن شانلىق نەتىجىلەرنى هەرقاچان ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، يېڭى نەرسىلەر تېخىمۇ يېڭىلىنىدۇ، قەدىمكى زامان ئەنئەنىلىرى يوقىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ داۋلىنى ئۇقماي تۇرۇپ، قەدىمكى زامانىنى خالىغانچە كۆپتۈرۈپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەيدىغان بولسا، ئۇ هالدا، زۇلمەت تۈنلەر دەل شۇ يەردىن باشلىنىپ كېتىدۇ. هازىر جۇڭگونىڭ چوڭ كوچىلىرىدا هەربىي مارشنى ياڭرىتىپ، هىندىستان بىلەن پولشىنىڭ قۇلچىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنى هامان ئۇچرىتالايسىز. دۆلەت گېمىنىنى خىيالىغا كەلگەنچە يېزىپ يۈرگەنلەرمۇ ئەنە شۇنداق. ئېهتىمال هازىرقى كۈندە جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان شان - شەرەپلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلىگۈسى كەلسىمۇ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالماي، ئىلاجسىز سول تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ قۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئوڭ تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سۆزلەش بىلەنلا، مۇنقەرز





بولغان دۆلەت بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تېخى ئۇلاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولۇۋاتقانلار يوق ئەمەس. هىندىستان ۋە پولشىنى جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرغاندا زادى قايسىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى هازىرچە سۆزلىمەيلا تۇرايلى؛ ئەگەر بۇنى ئۆزىگە مەدهىيە ئوقۇيدىغان شېئىر، خەلقنىڭ ئاۋازى دەيدىغان بولساق، جاهاندا شېئىر يېزىپ ئوقۇپ يۈرگەن كىشىلەر هەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنى زادى ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەنمەن. شائىرلارنىڭ تۇگەپ كېتىشى قارىماققا ناهايىتى كىچىك ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەن پەيدا بولغان سولغۇنلۇق كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. مېنىڭ ئويۇمچە بولغاندا، ۋەتەننىڭ هەقىقىي ئۇلۇغلۇقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىش، شۇنىڭدەك باشقىلارنىمۇ بىرقەدەر پۇختا چۈشىنىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزلۈكىدىن ئويغىنىش بارلىققا كېلىدۇ. ئويغىنىش ئاۋازى چىققان هامان كىشىلەرنىڭ قەلب تارلىرىنى چەكمەي ئۆتمەيدۇ. بۇنداق ئاۋاز ئادەتتىكى ئاۋازغا ئوخشاشمايدۇ. ئويغىنىش ئاۋازى بولمىسا، ئېغىزنى يۇمۇۋېلىپ لام - جىم دېمەي تۇرۇۋەرگەندە، جىمجىتلىق ئىلگىرىكىدىن هەسسىلەپ ئېشىۋېرىدۇ. چۈنكى، روهىي دۇنيا غەرق ئۇيقۇدا ياتسا، گەپ نەدىنمۇ چىقسۇن؟ سىرتقى بىرەر كۈچنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزى زورۇقۇپ ئېغىز ئېچىشقا ئىنتىلدى دېگەندىمۇ، هەقىقىي كۈچلۈك ئاۋازدىنى چىقىرالمايلا قالماي، كۆپ بولغاندا ئاه - ئۇهلىرىنى كۆپەيتىپلا قويىدۇ، خالاس. شۇڭا، ئەل روهىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى دۇنيا هەققىدىكى بىلىمنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەيمىز.

ئەمدى قەدىمكى زامان ئۈستىدىكى گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، چەت ئەللەردىن يېڭى ئاۋاز ئىزدەپ كۆرەيلى. بۇنداق ئاۋازمۇ قەدىمكىنى ياد ئېتىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان. يېڭى ئاۋازلارنىڭ پەرقى

توغرىسىدا ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن،
بۇنداق ئاۋازنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە كەلسەك، كۆپچىلىكنى روھلانـ
دۇرۇشتا، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا مەرالارنىڭ
سۆزلىرىگە يەتمەيدۇ. «مەرا» سۆزى ھىندى تىلىدىن ئېلىنغان،
ئەسلىدە غايىب ئېزىتقۇغا قارىتىلغان، ئومۇمەن «شەيتان» ياكى
«شاياتۇن» دېگەن سۆز. ياۋروپالىقلار ئۆز ۋاقتىدا بايرون
(G. Byron)[142] نى شۇنداق دەپ ئاتىغان. ھازىرقى ۋاقىتتا بولسا
شائىرلار ئارىسىدىكى قارشىلىق ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان، ھەرىكـ
ـتىمۇ بولغان، جەمئىيەتتە كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان شائىرلارنىڭ
ھەرقاندىقى شۇ قاتارغا كىرگۈزۈلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ سۆز ـ
ھەرىكەت ۋە ئىدىيىلىرىنى، گۇرۇھ ۋە تەسىرىنى بايان قىلىش
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باشلامچىسى بايروندىن تارتىپ تاكى ۋېنگرىيە
يازغۇچىسىغا قەدەر تىلغا ئېلىش توغرا كېلىدۇ. بۇ شائىرلارنىڭ
تەقى ـ تۇرقى ئوخشاش ئەمەس، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس نۇر
چېچىپ تۇرىدىغان مىللىي خۇسۇسىيىتى بار. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارـ
نىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ئوخشاش: كۆپچىلىكى شۇ دەۋر كىشىلەـ
رىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان خۇشامەت شېئىرلىرىنى ياڭراتماستىن،
ئەكسىچە تەقدىرگە، بىدئەتكە قارشى چۇقان سالغان، ئۇلارنىڭ بۇ
ساداسى ۋە روھى داۋاملىق ھالدا كېيىنكى ئەۋلادلارنى چوڭقۇر
تەسىرلەندۈرگەن، ئويغاتقان. تېخى تۇغۇلمىغانلار ياكى ئۆلۈپ
كەتكەنلەر ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى يېقىملىق ئەمەس ئىكەن دەپ قارىغان
بولۇشى مۇمكىن، ئەمما جاھاندا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىسكەنجەـ
ـسى بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان ئادەملەر بولسا
بۇ خىل ئاۋازنى بەكمۇ ياڭراق ۋە نەپىس ئاۋاز دەپ ھېسابلايدۇ.
لېكىن، تىنچ تۇرغان خەلققە بۇ ئاۋاز ئۇقتۇرۇلسا ۋەھىمە پەيدا
بولۇشى مۇمكىن.





## 2

تىنچلىق دېگەن نەرسە بۇ جاھاندا يوق. تىنچلىق دەپ ئارانلا
ئاتاشقا بولىدىغان نەرسە ئۇرۇش ئەمدىلا ئاخىرلاشقان ياكى ئۇرۇش
تېخى باشلانمىغان پەيت. بۇ قارىماققا جىمجىت كۆرۈنسىمۇ، ئەمما
بىر خىل يوشۇرۇن ئېقىم بولۇپ، پۇرسەت كەلگەن ھامان توقۇـ
نۇش باشلىنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى غۇر ـ غۇر شامال دەرەخنى
مىدىرلاتقاندەك، سىم ـ سىم يامغۇر ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈۋاتـ
قاندەك، گويا ھەممە نەرسىلەر ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرۈۋاتقانـ
دەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما يەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان ۋولقان پارتلاش
بىلەن يانار تاغ شەكىللىنىپ ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ھېلىقى
غۇر ـ غۇر شامال ۋە سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى پەقەتلا ۋاقىتلىق ھادىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم ئاتىـ
نىڭ ماكانى بولغان بېھىشقا ئوخشاش مەڭگۈ تىنچ بولمايدۇ. كىـ
شىلىك جەمئىيىتىدىكى ئىشلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولىـ
دۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ ماكان،
ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان
ھادىسىلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ؛ بىر ئۆيدە
ئىككى ئادەم ياتقان بولسا، ھەر ئىككىسىلا نەپەس ئالىدۇ، ھاۋا
تالىشىش كۈرىشى بولىدۇ، نەتىجىدە ئۆپكىسى ياخشىراقى بۇ كۈـ
رەشتە غەلىبە قىلىدۇ. دېمەك، ھاياتلىق پەيدا بولغاندىن تارتىپ
ئۆزئارا ئۆلتۈرۈشۈش باشلانغان بولۇپ، تىنچلىق دېگەن نەرسە
بولۇپ باققان ئەمەس. ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ
باتۇرلۇقى، قەيسەرلىكى، تاقابىل تۇرۇشى، كۈرەش قىلىشى ئارـ
قىسىدىلا پەيدىنپەي مەدەنىي ھالەتكە يەتكەن؛ تەربىيە ئالغاندىن
كېيىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۆزگىرىپ يېڭى ئاجىزلىقلار كېلىپ

چىققان. ئالدىدا زور خەتەرلىك بارلىقىنى ئۇققاندا، ئىشەنچنى
يوقىتىپ چېكىنىش، تېز پوكۇش كويىغا چۈشكەن. ئەمما، ئۇ-
رۇش ئىشىكىگە كېلىپ قالغاندا كۆرەشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان-
لىقىنى بىلىپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرۇپ، غايىۋى دۆ-
لەتنى توقۇپ چىققان، بۇنىڭ بەزىلىرى كىشىلەر بارالمايدىغان
جايلار، بەزىلىرى بولسا سانسىز يىللاردىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشىدى-
غان ئىشلار ئىدى. ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرى
چىققاندىن كېيىن، غەرب دانىشمەنلىرى ئىچىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە
باش قاتۇرغانلىرى ئاز ئەمەس. گەرچە قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە
تىنچلىق دېگەن نەرسىدىن ئەسەر بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بوينىنى
سوزۇپ كەلگۈسىگە تەقەززا بولۇش، تىنچلىق نىشانىغا تەلمۈرۈش
كىشىلەر ئارىسىدا بىرەر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق، بۇ بەلكى
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنىڭ
بىر ئامىلى بولسا كېرەك. مەملىكىتىمىز جۇڭگودىكى پەيلاسوپلار
غەرب پەيلاسوپلىرىغا ئوخشاشمايدۇ، بىزنىڭكىلەرنىڭ كۆڭلىدىن
قەدىمكى تاڭ - ياۋ - يۈ - شۈن دەۋرى ياكى ئادەملەر بىلەن
هايۋانلار بىرگە ياشايدىغان قەدىمكى دەۋر ئورۇن ئالغان؛ ئۇلار ئۇ
زامانلاردا هېچقانداق بالايىئاپەت يۈز بەرمىگەنىكەن، كىشىلەر خا-
تىرجەم ياشاپتىكەن، هازىرقى دۇنياغا ئوخشاش ئىپلاسلىق ۋە خە-
تەرلىكمۇ ئەمەس ئىكەن، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆزقاراشنى
ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي پاكىتلىرى بىلەن سېلىشتۇ-
رۇپ كۆرىدىغان بولساق، پاكىتقا پۈتۈنلەي ئويغۇن ئەمەسلىكىنى
بىلەلەيمىز. چۈنكى، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە
كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى هازىرقى
زامان كىشىلىرىنىڭكىدىن ئارتۇق ئىدى دېمىگەندىمۇ، هازىرقى
زامان كىشىلىرىنىڭكىدىن قېلىشماس بولغىيدى، ىىراق ئۆزاق
زامانلار ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، تارىخىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ ساقلى-





نىپ قالمىغانلىقى تۈپەيلى، قان - تەر پۇراقلىرى ئۇچۇپ كەتكەن،
شۇڭا ئۇ دەۋرلەرنى ئەسلەپ ئۆتكەندە، ئۇ دەۋرلەر ناهايىتى كۆڭۈل-
لۈك ئۆتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ناۋادا شۇ دەۋردە قەدىمكى زامان كىشى-
لىرى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق -
چۈچۈكىنى بىرگە تېتىغان بولساق، ئۇ هالدا روهىمىز هېچ نەرسى-
گە قۇربى يەتمەي راسا چارچىغان ۋاقتىدا، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ
ئەلمىساق تېخى باشلانمىغان، دۇنيا تېخى بەرپا بولمىغان دەۋرلەرنى
ئەسلەپ ئولتۇرۇشىمىزمۇ تەبىئىي ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل خىيال
كاللىسىغا كىرىۋالغان كىشىلەردە ئۈمىد بولمايدۇ؛ ئالغا ئىلگىرى-
لەشنى خالىماي، تىرىشماي، بۇ ئالامەتلەرنى غەرب نەزەرىيىسى
بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئوت بىلەن سۇ سىغىشالمىغانغا
ئوخشاش بولىدۇ؛ ئۇلار ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ ئۇ ئالەمدە
قەدىمكى كىشىلەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ ياكى ئۆمۈر بويى هېچ ئىش
قىلماي، قىلچە ئۈمىدسىز، قىلچە چارىسىز قېلىپ، ئەتىدىن كەچ-
كىچە ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر روهىي ۋە جىسمانىي جەهەتتە
ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇلارنىڭ سۆز -
هەرىكەتلىرىنى قاراپ چىقىدىغان بولساق، قەدىمكى زامان مۇتەپەك-
كۇرلىرىنىڭ جۇڭخۇا ئېلىنى هازىرقى زامان كىشىلىرى تەشۋىق
قىلىپ يۈرگەنچىلىك ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.
ئۇلار ئاجىزلىق ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى بىلگەچكە، رېئال هاياتتىن
قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا قەدىمكى زامان دۆلەتلىرىنى ياد ئەتكەن، خەلق-
نىڭ ياۋايى هايۋان ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا چىداپ تۇرغان،
ئۆزلىرى بولسا ئۆمرىنى دەرۋىش تەرىقىسىدە ئۆتكۈزگەن. مۇتەپەك-
كۇرلار شۇنداق قىلسا، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ياۋايى
هايۋان قاتارىدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن تېنىپ كېتەلمەي تۇرۇق-
لۇقمۇ ئۇلارنى يەنىلا ئېسىل ئادەملەر دەپ ماختاشقان. بۇنداق
ئەمەسلىرى ئۆز ئالدىغا تەلىمات يارىتىپ، ئىنسانلارنى پاك نىيەت-

لىك قەدىمكى زامانغا قايتۇرۇش ئويىدا بولغان. لاۋزى قاتارلىقلار
ئەنە شۇلارنىڭ لاياقەتلىك ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ، لاۋزى يازغان
5000 سۆزلۈك كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىد-
نى پاراكەندە قىلماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى قۇرۇق كۆتەك-
تەك بولۇشى كېرەك، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماسلىقنى جاھاننى
تۈزەشنىڭ پرىنسىپى قىلىش كېرەك، ئېشەك بېشى تۇتۇپ باقمى-
غان قوللار بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك، شۇنداق
قىلغاندىلا، جاھان ئاندىن تىنچىيدۇ، دەيدۇ. بۇ چارە ئۆزىگە
ياخشى چارە، بىراق يۇلتۇزلار قېتىپ، ئىنسانىيەت دۇنياغا كەل-
گەندىن تارتىپ كۆرەش بىلەن تولمىغان بىرەرمۇ نەرسە كۆرۈلمى-
گەن؛ بىرەر دەۋر ئۆتۈپ باققان ئەمەس. تەرەققىيات ۋاقتىنچە
توختىشى مۇمكىن، لېكىن جانلىقلار بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتالماي-
دۇ. مۇبادا تەرەققىيات يولى بۇرۇۋېتىلىدىكەن، شەيئىلەر مۇقەر-
رەر ھالدا چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، دۇنيادا بۇنىڭغا دائىر
ئەمەلىي مىساللار ناھايىتى كۆپ، قەدىمكى مەدەنىي دۆلەتلەرگە
قاراپ باقساقلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسانىيەتنى تەدرىجىي ھالدا
ئۈچار قۇش، قۇرت ـ قوڭغۇز، ئۆسۈملۈك ـ گىياھ، باشلانغۇچ
ھايۋانلار دەۋرىگە قايتۇرۇشقا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلەپ تەدرىجىي
ھالدا جانسىزلار دەۋرىگە قايتۇرۇشقا بولسىدى، ئالەم شۇنچە كەڭ
بولسىمۇ، جانلىقلار يوقالغان، ھەممە نەرسە تۈگەشكەن ئەھۋالدا
تېخىمۇ پاك ـ پاكىز بولماسمىدى؟ ! ئەمما قىرىشقاندەك تەرەققى-
يات خۇددى ئۈچار ئوق يەرگە چۈشمىگۈچە توختىمىغىنىغا ئوخ-
شاش، بىر نەرسىگە تاقاشمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ، ئوقنى ئۈچۈپ
كېتىۋاتقان يېرىدىن قايتۇرۇپ ياغا قوندۇرۇپ قويۇش ئەقىلگە
سىغمايدۇ. مانا بۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈمىدسىزلىكى-
نىڭ، شاياتۇن شائىرلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ بىر سەۋەبى. ئىنساني-
يەت مۇشۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن مەۋجۇت





بولالايدۇ، راۋاجلىنالايدۇ، ئالغا باسىدۇ ۋە ئاخىر ئادەم بالىسى
يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتەلەيدۇ.

جۇڭگونىڭ سىياسىي ئىدېئولوگىيىسى باشقىلارغا چېقىلماس-
لىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى كۆزقاراش يۇقىرىدا ئېيت-
تىلغان بىلەن ئانچە ئوخشاشمايدۇ. بىراۋغا يەنە بىراۋنىڭ چېقىلى-
شىنى ياكى بىراۋنىڭ باشقا بىراۋنىڭ چېقىلىشىغا ئۇچرىشىنى پادى-
شاھ قاتتىق چەكلىگەن، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت پادىشاھلىق
تەختىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇش-
تىن ئىبارەت، شۇڭا ئارىدىن بىرەر ئەقىلدار چىقىپ قالىدىغان
بولسا، جەزمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ،
مۇبادا كىشىلەر ماڭا چېقىلىدىكەن ياكى باشقىلارغا چېقىلىدىغان
ئادەم چىقىدىكەن، بۇنى خەلقمۇ قاتتىق چەكلەيدۇ. بۇنىڭدىكى
مەقسەت، چۈشكۈن ۋە زېرىكەرلىك روھ بىلەن ياشىساقمۇ مەيلى،
تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم بولسىلا بولدى، دېگەندىن ئىبارەت. شۇنىڭ
ئۈچۈن، بىرەر ئەقىلدار ئوتتۇرىغا چىققان ھامان پۈتۈن كۈچى
بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئەپلاتون غايىۋى دۆلەتنى ئوتتۇرىغا
چىقىرىپ: شائىرلار تىنچلىق ـ ئامانلىقنى بۇزىدۇ، شۇڭا چەت
ئەلگە سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك، دېگەنىكەن. مەيلى ئۇ دۆلەتلەر
ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، كۆزقارىشى يۇقىرى ياكى تۆۋەن
بولسۇن، چارىسى ئەمەلىيەتتە بىر ئىدى. چۈنكى، شائىر دېمەك،
كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەككۈچى دېمەكتۇر. ھەرقانداق كىشى-
نىڭ كۆڭلىدە شېئىر بولماي قالمايدۇ، شائىر شېئىرنى يېزىپ
چىققاندىن كېيىن، شېئىر شائىرنىڭ شەخسىي مۈلكى ھېسابلانماي-
دۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغان ھامان چۈشىنەلەيدۇ،
بۇنىڭ سەۋەبى، ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىدە خېلى بۇرۇندىن
تارتىپ شائىر يازغان شېئىرنىڭ ساقلىنىپ كەلگەنلىكىدىن بولى-
دۇ، ناۋادا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە شېئىر بولمىغىنىدا، شائىرنىڭ

شېئىرنى قانداق چۈشىنەلەيدۇ؟ كىشىلەر كۆڭلىدە شېئىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، شېئىرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغان، شائىر ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئورنىدا ئېيتقان. زەخمەك تارغا تەگكەن ھامان كۆڭۈل جور بولىدۇ، ئاۋاز يۈرەكنى تىترىتىدۇ، جېنى بارلىكى ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىماي قالمايدۇ. خۇددى ئەتىگەندە قۇياشنى كۆرگەندەك بولۇپ، كىشىلەردىكى گۈزەل، كۈچلۈك، ئېسىل روھ تېخىمۇ ئۇرغۇپ، پاسكىنا ۋە تىنچ كەيپىيات بۇزۇلىدۇ، تىنچ كەيپىيات بۇزۇلغاندا، ئىنسانىيەت چوقۇم ئالغا باسىدۇ. گەرچە يۇقىرىسى پادىشاھدىن، تۆۋىنى تا قۇلغىچە، مۇشۇ تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي قالمىسىمۇ، ئەمما پاراكەندە قىلغۇچىلارنى مۇۋاپىق بېسىقتۇرۇش ئارقىلىق قەدىمكى ھالەتنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش، ئېھتىمال كىشىلەرنىڭ بىر خىل كونا ئادىتى بولسا كېرەك. قەدىمي ھالەت مەڭگۈ ساقلاپ قېلىنغاندىلا قەدىمكى دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن. شېئىرنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشكە بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا ھەر خىل رامكىلار بېكىتىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن جۇڭگودىكى شېئىر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئالسام، شۇن: شېئىر ئىقبالنىڭ باياندۇر، دەپتىكەن. كېيىنكى دەۋرلەردىكى دانىشمەنلەر بولسا، شېئىر ئادەمزاتنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى تىزگىنلەيدۇ، 300 پارچە شېئىر، ھاسىلكالام، دىلغۇبارسىزلىقى بىلەن تولغان، دېگەن تەلىماتنى ئاپىرىدە قىلغانىكەن. شېئىر ئىقبالنىڭ بايانى ئىكەن، تىزگىنلەيدۇ دېگىنى نېمىسى؟ دىلغۇبارسىزلىققا مەجبۇر بولغانىكەن، ئۇنداق شېئىر ئىقبالنىڭ نامايەندىسى بولالمايدۇ. ئەركىنلىككە قامچا ئاستىدا يول قويۇلغانلىقى ئەنە شۇنداق بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ كېيىنكى چاغلاردىكى نەسر - نەزمىلەر ئۇياققا ئۆرگۈلۈپ، بۇياققا چۆرگۈلۈپ ئەنە شۇ چەك - چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ شەنىگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان، دۆلەتمەنلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان ئەسەرلەر توغرىسىدا





ئېغىز ئېچىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. ھەتتا قۇرت - قوڭغۇز، ئۇچارقاناتلار، باغۇبوستان ۋە تاغۇدەريالارنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىر - نەزمىلەرمۇ كۆپىنچە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان تور بىلەن بەند بولۇپ، ئادەمزاتنىڭ چىن گۈزەللىكىنى ئەينەن كۈيلەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. پەقەت پەلەكتىن ئاز - تولا پىغان قىلىدىغان، پىر - مۇقەددەملەرنى سېغىنىدىغان، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئەسەرلەر يوقتىن بار بولغىنى تۈزۈك، دېگەندەك، جەمئىيەتتە دەۋران سۈرۈپ تۇرماقتا. ئەگەر شۇنداق دۇدۇقلاپ يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ ئوغۇل - قىزلارنىڭ چىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تاسادىپىي بايان قىلىپ قويىدىغان بولسا، تەقۋادار رايىش موللىلار بىردەك ئەيىبلىمەي قالمايدۇ. بىدئەتكە قارشى ئەسەرلەرغۇ تېخىمۇ قۇتۇلۇپ قالالمايتتى. چۈي يۈەن جان ئۈزۈش ئالدىدا، قەلبى خۇددى دەرياغا ئوخشاش ئۆركەشلەپ، ئۆزىنى مىلۇجياڭ دەرياسىغا تاشلىماقچى بولغان، ئەل ئىچىگە نەزەر سېلىپ، ئۆزى بىلەن بىر نىيەتتىكى ئادەم تېپىلمىغانلىقىغا ئېچىنىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز ھەسرىتىدىن ئاجايىپ پىغانلىق ئەسەر يازغان، ئۇ دەرياغا قاراپ، بارلىق ئەندىشىلەرنى قايرىپ قويۇپ، جاھاندىكى قاراڭغۇلۇق، پاراكەندىچىلىككە نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئېسىل ئىرادىسىنى كۈيلىگەن؛ قەدىمدىن كېلىۋاتقان ھەممە نەرسىلەرگە گۇمان بىلەن قاراپ، ئىلگىرىكىلەر يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلەرنى يازغان. لېكىن، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى مەيۈسلۈك بىلەن تولغان، پۈتۈن ئەسەردە قارشىلىق ۋە خىرىس سادا يوق، شۇڭا كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەسىرلەندۈرگۈدەك كۈچىمۇ يوق. ليۇ شى[143]: ئۆزىنى قابىلىيەتلىك ساناپ يۈرگەن ئادەملەر چۈي يۈەننىڭ ئۇلۇغ پىكرىنى مەدھىيىلىگەن، ئۆتكۈر ئادەملەر ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىنى تاللىۋالغان، ھەۋەسخورلار ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن تاغ - دەريالارنى مەدھىيىلىگەن، مەكتەپكە ئەمدى كىرگەن بالىلار ئۇنىڭ پۇراقلىق

گۈللەر، نازىنىن پەرىلەر توغرىسىدىكى ئوخشىتىشلىرىنى تاللىۋالغان، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شېئىرنىڭ شەكلىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكى ماھىيىتىگە يېتىپ بارالمىغان، بۇ ئۇلۇغ ئادەم ئۆلگەن بولسىمۇ، جەمئىيەت يەنىلا ئۆز ھالىتىدە قېلىۋەرگەن، دەيدۇ. لېۇ شىنىڭ بۇ تۆت جۈملە سۆزى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن تولغان. دېمەك، دەبدەبىلىك ئاۋازنىڭ كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدىغان بولۇپ قېلىشى ھازىرقى كۈندىلا بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس؛ بۇنى تولاراق شائىرلار كۈيلىگەن، ئەمما خەلقنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغان. يېزىق پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەپىس كۈيلەرنى ياڭرىتىش، ئۆز ئىلھامىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاق كۆڭۈل يۈكسەك غايىگە ئىگە قىلىشقا كۈچىگەنلەردىن نەچچىسى چىقار؟ باشتىن - ئاخىر ئىزدەپ چىقساق بىرەرىنىڭ چىقىشى ناتايىن. لېكىن، بۇ سەۋەنلىكنى ئۇلاردىن كۆرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ھەممە كىشىنىڭ يۈرەك قېتىغا «ئەمەلىي مەنپەئەت» دېگەن نەرسە يوشۇرۇنغان، ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەندە، پايپاسلاپ ئايغى چىقىپ كېتىدۇ، ئېرىشكەندە بولسا بەخۇدۇك يېتىپ ئۇخلايدۇ، يۈرىكىنى تىترىتىدىغان ھەرقانچە يۇقىرى ئاۋاز بولغاندىمۇ، ئۇنى قانداق تەۋرەتكىلى بولسۇن؟! كىشىنىڭ يۈرىكى تەۋرىمىسە يا قۇرۇپ قالىدۇ، ياكى يىگىلەپ كېتىدۇ، ئەمەلىي مەنپەئەت گويا يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ئوت، ئەمەلىي مەنپەئەت ئاشۇنداق رەزىل بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەرنى پەيدىنپەي پەسكەش، بېخىل، توخۇ يۈرەك قىلىپ قويىدۇ، ئۇلاردا قەدىمكى كىشىلەردەك سەممىيلىك بولمايدۇ، ئۇلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىدەك بۇردىكەش بولۇپ قالىدۇ، بۇنى قەدىمكى زامان پەيلاسوپلىرى ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك. ئەگەر بىراۋ شېئىر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي قىيا-





پىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ھەقىقىي، گۈزەل، ئاق كۆڭۈل ۋە قۇدرەتلىك، جۈرئەتلىك قىلغىلى بولىدۇ دېسە، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇنى ئەخمەق، دەپ مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، شېئىر تەسىرىنىڭ شەكلى بولمايدۇ، ئۇنۇمىنىمۇ دەرھال كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ھەقىقىتى تەتۈر ئىسپاتتىن بىرنى مىسال قىلساق، قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ سىرتقى مۇداخىلىچىلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقى كۇپايە قىلار. شۇنداق دۆلەتلەرنىڭ خەلقى قامچا بىلەن سىرتماق ئاستىدا خۇددى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالغان، ئۇ دۆلەتلەردە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى قوزغىلىشقا قايغۇلۇق، چوڭقۇر ئەلەملىك كۈيلىرى بىلەن ئۈندەيدىغان بىرەرمۇ شەخس چىقمىغان؛ تاسادىپەن بىرەرى چىقتى دېگەندىمۇ، ئاڭلىغۇچىلار قىمىرلاپمۇ قويمىغان؛ ئازار يېگەن كۆڭۈللىرى ئانچە - مۇنچە ئارام تاپقان ھامان ئىشتىن باش كۆتۈرمەي، تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى يەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن سىرتقى دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ھامان دۆلەت مەغلۇپ بولىدۇ، مۇنقەرز بولىدۇ. شۇڭا، كۈرەش قىلمايدىغان خەلق يولۇققان ئۇرۇشلار ھامان كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان خەلقنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ؛ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان خەلقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ۋەيران بولۇشى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان قەيسەر خەلقنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن كۆپ بولىدۇ.

1806 - يىل 8 - ئايدا ناپولېئون پرۇسسىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى 7 - ئايدا پرۇسسىيەلىكلەر يارىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالغان. ئەمما، شۇ ۋاقىتتىكى نېمىس مىللىتى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشتەك نومۇسقا قالغان بولسىمۇ، بىراق تارىختىن بۇيان كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى روھنىڭ شانلىق نۇرىنى يوقاتمىغان. نەتىجىدە ئارنىت (M. Arndt) [144] ئوتتۇرىغا چىقىپ، «دەۋر رو-

هى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، ئۇلۇغ ۋە سەلتەنەتلىك قەلىمى
بىلەن مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئاۋازىنى تەرغىب قىلغان،
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە غەزەپ ـ
نەپرەت ياغدۇرۇش ئىدىيىسى كۆچىيىپ ئەۋجىگە چىققان؛ ئۇزۇن
ئۆتمەي، دۈشمەن سېزىپ قېلىپ قاتتىق ئاختۇرۇشنى كۈچەيتكەن-
دە، ئاقىۋەت ئۇ شىۋېتسارىيىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بول-
غان. 1812 ـ يىلى ناپولېئون موسكۋانىڭ قاتتىق سوغۇقى ۋە ئوت
يالقۇنى ئىچىدە مەغلۇپ بولۇپ پارىژغا قېچىپ كەتكەن، شۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن ياۋروپا ئارقىمۇئارقا ئەسكەر چىقىرىپ قارشى قوزغال-
غان. ئىككىنچى يىلى پرۇسسىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم Ⅲ [145] بۇي-
رۇق چۈشۈرۈپ خەلقتىن قوشۇن توپلاپ، ئەركىنلىك، ھەققانى-
يەت ئۈچۈن ۋە ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى تەشۋىق قىلغان؛ ياش
ئوقۇغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملارمۇ بەس ـ بەس بىلەن قوشۇنغا
قاتناشقان. ئارىنتمۇ ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، «مىللىي قوشۇن
دېگەن نېمە؟»، «رەيىن دەرياسى دۆلەت چېگراسى ئەمەس، بەلكى
ئىچكى دەريا» دېگەن ئىككى شېئىرنى يېزىپ، ياشلارنىڭ كۈرەش
ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. شۇ ۋاقىتتىكى پىدائىيلار قوشۇنى
ئىچىدە تېئودور كورنېر (Theodor Korner) [146] دېگەن بىر كى-
شى بولۇپ، ئۇ ۋېنا دۆلەت تىياتىرىدىكى شائىرلىق ۋەزىپىسىدىن
ئىستېپا بېرىپ، قەلىمىنى مەردلەرچە تاشلاپ قويۇپ، ئاتا ـ ئانى-
سى ۋە ئايالى بىلەن خوشلىشىپ، قولىغا قورال ئېلىپ قوشۇنغا
قاتناشقان. ئۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا يازغان خېتىدە: پرۇسسىيە
بۈركۈتلىرى ئۆز جاسارىتى ۋە سەمىمىيىتى بىلەن نېمىس مىللىتى-
نىڭ ئۇلۇغ ئۈمىدلىرىنى ئويغاتماقتا. مەن ئۆز ناخشىلىرىم بىلەن
ۋەتەننى كۈيلىگەنىدىم، مەن ئەمدى ھەممە بەخت ـ سائادەتنى
تاشلاپ، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ئاتلاندىم. مەن ئاللانىڭ
قۇدرىتى بىلەن تولۇق ئەقلىمنى تاپتىم، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ئەر-





كىنلىكى، قۇتلۇق ھاياتى ئۈچۈن بۇ جېنىمنى ئاتا قىلسام نېمىتى؟
چوغدەك چەكسىز قىزىل قان يۈرىكىمدە دولقۇنلىماقتا، خەير-
خوش، مانا مەن دەس تۇردۇم! دەپ يازغان. ئۇ كېيىنكى «ساز
ۋە قىلىچ» نامىلىق شېئىرلار توپلىمىغىمۇ شۇ خىل روھنى سىڭ-
دۈرگەن بولۇپ، كىتابنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىسسىق قانلىرى
تومۇرلىرىدا دولقۇنلايتتى. شۇ ۋاقىتتا شۇنداق يۇقىرى قىزغىنلىق
ۋە ئاڭ سەۋىيىگە ئىگە ئادەملەر يالغۇز كورنېرلا ئەمەس ئىدى،
گېرمانىيىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق كەيپىياتتا ئىدى.
كورنېرنىڭ ئاۋازى پۈتۈن نېمىسلارنىڭ ئاۋازى، كورنېرنىڭ ئىس-
سىق قېنىمۇ پۈتۈن نېمىس خەلقىنىڭ قېنى ئىدى. شۇڭا، پەرەز
بىلەن ئېيتقاندا، ناپولېئوننى يەڭگەن كۈچ دۆلەتمۇ ئەمەس، پادى-
شاھمۇ ئەمەس، قورالمۇ ئەمەس، بەلكى خەلق ئىدى. خەلق كۆڭ-
لىدە شېئىر بولغاچقا، ھەممىسىدە شائىرلىق قابىلىيەت بولغاچقا،
گېرمانىيە ئاخىر مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلغان. بۇ داۋلىنى ئۆز تۆھ-
پىسى ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىۋالغان، شېئىرىيەتنى چەتكە قاقىد-
غان ياكى چەت ئەلنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن قوراللىرىنى پوكى-
نىغا بېسىپ يېتىپ، ئۆز جېنىنىڭ كويىدا قالغان كىشىلەر چۈشى-
نەلەمدۇ؟ بۇ نەرسىلەرنى دېيىشتىكى مەقسىتىم شۇكى، شېئىرد-
يەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى روھىي ئوزۇققا ئوخشىتىش مۇمكىن،
ئەمەلىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر شۇنى بىلىۋالسۇن-
كى، ئالتۇن ۋە تۆمۈر بىلەن دۆلەتنى كۈچەيتكىلى بولمايدۇ.
گېرمانىيە ۋە فرانسىيىلەردە بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەرنى ئەينەن
كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئې-
چىپ كۆرۈپ، شۇنىڭدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى غەرىزىم بۇ يەردە ئەمەس.

## 3

نوقۇل ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بارلىق سەنئەتنىڭ ماھىيىتى كۆرگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىر تۈرى، ماھىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ شەخسلەرنىڭ، دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسىمۇ يوق، ئەمەلىي مەنپەئەتتىن پۈتۈنلەي خالىي، ئۇنىڭدا پەلسەپە قائىدىلىرىنى ئىزدىنىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، ئەمەلىي ئۇنۇم جەھەتتە، كىشىلەرنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇشتا تارىخىي كىتابلارغا يەتمەيدۇ، كىشىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىشتا ئەقلىيە سۆزلەرگە يەتمەيدۇ، كىشىلەرنى باي قىلىشتا سودا ـ سانائەتكە يەتمەيدۇ، نام ـ نىشانغا ئېرىشىشتە مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە يەتمەيدۇ، لېكىن دۇنيادا ئەدەبىيات پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىنسانلار تاكامۇللىشىشقا يۈزلەنگەن. ئەنگلىيىلىك دوۋدېن (E. Dowden) [147] بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى دۇنياغا داڭق كەتكەن بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن گويا ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدۇ، مۇنداق ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، كىشىلەر يەنىلا ئۇنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ خۇددى دېڭىزدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا، ھېچقانداق نىشانسىز ھالدا دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋېرىپ، ئۈزۈپ چىققاندىن كېيىن روھىي قىياپىتى ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئۆزگىرىپ قالغانغا ئوخشاش بىر ئىش. دېڭىزدا ئەمەلىيەتتە دولقۇن بولىدۇ، ئەمما ھېچقانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە بىرەر ساۋاق، بىرەر ئەقلىيە سۆز قالمايدۇ. لېكىن، سۇ ئۈزگۈچى بولسا شۇ سەۋەبلىك روھىي ۋە جىسمانىي





كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. دېمەك، ئەدەبىياتنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى رولى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ ئىمارەت، دىن ـ ئېتىقاد، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ھەرگىز كەم ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەر جاھاندا ياشىغاندا، بەزىدە ئۆزلۈكىدىن تىرىشچان بولۇپ كېتىدۇ، بەزىدە غەپلەتتە قالىدۇ، بەزىدە تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بەزىدە تىرىكچىلىكنى ئۇنتۇپ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ، بەزىدە رېئال جەمئىيەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلسا، بەزىدە غايىۋى ئالەمنى چۈشەكەيدۇ، ناۋادا مەلۇم بىرلا تەرەپكىلا ئېسىلىۋېلىپ، باشقا تەرەپلەرنى تاشلىۋەتسە مۇكەممەللىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. قەھرىتان سوغۇق كەتمەي تۇرۇپ، باھار پەيزىگە يەتكىلى بولمايدۇ؛ جېنى بار، روھى ئۆلۈكنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنى بىلەنمۇ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! ئەدەبىياتنىڭ كېرىكى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئاز ـ تولا رول ئوينىيالىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە بولسا كېرەك. جون مىل[148] ئېيتقاندەك، يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى ئىلىم ـ پەننى چارە ـ تەدبىر، ئىدراكنى روھ، مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغان. ئومۇمىي يۈزلىنىش شۇنداق بولغان يەردە ئەدەبىياتنىڭ رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇشى تەبىئىي. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇ بىزنى روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ، روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ مۇشۇ ئىقتىداردىن باشقا يەنە ئالاھىدە بىر خىل رولىمۇ بار. چۈنكى، دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر ئىلىم ـ پەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان قانۇنىيەتلەرنى بىۋاستە ئىپادىلەپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، سىر دېگىنىمىز، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەقىقەت دېمەكتۇر. بۇ ھەقىقەت چوڭقۇر ھەم سىرلىق بولىدۇ، ئادەتتىكى بىلىم ئىگىلىرىمۇ ئۆز ئاغزى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، مۇزنى

كۆرۈپ باقمىغان ئىسسىق بەلۋاغ ئادەملىرىگە مۇزنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، فىزىكا ۋە بىئولوگىيە قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇ بەربىر سۇنىڭ توڭلايدىغانلىقىنى، مۇزنىڭ سوغۇقلۇقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ؛ مۇزنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندىلا ھەم قولىغا تۇتقۇزغاندىلا ئۇنىڭغا فىزىكا ۋە بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن سۆزلەپ ئولتۇرمىسىمۇ، مۇز دېگەن نەرسە كۆز ئالدىدا تۇرغاچقا، ھېچ گۇمان قىلماستىن چۈشىنەلەيدۇ. ئەدەبىياتمۇ خۇددى شۇنداق. گەرچە شەيئىلەر قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئىلىم ـ پەنگە ئوخشاش مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىتى بىۋاستە ئۇنىڭ قۇرلىرىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى يورۇپ كېتىدۇ ھەمدە دەرھال رېئال تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەت باغلىنىدۇ. بۇرۇن تەتقىق قىلىپ، باش قاتۇرۇپ چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەرنى خۇددى ئىسسىق بەلۋاغ ئادەملىرى مۇزنى كۆرۈپ چۈشەنگەنگە ئوخشاش ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ. ئارنولد (M. Arnold)[149] نىڭ، شېئىر كىشىلىك تۇرمۇشقا باھا، دېگىنىنىڭ مەنىسىمۇ خۇددى شۇ ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر گومېر (Homeros)[150] دىن بۇيانقى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، شېئىرىيەتكە يېقىنلىشىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىمۇ تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە تىرىشىدۇ. شېئىرنىڭ بۇ خىل ئۇنۇمى تەلىم ـ تەربىيە رولىغا ئىگە؛ تەلىم ـ تەربىيە رولى بولغانىكەن، كىشىلەرگە پايدىلىق بولۇشى تەبىئىي؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئەھمىيىتى ئادەتتىكىچە بولماستىن، بەلكى ئۇ كىشىلەرنى ئاڭلىق ۋە مەردانىلەرچە ئالغا ئىلگىرىلەشكە، جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ. چۈشكۈنلەشكەن ۋە





ئاجىزلاشقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ تەلىم ـ تەربىيىنى قوبۇل قىلماي، چۈشكۈنلىشىشكە باشلىغان.

ئەدەبىياتقا ئىجتىمائىي پەن نۇقتىسىدىن قارايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرى يەنە ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئەدەبىياتنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارايدۇ. ئۇلار شېئىرنىڭ ئاساسىي ئامىلى ئەقىدىلەرنىڭ چىنلىقىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. چىنلىق دېگەن نېمە؟ ئۇلار، شائىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي ئەقىدىلىرىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قانداق بولغاندا چىن بولغان بولىدۇ؟ ئۇلار، ئەڭ كۆپ تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا چىن بولغىلى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىنسانلار تەجرىبىسى قانچە مول بولسا، شېئىرنىڭ تەسىرىمۇ شۇنچە كەڭ بولىدۇ، دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەخلاق دېگىنىمىز، ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەقىدىلەردىن شەكىللەنگەن، شۇڭا شېئىر بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن، شېئىر بىلەن ئەخلاقنىڭ ماسلىشىشى ئىجتىمائىي ئەقىدىلەرگە بولغان ئىشەنچ دېمەكتۇر، شېئىرنىڭ جېنىمۇ ئەنە شۇ يەردە، ئۆچمەس قىممىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرگە مۇقابىل كېلىپ قالىدۇ، ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلغانىكەن، ئومۇمىي ئىجتىمائىي قائىدىلەرگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبلىك، مۇقەررەر ھالدا ئىجتىمائىي ئەقىدىلەرنىڭ چىنلىقىغا ئېرىشەلمەي قالىدۇ، ئىجتىمائىي ئەقىدىلەرنىڭ چىنلىقىنى يوقاتقانىكەن، ئۇ شېئىرمۇ يوقالماي قالمايدۇ. شۇڭا، شېئىرنىڭ يوقىلىشى ھەمىشە ئەخلاققا قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبلىك يۈز بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ ئۇلار. ئۇنداق بولسا بەزى شېئىرلار ئەخلاققا قارشى چىققان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ

تۇرالايدۇ؟ بۇمۇ ۋاقىتلىق ھادىسە، دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئۇلار. بۇ جۇڭگودىكى «كىشىلەر بىدئەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دېگەن كۆزقاراشقا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ناۋادا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى قايسىبىر كۈنى قايتا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان بولسا، مانا مۇشۇ خىل كۆزقاراش بىلەن ئۇنىڭ بىخلىرىنى ئايىماي يۇلۇپ تاشلايدىغان كىشىنى چىقمايدۇ، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. ياۋروپا ئوبزورچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەدەبىياتنى مۇشۇ خىل كۆزقاراش بىلەن ئۆلچەپ كەلگەنىدى. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا فرانسىيە ئىنقىلابى دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، شىرىن ئۇيقۇدىن بىراقلا ئويغاندى، ئەنگلىيىلا قىمىر قىلماي ياتاتتى، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بىلەن تۆۋەن قاتلىمى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى، دائىم خاتىرجەمسىزلىك يۈز بېرىپ تۇراتتى، شائىر بايرون دەل مۇشۇ دەۋردە ياشىغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن سكوت[151] قاتارلىق كىشىلەر ئۆتكەنىدى. ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپىنچە ئەستايىدىل ھەم سالماق بولۇپ، كونا دىنىي ئەخلاققا بەكمۇ ماس كېلەتتى. بايرون دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن بولسا، كونا ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ بىۋاسىتە ئۆز ئېتىقادىنى يازدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قەيسەرلىك، قارشىلىق، بۇزغۇنچىلىق، خىرىس سادالىرى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. جىمجىتلىقنى خالايدىغان ئادەملەر بۇنداق ئەھۋالدىن قورقماي تۇرالامدۇ؟ شۇڭا ئۇلار ئۇنى شاياتۇن دەپ ئاتىغان. بۇ گەپ دەسلەپ سوزېي (R. Southy)[152] نىڭ ئاغزىدىن چىققان، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، كېيىن دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، شېللىي (P. B. Shelley)[153] ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چىققان بىرقانچە كىشىلەرنىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتايدىغان بولغان. سوزېيمۇ شائىر ئىدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، شا-





ئىرلار تاجى دېگەن نامغا ئېرىشىۋېلىپ، بايرونغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان، بايرونمۇ بوش كەلمەي، ئۇنى «شېئىر سودىگىرى» دەپ تىللاپ، ئۆچىنى ئالغان، ئۇنىڭ «نېلسوننىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرى ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە.

«تەۋرات»تا خاتىرىلىنىشىچە، خۇدا يەتتە كۈن ئىچىدە ئاسمان ـ زېمىننى بىنا قىلغان، ئەڭ ئاخىرى لايدىن بىر ئەركەك جىنسنى ياساپ، ئۇنىڭغا «ئادەم» دەپ نام بەرگەن، كېيىن ئۇنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن بىر ئايال جىنسنى ياساپ، ئۇنىڭغا «ھاۋا» دەپ نام بەرگەن، بۇلارنى بېھىشكە ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا قۇش ـ جانىۋارلار، دەل ـ دەرەخلەرنى ۋە تۆت دەرىيانى بەرپا قىلغان. بېھىشتە ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسىدىكەن، ئۇنىڭ بىرى ھايات، يەنە بىرى بولسا مەرىپەت دەپ ئاتىلىدىكەن، خۇدا بەندىلەرگە دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى ئېيتىپتۇ؛ شەيتان يىلاننى كۈشكۈرتۈپ ھاۋا ئانىنى ئازدۇرۇپتۇ، ھاۋا ئانا مېۋىنى يەپ، ھايات ۋە مەرىپەتكە ئېرىشىپتۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خۇدا دەرغەزەپكە كېلىپ، ئادەمنى بېھىشتىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ، يىلاننى جازاغا تارتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىلان ئۆمىلەپ ماڭىدىغان، توپا يەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئادەملەر بولسا جان بېقىش ئۈچۈن جاپا چېكىدىغان، ئۆلىدىغان، ئەۋلادلىرىمۇ شۇنداق جازانى تارتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەنگلىيە شائىرى مىلتون (J. Milton) مۇشۇ ۋەقەنى ئاساس قىلىپ «قولدىن كەتكەن جەننەت» ناملىق ئەسىرىنى يازغان. ئەسەردە ئاللا بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر يورۇقلۇق بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە تەمسىل قىلىنغان. شەيتاننىڭ ئوبرازى ئىنتايىن ۋەھشىي تەسۋىرلەنگەن. مۇشۇ شېئىر تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر شەيتاننى تېخىمۇ يامان كۆرۈشكە باشلىغان. ئېتىقادى ئوخشاشمايدىغان جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئاتىنىڭ بېھىشتە تۇرغانلىقى قەپەستە

تۇرغان جانىۋار بىلەن ئوخشاش ئىش، خۇداغا ياخشى بولۇشنىلا بىلىپ، قالغان ھېچ ئىشنى بىلمەيدۇ، ئەگەر ئازدۇرىدىغان شەيتان بولمىسا، ئىنسانىيەتمۇ دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى، شۇڭا ئالەمدىكى كىشىلەر شەيتان بىلەن قانداش؛ شەيتان ئىنسانىيەتكە تۇنجى قېتىم مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى. ناۋادا خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرىتلىرىغا شەيتان دېگەن نام چاپلىشىپ قالسا، خۇددى جۇڭگودا «ئاسىي» دېگەن نام چاپلاشقانغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىپ جان بېقىش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا، مۇنداق ئاتاقنى قەيسەر، كۈرەشكە ماھىر، ئىدىيىسى ئازاد، پىكىر قىلىشقىمۇ ماھىر كىشى بولمىسا زادى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا بېھىشتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، ئىككى پەرزەنت كۆرۈپتۇ. چوڭىنىڭ ئېتى ھابىل، كىچىكىنىڭ ئېتى قابىل ئىكەن. ھابىل پادا باقىدىكەن، قابىل دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى خۇدا يولىدا نەزىر قىلىدىكەن، خۇدا بولسا ياغلىق نەرسىلەرگە ئامراق، دانلىق نەرسىلەرگە ئۆچ ئىكەن. شۇڭا، قابىلنىڭ نەزىرسىنى رەت قىلىدىكەن؛ شۇ سەۋەبتىن قابىل بىلەن ھابىل جېدەللىشىپ، ئاقىۋەت قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپتۇ، خۇدا قابىلنى جازالاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قابىلنىڭ زېمىنىدىن گىياھ ئۈنمەس بولۇپ قېلىپ، قابىل سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ. بايرون مۇشۇ ۋەقەدىن بىر ئېپىك شېئىر يېزىپ، خۇدانى قاتتىق ئەيىبلىگەن. خرىستىئان دىندىكىلەر بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرگەن، ئۆرپ - ئادەتنى بۇزغان، روھنى يوقىتىشنى تەرغىب قىلغان دەپ، جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قوزغىغان. تا ھازىرغىچە بەزى ئوبزورچىلار بايروننى مانا مۇشۇ خىل نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئەيىبلەشمەكتە. شۇ دەۋردە پەقەت مۇئور (Th. Moore)[154] بىلەن شېللېر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى نەپىس ھەم ئۇلۇغ دەپ ماختاشقان. نېمىس شائىرلىرىنىڭ





داھىيسى گېتېمۇ بايرون ئەسەرلىرى دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان، ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلەر، دەپ تىلغا ئالغان؛ كېيىن ئۇنىڭ ئېكېرمان (J. P. Eckermann)[155] غا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ بايروننىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاستە ئوقۇيالايدىغان بولۇشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. «تەۋرات» تا خاتىرىلىنىشىچە، قابىل سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەم ئاتا يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، ئادەم پەرزەنتى تېخىمۇ كۆپەيگەن، كۆپەيگەنسېرى يامان نىيىتىمۇ ئېشىپ بارغان؛ خۇدا پۇشايمان يەپ، ئادەم بالىسىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولغان، پەقەت نوھ دېگەن ئادەم خۇداغا بەك ئەقىدىلىك بولغاچقا، خۇدا ئۇنىڭغا ئەفى ياغىچىدىن قېيىق ياساشقا ئەمر بەرگەن؛ ئۇ بالا - چاقىلىرىنى، مال - ۋاران، جان - جانىۋارلىرىنى ۋە دەل - دەرەخلىرىنى قېيىققا كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشقان؛ ئاندىن كېيىن خۇدا 40 كېچە - كۈندۈز يامغۇر ياغدۇرۇپ توپان بالاسىنى پەيدا قىلغان، جان - جانىۋارنىڭ ھەممىسى غەرق بولۇپ تۈگەپ، پەقەت نوھ ئائىلىسىلا ئامان قالغان؛ توپان بالاسى توختىغاندىن كېيىن، نوھ قۇرۇقلۇققا چىقىپ ھاياتنى يەنە باشلىغان، پەرزەنت كۆرگەن، نەۋرە - چەۋرىلىك بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھاياتلىق بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بىز ئادەمزاتنىڭ مۇشۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، خۇدانىڭ پۇشايمان يەپ قالغانلىقىغا ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ شەيتاندىن يىرگىنىشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى، ھازىرقى ئادەملەر نوھ ئەۋلادلىرى بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئاسىيلارنى ئەيىبلەپ، خۇداغا سېغىنىشى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۇتقان يولىغا ئەمەل قىلىشى، يەنە بىر قېتىم توپان بالاسى بولۇپ قالسا، خۇدانىڭ ئەمرىگە ئېرىشىپ قېيىققا

ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى كۆزلىشى تەبىئىي. ئەمما، بىئولوگىيە ئالىملىرىدىن ئاڭلىشىمچە، ئاتاۋىزم ھادىسىسى بار ئىكەن، يەنى جانلىقلار ئارىسىدا ئۇرۇق ئۆزگىرىش ھادىسىسى بولىدىكەن، بەزى جانلىقلار قەدىمكى ئاتا - بوۋىسىغا ئوخشاپ قالىدىكەن؛ مەسىلەن، كىشىلەر بېقىپ يۈرگەن ئات گاھىدا خۇددى ئافرىقىدىكى تاغىل ياۋا ئاتقا ئوخشاش ياۋا تاي تۇغىدىكەن، توسۇن تاي ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شاياتۇن شائىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ خۇددى شۇنداق ئىش بولسا كېرەك. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. نۇرغۇن ئاتلار يېنىغا قوشۇلغان كۆندۈرۈلمىگەن ئاتتىن ئۈركۈپ ئۇنى تېپىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال.

## 4

بايروننىڭ ئىسمى گېئورگى گوردون (George Gordon). ئۇ، ئىسكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى بۇرۇن (Burun) دېگەن دېڭىز قاراقچىسى ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئائىلىسى كېيىن نورماندىغا[156] كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ۋىليام بىلەن بىرگە ئەنگلىيەگە كىرگەن، ھېنرى Ⅱ دەۋرىگە كەلگەندە ھازىرقى فامىلىنى قوللانغان. بايرون 1788 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى لوندوندا تۇغۇلغان، 12 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، ياش قۇرامىغا يەتكەندە كامبرىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان، ئاندىن ئەنگلىيەدىن ئايرىلىپ ساياھەت قىلىش قارارىغا كەلگەن، دەسلەپ پورتۇگالىيەگە بېرىپ، ئۇ يەردىن چىقىپ، شەرقتە يۇنان، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، گۈزەل مەنزىرىلەرنى، خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى كۆزىتىپ چىقىپ، ئىككى توملۇق «چىلدى خارولدنىڭ





ساياھىتى» نى يېزىپ چىققان. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ - غارايىب ۋەقەلەر كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن تۈركلەر ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «كاپىر» ۋە «ئابىتىنىڭ يېڭى خوتۇنى» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئالدىنقى ئەسەردە بىر كاپىر (ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم) نىڭ ھەسەننىڭ خوتۇنى بىلەن ئوينىغانلىقى، ھەسەن خوتۇنىنى سۇغا تاشلىۋەتكەنلىكى، كاپىر قېچىپ كەتكەنلىكى، كېيىن قايتىپ كېلىپ ھەسەننى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئاندىن مەسچىتكە كىرىپ توۋا قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن؛ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئۈمىدسىزلىك ۋە پىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ. كېيىنكى ئەسەردە زىلەيخا ئىسىملىك بىر قىزنىڭ سەلىم ئىسىملىك بىر يىگىتكە ئاشىق بولغانلىقى، ئەمما قىزنىڭ دادىسى ئۇنى باشقا بىراۋغا بەرمەك بولغانلىقى، ئاخىر زىلەيخانىڭ سەلىم بىلەن قاچقانلىقى، ئۇزۇن ئۆتمەي قولغا چۈشۈپ قالغاندا، سەلىمنىڭ قوغلىغۇچىلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلگەنلىكى، قىزنىڭمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن؛ ئەسەردە قارشىلىق كۆرسىتىش ئاۋازى ياڭرىتىلغان. 1814 - يىل 1 - ئايدا «دېڭىز قاراقچىسى» ناملىق شېئىرنى يازغان، شېئىرنىڭ قەھرىمانى كانراد دۇنيادىكى ھەممە ئىشتىن زېرىككەن، پۈتۈن ئەخلاق - پەزىلەتلەردىن قول ئۈزگەن، كۈچلۈك ئىرادىسىگە تايىنىپ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان، قول ئاستىدىكى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى باشلاپ يۈرۈپ دېڭىز پادىشاھى بولۇۋالغان بىر شەخس. ئۇ قولىدىكى بىر كېمە ۋە قىلىچىغا تايىنىپ خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىدىغان، ئۆيىدە پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرلا خوتۇنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بىر ئادەم. ئۆتكەندە خۇداغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، بىراق كانراد خۇدانى ئۇنتۇغان، خۇدامۇ كانرادنى ھېسابىنىڭ تېشىغا چىقىرىۋەتكەن، بىرلا قىلىچ ئۇنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى بولۇپ قالغان. ئۇ شۇ قىلىچى بىلەن نە دۆلەت قانۇنى،

نە بىر جەمئىيەت ئەخلاقى دېگەن نەرسىلەرنى كۆزنىڭ قىرىغىمۇ
ئىلمىغان، ھوقۇق قولىدىلا بولسا، ئۆز ئىرادىسىنى بىمالال ئىشقا
ئاشۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ نېمە بولۇشى، خۇدانىڭ قانداق ۋەھىيلىرى
بولۇشى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن تەقدىرنىڭ
قانداق بولار؟ دەپ سورىسا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن، قاپتىكى
قىلىچىمغا سۆيۈنمەن، قىلىچىم قېپىدىن چىقىپ ۋالىلدىغاندا قۇي-
رۇقلۇق يۇلتۇزمۇ ئۇنىڭغا دال بولالمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ،
ئەمما كانراد دەسلەپتە كىشىلەرگە ئانچە قاتتىق مۇئامىلىدە بولمى-
غان، ئۇنىڭ قەلبى ئېسىل ۋە ساپ غايە بىلەن تولغان، ئۇ ئىنساند-
يەتكە بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئاتا قىلىپ قويغان،
ئەمما يېگانىلەرنىڭ كۆز بوياۋاتقانلىقىنى، غەيۋەت ـ شىكايەت بى-
لەن ئەلنىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىپ قويغانلىقىنى، ئادەتتىكى ئادەم-
لەرنىڭمۇ گۇمانخور، زىيانكەش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بارا ـ بارا
باغرى قېتىپ، شۇ كىشىلەردىن يىرگىنىشكە باشلىغان، ئاخىر
باشقىلارنىڭ زەھەرلىشى سەۋەبىدىن پۈتۈن جەمئىيەتتىن ئۆچ ئې-
لىشقا ئاتلانغان. قىلىچىنى ئېلىپ، كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، ئادەم-
گىمۇ، خۇداغىمۇ قارشى چىققان، ئۆچ ئېلىش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇ-
دىنى چۇلغىۋالغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەئىدىيىگە ھۇجۇم قىل-
غاندا مەغلۇپ بولۇپ زىندانغا تاشلىنىدۇ، سەئىدىيە شاھىنىڭ كى-
چىك خوتۇنى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى
زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ بىرلىكتە قاچىدۇ، كانراد دېڭىزدا ئۆز
شېرىكلىرىگە يولۇقۇپ بار ئاۋازى بىلەن: «قاراڭلار، مانا مېنىڭ
كېمەم، مانا مېنىڭ بايرىقىم، دېڭىز يەنە مېنىڭ قولۇمدا!» دەپ
توۋلايدۇ. بىراق، ئۆيگە قايتىپ بارغاندا چىراغنىڭ غۇۋا يېنىپ
تۇرغانلىقىنى، جانجان نىگارىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن كانرادمۇ غايىب بولىدۇ، ئۇنىڭ شېرىكلىرى دېڭىز-
نىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى قىدىرىپ، ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكى-





نى ئالالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ سانسىزلىغان جىنايەتلىرى، مەرد ـ
مەردانە دېگەن نامى دۇنيادا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. بايروننىڭ
بوۋىسى يۇھەننا ئۆز ئەجدادىنىڭ بىر زامانلاردا دېڭىز پادىشاھى
بولغانلىقىنى ئەسلەپ، دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، دېڭىز ئار-
مىيىسىنىڭ مارشالى بولغانىكەن؛ بايروننىڭ «دېڭىز قاراقچىسى»
ئەسىرىنى يېزىشتىكى غەرىزىمۇ ئېھتىمال شۇ بولسا كېرەك. بەزى-
لەر بايروننى دېڭىز قاراقچىسى دەپمۇ ئاتىغان. بايرون بۇ گەپنى
ئاڭلاپ كۆڭلى يايراپ كەتكەن. شېئىردىكى كانرادنىڭ كىشىلەرگە
تۇتقان مۇئامىلىسى ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ سىمۋولى ئى-
كەنلىكىگە ئېھتىمال قىل سىغماس. شۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئۆ-
تۈپ، ئۇ يەنە «لارا» (Lara) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، لارانىڭ
ئادەم ئۆلتۈرۈشتە دېڭىز قاراقچىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى،
كېيىن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا مەغلۇپ بولغانلىقىنى، كۆك-
رىكىگە ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى بايان قىلغان. شېئىردا تەسۋىر-
لەنگەن غۇرۇرى كۈچلۈك باتۇرنىڭ مۇقەررەر تەقدىرىگە قەھرى
بىلەن قارشى چىققانلىقى تەسۋىرگە سىغمايدىغان دەرىجىدە پاجىئە-
لىك بولغان. بايروننىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرى بولسىمۇ،
بىراق ئانچە مۇھىم ئەسەرلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ، ئۇنىڭ شېئىرلى-
رىنىڭ كۆپ قىسمى سكوت شېئىرلىرىنى دوراپ يېزىلغان، سكوت
شۇ سەۋەبلىك ھېكايىچىلىقتا كۆچۈپ كەتكەن، بايرون بىلەن رىقا-
بەتلىشىشتىن قېچىپ شېئىر يېزىشنى تاشلىغان، بايرون كېيىنكى
كۈنلەردە خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، كىشىلەر ئاجرىشىپ
كېتىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەستىن تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلىگەن، بىر
يىغىن بولۇپ قالسىلا، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ھاقارەتلەپ ئارام
بەرمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ تىياتىرغا كېلىشىنىمۇ چەكلىگەن. دوستى
موللى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغاندا، بۇ ئىش ئۈستىدە مۇلاھىزە
يۈرگۈزۈپ: كىشىلەر بايرونغا مۇئامىلە قىلغاندا خۇددى ئانىسىغا

ئوخشاش، تۇرۇپ ئامراقلىق قىلاتتى، تۇرۇپ يىرگىنەتتى، قارا-
رى يوق ئىدى، دەپ يازغان. تالانت ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك
قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆنۈپ قالغان ئادىتى بولسا كېرەك، يالغۇز
ئەنگلىيىدىلا ئەمەس، ھەممە يەردە ئوخشاش. جۇڭگودا خەن ۋە جىن
سۇلالىرىدىن كېيىن داڭق چىقارغان ئەدىبلەرنىڭ تولىسى قارىلى-
نىپ كەلدى. ليۇ شى ئۇلارنى ئاقلاپ: ئادەم بالىسى بەش خىل
خۇسۇسىيەت سەۋەبى بىلەن، بەزىلىرى ئېگىز، بەزىلىرى پاكار
بولىدۇ، ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇق-
چىلىقى - كەمچىلىكى بولىدۇ، ئەۋلىيالا بولمىسا، مۇكەممەل
بولۇشىنى تەلەپ قىلىش قىيىن، لېكىن سەركەردىلەر، ۋەزىرلەر،
مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن شۆھرەت قازىنىدۇ، ئەدىبلەر
مەرتىۋىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن تىل - ھاقارەت ئاستىدا ياشايدۇ،
بۇ خۇددى دەريا سۇلىرى ئۆركەشلەپ ئاقسا، ئېرىق سۇلىرىنىڭ
بىردەم كۆپ، بىردەم ئاز ئاققىنىغا ئوخشاش بىر ئىش، دەپ
يازغان. ئۇ مۇشۇ گەپلىرى ئارقىلىق شەرقنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى
يەكۈنلىگەن. ئەمما، بايرونغا كەلگەن بالايىئاپەت يۇقىرىدا ئېيتىل-
غان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەمەس، ئەكسىچە نامىنىڭ چىقىپ كەتكەنلى-
كى، جەمئىيەتتە جاھىل كۈچلەرنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ
يېنىدا ماراپ ياتقان دۈشمەنلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يوچۇق-
تىن پايدىلانغان، باشقىلار ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرمەي ئۇلارغا
ئەگەشكەن. يۇقىرى ئەمەلدارلارنى مەدھىيىلەپ، كەمبەغەل يازغۇ-
چىلارنى قىيىنغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ پەسكەش ۋاستىلىرى بۇ-
نىڭدىنمۇ بەك يامانلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بايرون ئەنگلىيى-
دە تۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. ئۇ: كىشىلەرنىڭ باھاسى راستتىن
توغرا بولسا، مەن ئەنگلىيە ئۈچۈن پۇتۇنلەي كېرەكسىزمەن، ناۋادا
كىشىلەرنىڭ باھالىرى خاتا بولسا، ئۇ ھالدا ئەنگلىيىنىڭ مەن
ئۈچۈن قىلچە كېرىكى يوق. مەن كەتسەم ئوڭشىلارمۇ؟ كەتكىنىم





بىلەنمۇ ئىش تۈگىمەيدۇ، چەت ئەلگە كەتكىنىم بىلەنمۇ، ئۇلار
بەربىر مېنىڭ يېنىمدا بولىدۇ، دېگەن. ئاقىۋەت ئۇ ئەنگلى-
يىدىن چىقىپ، 1816 - يىل 10 - ئايدا ئىتالىيىگە بارغان،
شۇنىڭدىن باشلاپ بايروننىڭ ئەسەرلىرى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈندى.

بايرون چەت ئەلدە يازغان «چىلدى خارولدنىڭ ساياھىتى» نىڭ
داۋامى، «دون، جوئان» ۋە ئۈچ قىسىملىق شېئىرىي درامىسىدا
شەيتان ماختىلىپ خۇداغا قارشى تۇرۇلغان، كىشىلەر سۆزلەشكە
پېتىنالمىغان سۆزلەر ئېيتىلغان. ئۇنىڭ «مانفرېد (Manfred)»
ناملىق شېئىرىي درامىسىدا تەسۋىرلىنىشچە، مانفرېد ئىشق جۇدا-
لىقى دەستىدە دەرد - ئەلەم ئىچىدە قالغان، جۇدالىقنى ئەستىن
چىقىرىۋېتەي دېسىمۇ چىقىرىۋېتەلمىگەن. بۇ ۋاقىتتا كۆزىگە شەي-
تان كۆرۈنىدۇ، شەيتان ئۇنىڭدىن نېمە دەردىڭ بار؟ دەپ سورىغان-
دا، ئۇ جۇدالىقنى ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن، دەيدۇ. شەيتان ئۇنىڭغا:
ئۆلسەڭ ئۇنتۇيسەن، دەيدۇ. مانفرېد: ئۆلۈم ھەقىقەتەن ئادەمنى
ئۇنتۇلدۇرالامدۇ؟ دەپ سورايدۇ ۋە شەيتاننىڭ گېپىگە ئىشەنچ
ھاسىل قىلالمايدۇ. كېيىن مانفرېدنىڭ ئۆيىگە بىر شەيتان كىرى-
دۇ، مانفرېد دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: سەنلەر مېنى قايمۇقتۇ-
رۇپ ئۆزۈمگە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرگۈزمەكچىمۇ، خام خىيال ئەيلىمەڭ-
لار (بۇ يەردىكى گەپلەر قىسقارتىلدى)، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم
يوقىتالايمەن، يوقال كۆزۈمدىن شەيتانلار! ئۆلۈم ئۆز قولىنى ماڭا
سۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ، بىراق بۇ قول سەنلەرنىڭ قولۇڭ ئەمەس،
دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى: ياخشىلىق ياكى يامانلىق، مۇكاپات
ياكى جازا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق، خۇدا بىلەن شەيتاننىڭ
ئارىلىشىش ھەققى يوق، شۇنداق ئىكەن، باشقا جىن - ئالۋاستى-
لارنىڭ تېخىمۇ ھەققى يوق، دېگەندىن ئىبارەت. مانفرېد ئەنە
شۇنداق قەيسەر، بايرونمۇ خۇددى شۇنداق قەيسەر ئىدى. بەزى
ئوبزورچىلار بايروننىڭ مۇشۇ ئەسىرىنى گېتىنىڭ «فائۇست»

(Faust) ناملىق ئەسەرگە ئوخشىتىدۇ. ئىككىنچى ئەسىرى «كائىن». ئەسەر ۋەقەسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەنىدى. بۇ ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، روسفەر ئىسىملىك بىر شەيتان كائىننى باشلاپ ئەرشكە چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ساۋابلىق، يامانلىق، ھايات ۋە ماماتنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ، كائىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەقىلگە كېلىپ، شەيتاننى ئۇستاز تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دىن ئەھلىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بايرون يەنە «ئاسمان ـ زېمىن» ناملىق ئەسىردنى يېزىپ ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ قەھرىمانى ئىبىس مېھرىبان ۋە لېكىن تەركىدۇنيا بىر شەخس. بۇ ئەسەردىمۇ دىننى ئەيىبلەش ئارقىلىق دىننىڭ نامۇۋاپىق جايلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. مەسىلەن، شەيتان قانداق پەيدا بولغان؟ خرىستىئان دىنىنىڭ ئېيتىشىچە، شەيتانمۇ پەرىشتىلەرنىڭ چوڭى ئىكەن. بىراق، يامان نىيەتكە كېلىپ، خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەنىكەن، غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، زىندانغا تاشلىنىپ شەيتان، دەپ ئاتالغانىكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەيتاننىمۇ خۇدا ياراتقانىكەن، شەيتان يارالغاندىن كېيىن بېھىشكە، باغۇبوستانلىق، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك جەننەتكە ئوغرىلىقچە كىرىۋالغانىكەن، ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بېھىش خانىۋەيران بولغانىكەن. زور قابىلىيىتى بولمىغىنىدا شۇنداق قىلالارمىدى؟! بېھىش خۇدانىڭ پاناھىدىكى جاي، شەيتان بېھىشنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەنىكەن، خۇدانى قانداقمۇ ھەممىگە قادىر دېگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەھشىي نەرسىنى ئۆزى ياراتقان تۇرۇپ، يەنە ئۇنى جازالىسا، ئۇنىڭ كاساپىتىنى ئىنسانلارغىمۇ قالدۇرسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ رەھىمدىللىكى نەدە قالدى؟ شۇڭا قابىل: خۇدا بەختسىزلىكنىڭ يىلتىزى، دەپ ئېيتقانىكەن، خۇدانىڭ ئۆزىمۇ بەختسىز ئىكەن، مەغلۇپ بولغان تەلەيسىزلەرنى ئۆزى ياراتقان تۇرسا بەختتىن يەنە قانداقمۇ سۆز





ئاچقىلى بولسۇن؟ ئەمما دادام ماڭا: خۇدا ھەممىگە قادىر، دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن، خۇدا ئاق كۆڭۈل بولسا، يەنە نېمىشقا يامان ئىشلارنى قىلىدۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ياخشىلىق قىلىشىنىڭ ۋاستىسى؛ خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىرى خۇددى خۇدانىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك، كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئاچ ـ يالىڭاچ قويۇپ، ئاندىن رىزقىنى بەرمەك؛ ئالدى بىلەن ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ ئاندىن شىپالىق بەرمەك؛ گۇناھكارنى ئۆزى ياردتىپ، يەنە ساڭا رەھىم قىلدىم دەيدۇ؛ شۇڭا بەندىلەر خۇداغا زىكرى ئېيتىدۇ، ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئىبادەتخانىلار سالىدۇ. روسفەر بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ: مەن شۇنداق قەسەم بېرەلەيمەنكى، دۇنيادا مەندىن كۈچلۈكلەر بار بولسا باركى، مەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېچكىم يوق، چۈنكى كۈچلۈكلەر مېنى يېڭىۋالسا، مېنى يامان ئادەم دەيدۇ؛ ناۋادا مەن غەلىبە قىلىپ چىقسام، خۇدانىڭ ئۆزى بەتنامغا قالىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولىدۇ، دەيدۇ. بايروننىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۈستىدىكى بايانلىرى نىتسىنىڭ بايانلىرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. نىتسى، كۈچلۈكلەر ئاجىزلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى يامانلىق دەپ ئاتايدۇ، يامانلىق دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ. روسفەر يامانلىقنى ئاجىزلارغا تېڭىلغان ئۇۋالچىلىق دەپ ھېسابلايدۇ. نىتسى ئۆزى كۈچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، كۈچلۈكلەرنى مەدھىيىلەيدۇ. ئەمما روسفەر كۈچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلسىمۇ كۈچلۈكلەرگە قارشى چىققان. دېمەك، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى چۈشەندۈرۈشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، كۈچلۈكلەردىن بولۇش جەھەتتە كۆزقارىشى ئوخشاش. كىشىلەر خۇدانى ئەڭ كۈچلۈك، شۇڭا ھەم ئاق كۆڭۈل دەيدۇ، ئەمما بۇ ئاق كۆڭۈل

مەبۇد گۈل بىلەن مېۋىنى ياقتۇرمايدۇ، پەقەتلا گۆشنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قابىل شۇنچە پاكىز نەرسىلەرنى نەزىر قىلسىمۇ، لېكىن قويۇن چىقىرىپ ئۇچۇرۇۋەتكەن. ئىنساننى خۇدا ياراتقان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىگە ياقمىغان هامان توپان بالاسىنى كەلتۈرۈپ، بىگۇناھ ئوتياش، دەل - دەرەخ، ئۇچارقۇش، جان - جانىۋارنى پاك - پاكىز يوقىتىۋەتكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق كىشىلەر يەنە، خۇدا گۇناھسىزنى يۇيۇۋەتتى، شۇڭا زىكىر قىلماق ۋاجىپ، دەيدۇ. لېكىن ئىبىس بولسا: هەي، ئامان قالغان ئادەمزات سوپەكلەر، سەنلەر توپان بالاسىدىن خۇدا ساقلاپ قالدى، ئامىتىمىز بار ئىكەن، دەپ ئويلىشىۋاتامسەن؟ سەنلەر ئۆز جېنىڭلارنى ساقلاپ قالغاندىن كېيىن، يەپ - ئىچىپ، كەيپ سۈرۈپ ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇپ يۈرگىنىڭلاردا دۇنيانىڭ غەرق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئازراقمۇ ئىچىڭلار ئاغرىماپتۇ، توپان ئىچىدە قېرىندىشىڭلار بىلەن تەقدىرداش بولىدىغان جىگىرىڭلارمۇ يوق ئىكەن، ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ ئارقىسىدىن كېمىگە چىقىۋېلىپ، قەبرىلەر ئۈستىدە شەھەر بىنا قىلىۋاتىسىلەر، بۇنىڭغا قىلچە خىجىل بولمامسىلەر؟ دەيدۇ. ئىنسانىيەت راستتىن خىجىل بولماي، ئەكسىچە باش ئۇرۇپ خۇداغا زىكرى قىلماقتا. شۇ سەۋەبتىن خۇدامۇ بارغانچە قۇدرەت تاپماقتا. ناۋادا ئىنسانلار خۇدا بىلەن كارى بولمىغان بولسا، خۇدانىڭ يەنە قانچىلىك كۈچ - قۇدرىتى بولاتتى؟ هوقۇقنى خۇداغا ئىنسانلار بەرگەن ۋە خۇدادىن پايدىلىنىپ شەيتاننى بەند قىلماقتا، ۋەھالەنكى، ئىنسانلار خۇدا غەرق قىلىۋەتكەن ئىنسانلار بىلەن ئۇرۇقداش. شەيتاننىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ كالۋا ۋە قەبىھلىكىگە گەپ كەتمەيدىغۇ؟! ئىنسانلارنى ئويغىتىش نىيىتىگە كېلىپ، گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىپ بولغۇچە، ئەتراپىڭدىكىلەر يىراققا قېچىشىدۇ، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى ئاڭلىغىسىمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلارنى مەيلىگە قويۇۋېتىش شەيتاننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن





ئىشى ئەمەس، شۇڭا ئۇ دۇنيادا يەنە ئۆز هوقۇقىنى ئىشقا سالىدۇ؛ خۇدامۇ بىر هوقۇق، شەيتانمۇ بىر هوقۇق. بىراق، شەيتاننىڭ هوقۇقىنى خۇدا بەرگەن، خۇدا كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالغاندا، شەيتان هەرگىز ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن، خۇداغا ئۆز كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمزات ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدۇ. دۇنيادا مۇنداق زىددىيەتلىك هەرىكەتلەردىن يەنە باشقىسىنى تاپقىلى بولماس. لېكىن، ئۇنىڭ ئادەمزاتقا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشتىن مەقسىتى خۇداغا قارشى تۇرۇش. ناۋادا هەممە كىشى خۇداغا قارشى تۇرىدىغان بولسا، شەيتاننىڭ ئادەمزاتقا زورلۇق قىلىشىنىڭ نېمە هاجىتى بولسۇن؟ بايرونمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇ ئۆزى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغاچقا، ئارقىدا قالغان كىشىلەرگە غەزەپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆزى باشقىلاردىن بىر قەدەم ئىلگىرى تۇرمىغاندا، باشقىلارنىڭ كۆپچىلىكتىن كېيىن قالماسلىقىغا تۈرتكە بولغىلى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۆزىلا سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشىمۇ، شەيتان ئېيتقاندەك، ئەڭ چوڭ نومۇس ئىش هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ قۇدرەتنى تەرغىب قىلغان هەم كۈچلۈكلەرنى مەدھىيىلىگەن؛ ئامېرىكىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ هۆر - ئەركىن دۆلەت، خۇدانىڭ بوستانى، زۇلۇمدىن خالىي ماكان، دېگەن. دېمەك، بايرون ناپولېئوننىڭ دۇنيانى ۋەيران قىلغانلىقىنى ياقتۇرۇپلا قالماي، ۋاشىنگتوننىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىشلىرىنىمۇ ياقتۇرغان؛ دېڭىز قاراقچىسىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغىمۇ ئىنتىلگەن. يۇناننىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگىمۇ ئۆزى بىۋاستە ياردەم بەرگەن. دېمەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىلارنى بېسىشمۇ، تاقابىل تۇرۇشمۇ بار ئىدى، ئەركىنلىكمۇ، ئادەمگەرچىلىكمۇ بار ئىدى.

## 5

غۇرۇرى ئەڭ كۈچلۈك ئادەملەر زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالمايدىغان بولىدۇ، بىدئەتلەرگە نەپرەتلىنىدۇ، رەقىبلىرىم بىلەن ئېلىشىمەن، دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. ئادەم بالىسى غۇرۇرلۇق بولغانىكەن، ھېچكىمگە يول قويغۇسى كەلمەيدۇ، مۇرەسسەلەشمەيدۇ، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر پۈتۈن جەمئىيەت بىلەن توقۇنۇش ھاسىل قىلىدۇ، بارا - بارا ئىنسانلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. بايرون ئەنە شۇنداق كىشى ئىدى. ئۇ: مۇنداق قاقاس، ئۇنۇمسىز يەردىن بىز نېمە ھوسۇل ئالالايمىز؟ (بۇ يەردىكى سۆزلەر قىسقارتىلدى) ھەممە نەرسىنى بىمەنە ئۆرپ - ئادەت بىلەن ئۆلچىشىدۇ، جامائەت پىكرى دېگەن بىرنېمىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ھەقىقەتەن زور، ئەمما شۇ جامائەت پىكرى جاھاننى زۇلمەت بىلەن قاپلىماقتا، دەيدۇ. بايروننىڭ بۇ سۆزلىرى يېقىنقى زامان نورۋېگىيە يازغۇچىسى ئىبسېننىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئىبسېن يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىخۇدلۇقىغا غەزەپلىنىدۇ. ھەقىقەتنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىدۇ. ئۇ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى «خەلق دۈشمىنى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. دوختۇر ستوكمان ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، چاكىنا ۋە بىمەنە ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان شەخس بولغانلىقتىن، ئاخىر جەمئىيەت دۈشمىنى دېگەن نامغا قالغان. ئۇ ئۆزى ئۆي خوجايىنى تەرىپىدىن ھەيدىلىدۇ، قىزى مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە قىلچە ئىككىلەنمەستىن كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئۇ:





مەن ھەقىقەتنى تاپتىم، دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئادەم يېگانە ئادەم ئىكەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئەمما، بايرون ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە ئىگە ئىدى. بەزىلىرى زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي، تەركىدۇنيا بولۇپ، جەمئىيەتتىن چەتتە تۇراتتى. خارولېدقا ئوخشاش تەبىئەتنى دوست تۇتۇشقا رازى ئىدى؛ بەزىسى مانفېرېدقا ئوخشاش رېئاللىقتىن يىرگىنىشتە چېكىگە يەتكەن بولۇپ، ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن؛ بەزىسى كانرات ۋە روسفەرگە ئوخشاش جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلى جەمئىيەتنى چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرۈپ، بۇزۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئۆچ ئېلىشنى خالىغان؛ بەزىسى دون جۇئانغا ئوخشاش قانداقتۇ ئەخلاق، ئەقىدە دېگەن نەرسىلەردىن قولىنى يۇيغان، ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلماي، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، جەمئىيەتنى مەسخىرە قىلىش بىلەن ئۆز كۆڭلىگە ئارام بەرگەن. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، بەزىلەر مەرد - مەردانىلىكنى قەدىرلىگەن، ئاجىزلارغا يار - يۆلەكتە بولغان، ناھەقلىقلەرگە قارشى چىققان، كۈچلۈك ئەمما دۆت كۈچلۈكلەرگە پەشۋا بەرگەن، بۇ يولدا پۈتكۈل جەمئىيەتنى رەنجىتىپ قويۇشتىنمۇ قورقمىغان، ئاخىرقى مەزگىللەردىكى بايرون ئەنە شۇنداق كىشى ئىدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىتابنىڭ باش قەھرىمانىنىڭكىگە ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ مانفېردقا ئوخشاش غەمكىن ھەم ئۈمىدسىز، كىشىلەردىن چەتتە يۈرۈشنى خالايدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي يۈرەتتى، مەنمەنلىك قىلىپ، ھېچنېمىدىن قورۇنۇپ - قىسىنىپ ئولتۇرمايتتى، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىنمۇ چۆچۈپ كەتمەيتتى، بۇزۇش ۋە ئۆچ ئېلىشتا زادىلا ھېيىقىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇنىڭ مەردانىلىكى ئوتلۇق يۈرىكىدىن





كېلىپ چىققان، ئۇ مۇستەقىللىقنى قەدىرلەيتتى، ئەركىنلىكنى
قىزغىن سۆيەتتى، ناۋادا بىرەر قۇل ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا،
ئۇ كۆڭلىدە قانچىلىك ئازابلانسىمۇ نەپرەتلىك كۆزىنى ئۇنىڭغا
قادىغان بولاتتى. كۆڭلىدە ئازابلانغانلىقى قۇلنىڭ بەختسىزلىكىگە
ھېسداشلىق قىلغانلىقى، نەپرەتلىك كۆزىنى قادىغانلىقى قۇلنىڭ
قارشى چىقمىغانلىقىغا نەپرەتلەنگەنلىكى ئىدى. بايروننىڭ يۇنان
مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ ۋە ئاخىر يۇنان
قوشۇنىدا شېھىت بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. بايرون ھۆرىيەت-
پەرۋەر بولۇپ، ئۇ بۇرۇنلا ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆز
ۋەتىنىدىلا كۈرەش قىلىش ھاجەت ئەمەس، باشقا ئەللەر ئۈچۈنمۇ
كۈرەش قىلالايدىغان بولۇش كېرەك، دېگەنىدى. شۇ دەۋردە ئىتا-
لىيە ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەركىنلىكتىن
مەھرۇم بولغان، شۇ سەۋەبلىك مەخپىي پارتىيە تەشكىللەپ مۇستە-
قىللىق ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانىدى. بايرونمۇ بۇ پارتىيە-
گە مەخپىي قاتناشقان، ئەركىنلىك روھىنى قانات يايدۇرۇشنى
ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغانىدى. گەرچە قانخورلار بىلەن پايلاقچىلار ئۇ-
نىڭ ئىزىدىن قالماي پايلاپ يۈرسىمۇ، ئۇ يەنىلا توختىماستىن
پىيادە ۋە ئاتلىق سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئاۋست-
رىيىلىكلەر مەخپىي پارتىيىگە بۇزغۇنچىلىق سالدى، ئۈمىد كې-
سىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنى
ھېچكىم ئۆچۈرەلمىدى. بايروننىڭ ئىتالىيە خەلقىگە بولغان تۇرت-
كىسى ۋە ئىلھامى كېيىنكى دەۋرگىچە تەسىر قىلىپ، ماززى-
نىنى[157] ۋە كاۋۇر[158] نى ھەرىكەتكە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن
ئىتالىيە مۇستەقىللىقى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. شۇڭا، ماززىنى:
ئىتالىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بايروننىڭ ياردىمىدىن زادى ئايرىپ
قارىغىلى بولمايدۇ، ئېلىمىز خەلقىنى ئويغاتتى! دەپ ئېيتىدۇ.
بۇ ھەقىقەتەن چىن كۆڭۈلدىن ئېيتىلغان سەممىي گەپ. بايرون





ئادەتتە يۇنانغىمۇ ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسى
خۇددى كومپاسنىڭ يىڭنىسى ھەمىشە جەنۇبنى كۆرسىتىپ تۇرغان-
دەك ھەمىشە يۇنانغا مايىل تۇراتتى. شۇ دەۋرلەردە يۇنان ئۆز
ئەركىنلىكىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ھەمدە تۈركىيە زېمىنىغا قوشۇ-
لۇپ كەتكەن، تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قارشىلىق كۆرسى-
تىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانىدى. شائىر بۇنىڭدىن ئۆكۈنگەن،
قايغۇرغان، ھېسسىياتىنى ھەمىشە ئۆز ئەسەرلىرىدە بايان قىلىپ،
قەدىمىي يۇناننىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىنى ياد ئېتىپ، كېيىنكى
چۈشكۈنلۈكىدىن قايغۇرۇپ، ئۇنى بەزىدە ئەيىبلىسە، بەزىدە رىغ-
بەتلەندۈرەتتى، ئۇلاردىن تۈركلەرنى ئۆز ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقى-
رىپ، دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈپ، قەدىمىي شانلىق، ھەيۋەتلىك يۇنا-
نىستاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ
«كاپىر» ھەم «دون جۇئان» سەرلەۋھىلىك شېئىرلىرىدىكى نارا-
زىلىق ئىچىدىكى ئەيىبلەشلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئۈمىدلىرىنىڭ سە-
مىمىيلىكى بۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان دەلىل بولالايدۇ. 1823 ـ
يىلى لوندوندىكى يۇنانلار جەمئىيىتى[159] يۇناننىڭ مۇستەقىللىق
ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈپ بايرونغا خەت يازغان. بايرون
ئادەتتە ئەينى زامان يۇنانلىرىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن ھەم ئۇلار-
نى دەۋر قۇللىرى، ئەركىن مىللەتنىڭ قۇل پۇشتلىرى دەپ
ئاتىغان، شۇڭا خەتكە دەرھال جاۋاب بەرمىگەن؛ ئەمما ھەققانىيەت
يۈزىسىدىن ئاخىر بەرىبىر ماقۇل بولغان ۋە يۇنانىستانغا بارغان.
يۇنان خەلقى ھەقىقەتەن بايرون ئېيتقاندەك چۈشكۈن ئىدى. ئۇلار-
نى قايتىدىن روھلاندۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىنغا توختايتتى. شۇڭا،
ئۇ كېپالونىيە[160] يېرىم ئارىلىدا بەش ئاي تۇرۇپ، ئاندىن مىسسو-
لۇنگى[161] شەھىرىگە يېتىپ بارغان. شۇ ۋاقىتتا يۇناننىڭ دېڭىز
ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرى ناھايىتى قىيىن شارائىتتا تۇراتتى،
بايروننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىدىن خۇددى خۇدا-

نىڭ ئەلچىسى كەلگەندەك سەپ تىزىپ قارشى ئالغان. ئىككىنچى
يىلى 1 ـ ئايدا يۇناننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىتى ئۇنى باش ۋازىرلىققا
تەيىنلەپ، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپ-
شۇرغان. ئەمما، يۇناننىڭ شۇ مەزگىلدىكى مالىيىسى ئىنتايىن
قىيىن بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى يوق، ۋەزىيەت
ئوڭشىغىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
سولىئوت[162] ياللانما قوشۇنلىرى بايروننىڭ مۇلايىملىقىنى كۆ-
رۈپ، ناھايىتى جىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئازراق نارازى
بولسا، ئەسكەرلىرى قوشۇننى تاشلاپ كېتىۋاتقان. يۇناندىكى مۇنا-
پىقلار بايروننى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى كۈشكۈرتكەن. باي-
رون قاتتىق غەزەپلىنىپ يۇنان خەلقىنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللىقىنى
پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەيىبلىگەن. ئىلگىرى ئېيتقاندەك، دەۋر قۇل-
لىرىنى قۇتقۇزماق ئەنە شۇنداق قىيىن ئىدى. بايرون يەنىلا ئۈمىد-
سىزلەنمەي، ئۆزى قول سېلىپ ئىنقىلابنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستى-
گە ئېلىپ، ئەتراپىنى قورشىۋالغان قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلىكلەرگە
تاقابىل تۇرغان. ھەربىيلەر ئىچىدە زىددىيەت چىقسا ئۇلارنى كې-
لىشتۈرگەن، ئۇلارغا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆزى باشلامچى
بولۇپ ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پۇل قەرز ئېلىپ يوقسۇل-
لارغا قۇتقۇزۇش بەرگەن، يەنە مەتبۇئاتچىلىق تۈزۈملىرىنى بېكى-
تىپ چىققان ھەمدە ئىستىھكاملارنى پۇختىلاپ، جەڭگە ئاكتىپ
ھازىرلىق كۆرگەن. يۇناندىكى ئىچكى زىددىيەت ئەڭ جىددىيلەش-
كەن مەزگىلدە، تۈركلەر ئۇشتۇمتۇت مىسسولۇنگى شەھىرىگە ھۇ-
جۇم قىلىپ كىرگەندە 300 كىشىلىك سولىئوت ياللانما قوشۇنى
قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىۋالغان. كې-
سەل ياتقان بايرون بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا قىلچە ھودۇقماستىن،
پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى تىنچىتىشقا تى-
رىشقان. ئۇلارنى بىر نىيەتتە سىرتقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا





ئۈندىگەن. ئىچكى ۋە سىرتقى جەھەتتىن بىرلىشىپ كېلىۋاتقان
ھۇجۇم تۇيەيلىدىن ھەددىدىن تاشقىرى چارچىغان، چارچاش ئۈزار-
غانسېرى ئۇنىڭ كېسىلىمۇ بارا ـ بارا خەتەرلىك بولۇپ قالغان.
ئۆلەر ۋاقتىدا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قەغەز قەلەمنى كۆتۈرۈپ
كېلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى يازماق بولغاندا، بايرون: ياق، كېچە-
كىپ قالدىڭلار، دەپ ئۇنىمىغان. كېيىن پەس ئاۋازدا بىرمۇنچە
كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىققان ۋە ئاخىر «گېپىم تۈگى-
دى» دېگەن. قول ئاستىدىكىلەر گېپىڭىزنى چۈشەنمىدۇق، دې-
گەندە، ئۇ: «چۈشەنمىدۇق؟ ھە، كېچىكتىڭلار!» دېگەن،
تۇرقىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن
ئۇ يەنە: «مەن ئۆزۈمنىڭ ھەممە نەرسەمنى، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ
سالامەتلىكىمنى يۇنانغا بەردىم، ئەمدى جېنىمنىمۇ بېرىۋاتىمەن،
ئەمدى بەرگۈدەك يەنە نېمەم قالدى؟» دېگەن ۋە جان ئۈزگەن. بۇ
1824 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچ سائەت 6 بولغان
ۋاقىت ئىدى. ھازىر ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىگەندە شۇنى
تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، دەسلەپكى مەزگىلدە بايرون ناھا-
يىتى زور ئۈمىد بىلەن يۇنانغا بارغان ھەم ئۆزىنىڭ مەشھۇر تالانتى-
نى ئىشقا سېلىپ يۇناننىڭ قەدىمي شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە
كەلتۈرمەكچى بولغان. ئۇنىڭچە، ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ بىرلا تۇۋلى-
سا، كىشىلەر ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدىغاندەك كۆرۈنى-
گەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزى بىر چەت ئەللىك تۇرۇپ، ھەققانىي غەزەپ
بىلەن يۇنانغا جان كۆيدۈرۈۋاتقان يەردە يۇنانلىقلار ئەلۋەتتە ئۇزۇن-
دىن بېرى چۈشكۈنلۈك ۋە چىرىكلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ،
كونا ئەنئەنىلىرى بولغاچقا، ۋىجدان تۇيغۇسى كەتمىگەچكە، ئۆز ۋەتى-
نىگە ئازراقمۇ مۇھەببەت بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ئەمما ئاخىرىغا
كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئويلىرى پەقەت بىر چۈش ئىكەنلىكىنى، ئەر-
كىن مىللەتنىڭ قۇل پۇشتىلىرىنى قۇتقۇزۇش ھەقىقەتەن تەس

ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. ئۇ ئۆلۈپ ئىككىنچى كۈنى يۇنان مۇستە-
قىل ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ شەرپىگە مەملىكەت خاراكتېرلىك ماتەم
بىلدۈرگەن، دۇكانلار تاقالغان، بايروننىڭ يېشىغا تەڭلەشتۈرۈپ
37 پاي توپ ئاتقان.

ھازىر بىز ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ھەرىكىتىگە ئاساسەن ئىچ-
كى دۇنياسىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇ تاقابىل تۇرىدىغان نەرسى-
نىڭ ھەمىشە ئۇنىڭغا يولۇقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرىكەتكە ئۈندى-
غانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچكە ئىگە قەدىرلىك باتۇر ئىكەنلى-
كىنى، غۇرۇرى كۈچلۈك ھەم كۈرەشكە خۇشتار ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ كۈرىشى ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاشمايدىغانلىقىنى، بەلكى مۇس-
تەقىللىق، ئەركىنلىك ۋە ئادەمگەرچىلىك يولىدا كۈرەش قىلغانلى-
قىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەنى-
دۇق، دېمەك، ئۇنىڭ ھاياتى يۈگەنسىز دولقۇنغا، قارا بورانغا
ئوخشايدۇ، ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان بارلىق ساختا نەرسىلەرنى، يامان
ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ - تازىلاپ ماڭغان، ھېچنېمىدىن غەم -
ئەندىشە قىلمىغان. روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، قورۇنۇپ - قىسى-
نىپمۇ تۇرمىغان، ئەركىنلىك - ھۆرلۈك ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى
يوقاتمىغۇچە كۈرەشنى توختاتمىغان، تا ئۆلگۈچە كۈرەش قىلغان.
ئۇ يەنە شۇنداق تۈز كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم بولۇپ، ئۆزىنى
پەدازلاشنى بىلمەيتتى. جامائەت پىكرىنىڭ تەقدىر ۋە تەنقىدلىرى-
نى، ھەق بىلەن ناھەق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئۆلچەملىرى-
نى سەمىمىي نىيەت بىلەن قىلىنغان ئەمەس، ئەكسىچە، ئەنئەنىۋى
نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت
قىلمايتتى. شۇ دەۋرلەردە پۈتۈن ئەنگلىيە جەمئىيىتىنى ساختىپەز-
لىك قاپلاپ كەتكەن، كىشىلەر چاكىنا قائىدە - يوسۇنلارنى، ساختا
تەكەللۇپلارنى ھەقىقىي ئەخلاق - پەزىلەت دەۋالغان، ئەركىنلىك
ئىدىيىسى بىلەن جەمئىيەتنى تەتقىق قىلغان كىشىلەرنى ۋەھشىي





دەپ ئاتىۋالغانىدى. بايرون ئۆزى تاقابىل تۇرۇشقا ماھىر، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولغاچقا، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ
تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇ قابىلىنىڭ ئاغزى بىلەن: شەيتان دېيىلگەنلەر
ھەقىقەتچى ئادەملەردۇر، دېگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ جەمئىيەتتىكى
كىشىلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالغان، جەمئىيەتتىكى تەقۋادار-
لارمۇ شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان. ئاگمان بىر ۋاقىتلاردا
گېتېدىن: بايرون ئەسەرلىرىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بارمۇ؟
دەپ سورىغاندا، گېتې: «بايروننىڭ قەيسەر ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ
ئۆزى تەربىيىۋى ئەھمىيەت. ئۇنى چۈشەنگەن كىشى تەربىيىگىمۇ
ئىگە بولىدۇ، شۇڭا بايروننىڭ ساپلىقى، ئەخلاق - پەزىلىتى ئۈس-
تىدە سوئال قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.
دېمەك، ئۇلۇغ ئادەمنى ئۇلۇغ ئادەملا چۈشىنىدىكەن. بايرونمۇ
بۆرنس (R. Burns)[163]نى تەنقىد قىلىپ: بۇ ئادەمنىڭ ئىچكى
دۇنياسى زىددىيەت بىلەن تولغان، ئۇ ھەم دىلى يۇمشاق، ھەم
قەيسەر؛ ھەم توڭ، ھەم زىل، ھەم رومانتىك، ھەم رېئال؛ ھەم
ئالىيجاناب، ھەم پەسكەش؛ ئۇنىڭ مۇقەددەس تەرەپلىرىمۇ، ناپاك
تەرەپلىرىمۇ بار، ئۇ ئەنە شۇنداق ئەجەش ئادەم، دېگەنىدى. بايرون-
مۇ خۇددى شۇنداق، ئۇ ھەم غۇرۇر ئىدى، ھەم باشقىلارنىڭ
قۇللۇقىغا ھەسرەت قىلاتتى، ھەم باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىد-
غان، ھەم باشقىلارنىڭ مۇستەقىللىقىغا يار - يۆلەك بولىدىغان،
قارا بوراندا ئات مىنىشتىن قورقمىغىنى بىلەن ئېھتىياتچان ئىدى،
ئۇرۇش قىلىشقا باتۇر، قورالنى قەدىرلەيدىغان، دۈشمەنگە قىلچە
رەھىم قىلمايدىغان، ئەمما ئەسىرلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە
بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان ئەرباب ئىدى. مېنىڭچە، شەيتاننىڭ
مىجەزى بەلكىم شۇنداق بولىدىغاندۇر؟! شەيتانلار شۇنداق بولۇپ
قالماي، ئۇلۇغ ئەرбابلارمۇ شۇنداق. ناۋادا دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ
چۈمپەردىسىنى ئېلىپ تاشلاپ ئىخلاس بىلەن ئويلىغاندا، يامانلىقى

يوق، ساپ ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن نەچچىنى تاپقىلى بولار؟ جەمئىيەتنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىققاندىمۇ تاپماق قىيىن. بايرون شەيتان دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقەتتە ئادەتتىكى ئادەم بالىسى تۇرسا، بۇنىڭ نېمىسى غەلىتە؟ ئۇ ئەنگلىيىدە ئاياغ بېسىپ تۇرالمىغاچ، ئاخىر سەرسان بولۇپ چەت ئەلگە چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭغا پەقەتلا چۈمپەردىسى يوقلۇقى سەۋەب بولغان. بايرون قارشى چىققان، لېكىن تا ھازىرغىچە ھەقىقىي ئادەملەرگە داۋاملىق زىيان يەتكۈزۈۋاتقان نەرسىلەر ئەنە شۇ. قاراڭلار، ساختىپەزلىكنىڭ كاساپىتى نەقەدەر چوڭ! بايرون ئادەتتە شېئىرنى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن يازاتتى. ئۇ: «ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ باھالىرى بىلەن مېنىڭ قىلچە كارىم يوق، مېنىڭ شېئىرىمدىن لەززەت تاپىمەن دېسىمۇ مەيلى. ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرىگە لايىق يېزىش قانداقمۇ مۇمكىن؟ مەن قەلەمنى قولغا ئالغاندا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى، قىزلىرىنى ۋە چاكىنا كىشىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئەمەس، پۇقرانى كۆزدە تۇتۇپ يازىمەن، پۈتۈن زېھنىم، پۈتۈن ھېسسىياتىم، پۈتۈن ئىرادەم ۋە مەنىۋى كۈچۈمنى ئۇلارنىڭ كۈس ـ كۈس ماختاشلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلمايمەن، دېگەنىدى. بۇ گەپلەردە ئۇنىڭ روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، بۇ سۆزلەر كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدۇ، سادا قوزغايدۇ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالغان. ئەنگلىيە شائىرلىرىنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئادەمدىن ئىككىنچىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. پەقەت ئىسكوتنىڭ ھېكايىلىرىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرسا بولار. ئەگەر بايروننىڭ تەسىرى قانچىلىك؟ دەپ سورىسىڭىز، ئىتالىيە بىلەن يۇناننى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسپانىيە، گېرمانىيەلەرمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئاندىن سلاۋيانلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھىنى يېڭىلىغان، تەسىرىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ





بولار. ئۇنىڭ ۋەتىنىدىن يەنە بىر شېللىي چىققان، كاتىس (John Keats) [164] مۇ شاياتۇن دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بايرونغا ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا بۇ يەردە توختالمايمىز.

## 6

شېللىي ئاران 30 يىللا ئۆمۈر كۆردى. ئۇنىڭ 30 يىللىق ھاياتى بىر مۆجىزە، شۇنداقلا قاپىيىسى كېلىشمىگەن بىر پارچە شېئىر. ئۇ ياشىغان دەۋر جاپا ـ مۇشەققەتلىك، خەتەرلىك دەۋر، ئۇ ئۆزىمۇ قەيسەر، ئېگىلمەس ئىدى، جەمئىيەت ئۇنى ياقتۇرمايتتى، ئۇمۇ جەمئىيەتنى ياقتۇرمايتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ مەيلىگە باقمايتتى، ئۇمۇ كىشىلەرنىڭ مەيلىگە باقمايتتى. ئۇ ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدا مۇھاجىر بولۇپ ياشىغان، قىرانغا يەتكەندە ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھاياتى بىر تراگېدىيە دېيىلسە، ئېھتىمال مۇبالىغە بولمىسا كېرەك. شېللىي 1792 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. قەددى كېلىشكەن، ئۆزى چىرايلىق، كىچىكىدىن تارتىپ خىيالچان يىگىت ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ساۋاقداشلىرى ھەم ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى ياقتۇرمىدى، بوزەك قىلدى، ئۇنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىدى، شائىرنىڭ قەلبىدە قارشىلىق بىخلىرى ئاللىقاچان ئۇندۇرمە بولغانىدى. كېيىن ھېكايە يېزىپ ئالغان قەلەم ھەققىگە سەككىز دوستىنى مېھمان قىلغانىدى، «سەۋدايى» نامىنى ئالدى. كېيىن ئوسىپ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ پەلسەپە ئوقۇدى، كۆپ قېتىم خەت ئارقىلىق مەشھۇر كىشىلەردىن ئۆگەنمەكچى بولدى. ئۇ دەۋردە دىنىي ھوقۇق جاھىل ھەم دۆت پوپلارنىڭ قولىدا ئىدى، شۇڭا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلغانىدى، شېللىي ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئاتېئىزمنىڭ زۆرۈرلۈكى» نى يېزىپ چىقتى. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي

مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: مېھىر - شەپقەت، مۇھەببەت ۋە باراۋەرلىك دۇنيانى جەننەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى، دىن مۇشۇ ئىشلار ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس بىر ئىش بولۇپ، بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ كىتاب ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ، ئاخىر ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقارغان؛ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دادىسىمۇ قورقۇپ كەتكەن ھەم مەكتەپكە بېرىپ گۇناھىنى تىلەشنى ئېيتقان. لېكىن، شېللىي ئۇنىمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆيىگە بارالمىغان. جاھان شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئۇ ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان. شۇنىڭ بىلەن لوندونغا بارغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، دۇنيادا يالغۇز قالغان، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. نەتىجىدە جەمئىيەت بىلەن كۈرەش قىلماي بولمايدىغان ھالغا كەلگەن. كېيىن ئۇ گودۋىن (W. Godwin)[165] بىلەن تونۇشقان ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ مېھرىبانلىق روھى تېخىمۇ ئۇرغۇغان. ئىككىنچى يىلى ئېرلاندىيىگە بېرىپ، يەرلىك كىشىلەرگە سىياسىي - دىنىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى چاقىرىق قىلغان، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان. 1815 - يىلى ئۇنىڭ «ئالاستور» (Alastor)[166] شېئىرى ئېلان قىلىنغان. شېئىردا خىيالغا بېرىلگەن بىر ئادەمنىڭ ساھىبجامال قىز ئىزدەپ نەنەلەر يۈرۈپ، ئاخىر بىر قاقاس دالىدا ئۆلگەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تەسۋىرلىگەن. كېيىنكى يىلى ئۇ شۋېتسارىيىدە بايرون بىلەن تونۇشىدۇ، بايرون ئۇنى، شېئىرغا ئوخشاش باتۇر ئىكەنسەن، شېئىرنىمۇ ياخشى يازىدىكەنسەن، دەپ ماختايدۇ. ئەمما، جەمئىيەتتە باشقا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەن. يەنە بىر يىلدىن كېيىن «ئىسلام غازاتى» ئەسىرىنى يېزىپ چىققان، شېللىينىڭ غايىلىرى مانا مۇشۇ ئەسەردە نامايان بولغان. ئەسەرنىڭ قەھرىمانى روئان ئۆزىنىڭ قىزغىن سۆزمەنلى-





كى بىلەن ئەلنى ئويغاتقان، ھۆرلۈكنى تەرغىب قىلغان، مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى سۆككەن، ئەمما ھەققانىيەت ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، ئەزگۈچىلەر غەلىبە قىلغان، روئان ھەققانىيەت يولىدا شېھىت بولغان. شېئىر چەكسىز ئۈمىد ۋە ئېتىقاد، تۈگىمەس - پۈتمەس مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تا ئۆلگۈچە كۈرەش قىلىدىغانلىقنى تەسۋىرلەنگەن. روئان ئوبرازى ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ، يەنى شېللىينىڭ سىمۋولى.

شېللىي ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ «پرومېتئوسنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشى» ۋە «سېنسى» قاتارلىق شېئىرىي درامىلىرى ئالاھىدە مەشھۇر. ئالدىنقى ئەسەرنىڭ ۋەقەسى گرېك ئەپسانىلىرىدىن ئېلىنغان، مەزمۇن جەھەتتە بايروننىڭ «قابىل» ئەسىرىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۇ پرومېتئوسنى ئىنسانىيەتنىڭ سىمۋولى قىلىپ، مېھرىبانلىق، ھەققانىيەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئەزگۈچىلەرنىڭ خۇداسى يۇپىتېرغا قارشى چىققانلىقى، ئەرشتىن ئوتنى ئوغرىلاپ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغانلىقىنى، ئاقىۋەت تاقاق باغلاپ قويۇلغانلىقىنى، بۈركۈت ھەر كۈنى ئۇنىڭ گۆشىنى چوقۇپ يېسىمۇ، ئاخىرغىچە باش ئەگمىگەنلىكىنى، يۇپىتېرنىڭ ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

پرومېتئوس كاسىيا ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. كاسىيامۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇرادىغا يېتىدۇ. كاسىيانىڭ ئوبرازى ئاپتورنىڭ غايىسى، «سېنسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ۋەقەسى ئىتالىيە تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. ئەسەردە سېنسى ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى رەھىمسىز، يولسىز بىر ئادەم، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋەھشىيانە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سېنسى ئاخىر دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ھۆكۈمەت

ئۇنى، ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى بىراقلا ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىدۇ. بەزى ئوبزورچىلار بۇنى ۋاپاسىزلىق، دەپ هېسابلىغان. ئەمما، يارامسىز ئەهۋال بۇ جاهاندا تۈگەپ قالمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى «چۇنچيۇ» ناملىق ئەسەرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ قولىدىن چىققان بولسىمۇ، بۇ خىل ئىشلار تولۇپ يېتىپتۇ، بەلكى كۆپىنچىسى ئەينەن يېزىلغان. شۇنداق ئىكەن، بىز شېللىينىڭ ئەسەرلىرىنى باشقىلارغا ئەگىشىپ ئەيىبلىسەك بولامدۇ؟ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسەرنى شائىر پۈتۈن زېهنىنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان. «مەن ئۆز شېئىرلىرىمنى ئامما ئۈچۈن يازدىم، شېئىرنى ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ بارىدۇ» دېگەن. يەنە: «ئۇنى سەهنىدە ئويناشقا بولىدۇ» دېگەن. ئەمما، ئەسەر يېزىلىپ پۈتكەندە، ئەمەلىي ئەهۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىققان، جامائەت بۇنى ئوقۇشقا بولمايدۇ دېسە، ئارتىسلار سەهنىدە ئويناشقا بولمايدۇ، دېگەن. شېللىي ئۆز شېئىرىنى ساختا، چىرىك، يامان ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارشى تۇرۇش تۈپەيلىدىن يازغاندى. ئۇنىڭ شېئىرى يەنە شۇ ساختا، چىرىك، يامان ئۆرپ ـ ئادەتلەر تەرىپىدىن بوغۇپ تاشلاندى. مانا بۇ دەل XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەنىۋى هايات دۇنياسىدىكى جەڭچىلەرنىڭ هەققانىيەت يولىدا ئۆلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەمما، ئۆتكەن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، شېللىينىڭ هەقىقىي قىممىتى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نامايان بولماقتا. يېڭىلاش دولقۇنى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر گۇرۇھ بولغان گودۋىننىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شائىر قوللاشقا ئېرىشىشكە ۋە ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ئادالەت، ئەركىنلىك هەقىقەت هەم مېهرىبانلىق، ئۈمىد دېگەن نەرسىلەر كونكرېت ئوبرازغا ئايلاندى. روئان، پرومېتئوس ياكى ئىسلام غازىلىرى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارشى





بۇزغۇنچىلىقنى جېنىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلىپ، ئازراقمۇ رەهىم ـ شەپقەت قىلمىدى. كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن يەنە نېمىلەر قالدى؟ يېپيېڭى ئىسلاهات روهىلا قېپقالدى، XIX ئەسىردىكى، يېڭى بۇرۇلۇش مانا مۇشۇ روهقا تايانغاندى. بۇرنىس نەرە تارتىپ ماڭغان بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بايرون، شېللىيلار ئەگىشىپ كونا ئىللەتلەرنى سۆككەن ۋە چەتكە قاققان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بارا ـ بارا هازىرقى هالەتكە قانائەتلىنىپ ئولتۇرماستىن ئىسلاهات ئېلىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلغان. شۇڭا، جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلارغا نەپرەتلەنگەنلىكى ۋە ئۇلارغا بەتتام قويغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلىرىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئەگەر هەقىقىي ئەهۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، يورۇقلۇق بىلەن ئۈمىد بۇزۇشنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يامان نەرسىلەر يوقىتىلسا خەلققە ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇزغۇنچى دېگەن گەپ جاهىل، دۆت پوپلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپ، جەمئىيەتتىكى ئەپكار ئامما هەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ. ئەگەر كىشىلەر غەرەز ئۇقسا ئىسلاهات تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولاتتى! شېللىي رومانتىك ئىدىيىدىكى ئادەم بولۇپ، غايىسىدىن زادى قايتمىغان، مەردانىلەرچە ئالغا ئىلگىرىلىگەنكى، هەرگىز ئارقىغا چېكىنمىگەن. چۈشەنچىلىرى يۈزە ئادەملەر ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى هەقىقىي چۈشىنىمەن دەيدىغانلا بولسا، ئۇنى پەزىلىتىنىڭ ئېسىللىقىنى، پەلەكتىن ئاشقان غەيرىتىنى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىنى، يىمىرىلمەس ئىرادىسىنى، رومانتىكا ۋە فانتازىيىگە باي قابىلىيىتىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ؛ مۇشۇ چەك هەقىقىي گۈزەللىك هېسابلىنىدۇ. ئاۋگۇستىن[167] : «مېنىڭ سۆيگۈ مەشۇقۇم يوق، ئەمما سۆيگۈ ئارزۇيۇم بار، شۇڭا سۆيگۈمنى ئۈمىد بىلەن قانائەتلەندۈرىمەن» دېگەنىدى. شېللىيمۇ شۇنداق ئىـ

دى. شۇڭا، ئاخىر رېئال جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ، فانتازىيىگە
بېرىلدى، غايىۋى چەككە يېتىش ئۈمىددە بولدى. ئۇ يەنە نەپىس
ئاۋازى بىلەن تېخى ئويغانمىغان كىشىلەرگە ئىنسانىيەت تەرەققىيات
قانۇنىيىتىنى بىلىشكە، ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى نېمە ئىكەنلى-
كىنى چۈشىنىشكە ئۈگەتتى، ھېسداشلىق روھىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى
ئۇلۇغ غايىگە ۋە دەۋرگە يېتىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەش-
كە رىغبەتلەندۇردى. ئەمما، جەمئىيەت ئۇنى «شەيتان» دەپ ئاتى-
دى. شېللىي شۇ سەۋەبلىك يېتىم قالدى؛ كىشىلەر ئۇنى چەتكە
قاقتى، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزاق ياشىيالمايدىغان ئەھۋالغا
چۈشـۈرۈپ قويـدى، ئەزگۈچىلـەر غەلىبە قىلدى، ئۇ ئالاستور
چۆلىدە ئۆلدى.

شائىرنىڭ كۆڭلىگە ئارامبەخش ئەتكۈچى بىردىنبىر نەرسە
تەبىئەت ئىدى. ھايات چۈشىنىپ بولمايدىغان، جەمئىيەت ئىشىنىپ
بولمايدىغان بىرنەرسە بولۇپ تۇرغاندا، ساختىلىقى يوق تەبىئەت
چەكسىز يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھەممە ئادەم ئېھتىمال شۇنداق
بولسا كېرەك، ئالغان تەربىيىلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى تۇپەيلى
ھېسسىياتلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىي مەنپەئەت كۆ-
زىنى باغلىۋالغان ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈ-
زۈپ، ئـۇنىڭدىن ئـالتۇن ـ كـۈمۈش، بـايلىق يۇلۇۋالماقچى
بولىدۇ؛ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىلىم ـ پەنگە سەرپ قىلىدىغان
كىشىلەر تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تې-
پىش كويىدا بولىدۇ؛ پەس ئارزۇ ـ ھەۋەستىكى كىشىلەر ئەتىياز-
دىن قىشقىچە تەبىئەتنىڭ ئېسىللىقى، ئۇلۇغلۇقى ۋە گۈزەللىككە
قىلچە پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەۋەككۇل
كېمىسىگە تاشلىۋېتىپ، 100 يىل ياشىسىمۇ يورۇقلۇقنىڭ نېمە-
لىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەردە، خۇددى كىچىك بالىغا





ئوخشاش تەبىئەت قوينىدا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ يېتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى
قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟! شېللىي بالىلىق دەۋرىدە تەبىئەت دۇنياسى-
نى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ: «مەن كىچىكىمدىن تارتىپ تاغ ـ
دەريالارنى، ئورمانلارنى، تاغ ـ جىلغىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەل
ھەم جىمجىتلىقىنى ياخشى كۆرەتتىم. يار بويلىرى ۋە چوققىلاردا
ئويۇن ـ تاماشا قىلاتتىم، خېيىمخەتەر مېنىڭ ھەمراھىم ئىدى»
دەيدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنى كۆزىتىپ چىققاندا، خۇددى ئۆزى ئېيتقان-
دەك ئىكەن، ئۇ كىچىكىدە قويۇق ئورمانلىق، چوڭقۇر جىلغىلار-
نىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوينىغان، سەھەردە كۈننىڭ چىقىشىنى، كې-
چىدە يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلغان. چوڭ شەھەرلەردىكى كىشىلەر-
نىڭ گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشلىرىنى كۆزەتكەن، بەزىدە تارىخ-
تا بولۇپ ئۆتكەن زۇلۇملار ۋە قارشىلىقلارنى ئويلىغان؛ ۋەيران
بولغان قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى، ئۆرۈلۈپ كەتكەن
ئۆيلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىق دەرد ـ ئەلەملىرىمۇ
ھەمىشە ئـۇنىڭ نـەزىرىدىن چـەتتە قالالمىغان. ئۇ غايىسىنىڭ
يۈكسەكلىكى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. تەبىئەت دۇن-
ياسىنى كۆزەتكەندىمۇ ئۇنىڭ سىرلىرىدىن تۇيغۇ پەيدا قىلالايتتى.
جاھاندىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئـۆزىگە ھېسداشلىق
قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى، شۇڭا
ئۇنىڭ يۈرەك تارى تىترىگەن ھامان، تەبىئەت دۇنياسىغا ماس ھالدا
لىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقاتتى. بۇ ئەسەرلەر كۈچلۈك تەسىر-
چانلىقى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن شېكسپېر ھەم سپېنسېر[168] ئە-
سەرلىرىدىن قالسىلا ئەڭ ئالاھىدە ئىدى. شېللىي 1819 ـ يىل
باھاردا رىمغا كېلىپ ماكانلاشقان، ئىككىنچى يىلى پىسا[169]غا
كۆچۈپ بارغان، بايرون ۋە باشقا كۆپلىگەن دوستلىرى شۇ يەرگە
يىغىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ خۇشال ئۆتكەن ۋاقىتلار ئىدى.
1822 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە

قېيىققا چۈشۈپ دېڭىز سەيلىسىگە چىققان، تۇيۇقسىز قارا بوران
كۆتۈرۈلۈپ، چاقماق چاققان، دولقۇن بېسىلغاندا قېيىق غايىب
بولغان، بايرون بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئەنسىرەپ ئادەم چىقىد-
ىرىپ ھەممە ياقنى ئاختۇرغان، ئاخىر دېڭىز بويىدىن شائىرنىڭ
جەسىتىنى تاپقان. شۇنداق قىلىپ ئۇنى رىمغا دەپنە قىلغان،
شېللىي ھايات ۋاقتىدا ھايات بىلەن ئۆلۈمنى چۈشەندۈرۈشكە تىد-
ىرشقان. ئۇ: «كەلگۈسى ئۇستىدە ئەپلاتون بىلەن بېكوننىڭ چۈ-
شەندۈرۈشلىرىگە ناھايىتى قايىل بولدۇم، مېنىڭ كۆڭلۈم تىپ-
تىنچ، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، ئۈمىدلىك ياشايمەن، ئادەمنىڭ
روھى ھايات ۋاقتىدا ھەمىشە ئۆز جىسمىنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچ-
رايدۇ، قابىلىيەتمۇ خۇددى قارا بۇلۇت قاپلىۋالغاندەك ئىسكەنجىدە
تۇرىدۇ، ئۆلۈملا ئۆز جىسمىنىڭ چەكلىمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ،
روھنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە:
«مەن بۇ سىرنى ئۇقمايمەن، ئىسپاتلاپمۇ بېرەلمەيمەن، ئىچكى
دۇنيادىكى ئەڭ سىرلىق پىكىرلەرنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن
ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭ تېگىگە ئۆزۈممۇ يېتەلمىدىم، ئېھ، ھايات
بىلەن ئۆلۈم مەسىلىسى چوڭ مەسىلە ئىكەن، داۋلىسىمۇ بەك
سىرلىق ئىكەن، ئوتتۇرىغا قويۇپ قويۇپلا ھەل قىلماسلىققا شائىر
ئۇنىمايدۇ، ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى يەنە شۇ بىرلا ئۆ-
لۈم» دەپ ئېيتقان. شۇڭا، شېللىي بىر كۈنى كېمىدە كېتىۋاتقاند-
ىدا، خۇشال ھالدا: «مەن ئەمدى ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ سىرىنى
ئېچىپ بېرەلەيدىغان بولدۇم» دەپ توۋلاپ، ئۆزىنى دېڭىزغا ئات-
قان، بىراق ئۇ قېتىم ئۆلمەي قالغان. يەنە بىر كۈنى دېڭىز
ياقىسىدا سۇ ئۈزۈۋاتقاندا، ئۇ سۇدا يېتىۋېلىپ قوپۇپ كېتىشكە
ئۇنىمىغان، دوستلىرى تارتىپ چىقىپ قۇتقۇزغاندىلا ھوشىغا كەل-
گەن. ئۇ: «كىشىلەر قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ھەقىقەت بار دەيدۇ، مەن
ھەمىشە قۇدۇققا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ باقسام دەيمەن، مەن قۇدۇققا





چۈشۈپ ھەقىقەتنى تاپقاندا، سىلەر مېنىڭ جەسىتىمنى تاپىسىلەر»
دېگەن. ھازىر شېللىي ئۆلۈپ كەتتى، ھاياتنىڭ سىرىنىمۇ ھەقىقىي
چۈشەنگىلى بولاتتى، ئەمما بۇ داۋلىنى بىلىدىغان ئادەم يالغۇز
شېللىي ئىدى.

## 7

سلاۋيانلار ئىدىيە جەھەتتە غەربىي ياۋروپالىقلاردىن پەرقلىنىد-
دۇ، شۇنداقتىمۇ بايروننىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى تېزلىكتە سلاۋ-
يانلار ئارىسىغا يېتىپ بارغان، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىغان،
رۇسلار XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىيات ساھەسىدە يېڭى ئۆزگ-
ىرىش ھاسىل قىلىپ تەدرىجىي ھالدا مۇستەقىل راۋاجلىنىش ئىم-
كانىيىتىگە ئېرىشكەن، مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۈنسايىن كۆزگە كۆرۈ-
نۈشكە باشلىغان، ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە باشقا ئىلغار دۆلەتلەر
بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، غەربىي ياۋروپا-
لىقلارنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ھاڭ - تاڭ
قالدۇردى. ئەگەر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىنى خالىس كۆزد-
ىتىپ چىقىدىغان بولساق، پۇشكىن، لېرمونتوف، گوگوللارنىڭ
ئۇل سېلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، پۇشكىن بىلەن لېرموند-
توف شېئىر بىلەن داڭق چىقارغان، بايروننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىد-
غان؛ گوگول بولسا جەمئىيەت ھاياتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى
تەسۋىرلەش بىلەن نام چىقارغان، ئۇ ئالدىنقى ئىككىسىگە
ئوخشاشمايدۇ.

پۇشكىن 1799 - يىلى موسكۋادا تۇغۇلغان، كىچىكىدىلا
شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە
دەسلەپ رومانتىزمنى يارىتىپ، چوڭ داڭق چىقارغان. شۇ دەۋردە
روسىيىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ، ۋەزىيىتى خەتەر-

لىك ئىدى. پۇشكىننىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى كىنايە بولغىنى
ئۈچۈن كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى چەتكە قېقىپ، سى-
بىرىيىگە سۈرگۈن قىلماقچى بولۇشقان. شۇ چاغدا جەمئىيەتتىكى
بىرنەچچە ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ هامىيلىقى بىلەن سىبىرىيىگە
سۈرگۈن قىلىنىشتىن كەچۈرۈم قىلىنىپ، جەنۇبقا سۈرگۈن قى-
لىنغان، ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ بايروننىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا
كىرىشكەن ھەم بايروننىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن،
شېئىرنىڭ ئىدىيىسى ۋە شەكلى جەھەتتە ئۇنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇپ
ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، پارچە شېئىرلىرىدىمۇ بايرونغا تەقلىد
قىلغان؛ بولۇپمۇ ئۇنىڭ «كاۋكاز تۇتقۇنى» ناملىق ئەسىرى «خا-
رولدنىڭ ساياھىتى» گە بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەسەردە دۇنيادىن
ئۈمىدىنى ئۈزگەن بىر رۇس يىگىتىنىڭ يۇرتىدىن يىراق بىر جايغا
قامالغانلىقى، بىر قىزنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويۇۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭ
ياشلىق ھېسسىياتىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى، ئەمما ئاخىر ئۆزى
تەنھا قايتىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان. ئۇنىڭ «گېپسى» ناملىق شې-
ئىرىمۇ خۇددى شۇنداق. گېپسى، يەنى سىگانلار ياۋروپادىكى كۆچ-
مەن مىللەت، چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. جاھاندىن بەز-
گەن ئالگا ئىسىملىك بىر كىشى گېپسىلارنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق
بىر قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە شۇ مىللەت قاتارىغا ئۆتۈپ،
قىز بىلەن توي قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۈنداشلىقى قاتتىق بولغاچ-
قا، قىزنىڭ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بارا - بارا
سېزىپ قالىدۇ، ئەڭ ئاخىر قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قىزنىڭ دادى-
سى ئۆچ ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپلا توختايدۇ.
بۇ ئىككى پارچە شېئىردا بايروننىڭ ئالاھىدىلىكلىرى چېلىقىپ
تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن زور دەرىجىدە پەرقلىق جايلىرى بار
ئىدى. ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارنىڭ كۆپچىلىكى پۈتۈنلەي جەمئىيەت-
تىن سىقىپ چىقىرىلغان، ئەمما يەنىلا ئالېكساندىر دەۋرىدىكى





روسىيە جەمئىيىتىدىن ئايرىلمىغان شەخسلەر ئىدى. ئۇلار بىر
بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدا ئورۇقلايتتى. جاھاندىن زېرىكىش
كەيپىياتى بولسىمۇ، ئىرادىسى قەتئىي ئەمەس ئىدى. پۇشكىن بۇ
خىل كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلمايتتى. ئۇ ئىنتىقام ئېلىشقا
ئالدىرىغىنى بىلەن ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى باشقىلاردىن ئۈس-
تۈن تۇرمايدىغان ئادەملەرنى ئەيىبلەيدۇ ۋە بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى
يېپىپمۇ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتتىكى ساختىلىق بىلەن ئاق
كۆڭۈللۈك كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەنسىمۇ گېپسى
خەلقىنىڭ سەمىمىي، ساپ، ساددا خاراكتېرىمۇ سىلىشتۇرۇش
ئارقىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. ئوبزورچىلارنىڭ پۇشكىن تەدرى-
جىي ھالدا بايرونچە قەھرىمانلارنى سۆيۈشتىن ۋەتىنىنىڭ ئاق كۆ-
ڭۈل خەلقىنى سۆيۈشكە يۈزلەندى، دېگەن گېپى مۇشۇ دەۋرنى
كۆزدە تۇتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئېۋگىنىي ئونېگىن» شېئىرىنى
يازغان. ئەسەرنىڭ ماتېرىيالى ناھايىتى ئاددىي، لېكىن سۆز -
جۈملىلىرى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، شۇ دەۋردىكى روسىيە
جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ بۇ شېئىرنى سەك-
كىز يىل ئىچىدە يېزىپ ۋە ئوخشاپ چىققاچقا ئۇنىڭ تەسىرلىرىمۇ
ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى بېشى
بىلەن ئاخىرىدا زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، دەسلەپكى ئىككى بابتا
بايروننىڭ تەسىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ قەھرىمانى
ئونېگىن پۈتۈن كۈچى بىلەن جەمئىيەتكە تاقابىل تۇرىدىغان، جا-
ھاندىن ئۈمىد ئۈزگەن، بايرونچە قەھرىمانلار جاسارىتىگە ئىگە
قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، لېكىن ئۇ فانتازىيىدىن ئايرىلغان، چىنلىق-
قا تەدرىجىي يېقىنلاشقان بولۇپ، شۇ زاماندىكى روسىيە ياشلىرى-
نىڭ مىجەزىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. كېيىنكى ئوبيېكتىپ
شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، شائىرنىڭ مىجەزىدىمۇ ئۆز-
گىرىش پەيدا بولىدۇ، نەتىجىدە بايروننىڭ تەسىرىدىن ئاستا -

ئاستا قۇتۇلۇپ، ئىجادىيەتتە بارا ـ بارا مۇستەقىل ئۇسلۇب تىك-
لەشكە باشلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئەسەرلىرى تېخىمۇ نەپىسلىشىدۇ،
ئىجادىيىتىمۇ مول بولىدۇ. ئۇنىڭ بايروننىڭ تەسىرىدىن قۇتۇ-
لۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئۇسلۇب ياراتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى
ھەققىدە ھەر خىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت: بەزىلەر، بايرون ئۇمىد-
سىزلىك ئىچىدە كۈرەش قىلغان بولۇپ، ئۆز خاھىشى بويىچە
ئىشلەيتتى؛ تەكەببۇرلۇقتا داڭق چىقارغان بولۇپ، پۇشكىننىڭ
خاراكتېرىگە ئوخشاشمايتتى؛ ئۇنىڭ دەسلەپكى بايرونغا بولغان ئې-
تىقادى بىر مەزگىللىك ھاياجاندىن كېلىپ چىققان، بوران پەسەي-
گەندە بولسا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئەسلىي تەبىئىتىنى
ئاشكارىلىغان، دېسە؛ بەزىلەر، خەلق خاراكتېرىنىڭ ئوخشاشماس-
لىقى ئاچقۇچلۇق سەۋەب بولغان، چۈنكى غەربىي ياۋروپا خەلقىنىڭ
ئىدىيىسى روسىيە خەلقىنىڭ ئىدىيىسىگە زادى ئوخشىمايدۇ، پۇش-
كىن شەخسىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن بايروندىن ئايرىلغان، شۇڭا
شەخسىيەت جەھەتتىن ئەپ بولمىغاندا، بايرون تەسىرىنىڭ ئۆزۈن
مۇددەتكىچە ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، دېيىشىدۇ. بۇ
ئىككى خىل پىكىرنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق داۋلى بار.
بىراق، پۇشكىننىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بايروننىڭ سىرت-
قى كۆرۈنۈشىنىلا دورىغان، سۈرگۈن تۇرمۇشى ئاخىرلىشىش بى-
لەنلا ئەسلىي خاراكتېرىنى تېپىۋالغان، لېرمونتوفقا ئوخشاش پاس-
سىپ ئىدىيىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇۋالمىغان. شۇڭا، ئۇ
موسكۋاغا قايتقاندىن كېيىن گەپ ـ سۆزدە تېخىمۇ مۇلايىم بولۇشقا
تىرىشقان، جەمئىيەت بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىدىغان گەپ ـ
سۆزلەرنى ئامال بار قىلماسلىققا تىرىشقان ھەمدە روسىيە قوراللىق
كۈچلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى كۆپ يازغان. 1831 ـ
يىلى پولشا روسىيىگە قارشى ئاتلانغاندا، غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەر
پولشىغا مەدەت بېرىپ، روسىيىگە ئىنتايىن غەزەپ ـ نەپرەت





ياغدۇرغان. پۇشكىن بولسا «روسىيە بوھتانچىلىرى»، «بىروكىنـ-
نودا خاتىرە كۈنى» [170] ئەسەرلىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنـ-
پەرۋەرلىكىنى ئىپادىلىگەن. دانىيە ئوبزورچىسى براند-
دېس (G. Brandes) ئۇنى تەنقىق قىلىپ: «قورال كۈچىگە تايى-
نىپ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئاياغ ئاستى قىلىش ۋەتەننى سۆيـ-
گەنلىك دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۆيگۈسى» دەپ
قارىغان. ئەمما، مۇنداقلار يالغۇز پۇشكىنلا ئەمەس، ھازىرقى
كۈندىكى ئالىيجانابلار ئىچىدە ئەتىدىن كەچكىچە ۋەتەن سۆيۈش
ھەققىدە گەپ ساتسىمۇ، دۆلەتنى ياۋايى ھايۋان قاتارىدا ئەمەس،
ئادەم قاتارىدا سۆيىدىغانلار ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. پۇشكىن ئاخىر-
قى يىللارغا كەلگەندە، گوللاندىيە ئەلچىسىنىڭ ئوغلى دانتىس
بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ دۇئېلغا چىققان، ئاخىر دۇئېلدا قور-
سىقىغا ئوق تېگىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ
1837 ـ يىلى ئىدى. روسىيىدە پۇشكىن ئوتتۇرىغا چىققاندىن
كېيىن، ئەدەبىيات ساھەسى مۇستەقىللىقىقا ئېرىشكەن، شۇڭا ئەدە-
بىيات تارىخشۇناسى پىپىن، ھەقىقىي رۇس ئەدەبىياتى مۇشۇ كىشى
بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلگەن، دېگەنىدى. بايروننىڭ شاياتۇنچە
ئىدىيىسى پۇشكىن ئارقىلىق لېرمونتوفقا يۇققان.

لېرمونتوف 1814 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، پۇشكىن بىلەن
ئاساسەن زاماندىش. ئۇنىڭ بوۋىسى لېرمونت (T. Learmont)
ئەنگلىيىنىڭ شوتلاندىيە رايونىدىن. شۇڭا، ئۇ ھەر قېتىم ئوكۇش-
سىزلىقا يولۇققاندا: مۇنداق قار ـ شىۋىرغانلىق، ساقچىلار قاپلاپ
كەتكەن يەردە تۇرغۇچە يۇرتۇمغا كېتىمەن، دەيدىكەن. ئەمما،
لېرمونتوفنىڭ خاراكتېرى رۇسلارنىڭ خاراكتېرىگە پۈتۈنلەي ئوخ-
شايتى. ئۇ ئويلاشقا ماھىر، ھېسسىياتقا باي، غەمكىن ئىدى.
بالىلىق دەۋرىدە نېمىس تىلىدا شېئىر يازغان، كېيىن ئۇنىۋېرسى-
تېتقا كىرگەن بولسىمۇ، ئوقۇشتىن ھەيدەلگەن. شۇنىڭ بىلەن

قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. ئوقۇشنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوفىتسېر بولغان بولسىمۇ، ئاددىي جەڭچىگە
ئوخشاش ئىدى، ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۆزىنىڭ ئېيتقى-
نىدەك، شامپانسكى ھارىقىغا ئازراق شېئىرىي تەملا كىرگەن،
خالاس. ئۇ چار پادىشاھى ياساۋۇللىرىنىڭ مايور دەرىجىلىك ئوفىت-
سېرى بولغاندا، بايروننى دوراپ شېئىر يېزىپ، شەرق تۇرمۇشىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغان. شۇنداقلا، بايروننىڭ ئىنسانىي سۈ-
پىتىگە ئىنتايىن زوقلانغان. ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە: مەن ھازىر «باي-
روننىڭ تەرجىمىھالى»نى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزۈمە-
نىڭ ھاياتىغا ئوخشىشىدىغان تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدىم، مۇن-
داق تاسادىپىي ئوخشىشىشلاردىن ھەيران قالدىم، دېگەن. يەنە:
«بايروننىڭ يەنە بىر ئىشى مېنىڭكى بىلەن ئوخشىشىدىكەن، باي-
رون شوتلاندىيىدە تۇرغاندا بىر موماي بايروننىڭ ئاپىسىغا، بۇ
بالىڭىز چوقۇم ئۇلۇغ ئەرباب بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى
قېتىم ئۆيلىنىدۇ، دېگەنىكەن. مەن كافكازدىكى ۋاقتىمدىمۇ بىر
موماي مومامغا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان گەپنى قىپتىكەن، مېنىڭ
كەچۈرمىشلىرىم بايروننىڭكىگە ئوخشاش ئوسال بولغىنى بىلەنمۇ،
مەنمۇ ھېلىقى ئالدىنئالا ئېيتىلغان ھۆكۈمدىكى بايرونغا ئوخشاش
ئادەم بولۇشنى خالايمەن» دېگەن. ئەمما، لېرمونتوفنىڭ سۈپىتى
شېللىيغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. شېللىي يازغان «پرومېتېئوسنىڭ
ئەركىنلىككە چىقىشى» دېگەن ئەسىرى ئۇنى كۈچلۈك تەسىرلەن-
دۈرگەن. ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ياخشىلىق ـ يامانلىق، رىقا-
بەت قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلەنگەن. ئەم-
ما، شېئىر يازغاندا بولسا شېللىينى دورىمىغان. دەسلەپ بايرون
بىلەن پۇشكىننى ئانچە ـ مۇنچە دورىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن
ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇنىڭ ئىدىيىسى گېرمانىيىلىك
شوپېنخائۇئېرنىڭ ئىدىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ، جەم-





ئىيەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ
يىلتىزىنى ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ
مۇشۇ نىيىتىنى «شەيتان»، «كىچىك راھىب» دېگەن شېئىرلىر-
دا ئىپادىلىگەن. «شەيتان» شېئىرىدا بىر چوڭ شەيتان ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ شەيتان جەننەتتىن ھەيدەل-
گەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئەخلاقسىز مەخ-
لۇق دەپ چەتكە قېقىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئادەتتىن تاشقىرى
ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، قەلبى چەكسىز غەزەپكە تولغان ھەمدە
شۇ غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ كۈرەشكە ئايلانغان. ناۋادا ئۇ ئادەتتىكى
نورمال ھېسسىيات بىلەن تەسىرلەنگەنلەرنى كۆرۈپ قالسا، شۇئان
كەمسىتكەن. «كىچىك راھىب» شېئىرىدا بىر بالىنىڭ ئەركىن-
لىككە تەشنا بولغان ساداسى بايان قىلىنغان. بۇ بالا بىر تاغنىڭ
ئىچىدىكى بىر چېركاۋدا ئۆز ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ، چېركاۋدىكى
قېرى راھىبلار ئۇنى ئۈمىد ۋە ئارمانلىرىدىن قول ئۈزدى، دەپ
قارايدۇ. بىراق، بالا چۈشىدىمۇ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدۇ.
جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق بىر كېچىدە، قېرى راھىبلار ئىبادەت قىلىد-
ۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېركاۋدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ
چىقىپ، ئورمانلىقتا ئۈچ كۈن ئايلىنىپ يۈرىدۇ ۋە چەكسىز ئەر-
كىنلىك ھېس قىلىدۇ، پۈتۈن ئۆمرىنى مۇشۇ ئۈچ كۈنلۈك ھاياتىغا
تەڭ قىلمايدۇ. كېيىن ئۇ، مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنى ياۋايى
ھايۋانغا ئوخشاش تىرىشىپ، جۇدۇن ـ چاپقۇن، چاقماق، ۋەھشىي
ھايۋانلار بىلەن ئېلىشالايدىغان قىلىشنى ھېس قىلدىم، دەيدۇ.
ئەمما، بالا جاڭگالدا يولدىن ئادىشىپ قايتىپ كېتەلمەيدۇ، بىرقان-
چە كۈندىن كېيىن تېپىلىدۇ. ئۇ يىلپىز بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا
يارىدار بولغانلىقتىن، ئاخىر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆز يارىسىنى
داۋالىغان قېرى پوپقا: «مەن گۆردىن قورقمايمەن، چۈنكى كىشى-
لەر ئادەمنىڭ ھاياتى دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن تولۇپ

كەتكەن بولىدۇ، كۆز يۇمۇلغاندىلا كۆڭۈل ئاندىن مەڭگۈ ئەمىن تاپىدۇ، دېيىشىدۇ؛ مەن ئۆز ئۆمرۈمدە مۇنداق ئىشلارنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن··· مەن تېخى كىچىك··· سىز كىچىك ۋاقتىلىرىڭىزدىكى چۈشلىرىڭىزنى ئەسلىيەلىسىڭىز كېرەك ياكى بۇرۇنقى مۇھەببەت ھەم نەپرەتلىك ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇنتۇپ قالغان بولسىڭىز، بۇ دۇنيا سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆز گۈزەللىكىنى يوقىتىپتۇ؛ سىز ھەم ئاجىز، ھەم قېرىغان ئادەمسىز، بارلىق ئۈمىدلىرىڭىز ئۆچۈپ كەتكەن» دەيدۇ. بالا ئۇنىڭغا يەنە ئورمانلىقتا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، ئۇ يەردىن ئالغان ئەركىنلىك ھەققىدىكى تەسىراتىنى ھەم يىلپىز بىلەن ئېلىشقانلىقىنى سۆزلەپ: «مەن ئەركىنلىككە چىققان ۋاقتىمدا نېمىلەر قىلغانلىقىمنى بىلىشنى خالامسىز؟ مەن ھاياتقا ئىگە بولدۇم. بوۋاي، مەن ھاياتقا ئىگە بولدۇم! ناۋادا ئۆمرۈمدە مۇشۇ ئۈچ كۈن بولمىغىنىدا، مېنىڭ ھاياتىم ناھايىتىمۇ ئېچىنىشلىق، ناھايىتىمۇ زۇلمەتلىك ئۆتكەن، قېرىلىقتىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن ھايات بولاتتى» دەيدۇ. پۈشكىن دۇئېلدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، لېرمونتوف ئۆز قايغۇسىنى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلغان. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا: پۇلدارلار، مۇشتۇمزورلار، سىلەر تالانت ئىگىلىرى بىلەن ئەركىنلىكنىڭ جاللاتلىرى! سىلەر بۈگۈن قانۇنغا تايىنىپ ئۆزۈڭلارنى قوغداۋاتىسىلەر، سوتچىمۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئامالسىز، ئەمما ئاسماندا تېخى خۇدا بار، سىلەر خۇدانى پۇلغا سېتىۋالالمايسىلەر··· ئۆزۈڭلارنىڭ ئىپلاس قېنىڭلار بىلەن شائىرنىڭ قان داغلىرىنى يۇيۇۋېتەلمەيسىلەر، دەپ يېزىلغان. شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ئوقۇلغان. لېرمونتوفمۇ شۇ سەۋەبلىك قاماققا ئېلىنىپ، سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىش قارار قىلىنغان؛ كېيىن باشقىلارنىڭ ياردەمدە بولۇشى ئارقىسىدا





كافكازغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ كافكازنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، تېخىمۇ نەپىس ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇ باللىق دەۋرىدىكى جەمئىيەتكە نارازىلىق ئىدىيىسى كۈچىيىش نەتىجىسىدە «شەيتان» شېئىرىنى يېزىپ چىققان. بۇمۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق يىرگىنىشلىك ھەرىكەتلەردىن شەيتانغا ئوخشاش بەزگەن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان بىر ئوبراز. ئۇ خۇددى قەيسەر بىر ئادەم چاكىنا ئاجىز ئادەملەرگە يولۇققاندا غەزەپلەنگەندەك غەزەپلىنىدۇ، گۈزەللىككە زوقلىنىدۇ، لېكىن باشقا كىشىلەر ئۇنى چۈشەنمەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا يىرگىنىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئەمما، كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە لېرمونتوف ئىجتىمائىي رېئاللىق ئالدىدا تەدرىجىي ھالدا ھەممە ئادەمدىن نارازى بولۇشتىن بىر زامان كىشىلىرىدىن نارازى بولۇش ھالىتىگە كەلگەن، كېيىن يەنە ئۆزگىرىش ياساپ، دۇئېلدا تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتكەن. دۇئېلغا ئۇنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» ناملىق ئەسىرى زامىن بولغان، كىشىلەر دەسلەپ ئەسەرنىڭ قەھرىمانى لېرمونتوفنىڭ ئۆزى دەپ گۇمان قىلىشقان. قايتا نەشر قىلىنغاندا، ئۇ بۇ گەپلەرگە چۈشەنچە بېرىپ، ئەسەرنىڭ قەھرىمانى بىرەر كونكرېت شەخس ئەمەس، ئۇ زامانىمىزدىكى نۇرغۇن بۇزۇق، ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئوبرازى، دېگەن. چۈنكى، ئەسەردە ھەقىقەتەن شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مورتىنوف ئىسىملىك بىر دوستى مېنىڭ ئوبرازىمنى يېزىپتۇ دەپ، ئۇنىڭ دۇئېلغا چىقىشىنى تەلەپ قىلغان. لېرمونتوف ئۆز دوستىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيماي، قورالىنىڭ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقان، بىراق مورتىنوف ئۇنى چەنلەپ ئاتقان، نەتىجىدە نەق مەيداندا ئۆلگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمدىلا 27 ياشتا ئىدى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىككى شائىر ئوخشاشلا بايروننىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلغان تەرەپلىرى
ئوخشاشمايدۇ. پۇشكىن تەركىدۇنيالىق سىرتقى كۆرۈنۈشنى قوبۇل
قىلغان بولسا، لېرمونتوف ئۇنىڭ پاسسىپ كۆزقاراشلىرىنى قوبۇل
قىلغان. شۇڭا، پۇشكىن ئاخىر بېرىپ چار پادىشاھنىڭ قوراللىق
كۈچلىرىگە بويسۇنۇپ، تىنچلىقپەرەسلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن،
لېرمونتوف بولسا ئازراقمۇ چېكىنىش خىيالىدا بولماي، باتۇرلۇق
بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. بودېنستىد(171) بۇ ھەقتە مۇھاكىمە
يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەن: لېرمونتوف تەقدىرىنىڭ زىيانكەشلىكىـ
ـنى يېڭىپ چىقالمىغان، ئەمما تەقدىرى ئۇنى يېڭىلىشقا مەجبۇر
قىلغاندا، قەيسەر ھەم مەردانىلەرچە ياشاۋەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىـ
ـرىدا مۇرەسسەسىزلىك، نەپرەت ئاۋازىنىڭ كۈچلۈك ياڭراپ تۇرـ
ـدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ يەردە. لېرمونتوف ئۆز ۋەتىنىنى سۆـ
ـيدۇ، ئەمما پۇشكىنغا ئوخشىمايدۇ. پۇشكىنغا ئوخشاش دۆلەتـ
ـنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى قوراللىق كۈچ بىلەن كۆز ـ كۆز قىلمايدۇ.
ئۇ ۋەتەنىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىنى، دالالىرىنى، دېھقانلارنىڭ تۇرـ
ـمۇشىنى قىزغىن سۆيىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇ
كافكازدىكى يەرلىك خەلقنىمۇ سۆيىدۇ. بۇ خەلق ئەركىنلىك ئۈـ
ـچۈن روسىيىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان؛ لېرمونتوف ئۆزى
ھەربىي ئىچىدە ئىككى قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ، ئۇ
يەنىلا كافكاز خەلقىنى سۆيىدۇ، ئۇ يازغان «ئىسمايىل باي» ناملىق
ئەسىرىدە مۇشۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ بەرگەن. لېرمونتوفنىڭ ناپوـ
ـلېئونغا بولغان كۆزقارىشىمۇ بايرونغا ئانچە ئوخشاشمايدۇ. بايرون
دەسلەپ ناپولېئوننىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرگە تۇتقان خاتا مۇئامىـ
ـلىسىنى ئەيىبلىگەنىدى، ناپولېئون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بولـ
ـسا ئۇ يەنە لالما ئىتلارنىڭ ئۆلۈك شىرنىڭ گۆشىنى تالىشىپ
يېگىنىگە ئوخشايدىغان كىشىلەرگە غەزەپلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن
ناپولېئونغا چوقۇنغان. لېرمونتوف فرانسۇزلارنىلا ئەيىبلىگەن،





ئۇلارنى قەھرىمانلىرىنى يوقاتقۇچىلار دېگەن. ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە
كەلسەك، بۇ جەھەتتىمۇ بايرونغا ئوخشاشمايدۇ. ئۇ، مېنىڭ ئەڭ
ياخشى دوستۇم بىرلا، يەنى ئۆزۈم، دەيدۇ. ئۇ غەيرەت ـ شىجائەتـ
ـلىك بولۇپ، قەدىمى يەتكەنلا يەردە ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇپ
مېڭىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما بايروننىڭ مەن كىشىلەرگە نەپرەت
بىلەن قارىمايمەن، پەقەتلا ئۇلاردىن يىراقراق تۇرۇشنى ئويلايمەن
ياكى مەن كىشىلەرنى بەك ئاز ياخشى كۆردۈم دېگەندىن كۆرە،
تەبىئەتنى كۆپرەك ياخشى كۆردۈم دېگىنىم تۈزۈكرەك، دېگەن
گەپلىرىنى لېرمونتوفنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ
ھاياتى ئۆزۈمچانلىق قىلىپ كىشىلەردىن يىرگىنىش بىلەن ئۆتـ
ـكەن. تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر ئەنگلىيە شائىرلىـ
ـرىنى خۇش قىلغان بولسا، رۇس قەھرىمانلىرىنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ
زۇلمەتلىك بولۇپ، گويا قارا بۇلۇت ۋە چاقماق دەستىدە يورۇقلۇق
ھەم كۈن نۇرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىككى دۆلەت كىشىلىرىنىڭ
ئوخشاشمايدىغانلىقىنى مۇشۇ يەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 8

دانىيىلىك براندىس پولشا رومانتىك يازغۇچىلىرىدىن مىسكىـ
ـۋىچ (A. Miciewicz)(172)، سلوۋاتسكى (J. Slowacki)(173)،
كراسىنسكى (S. Krasinski)(174) لارنى كۆرسەتكەنىدى. مىسكىـ
ـۋىچ روسىيە ئەدىبى پۇشكىن بىلەن زامانداش بولۇپ، 1798 ـ
يىلى زاسىيە كەنتىدە تۇغۇلغان. بۇ كەنت لاتۋىيىدە بولۇپ، پولشا
بىلەن چېگرىداش. 18 يېشىدا ۋىرنېئۇس ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا
كىرىپ تىلشۇناسلىق ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دەسلەپكى
مەزگىلدە قوشنىسىنىڭ قىزى مارىنا ۋىلساكوپنانى ياخشى كۆرۈپ
قالىدۇ. مارىنا باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن مىسكىۋىچـ

نىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. كېيىن ئۇ بايروننىڭ شېئىر-
لىرىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەم «مەرھۇملارغا نەزىرە» ناملىق
شېئىرىي درامىسىنى يازغان. ئەسەردە لاتۋىيىلىكلەرنىڭ قەدىمىي
ئۆرپ - ئادەتلىرى بايان قىلىنغان. ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ
2 - كۈنى كىشىلەر قەبرىستانلىققا كېلىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا
ئاتاپ، مېۋە - چېۋە، ھاراق - شاراب بىلەن نەزىر ئۆتكۈزىدۇ.
پۈتۈن كەنت خەلقىگە بىر پوپ يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بۇنىڭدىن
باشقا يەنە نۇرغۇن ئەرۋاھلار بايان قىلىنىدۇ. ئەرۋاھلارنىڭ ئىچىدە
جۇدالىق دەستىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىر ئەرۋاھ بولۇپ،
دوزاخ ئۇنىڭغا ھەر يىلى شۇ كۈن كەلگەندە باشتىكى ئازاب -
ئوقۇبەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈرۈشنى ھۆكۈم قىلى-
دۇ. بۇ شېئىر تولۇق يېزىلىپ بولمىغان، شائىر كېيىنكى مەز-
گىلدە كاۋنو (Kawno)[175] دا ئوقۇتقۇچى بولغان، ئىككى - ئۈچ
يىلدىن كېيىن ۋېرنوسقا قايتىپ كەلگەن. 1822 - يىلى رۇس
ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. پەنجىرىسى ياغاچتىن
ياسالغان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاپقا-
راڭغۇ تۈرمىدە 10 ئاي ياتقان؛ كېيىن پېتىربورگقا ئەۋەتىلگەن،
ئۇ يەردىن يەنە ئودېساغا ئەۋەتىلگەن. ئودېسادا ئوقۇتقۇچىغا ئېھتى-
ياج بولمىغانلىقتىن، قىرىم يېرىم ئارىلىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ يەر-
نىڭ مەنزىرىسىدىن ئىلھاملىنىپ شېئىر يازغان. كېيىن بۇ يەردە
يازغان شېئىرلىرىنى «قىرىم شېئىرلىرى» دېگەن تېمىدا توپلام
قىلىپ ئىشلىگەن. كېيىن موسكۋاغا قايتىپ كەلگەن، كىنەز سا-
رىيىدا خىزمەت قىلىۋاتقاندا ئىككى پارچە شېئىر يازغان. بىر
شېئىرنىڭ تېمىسى «گىرازىنا» (Grazyna) بولۇپ، ئۇنىڭدا لى-
چېۋىر ئىسىملىك بىر شاھزادىنىڭ قېيناتىسى يودولىت بىلەن
چىقىشالماي، چەت ئەلدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى، خوتۇ-
نى گىرازىنا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئاسىيلىق قىلماس-





لىققا كۆندۈرەلمەي، گارنىزون قوشۇنلىرىغا گېرمان ئەلچىلىرىنى
نوۋوگىراتقا كىرگۈزمەسلىككە بۇيرۇق بەرگەنلىكى، ياردەمگە كەل-
گەن قوشۇنلار قاتتىق غەزەپلىنىپ، يودولىتقا ھۇجۇم قىلماي،
لىچېۋىرغا ھۇجۇم قىلغانلىقى، گىرازىنا قالقان - ساۋۇت كىيىپ
شاھزادىچە ياسىنىپ، گېرمان قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى،
ئۇزۇن ئۆتمەي، شاھزادە قايتىپ كەلگەندە بەختكە يارىشا غەلىبە
قىلغان بولسىمۇ، ئەمما گىرازىناغا ئوق تېگىپ، تېزلا ئۆلۈپ
كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. دەپنە قىلىش ۋاقتىدا شاھزادە گىرازى-
نانى توپ ئېتىپ ئۆلتۈرگۈچىنى باغلاپ ئوتقا تاشلىغانلىقى، ئۆزى-
نىڭمۇ قۇربان قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇ-
نى شۇكى، بۇنىڭدا بىر ئايال كىشىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز ئېرىنىڭ
بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، قوشۇن ياردەم بېرىشنى رەت قىلىپ،
ئۆز ئەسكەرلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، دۆلەتنى خەتەر ئىچىدە قويغان
ھەم ئۇرۇشنى چىللاپ كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ خاتا
ئەمەسلىكى، يۇقىرىقىدەك يوكسەك مەقسەت ئۈچۈن ھەرقانداق
ئىشنى قىلىشقا بولىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر شېئىرنىڭ
تېمىسى «ۋاللېنرود» بولۇپ، قەدىمكى زامان ۋەقەلىرىنى ماتېرى-
يال قىلغان. ئەسەردە «ۋاللېنرود» ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، ۋەتىنى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلايدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن دۈشمەنگە يالغاندىن تەسلىم بولۇپ، پەيدىنپەي دۈشمەن
قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇۋالىدۇ. شۇنداق
قىلىپ دۈشمەننى بىراقلا يوقىتىدۇ. بۇ ئەسلىدە ئىتالىيىلىك ياز-
غۇچى ماچياۋېلى (Machiavelli)[176] نىڭ غەرىزى بولۇپ، بايرونچە
ئوبراز ئارقىلىق بايان قىلىنغان. شۇڭا، ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىن
قارىغاندا مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدىغان رومانتىزملىق ئەسەردەك كۆ-
رۈنىدۇ. كىتابنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈ-
شەنمەي، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا يول قويۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

مىسكىۋىچ بىردىنلا شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مىسكىۋىچ گېرمانىيىگە بېرىپ، گېرمانىيە يازغۇچىسى گېتي بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «تادېش ئەپەندى» شېئىرىنى يازىدۇ. شېئىردا سوبولكا ۋە كوشچىك ئائىلىسىدىكى ئىشلار يېزىلغان. ئەسەردىكى مەنزىرە تەسۋىرلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ماختاشقا سازاۋەر بولغان. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى تادېش ئەپەندى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دادىسى يوشاك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شېئىرنىڭ باش قىسمىدا بۇ ئىككىيلەننىڭ ئېيىق ئوۋلىغانلىقى يېزىلغان. ۋائىسكى ئىسىملىك بىر كىشى كاناي چالغاندا، دەسلەپ پەس ئاۋازدا، ئاندىن بارغانسېرى كۈچلۈك ئاۋازدا چالغانلىقى، كانايىنىڭ ئاۋازى ئورمانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەممە ياققا تارقىلىدىغانلىقى، بارا - بارا مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كانايلارنىڭ ئاۋازى بىر كانايغا مەركەزلىشىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ خۇددى مىسكىۋىچنىڭ شېئىرلىرىدىكى پولشىنىڭ قەدىمىي كىشىلىرى بىلەن ھازىرقى كىشىلىرىنىڭ ئاۋازى يىغىلغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياڭراق، ھەر خىل ھېسسىياتلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ، پولشىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ياڭراپ تۇرىدۇ. ئۇ تا بۈگۈنگە قەدەر ھەربىر پولشىلىققا چەكسىز تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى سۆزلەرنى ئەسكە ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى كانايچى ۋائىسكىنىڭ كانىيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. مىسكىۋىچ ئەنە شۇ مەڭگۈ ياڭراق ناخشا ساداسى ئىچىدە مەڭگۈ ياشايدىغان شائىر.

مىسكىۋىچ ناپولېئوننى بايروننى ياراتقان، دەپ قارايدىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بەكمۇ چوقۇنىدۇ ۋە بايروننىڭ ھاياتى ۋە شانلىق ئوبرازى روسىيىدە پۇشكىننى ئويغاتقان، شۇڭا ناپولېئون پۇشكىننى ۋاستىلىك ھالدا ئويغاتقان، ناپولېئون دۆلەت خەلقىنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى ئازاد قىلىشنى ئۆز بۇرچى قىلغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتى





ئەڭ نەپىس شېئىر ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ئۇ بايرونغىمۇ ئالاھىدە چوقۇناتتى. ئۇ بايروننىڭ ئەسەرلىرى ناپولېئوندىن كەلگەن، ئەنگلىيىدە ئۇنىڭ بىلەن زامانداش كىشىلەر ناپولېئوننىڭ تالانتى تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق بايرونغا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بايرون ئۆلگەندىن كېيىن ئەنگلىيە ئەدەبىياتى يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى، دەپ ھېسابلىغان. روسىيىدە بولسا مىسكىۋىچ پۇشكىن بىلەن بەك يېقىن دوست ئىدى. ھەر ئىككىسى سلاۋيان ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرى، شۇنداقلا بايرون ئېقىمىغا كىرەتتى. ھەر ئىككىسى ياشانغانسېرى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە كۆچۈشكە باشلىغان. ئىككىسىنىڭ پەرقلىق يېرى شۇكى، پۇشكىن ياشلىق دەۋردە چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق بىر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىشتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈرەش ئىرادىسىنى يوقىتىپ، چار پادىشاھنىڭ كەڭچىلىكىگە مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ياۋاش پۇقراسى بولۇشقا ماقۇل بولۇش بىلەن ياشلىق دەۋرىدىكى تەشەببۇسلىرىدىن ۋاز كەچكەن. مىسكىۋىچ بولسا تا ئۆلۈپ كەتكۈچە كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار كۆرۈشكەندە، خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن پۇشكىن «باتۇرنىڭ ھەيكىلى» ناملىق شېئىرنى يازغان بولسا، مىسكىۋىچ «ئۇلۇغ پېتىرنىڭ ھەيكىلى» ناملىق شېئىرنى يازغان. چۈنكى، 1829 - يىلى بۇ ئىككىيلەن يامغۇردا قالغاندا ئىمپېراتور پېتىرنىڭ مىس ھەيكىلىنى دالدا قىلغان. مىسكىۋىچ بۇ شېئىرنى يېزىپ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆھبەتنى ئۆز شېئىرىدا بايان قىلغاندا ئۆز گەپلىرىنى پۇشكىننىڭ گېپى قىلىپ يازغان. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئاتنىڭ تۇياقلىرى ھاۋادا تۇرۇپ قالىدۇ، پېتىر يارنىڭ لېۋىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتمايدۇ، تىزگىنىنى قويۇۋەتسە كۆكۈم - تالقان بولماي قالمايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە يىقىلىپ چۈشكىنى يوق. ئۇ ھېلىمۇ

خۇددى قەھرىتان سوغۇق بۇلاق سۈيىنى توڭلىتىپ چوكا مۇز
قىلىپ قويغاندەك يارىنىڭ لېۋىدە ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئەر-
كىنلىك قۇياشقا ئوخشاش كۆتۈرۈلگەن هامان، ئىسسىق شامال
غەربكە قاراپ سوقۇپ، غەربتىكى بۇ قەھرىتان سوغۇقنى ھەيدەپ،
ئۇ يەرنى ئىللىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتقا يەتكەندە ھېلىقى بۇلاق قانداق
بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ زوراۋان ھاكىمىيەت نېمە بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ
گەپلەر ئەمەلىيەتتە پۇشكىننىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتىلغان مىسكىۋىچ-
نىڭ سۆزلىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس. پولشا بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرى-
غاندىن كېيىن ئىككىسى قايتا كۆرۈشۈپ باقمىغان، پۇشكىن شې-
ئىر بىلەن ئۇنى ياد ئەتكەن؛ پۇشكىن يارىدارلىنىپ ئۆلگەندىن
كېيىن، مىسكىۋىچمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېچىنغان. بۇ ئىككىيلەن
ناھايىتى تونۇش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيىلىرىمۇ ئوخشاشلا
بايروننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئا-
رىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، پۇشكىن ھاياتىنىڭ
ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يازغان ئەسەرلىرىدە بالىلىق دەۋرلىرىدىكى
ئەركىنلىككە تەشنا بولغان چۈشلىرىنىڭ ئەكسىچە مەزمۇنلار سىڭ-
دۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا ئالغا بېسىش يولىدا نىشاننى پەرق ئەتكىلى
بولمايدۇ دېگەن قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما، مىسكىۋىچ ئۆز نىشانى-
دىن ئازراقمۇ گۇمانلانمىغان ھەم ئەزەلدىن تەۋرەنمىگەن.

سلوۋاتسكى 1809 ـ يىلى كرزېمېنستە تۇغۇلغان، كىچىكى-
دىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئۆگەي ئاتىسىنىڭ قولىدا
چوڭ بولغان. كېيىن ۋېرنوس ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان.
ئىدىيە ۋە خاراكتېر جەھەتتە بايروننى دورىغان. 21 يېشىدا ۋارشا-
ۋاغا بېرىپ مالىيە مىنىستىرلىكىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن؛
ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تاسادىپىي
چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، زادى قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمى-
گەن. ئاۋۋال لوندونغا، ئاندىن پارىژغا بارغان. بايروننىڭ ئۇسلۇ-





بىنى دوراپ بىر تومۇلۇق شېئىر يازغان. شۇ ۋاقىتتا مىسكىۋىچمۇ
بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي مۇناسى-
ۋىتى بۇزۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەسرەت سا-
دالىرى بىلەن تولغان. 1835 ـ يىلى پارىژدىن ئايرىلىپ شەرققە
ساياھەت قىلغان. گرېتسىيە، مىسىر، سۇرىيە قاتارلىق جايلاردىن
ئۆتۈپ، 1837 ـ يىلى ئىتالىيىگە قايتقان، سەپەر قىلىپ ئەلئا-
رىشقا يېتىپ كەلگەندە، يۇقۇملۇق كېسەل كاساپىتىدىن ئۇزۇن
مۇددەت تۇرۇپ قالغان ھەم «ۋابا كېسەللىرىنىڭ ئاتىسى» ناملىق
شېئىرنى يازغان، شېئىردا بىر ئەرەبنىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگىنى-
دەك، ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلى، ئۈچ قىزى، ھەتتا خوتۇنىنىڭمۇ
يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى
تەسۋىرلىگەن. شېئىر قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ،
ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گرېك نىئوبە[177] نىڭ ئوبرازى
گەۋدىلىنىدۇ. شېئىرغا دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇش قايغۇسى سىڭ-
گەن. ئۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تەسۋىرلەيدىغان شۇ خىلدىكى شېئىر-
لار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، قورقۇنچلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ئەسەر-
لەرنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ياراتقان. بۇ جەھەتلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرى-
دە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بارلىق شېئىرلىرىدا ئۆز
بېشىدىن بىۋاستە كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ياكى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن ياكى بىۋاستە ئاڭلىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ئىشلار
تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تارىخىي پاكىتقا ئاساسەن يېزىلغان
«كارول دۇك» ناملىق شېئىرىدا روسىيە پادىشاھى ئىۋان Ⅳ نىڭ
بىر ئەلچىنى پۈتىدىن قىلىچ بىلەن يەرگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلىكى
خاتىرىلەنگەن، بۇ قەدىمكى زامان كىتابلىرىدىن ئېلىپ يېزىلغان.

پولشا شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۈرمە ۋە سۈرگۈندىكى قى-
يىن ـ قىستاقلارنى يازغان. مەسىلەن، مىسكىۋىچنىڭ «ئەرۋاھ-
لارغا نەزىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى تومىدا ئۆزىنىڭ كەچۈر-

مىشلىرى يېزىلغان. ئۇنىڭ «چىخوۋىسكى» بابىنى ياكى «سوبولد-
ۋىسكى» بابىدىكى 20 چاندىدا سىبىرىيىدىگە سۈرگۈن قىلىنغان
ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئوقۇغىنىد-
ىڭىزدا، غەزەپلەنمەي تۇرالمايسىز. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى شا-
ئىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆچ ئېلىش ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدۇ. مەسى-
لەن، «ئەرۋاھلارغا نەزىر» شېئىرىنىڭ ئۈچىنچى تومىدا گۇناھ-
كارلار ناخشا ئېيتىدۇ. بىرىنچى بولۇپ يانكوۋىسكى ناملىق بىرى:
مەن خۇدانىڭ بەندىسى بولسام، ئەيسا پەيغەمبەر ۋە بۈۋىمەريەمنىڭ
ئالدى بىلەن ۋەتىنىمىزگە داغ كەلتۈرگەن چار پادىشاھنى جازال-
غانلىقىنى كۆرسەم پىغاندىن چىقاتتىم، ئەگەر چار پادىشاھ ئۆلمەي-
دىكەن، مەن ئەيسانىڭ نامىنى تىلغا ئالالمايمەن، دەيدۇ. ئىككىن-
چى بولۇپ كاروكىۋىسكى: ناۋادا مەن سۈرگۈن قىلىنسام، تۇرمىدە
ئەمگەك قىلىمەن، چار پادىشاھى ئۈچۈن ئەسكەر بولىمەن، مەن
يەنە نېمىنى تىلەيتتىم؟ مەن تۇرمە مەزگىلىدە تىرىشىپ ئىشلىشىم
كېرەك. قاچان بولسۇن بىر كۈنى بۇ زەنجىرلەر ھەم ئۆز -
ئۆزۈمگە، ھەم چار پادىشاھى ئۈچۈن بىر ئايپالتا بولۇپ سوقۇلۇشى
مۇمكىن، دەيمەن؛ ناۋادا مەن تۇرمىدىن ئامان - ئېسەن چىقالىسام
تاتار قىزىدىن بىرىنى ئالىمەن ھەم ئۇنىڭغا چار پادىشاھقا
ئاتاپ بارىن[178] (پاۋىل I نى ئۆلتۈرگۈچى) ئاتلىق ئوغۇلدىن
بىرنى تۇغقىن دەيمەن؛ ئەگەر مەن مۇستەملىكىلەرگە كۆچۈپ كەت-
سەم، چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، قول ئاستىمدىكى پۈتۈن يەرگە چار
پادىشاھقا ئاتاپ كەندىر تېرىتىمەن، كەندىرنى ئارغامچا ئەشكۈزۈپ،
ئۈستىگە سىم باغلاپ ئارلوف (پېتىر III نى ئۆلتۈرگۈچى)[179]
غا بېرىمەن، ئۇ بۇ ئارغامچىنى چار پادىشاھنىڭ بوينىغا سىرتماق
قىلىپ سالىدۇ، دەيدۇ. ئاخىرىدا كانراد ناخشا ئېيتىدۇ: «بىزنىڭ
خۇدايىمىز جىمىپ قالدى، ناخشا ئاۋازى قەبرىنىڭ ئىچىگە كەتتى،
ئەمما بىزنىڭ قادىر خۇدايىمىز قان پۇراۋاتىدۇ، خۇددى قان شورد-





غۇچقا ئوخشاش ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئادەم قېنى
ئىچكۈسى كېلىدۇ. قانغا قان ئالىمىز، جانغا جان! ئىنتىقام
ئالىمىز، ئىنتىقام! بىزنى ئۆلتۈرگەن جاللاتلاردىن ئىنتىقام ئالى-
مىز! خۇدا قوشۇلىدىكەن، جەزمەن ئىنتىقام ئالىمىز، قوشۇلمى-
غان تەقدىردىمۇ ئىنتىقام ئالماي قويمايمىز! ئىنتىقام ئېلىشقا
ئۈندەيدىغان شېئىرلارنىڭ جەۋھىرى ئەنە شۇ يەردە، ناۋادا خۇدا
ئادىل بولمىسا ئىنتىقامنى ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىشقا تەييار.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىنتىقام ئېلىشقا دائىر ئىشلار يۈرەكنىڭ
قېتىغا يوشۇرۇنغان ئىشلار بولۇپ، ئويلىمىغان يوللار بىلەن ئىپا-
دىلەپ بېرىلگەن، بۇنىڭدىن مەقسەت: بالايىئاپەت ئاسارىتىدە ياشا-
ۋاتقان، ئەمما دەردىگە يېتىدىغانلارنى تاپالمايۋاتقان كىشىلەر ۋەتەن-
نى ھەرخىل چارە - تەدبىرلەر بىلەن قۇتقۇزۇشى كېرەك. مانا
بۇ مۇقەددەس قانۇنىيەت. شۇڭا، گرازېنانىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئىراد-
ىسىگە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىلاپلىق قىلغانلىقى،
ھەققانىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، خاتالىق ئەمەس. ۋاللېنرودمۇ
شۇنداق. ئەگەر سىرتقى مۇداخىلىچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن
ئالدامچىلىق، ساختىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلانسىمۇ بۇنى ھەرگىز
ناتوغرا دېيىشكە بولمايدۇ. ۋاللېنرود يالغاندىن دۈشمەنگە تەسلىم
بولغان بولۇپ، ئاخىر گېرمان قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ئۆز ۋەتى-
نىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆزىمۇ ئارماندا
ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ، ناۋادا بىر ئادەم ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدىغان
بولسا، ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى ئىزدەش كېرەك، يالغاندىن دۈش-
مەنگە تەسلىم بولغانمۇ جىنايەت ھېسابلانمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.
بۇ خىل ئىدىيىنى «ئەلپۇ جەرراس» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىن
تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئەسەردە مۇنۇلار بايان قىلىنغان:
مور[180] لارنىڭ سۇلتانى ئالمانرو شەھەردە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ
كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گرانتونى ئىسپانىيىگە تەسلىم قىلىپ

بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن كېچىدە شەھەردىن چىقىپ
ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ، شۇ چاغدا ئىسپانىيىلىكلەر
ھاراق ئىچىپ بەزمە قىلىشىۋاتقانىدى، دەل شۇ پەيتتە ئىسپانلاردىن
بىرى بىر ئەرەبنىڭ كۆرۈشمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر
قىلىدۇ، ئەرەب ئىسپانلارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن ھامان: «ئىسپا-
نىيىلىكلەر، مەن سىلەرنىڭ خۇدايىڭلارغا ئېتىقاد قىلىمەن، سى-
لەرنى دانا پەيغەمبەر ئورنىدا كۆرۈپ، سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار-
نىڭ ئۇممىتــى بولۇشنى خالايمەن، سىلەرگــە مالاي بــولاي دەي-
مەن!» دەيدۇ. ئەتراپتا تــۇرغانلار ئۇنىڭ ئالمانرو ئىكەنلىكىنى
تونۇيدۇ، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ رەھبىرى رەسمىيەت بويىچە ئۇنى
قۇچاقلاپ سۆيىدۇ، باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قۇچاقلاپ
سۆيىدۇ، ئەمما ئالمانرو توساتتىن يەرگە يىقىلىدۇ ۋە سەللىسىنى
قولىغا ئېلىپ، ئۇنىنىڭ بارچە: «مېنىڭدە ۋابا كېسىلى بار!»
دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق نومۇسقا چىداپ، ئىسپانىيە
قوشۇنلىرى ئارىسىغا بېرىپ، ئۆزىدىكى ۋابا كېسىلىنى ئىسپانىيە
قوشۇنلىرىغا يۇقتۇرىدۇ. سىلوۋاتسكى ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆز دۆلى-
تىدىكى ساتقۇنلارنىڭ خائىنلىقلىرىنى ھەمىشە ئەيىبلەيتتى، ئەمما
ئەگەر كىمكى ساختىپەزلىكنى دۈشمەنگە ئىشلەتسە ئۇنى بەكمۇ
ماختايتتى. «لامبرو»، «كوردجان» ئەنە شۇ خىلدىكى شېئىرلار-
دىندۇر. «لامبرو» گرېكلار ھاياتىدىن ئېلىنغان، ئۇ دىنىدىن قول
ئۈزۈپ، قاراقچى بولۇپ كەتكەن، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن
تۈركلەردىن ئىنتىقام ئېلىش يولىغا ماڭغان. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ
قەبىھلىكىگە جاھاندا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. پەقەت بايروننىڭ
شەرقنى تەسۋىرلەپ يازغان شېئىرلىرىدىلا بۇ خىل خاراكتېر كۆز-
گە چېلىقىدۇ. كوردجان پولشالىق بولۇپ، نىكولاي I نى قەستى-
لەپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ئىككى پارچە شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى
ئىنتىقام ئېلىشتىن ئىبارەت.





يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى شائىر ئۇمىدسىزلەنگەنلىكى ئۈ-
چۈن دۈشمەننىڭ زىيىنىغا بولىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى يوللۇق
دەپ قارىغان. مەسىلەن، گرازىنانىڭ ئالدامچىلىقى، ۋاللېنرود-
نىڭ دۈشمەنگە يالغان تەسلىم بولۇشى، ئالمانرونىڭ ۋابا كېسىلىنى
تارقىتىشى، كوردجاننىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشى — بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى ئەنە شۇنداق. ئەمما، كراسىنسكىنىڭ كۆزقاراشلىرى بۇنىڭ
ئەكسىچە. باشقىلار قورال كۈچى بىلەن ئىنتىقام ئالىمىز دېسە،
ئۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن ئېرىتىشنى تەشەببۇس قىلغان.
ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئالىلقاچان ئۈزۈلۈپ قالغان ئېسىل ئەنئەنىلەر-
نى ياد ئېتىش، ۋەتەن ئۈچۈن قايغۇرۇش بىلەن تولۇپ كەتكەن.
پولشالىقلار ئۇنىڭ شېئىرىدىن تەسىرلىنىپ 1830 - يىلى قوزغى-
لاڭ كۆتۈرگەن. 1863 - يىلىدىكى ئىنقىلابمۇ ئۇنىڭ تەسىرىدىن
بولغان دېيىش مۇمكىن. تا ھازىرقى كۈنگە كەلگەندىمۇ ئۇنىڭ
روھى ئۆنتۈلۈپ كەتكىنى يوق، لېكىن پولشىلىقلارنىڭ ئۈستىدىكى
بالايىئاپەتمۇ تۈگىگىنى يوق!

## 9

ۋېنگرىيە جىمجىتلىقتا چۆكۈپ كەتكەن دەۋردە پېتوفى[181]
مەيدانغا چىقتى. ئۇ 1823 - يىلى كىسكوروستىكى بىر قاساپ
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىسكوروس ۋېنگرىيە بويىچە يەر تۈزۈلۈشى
پەس جاي بولۇپ، ئۇ يەردە پايانسىز ئوتلاق بار. يول بويلىرىدا
كەنتلەر ۋە سارايلار بار، ئۇ يەرنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسى پېتوفىغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ۋېنگرىيىدىكى بۇ ئوتلاقلار روسىيە
ئوتلاقلىرىغا ئوخشاش شائىرنى ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ دادىسى
سودىگەر بولسىمۇ، ئەمما گرېكچىنى بىلىدىغان بىلىملىك ئادەم.
پېتوفى 10 يېشىدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ كرودودا ئوقۇغان، كېيىن

يەنە ئاشاۋۇتتا ئۈچ يىل گىراماتىكا ئوقۇغان. ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا ئالاھىدە تالانتلىق بولۇپ، ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرىدىغان، ئارتىس بولۇشقا ھەۋەسمەن، شېئىر يېزىشقا قىزىقىدىغان بالا ئىدى. كېيىنچە ئۇ يەنە سىلىمچقا كەلگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپتە ئۈچ ئاي ئوقۇغان. دادىسى ئۇنى ئارتىسلار بىلەن ئاياق ـ چاپاق بولۇپ كەتتى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئوقۇشتىن توختىتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پىيادە يول يۈرۈپ بۇداپېشتقا كېلىپ، ئۇ يەردىكى دۆلەتلىك تىياتىردا قارا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن تۇغقانلىرى ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئۇ شۇنىڭ بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ، دەسلەپ شېئىر يازغاندا قوشنىسىنىڭ قىزىنى كۈيلەپ يازغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمدى 16 ياشقا كىرگەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ تۇغقىنى ئۇنى ئارتىسلىقنىلا بىلىدىغان كارغا كەلمەس دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشىگە ماقۇل كەلگەن. شۇ مەزگىلدە ئۇ تۇيۇقسىز ھەربىيگە كىرگەن. ئۇ زۇلۇمدىن يىرگىنىدىغان، ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئارمىيىدە 18 ئاي تۇرغان، بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن، كېيىن يەنە بابۇر ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، بەزىدە ئارتىسمۇ بولغان، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىپ جان باققان. 1844 ـ يىلى ۋوروسمارتى (M. Vorosmarty)[182] نى زىيارەت قىلغان. ۋوروسمارتى پېتوفىنىڭ شېئىرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ پېتوفى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئارتىسلىقنى تاشلىغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى بۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي نامىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ شۆھرەت تېپىشقا باشلىغان، كۆپچىلىك ئۇنى ۋېنگرىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى، دەپ تونۇيدىغان بولدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى ئۆلۈپ





كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن شىمالغا ساياھەت قىلغان، كۈزدە يەنە بۇداپېشتقا قايتىپ كەلگەن. 1847 ـ يىلى ساروندوغا بېرىپ شائىر ئارانىي (J. Arahy)[183] نى زىيارەت قىلغان. ئارانىينىڭ «جولدى» ناملىق مەشھۇر شېئىرى ئەمدىلا پۈتكەن بولۇپ، پېتوفى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىنتايىن قىزىققان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى دوست بولغان. 1848 ـ يىلىدىن باشلاپ پېتوفىنىڭ شېئىرلىرى تەدرىجىي ھالدا سىياسىي مەزمۇنغا يۈزلىنىشكە باشلىغان، چۈنكى ئۇ ئىنقىلابنىڭ پات ئارىدا پارتلايدىغانلىقىنى خۇددى قۇشلار يەر تەۋرەشنى ئالدىن پەملىگىنىگە ئوخشاش ئالدىن پەملەپ يەتكەن. دېگەندەك، شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋستىرىيە ئىنقىلابىنىڭ خۇش خەۋىرى بۇداپېشتقا يېتىپ كەلگەن. پېتوفى بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، «قوزغال، مەجارلار!» (ھۇنگارلار، ۋېنگرىيىلىكلەر) سەرلەۋھىلىك شېئىرنى يېزىپ چىقىپ، ئەتىسىلا ئاممىغا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى قايتۇرمىدا «ئۆلسەكمۇ قۇل بولمايمىز» دېگەن مىسرالىرى بار. شېئىرنى ئاڭلىغان ئامما شېئىرنى كۆتۈرۈپ تەپتىش ئىدارىسىگە بارغان ھەم تەپتىش ئەمەلدارلىرىنى ھەيدىۋېتىپ، باسما ماشىنىلىرىنى ئۆز قولىغا ئالغان، شېئىرنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى يانچۇقىغا سېلىپ قايتىشقان. كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىتلەرنىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەي تارقىتىلىشى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. پېتوفى ئۆزىمۇ: «ساز چېلىشتا، قەلەم تەۋرىتىشتە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەيمەن؛ مېنىڭ قەلبىمدە بىر خۇدا بار. ئۇ مېنى كۈيلەشكە ۋە شېئىر ئىجاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ خۇدا باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى» دەيتتى. ئەمما، پېتوفى شېئىرلىرى ھەمىشە ھەددىدىن تاشقىرى ھاياجانلىق ئىچىدە يېزىلغاچقا، بەزىدە ئامما قوبۇل قىلالمايتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «پادىشاھلارغا»[184] سەرلەۋھىلىك

شېئىرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانىدى. پېتو-
فى: «15 ـ مارت ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەن تاسادد-
پىيلا كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە يىرگىنچلىك ئادەم بولۇپ قالدىم.
تاغنىڭ قاراڭغۇ جىلغىسىدا ئۆزۈم يالغۇز باش قاتۇرماقتىمەن،
ئەمما مەن ئاداققىچە باش ئەگمەيمەن» دېگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي
دۆلەت ۋەزىيىتى جىددىيلەشكەندە، شائىر ئۇرۇش ۋە ئۆلۈمنىڭ
يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ دەرھال ئالدىنقى سەپكە بېرىپ
ئۇرۇشقا قاتنىششقا بەكمۇ ئالدىرىغان. ئۇ: «ئەرشكە چىققىنىم
بىلەنمۇ مەن جىمجىت جايدا تەنها ياشىيالمايمەن، مېنى ئۇرۇش
مەيدانىغا چاقىرىۋاتىدۇ، يۇرۇش سىگنالى چېلىنغان هامان، بۇي-
رۇقنى كۈتمەيلا قەلبىم ئۇرۇش مەيدانىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ»
دەپ، پىدائىيلار سېپىگە قاتناشقان. 1849 ـ يىلى گېنېرال
بېم (J. Bem) نىڭ قوشۇنىغا يۆتكەلگەن. بېم پولشىلىق بولۇپ،
1830 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا روسىيە بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان.
ئۇ شۇ چاغدا كوسسوت (L. Kossoth)[185] نىڭ تەكلىپى بىلەن
كېلىپ، ترانسلۋانىيە قوشۇنلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۇ پېتوفىغا
بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئىككىسى ئاتا ـ بالىدەك ياشايتتى. پېتوفى
بۇ قوشۇندىن ئۈچ قېتىم ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، قانداقتۇر
بىر كۈچ تارتىپ تۇرغاندەك ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كەلگەن. شۇ
يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سكىسبورگ قەلئەسىدىكى ئۇرۇشتا
قۇربان بولغان. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا «مۇھەببەتنى كۈيلەيمەن،
ۋەتەن يولىدا جېنىم پىدا» دېگەن گەپلىرىنى ئەنە شۇ كۈنى ئەمەلگە
ئاشۇرغان. پېتوفى بالىلىق دەۋرىدە بايرون بىلەن شېللېينىڭ
ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئەركىنلىك راسا
كۈيلەنگەن بولۇپ، هاياجان ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، مىجەز ـ خاراكتېرد-
مۇ بايرون ۋە شېللېيغا ئوخشايدۇ. ئۇ: «مېنىڭ قەلبىم ئورماندا
ياڭرىغان ساداغا ئوخشايدۇ، بىر ئاۋازغا يۈزلىگەن سادا جور بولىد-





دۇ» دەپ ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە تەبىئەت مەنزىرىسىنى شېئىر ئارقد-
لىق تەسۋىرلەپ، كېلىشكەن ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىشقا ماهىر
ئىدى. ئۇ، بۇنى پايانسىز چوڭ تەبىئەتنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى،
دەيتتى. ئۇنىڭ قەدىمكى زامان ۋەقەلىرى ئاساسىدا يېزىلغان «تاغ
يۈرەك جانۇس» دېگەن داستانى بار. داستاندا جانۇسنىڭ ھەسرەتلد-
رى، خۇشاللىقى، جۇدالىقى، ۋىسالىغا يەتكەنلىكى بايان قىلىند-
غان. يەنە «سىرتماق» ناملىق رومانى بار. روماندا مۇھەببەت
تۈپەيلىدىن ماجىرا كېلىپ چىقىپ، ۋابال قىلىش ۋەقەسى پەيدا
بولغان، تېرنان قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ئاخىر ئانتولوۋىچنىڭ
ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئانتولوۋىچ ئامراق ئوغلىدىن ئايرىلغاند-
دىن كېيىن، ئوغلىنىڭ قەبرىسى بېشىدا هازا تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ.
كۈنلەردىن بىرىدە تېرناننى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى
بولغاندا، مالىي: «ئۆلۈم بىلەن هاياتنىڭ قايسىبىرى ئىنسان
قەلبىنى تېخىمۇ بەكرەك ئازابلايدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ:
«هايات!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرناننى قويۇۋېتد-
دۇ. ئاخىر ئۇنىڭ نەۋرىسى ئانتولوۋىچنىڭ ئوغلىنىڭ بويىنىغا سې-
لىنغان سىرتماق بىلەن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدا
خۇدانىڭ سۆزلىرى شېپى كەلتۈرۈلگەن، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى:
ئەجدادلىرى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنىڭ هېسابىنى ئەۋلادىدىن ئال-
سىمۇ بولىدۇ، زىيانكەشلىك قىلغانىكەن، جەزمەن ئۆچىنى ئېلىش
كېرەك، ھەددىدىن ئانچە ـ مۇنچە ئېشىپ كەتسىمۇ كېرەك يوق،
دېگەندىن ئىبارەت. شائىرنىڭ هاياتىمۇ ئالاهىدە هايات بولۇپ،
ئۇ ئۆمۈر بويى سەرسان بولۇپ، قىلمىغان ئىشى قالمىغان،
بىردەم ـ يېرىمدەممۇ ئارام تاپمىغان، ئۇھ دېگۈدەك ۋاقتى بار
دېگەندىمۇ، يەنە بەربىر قولى ئىشتىن بوشمايتتى. بۇ خۇددى
دېڭىز قاينىمىدىكى جىمجىتلىققا ئوخشايتتى. مەسىلەن ئالايلى،
بىر يالغۇز قولۋاق قويۇن ئىچىدە قالغاندا بىردەملىك جىمجىت

بولغاندەك، بوران توختاپ، دولقۇن پەسلەپ، سۇلار سۇزۇلۇپ
كەتكەندەك قىلسىمۇ، بىراق قۇيۇن بىر چۆرگىلىگەندە، قولۋاق
بىرگە چۆرگىلەپ، سۇغا چۆكۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. شا-
ئىرنىڭ بىردەملىك ئارامىمۇ ئەنە شۇنداقلا بىر ئىش ئىدى.

يۇقىرىدا بىرنەچچە شائىر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇلار
سۆز ـ ھەرىكەت، مىجەز خاراكتېر، ئىدىيە ـ ھېسسىيات جەھەت-
لەردە ھەر خىل مىللەتلەردىن بولۇشى، ياشىغان شارائىتلىرىنىڭ
ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بول-
سىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە يەنىلا بىر ئېقىمغا مەنسۇپ: ئۇلار قەي-
سەر، تىز پۈكمەس، ھەقىقەتچىل، خۇشامەتگۇي ئەمەس، كونا
ئۆرپ ـ ئادەتكە بېرىلىپ كەتمىگەن؛ ئۇلار ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇ-
زۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياڭراق ئاۋازلىرى بىلەن ئۆز مەملىكىتى-
دىكى خەلقنى ئويغىتىشقا تىرىشقان. جۇڭگونى ئاختۇرۇپ كۆر-
سەك، ئۇلارغا تەڭلەشتۇرگۇدەك بىرەرى چىقارمۇ؟ جۇڭگو ئۆز
مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن ئاسىيادا قەد كۆتۈرۈپ كەلگەن،
ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا زادى يېتىشەلمەي كەلگەن، شۇ-
ڭا يۈكسەك نۇقتىئىنەزەر ۋە گىگانت قەدەملىرى بىلەن تەرەققىي
قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چېكىنىپ كەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن غەرب ئەللىرى بىلەن يەنە بىر قاتاردا تۇرۇپتۇ، بۇمۇ
بىزنىڭ بەختىمىز. ناۋادا ئۆتمۈشتە دەرۋازىنى تاقىۋېلىش سىياسى-
تىنى قوللانماي، دۇنيانىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، ئىدىيە ھەرىكەت-
لىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا-
دا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ھەرقانداق دۆلەتتىن قىلچە كەم قالمايدى-
غان تەنتەنىلىك ۋە شانلىق ئوبرازىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى ـ
دە، تاسادىپىي ئۆزگىرىشمۇ بولمايتتى. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ تۇر-
غان مەۋقەيىمىزنى، سەرگۈزەشتلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنى-
مىزدە، جۇڭگوغا كەلگەن پايدا ـ زىيان كىچىك ئىش ئەمەس.





ئىگە بولغان پايدا شۇكى، مەدەنىيەت جەھەتتە سىرتنىڭ تەسىرىگە
يولۇقمىدۇق، ئۆزىمىزگە خاس شەنىمىز بار، يېقىنقى زاماندىن
بۇيان چېكىنىپ كەتكەن بولساقمۇ، مەدەنىيىتىمىز دۇنيادا ئۆز
شەنىنى ئۆچۈرمەي كەلدى. بۇنىڭدىن تارتقان زىيانغا كەلسەك،
يېتىملىك. ئۆزىمىزنىڭكىنى راست دەپ، ئۆزىمىزنى يېتىم ھالدا
قالدۇردۇق، باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرمەي بېرىپ ـ بېرىپ
مەنپەئەتكىلا بېرىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؛ ۋاقىت ئۇزارغان-
سېرى ئىلگىرىلەش روھىمىز يوقىلىپ، يېڭى كۈچلەرنىڭ زەربى-
سىگە دۇچ كەلگەن ھامان مۇز ئاپتاپنى كۆرسە ئېرىپ كەتكەندەك،
دەرھال پارچىلىنىپ كېتىپ، قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئادەم چىقماي
قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ-
قۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، شۇڭا ھەممە نەرسىنى ئادەت بويىچە
كۆزىتىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتتۇق. شۇنداق بولغاچ-
قا، يېڭىلىق يولىغا ماڭمىز دەپ 20 يىل ۋارقىرىغان بولساقمۇ،
جۇڭگودا تېخى بىرەر يېڭى سادا ئاڭلىغىنىمىز يوق. دەل ئەنە
شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە سېپىدىكى جەڭچىلەر بىزگە
بەك قىممەتلىك بولۇپ كەتتى. ئەنگلىيىدە XVIII ئەسىرلەردە جەمئى-
يەت كەيپىياتى ساختىلىققا ئادەتلەنگەن، دىنىي ئەقىدىلەرمۇ چىرىك
ھالەتتە ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىمۇ قەدىمكى
زاماننى دوراپ، ياسىمىچىلىققا بېرىلىپ كەتكەنىدى، ھەقىقىي ئا-
ۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيلاسوپ لوكى(186)
كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، سىياسەت ۋە دىندىكى كونا
مەرەزلەرگە جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلدى، ئىدىيە ۋە سۆز ـ
ھەرىكەتتىكى ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇ، يېڭى، زور
ئىسلاھات ئۈچۈن ئۇرۇق چېچىپ بەردى. ئەدەبىيات ساھەسىدە
شائىر بۇرنىس چىقتى. ئۇ شوتلاندىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆزى
دېھقان ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇپ،
ھەممە ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشنى تەشۋىق قىلدى، ئۇ نوپۇز

ئىگىلىرىدىن قورقمىغان، پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك ئالدىدا بوشاشمىغان، ئۆز قان ـ تەرى بىلەن شېئىر يازغان. ئەمما، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئۇلۇغ ئەربابلار ھەمىشە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشۋېرىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ، ئاخىر سەرسانلىق ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بايرون، شېللىيلار ئوتتۇرىغا چىققان، تاقابىل تۇرغان، كۈرەش قىلغان. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ كۈچلىرى كونا جەمئىيەتنىڭ ئۇلىغا ھەيۋەتلىك دولقۇنغا ئوخشاش ئۇرۇلغان. بۇنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ روسىيىگە يېتىپ بارغاندا، خەلق شائىرى پۇشكىننى يېتىلدۈرگەن. پولشىدا ئىنتىقامچى شائىر مىسكىۋىچنى يېتىشتۈرگەن؛ ۋېنگرىيىدە ۋەتەنپەرۋەر شائىر پېتوفىنى يېتىشتۈرگەن. باشقىلىرىنى سۆزلىسەك گەپ تۈگىمەيدۇ. ئەمما، بايرون بىلەن شېللىي شاياتون، دەپ ئاتالغىنى بىلەن يەنىلا ئادەتتىكى بىر ئادەم. بۇ قاتاردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شەيتان بولۇشى ناتايىن. بۇمۇ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئۇلار قىزغىن، سەممىي ئاۋازنى ئاڭلاپ، تېزدىن ئويغانغان كىشىلەر، شۇنداقلا تىلى بىلەن دىلى بىر كىشىلەر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار قولىغا قورال ئېلىپ، خۇددى قىلىچۋاز باتۇرلارغا ئوخشاش قان ـ تەر تۆكۈپ، ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدا ئېلىشقان پالۋانلار؛ ئامما ئۇلارنىڭ ئېلىشىشلىرىنى ھەم خۇشاللىق، ھەم چۆچۈش ئىچىدە كۆرگەن. شۇڭا، ئاممىنىڭ ئالدىدا قان بەرگەن مۇشۇنداق كىشىلەر بولمىغاندا شۇ مىللەت بالايىئاپەت ئىچىدە قالغان بولاتتى، ئەگەر ئامما ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېتىبارغا ئالمىغان بولسا ياكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، بۇنداق مىللەت تېخىمۇ زور بالايىئاپەت ئىچىدە قالغان بولاتتى ياكى تېخىمۇ ئېغىرراقى، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايتتى!

هازىر جۇڭگونى ئاختۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، ئىدېئولوگىيە





ساھەسىدە جەڭچىلەر تېپىلامدۇ؟ قىزغىن ئاۋازلىرى بىلەن بىزنى مۇكەممەل، قەيسەر ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدىغان بىرەر ئادەم چىقامدۇ؟ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن بىزنى قەھرىتان سوغۇقتىن قۇتۇلدۇرالايدىغان ئادەم چىقامدۇ؟ دۆلەت سۈكۈت ئىچىدە تۇرغاندا، ئەڭ ئاخىرقى مەرسىيە ناخشىلىرى بىلەن جاھانغا ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈرگۈدەك ئىيېرېمى نەدە تۇرۇپتۇ؟! بىزدە ئۇنداق ئادەم تۇغۇلمىغان ئەمەس، تۇغۇلغانلىرى ئامما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان؛ دېمەك، جۇڭگونىڭ سۈكۈتتە قېلىشىدا ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى مەۋجۇت. ھەممە ئادەم ئەتىدىن كەچكىچە قورساقنىڭ غېمىدە يۈرۈپ، روھىي جەھەتتە باشقىلاردىن كېيىن قالدى؛ يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ھامان بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ كۆپچىلىكنىڭ يېڭىلىق ئېلىپ بارايلى دېگىنى، روشەنكى، تارىختا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىگە قىلغان ئىقرارى؛ بۇنى ئۇلارنىڭ قىلغان تۆۋىسى دېسەكمۇ بولىدۇ. يېڭىلىق ئېلىپ بېرىلغانىكەن، ئۈمىد شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ. بىزنىڭ كۈتىدىغىنىمىز — يېڭى مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرغۇچىلار، بىراق ئون نەچچە يىلدىن بۇيان توختىماي تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئەمما بىز تونۇشتۇرۇلغان يېڭى مەدەنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، قازان بېشىنى چۆرگىلەش، تۇرمە بېقىش چارىسىدىن باشقا ھېچنېمە تونۇشتۇرۇلمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، جۇڭگو بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇزۇن مۇددەت سۈكۈت ئىچىدە ياشايدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق يېڭىلاش ئاۋازىمۇ ياڭراش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ قېتىمقى ئاۋازنى ئۆتكەن قېتىمقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن گۇمانلىنىپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن قالمايدۇ. رۇس يازغۇچىسى كرولىنكو[187] «ئاخىرقى نۇر» ناملىق ئەسىرىدە، بىر بوۋاينىڭ سىبىرىيىدە بىر بالىغا ساۋاق بەرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. دەرسلىك كىتابتا نوروز ـ گۈل، سېرىق قۇشقاچ دېگەن سۆزلەر بولۇپ، سىبىرىيە

سوغۇق بولغاچقا مۇنداق نەرسىلەر بولمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن
بوۋاي بۇ سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، سېرىق قۇشقاچ دېگەن
نورۇز - گۈلنىڭ شېخىدا ئولتۇرۇپ مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىغا ساي-
راپ بېرىدىغان قۇش، دېگەندە، بالا خىيالغا چۆمگەنىكەن. ئەمما،
بالا بۇ سۈكۈت باسقان ماكاندا قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى
قۇلىقى بىلەن ئاڭلىيالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئاقىلدارنىڭ چۈشەن-
دۈرۈشىنى ئاڭلىغان. ئەمما، ئاقىلدارلارنىڭ ئاۋازى جۇڭگونىڭ
سۈكۈتىنى بۇزۇۋېتەلمەيۋاتىدۇ. بىزمۇ ئويغا چۆكۈۋېرەمدۇق،
غەپلەتتە يېتىۋېرەمدۇق؟!

1907 - يىلى يېزىلدى.





# ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىم[188]

«زاماندا ئىنساپ قالمىدى، ۋىجدان زاۋال تاپتى، دۆلەت دۆ-
لەت بولماي قالدى» — بۇ گەپلەر ئەسلىدە جۇڭگودا قەدىمدىن داۋام
قىلىپ كېلىۋاتقان نادامەتلەر ئىدى. لېكىن، «زاۋال تېپىپ كېتىۋ-
ۋاتقان» ئىشلار زامانغا بېقىپ ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ: بۇنداق نادامەت-
لەر ئىلگىرى A ئىشقا قارىتىلغان بولسا، ئەمدى B ئىشقا قارىتىلى-
شى ئېھتىمال. «پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان»[189]
دېگەن بىرنېمىلەردە بىھۇدە گەپ - سۆز قىلىشقا پېتىنىش مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ماقالە - مۇلاھىزىلەر شۇن-
داق نادامەتلەردىن خالىي ئەمەس. شۇنداق نادامەت چەككەن ئادەم
ئۆزىنىڭ شۇنداق نادامەتلىرى بىلەن زامانە كىشىلىرىگە نەشتەر
ئۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۆزىنى «زاۋاللىق»تىن خالىي قىلىۋې-
لىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەھلى موللىلارغۇ نىسپىي
ھالدا ئاھ - ھەسرەت چېكىپ قويىدۇ، قاتىللىق قىلىدىغان، ئوت
قويىدىغان، پاھىشىۋازلىق قىلىدىغان، قىزىل كۆزلۈك قىلىدىغان
ۋە بارلىق مۇتتەھەم ئادەملەرمۇ يامانلىقلىرىنى قىلىپ يۈرۈپ بىكار
قالغان چاغلىرىدا، «ئۇلارنىڭ ۋىجدانى زاۋال تېپىپتۇ» دەپ باشلى-
رىنى چايقىشىپ كېتىدۇ.

زامان ۋە ۋىجدان دېيىلگەن نەرسىلەر يامانلىقنى تەرغىب قى-
لىش بىلەنغۇ ئۆزىمۇ «زاۋال» تېپىشى مۇمكىن؛ ئۇنى تەرغىب
قىلماي، بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ، نادامەت چېكىپ تۇرغان ھالەت-

تىمۇ، ئۇنى «زاۋال» تاپتۇرۇۋېتىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىنقى بىرەر يىلدىن بۇيان قۇرۇق گەپلەرگە ئانچە ئۇمۇنۇپ قالمايدىغان بىرنەچچە ئادەم بىر قۇر نادامەت چېكىشكەندىن كېيىن ئەھۋالنى ئوڭشاشنىڭ كويىغىمۇ چۈشىدىغان بولدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى كاڭ يۇۋېي بولدى. ئۇ «ئاتاقتا پادىشاھ ساقلاپ قېلىنغان جۇمھۇرىيەت» قۇرغان ياخشى[190] دەپ قوللىرىنى شىلتىپ مەمەدانلىق قىلغانىدى، لېكىن چېن دۇشيۇ بولسا ئۇنىڭغا، بولمايدۇ، دەپ رەددىيە بەردى؛ ئىككىنچىسى بىر تۈركۈم كارامەتچىلەر، بۇلار نېمە ئۈچۈن تولىمۇ غەلىتە كونا ئىدىيىنى كۆتۈرۈپ چىقتىكىنتاڭ، بۇلار «مېڭزى پەيغەمبەر»نىڭ ئەرۋاھىنى ئەقىل كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلماقچى بولۇشتى، لېكىن چېن بەينيەن، چيەن شۈەنتۇڭ ۋە ليۇبەننۇڭ ئۇنى ئالجىپ قالغانلىقى، دېيىشتى[191].

«يېڭى ياش»قا بېسىلغان بۇ بىرنەچچە پارچە رەددىيە كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان ماقالە. ھازىر XX ئەسىر بولۇپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا تاڭ نۇرى ئاللىقاچان پارىلدىدى. ئەگەر «يېڭى ياش»قا يەر شارىنىڭ تۆت چاسا ياكى يۇمىلاقلىقى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدىغان بىرەر پارچە ماقالە بېسىلغان بولسا، ئۇنى كىتابخانىلار ئوقۇسا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ. لېكىن، ھازىر مۇنازىرە قىلىنىۋاتقىنى، يەرنىڭ شەكلى تۆت چاسا ئەمەس، دېگەن سۆزدىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدۇ. دەۋر بىلەن پاكىتنى سېلىشتۇرۇپ قارىغان ئادەم بۇنىڭدىن قانداقمۇ كۆڭلى غەش بولمىسۇن ۋە ۋايىم يېمىسۇن؟

يېقىندىن بۇيان، ئاتاقتا پادىشاھ ساقلاپ قېلىنغان جۇمھۇرىيەت تىلغا ئېلىنمايدىغان بولدى، «كارامەتچىلىك» بولسا تېخىچىلا قۇترانقۇلۇق قىلىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ قانائەت قىلمايدىغان بىر توپ ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، بۇلار يەنىلا «ۋىجدان زاۋال تاپتى» دەپ بېشىنى چايقاشماقتا ۋە شۇنىڭ بىلەن، بۇ ھالدىن





قۇتۇلۇش ئامالىنى ئويلاپ چىقىرىپتۇ ـ دە، بۇنىڭغا «ئەقىدىلىك، پىداكارلىقنى تەقدىرلەش» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ!

كونا پادىشاھلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرى باشلانغاندىن بۇيان، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بۇنداق ئەپلىك ئامالنى بىرقانچە يىل تەرغىب قىلدى؛ شۇ تاپتا پەقەت بايراق تىكلەش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ماقالىلەردىكى مۇلاھىزىلەردىمۇ ئادەتتىكىدەكلا «ئەقىدىلىك، پىداكارلىقنى تەقدىرلەيلى!» دېگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇرماقتا، ئەگەر بۇ ئىش توغرىسىدا ۋاقلاشمايدىغان بولسا، ئۆزلىرىنى «ۋىجدان زاۋاللىقى»دىن تارتىۋالالمايدۇ ـ دە.

ئەقىدىلىك، پىداكارلىق دېگەن سۆزلەر بۇرۇنلاردا ئەرلەرنىڭمۇ گۈزەل پەزىلىتى دەپ قارىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەقىدىلىك زات»، «شېھىت» دېگەن ناملارمۇ چىققان. لېكىن، ھازىر «ئەقىدىلىك، پىداكارلىقنى تەقدىرلەش» دېگەنلىرىدە ئەرلەرنى ئۇ قاتارغا كىرگۈزمەي، مەخسۇسلا خوتۇن ـ قىزلارنى كۆزدە تۇتۇشماقتا. زامانىمىزدىكى ئەخلاقشۇناسلارنىڭ پىكرى بويىچە تەبىر بەرگەندە، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ھەرگىز ئەرگە تەگمىسە، نامەھرەم ئىشلارنى قىلمىسا، ئەقىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن؛ ئېرى قانچىكى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، روزغارى قانچىكى كەمبەغەل بولسا، ئۇ شۇنچە ئەقىدىلىك مەستۇرە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. پىداكارلىق بولسا ئىككى خىل بولىدىكەن: بىر خىلى — مەيلى ياتلىق بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرى بىلەن تەڭلا جېنىنى پىدا قىلغانلار؛ يەنە بىر خىلى — باسقۇنچىلار ئىپپىتىگە تېگىشكە ئۇرۇنغاندا، بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر. بۇلار قانچىكى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلسە شۇنچە پىداكار بولىدىكەن، ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتەلمەي، ئېپـ

پىتنىنى بۇلغىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا،
سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن خالىي بولالمايدىكەن. بەختى ئوڭ
كېلىپ، كەڭ قورساق ئەخلاقشۇناسلارغا يولۇقۇپ قالسا، گاھىدا
ئۇلارمۇ ئانچە - مۇنچە يۈز - خاتىر قىلىپ، ئۇنىڭغا «پىداكار»
دەپ نام بېرىپ قويىدىكەن. لېكىن، ئەدىبلەر ئۇلارنىڭ تەرجىمىھا-
لىنى يېزىشنى ئانچە خالىمايدىكەن؛ زوردىن زورغا قەلەم تەۋرەتكەن
تەقدىردىمۇ، ئاخىر يەنە «ئىسىت، ئىسىت» دېگەن سۆزلەرنى قىس-
تۇرماي قويمايدىكەن.

قىسقىسى، ئاياللار ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قارىلىقد-
نى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېرىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشى كېرەك ئىكەن؛
باسقۇنچىلارغا يولۇقۇپ قالغاندا ئۆلۈپ تۈگىشى كېرەك ئىكەن؛
مۇشۇنداق ئادەملەرگە تەھسىن - ئاپىرىن قىلغاندا، زامان ئوڭشىل-
نىپ كېتىدىكەن، ۋىجدان ياخشىلىنىدىكەن، جۇڭگو نىجات تاپىد-
كەن، ئومۇمىي مەنىسى پەقەت ئەنە شۇ.

كاڭ يۇۋېي پادىشاھ دېگەن قۇرۇق نامنى ئۇلۇغ نەرسە دەپ
چاغلاپ يۈرگەن بولسا، كارامەتچىلەر جىن - ئەرۋاھ ۋەسۋەسىلىرد-
نى دەستەك قىلىۋالغان. لېكىن ئەقىدىلىك، پىداكارلىقنى تەقدىر-
لەش ھوقۇقى پۈتۈنلەي خەلقنىڭ قولىدا، بۇ يولدا بارا - بارا
خەلقنىڭ ئۆزى راسا كۈچ چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى،
مېنىڭ بۇ ھەقتە بىرنەچچە سوئالىم بار، بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم
كېرەك ۋە ئۆز پىكرىم بويىچە بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىم كې-
رەك. مەن يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئەقىدىلىك ۋە پىدا-
كارلىق بىلەن جاھاننى نىجات قىلىش تەلىماتى كۆپ سانلىق خەلق-
نىڭ پىكرى؛ بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچى پەقەت جارچى كاناي، سادا
شۇ كانايدىن چىقسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈت - قول، بەش ئەزا، نېرۋا
ۋە ئىچ - باغرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ سوئال
ۋە جاۋابلىرىمنى ئەنە شۇنداق كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئالدىغا





قويۇۋاتىمەن.

بىرىنچى سوئالىم: ئەقىدىسىز ۋە پىداكارسىز خوتۇن - قىز-
لار دۆلەتكە قانداق زىيان يەتكۈزۈپتۇ؟ ھازىرقى ئەھۋال بويىچە،
«دۆلەتنىڭ دۆلەت بولماي قالغانلىقى» دىغۇ گەپ يوق: ۋىجدانسىز-
لىقتىن يۈز بېرىدىغان چاتاقلار توختىماي چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ؛
يېغىلىق، ئوغرىلىق - قاراقچىلىق، سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىد-
رى، ئاچارچىلىق - قەھەتچىلىك ھادىسىلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن
يۈز بېرىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنداق ھادىسىلەر يېڭى ئەخلاققا، يېڭى
ئىلىمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ھەرىكەتتە، تەپەككۇردا تامامەن
كونىلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولماقتا؛ دېمەك،
ھازىرقى خىلمۇخىل زۇلمەت قەدىمكى پاراكەندە زامانلىكىگە ئوخ-
شىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىلىم -
پەن، سودا ۋە باشقا ساھەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەركەكلەر، ئۇلارغا
ئەقىدىسىز ۋە پىداكارسىز خوتۇن - قىزلار ئارىلىشىپ قالغىنى
يوق. ھوقۇقدار ئەركەكلەرنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىگە
مەست بولۇپ، ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن بىمالال يامان
يولغا كىرىپ كېتىشىمۇ ناتايىن. سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىگە،
ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك ھادىسىلىرىگە كەلسەك، بۇلار سۇ
مۇئەككىلىگە چوقۇنۇش، خىزىرغا تېۋىنىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن-
لىكىنىڭ، دەل - دەرەخلەرنى بىھۇدە كەسكەنلىك، سۇ ئىنشائاتلىد-
رى ياسىماسلىقنىڭ كاساپىتى، يېڭى ئىلىم - پەندىن خەۋەرسىز
قالغانلىقنىڭ نەتىجىسى؛ بۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلار بىلەن تېخىمۇ
ئالاقىسى يوق. يېغىلىق، ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق ھادىسىلىرى
كۆپ چاغلاردا بىرمۇنچە ئەقىدىسىز، پىداكارسىز خوتۇن - قىزلار-
نىڭ پەيدا بولۇشىغا زامىن بولىدۇ. لېكىن، ئاۋۋال يېغىلىق،
قاراقچىلىق پەيدا بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەقىدىسىزلىك، پىداكار-
سىزلىق پەيدا بولىدۇ، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەقىدىسىزلىكى،

پىداكارسىزلىقى يېغىلىق، ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىقتا زامىن بولغان ئەمەس.

ئىككىنچى سوئالىم: جاھاننى نىجات قىلىش جاۋابكارلىقى قانداقسىگە خوتۇن ـ قىزلارغىلا يۈكلىنىدىكەن؟ كونىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، خوتۇن ـ قىزلار «مۇئەننەس جىنس» قا مەنسۇپ بولۇپ، ئۆي ئىچىگىلا ئىگىدارچىلىق قىلارمىش ـ دە، ئەركەكلەرنىڭ بېقىندىسىمىش؛ جاھاننى ئوڭشاپ دۆلەتنى نىجات قىلىش مۇزەككەر جىنسنىڭ مەسئۇلىيىتىدىكى ئىش بولۇپ، پۈتۈنلەي تالالا كىشىلىرىگىلا تايىنارمىش ـ دە، بۇنىڭدا پەقەت ئەرلەر تايانچ بولارمىش؛ بۇنداق ناھايىتى چوڭ مەسىلىنى مۇئەننەس جىنسلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەشكە زادى بولماسمىش. جەدىتلەر قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر، مەجبۇرىيەتلىرىمۇ سەل ئوخشايدۇ. مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش توغرا كەلگەندە تەڭ ئېلىشى كېرەك؛ قالغان نىسپىنى تەشكىل قىلغان ئەركەكلەرمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك. زالىملارنى يوقىتىش بىلەنلا قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنىمۇ جارى قىلىشى لازىم. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەدىپىنى بەرسەملا، ئۇلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلسامىلا، پەرزنى ئادا قىلغان بولىمەن، دەپ قاراش يارىمايدۇ.

ئۈچىنچى سوئالىم: تەقدىرلىگەندىن كېيىن نېمە نەتىجە چىقىدۇ؟ ھايات خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ خىلغا ئايرىغاندا، ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىل بولار: بىر خىلى — ئەقىدە ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەشكە لايىق بولغانلار (پىداكارلار ئۆلمەي قالمايدۇ، شۇڭا بۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىدىم)؛ يەنە بىر خىلى — ئەقىدىسىز، پىداكارسىزلار؛ يەنە بىر خىلى — تېخى ئەرگە تەگمىگەن ياكى ئېرى بار، لېكىن قاراقچىغىمۇ ئۇچرىمىغان، ئەقىدىلىك، پىداكار





ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى تېخى مەلۇم بولمىغانلار. بىرىنچى خىلدىكىلەر يارايدۇ، ھازىر تەقدىرلىنىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىككىنچى خىلدىكىلەر يارىمايدۇ؛ جۇڭگودا تووۋا قىلىشقا ئەزەلدىن تارتىپ يول قويۇلغان ئەمەس، خوتۇن ـ قىزلار بىرەر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ تۈگىتەلمەيدۇ، ئىزا ـ ئەلەمدە ئۆلگىنى ئۆلگەن؛ بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشىمۇ ھاجىتى يوق. ھەممىدىن مۇھىمى ئۈچىنچى خىلغا كىرىدىغانلار، ھازىر ئۇلار پەند ـ نەسىھەت بىلەن ئېرىگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «كەلگۈسىدە ئېرىم ئۆلۈپ ـ تارتىپ كەتسە، ھەرگىز باشقا ئەرگە تەگمەيمەن؛ ئەگەر قاراقچىغا يولۇقۇپ قالسام، دەرھال جاندىن كېچىمەن!» دېگەن نىيەتكە كەلگەن. قېنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ، مۇشۇنداق نىيەتنىڭ جۇڭگو ئىقلىمىدا ئەركەكلەر ئاساس قىلىنغان زامان ـ ۋىجدان بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇم. يەنە بىر قوشۇمچە سوئالىم شۇكى: ئەقىدىلىك، پىداكار ئادەملەر ئەخلاق ـ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن تەقدىرلەنگەن ـ تەۋسىپلەنگەن بولىدۇ. ھەركىم ئۆگىنىپ ئەۋلىيا ـ دانىشمەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەقىدىلىك، پىداكار بولۇش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. مەسىلەن، ئېيتايلۇق، ئۈچىنچى خىلغا كىرىدىغان ئادەم ناھايىتى يۈكسەك نىيەت بىلەن بەل باغلىغان بولسۇن، مۇبادا ئۇنىڭ ئېرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە، جاھان تىنچ تۇرۇۋەرسە، ئۇ ھالدا ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆمۈر بويى مىيانە ئادەم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى پەقەت كونا ساۋات بويىچە بىر ئاز تەتقىق قىلسام، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە زىددىيەتلەر كۆرۈلىدى. XX ئەسىرنىڭ ئانچە ـ مۇنچە پۇراقلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن يەنە ئىككى قات مەسىلە تۇغۇلدى:

بىرىنچى مەسىلە، ئەقىدە ۋە پىداكارلىق ئەخلاققا
كىرەمدۇ، يوق؟ ئەخلاق دېگەن نەرسە ئومۇمىي بولۇشى، ئۇنىڭغا
ھەممە ئادەم رىئايە قىلىشى، ھەممە ئادەم ئەمەل قىلالايدىغان بولۇ-
شى كېرەك، شۇنىڭدەك ئۆزىگىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇ-
شى لازىم، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ مەۋجۇت تۇرۇش قىممىتى
بولىدۇ. ھازىرقى ئەقىدە ۋە پىداكارلىق دېگەن نەرسە ئەركەكلەر-
دىن ئاجرىتىپ تاشلانغان، ئۇلار بىلەن مۇتلەق ئالاقىسىز قىلىپ
قويۇلغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق
شان - شۆھرەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋۇرمەيدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئەخلاق - پەزىلەت دەپ قارىغىلى، رەسمىي
ئۆلگە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۆتكەن نۆۋەت «يېڭى
ياش» قا بېسىلغان «ئىپپەت توغرىسىدا»[192] دېگەن ماقالىدە ئېيت-
تىلغان. بىراق ئىپپەتلىك دېگەن سۆز ئېرى بار ئاياللارغا قارىتىل-
غان، ئەقىدىلىك دېگەن سۆز ئېرى ئۆلگەن ئاياللارغا قارىتىلغان،
بۇلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىنىڭ ھېكمىتىنى ئەنە شۇلاردىن پەرەز
قىلىپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پىداكارلىق دېگەن سۆز تېخىمۇ غەلىتە
سۆز بولغاچقا، بۇنى بىرئاز تەتقىق قىلىش توغرا كېلىدۇ.

ئەقىدە ۋە پىداكارلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك تۈرلەندۈرۈلۈشىدىن
قارىغاندا، پىداكارلىقنىڭ بىرىنچى خىلى ئەمەلىيەتتە ئەقىدىلىك
تۇل بولۇپ ئولتۇرۇشتىنلا ئىبارەت، بۇ يەردىكى پەرق شۇكى،
بىرى ھايات، بىرى ئۆلگەن. چۈنكى، ئەخلاقشۇناسلار خىلغا ئاي-
رىشتا پۈتۈنلەي ئۆلۈك - تىرىك ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىدۇ -
دە، ئەقىدىلىكلەرنى پىداكارلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. خۇسۇسىيىتى
پۈتۈنلەي باشقىچە بولغانلىرىنى ئىككىنچى خىلغا كىرگۈزىدۇ. بۇ
خىلغا كىرىدىغانلار شۇنداق ئادەملەركى، بىرەر زەئىپە (ھازىرقى
ئەھۋالدىن قارىغاندا، خوتۇن - قىزلار يەنىلا زەئىپە) ئەركەك
قاراقچىغا ئۇچرىشىپ قالغاندا، دادىسى، ئاكىسى، ئېرى





ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ، قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرەل-
مەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ؛ ياكى نومۇسى ئاياغ
ئاستى بولۇپ يەنىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ياكى بولمىسا، ئۆلمەي ئاخىر
تىرىك قالىدۇ؛ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دادىسى، ئاكىسى، ئېرى
ۋە قولۇم - قوشنىلىرى، شۇ قاتاردا ئەدىبلەر، ئوقۇمۇشلۇقلار ۋە
ئەخلاقشۇناسلار بارا - بارا توپلىنىشىدۇ - دە، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتى-
دارسىزلىقىدىن، قورقۇنچاقلىقىدىن نومۇس قىلماي، قاراقچىنى
قانداق جازالاش مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئالماي، ئۇ ئۆلۈپتۇ؟ نومۇ-
سىغا داغ تېگىپتىمۇ؟ ئۆلگەن بولسا ئۇنداق ياخشى بوپتۇ، تىرىك
قالغان بولسا مۇنداق يامان بوپتۇ دېيىشىپ، ئاغىزى - ئاغزىغا
تەگمەي سۆز - چۆچەك قىلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە
شان - شەرەپلىك پىداكار خوتۇن - قىزلارنى، لەنەت ۋە نەپرەتكە
قالىدىغان بىرمۇنچە پىداكارسىز خوتۇن - قىزلارنى ئويدۇرۇپ
چىقىرىشىدۇ. ئەگەر خالىس نىيەت بىلەن ئويلاپ باقىدىغان بول-
ساق، ئۇنى ئەخلاق - پەزىلەت جۈملىسىدىن دېيىشقۇ بۇ ياقتا
تۇرسۇن، شۇنداق ئىشلارنىڭ ئىنسانىيەت ئىچىدە بولۇشقا تېگىش-
لىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئىككىنچى مەسىلە، كۆپ خوتۇنلۇق ئەركەكلەر ئەقىدىلىك،
پىداكار دەپ تەقدىرلىنىشكە مۇناسىپمۇ؟ ئىلگىرىكى ئەخلاقشۇناس-
لار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە تەقدىرلىنىشى كېرەك ئىدى-
مىش؛ چۈنكى جامائەتتىن باشقىچىرەك ئەركەكلا بولىدىكەن، ئۇ
جەمئىيەتتە ئالاھىدىرەك ياشاشقا مۇناسىپ بولارمىش، يەنە بىر
تەرەپتىن، مۇئەننەس - مۇزەككەر، ئۆي كىشىسى - تالا كىشىسى
دېگەندەك پەتىۋالارغا ئاساسەن، ئۇنىڭ خوتۇن - قىزلار ئالدىدا
ئۆزىنى قاۋۇل كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىمىش. ۋەھالەنكى، بۈگۈن-
كى كۈنگە كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىن يورۇقلۇق قېچىپ
قۇتۇلالمايدىغان بولدى، ئىنسانلار مۇئەننەس - مۇزەككەر، ئۆي

كىشىسى - تالا كىشىسى دېگەن پەتىۋالارنىڭ چېكىدىن ئاشقان سەپسەتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋاتىدۇ؛ شۇنداق بولغاچقا مۇزەككەرنىڭ مۇئەننەستىن قەدىرلىك، تالا كىشىسىنىڭ ئۆي كىشىسىدىن ئەزىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشەلمەيدۇ. ھالبۇكى، جەمئىيەت ۋە دۆلەت پەقەت ئەركەكلەردىنلا تەركىب تاپقان ئەمەس - دە، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتكىلا ئىشىنىپ، ھوقۇقتا ھەممە بابباراۋەر دېيىشكە توغرا كەلدى؛ ھوقۇقتا باراۋەر بولغانىكەن، ئەر - ئاياللار بىردەك رىئايە قىلىدىغان ئەھدە بولۇشى كېرەك؛ ئەركەكلەر ئۆزلىرى رىئايە قىلالمايدىغان ئىشلاردا ئاياللارغا ئالاھىدە تەلەپ قويماسلىقى كېرەك؛ ئەگەر سودىلىشىش، كۆز بوياش، تۆھپە قىلىپ بېرىش يولى بىلەن بولغان ئەھدە نىكاھ بولغان بولسا، ھايات ۋاقتىدا ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىشقىمۇ قىلچىلىك ئاساس يوق. بۇ ھالدا، كۆپ خوتۇنلۇق ئەرلەر خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەقىدىلىكىنى، پىداكارلىقىنى تەقدىرلەشكە قانداقمۇ توغرا كەلگەي.

يۇقىرىقىدىكىلەر بىلەن سوئال - جاۋابلىرىم تۈگىدى. بۇ ھەقتە كۆرسىتىلگەن ئاساسلار شۇ قەدەر غەلىتە - چولتا تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بۇ پەتىۋالار تېخىچىلا مەۋجۇت بولۇپ كېلەلەيدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئەقىدە ۋە پىداكارلىق دېگەن نەرسىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىغا، قانداق ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىسلاھات بولمايۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك.

قەدىمكى جەمئىيەتتە ئاياللار كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ مۈلكى ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، يەپ كەتسىمۇ ئۆز مەيلى ئىدى؛ ئەركەكلەر ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۆھەرلىرىنى، ئادەتتە ئىشلىتىپ كەلگەن ئۇرۇش قوراللىرىنى مېيىت بۇيۇملىرى قىلىپ ئۇنىڭ جەستى بىلەن بىللە كۆممەي بولمايتتى. كېيىن





جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى بارا - بارا ئۆزگىرىپ، ئەقىدە ساقلاپ تۇل ئولتۇرۇشمۇ بارا - بارا پەيدا بولدى. لېكىن، تۇل خوتۇنلار ئەرۋاھلارنىڭ خوتۇنى ئىمىش، ئەرۋاھلار ئۇلار بىلەن بىللە يۈرەرمىش، ئۇلارنى بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا پېتىنالماسلىقى ئۇنى ئىككى ئەرگە خىزمەت قىلدۇرتماسلىقتىن ئەمەس. مۇشۇنداق ئادەت ھازىرقى بەدەۋىلەر جەمئىيىتىدە ھېلىمۇ بار. جۇڭگونىڭ ناھايىتى قەدىمكى زاماندىكى ئەھۋالى ھازىر تەپسىلىي مەلۇم ئەمەس. لېكىن، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئەھۋاللىرى بولسىمۇ، مەخسۇسلا ئاياللار مېيىت بۇيۇمى قىلىنمايدىغانلىقىغا، يەنە ئەرگە تېگىشتىمۇ ئىختىيار ئۆزىدە ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ تېگەلمەيدىغانلىقىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئادەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىگە خېلى ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋرلەردىمۇ ئەقىدە ۋە پىداكارلىق تەرغىب قىلىنمىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، «كەسپىي رايىش»[193] لار «ئاچلىقتىن ئۆلۈش چاغلىق ئىش، مەستۇرىلىك ئەقىدىسىنى يوقىتىش چوڭ مەسىلە» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا چىقاردى - دە، تارىخ كىتابلىرىدا «يەنە ئەرگە تەگكەن» دېگەن سۆزلەرنى كۆرسە ئەجەبلىنىپ كېتىشىدىغان بولدى. چىن قەلبىدىن چىققانمۇ ياكى قەستەن شۇنداق قىلغانمۇ، بۇنى ھازىرقى كۈندە قىياس قىلىش تەس. شۇ زامانلارمۇ: «ۋىجدان زاۋال تاپقان، دۆلەت دۆلەت بولماي قالغان» زامانلار ئىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمەلدارلارمۇ، پۇقرالارمۇ قېلىپتىن چىقىپ كەتكەنىدى. ياكى بولمىسا، «كەسپىي رايىش» لارنىڭ ئاياللار ئەقىدىسىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشى كېرەك دېگەن گەپلەردىن پايدىلىنىپ، ئەرلەرنى قامچىلىماق بولغانلىقىمۇ ناتايىن. لېكىن، بۇنداق دارىتىش ئۇسۇلى ئەسلىدىنلا بىر خىل مۇغەمبەرلىك؛ ئۇنىڭ ما-

هېيتىمۇ روشەن ئەمەس ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا شۇ سەۋەبتىن
بىرقانچە ئەقىدىلىك ئاياللارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلىپ بولمىسى-
مۇ، لېكىن مەنسەپدارلار، پۇقرالار، سەركەردە - سەرۋازلار بۇ-
نىڭدىن تەسىرلىنىپ ئىبرەت ئالماي كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن
«ھەممىدىن بۇرۇن مەرىپەتلىك بولغان، پەزىلەتتە بىرىنچى بول-
غان» جۇڭگو ئاخىر «ساڭسىر تىڭگىرى دابۇۋ ئىنجۇل»، «چىڭ-
چىن قاغان، ئۇلزىت قاغان، شىلگۇ قاغان» لارغا ئەل بولۇپ
كەتتى[194]، ئۇلاردىن كېيىن پادىشاھ بىرقانچە قېتىم يەڭگۇشلەن-
گەن بولسىمۇ، مەستۇرلىك ئەقىدىسىنى ساقلاش ئىدىيىسى تېخى-
مۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. پادىشاھلار ۋەزىر - ئەمەلدارلارنى ساداقەت-
لىك بولۇشقا مەجبۇر قىلسا، ئەركەكلەر ئاياللارنى مەستۇرلىك
ئەقىدىسىنى ساقلاشقا تېخىمۇ قاتتىق مەجبۇرلىدى. چىڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە، رايىش موللىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەتتا
خان قىزلىرىنىڭمۇ يەنە ئەرگە تەگكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى
كۆرۈپ قالسىمۇ غەزەپلىنىپ: «بۇ قانداق دېگەن ئىش؟ ئۇلۇغلى-
رىمىزنىڭ شەنىنى بۇلغىساڭ، بۇنىڭغا قانداقمۇ سەۋر قىلغىلى
بولسۇن!» دەيدىغان بولدى. ئەگەر تاڭ دەۋرىدە ياشىغان شۇ ئادەم-
لەر ھايات بولىدىغان بولسا، «ئادەملەرنىڭ نىيەت ئىقبالىنى توغ-
رىلاش ۋە ئۆرپ - ئادەتنى رۇسلاش» ئۈچۈن، خان قىزلىرىنىڭ
شان - شەۋكىتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان بولاتتى.

خەلق مەھكۇم ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا، مەستۇرلىك ئەقىدى-
سىنى ساقلاش ئەۋج ئالغان؛ شۇنىڭ بىلەن پىداكار ئاياللارمۇ
قەدىرلىنىدىغان بولۇپ قالغان، چۈنكى ئاياللار ئەرلەرگە مۈلۈك
بولۇپ قالغان، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئايالنىڭ يەنە ئەرگە چىقىشىغا
يول قويۇلمىغان، ئېرى ھايات بولسا، باشقىلارنىڭ تارتىۋېلىشىغا
تېخىمۇ يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرى





مەھكۇم پۇقرا بولۇپ قالغانلىقتىن، قوغداشقا قۇدرىتى، قارشى
چىقىشقا قۇربى يەتمەي، باشقىچە ئەقىل تېپىپ، ئاياللارنىڭ ئۆزد-
نى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى تەرغىب قىلغان ياكى خوتۇن - قىزلى-
رى تولىمۇ كۆپ بولغان دۆلەتمەن ئادەملەر، دېدەكلىرى ۋە كىچىك
خوتۇنلىرى نۇرغۇن بايلار مالىمان بولغان چاغلاردا، ئۇلارغا قارد-
يالمىغاچقا، «ئىسيانچى لەشكەر» لەرگە («ياكى پادىشاھ لەشكەر-
لىرىگە») [195] يولۇقۇپ قالغاندا ئامالسىز قېلىپ، ئۆزىنىلا قۇتقۇ-
زۇپ، باشقىلارنى پىداكار ئاياللاردىن بولۇشقا دەۋەت قىلغان؛
چۈنكى پىداكار ئاياللارنى «ئىسيانچى لەشكەر» لەر كېرەك قىلمايد-
تى. ئەرلىرى بولسا، مالىمان بېسىققاندىن كېيىن ئاستا قايتىپ
كېلىپ، پىداكار خوتۇن - قىزلىرىنى بىرنەچچە ئېغىز ماختىشىپ
قوياتتى؛ ئەرنىڭ باشقا خوتۇن ئېلىشى ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت
بولغاچقا، ئۇ باشقا خوتۇن ئېلىپ، ئىشنى تۈگىتەتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، جاھاندا «ئىككى پىداكارنىڭ قوشما قىسسىسى»، «يەتتە
كىچىك خوتۇننىڭ قەبرە تەزكىرىسى» [196] دېگەن كىتابلار بارلىققا
كەلگەن، ھەتتا چيەن چيەنيىنىڭ[197] توپلاملىرىمۇ «ئەقىدىلىك
ئايال جاۋ»، «پىداكار ئايال چيەن» نىڭ تەزكىرىلىرى ۋە ئۇلار
توغرىسىدىكى مەدھىيىلەر بىلەن تولغان.

ئەل ئىچىدە باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان ھالەتلەر ھۆكۈم
سۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەقىدە ساقلاپ
ئۆلتۈرۈشى پەرز بولغان ۋە ئەرلەر كۆپ خوتۇن ئالسىمۇ بولۇۋېرد-
دىغان جەمئىيەتتە، شۇنداق غەيرىي تەبىئىي ئەخلاق - پەزىلەتلەر-
نىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ بارغانسېرى نازۇكلى-
شىپ ئاۋارىگەرچىلىككە ئايلىنىپ كېتىشى ئەسلىدە ئەجەبلىنەرلىك
بىر ئەھۋال ئەمەس ئىدى. لېكىن، تەشەببۇس قىلغۇچىسى ئەر-
كەكلەر، قاپقانغا چۈشىدىغىنى ئاياللار. ئاياللارنىڭ بۇ ھەقتە زادىلا
باشقىچە گەپ - سۆزى يوقمۇ؟ ئەسلىدە «ئايال دېگەن سۆز تەن

بەرگۇچى دېگەن سۆز» مىش، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا خىزمەت قىلى-
شى پەرز ئىمىش؛ ئۇلارنى ئىلىم - ئېرپاندىن بەھرىمەن قىلىش-
نىڭمۇ ھاجىتى يوقمىش، ھەتتا ئۇلار ئېغىز ئېچىپ جاۋاب ياندۇر-
سىمۇ گۇناھلىق بولارمىش. دېمەك، ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىمۇ
خۇددى جىسمانىي جەھەتتىكىسىگە ئوخشاشلا غەيرىي تەبىئىي ھالغا
چۈشۈرۈپ قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ غەيرىي تەبىئىي
ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدا ھەقىقەتەن باشقىچە پىكىرمۇ بولماي
كەلدى، باشقىچە پىكىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئىزھار قىلىش
پۇرسىتى بولماي كەلدى. «ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ تەلمۈردۈم
ئايغا»، «باغدا قىلدىم گۈلنى تاماشا» دېگەندەك شېئىرلارنى يې-
زىشتا ئېرىم «خىيال كىرىپ قاپتۇ» دەپ تىللارمىكىن دەپ ئەندى-
شە قىلغان يەردە، بۇ «جاھاندىكى توغرا كەيپىيات»نى بۇزۇپ
تاشلاشقا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟ مەدداھلىق كىتابلىرىدا بىرنەچچە
ئاياللىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىسىدە ئەقىدە ساقلاپ ئولتۇرۇۋېرىشنى
خالىمىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنداق كىتابلارنى يازغۇچىلارنىڭ
ئېيتىشىچە، ئۇ ئاياللار باشقا ئەرگە تەگكەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى
ئېرىنىڭ ئەرۋاھى كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىپ جەھەننەمگە تاش-
لىۋەتكەنمىش؛ ئۇلارنىڭ بەزىسى بولسا خەلقئالەمنىڭ لەنەت -
نەپرەتلىرىگە قېلىپ قەلەندەر بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يول
بىلەن جان باقالماي، ئاخىر ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە ئۆلۈپ
كەتكەنمىش!

مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئاياللار «تەن» بەرمەي مۇمكىن ئەمەس-
مىش. لېكىن، ئەركەكلەر نېمىشقا ھەقىقەتنى تەشەببۇس قىلماي،
پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىدۇ؟ خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، مەتبۇئاتلارنى
«كەسپىي رايىش»لار ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان؛ سۇڭ، يۈەن
سۇلالىلىرىدىن كېيىن بۇ ھال تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن «كەسپىي رايىش»لاردىن باشقىلارنىڭ بىرەر پارچە





كىتابىنىمۇ كۆرمىدۇق، موللىلاردىن باشقىلارنىڭ بىر ئېغىز سۆ-
زىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق. راھىبلار، دەرۋىشلەرنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى-
دىن تاشقىرى، باشقا «مۆرتەتلەر»نىڭ سادالىرى ئۆز ھۇجرىسىدىن
بىر قەدەممۇ تاشقىرىغا چىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئالەم-
نىڭ تولىسى «رايىش دېگەن سۆز مۆمىن دېگەن سۆز»نىڭ تەسىرى-
گە ئۇچرىغانىدى؛ زىكرى قىلىش ئورنىغا ئىجاد قىلىش چوڭ
گۇناھ[198] ھېسابلىناتتى. بەزىلەر «بىدئەت گەپ»لەرنى ئوقۇغان
تەقدىردىمۇ، ھەقىقەت يولىدا جېنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى.
ئەقىدە - شەرمنى يوقىتىش ھادىسىسىنىڭ ئىككى جىنس — ئەر-
ئايال ۋاستىسى بىلەنلا يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلمىسۇن؟ شۇن-
داق بولسىمۇ پەقەت ئاياللارنىلا ئەيىبلىشەتتى؛ لېكىن باشقىلارنىڭ
ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەن ئەركەكلەر ۋە پىداكارسىزلىقتا زامىن
بولغان باسقۇنچىلار بولسا، كۆز باغلاپلا خالاس بولۇپ كېتەتتى.
ئەركەكلەرگە تىل تەگكۈزۈش ئاياللارغا قارىغاندا قىيىن، جازالاش-
مۇ تەقدىرلەشكە قارىغاندا قىيىن ئىدى. شۇ ئارىدا بىرنەچچە ئەر-
كەك بۇنداق ئەھۋالدىن بىئارام بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆي
قىزلىرى پېشانىگە پۈتۈلگەن ئەھدە نىكاھقا باغلىنىپ كۈيۈسى بى-
لەن بىللە ئۆلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك[199] دېگەن خالىس گەپلەرنى
قىلغان بولسىمۇ، جەمئىيەت ئۇنىڭغا قۇلاق سالغان ئەمەس؛ ئەگەر
يەنە شۇنداق سۆزلەۋەرسە، جەمئىيەتكە سىغمايتتى، ئەقىدىسىنى —
مەستۇرلىكىنى يوقاتقان ئاياللارغا ئوخشاش دىشۋارچىلىققا قالات-
تى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارمۇ «مۆمىن»لىشىپ، لام - جىم
دېمەيدىغان بولۇپ قالاتتى. دېمەك، ئەقىدە، پىداكارلىق مە-
سىلىسىدە ھازىرغىچە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

(شۇ تاپتا شۇنى جاكارلىشىم كېرەككى: ھازىرقى ۋاقىتتا
ئەقىدە ۋە پىداكارلىقنى تەرغىب قىلىۋاتقان ئادەملەر ئىچىدە، مەن
خېلى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەرمۇ بار. شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەن-

كى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ نىيىتىمۇ ياخشى. لېكىن، ئۇلارنىڭ نىجات يولىنى تېپىش ئۇسۇلى توغرا ئەمەس، ئۇلار غەربكە قاراپ ماڭىمەن، دەپ شىمالغا كېتىپ قالغان. لېكىن، ئۇلار ياخشى ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا غەربتىن توپتوغرا شىمالغا بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭمۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىنى ئارزۇ قىلىمەن).

يەنە بىر سوئالىم:

ئەقىدىلىك، پىداكار بولۇش تەسمۇ؟ جاۋاب: ناھايىتى تەس. ئەركەكلەر ئۇنىڭ ناھايىتى تەس ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئۇنى تەقدىرلەشكە تىرىشىدۇ. جامائەتنىڭ نەزىرىدە ئەزەلدىن ئىپپەتلىك بولۇش ياكى پاسىق ـ پاھىشە بولۇش پۈتۈنلەي خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىشى ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. خوتۇن ـ قىزلارنى ئەركەكلەر ئازدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى ئەركەككە يۈكلەنمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەركەك A ئايال B نى ئازدۇرسا، ئايال B ئۇنىڭغا كۆنمىسە، ئۇ ئايال ئەقىدىلىك، ئىپپەتلىك بولىدۇ، ئۆلۈپ كەتسە پىداكار بولىدۇ؛ ئەركەك A بەتنامغا قالمايدۇ، جەمئىيەتمۇ قۇسۇرسىز ھېسابلىنىۋېرىدۇ. مۇبادا ئايال B ماقۇل دېسە، ئەقىدىسىنى — ئىپپىتىنى يوقاتقان بولىدۇ؛ ئەركەك A يەنىلا بەتنامغا قالمايدۇ، لېكىن خەلقئالەمنىڭ پەزىلىتىنى ئايال B بۇلغىغان بولىدۇ! باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق. دېمەك، تارىختا دۆلەتنىڭ ھالاكەتكە، ئائىلىنىڭ خارابلىققا ئۇچرىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەمىشە خوتۇن ـ قىزلارغا يۈكلەپ قويۇلغان. جاھان ئەھلىنىڭ جىنايەتلىرىنى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ نادانلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ۋاكالىتەن ئېلىپ كېلىۋاتقىنىغا 300 يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئەركەكلەر جاۋابكارلىققا تارتىلمىغاچقا، توۋا ـ پۇشايمانمۇ قىلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئازدۇرۇۋېرىشى تەبىئىي؛ ئەدىبلەر بولسا





ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكسىچە، ئۇنى شېرىن پاراڭ قىلىپ تارقىتىپ كەلمەكتە. دېمەك، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆپچۆرىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەۋپ بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز دادىسى، ئاكىسى ۋە ئېرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئاز ـ پاز شەيتانلىق بىلەن قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى تەس، دەيمەن.

ئەقىدىلىك، پىداكار بولۇش جاپالىق ئىشمۇ؟ جاۋاب: ناھايىتى جاپالىق. ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ناھايىتى جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، تەقدىرلەشكە تىرىشىدۇ. ئىنسانلا بولىدىكەن، ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ پىداكار بولۇش ئۈچۈن ئۆلۈش كېرەك، بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەقىدىلىك ئاياللارغىمۇ ھاياتلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ يولدا چېكىدىغان مەنىۋى ئازابلىرى توغرىسىدىمۇ ھازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى. تۇرمۇشنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى زور ئازاب. ئەگەر قىز بالا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولسا، جەمئىيەتمۇ ھەمكارلىشىشنى بىلسە، ئۇ ئۆزى يالغۇزمۇ بىر ئىلاج قىلىپ ياشىيالايدۇ. ئەپسۇسكى، جۇڭگودا ئەھۋال دەل بۇنىڭ تەتۈرىچە بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، پۇلى بارلار ياشىيالايدۇ، گادايلارغا ئاچ قېلىپ ئۆلۈشتىن باشقا ئامال يوق. ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەزىلەر لەۋھە بىلەن تەقدىرلىنىپ، مازار ـ گۈمبەزلىك بولۇپمۇ قالىدۇ، تەزكىرىلەرگىمۇ يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنىڭ، قىسسىلەرنىڭ ئاخىرىدا «پىداكار ئايال» دېگەب بابلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. شۇنداق كىتابلارنىڭ بىر قۇرىغا بىر ئادەم ياكى بىر قۇرىغا ئىككى ئادەم — جاۋ، چيەن، سۇن، لى دېگەندەك يېزىلغان، لېكىن ئۇلارنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ باقىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ھەتتا ئەقىدىلىككە، پىداكارلىققا چوقۇنىدىغان كاتتا ئەخلاقشۇناسلاردىن: مۇبارەك ناھىيىڭىزنىڭ تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن پىدا-

كار ئاياللارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى 10 كىشى كىملەر دەپ سورايدى-
غان بولسىڭىز، ئۇلارمۇ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمەلى-
يەتتە ئۇ ئاياللار ھاياتلىقىدا جەمئىيەت بىلەن ئالاقە قىلمىغان،
ئۆلگەندىن كېيىنمۇ جەمئىيەت ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ناھايىتى جاپالىق، دەيمەن.

بۇ گەپچە، ئەقىدىسىز، پىداكارسىز بولسا جاپا چەكمەمدى-
كەن؟ جاۋاب: ئۇنداقتىمۇ ناھايىتى جاپا چېكىدۇ. ئەقىدىسىز،
پىداكارسىز ئاياللار جامائەتنىڭ نەزىرىدە پەس بولغاچقا، ئۇ، شۇ
جەمئىيەتكە سىغالمايدۇ. جەمئىيەتتە ئۆتكەن كۆپ سانلىق بۇرۇنقى
ئادەملەردىن مۇجمەل ھالدا ئۇدۇم بولۇپ قالغان قائىدە - يوسۇنلار-
نىڭ ھېچ سۆزلىگۈچىلىك ئاساسى يوق؛ دىتىغا ياقمايدىغان ئادەم-
لەرنى تارىخنىڭ ۋە رەقەم - سانىنىڭ كۈچى بىلەن سىقىپ ئۆلتۈرۈ-
ۋېتەلەيدۇ. ئەنە شۇنداق باشلامچىسىنىڭ نامى بولمىغان، ئاڭسىز
كەلگەن قاتىللار ئەھلىنىڭ ئىلكىدە، بۇرۇندىن تارتىپ قانچىلىك
ئادەم ئۆلۈپ كەتمىدى دەيسىز؟! ئەقىدىلىك، پىداكار ئاياللارمۇ
ئەنە شۇنىڭدا ئۆلگەن. بىراق، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، بەزىلىرى
بىرەر قېتىم تەقدىرلىنىپ تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئەقىدى-
سىز، پىداكارسىزلارمۇ ھايات ۋاقتىدا ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق
ئادەملەرنىڭ تىل - ھاقارەتلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، نامسىز باشلام-
چىلارنىڭ ئىزا - ئاھانەتلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۇلارمۇ ناھايىتى جاپا چېكىدۇ، دەيمەن.

خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆزى ئەقىدىلىك مەستۇرە ۋە پىداكار
بولۇشنى خالامدۇ؟ جاۋاب: خالىمايدۇ. ئىنسانلاردا قانداقلا بول-
سۇن بىر خىل غايە، بىر خىل ئارزۇ بولىدۇ. بۇ غايە ۋە ئارزۇلار-
نىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەھمى-
يىتى بولۇش كېرەك. ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇ-
شىغۇ تېخىمۇ ياخشى، ھېچبولمىغاندا ئۆزىگە بولسىمۇ پايدىلىق





بولۇشى كېرەك. ئەقىدىلىك ۋە پىداكار بولۇش ناھايىتى تەس،
ناھايىتى جاپالىق؛ ئۇنىڭ باشقىلارغىمۇ پايدىسى يوق، ئۆزىگىمۇ
پايدىسى يوق. ئۆزى خالىغان دېگەن گەپ ھەقىقەتەن ئادەمگەرچى-
لىككە ئۇيغۇن ئەمەس. دېمەك، ئەگەر قىز - جۇۋانلارغا، سىزنىڭ
كەلگۈسىدە ئەقىدىلىك مەستۇرە پىداكار بولۇشىڭىزنى چىن قەل-
بىمدىن تىلەيمەن، دەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چوقۇم غەزەپلىنىدۇ
ياكى ئۇنىڭ دادىسى، ئاكىسى ۋە ئېرىنىڭ مۇبارەك مۇشتۇمىنى
يەپ قېلىشىڭىزمۇ ئېھتىمال. شۇنداق بولسىمۇ ئەقىدىلىك ۋە پىدا-
كارلىقنىڭ يىمىرىلمەس بىرنەرسە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئەنە شۇ
تارىخ ۋە رەقەملەر زامىن بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەقىدىلىك ۋە
پىداكارلىقتىن ھەرقانداق ئادەم قاچىدۇ، ئۆز بېشىغا ۋە جانجىگەر
قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، خالىمايدۇ، دەيمەن.

يۇقىرىقى پاكىت ۋە سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ئەقىدىلىك ۋە
پىداكارلىق توغرىسىدا شۇنداق ھۆكۈم قىلىمەنكى، ئۇ ناھايىتى
تەس، ناھايىتى جاپالىق، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلى-
شىنى خالىمايدۇ؛ ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ، جەمئىيەت ۋە دۆلەت-
كىمۇ پايدىسىز، ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈنمۇ قىلچىلىك
ئەھمىيىتى يوق ھەرىكەت؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش
ئىقتىدارىنى ۋە قىممىتىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ بولغان.

ئاخىرىدا يەنە بىر سوئالىم بار:

ئەقىدە ۋە پىداكارلىق ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش
ئىقتىدارىنى ۋە قىممىتىنى يوقاتقانىكەن، ئۇ ھالدا ئەقىدىلىك ۋە
پىداكار ئاياللار بىكاردىن - بىكار جاپا چەككەن بولامدۇ؟ ئۇلارغا
مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن: ئۇنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەرزىي-
دىغان قىممىتى بار؛ ئۇلار بىچارە، ئۇلار بىتەلەيلىكىدىن تارىخ
ۋە رەقەمنىڭ مەنىسىز تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ، نامسىز باشلامچىلار-

نىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قويسا بولىدۇ.

ئۆتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن: ئۆزىمىزمۇ، باشقىلارمۇ پاك، زېرەك بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيلى؛ ساختا نىقابلارنى ئېلىپ تاشلايلى؛ ئالەمدىكى ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان كەلتۈرىدىغان غاپىللىق ـ نادانلىق ۋە زوراۋانلىقلارنى تۈگىتەيلى، دەپ نىيەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئۆتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرگەندە: ئىنسانىي ھايات ئۈچۈن قىلچىلىك ئەھمىيىتى بولمىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تۈگىتەيلى؛ باشقىلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قالدۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان تەلۋىلەرنى ۋە زوراۋانلارنى تۈگىتەيلى، دەپ نىيەت باغلىشىمىز كېرەك.

ئىنسانلار ھالال بەخت ـ سائادەتتىن بەھرىمەن بولسۇن، دەپ نىيەت باغلىشىمىز كېرەك.

1918 ـ يىل 7 ـ ئاي





# بىز ھازىر قانداق ئاتا بولۇۋاتىمىز[200]

مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى نىيىتىم ئائىلىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت: ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگودا قېرىنداشلىق ھوقۇقى كۈچلۈك، ئاتىلىق ھوقۇقى تېخىمۇ كۈچلۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزەلدىن مۇقەددەس، دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىدىمۇ ئاز ـ تولا پىكىر بايان قىلماقچىمەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتىلار ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىش كېرەك. مەسىلىنى بۇنداق چوڭ ماۋزۇ بىلەن قويۇشۇمنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، جۇڭگودىكى «پەيغەمبەر ئۇممەتلىرى»[201] ئۆزلىرىنىڭ ئىككى نەرسىگە چېقىلىدىغانلارنى ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بىز بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغاچقا، ئېيتمايلا قوياي؛ يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ئەھكام ـ ئەركانلىرى[202]، بىز بۇ ھەقتە گاھىدا ئانچە ـ مۇنچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن خالىي بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، چىشلەپ تارتىلىپ، «ئەھكام ـ ئەركاننى ۋەيران قىلدى»، «ھايۋانلارچە ۋەھشىي ھەرىكەت قىلدى» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن بەتناملارغا قالدۇق. ئۇلار: دادىنىڭ بالا ئالدىدا ھوقۇقى ۋە ھۆرمىتى مۇتلەق بولىدۇ، دادىنىڭ قىلغان ھەرقانداق سۆزى تەھقىق دۇرۇس بولىدۇ، بالىنىڭ سۆزى بولسا، تېخى ئاغزىدىن چىقماي تۇرۇپلا خاتا بولغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما بوۋا، ئاتا، بالا، نەۋرە دېگەنلەر ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، ئەسلىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ھايات-

نىڭ بىر پەلەمپەيدىن ئىبارەت. ھازىرقى بالىلار كەلگۈسىدە ئاتا بولىدۇ، كەلگۈسىدە بوۋىمۇ بولىدۇ، مەن ۋە مېنىڭ يېشىمدىكى كىتابخانلار ناۋادا ھازىر ئاتا قاتارىغا ئۆتمىگەن بولساقمۇ، كاندىدات ئاتا ئىكەنلىكىمىزدە شەك يوق، كەلگۈسىدە بوۋا بولۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن، مەسىلە پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىدە. ئاۋارىچىلىكنى كۆپەيتمەسلىك ئۈچۈن، تەكەللۇپنى قايرىپ قويۇپ، ئالدىنئالا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئاتىلىق سۈپىتىدە تۇرۇپ، ئۆزىمىز ۋە ئوغۇل - قىزلىرىمىز ئۈستىدە توختىلايلى؛ شۇنداق قىلغاندا كەلگۈسى كۈنلەردە ئاتىلىق قىلغىلى تۇرغىنىمىزدا قىيىنچىلىق ئازىيىدۇ، جۇڭگودا مۇقامغىمۇ سىغىدۇ «پەيغەمبەر ئۇممەتلىرى» ئاڭلىسىمۇ قورقۇپ كەتمەس. دېمەك، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان بولىمىز. شۇڭا، «بىز قانداق ئاتا بولۇۋاتىمىز؟» دەپ تېما قويدۇم.

ئىككىنچىدىن، ئائىلە مەسىلىسى ئۈستىدە، مەن «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدىكى «پارچە تەسىرات» (25 -، 40 -، 49 -) سەرلەۋھەدىكى ماقالىلىرىمدە(203) گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويغانىدىم، مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتسام، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ ئازاد قىلايلى دېگەندىنلا ئىبارەت، پەرزەنتلەرنى ئازاد قىلىش ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي ئىش بولۇپ، مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، بىراق جۇڭگودىكى مويسىپىتلەر كونا ئۆرپ - ئادەت ۋە كونا ئىدىيىلەردىن قاتتىق زەھەرلىنىپ كەتكەچكە، زادى ھوشىغا كېلەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، قاق سەھەردە تۇك قاغا قاقىلدىسا، كىچىك بالىلار قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ، خۇراپىي قېرىلار بولسا خېلى ۋاقىت بىئارام بولىدۇ، بۇنداق بىچارىلەرگە ئىچ ئاغرىتقان بىلەنمۇ ئامال يوق.

... نائىلاج، ئاخىر ئىشنى ئاڭلىق كىشىلەردىن باشلاشقا توغرا





كەلدى، ئۇلار ئۆز بالىلىرىنى ئازاد قىلسۇن. ئەنئەنىۋى ئېغىر يۈكنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، زۇلمەت قاپقىقىنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن تىرەپ ئېچىپ، بالىلىرىنى كەڭرى، يورۇقچىلىق ئالەمگە قويۇۋەتسۇن، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن بەختلىك كۈن كەچۈرۈپ، كۆتكەنگە لايىق ئادەم بولسۇن.

بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە: مەن ئىجادىي يازغۇچى بولمىساممۇ شاڭخەي گېزىتلىرىدىكى «يېڭى تەنبىھ»لەردە بىرمۇنچە تىل - ئاھانەت ئىشىتتىم(204). مەندەك ئادەم بىرەر ئىشقا باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى باھالىشىم، قارىسىغا سۆزلىمەسلىكىم كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا گېپىم گەپ بولىدۇ، ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇلمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ ئالاھىدە ئىجادىيەت ئەھلى ئەمەسلىكىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتنى تاپقۇچىلاردىن ئەمەسلىكىم ئۆزۈمگە ئايان. مېنىڭ يازغان ۋە سۆزلىگەنلىكى نەرسىلىرىم كۈندە ئاڭلاپ يۈرگەن گەپلەر ئىچىدىن ئۆز كۆڭلۈمدە ئورۇنلۇق، دەپ تاللىۋالغان گەپلەردىنلا ئىبارەت. ھەقىقىدىغا يەتكەن ئىشلارنى بولسا بىلىپ يەتكۈچىلىكىم يوق. ھەتتا تەلىماتلارنىڭ يەنە بىرقانچە يىللاردىن كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، پەقەت ھازىرقىدىنمۇ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. شۇڭا، «بىز ھازىر قانداق ئاتا بولۇۋاتىمىز؟» دېگەن تېمىنى تاللىۋالدىم.

ئۆز كۆڭلۈمدە توغرا تاپقان داۋلىلار بەكمۇ ئاددىي: جانلىقلار دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرگە ئاساسلانغاندا، بىرىنچىدىن، ھاياتنى قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ھاياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش (يۈكسەلدۈرۈش) كېرەك، جانلىقلار شۇنداق قىلىدۇ، ئاتا بولغۇچىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ھاياتنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ۋە ھايات قىممىتىنىڭ

يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئۈستىدە هازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى. ئادەتتىكى ساۋات بويىچە، جانلىقلارنىڭ جانلىق بولالىشى ئۇلاردا هاياتنىڭ بولغانلىقى. هايات بولمىغىنىدا، جانلىقلار دەپ ئاتىغىلىمۇ بولمايتتى. جانلىقلار ئۆز هاياتىنى قوغداش يۈزىسىدىن خىلمۇخىل ئىقتىدارلارغا ئىگە بولىدۇ، بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى ئوزۇقلىنىش. ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئوزۇقلىنالايدۇ، ئوزۇقلىنالىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز تېنىنى ئىسسىتىپ، هاياتىنى قوغداپ قالالايدۇ. ئەمما، جانلىقلارنىڭ ئۆزى قېرىش ۋە ئۆلۈشتىن هامان خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار هاياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر خىل ئىقتىدارغا، يەنى جىنسىي هەۋەسكە ئىگە بولىدۇ. جىنسىي هەۋەس بولغانلىقى ئۈچۈنلا جىنسىي مۇناسىۋەت يۈز بېرىدۇ، جىنسىي مۇناسىۋەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۆرەلمە پەيدا بولۇپ هايات داۋاملىشىدۇ. دېمەك، ئوزۇقلىنىش نەتىجىسىدە ئۆزىنى قوغدايدۇ، هازىر هاياتنى قوغدايدۇ، جىنسىي هەۋەس نەتىجىسىدە ئۇرۇق - ئەۋلادىنى قوغدايدۇ، مەڭگۈلۈك هاياتنى قوغدايدۇ. ئوزۇقلىنىش جىنايەت ئەمەس، پاسكىنىچىلىقمۇ ئەمەس؛ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشمۇ جىنايەت ئەمەس، ئىپلاسلىقمۇ ئەمەس؛ ئوزۇقلىنىش نەتىجىسىدە ئۆزىنىلا هايات قالدۇرىدۇ، بۇ ئۆزىگە قىلىنغان مېهرىبانلىق ئەمەس؛ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ نەتىجىسىدە بالا تاپىدۇ، بۇمۇ ئۆز بالىلىرىغا مېهرىبانلىق قىلىش هېسابلانمايدۇ. دېمەك، ئالدىدىكىلەرمۇ، ئارقىدىكىلەرمۇ هاياتنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە كېتىۋاتقان يولۇچىلار بولۇپ، ۋاقىتتىكى ئىلگىرى - كېيىنلىكنى هېسابلىمىغاندا، كىم - كىمنىڭ مېهىر - شەپقىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئەپسۇس، جۇڭگونىڭ كونا كۆزقاراشلىرى بۇ داۋلىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، ئەر - خوتۇنچىلىق «ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئىچىدىكى ئىش» بولسىمۇ، ئۇنى «ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ باشلىنىشى» دەۋالىدۇ؛ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش نورمال ئىش بولسىمۇ، ئىپلاسلىق دەپ هېسابلايدۇ؛ تۇغۇتمۇ نورمال ئىش بولسىمۇ، ئۇنى كارامەت ئۇلۇغ ئىش هېسابلايدۇ. نىكاھ ئىشلىرىغا كۆپىنچە ناپاك ئىدىيىلەرنى قىستۇرۇپ قويىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارانلار بىرمۇنچە ئۆزئارا هەزىل - چاقچاقلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بىرمۇنچە خۇدۇكسىنىدىغان ئىشلىرىنى هەتتا بالا تۇغقانغا قەدەر يوشۇرىدۇ، ئاشكارىلاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ؛ لېكىن بالىلىرىغا قالتىس هەيۋە قىلىدۇ. بۇنداق قىلىق خۇددى پۇل ئوغرىلاپ بېيىغان بايلارنىڭ قىلىقىدىن هېچ قېلىشمايدۇ. ماڭا هۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ كۈتكىنىدەك، مەن هەرگىزمۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتمۇ باشقا مەخلۇقلارنىڭكىگە ئوخشاش تەپ تارتماستىن خالىغىنىچە بولۇۋەرسۇن؛ ياكى نومۇسسىز لۈكچەكلەرنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە يۈزسىزلىك قىلىپمۇ كۆرەڭلەپ يۈرگىنىگە ئوخشاش يۈرۈۋەرسۇن، دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئويغانغان كىشىلەر ئالدى بىلەن شەرقلىققە خاس ناپاك ئىدىيىلىرىنى تازىلىۋېتىپ، پاكىزرەك ۋە چۈشەنچىگە كېلىپ، ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە هەمراھ، ئورتاق ئەمگەكچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى هاياتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالسۇن، دېمەكچىمەن. تۇغۇلغان باللار يېڭى هاياتنى ئۆز ئىلكىگە ئالغۇچىلاردۇر، بىراق مەڭگۈ شۇنداق ئىلكىدە تۇتۇۋەرمەيدۇ، كەلگۈسى بىر كۈنلىرى خۇددى ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا ئوخشاشلا ئىگىدارچىلىقنى هامان بالىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. دېمەك، هەممىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىگىدارچىلىقنى ئۇ قولدىن بۇ قولغا ئۆتكۈزگۈچى رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس.

هاياتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنىڭ سەۋەبى — راۋاجلىنىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش. شەخس ئۆلۈشتىن خالىي بولالمايدۇ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشنىڭمۇ چېكى بولماي-

دۇ، شۇڭا ھايات داۋاملاشماي، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش يولىدىن ماڭماي قالمايدۇ. بۇ يولدىن مېڭىش ئۈچۈن بىر خىل ئىچكى تىرىشچانلىق بولمىسا بولمايدۇ، مەسىلەن، يالاڭ - يەككە ھۈجەيرىلىك جانىۋارلار ئىچكى تىرىشچانلىق ئارقىسىدا زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ، ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ئىچكى تىرىشچانلىق ئارقىسىدا ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارغا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا، كېيىنكى ھايات ئالدىنقى ھاياتتىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك، مۇكەممەلرەك بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك تېخىمۇ قىممەتلىك، تېخىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ؛ ئالدىنقى ھايات ئەنە شۇلارغا ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، جۇڭگونىڭ كونا كۆزقاراشلىرى پۈتۈنلەي بۇ داۋلىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ كەلدى. ئۆسمۈرلەرنى نەزەردە تۇتۇشنىڭ ئورنىغا چوڭلارنى نەزەردە تۇتماقتا، كەلگۈسىنى قەدىرلەشنىڭ ئورنىغا ئۆتمۈشنى قەدىرلىمەكتە. ئالدىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىلەرگە قۇربان بولۇۋاتقاندا، ئۆز جېنىنى جان ئېتەلمەي قېلىپ، كېيىنكىلەرنى ئۆزىنىڭ قۇربانى قىلىپ، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بارلىق ئىقتىدارلىرىنى ۋەيران قىلماقتا. مېنىڭ مۇنداق دېگەنلىرىم — ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ كۈتكىنىدەك — نەۋرىلەر قاچان بولسۇن بىر كۈنى بوۋىلىرىنى قاتتىق ئۇرۇشقا ھەقلىق، قىزلار ئۆز ئانىلىرىنى خالىغىنىچە تىللىشى شەرت، دېگەنلىكىم ئەمەس. بەلكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئويغانغان كىشىلەر ئالدى بىلەن شەرقنىڭ قەدىمدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بىمەنە ئىدىيىلىرىنى تازىلاپ، پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ئىدىيىلىرىنى كۈچەيتسۇن، ھوقۇقچىلىق ئىدىيىلىرىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىپ، ئۆسمۈرلەرنى نەزەردە تۇتىدىغان ئەخلاقنى ھازىرلىسۇن، دېمەكچىمەن. ئۆسمۈرلەرمۇ ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن بۇ ھوقۇقنى ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، كەلگۈسىدە





بەربىر ئۆزلىرىنىڭ ئۆسمۈرلىرى ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماي قالمايدۇ. دېمەك، ھەممىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەجبۇرىيەتنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزگۈچى رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس.

«ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا مېھىر - شەپقەت دېگەن نېمە يوق» دېگەن گەپ «پەيغەمبەر ئۇممەتلىرى»نى قاتتىق خاپا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ خاتالىقى شۇ يەردىكى، ئۇلاردا چوڭلارنىلا نەزەردە تۇتۇش ۋە شەخسىيەتچىلىك، ھوقۇقچىلىق ئىدىيىسى ئىنتايىن كۈچلۈك؛ ئەكسىچە بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىدىيىسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىنتايىن ئاجىز. ئۇلار ئاتا - بالا مۇناسىۋىتىدە، «مېنى ئاتام تاپقان» دېگەننى تۇتۇۋېلىپ، بالىلارنىڭ ھەممىسى چوڭلارغا تەئەللۇق دەپ قارايدۇ. تېخىمۇ چۈشكۈنلەشكەنلىرى بولسا ھەق تەلەپ قىلىپ، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭلارنىڭ مۈلكىدۇر دەپ قارايدۇ. لېكىن، شۇنى بىلمەيدۇكى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇنداق تەلەپلەرنىڭ ئەكسىچە بولغىنى ھالدا، بىز قەدىمدىن تارتىپ تەبىئەتكە خىلاپ ئىش كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ئىنتايىن كەينىگە چېكىنىپ كەتمەكتە، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ئىزدا توختاپ قالماقتا. بىز گەرچە توختاپ قېلىشنىڭ ئۆزى ھالاك بولۇش دەپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما ئىلگىرىلەشكە سېلىشتۇرغاندا، توختاپ قېلىش خاراب بولۇشقا ناھايىتى يېقىن، دەپ ئېيتالايمىز.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى يېتەرسىزلىكتىن خالىي بولالمىسىمۇ، ئەمما چوڭ - كىچىكلەرنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە ھېچقانداق چاتاق يوق. ئۇنىڭدا «مېھىر - شەپقەت» بولمىغىنى بىلەن، جانلىقلارغا تۇغما خاراكتېر بېرىدۇ، بىز بۇ تۇغما خاراكتېرنى «سۆيگۈ» (سۆيگۈ — بۇ سۆز مۇھەببەت، سۆيۈش، ئاسراش، ئاياش دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلدى — مۇھەررىردىن) دەپ ئاتايمىز. ھايۋانات دۇنياسىدا، تۇغقان بالىلىرى بەكمۇ كۆپ

بولۇپ كېتىپ، مەسىلەن، بېلىققا ئوخشاش، بالىلىرىغا قاراشقا يېتىشەلمىگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئۆز بالىلىرىنى سۆيىدۇ، بالىسىدىن نەپ ئېلىش كويىدا بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بالىلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھاياتىنى تەرەققىياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق يولىغا ئاتايدۇ.

ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئائىلىلەردە ئومۇمەن بالىلار بىلەن ئاجىزلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ، بۇ بىئولوگىيە ئىلمى ھەقىقەتلىرىگە بەكمۇ ئۇيغۇن ئۇسۇل، جۇڭگودىمۇ «پەيغەمبەر ئۇممەتلىرى»گە مەھكۇم بولمىغان ئاق كۆڭۈل - ساپ نىيەت ئادەملەر شۇنداق تۇغما خاراكتېرنى ئۆزلۈكىدىنلا تاپالايدۇ. مەسىلەن، بىر يېزا ئايالى ئۆز بالىسىنى ئېمىتىۋاتقاندا، ھەرگىزمۇ مېھىر - شەپقەت قىلىۋاتىمەن دېگەن خىيالغا كەلمەيدۇ؛ بىر دېھقان ئۆيلەنگەندە، ئۇزاققا قالماي خوتۇنىنى قەرزگە تۇتۇپ بېرىمەن، دەپ ئويلىمايدۇ. پەرزەنت كۆرگەنىكەن، ئۆزىچىلا مېھرى چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى تىلەيدۇ؛ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىدىنمۇ قاۋۇل بولۇپ چىقىشىنى، يەنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىنى تىلەيدۇ. ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدىن خالىي بولغان بۇ خىل «سۆيگۈ» ئىنسانچىلىقنىڭ رىشتىسى، يەنى «ئەركانى»، مۇبادا كونا قاراش بويىچە «سۆيگۈ»نىڭ ئورنىغا «شەپقەت»نى تەكىتلىسەك، ئۇنى ئاز دەپ، قىلغان ئەجرىمىزنى تۆلىتىۋالىمىز دەپ تۇرساق، ئۇ ھالدا ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق بۇزۇلىدۇ، ئاتا - ئانىلىق مېھرىگىمۇ خىلاپ ئىش بولىدۇ - دە، ئازارلىق تىكەن ئۇرۇقىنى چېچىۋەتكەن بولىمىز. مەلۇم بىرى «ۋاپادارلىققا ئۈندەش» دېگەن بىر شېئىر يازغانىكەن، ئۇنىڭدا ئاساسەن: «ئوغلى مەكتەپكە كېتىپتۇ، ئانىسى ئاتاپ بالىغا مېغىز چاي تەييارلاپتۇ، شۇنداق تۇرۇپ، ئوغۇل ۋاپادار بولمىسا بولامدۇ؟» دېگەن مىسرالار بار ئىكەن ۋە بۇ شېئىرنى توقۇغانلىقى بىلەن ئۆزىچە تېخى «تەرىقەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتتىم» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شۇنى بىلمىگەنكى، بايلارنىڭ مېغىز چېيى بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پۇرچاق سۈتى سۆيگۈ مەسىلىسىدە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە، بۇ قىممەت ئاتا - ئانىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۆزىدە ھېچقانداق تەمە قىلمىغانلىقىدا. ئۇنداق بولمىغاندا، ئېلىم - بېرىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، مېغىز چېيى ئىچكەنلىكى «ئادەم سۈتى بىلەن توڭگۇز بېقىش»[205]تىن، توڭگۇز بورداشتىن پەرقى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئىنسانچىلىقتا قىلچىلىكمۇ قىممىتى بولمايدۇ.





شۇڭا، مەن ئۆز كۆڭلۈمدە «سۆيگۈ»نىلا تەستىقلايمەن.

قايسىبىر دۆلەت، قايسىبىر شەخس بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك «ئۆزىنى ئاسراش»نى ھەقلىق ئىش دەپ ھېسابلايدۇ. ھاياتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ نېگىزى ئەنە شۇ. تەقدىر ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا پېشانىگە پۈتۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەيىبلىرى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولىدىغان، ھاياتقا خەۋپ كەلتۈرىدىغان يوشۇرۇن ئامىل بولۇپ قالىدۇ. ئىبسىن «ئالۋاستىلار» (فەن جياشۇن ئەپەندى تەرجىمە قىلغان، «يېڭى دولقۇن» ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 5 - سانىغا بېسىلغان) دېگەن ئەسىرىدە ئەر - ئايال مەسىلىسىگە ئېتىبار بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئەسەردىن نەسلىگە تارتىشنىڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالالايمىز. ئوسۋال ئەسلىدە ئۆلۈپ كەتمەيدىغان، ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايدىغان ئادەم ئىدى، بىراق دادىسىنىڭ سۇيۇقلۇقىدىن قورساقتىلا سىفلىس كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىلا كاردىن چىقىدۇ. لېكىن، ئانىسىغا بەكمۇ ئامراق بولغاچقا، ئانىسىنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن مورفىننى كېسىلى تۇتقاندا ئۆي خىزمەتچىسى رۇيكىن دېگەن ئايالنىڭ ياردىمى بىلەن ئىچىۋېلىپ،

ئۆزىنى زەھەرلەيدۇ، مورفىيننى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن رۇيكىن قايتىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنى ياردەمگە چاقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئوسۋال: ئانا، ئەمدى سەن ماڭا ياردەم بەر.

خانىم: مەنما؟

ئوسۋال: سەن بولماي كىم بولاتتى؟

خانىم: مەنما؟ سېنىڭ ئاناڭ؟

ئوسۋال: ھە، دەل سېنىڭ ئۆزۈڭ.

خانىم: مەنما، مەن سېنىڭ تۇغقان ئاناڭ!

ئوسۋال: مەن ساڭا ھېچقاچان مېنى تۇغ دېمىگەنىدىم. مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم نېمە كۈن؟ ئۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، ئۆزۈڭ چېكەڭگە تېگىشۋال!

بۇ تەسۋىر بىز ئاتا بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ، ئەددىشىگە سالىدۇ ھەم قايىل قىلىدۇ؛ ھەرگىزمۇ ۋىجدانىمىزنى قايرىپ قويۇپ، بالىمىزغا ئۆزۈڭنىڭ شورى دەپ قاراپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك. بۇ تەرىقىدىكى ئىشلار جۇڭگودىمۇ ئاز ئەمەس، دوختۇرخانىدا ئىشلىگەنلىكى ئادەم بولسا، تۇغما سىفلىس كېسىلىگە دۇچار بولغان بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ؛ يەنە كېلىپ، مۇنداقلارنى ئالچاڭشىپ كۆتۈرۈپ كېتىدىغانلارنىڭ تولىسى يەنە شۇلارنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى. ئەمما، نەسلىدىن قالدىغان قورقۇنچلۇق كېسەللىكلەر يالغۇز سىفلىسلا ئەمەس، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى نۇرغۇن ئەيىبلەرمۇ بالا - چاقىلىرىغا قالىدۇ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمئىيەتكىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز جامائەتچىلىك ئۈستىدە گەپ سېتىشنى قويۇپ تۇرۇپ، ئوغۇل - قىزلىرىمىز ئۈستىدىلا توختىلىدىغان بولساق، ئۆزىنى ئاسراشنى بىلمەيدىغان ئادەم راستىتىن ئاتا بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس، دەپ ئېيتالايمىز. زورمۇزور ئاتا بول-





غان تەقدىردىمۇ، خۇددى قەدىمكى زاماندا قاراقچىنىڭ پادىشاھ بولغىنىدەك مۇقامغا چۇشمەيدىغان بىر ئىش. كەلگۈسىدە ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ جەمئىيەت ئۆزگەرگەندە، ئۇلارنىڭ بەختى ئۇڭ كېلىپ نەسىل سۈرگەن ئەۋلادلىرى ئېسىل نەسەب تەلىماتچى (Eugenics)[206] لىرىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي قېلىشى مۇمكىن.

ناۋادا، ھازىرقى ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئەيىب قالدۇرۇپ كەتمەيدىغان، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىمايدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدىگىمۇ يېتىشى تەبىئىي. ئەمما، ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ھاياتنى داۋاملاشتى دەپلا بىر ئىزدا توختىتىپ قويغىلى بولمايدۇ، يېڭى ھاياتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى باققان ۋە ئاسرىغاندىن باشقا، ئۇلارغا ياشاشتا زۆرۈر بولغان ماھارەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇچار قۇشلار ئۆز بالىلىرىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىدۇ، ئوۋلىغۇچى ھايۋانلار ئۆز بالىلىرىغا ئوۋلاشنى ئۆگىتىدۇ، ئىنسان ئۇلاردىن بىرنەچچە دەرىجە يۇقىرى بولغاچقا، ئۆز بالىلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەتتىشنى خالايدىغان تۇغما خاراكتېرگە ئىگە. بۇنىمۇ ئاسراش دەيمىز. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋالغا قارىتىلغان، ھازىر دەۋاتقانلىرىم كەلگۈسىدىكى ئەھۋاللارغا قارىتىلغان، ئەقىل - ھوشى جايىدا بولغانلىكى كىشىنىڭ ھەرقاندىقى ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئۆزىدىنىمۇ قاۋۇل، ساغلام، ئەقىللىق، ئېسىل - بەختىيار بولۇشىنى، يەنى ئۆزىدىن ئۆتمۇشتىكىلەردىن ئۆتۈپ كېتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆتۈپ كېتىش ئۇچۇن ئۆزگەرتمەك لازىم. دېمەك، ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ

ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، «ئاتىسىنىڭ تەلىمىنى ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمىگەنلەر — ۋاپاراد بولمىش» دېگەن سۆز ناتوغرا، ئەلۋەتتە. بۇ — چېكىنىش كېسىلىنىڭ يىلتىزى. مۇبادا قەدىمكى بىر كىلىتكىلىق هايۋانلار مۇشۇ پەند - نەسىهەتكە ئەمەل قىلغان بولسىدى، هەرگىز تۈرلىنىپ كۆپىيەلمىگەن بولاتتى، ئۇ هالدا دۇنيادا ئىنسانلارمۇ بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى.

بۇ پەند - نەسىهەتلەر نۇرغۇن كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ، بەختكە يارىشا، كىشىلىك دۇنياسىدىكى تۇغما خاراكتېرنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتەلمىگەن. بۇنداق تۇغما خاراكتېر «ئەۋلىيا ئەزىملەر قىسسىلىرى» نى ئوقۇمىغان كىشىلەر ئىچىدە هەتتا «ئۇلۇغ تەلىم» قىلىچى ئاستىدا قالغان شارائىتتىمۇ پات - پات روشەن نۇر چېچىپ تۇرىدۇ؛ جۇڭگولۇقلار گەرچە قورۇلۇپ - يىگىلەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

شۇڭا، ئويغانغان كىشىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئەنە شۇنداق تۇغما سۆيگۈنى تېخىمۇ ئۇلغايتىشى، تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشى كېرەك؛ ئۆزىنى يېڭى ئەۋلاد ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن توغرا چۈشەنچە بولۇشى كېرەك. ئۆتمۈشتە ياۋروپالىقلار بالىلارنى چوڭ ئادەم بولۇشنىڭ هازىرلىقى دەپ خاتا قارايتتى؛ جۇڭگولۇقلار بولسا كىچىك بالىنى كىچىك چوڭ ئادەم دەپ خاتا قارايتتى. تا يېقىنقى كۈنلەرگە كەلگەندىلا، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ئارىسىدا شۇنى چۈشەنمەكتىكى، بالىلار دۇنياسى چوڭلار دۇنياسىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ؛ ئالدى بىلەن توغرا چۈشەنچە بولماي، قارىسىغا كېتىۋەرگەندە، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چوڭ توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا، بارلىق هازىرلىقلاردا بالىلارنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، ياپونىيىدىمۇ يېقىندىن بۇيان ئاڭلىق كىشىلەر خېلى كۆپە-





يىپ قالدى؛ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن هازىرلىقلار، ئۆسمۈرلەرنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرى ناهايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، يېتەكلەش كېرەك. ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يەردە هاياتمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى كېرەك؛ شۇڭا كېيىن يېتىشىپ چىققان شەخسلەر ئالدىدىكىلەردىن ئۆزۈپ كېتىشى، هەرگىزمۇ بىر قېلىپقا چۈشۈۋالماسلىقى لازىم. چوڭلار كىچىكلەرنىڭ ئالدىدا يېتەكچى، مەسلىهەتچىلا بولۇشى كېرەككى، هەرگىزمۇ بۇيرۇقۋازلاردىن بولماسلىقى كېرەك. ئۆزىنى گۆدەكلەرگە باقتۇرۇشقا هەقلىق بولۇش بىر ياقتا تۇرسۇن، پۈتۈن زېهنىنى شۇلارغىلا قارىتىپ، ئۇلاردا ئىشقا چىداملىق جىسمانىي كۈچنى، ساپ ۋە يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتنى، يېڭى ئېقىمنى ئەركىن ۋە بىمالال ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان روهنى، يەنى دۇنيانىڭ يېڭى ئېقىملىرى ئىچىدە چۆكۈپ كەتمەي، بەهۇزۇر ئۈزەلەيدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك، ئۈچىنچىدىن، ئازاد قىلىش كېرەك. ئوغۇل - قىزلار هەم ئۆزىمىزنىڭ، هەم ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس، ئەمما ئۇلار بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى هېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ بالىلىرى بولغانىكەن، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىمىزنى تېخىمۇ تولۇق ئۆتەپ، ئۇلارغا مۇستەقىل ياشىيالايدىغان قابىلىيەتنى ئۆگىتىپ قويۇشىمىز كېرەك؛ ئۆزىمىزنىڭلا ئادىمى بولمىغاچقا، ئۆز ۋاقتىدا ئازاد قىلىپ، هەممىنى شۇلارنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇپ، مۇستەقىل ئادەملەر قاتارىغا قوشۇشىمىز كېرەك.

دېمەك، ئاتا - ئانىلار ئوغۇل - قىزلىرىنى ساغلام تۇغۇشى، پۈتۈن كۈچى بىلەن تەربىيىلىشى، تولۇق ئازاد قىلىشى كېرەك.

مۇنداق دېسەم، بەزىلەر، ئاتا - ئانا بولغۇچىلار شۇنىڭدىن باشلاپ گويا هەممىدىن مەهرۇم بولۇپ، تولىمۇ بىمەنىلىككە قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئاساسسىز ۋەهىمە

ۋە بىمەنە خىياللارمۇ ھېلىقىدەك بىمەنە كونا ئىدىيىلەردىن تۇغۇلى-
دۇ. بۇنداق ئىدىيىلەر بىئولوگىيىلىك ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ
يېتىش بىلەنلا ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئوغۇل -
قىزلىرىنى ئازاد قىلالايدىغان ئاتا - ئانىلاردىن بولۇش ئۈچۈن يەنە
بىر خىل قابىلىيەتمۇ بولۇشى كېرەك. يەنى ئۆزىدە گەرچە ئۆتمۈش-
نىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرسىمۇ، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ماھارەت
ۋە روھنى يوقاتمايدىغان بولۇشى، ئىشقا زوقمەن بولۇشى، يۈكسەك
مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇشى كېرەك. سىزگە بەخت
كېرەك ئىدىغۇ؟ شۇنىڭدا سىز تۇرماق، ئىسىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتى-
ڭىزمۇ بەختلىك بولىدۇ. سىز «ياشارسام»، «قىرانىمغا قايتىۋال-
سام»[207] دەيتتىڭىزغۇ؟ ئوغۇل - قىزلىرىڭىز دەل سىزنىڭ «قى-
ران»لىرىڭىز بولۇپ، ئۇلار مۇستەقىل بولغانىنىڭ ئۈستىگە تېخى-
مۇ بارانىغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن چوڭلارنىڭ ۋەزىپى-
سى تۈگەپ، ئۆمۈر بويى كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ. ئۇنداق بولماي،
ناۋادا ئىدىيە ۋە ماھارەتلىرىڭىز كونا پېتىچە قېلىۋەرسە، ئەتىدىن
كەچكىچە «غىڭ - غىڭ»[208] تۈگىمىسە، ئۆز بولغىنىڭىز بىلەن
مەغرۇرلىنىپ يۈرسىڭىز، قۇرۇق، مەنىسىز باش ئاغرىقلىرىدىن
زادىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسىز.

يەنە بەزىلەر، ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتا - بالا يىراقلى-
شىپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىدۇ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئائىلى-
لەر مۇستەبىتلىكتە جۇڭگوغا يېتەلمەسلىكى كۆپچىلىككە ئايان؛
ئۆتمۈشتە بەزىلەرنى ھايۋانغا ئوخشاتقانىكەن، ھازىر بولسا، «تەرى-
قەتنى قوغدىغۇچى» پەيغەمبەر ئۇممەتلىرىمۇ ئۇلارنى ئاقلاپ، «ۋا-
پاسىز ئوغۇل، گۇمراھ قېرىنداش»[209] بولغان ئەمەس، دېمەكتە.
بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئازاد بولغانلار، تۇغقانچىلىق بولىدۇ؛ بالىسى
ياكى ئىنىسىنى «قورۇپ» تۇتىدىغان ئاتا - ئاكىلار بولمىسا،
«قورۇپ» تۇتۇشقا قارشى چىقىدىغان «ۋاپاسىز ئوغۇل، گۇمراھ





قېرىنداش»لارمۇ بولمايدۇ. ناۋادا زورلۇق قىلىدىغان ياكى ئالداي-
دىغان بولسا، نېمىلا قىلغان بىلەن بۇ چارە مەڭگۈ داۋام قىلمايدۇ.
مىسال ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگوسىنى ئالساق، خەن دەۋرىدە
ۋاپادارلارنى تاللاش تۈزۈمى بار ئىدى، تاڭ دەۋرىدە ۋاپادار -
ئىززەتچانلارنى ۋە ئىشچانلارنى تاللاش تۈزۈمى بار ئىدى، چىڭ
دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ۋاپادار، دىيانەتلىك، كۆڭلى تۈز ئادەملەرنى
تاللاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى، چۈنكى بۇ خۇسۇسىيەتلەر بەدى-
لىگە مەنسەپ ئېلىش مۇمكىن ئىدى[210]. دېمەك، ئاتىلار ئاۋۋال
شۇنداق پەند - نەسىھەتلەرنى قىلغان، پادىشاھلار كېيىن شۇنداق
ئىنئام - ئىلتىپاتلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يوتىسىنى كېسىپ
بەرگەن ئادەملەر ھەرھالدا ناھايىتى ئاز بولغان. بۇ ئەھۋال جۇڭگو-
دا كونا تەلىمات ۋە كونا ۋاستىلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ زادى
ياخشى نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى، پەقەت يامان ئادەملەرنىڭ ساختى-
پەزلىكىگىلا مەدەت بەرگەنلىكىنى، ياخشى ئادەملەرنى ئۆزى ئۇ-
چۇنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولمىغان يوقىلاڭ ئازاب -
ئوقۇبەتكە بىھۇدە دۇچار قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھەممىدىن كۆرە «سۆيگۈ» ھەقىقىي نەرسە. لۇ سۈي كۇڭ
رۇڭدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئاتىنىڭ بالىغا مېھرى قانچىلىك؟
ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بالا جىنسىي تەلەپتىن پەيدا بولىدۇ.
بالا ئانا ئۈچۈنمۇ خۇماردىن چىقىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى شې-
شىنىڭ ئىچىگە بىر نەرسىنى قويۇپ، كېيىن چىقىرىۋەتكەندەك بىر
ئىش» دەپتىكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى
كۇڭزى ھوزۇرىدا بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈدەك بىرنەچچە كارامەت
ئادەم چىققانىكەن، كۇڭزىنىڭ ھوزۇرى ھازىرقىدەك چۆلدەرەپ
كەتكەن ئەمەس ئىكەن؛ بۇ گەپلەرنى بېيخەي ئەپەندى قىلغان بول-
غىيدى؛ شۇنداقتىمۇ لۇ سۈي بىلەن ساۋ ساۋنىڭ ئۇنىڭغا ھۇجۇم
قىلغانلىقى كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ[211]. بۇ گەپلەر كونا

تەلىماتلارغا بېرىلگەن زەربە بولسىمۇ، ئەقىلگە ئانچە سىغمايدۇ.
چۈنكى، ئاتا ـ ئانا بالا تۇغۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەبىئىي
كۆيۈنىدۇ، بۇنداق كۆيۈنۈش يەنە كېلىپ ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ،
ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. ھەرگىزمۇ بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا يوقـ
ىلىپ كەتمەيدۇ. ھازىر دۇنيا كامالەت تاپقىنى يوق، ئۆزئارا كۆيۈـ
نۈشتە يەنە پەرق بار، ئوغۇل ـ قىزلارمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىنى ناھايىتى
سۆيىدۇ، ئۇلارغا بەكمۇ غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشىـ
مۇ ئاسانلىقچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ، شۇڭا يىراقلىشىپ كېتەرمىـ
كىن دەپ ئەندىشە قىلىش ئورۇنسىز. يەنە بىر خىل مۇستەسنا
ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار سۆيگۈ كۈچى بىلەن ئىندەككە كەلتۈـ
رەلمىگەن نەرسىنى قانداقتۇر «ئىلتىپات، پوپوزا، نام ـ شۆھرەت،
ئۆزگەرمەس ھەقىقەت» دېگەن بىرنېمىلەر بىلەن ئىندەككە كەلتۈـ
رۈپ بولمايدۇ.

يەنە بەزىلەر ئازاد قىلىنىۋەتكەندىن كېيىن، چوڭلار جاپا تارتىپ
قالارمىكىن، دەپ قورقىدۇ. بۇ مەسىلىنىمۇ ئىككى جەھەتتىن
تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، جۇڭگو جامائەتچىلىـ
كىنىڭ «ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشى» دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىـ
يەتتە بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش
روھى تولىمۇ كەم. «ۋاپا»، «ئەقىدە» دېگەنگە ئوخشاش ئەخلاقىمۇ
بىراۋلارنىڭ قىلچە قورۇنماي ساپلا گۆدەك ـ ئاجىزلارنىڭ ئەدىپىـ
نى بېرىدىغان چارىسىدىن ئىبارەت. مۇنداق جەمئىيەتتە ياشىغانلارـ
نىڭ كۈن كەچۈرۈشى تەس بولۇپلا قالماستىن، ئازاد بولغان گۆـ
دەكلەرنىڭ كۈن كەچۈرۈشىمۇ تەس. ئىككىنچىدىن، جۇڭگودا
ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى قېرىماي تۇرۇپلا ھالىدىن كېتىدۇ،
بەزىلىرى ھەتتا 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا قېرىلىق يېتىپ مۈكچىـ
يىپ قالىدۇ، راست قېرىغاندا بولسا باشقىلارنىڭ يۆلەپ يۇرۇشىغا
موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، ئېيتىمەنكى، ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئازاد





قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن ھازىرلىق كۆرۈشى كېرەك؛
مۇنداق جەمئىيەتنى مۇۋاپىق تۇرمۇشقا ئۇيغۇنلىشالايدىغان قىلىپ
ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھازىر ھازىرلىق كۆرـ
سە، ئۆزگەرسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئارزۇسى تەبىئىي
ئەمەلگە ئاشىدۇ.

باشقا ئەللەرنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئېلىپ ئېيتساق، سپېنسەر(212)
ئۆمرىدە ئۆيلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئىرادىسىدىن بوشىشىپ،
يامان يولدا يۇرۇپ باقمىغانىكەن. ۋات بالىلىرىدىن خېلى بۇرۇن
ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، «ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم» ئۆتكۈـ
زۈۋەرگەنىكەن، شۇنداق ئىكەن، كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ
بولۇپمۇ پەرزەنتلىرى بار ئادەملەرنىڭ ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرۇشىـ
نىڭ ھاجىتى نېمە؟

يەنە بەزىلەر ئازاد قىلىنىۋەتكەندىن كېيىن، بالىلار جاپا تارتىپ
قالارمىكىن دەپ قورقىدۇ، بۇ مەسىلىنىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش
ئىككى جەھەتتىن ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن،
قېرىغاندا ئىقتىدارسىز بولۇپ قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ياشلىقىدا
قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاڭلىق كىشىـ
لەر جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ
چۈشىنىشى كېرەك. جۇڭگودا ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئەمرىمەرۇپـ
لار، سەپسەتىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ بىرى ، جەمئىيەتتىن
ئايرىپ تاشلىغاندا تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ ئۆيدىن چىقارماسـ
لىق؛ يەنە بىرى، بالىلىرىغا ئەسكى ماھارەتنى ئۆگىتىش بولۇپ،
شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتتە ياشىيالايدۇ، دەپ قاراش. بۇنداق
ئۇسۇللارنى ئۆگەتكۈچى ئاتا ـ ئانىلاردا ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدىغان
ياخشى نىيەت بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدانەن ئېيتقاندا، بۇنداق نىيەت
بەربىر سەپسەتىگە ياتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل ئۇسۇلمۇ
بار، ئۇ بولسىمۇ ماداراچىلىق بولۇپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىشنى

ئۆگىتىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگى-
رى «پراكماتىزم»[213]نى تەشۋىق قىلغۇچىلارنىڭ بازاردا ساختا
تەڭگە پۇل پەيدا بولغانلىقى سەۋەبلىك مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا
ئومۇمەن ساختا تەڭگە پۇلنى پەرق ئېتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكىنىگە
ئوخشاش قاملاشمىغان بىر ئىش. جەمئىيەتكە ۋاقتى كەلگەندە ماس-
لاشمايمۇ بولمايدۇ، بىراق بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئۇسۇل ئەمەس.
چۈنكى جەمئىيەت ناچار بولغاچقا، ئەسكى ئىشلارمۇ كۆپ، ئۇلار-
نىڭ ھەممىسگە بىر - بىرلەپ ماسلاشقىلى بولمايدۇ، ناۋادا ھەم-
مىسگە ماسلىشىمەن دېسە، مۇۋاپىق تۇرمۇشقا خىلاپلىق قىلىپ،
تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئەكس تەرىپىگە مېڭىپ قالىدۇ. شۇڭا،
تۈپكى چارە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەسلىنى ئېيتقاندا، جۇڭگودىكى كونىچە تەسەۋۋۇردىكى
قوۋم - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت، ئاتا - بالا مۇناسىۋىتى دېگەنگە
ئوخشاشلار ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان گۇمران بولۇپ كەتتى. بۇ «ھا-
زىر قەبىھلىشىپ كەتكەن»مۇ ئەمەس، «ئۆتمۈشتىلا شۇنداق» ئى-
دى. «بەش ئەۋلادنىڭ بىللە ياشىشى»نىڭ ئەزەلدىن كۈچەپ تەر-
غىب قىلىنغانلىقىدىن بىللە ياشاشنىڭ ئەمەلىيەتتە تەسلىكىنى بىل-
گىلى بولىدۇ؛ ۋاپادارلىق توغرىسىدا ھەدەپ پەند - نەسىھەت قى-
لىنغانلىقىدىنمۇ ۋاپادارلارنىڭ ئەمەلىيەتتە كەملىكىنى بىلگىلى بو-
لىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ساختا ئەدەپ - ئەخلاقنى ھەدەپ تەرغىب
قىلىۋېرىپ، ھەقىقىي ئادەمگەرچىلىككە سەل قارالغانلىقتا. بىز
چوڭ ئائىلىلەرنىڭ شەجەرىسىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق،
ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بويتاق كۆچۈپ كېلىپ، كېيىنچە
ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىنى؛ چوڭ ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپ شەجەر-
سىنى نەشر قىلدۇرغان چاغدا خېلىلا ۋەيران بولغانلىقىنى بىلىۋالا-
لايمىز. كەلگۈسىدە خۇراپاتلىك تۈگىسە بامبۇك نوتىسى تىلەپ
يىغلاش، مۇز ئاستىدىن بېلىق تۇتۇش ھادىسىلىرىمۇ بولمايدۇ؛





مېدىتسىنا تەرەققىي قىلغاندا نىجاسەتلەرنى تېتىپ كۆرۈشكىمۇ،
بولجۇڭ گۆشلەرنى كېسىپ بېرىشكىمۇ[214] ئورۇن قالمايدۇ. ئىق-
تىسادىي سەۋەب بىلەن كىچىكىپ توي قىلىشقا مەجبۇر بولۇش،
شۇنىڭ بىلەن كېچىكىپ بالىلىق بولۇشمۇ ياكى بالىلىرى كىچىك
تۇرۇپلا ئاتا - ئانىلىرى قېرىپ ھالىدىن كېتىپ قېلىش، بالىلىرى
باقالماسلىق ھادىسىلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆز بۇر-
چىنى توغرا ئادا قىلمىغانلىقىدىن بولىدۇ. دۇنيا ئېقىمى مۇشۇنداق
قىلغانلارنى ھايات قېلىشقا، مۇنداق قىلمىغانلارنى ۋەيران بولۇشقا
مەجبۇر قىلماقتا. ئەمدىكى بىردىنبىر چارە شۇكى، ئاڭلىقلار
كۆپەيتىلىشى، غەيرەت قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەۋپنى
ئازايتىش مۇمكىن.

ئەمما، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جۇڭگودا ئائىلە ئاللىبۇ-
رۇن ۋەيران بولۇپ تۈگىگەن، «پەيغەمبەر ئۇممەتلىرى»نىڭ قەغەز
يۈزىدە دېگەنلىرىدەك ئەمەس، ئۇنداقتا، نېمىشقا تا ھازىرغىچە
ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش بولماي، ۋەيران بولغان ھالدا تۇرۇۋېرىدۇ؟
بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەك ئاسان. بىرىنچىدىن، ۋەيران بولغانلار
ۋەيران بولۇۋەرگەن، رودۇپايىلار رودۇپايلىغىچە قېلىۋەرگەن، ئۇ-
زىنى ئوڭشىغانلار ئۆزىنى ئوڭشاپ يۈرۈۋەرگەن؛ ئېھتىيات قىلىش
دېگەن نەرسە يوق؛ ئىسلاھاتنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن؛ شۇڭا ۋەيرانە
ھالدا قېلىۋەرگەن. ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقى ئائىلىلەردە ئەسلىدە
غىژ - غىژ تۈگىمەيتتى، يېقىنقى ئاتالغۇ تارقالغاندىن كېيىن،
غىژ - غىژنى ھەممىسى «ئىنقىلاب» دەۋالدى؛ ئەمەلىيەتتە بولسا،
تېخىچىلا ئاشنىدارچىلىق ھەققىنى تالىشىپ تىللىشىشنى، قىمار
چوتىرىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇشنى تاشلىمىدى. بۇ قىلىقلار ئاڭلىقلا-
رنىڭ ئىسلاھاتى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۆزىنى «ئىنقىلابچى»
دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقىدەك غىژ - غىژچى ئاكا - ئۇكىلار پۈتۈنلەي
كونا قېلىپتىكى ئاكا - ئۇكىلارغا ياتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى بالىلىق

بولغاندىمۇ بالىلىرىنى ھەرگىز ئازاد قىلمايدۇ؛ ياكى قىلچە كارى بولمايدۇ، ياكى «ۋاپانامە»[215] نى تېپىپ كېلىپ قىرائەت قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «قەدىمىي ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئۆگىتىپ» ئۆزىگە قۇربان قىلىش نىيىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ، بۇنىڭغا پۈتۈنلەي كونا ئەدەپ - ئەخلاق، كونا ئۆرۈپ - ئادەت، كونا ئۇسۇل - چارىلەر جاۋابكار بولۇپ، بۇ جاۋابكارلىقنى بىئولوگىيىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئۇنداقتا، «ۋاپاسىزلىقنىڭ ئۈچ ئەيىب ئىچىدە ئەۋلاد قالدۇرماسلىق ئەڭ چوڭ ئەيىب» دېگەن مۇقامىلارمۇ، ئۈچ خوتۇن، تۆت توقال ئېلىش ئادەتلىرىمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇپ چىقامدۇ؟! بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەكمۇ ئاسان. ئىنسان ئەۋلاد قالدۇرمىغاندىن كېيىن كەلگۈسى ھاياتى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، بۇ گەرچە بىر بەختسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن نامۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەر بىلەن ھاياتنى ئۇزارتىپ، خەققە زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ئەۋلاد قالدۇرمىغىنىغا قارىغاندا، تېخىمۇ «ۋاپاسىز»لىق ھېسابلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى ناھايىتى مۇۋاپىق، كۆپ خوتۇنلۇق مەسلىكى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. چۈشكۈنلۈك چېكىنىشكە يېقىنلاشقانلىق بولۇپ، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ. ئەۋلاد قالدۇرمىسا پەقەت ئۆزىنىڭلا ئۇرۇقىنى قۇرۇتىدۇ، چېكىنگەن ھالەتتە پەيدا بولغان ئەۋلاد خەقنى ۋەيران قىلىدۇ. ئىنساندا قىسمەن بولسىمۇ باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى بولماي قالمايدۇ، جانلىقلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ياشاپ كەلگەن، بىر ئادەمنىڭ قېنى ھامان باشقىلارنىڭ قېنى بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەچكە، ئۇرۇقى پۈتۈنلەي





قۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بىئولوگىيىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى ھەرگىزمۇ كۆپ خوتۇنلۇق مەسلىكىنى قوغدايدىغان تىلتۇمار ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاڭلىق ئاتا - ئانىلار پۈتۈنلەي بۇرچلۇق، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، پىداكار بولۇشى كېرەك، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق قىيىن، بولۇپمۇ جۇڭگودا تېخىمۇ قىيىن. جۇڭگودىكى ئاڭلىق كىشىلەر چوڭلارنى گۆدەكلەرنى ئازاد قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن كونا ھېساب - كىتابلارنى بوغقاچ يېڭى يول ئېچىش كېرەك، خۇددى باشتا ئېيتقىنىمدەك: «ئەنئەنىۋى ئېغىر يۈكنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، زۇلمەت قاپقىقىنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن تىرەپ ئېچىپ، بالىلىرىنى كەڭرى، يورۇقچىلىق جاھانغا قويۇۋەتسۇن، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن بەختلىك كۈن كەچۈرۈپ، كۆتكەنگە لايىق ئادەم بولسۇن.» بۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ ھەم زورۇر بىر ئىش، شۇنداقلا ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك ئىش.

ئەمما، دۇنيادا يەنە بىر خىل ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ئۆز بالىلىرىنى ئازاد قىلىشقا ئۇنىمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئازاد قىلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ، يەنى نەۋرە - چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۈچۈن قۇربان قىلماقچى بولىدۇ. بۇمۇ بىر مەسىلە. ئەمما، مەن تىنچلىقنى خالايدىغان ئادەم، شۇڭا بۇ مەسىلىگە ھازىرچە جاۋاب بېرەلمەيمەن.

1919 - يىل 10 - ئاي

# نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى[216]

**— 1923 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيجىڭ قىزلار ئالىي دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن**

مېنىڭ بۈگۈن سۆزلەيدىغان تېمام: «نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى؟»

ئىبسىن[217] XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ئۆتكەن نورۋېگىيىلىك ئەدىب. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىرنەچچە ئون پارچە شېئىردىن باشقا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك سەھنە ئەسەرلىرى. ئۇلاردا تولاراق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بايان قىلىنغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى «ئىجتىمائىي سەھنە ئەسەرلىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

«نورا» ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. «نورا»نىڭ يەنە بىر ئىسمى En Puppenheim بولۇپ، خەنزۇ تىلىغا «قونچاق ئائىلە» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما Puppe دېگەن سۆز قونچاق ئويۇندا ئوينىتىلىدىغان قونچاق دېگەن گەپلا ئەمەس، كىچىك بالىلار ئوينايدىغان قونچاقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇ، كۆچمە مەنىدىن ئالغاندا، باشقىلار قانداق قىل دېسە، شۇنداق قىلىدىغان ئادەم دېگەن سۆز. نورا دەسلەپ ئاتالمىش بەختلىك ئائىلىدە مەمنۇنىيەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئەمما ئۇ ئاخىر ئۆزى ئېرىنىڭ قونچىقى، بالىلىرى بولسا ئۆزىنىڭ قونچاقلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ پەردە چۈشىدۇ. بۇنى





تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار، ھەممىڭلارغا مەلۇم بولسا كېرەك.

قانداق بولغاندا نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيتتى؟ بۇنىڭغا ئىبسىننىڭ ئۆزىدىن جاۋاب تېپىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ Die Fran vom meer — «دېڭىز ئايالى» دېگەن ئەسىرى بار، جۇڭگودا بىراۋ ئۇنى «دېڭىزچى خانىم» دېگەن مەنىدىمۇ تەرجىمە قىپتۇ. بۇ ئايال تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىن، دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدا ياشايدىغان بۇرۇنقى مەھبۇبى بىر كۈنى بۇ ئايالنى ئەكېتىشكە كېلىدۇ. ئايال ئۆز ئېرىگە ھېلىقى يات ئادەم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئېرى ئۇنىڭغا: «ھازىردىن باشلاپ ئۆز ئەركىڭ ئۆزۈڭدە، كېتىش - كەتمەسلىكنى ئۆزۈڭ تاللىۋال، ھەر ئىش بولسا ئۆزۈڭ مەسئۇل بول» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تامامەن ئۆزگىرىدۇ. ئايال كەتمەس بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، نورامۇ مۇشۇنداق ئەركىنلىككە ئېرىشەلىگەن بولسا، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ قالغان بولاتتى.

ئەمما، نورا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى؟ ئىبسىن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىش مەسئۇلىيىتى يوق، چۈنكى ئىبسىن شېئىر يازغان، ئۆزى جاۋاب بېرىش ئۈچۈن جامائەتچىلىككە سوئال قويغان ئەمەس. بۇ ئەھۋال تۇمۇچۇققا ئوخشايدۇ، تۇمۇچۇق سايرىغۇسى كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا سايرايدۇ، ئۇ ئادەملەر ئاڭلاپ ھوزۇرلانسۇن، بەھرىلەنسۇن دەپ سايرىمايدۇ. ئىبسىن گىرى ئادەم ئىكەن، بىر كۈنى ئاياللار يىغىلىپ ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپتۇ. ئارىدىن بىرى ۋەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ «قونچاق ئائىلە»نى يېزىپ، ئاياللارنىڭ ئويغىنىشى، ئازادلىقى جەھەتتە يېڭى ئىلھام بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتقاندا، ئۇ: «مەن ئۇ ئەسەرنى ئۇنداق نىيەتتە يازغان

ئەمەس، يازغىنىم پەقەت شېئىر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

نورا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى؟ باشقا كىشىلەرمۇ بۇ ھەقتە ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلغان. مەلۇم بىر ئىنگلىز يېڭىچە بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈن كەچۈرەلمەي، ئاخىر چۈشكۈنلىشىپ، پاھىشىخانىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدىغان سەھنە ئەسىرى يازغان. يەنە بىر جۇڭگولۇق — مەن ئۇنى نېمىدەپ ئاتىسام بولار؟ شاڭخەيلىك ئەدىب دەپ تۇراي — «نورا» نىڭ باشقا نۇسخىسىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا نورانىڭ ئاخىر ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئوقۇغانلىقىنى يازغان. ئەپسۇسكى، مۇنداق نۇسخىنى ئىككىنچى بىر ئادەم كۆرۈپ باقمىغان. پەقەت ئىبسىن ئۆزى ئەۋەتىپ بەرمىگەن بولسىلا. ئەمما، ئەھۋالدىن پەرەز قىلساق، نورانىڭ ئالدىدا چۈشكۈنلىشىشتىن ياكى قايتىپ كېلىشتىن باشقىچە يولمۇ بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئەگەر ئۇچار قۇشنى ئالساق، قۇش قەپەسكە سولانغاندا ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىدۇ، قەپەستىن چىقسا لاچىن، مۈشۈك ۋە باشقا نەرسىلەرگە يولۇقىدۇ؛ ناۋادا قەپەستە تۇرۇۋېرىپ قاناتلىرى ئۇيۇشۇپ ئۇچالماس بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدىمۇ كۈن كۆرەلمەسلىكى ئېھتىمال. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، بىراق ئۆلگەندە ھاياتتىن ئايرىلغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا مەسىلىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، كۈن كۆرۈش دېگەن گەپمۇ تۈگەيدۇ.

ئادەمگە ئويغانغاندىن كېيىن ماڭارغا يول تاپالماسلىقتىن ئارتۇق ئازاب بولمايدۇ. چۈش كۆرۈش ئادەم ئۈچۈن بەختلىك ئىش؛ ماڭىدىغان يولنى ئاڭقىرالماي تۇرغان چاغدا، ئەڭ ياخشىسى، ئويغاتماسلىق كېرەك. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لى خې[218] ئۆمۈر بويى رىيازەت چەكمىگەنمىدى؟ ئەمما ئۆلۈش ئالدىدا ئاپىسىغا: «ئاپا، خۇدا مەرمەر راۋاق سېپتۇ. مېنى بىرنېمە يېزىپ راۋاقنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتنىششقا چاقىرتىپتۇ» دەپتىكەن.





بۇ گەپنىڭ جۆيلۈش ئىكەنلىكى، چۈش ئىكەنلىكى ئېنىقىقۇ؟! لېكىن ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ياش يىگىت خۇشال - خۇرام ئۆلگەن، تىرىك تۇرغان مومايمۇ خاتىرجەملىك بىلەن ياشاپ قالغان. جۆيلۈش بىلەن چۈش كۆرۈش مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلۇغ بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مەن نىجاتلىق يولىنى تاپالمىغاندا، چۈش كۆرۈشنى ياقتۇرىمەن.

ئەمما، كەلگۈسىنى چۈشەكەمەسلىك كېرەك. ئارتسىباشېف[219] ئۆزىنىڭ رومانىدا كەلگۈسىدىكى ئالتۇن دەۋر ئۈستىدە خىيال سۈرىدىغان غايىكويلارغا تاپا قىلغان. چۈنكى، ئۇنداق دەۋرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئازاب چەكتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ: «سىلەر ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىغا ئالتۇن دەۋرنى ۋەدە قىلىۋاتىسىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نېمە بەرمەكچىسىلەر؟» دېگەن. بېرىدىغىنى بار، بېرىدىغىنى كەلگۈسى ئۈمىد. بىراق، شۇ ئۈمىد ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ چىقىم كېتىدۇ، بۇ ئۈمىدكە يېتىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۆز سەزگۈلىرىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، ئۆزى تارتىۋاتقان ئازابلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايدىغان بولۇشى، روھىنى ئويغىتىپ، ئۆزىنىڭ چىرىپ كېتىۋاتقان جىسمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. جۆيلۈش ۋە چۈش كۆرۈش مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا تېخىمۇ ئۇلۇغ بىلىنىدۇ. شۇڭا، مەن نىجاتلىق يولىنى تاپالمىغاندا، بىزگە ئەسقاتىدىغىنى چۈش دەپ قارايمەن. لېكىن، كەلگۈسىنى چۈشەكىمەستىن ھازىرنى چۈشەكەش كېرەك.

نورا ئويغانغانىكەن، ئۇنىڭ يەنە چۈشكە قايتىپ كېتىشى تەس. شۇڭا، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي ئىلاجى يوق. ئەمما، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىنىڭ ياكى يەنە قايتىپ كېلىشىنىڭ ئېھتىمالىمۇ مەۋجۇت. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ئويغانغان قەلبىدىن باشقا، ئۆزى بىلەن يەنە نېمىنى ئېلىپ يۈرەر؟ ھەرقاي-

سىڭلارنىڭكىگە ئوخشاش پەقەت بىر تال قىزىل تىۋىتلىق شارپىسىمۇ ئېنى ئىككى چى ھەتتا ئۈچ چى كەلگەن تەقدىردىمۇ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قول - ئىلكىدە بولۇشى، چۆنتىكى ئېغىر بولۇشى، گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، پۇلى بولۇشى كېرەك.

چۈش كۆرۈش ياخشى؛ بولمىسا، پۇل مۇھىم.

پۇل دېگەن سۆز قۇلاققا ناھايىتى سەت ئاڭلىنىدۇ، ھەتتا پۇل تىلغا ئېلىنىپ قالسا ئالىيجاناب ئەپەندىملەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. ئەمما، مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ تۈنۈگۈنكى گېپى بىلەن بۈگۈنكى گېپىنىڭ، تاماقتىن بۇرۇن دېگەن گېپى بىلەن تاماقتىن كېيىن دېگەن گېپىنىڭ پەرقىمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەر تاماقنىڭ پۇلغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ يۇ، لېكىن پۇلنىڭ ئېتىنى چىقارسا نومۇس قىلىدۇ. ئېھتىمال مۇنداق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدىكى بېلىق گۆشلىرى تامامەن ھەزىم بولۇپ كەتمىگەن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى بىرەر - يېرىم كۈن ئاچ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ئاڭلاش كېرەك.

شۇڭا پۇل — سىپايىرەك ئېيتساق، ئىقتىساد — نورا ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ئەركىنلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما پۇل ئۈچۈن سېتىۋەتكىلى بولىدۇ. قورساقنىڭ ئېچىپ تۇرىدىغانلىقى ئىنسانلارنىڭ بىر زور كەمچىلىكى. بۇ كەمچىلىكنى تۈگىتىش، قونچاق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي ھوقۇق ناھايىتى مۇھىم بولۇپ قالدى. بىرىنچىدىن، ئائىلىدە ئالدى بىلەن تەقسىمات ئەر - ئايالغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتتە ئەر - ئايال باراۋەر بولۇشى كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ ھوقۇقنى قانداق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت بۇ يولدا كۈرەش قىلىشىۋېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىمەن؛ ئېھتىمال، بۇ يولدا ھاكىمىيەتكە





قاتنىشىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشتىنمۇ كەسكىن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەر.

ئىقتىسادىي ھوقۇقنى تەلەپ قىلىش ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇ، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىنى ۋە ئاياللار ئازادلىقىنى تەلەپ قىلىشقا ئوخشاش ئىشلاردىنمۇ قىيىنغا توختىشى مۇمكىن. دۇنيادا چوڭ ئىشلاردىنمۇ قىيىن كىچىك ئىشلار بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقىدەك سوغۇق كۈنلەردە بىزدە پەقەت بىرلا پاختىلىق چاپان بار دەيلى، شۇنداق ھالەتتە كۆز ئالدىمىزدا توڭلاپ ياتقان بىر غېرىبنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى مەبۇد دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئويلاش[220] كېرەكمۇ؟ پۈتۈن ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ پەرق بار. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويسا، مەن دەرھال مەبۇد دەرىخى ئاستىغا بېرىپ ئولتۇراتتىم. چۈنكى، ئاران تاپقان بىرلا پاختىلىق چاپاننى خەققە سېلىپ بەرسەم ئۆزۈم توڭلاپ قالىمەن - دە. دېمەك، ئۆيدە ھاكىمىيەتكە قاتنىشىمەن دېسە، چوڭ قارشىلىققا ئۇچرىشى ناتايىن. لېكىن ئىقتىسادنى تەڭ تەقسىم قىلىشنى تىلغا ئالغان ھامان دۈشمەن پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەسكىن كۈرەشنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ.

كۈرەش ياخشى ئىش ئەمەس، بىزمۇ ھەممە ئادەمنى كۈرەش قىلىدىغان جەڭچى بولۇشقا دالالەت قىلالمايمىز. شۇنداق ئىكەن، تىنچ ئۇسۇلمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئۇسۇل — كەلگۈسىدە بالىلارنى ئاتا - ئانىلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئازاد قىلىش. جۇڭگودا ئاتا - ئانىلىق ھوقۇقى ھەقىقەتەن چوڭ. كەلگۈسىدە مال - مۈلكىڭلارنى ئوغۇل - قىزلىرىڭلارغا تەڭمۇتەڭ تەقسىم

قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى توقۇنۇشسىز ھالدا باراۋەر ئىقتىسادىي ھوقۇققا ئىگە قىلىدىغان زامانلار كېلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ئوقۇسۇن، مەيلى ئوقەت قىلسۇن، مەيلى ئۆزىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋىتى ئۈچۈن ئىشلەتسۇن، مەيلى جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلىسۇن، مەيلى خەجلەپ تۈگەتسۇن، ئىختىيار ئۇلارنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ، جاۋابىنى ئۆزى بېرىدۇ. بۇ كۆز يەتمەيدىغان يىراق كەلگۈسى توغرىسىدىكى چۈش بولسىمۇ، ئەمما ئالتۇن دەۋر توغرىسىدىكى چۈشكە قارىغاندا جىق يېقىن. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى ئەس كېرەك. ئەسنىڭ يوقلۇقى، ئەستە تۇتالماسلىق شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ۋە لېكىن ئەجدادلىرىغا زىيانلىق. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇنتۇغاقلىقى تۈپەيلى، ئۆزلىرىمۇ ئۆتمۈشتە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بارا - بارا ئېسىدىن چىقىرالايدۇ، يەنە شۇ ئۇنتۇغاقلىقى تۈپەيلى، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر خاتالاشقاندەك خاتالىشىپمۇ قالىدۇ. خارلانغان كېلىن قېينانا بولغاندىن كېيىن كېلىنىنى ئوخشاشلا خارلايدۇ؛ ئوقۇغۇچىلاردىن يىرگىنىپ يۈرگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزى بۇرۇن ئەمەلدارلارنى تىللاپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردۇر؛ ھازىر ئوغۇل - قىزلىرىغا زۇلۇم قىلىۋاتقانلار بەلكى 10 يىل بۇرۇنقى ئائىلە ئىنقىلابچىلىرىدۇر. ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ يېشى، ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. لېكىن، ئۇنتۇغاقلىقمۇ بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر سەۋەبىدۇر. ئۇنتۇغاقلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى شۇكى، ھەربىر ئادەم ھازىرقى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىنى كەلگۈسىدە يېشى ۋە مەرتىۋىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن پايدىلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن بىردىن note — book[221] سېتىۋېلىپ خاتىرىلەپ قويۇشى لازىم. ناۋادا بالىلىرىنىڭ باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشىدىن بىزار بولغاندا، خاتىرە دەپتەرنى بىرەر قۇر ۋاراقلاپ، «مەركىزىي باغچىغا بارماقچىمەن» دېگەن خاتىرىنى





كۆرگەندە ئاچچىقى دەرھال يېنىپ قالىدۇ. باشقا ئىشلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش.

ئەل ئىچىدە قاشاڭلىق دېگەن گەپ بار، ئۇنىڭ ماھىيىتى سۇباتلىق. ئاڭلىشىمچە، بوكسچىلار[222] توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، تيەنجىن شەھىرىدە ئۆكتەملەر، يەنى قاشاڭلار تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقانىكەن. مەسىلەن، ئۇلار بىرەر كىشىنىڭ خۇرجۇن - قاچىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن بولسا ئۇنىڭ ھەققىگە ئىككى دوللار سورايدىكەن، ئۇنىڭغا بۇ خۇرجۇن - قاچا كىچىك ئىدى دېسە، ئۇ يەنىلا ئىككى دوللار ئالىمەن دەيدىكەن، يول يېقىن دېسىمۇ يەنىلا ئىككى دوللار ئالىمەن دەيدىكەن، كۆتۈرتكۈزمەيمەن دېسىمۇ، يەنىلا ئىككى دوللار ئالىمەن دەۋېرىدىكەن. ئۆكتەملەر ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۇباتلىقى ئاپىرىن ئوقۇشقا يارايدۇ. ئىقتىسادىي ھوقۇقنى تەلەپ قىلىشتىمۇ ئەھۋال شۇنداق، بەزىلەر بەك كونىراپ كەتكەن مەسىلە ئىكەن دېسە، سەن يەنە ئىقتىسادىي ھوقۇقنى ئالىمەن دېگىن، ئەگەر ئۇلار بۇ بەك پەسكەشلىك ئىش ئىكەن دېسە، سەن يەنە ئىقتىسادىي ھوقۇقنى ئالىمەن دېگىن؛ ئەگەر ئۇلار ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۆزگىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئەمدى ئىقتىسادتىن غەم يېمىسەڭلارمۇ بولىدۇ دېسە، سەن يەنە ئىقتىسادىي ھوقۇقنى ئالىمەن دەۋەر.

راستىنى ئېيتقاندا، ھازىرقى كۈندە بىر نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتسە قىيىنچىلىققىمۇ قالماس، چۈنكى ئۇ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئايال، يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ غەيرىي، شۇڭا كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىقى، ياردىمى بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كېتىشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن كۈن كەچۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەركىنسىزلىك بولىدۇ، ناۋادا 100 نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغانلارمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ، 1000 ياكى 10 مىڭ نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئۇلار

نەپرەتكە قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئۆزىدە ئىقتىسادىي ھوقۇق-
نىڭ بولغىنى ياخشى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، قون-
چاق بولۇشتىن خالىي بولغىلى بولامدۇ؟ ياق، يەنە بەربىر قونچاق
بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. پەقەت باشقىلار بۇ يوللايدىغان ئىشلار ئازى-
يىپ، ئۆزى بۇ يوللايدىغان قونچاقلار كۆپىيىشى مۇمكىن، خا-
لاس. چۈنكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە ئاياللارلا ئەرلەرنىڭ قونچىقى
بولۇپ قالماي، ئەرلەر بىلەن ئەرلەر، ئاياللار بىلەن ئاياللار
بىر - بىرىنى قونچاق قىلىدۇ، ئەرلەر ئاياللارغا قونچاق بولىدىغان
ئىشلارمۇ بار، بۇنى يالغۇز بىرنەچچە ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقى-
نى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەنلا تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئادەم
بالىسى قورساقنى ئاچ قويۇپ، غايىۋى دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى
كۈتۈپ ئولتۇرالمايدۇ، كەم دېگەندىمۇ ئاخىرقى نەپەستىن توختاپ
قالماسلىق ئۈچۈن، خۇددى قۇرۇق ئازگالدا ياتقان بېلىقنىڭ بىر
پىيالە سۇنىڭ غېمىنى يېگىنىدەك(223)، تىرىشىش كېرەك، يەنى
ئەنە شۇنداق جانغا ئەسقاتىدىغانراق ئىقتىسادىي ھوقۇقنى قولغا
كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن يەنە باشقا چارىلەرنى تېپىش
كېرەك.

ئەگەر ئىقتىسادىي تۈزۈم راستتىنلا ئۆزگەرسە، يۇقىرىدا دې-
گەنلىرىم پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدا نورانى ئاددىي بىر شەخس سۈپىتىدە قويۇپ تۇرۇپ
بايان قىلدىم، ئەگەر ئۇ بەكمۇ ئالاھىدە ئىش قىلىپ، ئۆز ئىختىيا-
رى بىلەن باش بولغاپ چىقىپ قۇربان بولۇشنى خالىغان بولسا،
بۇ يەنە باشقا بىر ئىش. بىزنىڭ باشقىلارنى قۇربان بولۇشقا دەۋەت
قىلىدىغان ھەققىمىز يوق، قۇربان بولۇشنى خالايدىغانلارنى تو-
سۇشقىمۇ ھەققىمىز يوق. ھالبۇكى، دۇنيادا قۇربان بولۇشنى
خالايدىغانلارمۇ، جاپا تارتىشنى خالايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، ياۋرو-





پالىقلاردا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن: ئەيسا پەيغەمبەر دارغا
مىخلاش ئۈچۈن ھەيدىلىپ كېتىۋاتقاندا Ahasvar(224) نىڭ لەمپىسى
ئاستىدا ھاردۇق ئاپتۇ، لېكىن Ahasvar ئۇنىڭغا يول قويماپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئەيسا پەيغەمبەر ئۇنى تاكى ئاخىر زامان بولغۇچە
ھاردۇق ئالالمىغايسەن، دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ تىنىم
تاپماي مېڭىپلا يۈرىدىكەن، ھازىرمۇ مېڭىپ يۈرگۈدەكمىش. مې-
ڭىپلا يۈرۈش جاپالىق ئىش، ئارام ئېلىش بولسا ھۇزۇر ئىش.
ئۇ نېمىشقا ئارام ئالمايدۇ؟ ئۇ قارغىشقا قالغان بولسىمۇ، مېڭىپ
يۈرۈشنى ئارام ئېلىشتىن راھەت ئىش دەپ بىلسە كېرەك، شۇڭا
توختىماي مېڭىپلا يۈرگەندۇر.

مۇشۇنداق قۇربان بېرىشتىن ئالغان راھەت ھەركىمنىڭ ئۆزى-
گىلا تەئەللۇق، ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ جەمئىيەتكە بېغىشلايمەن
دېگەنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئاممىسى تى-
ياتىرنىڭ مەڭگۈلۈك تاماشىبىنلىرى. قۇربان بەرگۈچىلەر مەيداندا
مەردانىلىك قىلسا، ئامما تراگېدىيىلەرنى كۆرگەن بولىدۇ؛ لاغىل-
داپ تىترىسە كومېدىيىلەرنى كۆرگەن بولىدۇ. بېيجىڭدا قاساپ
دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ، خۇددى قىزىق تاما-
شا كۆرۈۋاتقاندەك، قوي سويۇلۇشنى تاماشا قىلىشىپ تۇرغان
ئادەملەرنى كۆرىمىز، كىشىلەرنىڭ قۇربان بولۇشىمۇ ئۇلارغا ئەنە
شۇنچىلىكلا نەپ بېرىدۇ. تېخى ئۇلار بىرنەچچە قەدەم يىراقلاشماي
تۇرۇپلا ھېلىقى كىچىككىنە قىزىقارلىقنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ.

ئۇنداق ئاممىغا ئامال يوق، ئۇلارنى داۋالاشنىڭ چارىسى —
ئۇلارغا ئويۇن قويۇپ بەرمەسلىك. دەبدەبىسى بىر دەمدىلا تۈگەيدى-
غان قۇرباندىن تەمكىن — سۇباتلىق كۈرەش ئەلا.

ئەپسۇسكى، جۇڭگودا ئۆزگەرتمەك بەك تەس، بىرەر جوزىنى
يۆتكەشكە، بىرەر ئوچاقنى ئوڭشاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، قان تۆ-
كۈشكە توغرا كېلىدۇ. قان تۆكۈلگەن تەقدىردىمۇ جوزىنىڭ يۆتكە-

لىشى، ئوچاقنىڭ ئوچۈشلىشى ناتايىن. ناھايىتى توم قامچا بىلەن دۇمبىسىگە ئۇرمىغۇچە جۇڭگونىڭ قىمىرلىشى قىيىن. مېنىڭچە، بۇ قامچا ھامان بىر كۈنى قولغا كېلىدۇ، ياخشى ـ يامان بولۇشى باشقا بىر مەسىلە، ئىشقىلىپ، بىر كۈنى دۇمبىگە تېگىدۇ. ئەمما، ئۇ قامچا قەيەردىن كېلىدۇ، قانداق كېلىدۇ، مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن.

مېنىڭ بۈگۈنكى نۇتقۇم شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.





# تالانت بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى(225)

(1924 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسىدا سۆزلەنگەن)

مېنىڭ نۇتقۇم ھەرقايسىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ياكى قىزىقارلىق بولماسلىقى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن، چۈنكى مەن ھەقىقەتەن ھېچ نەرسە بىلمەيمەن. لېكىن، باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئارقىغا سۈرەپ كەلگىنىمگە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ كەتكەچكە، ئاخىر بۇ يەرگە كېلىپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مېنىڭچە، ھازىر بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە قاراتقان تەلەپ سادالىرى ئىچىدە تالانت پەيدا بولسۇن دەيدىغان تەلەپ ناھايىتى جاراڭلىق بولۇۋاتىدۇ. روشەنكى، بۇ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى ئەكسىچە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: بىرى — ھازىر جۇڭگودا بىرمۇ تالانت يوق؛ يەنە بىرى — ھەممە ئادەم ھازىرقى سەنئەتتىن بىزگەن. تالانت زادى بارمۇ، يوق؟ بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بىز كۆرگىنىمىز يوق، باشقىلارمۇ كۆرگىنى يوق. ئەگەر كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، يوق دېيىش مۇمكىن: تالانتلا ئەمەس، تالانتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان — ئۆسىدىغان خەلقنىمۇ يوق دېيىش مۇمكىن.

تالانت قاراڭغۇ جاڭگالدا، دەشت ـ باياۋاندا ئۆزىچىلا پەيدا

بولۇپ قالىدىغان غەلىتە بىرنەرسە ئەمەس. ئۇ، تالانتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان خەلقتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. دېمەك، ئاشۇ خەلق بولمايدىكەن، تالانتمۇ بولمايدۇ. ناپولېئون بىر چاغلاردا Alps[226] تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «مەن Alps تېغىدىنمۇ يۇكسەك تۇرىمەن» دەپتىكەن. بۇ نېمىدېگەن ئەزىمەتلىك - ھە! ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك؛ ئەگەر ئەسكىرى بولمىغان بولسا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كېتىشى ياكى قوغلىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى قەھرىمانلىقىنىڭ چېكىدىن ھالقىپ، ئۇ ساراڭلار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. دېمەك، مېنىڭچە، تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى، تالانتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان خەلقنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن، دەل - دەرەخنى، ياخشى گۈللەرنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى تۇپراق بولۇشى كېرەك؛ تۇپراق بولمىسا دەرەخ ۋە گۈل بولمايدۇ؛ دېمەك، تۇپراق ھەقىقەتەن گۈل ۋە دەرەختىنمۇ مۇھىم. گۈل ۋە دەرەخ ئۈچۈن تۇپراق بولمىسا بولمايدىغانلىقى خۇددى ناپولېئوننىڭ ياخشى ئەسكىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

لېكىن، ھازىر جەمئىيەتتىكى گەپ - سۆز ۋە خاھىشقا قارايدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن تالانتنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تالانتىغا ئۆلۈم تىلەۋاتىدۇ، ھەتتا تەييارلاپ قويغان تۇپراقنىمۇ سۈپۈرۈۋەتكۈسى بار. بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەي:

بۇنىڭ بىرى — «مىللىي ئەتىقىلەرنى رەتلەش»[227]. يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم جۇڭگوغا كەلگەندىن بۇيان، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ نەدىمۇ قۇدرىتى بولسۇن، لېكىن مىللىي ئەتىقە دېسە بىر توپ قېرىلار، ھەتتا ئۆسمۈرلەرمۇ جېنىنى بېرىدىغان بولدى. ئۇلار: «جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس شۇنچە ئوبدان نەرسىلىرى تۇرسا، ئۇنى





رەتلەپ ساقلىماقتا يوق، يېڭىلىقتا بېرىلىپ كېتىش خۇددى ئاتا مىراسلىرىمىزدىن ۋاز كېچكەندەك نادانلىق بولىدۇ» دەيدۇ. ئاتا - بوۋىسىنى شېپى كەلتۈرۈپ سۆزلەش، ناھايىتى سورلۇق بولىدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن كونا كەمزۇلنى يۇيۇپ - قاتلاپ ئېلىپ قويمىغۇچە يېڭى كەمزۇل تىكتۈرگىلى بولمايدۇ دېسە، زادى ئىشەنمەيمەن. ھازىرقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتسام، ھەركىم نېمە قىلىمەن دېسە ئۆزىنىڭ مەيلى، قېرى جانابلار مىللىي ئەتىقىلەرنى رەتلەيمەن دەيدىغان بولسا، دېرىزە تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، كىگىز كىتابلىرىنى ئوقۇۋەرسۇن؛ ياشلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا جانلىق بىلىمى ۋە يېڭى سەنئەتلىرى بار، ھەركىم ئۆزى بىلگەننى قىلسا بۇنىڭمۇ ئانچە چوڭ كارايىتى يوق. لېكىن، ئاشۇ بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ چاقىرىق قىلىدىغان بولسا، بۇ جۇڭگونى دۇنيادىن مەڭگۈ ئاجرىتىپ قويىدۇ. مۇبادا ھەممە ئادەم زادى مۇشۇنداق قىلمىسا بولمايدۇ دەيدىغان بولسا، بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك بولىدۇ! بىز ئاسارئەتىقە ساتقۇچى سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولساق، تەبىئىيكى، ئۇ ئۆزىدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى دەپ ماختايدۇكى، ھەرگىز رەسساملارنى، دېھقانلارنى، ھۈنەرۋەنلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئاتا - بوۋىسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، دەپ تىللاپ - قارغاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بىرمۇنچە مىللىي ئەتىقىشۇناسلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئەقىللىق.

يەنە بىرى — «ئىجادىيەتكە چوقۇنۇش»[228]. يۈزەكى قارىغاندا، بۇ تالانتنى تەلەپ قىلىش سەنئىتىگە ناھايىتى باب كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ روھىدا چەتتىن كەلگەن ئىدىيىلەرنى، غەيرىي ئىقلىمنىڭ مۇقاملىرىنى چەتكە قېقىش ئامىلى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ جۇڭگونى دۇنياۋى ئېقىمدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىرمۇنچە ئادەملەر تولستوي، تۇرگېنېف،

دوستويېۋسكى(229) لارنىڭ نامىلىرىدىن بىزار بولغاندەك قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قايسىلىرى جۇڭگوغا تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەندۇ؟ ئۆز نەزىرىنى بىرلا مەملىكەت دائىرىسى بىلەن بەند قىلىپ قويغانلار، پېئوتىر ۋە جون(230) دېگەن ئىسىملارنى ئاڭلاپلا زېرىكىدۇ. ئۇلارچە پەقەت لاۋجاڭ، لاۋلى بولسىلا بولارمىش - دە، ئىجادكارلار شۇنىڭدىن چىقارمىش. راستىنى ئېيتقاندا، مۇنداق ئىجادكارلارنىڭ ياخشىلىرىمۇ چەت ئەل ئەسەرلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى، مەنىۋى ئىپادىلىرىنى ئاز - تولا تاللىۋېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ، يازغانلىرى بەدىئىيلىكتە چىرايلىق چىقسىمۇ، لېكىن ئىدىيە جەھەتتە كۆپىنچە تەرجىمە ئەسەرلەرگە يەتمەيدۇ، ھەتتا بەزى ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەرنىمۇ قوشۇپ، ئۇنى جۇڭگولۇقلارنىڭ كونا خۇيىغا لايىقلاشتۇرىدۇ، كىتابخانلار بولسا ئۇنىڭغا چىرمىلىپ قالىدۇ - دە، نەزەر دائىرىسى بارا - بارا تارىيىۋېرىپ كونا ئەندىزىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلار بىر - بىرىگە سەۋەب - نەتىجە بولۇشۇپ، غەيرىي ئېقىمنى يەكلىشىپ، مىللىي مەدەنىيەت تەۋەررۈكىنى پەش قىلىۋەرسە، تالانت نەدىنمۇ بارلىققا كەلسۇن؟ بارلىققا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ.

مۇشۇنداق كەيپىياتتا ئادەتلەنگەن خەلق تۇپراق ئەمەس كۆل، ئۇنىڭدا ياخشى گۈل ۋە دەرەخ ئۆسەلمەيدۇ!

يەنە بىرى — يامان نىيەتلىك تەنقىد. كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىغىمۇ ئۇزۇن بولدى، ھازىر بىرمۇنچە تەنقىدچىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئادالەتسىزلەردۇر، تەنقىدچىگە ئوخشىمايدۇ، ئەسەر ئالدىغا كېلىش بىلەنلا زەردىسى بىلەن قەلىمىنى ئوينىتىپ، دەرھال ناھايىتى دانالارچە خۇلاسە چىقىرىپ: «ھەي، تولىمۇ گۆدەك ئىكەن. جۇڭگوغا تالانت كېرەك!» دېيىشىدۇ.





كېيىنكى چاغلاردا ھەتتا تەنقىدچى ئەمەسلەرمۇ شۇنداق دەپ جار سالىدىغان بولدى، ئۇلار قۇلاق مۇللىسى. ئەمەلىيەتتە، تالانت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقىتتىكى تۇنجى ئىڭگەسى ھەرگىز پىشقان شېئىر بولماستىن، ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاشلا يىغىدىن ئىبارەت. گۆدەك ئىكەن دەپ ئەدەپ بەرسەڭ، يىگىلەپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ تىل - ھاقارىتى دەستىدىن بىرنەچچە ئاپتورنىڭ ئۈن چىقارماس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. ئۇ ئاپتورلار تەھقىق، تالانت بولماسلىقى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ ئىمكانىيەت بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

يامان نىيەتلىك تەنقىدچىلەر مايسىزارلىقتا ئات چاپتۇرسا كۆڭلى يايرايدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن نابۇت بولىدىغىنى مايسا — ئادەتتىكى مايسا ۋە تالانت مايىسى. چوڭلار ئالدىدا بالىلارنىڭ بولۇشى ئەيىب ھېسابلانمىغاندەك، قىرانلىق ئالدىدا گۆدەكلىكمۇ ھەرگىز نومۇس ئىش ئەمەس؛ ئەسەرمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ دەسلەپتە گۆدەك بولۇشى نومۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئەدەپ يېمەيدىغان بولسا، ئۆسىدۇ، پىشىدۇ، ۋايىغا يېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە قېرىپ ھالسىزلىنىش ۋە چىرىشلا، سەۋەب كار قىلمايدىغان ئىش! مېنىڭچە، مەيلى گۆدەك ئادەم ياكى چوڭ ئادەم بولسۇن، ئەگەر گۆدەكلىك پاراستى بولىدىكەن، گۆدەكلەرچە گەپ قىلىۋەرسۇن، ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغاننى سۆزلەۋەرسۇن، سۆزلىگەندىن كېيىن كۆپ بولسا مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ، ئۇنداق - مۇنداق بايراقلارنى كۆتۈرۈۋالغۇچىلارنىڭ تەنقىدلىرىگە پەرۋا قىلمىسۇن!

بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەربىرلىرىنى ئالساق، بەلكىم ئوندىن توققۇزلىرى تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىسىلا كېرەك، لېكىن ئەھۋال بايىقىدەك بولسا، تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشى

تەس بولۇش بىلەنلا قالماستىن، تالانت يېتىشتۈرىدىغان تۇپراقنى ھازىرلاشنىڭ ئۆزىمۇ تەس. مەن تالانتنىڭ تەگدىن تولىسى تۇغما بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن، لېكىن تالانتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇپراق بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلسە كېرەك. تۇپراق بولۇشنىڭ خاسىيىتى تالانتنى تەلەپ قىلىشتىنمۇ مۇھىم، ئۇنداق بولمىسا، يۈزلىگەن - مىڭلىغان تالانت بولغان تەقدىردىمۇ، تۇپراق بولمىغانلىقى ئۈچۈن راۋاج تاپالماي، تەخسىدىكى ماش ئۇندۇرمىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

تۇپراق بولۇش ئۈچۈن روھىي - زېھنىنى كېڭەيتىش، يەنى يېڭى ئېقىملارنى قوبۇل قىلىپ، كونا ئەندىزىلەردىن قۇتۇلۇپ، كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان تالانتلارنى سىغدۇرالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان بولۇش كېرەك، ئۇششاق ئىشلارنى قىلىشتىن قورقماسلىق، يەنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلار ئۆز - ئۆزىدىن ئىجاد قىلىۋېرىش كېرەك، بولمىسا تەرجىمە قىلسىمۇ، تونۇشتۇرسىمۇ، زوقلانسىمۇ، ئوقۇسىمۇ، كۆرسىمۇ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش دېگەن سۆز بىرئاز كۈلكىلىك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئۇنىڭغا ئەدەپ بەرگەندىنغۇ ياخشى.

تالانتقا سېلىشتۇرغاندا، دەرۋەقە تۇپراق ھېچنېمىگە ئەزىمەيدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن ئاجايىپ بەرداشلىق بولمىغانلارنىڭ تۇپراق بولالىشىمۇ ئاسان بولمىسا كېرەك. بىراق، گەپ ئىجتىھات قىلىشتا، ئىجتىھات قىلىش تۇغما تالانتنى بىھۇدە كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئىشەنچلىك. تۇپراقنىڭ ئۇلۇغلۇقى، يەنە كېلىپ زور ئۈمىدلىك يېرىمۇ ئەنە شۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغان ئەجرىنىمۇ ياندۇرالايدۇ، مەسىلەن، تۇپراقتىن ياخشى گۈل ئۈنۈپ چىقسا، گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆزىلا يايراش بىلەن قالمايدۇ، ئۇنى كۆرگەن ئادەم يايراپ ھۇزۇرلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، تۇپراقنىڭ ئۆزىمۇ يايراپ ھۇزۇرلىنىدۇ، — ئەگەر تۇپراقنىڭمۇ جېنى بولىدىغان بولسا.





# لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا[231]

خاڭجۇنىڭ شىخۇ كۆلىدىكى لېيفېڭ مۇنارى[232] يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، بۇنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. ئەمما لېيفېڭ مۇنارىنى يىقىلىپ چۈشمەستە كۆرگەنىدىم، ئۇ خارابلاشقان ھالدا كۆلنىڭ جىمىرلاپ تۇرغان نۇرى بىلەن تاغ مەنزىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. تاغنىڭ ئارقىسىغا پېتىپ كەتكەن قۇياش شۇ يېقىن ئەتراپلارغا ئۆز نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى، شۇڭا «لېيفېڭدىكى كەچكى شەپەق» شىخۇ كۆلىنىڭ 10 خىل مەنزىرىسىنىڭ بىرى ئىدى. «لېيفېڭدىكى كەچكى شەپەق»نىڭ ئەينى مەنزىرىسىنىمۇ كۆرگەنمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭچە، ئانچە پەيزىلىك ئەمەس ئىدى.

لېكىن، شىخۇ كۆلىدىكى مەشھۇر ئەستىلىكلەرنىڭ ئىچىدە، مېنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن بىلىدىغىنىم ئەنە شۇ لېيفېڭ مۇنارى. مېنىڭ چوڭ ئانام گاھىدا ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بېرەتتى: ئاق يىلان خېنىم ئەنە شۇ مۇنارنىڭ تېگىدە بېسىلىپ ياتىدۇ! شۈيشەن ناملىق بىر ئادەم ئىككى يىلاننى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى كۆك، بىرى ئاق ئىكەن؛ كېيىن ئاق يىلان بىر ئايال سۈرىتىگە كىرىپ، ياخشىلىقنى ياندۇرۇپ، ھېلىقى شۈيشەن دېگەن ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىپتۇ؛ كۆك يىلان بولسا بىر خىزمەتكار سۈرىتىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈپتۇ. فاخەي ئۇنۇۋانلىق بىر شەيخ بار ئىكەن، ئۇ ھېكمەت تاپقان شەيخ ئىكەن؛ ئۇ ھېلىقى

شۇيشەننىڭ چىرايىدىن بىر خىل جۇدە ئالامەتنى بايقاپتۇ، دىۋە - پەرىلەرنى خوتۇن قىلغان ئادەملەرنىڭ چىرايىدا جۇدە ئالامەتى بولىدىكەن، لېكىن ئۇنى كامال تاپقان ئادەملەرلا بايقىيالايدىكەن، ئۇنى جىڭشەن ئىبادەتخانىسىنىڭ خەلىپىسى ئولتۇرىدىغان مېھرابنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، ئاق يىلان خېنىم ئېرىنى ئىزدەپ كەلسە، «جىڭشەن ئىبادەتخانىسىغا سۇ تولۇپ كېتىپتۇ.»

چوڭ ئانام بۇنى تېخىمۇ قىزىق سۆزلەپ بېرەتتى؛ ئېھتىمال بۇ چۆچەك «ۋاپادار دىۋە - پەرى داستانى»[233] ناملىق ئەسەردىن چىققان بولسا كېرەك، مەن ئۇ كىتابنى كۆرمىگەن. شۇڭا، «شۇيشەن»، «شەيخ فاخەي» دېگەن ھەرپلەرنىڭ ئەينى قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. قىسقىسى، ئاق يىلان خېنىم فاخەينىڭ ھىيلە - مىكرىگە چۈشۈپ، كىچىككىنە بىر كومزەككە قاچىلىنىپتۇ. شەيخ بۇ كومزەكنى يەرگە كۆمۈپ، ئۈستىگە ئۇنى بېسىپ تۇرىدىغان مۇنار قوپۇرۇپتۇ. لېيفېڭ مۇنارى ئەنە شۇنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر يەنە كۆپتۇر، گەدەك قىلاتتى، مەسىلەن، «بەي جۋاڭيۈەننىڭ مۇنارغا نەزىر بېرىشى» ۋەھاكازالار. لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغلاردا بىردىنبىر ئارزۇيۇم شۇ لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى ئىدى. كېيىن چوڭ بولدۇم، خاڭجۇغا بارغىنىمدا شۇ ۋەيرانە مۇنارنى كۆرۈپ ئىچىم ئۆرتەلدى. كېيىنچە كىتابلارغا قارىسام خاڭجۇلۇقلار ئۇ مۇنارنى «باۋشۇ مۇنارى» دەپمۇ ئاتايدىكەن، ئۇنى چيەنۋاڭنىڭ ئوغلى سالدۇرغانىكەن[234]. بۇ گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇ مۇنارنىڭ ئىچىدە ئاق يىلان خېنىم بولمىسا كېرەك، شۇنداق بولسىمۇ، ئىچىم يەنە ئۆرتىلىپ، مۇنار يىقىلىپ چۈشسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم.





مانا ھازىر ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، پۈتۈن ئالەمدىكى خەلق نەقەدەر خۇشال بولمىسۇن؟!

بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن پاكىت بار. بۇرۇنقى ۋۇ، يۇ بەگلىرىنىڭ تاغلىرىغا، دېڭىز بويلىرىغا بېرىپ، خەلقنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ. ئېتىزلىقلاردىكى يىگىتلەر، داللاردىكى بوۋايلار، پىلچى ئاياللار، كەنتلەردىكى سەرگەردانلار، مېڭىسىنىڭ قېتىقىدا ئاز - پاز دەزى بارلاردىن باشقا، كىم ئاق يىلان خېنىمغا يان باسمىسۇن، شەيخنىڭ چاتاقچىلىقىدىن ۋايسىمىسۇن؟

شەيخ ئۆزىنىڭ سوپىلىق كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋېرىشى كېرەك ئىدى. ئاق يىلان شۇيشەنگە خۇشتار بوپتۇ، شۇيشەن بولسا دىۋە - پەرىنى ئەمرىگە ئاپتۇ، بۇنىڭغا باشقىلارنىڭ نېمە چاتىقى بار؟ شەيخنىڭ قېرىشقاندەك كىتابىنى تاشلاپ قويۇپ زورلۇق بىلەن چاتاق چىقىرىشى، ئېھتىمال، قىزغانچۇقلۇقىدىن بولسا كېرەك، چوقۇم شۇنداق بولسا كېرەك.

كېيىنكى چاغلاردا «تەڭرى يۇخۇاڭ»[235] مۇ شەيخنىڭ چاتاق سالغانلىقىدىن كايىپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ جازالاش نىيىتىدە جانلىقلارنى زەھەرلىمەكچى بوپتىمىش. شەيخ ئۇيان - بۇيان قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىر جېنىنى قاچۇرۇپ قىسقۇچپاقىنىڭ قېپىغا كىرىۋاپتۇ، ئۇيەردىن چىقىشقا زادىلا پېتىنالماپتۇ، ھەتتا ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن. مېنىڭ «تەڭرى يۇخۇاڭ» نىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ناھايىتى قورسىقىم كۆپەتتى، لېكىن مۇشۇ بىر ئىشتىن ناھايىتى رازى بولدۇم. چۈنكى، «جىڭشەنگە سۇ تولۇپ كەتكەن» لىكىگە ھەقىقەتەن شەيخ جاۋابكار بولۇشى لازىم؛ «تەڭرى يۇخۇاڭ» ھەقىقەتەن ناھايىتى توغرا چارە كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئەپسۇسكى، مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ سۆزلەرنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەپتىمەن، ئەگەر ئۇ سۆزلەر «ۋاپادار دىۋە - پەرى داستانى» دىن چىقمىغان بولسا، خەلق چۆچەكلىرىدىن چىققان بولسا

كېرەك.

كۈز پەسلى يېتىپ كېلىپ، شال پىشىدىغان مەزگىلدە، ۋۇيۇ تەۋەسىدە ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدىغان نەرسە قىسقۇچپاقا، ئۇنى پىشۇرۇپ قىزارتقاندىن كېيىن مەيلى قايسىسىنى بولسۇن، بىرىنى ئېلىپ دۈمبە پوستىنى ياردىغان بولسا، ئىچىدىن سېرىقى، قېتىقى چىقىدۇ؛ ئەگەر ئۇ چىشى بولسا، ئانارنىڭ دانىسىدەك قىپقىزىل ئۇرۇقى چىقىدۇ، ئاۋۋال شۇلارنى يەپ بولسىڭىز، ئوزۇنچاق دۈگىلەك شەكىلدە بىر نېپىز پوستى كۆرۈنىدۇ، كىچىك پىچاق بىلەن شۇ ئوزۇنچاق دۈگىلەكنىڭ ئاستىدىن دىققەت قىلغان ھالدا يېرىۋېلىپ، ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈيدىغان بولسىڭىز، يېرىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇ بىر روھانىي — بۇت قىياپىتىدىكى نەرسىگە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ بېشى، يۈزى، بويى بار، قاراپ ئولتۇرىدۇ؛ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا باللار بۇنى «قىسقۇچپاقا» شەيخ دەپ ئاتايدۇ. بۇ — جازادىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغان شەيخ فاخەينىڭ ئۆزى شۇ.

دەسلەپتە ئاق يىلان خېنىم مۇنار ئاستىدا بېسىلىپ ياتقانىكەن، شەيخ فاخەي قىسقۇچپاقىنىڭ قېپىغا كىرىۋالغانىكەن، ئەمدى بولسا، بۇ شەيخ ئۆزى يالغۇز سۇكۇتتە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، تاكى قىسقۇچپاقىنىڭ نەسلى قۇرۇمىغۇچە چىقالمايدىكەن. ئەگەر ئۇ ئۆزى مۇنار سالغاندا، مۇنارنىڭ ئاقىۋەت يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئويلىماپمىدىكىن؟!

خوپ بوپتۇ!

1924 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى





# بۇرۇت ھەققىدە[236]

بۇ يىل يازدا چاڭئەندە[237] بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ساياھەتتە بولغىنىمدىن كېيىن ئالدىراپلا قايتىپ كەلدىم. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان بىر دوستۇم: «ئۇ تەرەپلەر قانداقىراق ئىكەن؟» دەپ سورىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا چاڭئەننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە باشلىدىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن سۆۋادان تېرەكلەرنى، ناھايىتى چوڭ ئانار دەرەخلىرىنى كۆرگەنلىكىم، يول بويى كۆپ قېتىم خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكىم ئېسىمگە كەلدى. لېكىن، بۇلارنىڭ تىلغا ئالغۇدەك نېمىسى بار دەيسىز! شۇنىڭ ئۈچۈن: «ھېچقانداق ئەمەس ئىكەن» دەپلا جاۋاب بەردىم. ھېلىقى دوستۇم ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ قالدى. مەنمۇ «ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەردىن سوراۋېرىشنى ئار كۆرمەيدىغان» دوستلىرىم ئالدىدا خىجىل بولۇپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم.

بۈگۈن چاي ئىچىپ بولۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقىنىمدا، كىتاب ئۈستىگە بىر تامچە سۇ تېمىپ چۈشتى. شۇندىلا بۇرۇتۇمنىڭ يەنە ئۆسكەنلىكىنى بىلدىم. ئەگەر «كاڭشى لۇغىتى»نى ئاختۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئۈستۈنكى كالپۇك، ئاستىنقى كالپۇك، زاڭاق ۋە ئېڭەكلەرگە چىققان ساقال ـ بۇرۇتلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدە نامى بولسا كېرەك. لېكىن، مېنىڭ شۇ لۇغەتكە قاراپ باققۇدەك ھەپسىلەم بولمىدى. بۇرۇتۇم يەنىلا ئۆسكەنىكەن، ئىچكەن نەرسىلەرنىڭ چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئادىتىم بويىچە بۇرۇتۇمنى قىرقىپ تاشلىماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئەينەك، قايچىنى تېپىپ كېلىپ قىرقىشقا باشلىدىم. مەقسىتىم، ئۇنى ئۈستۈنكى

كالپۇكنىڭ لېۋى بىلەن تەڭ قىلىپ تەكشى قىلىش ئىدى.
بۇرۇتۇمنى قىرقىۋېتىپ، چاڭئەن شەھىرى، ياشلىق چاغلىد-
رىم بىردىنلا كۆز ئالدىمغا كېلىپ پىغانىم تۇتتى. چاڭئەندىكى
ئىشلار ئاللىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگەنىكەن. ئېھتىمال كۇڭزى
ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا بولسا كېرەك، بىر
ھۇجرىدا بىرمۇنچە باسما رەسىملەر، لي ئېرچۇنىڭ[238] رەسىمىدىن
تارتىپ تارىختىكى خان ـ پادىشالارنىڭ رەسىملىرىگىچە ئېسىلغا-
نىكەن. شۇلارنىڭ بىرى پادىشاھ سۇڭ تەيزۇڭنىڭمۇ ياكى قايسىدۇر
بىر تەيزۇڭنىڭمۇ رەسىمى ئىكەن، تازا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقى-
لىپ، ئۇزۇن تون كىيگەن، لېكىن بۇرۇتى يۇقىرىغا قايرىلغان
بىرىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈۋاتاتتىم. شۇندا مەشھۇر بىر زات كەس-
كىن قىلىپ: «بۇنى ياپونلار ئەتەي ياساپ قويغان، قاراڭ، بۇ
بۇرۇت ياپونچە تۇرمامدۇ» دېگەنىدى.
دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بۇرۇتى شۇنچىلىك يۇقىرىغا قايرىلغانىد-
كى، ئۇلارنىڭ پادىشاھ سۇڭ تەيزۇڭنىڭمۇ ياكى قايسىبىر پادىشاھ-
نىڭ رەسىمىنى شۇنداق ياساپ قويغان بولۇشى ناتايىن، لېكىن ئۆز
بۇرۇتىنىڭ ياڭزىسىدا جۇڭگو خان پادىشاھلىرىنىڭ رەسىمىنى يا-
ساپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋاستىلىرى ۋە قىلغان ئەجىرلىرى
تولىمۇ كارامەت بولۇپ، «كىشى ئويلىمىغان يەردىن چىققان».
چىڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنلۇڭ يىللىرىدا خۇاڭيى دېگەن كىشى خەن
سۇلالىسىدىن قالغان ۋۇلياڭ مازىرىدىن تاشقا ئويۇلغان رەسىملەر-
نى قېزىپ چىقارغان، شۇ رەسىملەردە ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ
بۇرۇتى يۇقىرىغا قايرىلغان؛ ھازىر بىزگە ئۇچراپ تۇرىدىغان،
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان بۇددا رەسىم-
لىرىدىكى بۇددا ئىخلاسمەنلىرىنىڭ رەسىملىرىگە قارايدىغان بول-
ساق، ئۇلارنىڭمۇ تولىسىنىڭ بۇرۇتى يۇقىرىغا قايرىلغان، يۇەن،
مىڭ سۇلالىلىرىدە سىزىلغان رەسىملەردە بولسا، يەرنىڭ تارتىش





كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ بۇرۇتى پەسكە ساڭ-
گىلاپ چۈشكەن. دېمەك، ياپونلار نېمە ئۈچۈن ئاۋارىچىلىكتىن
قاچماي، خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان شۇنچە كۆپ
ياسما يادنامىلەرنى ئىشلەپ، جۇڭگونىڭ سەندۇڭ، خېبېي، شەن-
شى، سەنشى، گەنسۇ، سىچۇەن قاتارلىق جايلاردىكى تاغ ـ جىلغا
ئىچىدىكى خارابىلىكلەرگە كۆمۈپ قويىدىكەنتاڭ؟
مېنىڭچە، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بۇرۇت موڭغۇلچە
بولۇپ، موڭغۇللاردىن كىرگەن بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، بىز-
نىڭ مەشھۇر زاتلىرىمىز ئۇنى تەۋەررۇك قىلىشىۋاپتۇ. ياپونىيىدە
ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ياپونلارغا ئۆچ بولغاچقا، ئۇلۇغ موڭ-
غۇل سۇلالىسىگە زوقلىنىپ، «ئەگەر ئاشۇ چاغدا بەختى ئوڭ
كەلمىگەن بولسا، بۇ ئارال دۆلىتىنى ئاللىقاچان يوق قىلىۋەتكەن
بولاتتۇق!»[239] دېيىشكەن. دېمەك، بۇ گەپچە، ساڭگىلاپ تۇرغان
بۇرۇتنى مىللىي تەۋەررۇكىمىز دەۋالسىمۇ بولارمىش. بىراق، بىز
خۇاڭدىنىڭ پۇشتىمىز دېگىنى نېمىسى؟ تەيۋەنلىكلەرنىڭ فۇجيەندە
جۇڭگولۇقلارنى ئۇرغانلىقى[240] قۇللۇق مىجەزىنىڭ ئىپادىسى دې-
گىنى نېمىسى؟
ئەينى ۋاقىتتا مۇنازىرىلەشمەكچى بولغان بولساممۇ، لېكىن
دەرھال يالتايدىم. گېرمانىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر ×
جاناب — ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ھازىرچە × دەپ
ئاتاپ تۇردۇم — مېنى جۇڭگونى ھاقارەتلىگەنلىكى ياپون خوتۇنى
بار بولغانلىقتىن بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياپونلارنىڭ كەتمىنىنى
چېپىپ، جۇڭگونىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايدى دېگەن ئەمەسمىدى؟
مەن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ پەقەت بىرقانچە يېتەرسىزلىكىنىلا مىسال-
غا ئالغانىدىم. بۇنىڭ كاساپىتى بىلەن «خوتۇنۇم» نىڭ دۆلەت تەۋە-
لىكىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتى، ئەمدى بۇنىڭ ھازىر ياپونىيىگە چېتىش-
لىق مەسىلە بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈڭ! خەيرىيەت، پادىشاھ سۇڭ

تەيزۇڭنىڭ ياكى باشقا بىر پادىشاھنىڭ بۇرۇتى توغرىسىدا بوھتان
پەيدا بولسا، بۇنىڭ بىلەن توپان بالاسى پەيدا بولماس، يەر تەۋرەپ
كەتمەس، كارايىتى چاغلىق. شۇڭلاشقىمۇ مەن پەقەت بېشىمنى
لىڭشىتىپ: «ھىم، ھىم، شۇنداق» دېدىم. چۈنكى، بۇرۇنقىغا
قارىغاندا خېلىلا قۇۋلىشىپ ياخشى بولۇپ قالغانىدىم.

مەن بۇرۇتۇمنىڭ سول ئۇچىنى قىرقىپ بولۇپ ئويلاپ قال-
دىم: شەنشىلىكلەر بەكمۇ ئاۋارە بولۇپ، پۇل خەجلەپ تاماق ھا-
زىرلاپ، مېنى پويىز، كېمە، هارۋا ۋە ماشىنا بىلەن چاقىرغانىكە
نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىشتا مېنىڭ ئۆزۈمگە
ھېچقانداق بالاسى يۇقمايدىغان كىچىك ئىشلاردىمۇ زۇۋان سۈرمەي،
پەقەت «ھىم، ھىم، شۇنداق» دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلى-
قىمنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار ئالدانغان.

مەن يەنە ئەينەككە قاراپ، ئېغىزىمنىڭ ئوڭ بۇرجىكىنى توغ-
رىلاپ، بۇرۇتۇمنىڭ ئۇچىنى قىرقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ياش-
لىق چاغلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن
16 — 17 يىل ئىلگىرىكى كونا گەپ.

ياپونىيىدىن يۇرتۇمغا قايتىش سەپىرىمدە كېمىدە كېمىچى
بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا مەن پادىشاھ سۇڭ تەيزۇڭ-
نىڭكىگە ياكى باشقا بىر پادىشاھنىڭكىگە ئوخشاش شاپ بۇرۇت
قويۇۋالغانىدىم.

— ئەپەندىم، جۇڭگوچە گەپنى بەكمۇ كېلىشتۈرۈپ سۆزلەيدى-
كەنلىغۇ؟ — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

— مەن جۇڭگولۇق تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلەن بىر
يۇرتلۇق تۇرسام، قانداقمۇ…

— ھا ـ ھا ـ ھا! ئەپەندىم، چاقچاق گەپكىمۇ ئۇستىكەنلا.

ئويلىسام، شۇ چاغدىكى ھەيرانلىقىم ھەتتا × ئەپەندىنىڭ
خېتىنى كۆرگەن چاغدىكى ھەيرانلىقىمدىنمۇ 10 ھەسسە ئارتۇق





بولدى. چۈنكى، شۇ چاغدا نەسەبنامەم يېنىمدا بولمىغاچقا، ئۆزۈمە-
نىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتىم. يېنىمدا
بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدا پەقەت ئىسمىملا يېزىلغان بولۇپ، رە-
سىمىم يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ئىسمىنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلى-
كىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتىم. رەسىم بولغان تەقدىردىمۇ، خەن
سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان تاش ئويمىلارنى، پادىشاھ
سۇڭ تەيزۇڭنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ رەسىمىنى ياساپ چىقالىغان ياپون-
لار ئەجەبا، ياغاچ ئويما بىلەن بىرەر نەسەبنامىنى ياساپ
چىقالماسمۇ؟

راست گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋالغانلارغا، چاقچاقنى راست
گەپكە ئايلاندۇرۋالغانلارغا، چاقچاقنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋالغان-
لارغا جاۋاب بېرىشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار: گەپ قىلماسلىق
كېرەك.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گەپ قىلماس بولۇۋالدىم.

ناۋادا ماڭا شۇ تۇرقىدا سۆزلەشكە توغرا كەلسە، ھازىرمۇ:
«ھىم، ھىم… بۈگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ؟… ئاۋۇ
كەنتنىڭ ئىسمى نېمىدۇر؟…» دېيىشىم مۇمكىن. چۈنكى، مەن
بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا قۇۋلىشىپ ياخشى بولۇپ قالدىم.

ھازىر ئويلىسام، كېمىچىنىڭ مېنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىمنى
ئۆزگەرتىشى ئېھتىمال × جانابىنىڭ دانا قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش
بولمىسا كېرەك، بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت بۇرۇتتا. چۈنكى مەن
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇرۇتنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلدىم.

دۆلەت مۇنقەرز بولۇپ كەتسىمۇ، مىللىي تەۋەررۇكچىلەر تۇ-
گەپ كەتمەيدۇ، مىللىي تەۋەررۇكچىلەر تۈگەپ كەتمىگەنىكەن، ئۇ
ھالدا دۆلەت مۇنقەرز بولغان ھېسابلانمايدۇ. مىللىي تەۋەررۇكچى-
لەر مىللىي تەۋەررۇكلەرنى ئاسرىغۇچىلاردۇر، مىللىي تەۋەررۇك
مېنىڭ يۇرتۇمدۇر. مېنىڭ بۇ سۆزۈمدە بىرەر مەنتىقە بولمىسىمۇ،

لېكىن شۇ چاغدىكى ھەقىقىي ئەھۋال راستىنلا شۇنداق ئىدى.
— ئۆزىڭىزنى قانداق قىلىپ ياپونلارغا ئوخشىتىۋالغان
بولىغىيدىڭىز، بويىڭىزنىڭ پاكارلىقىمۇ، بۇرۇتىڭىزمۇ
ئوخشايدىكەن…— بىر مىللىي تەۋەررۇكچى ھەم ۋەتەنپەرۋەر يۈك-
سەك مۇلاھىزىسىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق خۇلا-
سىگە كەلگەنىدى.

ئەپسۇسكى، شۇ چاغلاردا مەن تېخى دۇنيادىن بىخەۋەر بالا
بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ مۇنازىرىلەشتىم. بىرىنچىدىن،
مېنىڭ بويۇم ئەسلىدىنلا شۇنچىلىك ئىدى. ھەرگىزمۇ ساختىلىق
قىلىش ئۈچۈن قانداقتۇر ئەجنەبىيلەرنىڭ ماشىنىسى بىلەن
پرېسلاپ ئەتەي كىچىكلىتىۋەتكەن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ
بۇرۇتۇم دەرۋەقە، نۇرغۇن ياپونلارنىڭ بۇرۇتى بىلەن ئوخشاش.
ئۇلارنىڭ بۇرۇتلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىش تارىخىنى
تەتقىق قىلمىغان بولسامـمۇ، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ رەسىمىدىن
قارىسام، بۇرۇتنىڭ ئۈچى يۇقىرىغا ئەمەس، ئىككى يانغا، پەسكە
قاراپ تۇرىدىكەن، بىزنىڭ مىللىي تەۋەررۇكلىرىمىزگە ئوخشى-
شىپراق كېتىدىكەن. ئۇلار يېقىنقى كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كې-
يىن بۇرۇتنىڭ ئۈچىنى يۇقىرىغا دىڭگايتىۋېلىشقانىكەن، بەلكىم
گېرمانلاردىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك. پادىشاھ ۋىلھېلمنىڭ بۇ-
رۇتىنىڭ ئۈچى يۇقىرىغا قايرىلىپ قاڭشىرى بىلەن باراۋەر ھالەتتە
تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولىغىيدىڭىز؟ ئۇ كېيىنكى چاغلاردا تاماكا
چېكىپ بۇرۇتنىڭ بىر ئۈچىنى كۆيدۈرۈۋېلىپ ئامالسىزلىقتىن
ئىككى تەرىپىنى تەكشىلىۋالغانىكەن. لېكىن، ياپونىيىدە مىڭجى
دەۋرىدىكى يېقىنقى كۆچۈش ھەرىكىتى[241] ۋاقتىدا ئۇنىڭ بۇرۇ-
تىنىڭ شۇ تەرىپى تېخى كۆيمىگەنىكەن…

ئۆزۈمنى ئىككى مىنۇتچە ئاقلىدىم، لېكىن مىللىي تەۋەررۇك-
چىلەرنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرالمىدىم، چۈنكى، گېرمانلارمۇ ئەجنە-





بىي ئالۋاستىلار - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇغۇممۇ كىچىك ئىدى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە مىللىي تەۋەررۇكچىلەر شۇنچە كۆپ. ئۇلارنىڭ
پىكىرلىرىدە قىلچە ئىختىلاپ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەر-
قانچە ئاقلىغىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر ئۈنۈمى بولمايتتى. ئۆزۈمنى بىر
قېتىم، ئىككى قېتىم، ھەتتا 10 قېتىم ئاقلاپ زېرىكتىم. خەير،
جۇڭگودا ساقال - بۇرۇتنى پەردازلايدىغان ماينى تېپىشمۇ قىيىن
بولغاچقا، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇرۇتۇمنى قويۇۋەتتىم.

بولۇشىغا قويۇۋەتكىنىمدىن كېيىن بۇرۇتۇمنىڭ ئىككى ئۈچى
يەرگە قاراپ 90 گرادۇسلۇق تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلدى. مىللىي
تەۋەررۇكچىلەر شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشمىدى.
ئېھتىمال جۇڭگو نىجات تاپقان بولسا كېرەك.

لېكىن، ئىسلاھاتچىلارنىڭ نارازىلىقى قوزغالدى. بۇمۇ ھەق-
لىق. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇتۇمنى ئايرىپ تاراشقا كىرىشتىم. بىر
قېتىم، ئىككى قېتىم، ھەتتا كۆپ قېتىملاپ شۇنداق قىلدىم.
شۇنىڭ بىلەن بۇنداق قىلىشتىن ئۆزۈممۇ زېرىكتىم.

ئېھتىمال بۇنىڭدىن تۆت - بەش يىل ياكى يەتتە - سەككىز
يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئۆيۈمدە بۇرۇتۇمنىڭ بەختسىز
سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە ھەسرەت چېكىپ، ئۇنىڭ خورلۇق كەل-
تۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىپ يالغۇز ئولتۇراتتىم.
بىردىنلا ئەقلىمگە كېلىپ، شۇ بالا - قازالارنىڭ ھەممىسى بۇرۇت-
لىرىمنىڭ ئۈچىدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن ئەي-
نەكنى، قايچىنى قولۇمغا ئېلىپ ھەم دىڭگايمايدىغان، ھەم ساڭگى-
لاپ تۇرمايدىغان قىلىپ تەكشىلەپ قىرقىدىم.

— ھە، بۇرۇتىڭىزنى بۇنداق قىلىۋاپسىزغۇ؟ — دېدى بەزىلەر
دەسلەپكى كۈنلەردە.

— ھە، شۇنداق قىلىۋالدىم.

ئۇلار گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇلار مېنىڭ بۇرۇتۇمنىڭ

ئىككى ئۇچىنى تاپالمىغانلىقى ئۇچۇن نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە
بولالمىدىمۇ ياكى بولمىسا بۇرۇتۇم «شۇنداق» هالغا كەلگەندىن
كېيىن جۇڭگونىڭ هايات ـ ماماتلىقىغا جاۋابكار بولۇشتىن خالىي
بولۇپ قالدىمۇ، بۇنىسىنى بىلەلمىدىم. قىسقىسى، شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن هازىرغىچە هېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان يۈرۈپتى-
مەن. هازىرقى ئاۋارىچىلىك بۇرۇتۇمنى پات ـ پات قىرقىپ تۇ-
رۇشتىن ئىبارەت، خالاس.

1924 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى





# رەسىم تارتىشقا دائىر[242]

## بىرىنچى، ماتېرىيال

بالا ۋاقىتلىرىمدا S شەهىرىدە[243] ئىدىم. بالا ۋاقىتلىرىم
دېگىنىم، بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلار؛ لېكىن تېز ئىلگى-
رى باسقان جانابلارنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى
ۋاقىتلار؛ S شەهىرى دېگىنىمگە كەلسەم، ئۇ شەهەرنىڭ ئېنىق
ئىسمىنى ئېيتمايمەن، ئېيتماسلىقىمدىكى سەۋەبنىمۇ دېمەيمەن.
ئىشقىلىپ، S شەهىرىدە ئىدىم، شۇ يەردە ئەر ـ ئايال،
قېرى ـ چۈرىلەرنىڭ ئاغزىدىن پەرەڭلەرنىڭ كۆزنى ئويۇۋالىدىغان-
لىقى هەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلايتتىم، ئەسلىدە پەرەڭلەر-
نىڭ ئۆيىدە مالاي بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر ئايال مالاي بار ئىكەن-
مىش، ئۇ ئايال كېيىن ئىشلىمەي چىقىپ كېتىپتۇ، ئاڭلىشىمچە،
ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئۇ ئايال كوم-
زەككە تۇز بىلەن چىلانغان كۆزلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ
قاپتۇ، قاتمۇقات چىلانغان، قۇمۇچاقتا ئوخشايدىغان كۆزلەر كوم-
زەكتىن تېشىپ چىققىلى تاس قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەتەردىن
يىراقراق تۇرۇش نىيىتىدە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

S شەهىرىدە بىرخىل ئادەت بار، هاللىق ئادەملەر قىش كىرد-
شى بىلەنلا ئىدىشقا بىر يىلغا يەتكۈدەك بەسەي چىلىۋالىدۇ، ئۇلار-
نىڭ مۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى سىچۇەنلىكلەرنىڭ زاسەي چىلىغى-
نىغا ئوخشاش ئىشمۇ، ئۇنى ئۇقمايمەن، ئەمما پەرەڭلەر بولسا،
كۆزنى باشقا بىر نىيەت بىلەن چىلايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزنى چە-

لاش ئۇسۇلى S شەھىرىدىكىلەرنىڭ بەسەي چىلاش ئۇسۇلىدىن كەلگەنىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇڭگولۇقلار ئۆزگىلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىغا باي ئىكەن، پەرەڭلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمۇ ئەنە شۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولسا كېرەك. قۇمۇچاققا ئوخشايدىغان نەرسە نېمە؟ بۇ S شەھىرى ئادەملىرىنىڭ كۆزى. S شەھىرىدىكى بۇتخانىلاردا كۆز ئانىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بۇت بار. كۆزى ئاغرىغانلار ئەنە شۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ؛ شىپا تاپسا، ئۇنىڭ خەير - ساخاۋىتىگە جاۋابەن يىپ ياكى يىپەك رەختتىن بىر جۈپ كۆز ياساپ، بۇت تەكچىسىگە ياكى ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىپ قويۇشىدۇ. شۇڭا، ئېسىلغان كۆزلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپلا شۇ بۇتنىڭ قانچىلىك ھېكمىتى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئېسىلغان كۆزلەرگە قارىسىڭىز، ھەممىسىنىڭ ئىككى بېشى ئۈچلۈق، خۇددى قۇمۇچاققا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەرەڭلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سۈرەتلىرىدىكىدەك يۇمىلاق شەكىللىك كۆزلەردىن زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. خۇاڭدى بىلەن چىبۇ[244]نىڭ ئەھۋالىنى قويۇپ تۇرايلى؛ ۋاڭ ماڭ دېگەن پادىشاھ زەيىپى پىرقىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشتە[245] ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى پارچىلاپ، تېۋىپلارغا تەكشۈرتكەنىكەن، ئەمما شۇ ۋاقىتتا رەسىمىنى سىزغان ياكى سىزمىغانلىقىنى بىلىش تەس، سىزغان بولسىمۇ، ھازىر يوقىلىپ كەتكەن. دېمەك، «قەدىمىي زاماندا شۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن»، خالاس. سۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان «ئادەم مۇچىلىرى تەپسىرى»[246] دېگەن كىتابقا كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسىلەر يېزىلغانمىش، «خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتىمۇ شۇ ھەقتىكى بايانلار بار ئىكەن، قارىسام، تولىسى يالغان گەپلەر ئىكەن. دېمەك، كۆز بىلەن كۆرگەن دەپ يازغانلىرى شۇنداق يالغان تۇرسا، S شەھىرىدىكىلەرنىڭ كۆزنى قۇمچاققا ئوخشاتقانلىقى ئانچە





ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك.

خوش، پەرەڭلەر ئىدىشقا چىلانغان كۆزنى چىلىغان بەسەي ئورنىدا يەمدۇ؟ ياق، يېمەيدىكەن، ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق يەرگە ئىشلىتىدىكەن. بىرىنچىدىن، توك سىمىغا ئىشلىتىدىكەن. بۇ گەپنى باشقا بىر سەھرالىقتىن ئاڭلىغانىدىم. بىراق، ئۇ قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى دېمىگەنىدى، ئىشقىلىپ، توك سىمىغا ئىشلىتىدىكەن؛ ئەمما، توك سىمىنىڭ نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن؛ پەرەڭ ئەسكەرلەر بېسىپ كەلگەندە، جۇڭگولۇقلارنى قېچىشتىن توسۇش ئۈچۈن ھەر يىلى تۆمۈر سىمنى كۆپەيتەرمىش. ئىككىنچىدىن، رەسىم تارتىشتا ئىشلىتىدىكەن. بۇنىڭ داۋلىسى ناھايىتى ئاددىي، شۇڭا كۆپ توختالمىساممۇ بولار، چۈنكى بىز باشقىلار بىلەن روبىرو تۇرۇپ قالساق، ئۇلارنىڭ كۆز قارىچۇقىغا رەسىمىمىز چۈشۈپ قالىدۇ.

پەرەڭلەرنىڭ ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىشتىكى مەقسىتىمۇ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىش ئىكەن. مەن بىر دۇئاگويى مومايدىن بۇرۇن سەۋەبلىرىنى ئاڭلىغانىدىم: ئۇلار يۈرەك بىلەن باغرىنى سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ مېيىنى ئالىدىكەن، مېيىدا چىراغ يېقىپ يەرنىڭ تېگىگە تۇتىدىكەن، ئادەم مال - دۇنياغا تويماس كېلىدۇ، شۇڭا چىراغ نۇرىنى بىباھا نەرسىلەر كۆمۈلگەن جايلارغا تۇتقاندا، نۇر ئېگىلىپ بەلگە بېرىدىكەن. ئۇلار شۇئان شۇ يەرنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ، بىباھا نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدىكەن، شۇڭا پەرەڭلەرنىڭ پۇلى جىق بولىدىكەن.

تەرىقەتچى ئەپەندىلەرنىڭ «كۆللى شەيئى مىنىڭ قولۇمدا» دېگەن بىرنېمىسىنى پۈتۈن مەملىكەت تۇرماق، ئەقەللىيسى S شەھىرىدىكى «ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان» كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئادەم «مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ زىرىكى» ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ ھەيزى، ئىسپېرمىسى

ئادەم ئۆمرىنى ئۇزارتىدىكەن؛ چاچ، تىرناقلىرى قاننى تولۇقلايدىكەن؛ چوڭ - كىچىك تەرەتلىرى نۇرغۇن كېسەللەرگە داۋا بولىدىكەن؛ بۇلجۇڭ گۆشلىرى بىلەن ئاتا - ئانىنى ساقايتقىلى بولىدىكەن. بىراق، بۇ گەپلەرنىڭ بۇ ماقالەم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغاچقا ھازىرچە سۆزلىمەي تۇراي. ئۇنىڭ ئۈستىگە S شەھىرىدىكى كىشىلەر يۇز - خاتىر يۇزىسىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا يول قويمايدۇ، ئېغىزدىن چىقىرىپ سالسا، سۇيىقەست بىلەن ئەدەپلەيدۇ.

## ئىككىنچى، شەكىل

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەك، رەسىمگە تارتىش سېھىرگەرلىكتەك بىر ئىش. شيەنفېڭ يىللىرى قايسىبىر ئۆلكىدە بىراۋنىڭ رەسىمگە تارتالايدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆيۋاقى سەھرالىقلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئىشمۇ بولۇپ ئۆتكەن. ئەمما، مېنىڭ بالا ۋاقىتلىرىمدىلا، يەنى بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن — S شەھىرىدە رەسىمخانا بار ئىدى. كۆپچىلىكمۇ ئۇنچىۋالا ئەنسىرىشىپ كەتمەيتتى. گەرچە «يىخېتۇەن بوكسچىلىرى» كۆتۈرۈلۈپ چىققان ۋاقىتلاردىمۇ، يەنى بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن قايسىدۇر بىر ئۆلكىدە كالا گۆشى كونسېرۋاسىنى پەرەڭ ئالۋاستىلار ئۆلتۈرگەن جۇڭگو باللىرىنىڭ گۆشى ئىكەن، دەپ قارىغانلارمۇ بولغانىكەن. بۇمۇ غەلىتە بىر ئىش. دۇنيادىكى كۇرمىڭ - كۇرمىڭ ئىشلار ئىچىدە شۇنداق غەلىتە ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، S شەھىرىدە بۇرۇنلا رەسىمخانا بار ئىدى، ئۇ يەر مەن ھەر قېتىم ئالدىدىن ئۆتكەندە ھەمىشە تاماشا قىلىپ ئۆتىدىغان يەر ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر يىلدا كۆپ بولغان تۆت - بەش قېتىملا ئۆتەتتىم، چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن - قىسقا، رەڭگىمۇ ئوخشاشمايدىغان شىشىلەر، پارقىراق





ھەم تىكەنلىك گۈللەر مېنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينەكلىك رامكىلارغا ئېلىپ ئېسىۋېتىلگەن سۈرەتلەرمۇ، زېڭ غوجام، لى بېگىم، زو ھەزرەت، باۋ سەردار[247] لارنىڭ رەسىملىرىمۇ بار ئىدى. جەمەتىمىز ئىچىدىكى ياخشى نىيەتلىك ئاقساقاللار ماڭا: رەسىملەردىكى كىشىلەر ھازىر كاتتا ئەمەلدار؛ «ئۇزۇن چاچلىق» لارنى بېسىقتۇرغان ئەزىمەتلەر؛ سەن ئۇلاردىن ئوبدان ئۆگەنگىن، دەپ تەربىيە بېرىشەتتى، مەنمۇ شۇ ۋاقىتتا ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى خالايتتىم، لېكىن «ئۇزۇن چاچلىق» لارنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە يەنە باش كۆتۈرۈشىنىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

بىراق S شەھىرىدىكى كىشىلەر مېنىڭ نەزىرىمدە، رەسىمگە چۈشۈشنى ئانچىلا ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، رەسىمگە چۈشكەندە روھىنى تارتىپ كېتەرمىش؛ شۇڭا تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن چاغلاردا رەسىمگە چۈشۈشنى زادىلا خالىمايتتى. شۇ ۋاقىتلاردا مەن روھنىڭ «نۇر» دېگەن يەنە بىر ئىسمى بارلىقىنىلا بىلەتتىم. يېقىندىن بۇيان ئاڭلىسام، ماغدۇرى كېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ زادىلا يۇيۇنمايدىغان زاتلارمۇ بار ئىكەن، ماغدۇر دېگىنى ھېلىقىدەك نۇر بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم، ئۇنداق بولغاندا، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم تېخىمۇ كۆپ بولۇپ چىقىدۇ: جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىنى، يەنى نۇرىنى ۋە يەنى ماغدۇرىغا تارتىپ كېتىشكە، يۇيۇۋېتىشكە بولىدىكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۆز ۋاقتىدا رەسىمگە چۈشىدىغان ئادەم كۆپ بولىسىمۇ ھەقىقەتەن بار ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، بىتەلەيلەرمۇ ياكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىمۇ، ئۇنىسىنى بىلمەيتتىم. ئۇلار پەقەتلا بەلدىن توغراپ تاشلىنىدىغاندەك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، رەسىمگە يېرىم چۈشۈشتىن ھەزەر قىلاتتى. دۇرۇس، بەلدىن توغراش جازاسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، بىز چاڭچىلە ئەسەرلىرد-

ده باۋ بوۋاينىڭ باۋ مېيەننى جادۇ بىلەن ئىككى توغرام قىلىۋەتكەنلىكىنى[248] كۆرىمىز، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە! ھەرقانچە مىللىي تەۋەررۇك بولغىنى بىلەنمۇ، كىشى ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشتىن چۆچۈپ، راستتىنلا رەسىمگە چۈشۈشنى لايىق كۆرمەي قالىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار رەسىمگە چۈشسە ھەمىشە پۈتۈن چۈشىدىكەن. ئالدىغا ئۈزۈن چاي ئۈستىلى قويىدىكەن؛ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە شىلەپىسىنى، چاي چىنىلىرىنى، چىلىملىرىنى، گۈل قاچىلىرىنى تىزىپ قويىدىكەن؛ رەسىمگە چۈشكۈچىنىڭ نەپەس يولىدا يىغىلىپ قالغان خەپرۇكلىرىنى توختىماي تۈكۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈستەل ئاستىغا تۈكۈرۈك قاچىسىنى قويۇپ قويىدىكەن؛ رەسىمگە چۈشكۈچى بولسا يا ئۆرە تۇرىدىكەن، ياكى ئولتۇرىدىكەن، ياكى قولىغا بىر كىتاب تۇتۇۋالىدىكەن، ياكى كۆكسىگە چوڭ بىر يانچۇق سائەت ئېسىۋالىدىكەن، ناۋادا بىر چوڭايتقۇچى ئەسۋاب بىلەن چوڭايتىپ كۆرىدىغان بولساق، شۇ تۇرقىدا شۇ كىشىنىڭ رەسىمگە چۈشكەن ۋاقىت ـ سائىتىنى بىلىۋالالايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ۋاقىتلاردا ماگنىي نۇرىدىن پايدىلىنىشنى تېخى بىلمىگەچكە، كېچىسى تارتقانمىكىن، دەپ گۇمان قىلىشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق.

ئەمما، مەشھۇر زاتلار بىلەن نوچىلار قايسىبىر دەۋردە بولمىغان دەيسىز؟ ئېسىل ئادەملەر بۇنداق بىر قېلىپقا چۈشۈۋېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا نارازى بولۇپ يۈرگەن، شۇڭا جىن دەۋرىدىكىلەر سىياقىدا[249] يالىڭاچ بولۇۋالىدىغانلارمۇ، × كە ئوخشاش كاستۇم كىيىپ، گالستۇك تاقايدىغانلارمۇ بار، لېكىن بۇلار كۆپ ئەمەس. بىرقەدەر ئومۇملاشقىنى: ئالدى بىلەن ئۆزى ئوخشىمىغان پاسوندا كىيىنىپ، ئىككى پارچە رەسىمگە چۈشىدۇ، ئاندىن بۇ ئىككى رەسىمنى ساھىبخانا بىلەن مېھمانغا، گاھىدا باي بىلەن مالايغا ئوخشاش بىرلەشتۈرۈپ تارتتۇرىدۇ. بۇنى «ئىككىلىسى





مەن» دەيدۇ. ناۋادا ئۆزى بىر تۇرقىدا تەكەببۇرانە ئولتۇرۇپ، يەنە بىر تۇرقىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئۆزىنىڭ ئالدىدا پەسكەش ۋە بىچارە ھالدا پۈكۈلۈپ تۇرسا بۇنداق رەسىمنىڭ ئىسمىنى «ئۆزۈمگە يالۋۇرۇش» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق رەسىملەر تەييار بولۇپ چىققاندىن كېيىن، «خانامغا شېرىن ھىد بېغىشلىسۇن، بېلىق ئاتا قىلسۇن» دېگەندەك بېغىشلىما يېزىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆز مېھمانخانىسىغا ئېسىپ قويۇشىدۇ. دۆلەتمەنلەر ۋە بايلار بولسا ھېلىقىدەك مومىدەك ئولتۇرۇپ چۈشىدىغانلار تېپىدىن بولغاچقا، ئۇنداق كارامەت نۇسخىلارنى يادىغا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئۇلار ئالاھىدە نۇسخىلارنى تاپقان تەقدىردىمۇ پەقەت ئۆزى ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا يۇزلەپ ئوغۇللىرىنى، مىڭلاپ نەۋرىلىرىنى، ئونمىڭلاپ چەۋرىلىرىنى (ئاخىرىنى دېمەي) تىزىپ، «بەختلىك ئائىلە» ناملىق رەسىمگە چۈشۈش بىلەنلا ئىشنى تۈگىتىدۇ.

Th. Lipps[250] ئۆزىنىڭ «ئەخلاقشۇناسلىقنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق مەزمۇندىكى بىر گەپنى قىلغان: خوجايىن بولغان ئادەملەرمۇ ئاسانلا قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن، خوجايىن بولۇشنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇل بولۇشنىمۇ ئىقرار قىلماي تۇرالمايدۇ، شۇڭا دۆلەتنى قولىدىن كەتكەن ھامان يېڭى خوجايىن ئالدىدا ئۆلەر ـ تىرىلدىشىگە باقماي پايپېتەك بولىدۇ. ئۇ كىتاب ئۆزۈمدە بولمىغاچقا، يۇزەكى مەزمۇنلار ئېسىمدە قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى جۇڭگودا تەرجىمىسى چىقىپ قاپتۇ، بۇ تەرجىمە ئۇيەردىن ـ بۇيەردىن ئۈزۈپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ گەپلەر باردۇر دەپ ئويلايمەن، بۇ نەزەرىيىگە سۇن خاۋ[251] ناھايىتى ياخشى دەلىل بولالايدۇ. ئۇ ۋۇ دۆلىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چېغىدا شۇنچە تەكەببۇر، شۇنچە رەھىمسىز زالىم پادىشاھ بولغانىكەن، لېكىن جىن دۆلىتىگە تەسلىم بولۇش بىلەنلا شۇنچە پەسكەش، شۇنچە نومۇسسىز

قۇلغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. جۇڭگودا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى دېگەن گەپ ئەنە شۇ. بۇ ماقال ھېلىقى رەڭۋازلىقنى ئوبدان ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، شۇنداقتىمۇ «ئۆزۈمگە يالۋۇرۇش» دېگەن رەسىمدىكىدەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتمىگەن. ناۋادا جۇڭگودا كەلگۈسى بىر كۈنلەردە «رەسىملىك ئەخلاقشۇناسلىقنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى» دېگەن كىتاب بېسىلىپ قالسا، مۇشۇ پاسوندىكى ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ياخشى قىستۇرما رەسىم بولالايدۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ھەجۋىي رەسساممۇ ئۇنداق رەسىمنى سىزىشنى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كەلتۈرمەس ھەم سىزىپمۇ چىقالماس.

ئەمما، بىزنىڭ ھازىر كۆرۈپ يۈرگەن رەسىملىرىمىز ئىچىدە پەسكەشلىك ۋە بىچارىلىك بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغانلارنىڭ رەسىملىرى ئۇچرىمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر پەقەتلا بىرەر يىغىننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن توپ چۈشكەن رەسىملەر ياكى قايسىدۇر بىرەر شەخس تەرىپىدىن چوڭايتىلغان يېرىم گەۋدىلىك رەسىملەر بولۇپ، ھەممىسىلا ناھايىتى سالاپەتلىك چۈشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇشۇنداق رەسىملەرنى يېرىم گەۋدىلىك چۈشكەن «ئۆزۈمگە يالۋۇرۇش» رەسىملىرى تەرىقىسىدە كۆرۈش پېقىرنىڭ دائىملىق ئورۇنسىز غېمى بولۇپ قېلىۋەرسۇن.

## ئۈچىنچى، سەرلەۋھىسىز

رەسىمخانىلار بىر ياكى بىرنەچچە بايۋەچچىنىڭ رەسىملىرىنى چوڭايتىپ، ئۇنى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇشىدۇ. بۇنداق ئىش بېيجىڭدىلا بار ئىدى، يېقىندىن بۇيان باشقا يەرلەردىمۇ ئومۇملاشقاندەك تۇرىدۇ، مەن S شەھىرىدە كۆرگەن زېلىڭ غوجاملارنىڭ رەسىملىرى پەقەتلا ئالتە سۇڭ ياكى سەككىز سۇڭ چوڭلۇقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېيجىڭدىكىگە ئوخشاش خالىغان ۋاقىتتا،





ھەر يىلى يەڭگۈشلىنىپ تۇرمايتتى، قاچانلا قارىسا زېلىڭ غوجاملارنىڭكىلا رەسىملىرى ئېسىقلىق تۇراتتى.

ئىنقىلابتىن كېيىن ئېلىنىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىسىنى ئېنىق ئۇقمايمەن.

بېيجىڭدا ئاز كەم 10 يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرىمىز بار. سۈرەتتىكى كىشى بايۋەچچىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ سۈرىتى سۆزسىز چوڭايتىلىدۇ؛ سۈرەتتىكى كىشى «تەختتىن چۈشكەن» ئىكەن، ئۇنىڭ سۈرىتى سۆزسىز ئېلىپ تاشلىنىدۇ، بۇ خىل يەڭگۈشلەش نېمىلا قىلغان بىلەن چاقماق سۈرئىتىدىن تېز، ناۋادا كۆپكۈندۈزنىڭ ئۆزىدە ياكى شام يورۇقىدا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ پۈتۈن بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ، ھېلىقىدەك بايۋەچچىلەرنىڭ گاھ چوڭايتىلىپ، گاھ كىچىكلىتىلىپ، گاھ ئېسىلىپ، گاھ ئېلىۋېتىلىپ تۇرغان رەسىملىرىدەك بىرەر پارچە رەسىمنى تاپماقچى بولساق، پېقىرنىڭ بىلىشىچە، مېي لەنفاڭ[252] جانابلىرىنىڭ رەسىمىدىن باشقىسىنى زادى تاپالمايمىز. ئەنە شۇ جانابنىڭ ماگۇ[253] ناملىق پەرىنىڭ سۈپىتىدە «پەرىلەرنىڭ گۈل چېچىشى»، «دەييۇنىڭ گۈلنى دەپنە قىلىشى» رولىنى ئورۇنداپ چۈشكەن سۈرەتلىرى ھېلىقىدەك گاھ كىچىكلىتىلىپ، گاھ چوڭايتىلىپ، گاھ ئېسىلىپ، گاھ ئېلىپ تاشلىنىپ يۈرگەن نەرسىلىرىدىن مىڭ مەرتەم ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەقىقەتەن مال تونۇيدىغان كۆزى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن يوغان قورساقلارنىڭ رەسىمىنى چوڭايتقانلىقى ئىلاجسىزلىقتىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

مەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىلا ئوقۇپ، «دەييۇنىڭ گۈلنى دەپنە قىلىشى» دېگەن رەسىمنى تېخى كۆرمىگەن ۋاقتىمدا، دەييۇنىڭ كۆزىنىڭ شۇنچە دۈڭ، كالپۇكىنىڭ شۇنچە قېلىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، ئۇنى ئورۇق،

كېسەل چىراي دەپلا يۇرۇپتىكەنمەن، ئۇنىڭمۇ ماگۇ ناملىق پەرىگە
ئوخشاش خۇش چىرايى بارلىقىنى مانا ئەمدىلا بىلدىم. لېكىن،
پەرىنىڭ تۇرقىنى دوراپ، پەرى سۇپىتىدە رەسىمگە چۈشكەنلەرنىڭ
يېڭى كىيىم كىيگەن بالىنىڭ قورۇنۇپ - قىسىنىپ تۇرغىنىغا
ئوخشاش بىچارە تەلەتلىك رەسىمگە قارايدىغان بولساق، مېي لەن-
فاڭ جانابلىرىنىڭ سۇرىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى-
نىمۇ، سۇرەتتىكى كۆزلىرىنى، كالپۇكلىرىنى شۇنداق تارتماي
ئامالى يوقلۇقىنىمۇ دەرھال چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۇمۇ جۇڭگو-
لۇقلاردا مال تونۇيدىغان كۆزنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
هىندىستان شائىرلىرىنىڭ پىرى تاگور ئەپەندى[254] جۇڭگو
تۇپرىقىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈنلەردە، گويا بىر قۇتا ياخشى
ئەتىردەك، بىرنەچچە ئەپەندىگە سىپايىلىك پۇرىقىنى چاچقانىدى،
لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا داخىل
بولۇشقا يالغۇز مېي لەنفاڭ جانابلىرىنىڭلا سالاھىيىتى توشۇپتۇ،
يەنى ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ ئىككى سەنئەتكارى قول تۇتۇشۇپتۇ. بۇ
پېشقەدەم شائىر ئۆز ئىسمىنى «چىنىستانلىق ھىندى» غا ئۆزگەر-
تىپ، ئۆزىگە مۇراتتىكىدەك ماكان قىلىۋالغان بۇ چىنىستاندىن
قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، چىنىستان شائىرلىرىنىڭ دانىشمەنلىرى
بېشىدىكى ھىندى بۆكلىرى كۆزگە چېلىقمايدىغان بولۇپ قال-
دى، گېزىت - ژۇرناللارمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى
كەمدىن - كەم باسىدىغان بولدى، بۇ مۇراتتىكىدەك ماكاننى —
چىنىستاننى بېزەپ تۇرغان نەرسە يەنىلا رەسىمخانىلارنىڭ ئەينەك
دېرىزىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان «پەرىنىڭ گۈل چېچىشى» ، «دەيىيۇ-
نىڭ گۈلنى دەپنە قىلىشى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس.
دېمەك، يالغۇز مۇشۇ «سەنئەتكار» نىڭ سەنئىتىلا جۇڭگودا
بىردىنبىر مەڭگۈلۈك سەنئەت ھېسابلىنىماقتا.
چەت ئەللىك مەشھۇر سەنئەتچىلەرنىڭ، گۈزەللەرنىڭ رەسىم-





لىرىدىن شەخسەن ئۆزۈمنىڭ كۆرگەنلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس،
بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ ئايالچە ياسىنىپ چۈشكەن رەسىملىرىنى كۆر-
مىدىم، باشقا ساھەدىكى مەشھۇر زاتلاردىن بىرنەچچىسىنىڭلا رەسى-
مىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلاردىن تولستوي، ئىبسىن، رودىن[255] لار
قېرىپ كېتىپتۇ. نىتسى زالىم قىياپەتتە، شوپىنخائۇئېر دەردمەن
قىياپەتتە تۇرۇپتۇ، ۋىلدى[256] ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك كىيىملىرىنى
كىيىپ چۈشكەن رەسىملىرىدە بۇتتەك تۇرۇپتۇ، روللاند[257] بولسا
غەلىتە قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ، گوركىي[258] نى خۇددى بىر لۈك-
چەك قىياپىتىدە كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن قايغۇ - ھەسرەت
ۋە دەرد - ئەلەم ئالامىتى چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن پەرىلەرنىڭكى-
دەك «ياخشى» ئەمەس. ئەگەر ۋۇ چاڭشۇنىڭ تامغا ئويۇشىمۇ
ئويمىچىلىق سەنئىتى ھېسابلانسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىزغان رەسىم-
لىرى قەدىرلەنسە، ئۇ ھالدا جۇڭگودا ئۇنى سەنئەتكار ھېسابلاشقا
بولىدۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭ چۈشكەن سۈرىتىنى تېخىچە كۆرۈپ
باقمىدۇق. لىن چىننەن[259] ئاقساقال شۇنچە شۆھرەتلىك ئەدىب
بولسىمۇ، جاھاندا «گۆھەرنى تونۇش» قا قىزىقىدىغانلار يوقتەك
تۇرىدۇ، مەن مەلۇم دورىخانىنىڭ دورا چۈشەندۈرۈش قەغىزىدە
ئۇنىڭ بىباھا رەسىمىنى كۆرگەن بولساممۇ، بىراق بۇ رەسىم
ئەسەر يېزىپ يۇرگەنلىكى ئۈچۈن بېسىلغان ئەمەس، بەلكى دورا
شىپا بەرگەنلىكى ئۈچۈن كىچىك خوتۇنى ئورنىدا تەشەككۈر بىلدۈ-
رۈپ يازغان خېتى يۈزىسىدىن بېسىلغانىكەن. «غالتەكچىلەر»
تىلى[260] بىلەن ئەسەر يازىدىغان جانابلارنى ئالسام، شىپاڭ بېگى،
فۇشەنلىك ئادەم[261] دېگەنلەر ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇڭا
ھازىرچە بۇ ھەقتە تـوختالـماي تـۇرايلى، پەقەت يېقىندىن بۇيان
جان - جەھلى بىلەن كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان-
لارنىڭمۇ، مەسىلەن، ئىجادىيەت تەھرىراتى[262] دىكى جانابلارنىڭ-
مۇ بېسىپ چىقارغىنى ئۈچ كىشى بىر چۈشكەن، مىسقا ئويۇلغان

ناھايىتى كىچىك بىر پارچە رەسىم.

جۇڭگودا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مەڭگۈلۈك سەنئەت — ئەرلەرنىڭ ئايالچە ياسىنىشى.

ئەركەك - چىشى جىنس ئومۇمەن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەر ھەرەمئاغىلىرىدىن خاتىرجەم، چۈنكى ئۇنى سۆيىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەركەكلىكى يوق، ناۋادا مەن ئىشلەتكەن مۇشۇ «يوق» سۆزى جايىدا ئىشلىتىلگەن دەپ قارالسا، بۇنىڭدىن كىشىلەرنى تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ تۇرسىمۇ ئەرلەرنىڭ ئايالچە ياسىنىشىنى ئەڭ قىممەتلىك ھېسابلىشىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئىككى جىنس بىر - بىرىگە يات، ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە «ياسىما ئايال» بولسا، ئاياللارنىڭ نەزىرىدە «ياسىما ئەر» بولۇپ كۆرۈنۈۋېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مۇنداق رەسىم رەسىمخانىلارنىڭ دېرىزىسىدە، ئەلنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئېسىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ. چەت ئەللەردە بۇنداق كامالەتكە يەتكەن سەنئەتكار بولمىغاچقا، ھېلىقىدەك ئويمىكەش، بوياقچى، سىياھ بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارنىڭ مەيلىگە يول قويۇلىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ جۇڭگودا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مەڭگۈلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئومۇمىي سەنئەت ئەرلەرنىڭ ئايالچە ياسىنىشىدىن ئىبارەت.

1924 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى





# يەنە لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا[263]

چۇڭ شىۋەن ئەپەندىنىڭ مەكتۇپلىرى ئىككى ئايلىق «بېيجىڭ گېزىتى، قوشۇمچە بەت»تىن مەلۇمكى، ئۇ كىشى پاراخوتتا كېتىۋېتىپ ئىككى يولۇچىنىڭ: خاڭجۇدىكى لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشىغا سەھرالىقلارنىڭ مۇنار خىشلىرىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ قويسا، ھەممە ئىشتا ئامان - ئېسەنلىك بولىدىكەن، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىكەن، باشقا كەلگەن بالا - قازالار ياخشىلىققا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، دېگەن خۇراپاتلارغا ئىشىنىپ، ئۇ مۇنارنىڭ خىشلىرىنى ئۇمۇ، بۇمۇ بىرەردىن قومۇرۇپ كەتكەنلىكى، يەنى شۇنداق ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە قومۇرۇۋەرگەنلىكى سەۋەبچى بولدى، مۇنار شۇڭا يىقىلغان، دېگەن پاراڭلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ھەتتا ئۇ يولۇچىلارنىڭ بىرى كەينى - كەينىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: شىخۇ كۆلىنىڭ ئون مەنزىرىسى كېمىيىپ كەتتى، دەپتۇ!

لېكىن، بۇ خەۋەر مېنى بىرئاز خۇشاللاندۇردى. بۇ خۇشاللىق «خوپ بوپتۇ» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىپ تۇرسىمۇ، موللىلارغا ئوخشاشماي قالغانلىقىمنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۆزۈم ئەسلىدە موللىلاردىن بولمىغانلىقىم ئۈچۈن رىياكارلىق قىلىشقا ئامالسىزمەن.

بىزنىڭ بىرمۇنچە جۇڭگولۇقلىرىمىزدا — شۇنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىزاھلايمەنكى: 400 مىليون قېرىنداشنىڭ ھەممىسى ئەمەس! — قانداقتۇر بىر تۈرلۈك «ئون مەنزىرە كېسىلى»، ھېچبولمىغاندا «سەككىز مەنزىرە كېسىلى» بار، بۇ كېسەل، ئېھ-

تىمال، چىڭ سۈلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى ئېغىرلاشقان. بىرەر
ناھىيىنىڭ تەزكىرىسىنى ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، شۇ ناھىيىدە ئون
ياكى سەككىز مەنزىرىنى ئۇچرىتىسىز، مەسىلەن، «ياقا كەنتتىكى
نۇرلۇق ئاي»، «شياۋشى ئىبادەتخانىسىنىڭ جاراڭلىق قوڭغۇرد-
قى»، «قەدىمكى كۆلچەكنىڭ ياخشى سۈيى» ۋەھاكازا، ھەتتا
«ئون» ھەرپى شەكىللىك كېسەل مىكروبلىرى گويا ئۇلارنىڭ قان
تومۇرلىرىغا سىڭىپ، پۈتۈن ئەزايىغا تارقىلىپ كەتكەن؛ بۇنىڭ
تەسىرى «!» بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلىدىغان، ۋەتەننى مۇنقەرز قىلى-
دىغان كېسەل مىكروبلىرىدىنمۇ[264] قېلىشمايدۇ، توقاچنىڭ ئون
خىلى، سەينىڭ ئون تۈرى، مۇزىكىنىڭ ئون مۇقامى، دوزاخنىڭ
ئون ئايۋىنى، دورىنىڭ ئون خۇرۇچى، ئىچىملىك ئويۇننىڭ «تو-
لۇق دۆلەت»، «قول بەرىكىتى»، «قول تاكامۇللۇقى» دېگەن
ئىشارەتلىرى بار، ھەتتا ئادەمنىڭ جىنايەت ۋە يامانلىقلىرىنى ئېلان
قىلغاندىمۇ، ئۇ ئادەم جىنايىتى توققۇز ماددىغا يەتسىمۇ، يەنە قول
ئۈزمىگەندەك، ھەرھالدا، ئون ماددا دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. گويا
مانا ھازىر شىخۇ كۆلىنىڭ ئون مەنزىرىسى كېمىيىپ كېتىپتۇ!
«ئومۇمەن ئالەمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ توققۇز ئەركانى
بولىدۇ»[265] مىش، دۇرۇس، توققۇز ئەركان قەدىمدىن تارتىپ
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆزگە كەم چېلىقىدۇ؛ شۇڭا بۇ ھال ئون
مەنزىرە كېسەلگە ئۇرۇلغان بىر شىپا نەشتىرى. بۇ نەشتەر كې-
سەلمەننى ھېچبولمىغاندا ئادەتتىن تاشقىرى بىر تۇيغۇغا كەلتۈرى-
دۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىناس كېسىلىنىڭ بىردىنلا ئوندىن بىرى
قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىۋالىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭدا يەنە مەيۈسلۈك بار.

ھەقىقەتتە، بۇنداق مۇقەررەر بۇزۇلۇشمۇ بىكار، ئۇنداق بۇ-
زۇلۇشقا خۇشال بولۇشنىڭ ئۆزى ئۆزىنى ئەھمىيەتسىز ئالداشتىن
باشقا نەرسە ئەمەس. ئېسىللار، مۇخلىسلار ۋە ئۇدۇمچى ئۆلىمالار





ئون مەنزىرىنى تۈرلۈك نەيرەڭ سۆزلەر بىلەن بېشىنى قاتۇرغان
ھالدا تولۇقلىماي قويمايدۇ.

بۇزۇلمىغۇچە يېڭى قۇرۇلۇش بولمايدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا
گەپ شۇنداق؛ لېكىن بۇزۇلۇش يۈز بەرگەندە يېڭى قۇرۇلۇشنىڭ
بارلىققا كېلىشى ناتايىن. روسسو، ستىنار، نىتسى، تولستوي
ۋە ئىبسىنلار، براندىسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «نىزامنى
بۇزغۇچى» دۇر، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار بۇزۇش بىلەنلا قالماستىن،
سۈپۈرۈپ تاشلىدى، چۇقان كۆتۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئالغا باستى،
پۈتقا كىشەن بولىدىغان كونا يول - نىزاملارنى، مەيلى، پۈتۈن
ياكى پارچىلىرى بولسۇن، تامامەن سۈپۈرۈپ تاشلىدى، ئۇلار كونا
ئاسارئەتىقە دۇكانلىرىغا سېتىپ بېرىشكە لازىم بولار دېگەن نىيەتتە
بىرەر پارچە كېرەكسىز تۆمۈر، كونا خىشنى قولتۇقىغا قىسىپ،
ئۆيلىرىگە ئەكېتىش كويىدا بولمىدى. جۇڭگودا ئەنە شۇنداق ئادەم-
لەر ناھايىتى ئاز، بولغان تەقدىردىمۇ كۆپچىلىكنىڭ دەشنام تۇ-
كۈرۈكلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.
كۇڭ چيۇ[266] ئەپەندى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن، ئۇ جادۇ-
گەرلىك شۇنداق ئەۋج ئالغان زاماندا تۇغۇلغان بولسىمۇ، نادانلار-
نىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئەرۋاھلارغا — جادۇگەرلەرگە بېرىلمىگەن،
لېكىن ئۇنىڭ تولىمۇ ئەقىللىق بولۇپ قالغانلىقىغا ئىسىت؛ ئۇ
«مىگەر بار دەپ ياد ئەتسەڭ، ئەرۋاھ بار» دەپ يازغان، ئۇ «چۈنچ-
يۇ»ناملىق ئەسىرىنى يازغان ئادىتى بويىچە «مىگەر» سۆزى بىلەن
«جانغا تەگكۈدەك ھەزىل» قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىنى
كىشىلەر دەرمەھەل چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەرۋاھلارغا
ئىشىنىشكە چىن كۆڭلىدىن قارشى چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىيالمايدۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قاراشلىرى ھەققىدە شاگىرتى زىلوغا قەسەم
ئىچىپ بەرگەن بولسىمۇ — لېكىن بۇ قاراشلىرى بىلەن
جىن - ئەرۋاھلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان، چۈنكى ئۇرۇش

ئېـلان قىلـىـپ قويسا تىنچسىزلىق كېلىپ چىقىپ، ئادەم تىللى-
غان — گەرچە جىن - ئەرۋاھلارنى تىللىغان بولسىمۇ، گۇناھقا
سازاۋەر بولغان بولاتتى، يەنى «لىللا سۆز» (1 - ئايلىق «سەھەر
گېزىتى. قوشۇمچە بېتى» گە قاراڭ) نىڭ ئاپتورى TY ئەپەندىگە
ئوخشاش ياخشى ئادەملەر جىن - ئەرۋاھلارنىڭ يېنىنى ئېلىپ،
ئۇنى (كۇڭ چيۇنى) : شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانمى-
دىڭ؟ ئادەم تىللاش بىلەن شۆھرەت قازىنالمايسەن؛ مەنپەئەت
ئۈچۈن شۇنداق قىلغانمىدىڭ؟ ئادەم تىللاش بىلەن نەپ ئالالماي-
سەن؛ ئاياللارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانمىدىڭ؟ چيۇنىڭ
يۈزىنى ماقالىگە بېسىپ چىقىرالمايسەن؟[267] ؛ ئەمىسە نېمە ئۈچۈن
شۇنداق قىلاتتىڭ؟ دەپ خورلۇققا چۈشۈرمەي قويمايتتى.

كۇڭ چيۇ ئەپەندى جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان بىر بو-
ۋاي؛ ئېھتىمال، ئۇنىڭ يۈزىنى مەتبەئەدە بېسىش مەسىلىسىدىن
باشقا، ئاشكارا بۇزغۇنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققۇسى كەلمىگەن
بولسا كېرەك، شۇڭا ئېغىزمۇ ئاچمىغان، ھەرگىز تىلمۇ سالمىغان
بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ جۇڭگونىڭ تەلىماتى ھېچ نەرسىنى قويماي
ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرى بولۇپ قالغان، ئۇنداق
بولمىسا، ھازىرقى چاغلاردا بۇتخانىلاردا تاۋاپقا سازاۋەر بولغان
كىشىنىڭ فامىلىسى كۇڭ بولمىغان بولاتتى.

بىراق، سەھنىلەردىكى پاجىئەلىك ئويۇنلار ئىنسانىي ھاياتنىڭ
قىممەتلىك نەرسىلىرىنى كىشىلەرگە خاراب قىلىپ كۆرسىتىپ
بەرسە، كومېدىيە قىممەتسىزلىرىنى بۇزۇپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ھەجۋىي مۇشۇنداق كومېدىيىلەرنىڭ ئاددىيلاشقان بىر تارمىقى،
لېكىن پاجىئەلىك كومېدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئون مەنزىرە كېسە-
لىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇش تەرەپلىرى
ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھامان بۇزۇش خاراكتېرىگە ئىگە. جۇڭگودا
ئون مەنزىرە كېسىلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، روسسۇلارغا





ئوخشاش ئالجىغانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇياقتا تۇرسۇن، تراگې-
دىيە ياكى كومېدىيە يازغۇچى ۋە ياكى ھەجۋىي شائىرمۇ ھەرگىز
مەيدانغا كېلەلمەيدۇ، مەۋجۇت تۇرىدىغانلار پەقەت كومېدىيە قەھرى-
مانلىرىدىن ياكى كومېدىيىلىك، پاجىئەلىك بولمىغان قەھرىمانلار-
دىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى دوراپ ياسىغان ئون
مەنزىرە ئىچىدە ئون مەنزىرە كېسىلى بىلەن كېسەللەنگەن ھالدا
ياشايدۇ.

لېكىن، پۇتۇنلەي قېتىپ قالغان ھايات دۇنيادا كەم ئۇچراي-
دۇ، بۇزغۇنچىلار چىقىپ كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئاڭلىق بۇزغۇنچى
ئەمەس، بەلكى دەھشەتلىك قاراقچى ياكى يات بەدەۋى. شيەنيۇڭ
[268] بۇرۇنلا ئوتتۇرا جۇڭگوغا كەلگەن، بەش يات قەبىلە[269] مۇ
كەلگەن، موڭغۇللارمۇ كەلگەن؛ قېرىنداشىمىز جاڭ شيەنجۇڭ
خەلقنى گويا ئوت - چۆپتەك قىرغان ۋە لېكىن ئۇ ئورمانلىقتا
مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر ئوقياسى بىلەن ئۆلگەن[270]، بەزىلەر
جۇڭگو ھەققىدە پاراڭ قىلىپ: ئەگەر يېڭى قانلىق بەدەۋىلەر بې-
سىپ كىرمىگەن بولسا، چىرىكلىشىپ قايسى دەرىجىگە يېتىپ
قالاتتىكىن؟ دەيدۇ! بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن زەھەرلىك - قەبىھ
تەنە. لېكىن، تارىخنى ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق، چىپ - چىپ
تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن: يات قاراقچىلار كېلىپ،
ئاز ۋاقىت ئالىتوپىلاڭ قىلىشى بىلەن ئاخىر ئۇلارنى خوجىلىققا
تەكلىپ قىلىپ، شۇلارنىڭ قىلىچ - پالتىلىرى ئاستىدا كونا قائى-
دىلىرىمىزنى ئەپلەپ - سەپلىۋالاتتۇق؛ ئىچكى قاراقچىلار كېلىپ،
ئاز ۋاقىت ئالىتوپىلاڭ قىلىشى بىلەن ئۇلارنىمۇ ئاخىر خوجىلىققا
تەكلىپ قىلىپ ياكى باشقا بىرىنى خوجا قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇ-
نۇپ، ئۆز خارابىلىرىمىز ئىچىدە كونا قائىدىلىرىمىزنى ئەپلەپ -
سەپلەتتۇق. ناھىيە تەزكىرىلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ھەر
قېتىمقى يېغىلىقتىن كېيىن قوشۇلغان بىرمۇنچە پىدائىي خو-

تۈن - قىزلارنىڭ ناملىرىنى ئۆچۈرتىمىز، يېقىندىن بۇيانقى ئۇرۇش ئاپەتلىرىنى كۆرۈپ، ئىپپەتچانلىق - پىداكارلىقلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە نامايەن قىلمىغىدۇق تېخى. شۇنچە ئەركەكلەر نەگە كەتتى؟

ئومۇمەن، شۇنداق قاراقچىلارچە بۇزۇش نەتىجىسىدە پەقەت قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتسىز خارابىلەرلا قالىدۇ.

ئالەم تىنچىغان، يەنى كونا قائىدىلەرنى ياماپ - سەپلەۋاتقان، قاراقچىلار بولمىغان چاغلاردا، جۇڭگودا ۋاقىتلىق بۇزۇش يوقمىدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق چاغلاردا قۇللارچە بۇزۇش داۋام قىلىشىۋېرىدۇ.

لېيفېڭ مۇنارىنىڭ خىشلىرىنىڭ قومۇرۇۋېلىنىشى ناھايىتى يېقىن ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر مىسال، لۇڭمېن[271] دىكى تاش بۇتلارنىڭ تولىسىنىڭ پۇت - قولى تولۇق ئەمەس، قىرائەتخانىلاردىكى كىتابلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنىڭ بەزىلەر تەرىپىدىن يىرتىۋېلىنىشىدىن ساقلىنىش توغرا كېلىدۇ؛ ئومۇمەن، ھۆكۈمەت نەرسىلىرىنىڭ يۆتكەش تەس بولغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ساق - پۈتۈن قالغانلىرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە، سۈپۈرۈپ تاشلىغۇچىنىڭ مەقسىتى سۈپۈرۈپ تاشلاشتا بولغىنىدەك ئەمەس، قاراقچىنىڭ بولاش ياكى پەقەت بۇزۇشلا بولغىنىدەكمۇ ئەمەس، پەقەت كۆز ئالدىدىكى ئازغىنە مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ساق - پۈتۈن تۇرغان يوغان نەرسىگە ئوغرىلىقچە زىيان يەتكۈزۈشتىن باش تارتماسلىق سەۋەبچى بولىدۇ. ئادەم كۆپ بولسا، تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن زىيانلىرىمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ، كېيىن زىيان يەتكۈزگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ قىيىن بولىدۇ. بۇ ھال خۇددى لېيفېڭ مۇنارى يىقىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سەھرالىقلارنىڭ خۇراپاتلىقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلگىنىمىزگىلا ئوخشايدۇ. جامائەت مۇنارى





گۇم بولدى، سەھرالىقلارنىڭ تاپقىنى بىرەر پارچە خىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ بۇ خىش كەلگۈسىدە يەنە بىر شەخسىيەتچى قولىدا ساقلىنىپ، ئاخىر يوقىلىدۇ ۋە مۇبادا خەلق پاراۋان، مال مول بولۇپ قالسا ئون مەنزىرە كېسىلىنىڭ تۇتۇشى بىلەن يەنە لېيفېڭ مۇنارى سېلىنىپ قالار. بىراق، كەلگۈسى تەقدىرنى تەسەۋۋۇر بىلەن بايقىغىلى بولامسۇ؟ ئەگەر سەھرالىقلار يەنە شۇنداق سەھرالىق بولۇۋېرىدىغان بولسا كونا قائىدىلەرمۇ يەنە شۇنداق كېتىۋېرىدۇ.

بۇنداق قۇللارچە بۇزۇشنىڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان بىرەر پارچە خارابىلەر قالىدۇ.

سەھرالىقلارنىڭ لېيفېڭ مۇنارىنىڭ خىشلىرىنى قومۇرۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش، جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۆۋرۈك تاشلىرىنى كېچە - كۈندۈزلەپ ئوغرىلايدىغان قۇللارنى ھازىر ئاز دەمسىز؟

خارابىلىك ئېچىنىشلىق ئەمەس، خارابىلىك ئىچىدە تۇرۇپ كونا قائىدىلەرنى ياماش - سەپلەش ئېچىنىشلىق، بىزگە يېڭىلايدىغان بۇزغۇچى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە غايىنىڭ نۇرى بار، ئۇنىڭ قاراقچى ۋە قۇللاردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم؛ قاراقچى ۋە قۇللار تۈركۈمىگە كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىشىمىز كېرەك. بۇلارنى پەرقلەش قىيىن ئەمەس. باشقىلارنى كۆزىتىپ، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى: ئومۇمەن سۆز - ھەرىكىتىدە، پىكىر - خىيالىدا بىرەر باھانە بىلەن ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالىمەن دەيدىغان نىيىتىنىڭ ئالامىتى بار ئادەملەر — قاراقچىلاردۇر؛ بىرەر باھانە بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئازغىنە مەنپەئەتكە ئېرىشىش نىيىتىنىڭ ئالامىتى بار ئادەملەر — قۇللاردۇر؛ مەيلى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانداق روشەن ۋە چىرايلىق بايراق تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر.

1925 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# ئەينەككە قارىغاندا[272]

ساندۇقتىن كىيىم ئاختۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قەدىمكى
مىس ئەينەكتىن بىرنەچچىسى قولۇمغا چىقتى. ئېھتىمال مىنگو-
نىڭ دەسلەپكى يىللىرى بېيجىڭغا كەلگىنىمدە ئېلىپ تاشلاپ قوي-
غاندىن كېيىن يادىمدىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، قولۇمغا
چىققاندىن كېيىن ئۆتكەن ئەسىردىن قالغان نەرسەمنى تېپىۋالغان-
دەك بولۇپ كەتتىم.

بۇ ئەينەكلەرنىڭ بىرى دىئامېتىرى ئىككى سۇڭ كېلىدىغان
ناھايىتى قېلىن بىر ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۈزۈم ۋە
سەكرەپ يۈرگەن قارىغۇ چاشقاننىڭ سۈرىتى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا
بولسا بىر توپ ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن.
ئاسارئەتىقە دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بۇنداق ئەينەكنى «ئات ۋە
ئۈزۈم سۈرەتلىك ئەينەك» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمما، مەندىكى
ئەينەكتە ئىسمىغا لايىق ئات سۈرىتى يوق ئىكەن. ئات سۈرەتلىك
ئەينەكنى بولسا كۆرگەنلىكىم ئېسىمدە، بىراق بەك قىممەت بول-
غاچقا، ئالالمىغانىدىم، بۇ ئەينەكلەر خەن دەۋرىدىن قالغان ئەينەك-
لەر، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دوراپ ياسىغانلىرىمۇ ۋە قۇيۇلغانلىرىمۇ
بار ئىكەن، ئەمما چېكىلگەن گۈللىرى نەپىس ئەمەس. خەن سۇلا-
لىسىنىڭ ۋۇدى پادىشاھى دەۋرىدە ئارىساك ۋە پەرغانە بىلەن ئالاقە
ئورناتقاندىن كېيىن، ئات ۋە ئۈزۈم ناھايىتى قەدىرلىك نەرسىلەر-
دىن بولۇپ قالغان بولسا كېرەك[273]، شۇڭا بۇلار لازىملىق نەرسى-
لەرگە گۈل قىلىپ چېكىلگەن. قەدىمي زاماندا سىرتتىن كىرگەن
ماللارنىڭ ئىسمىغا «سىرت» سۆزىنى قوشۇپ قويار ئىكەن. مەسى-





لەن، سىرتنىڭ ئانىرى، سىرتنىڭ زەپەرى، سىرتنىڭ ئالمىسى
دېگەنگە ئوخشاش. «سىرت» سۆزىنى ھازىر ئىشلىتىپ يۈرگەن
«ئەجنەبىي» ياكى «چەت ئەل» ۋە ياكى «پەرەڭ» سۆزى ئورنىدا
ئىشلىتىدىكەن، سىرتنىڭ ئېتى دېگەن سۆزنى ھازىرقى تىلغا تەر-
جىمە قىلساق «پەرەڭ ئېتى» دېگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەينەك
تولۇن ئايغا ئوخشىغانلىقى، ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا بىر پاقا[274]
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينەكنىڭ تۇتقۇچىدا پاقىنىڭ سۈرىتى بولىد-
كەن، بۇ خەن سۇلالىسى رايىغا ماس كەلمەيدىغان ئىش.

ئۇيلاپ كۆرسەك، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئادەملەر بەكمۇ
كەڭ نەزەرلىك ئىكەن، يېڭىدىن كىرگەن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك-
لەرنى قىلچە قورۇنماستىن زىننەت گۈللىرى ئورنىدا ئىشلىتىۋېرى-
دىكەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئادەملەرمۇ بوش كەلمەپتىكەن.
مەسىلەن، خەن سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تاشتىن
ياسالغان ھايۋانلارنىڭ تولىسى قوي، يولۋاس، بۇغا ـ مارال[275]
قاتارلىق ھايۋان بولسا، چاڭئەندىكى تاڭ پادىشاھى قەبرىسىگە[276]
ئات يەنە بىر تۆگىقۇشنىڭ سۈرىتىنى ئويغان؛ دېمەك، ئۆزىدىن
بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن ئاشۇرۇۋەتكەن. بۇگۈنكى كۈندىكى قەبرىلەر
بۇياقتا تۇرسۇن، ئاددىي رەسىم سىزىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، بىرەر
ساپاق ئەجنەبىي گۈل، بىرەر ئەجنەبىي ئۇچار قاناتنىڭ رەسىمىنى
كىرگۈزگەنلەر بارمۇ؟ شەخسىي تامغىسىنى ئىككى نۇسخىدا يېزىل-
غان خەت بىلەن ئويغانلىرىمۇ بارمۇ؟ نۇرغۇنلىغان مەدەنىي ئادەملەر
يىل ۋە ئايلارنى خاتىرىلەشكە توغرا كەلگەندىمۇ، مىنگو يىلىنى
يېزىشتىن ئەنسىرەپ مۇچەل ئىشلىتىلىدۇ. بىرەر يۈرەكلىك سەن-
ئەتكارنىڭ بولمىغانلىقىدىن شۇنداقمۇ ياكى بولسىمۇ كۆپچىلىك
زىيانكەشلىك قىلىۋەرگەنلىكتىن دەرد ـ ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتكەن-
مۇ، بۇنىسىنى ئۇقمايمەن.

سۇڭ دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە ھازىرقى كۈندىكىدەك

مىللىي تەۋەررۇك پۇرىقى تولىمۇ قويۇق بولسا كېرەك. شۇنىڭ
ئۈچۈن لىياۋ، جىن، يۈەن خەلقى كەينى ـ كەينىدىن بېسىپ
كىرگەندە، مىللىي تەۋەررۇك مەسىلىسى خېلى باش قاتۇرغان.
خەن ۋە تاڭ دەۋرلىرىدىمۇ چېگرا ئاپىتى پەيدا بولغان بولسىمۇ،
لېكىن خەلق جىگەرلىك بولغاچقا، يات مىللەتلەرگە قۇل بولۇپ
كەتمەسلىك ئىشەنچىسى بولغاچقا، ئەنسىرەپ ئولتۇرماستىن، سىرت-
تىن كەلگەن نەرسىلەرنى خۇددى ئەسىرلەرنى ئىشلەتكەنگە ئوخشاش
ئۆز مەيلىچە ئىشلەتكەن. ئۆزى ئاجىزلىشىپ ھالىدىن كەتكەنلەر-
نىڭ نېرۋىلىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئاجىزلىشىپ ئەسەبىيلىشىشكە
باشلايدۇ، ئۇلار چەت ئەل نەرسىلىرىگە يولۇققاندا، خۇددى ئۆزى
خەققە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدىغاندەك، ئۇنى نېرى ئىتتىرىدۇ،
ئۇنىڭدىن ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ، داجىيىدۇ، قاچىدۇ، قورقۇپ تۈ-
گۈلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە بىرەر باھانە ـ سەۋەبنى تېپىپ
ئۆزىنى بېزەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىللىي تەۋەررۇكلەر تەدرىجىي
ھالدا يۇمشاق باش خان ۋە يۇمشاق باش مالايلارنىڭ تۇتىياسىغا
ئايلىنىپ قالىدۇ.

قاياقتىن كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېمەكلىكلا بولى-
دىكەن، ساغلام بەدەن ئادەملەر، ئومۇمەن ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئول-
تۇرماي، يەيدىغان نەرسىكەن، دەپ يەۋېرىدۇ. ئازراق كېسەلگە
گىرىپتار بولغان كىشى ھامان سىڭىش ـ سىڭمەسلىكىنى، پايدا
قىلىش ـ قىلماسلىقىنى ئويلاپ، نۇرغۇن پەرھىزلەرنى تۇتۇۋالى-
دۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلى چىڭ ۋە لېكىن تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەر-
نى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يېسەڭغۇ بولىدۇ، لېكىن يېمىگىنىڭ
ياخشى؛ يېسەڭ پايدىسىمۇ بولار، لېكىن يېمىگىنىڭ تۈزۈك، ۋەھا-
كازا دەيدۇ. ئەمما، بۇنداق كىشىلەر ھامان كۈنسايىن ئاجىزلاپ
بارىدۇ. چۈنكى، ئەتىدىن كەچكىچە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ياشى-
غاچقا، ئالدى بىلەن ئۆزى ماغدۇرىدىن كېتىپ قالىدۇ.





جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى ئەھۋالنىڭ ھازىرقى بىلەن سېلىش-
تۇرغاندا قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇلار سىرتقى دۈشمەن-
گە ئەل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا دۆلەت ئىچىدە چاكىنا
قائىدە ـ يوسۇنلار ۋە تۈگىمەس ئۇششاق گەپلەر يامراپ كەتكەنلىكى
ئېنىق. بۇ ئەھۋال پېشكەللىك باسقان ئادەملەردە پەرھىز كۆپە-
يىپ، مەردانىلىك، كەڭ نەزەرلىك تۈگەپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ.
دېمەك، بۇنداق ئەھۋال تا ئاخىرقى كۈنلەرگىچە ھېچقانداق ئۆزگەر-
مىگەن. مەن بىر ۋاقىتلاردا قەدىمكى بۇيۇملار كۆرگەزمىسىگە
قويۇلغان قەدىمكى رەسىمدە بىرنەچچە رىم ھەرپى ئويۇلغان تامغىنى
كۆرگەنىدىم. ئۇ «ئۇلۇغ ۋاپادار شاھ»[277] دېگەن تامغا ئىكەن،
ئۇ خەنزۇلارنى بويسۇندۇرغان خوجايىن بولغاچقا، شۇنداق تامغا
تۇتۇشقا پېتىنغان؛ خەنزۇلارنىڭ قۇلى بولغان بولسا پېتىنالماس
ئىدى. ھازىرقى كۈندە بىرەر سەنئەتكار ئەجنەبىي يېزىقلىق تامغىنى
ئىشلىتىشكە پېتىنالامدۇ؟

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى يىللىرى كالېندار كىتابىغا
«غەربنىڭ يېڭى ئۇسۇلى بويىچە» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانلىقىنى
كۆرۈپ، ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئەجنەبىي تانروۋان
ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان كىشى دەل خەنزۇلار ئىچىدىن چىققان
ياڭ گۇاڭشەن[278] ئىدى، ئۇ كاڭشى يىللىرىغا كەلگەندىلا شىكايەت-
تە ئۇتۇپ چىققان ھەم باش مۇنەججىملىك مەنسىپىگە قويۇلغان،
لېكىن «كالېندار تۈزۈشنىڭ يوللىرىنى ئۇقساقمۇ، ئەمما ھېساب-
لاش يولىنى بىلمەيدىكەنمەن» دەپ داد ئېيتقان. پادىشاھ دادىغا
يەتمىگەندە، يەنە يىغلاپ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، «ئامالسىز»
دېگەن توپلامنى ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭدا: «جۇڭگودا يارىغۇدەك
كالېندار بولمىسا مەيلى، ئەجنەبىيلەرنى جۇڭگوغا يېقىن يولاتماي-
لى» دەپ يازغان. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئاخىر كېبىسە يىلىنىمۇ
خاتا ھېسابلاپ قويغان، ئۇنىڭچە يارىغۇدەك كالېندار ئىشلەش ئەج-

نەبىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان، جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدىن زادى كەلمەيدىغان ئىش بولسا كېرەك. ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلمەي سۈرگۈن قىلىنغاندا يول ئۈستىدە ئۆلگەن. تانرووۋان مىڭ سۇلالىسىنىڭ چۈشكۈن يىللىرى جۇڭگوغا كەلگەن، ئۇنىڭ كالېندارى زادى ئىشلىتىلىپ باقمىغان. كېيىن رۇەن يۈەن[279] بۇ ھەقتە مۇنداق مۇھاكىمە قىلغان: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى پادىشاھمۇ، ۋەزىرلەرمۇ داتۇڭ كالېندارىنى مۇكەممەل ئەمەس دەپ قاراپ، مەخسۇس تۈزىتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، يېڭى كالېندارنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئىشلەتمىگەن. مۇقەددەس سۇلالىمىز دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، يېڭى كالېندار ئاساسىدا كالېندار تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى. 10 قانچە يىللىق بەس - مۇنازىرە ۋە تەرجىمە قىلىش مېھنىتىنىڭ بۇ مېۋىسىنى گويا بىزنىڭ سۇلالىلىرىمىزگە ئاتاپ ئىشلىگەندەك تۇرىدۇ؛ بۇمۇ كارامەت بىر ئىش! ··· ئېلىمىزدە ئادەم ئىشلىتىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەھەتلەردە ئەزەلدىن ھەق يولنى ئىزدەپلا كەلدىكى، ھېچقانداق ئاداۋەت تۇتۇش تەرىپىدە تۇرمىدى، مانا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى كەڭ قورساقلىقىمىزنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ!» («مۇنەججىملەر تەزكىرىسى» 45 - بەت).

ھازىر ئىشلىتىپ يۈرگەن قەدىمكى ئەينەكلەرنىڭ تولىسى قەبرىلەرگە قويۇلغان دەپنە بۇيۇملىرى، مۇنداق ئەينەكلەردىن مەندىمۇ بىرى بار، ئۇ ناھايىتى نېپىز ھەم يوغان، ئۇ ياكى خەن دەۋرىدە، ياكى تاڭ دەۋرىدە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق دېيىشتىكى ئاساسىم: بىرىنچىدىن، ئەينەكنىڭ تۇتقۇچى ئۇپراپ كېتىپتۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەينەكنىڭ يۈزىدىكى مۇدۇر - چوقۇرلار باشقا مىس بىلەن ياماپ قويۇلغان. ئۆز زامانىسىدا پەردازخانىدا تاڭ دەۋرى ئادەملىرىنىڭ ئەڭلىك، سۈرمە ۋە قاشلىقلىرىنى كۆرسەتكەن ئەي-





نەك بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ چامادانىمدا يېتىپتۇ. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنكى كۈنلەر ئۈستىدە تولۇپ تاشقان تەسىراتلار بولۇشى مۇمكىن. مىس ئەينەك داۋگۇاڭ، شيەنفېڭ يىللىرىدا ئادەتتىكى ئەينەك بىلەن باراۋەر ئىشلىتىلىپ كەلگەن؛ چەت يېزىلاردا بولسا ھازىرمۇ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم - يېتىم مەرىكىلىرىدە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، پۈتۈنلەي ئادەتتىكى ئەينەك ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ گاھىدا قالدۇقلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. كوچىدا بىرەر بوۋاينىڭ ئۈستىگە بىر پارچە جىگەر رەڭلىك تاش، يەنە بىر پارچە كۆك تاش باغلانغان ئۇزۇن بەندىڭسىمان بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ توۋلىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالسىڭىز، «ئەينەك سۈركەيمەن، پىچاق بىلەيمەن» دەپ توۋلىغانلىقىنى بىلىسىز.

سۇڭ دەۋرىنىڭ ئەينەكلىرىدىن چىرايلىقراقىنى زادى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. كۆرگەنلىرىمنىڭ ئوندىن توققۇزىغا گۈل چېكىلمىگەن، پەقەت دۇكاننىڭ نامى ياكى «تۇرقىڭىزنى رۇسلىۋېلىڭ» دېگەندەك سۆزلەر ئويۇلغان. «يىلدىن - يىل بەتتەر» دېگەن گەپ راست ئىكەن. ئەمما، ئالغا بېسىش ئۈچۈن ياكى ئارقىغا چېكىنمەسلىك ئۈچۈن كونىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ھېچبولمىغاندا، ياتلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا خىلمۇخىل ئەندىشە، يۈرەكزادىلىك ۋە ۋايساشلارنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ قېلىپ، ئۇنداق قىلساق ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇمغا خىلاپلىق بولىدۇ، بۇنداق قىلساق ياتلارغا ئوخشاپ قالىمىز دەپ، خۇددى مۇز ئۈستىگە چىقىپ قالغان تاقىسىز ئۇلاغدەك بولۇپ قالساق، تىترەشكە ئۈلگۈرەلمەي تۇرغان يەردە، قانداقمۇ يارامىلىق نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىققىلى بولسۇن؟! دېمەك، ئەمەلىيەتتە «ھازىر ئۆتمۈشكە يەتمەيدۇ» دېگەندەك ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشى «ھازىر ئۆتمۈشكە يەتمەيدۇ» دەپ

ۋايسايدىغان جانابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان. ھازىرقى ئەھۋالمۇ شۇنداق. ناۋادا قورساقنى يەنىلا كەڭ تۇتماي تۇرۇۋەرسەك، يېڭى مەدەنىيەتنى دادىل ھەم يۈرەكلىك قوبۇل قىلمايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ياڭ گۇاڭشيەندەك غەربلىك خوجايىنلار ئالدىدا جۇڭگونىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاھىنى يەيدىغان ۋاقىت ئۇزۇنغىچە ساقلاپ تۇرمايدۇ.

ئەمما، مەن ئادەتتىكى ئەينەكنى چەتكە قاقىدىغان ئادەمنى زادى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. پەقەت شيەنفېڭ يىللىرىدا ۋاڭ يۆجىن ئەپەندىنىڭ [280] ئۆزىنىڭ «نەپاسەت» ناملىق ئەسىرىدە ئادەتتىكى ئەينەككە ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋىرىم بار. ئۇ ئىككى خىل ئەينەكنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاخىر مىس ئەينەك ياخشى ئىكەن دېگەن قارارغا كەلگەن. كىشىلىك ئەقىلگە سىغمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ: ئۆزىڭىزنى ئەينەكتىن كۆرگەندە، ئادەتتىكى ئەينەك مىس ئەينەككە يەتمەيدىكەن، دېگەن. راستتىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەينەكلەر شۇنچىلىك ناچار ئىشلەنگەنمىدۇ ياكى بۇ ئەپەندىم كۆزىگە مىللىي تەۋەررۇك ئەينىكىنى تاقىۋالغانمىدۇ؟ مەن ئەينەكتىن ياسالغان قەدىمكى ئەينەكلەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، شۇڭا تېگىگە يېتەلمىدىم.

1925 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى





# كەچ باھاردىن پاراڭ[281]

بېيجىڭدا باھار ئاخىرلىشىپ قالغان بىر چاغ ئىدى: ئېھتىمال، ئالدىراڭغۇ مىجەز بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ماڭا ياز كىرىپ قالغاندەكلا تۇيۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا يۇرتۇمنىڭ ئىنچىكە بەل ھەرىسى[282] ئېسىمگە چۈشتى. تومۇز ۋاقتى بولسا كېرەك، كۆك چېۋىنلار باراڭنىڭ تانىلىرىغا توپلىشىپ قاپتۇ، كۆك ئىنچىكە بەل ھەرە ئۈجمە دەرەخلىرى ئارىسىدىكى ۋە تاملارنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنىڭ سول تەرىپىدە ئۇچۇشۇپ يۈرۈشۈپتۇ، ئۇلار گاھىدا بىرەر كۆكپىتنى چىشلىۋالاتتى، گاھىدا بىرەر ئۆمۈچۈكنى سۆرىشەتتى. كۆكپىت ياكى ئۆمۈچۈكلەر باشتا بويۇن بەرمەي پىتىرلىشاتتى، لېكىن ئاخىر دەرماندىن كېتىپ، ھەرىنىڭ ئاغزىدا، خۇددى ئايروپىلانغا چۈشكەندەك ھاۋاغا قاڭقىپ كېتىشەتتى.

پېشقەدەملەر ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: ھېلىقى ئىنچىكە بەل ھەرە كىتابلاردا ئېيتىلغان مېۋە چېۋىنىنىڭ دەل ئۆزى شۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىشى بولۇپ، زادىلا ئەركەكلىرى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار دەرەخ پىتىنى تۇتۇۋېلىپ بالا قىلىۋالىدۇ؛ ئۇلار دەرەخ پىتىنى ئۇۋىلىرىغا سولاپ قويۇپ، ئۆزلىرى تاشقىرىسىدا تۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ: «ماڭا ئوخشا، ماڭا ئوخشا!» دەپ دۇئا قىلىدۇ؛ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يادىمدا يوق، يەتتە كەررە يەتتە قىرىق توققۇز دېگەندەك كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن بولسا كېرەك — ھېلىقى كۆكپىت ئىنچىكە بەل ھەرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ شۇڭا «شېئىرنامە» ناملىق بىيىت كىتابىدا: «دەرەخ

پىتىنىڭ ئوغلىنى — مېۋە چېۋىنى بالا قىلىۋالىدۇ» دېگەن گەپ بار؛ دەرەخ پىتى دېگىنىمىز، ئۈجمە دەرىخىدە بولىدىغان كۆكپىتنىڭ ئۆزى شۇ. ئۆمۈچۈكچۇ؟ بۇ ھەقتە پېشقەدەملەر بىرنەرسە دېمىگەن. بىرنەچچە ئارخېئولوگنىڭ غەلىتە تەلىمات يارىتىپ، ئۇ ھەرە ئەمەلدە ئۆزى تۇخۇم تۇغالايدىكەن، كۆكپىتلارنى بولسا ئۇۋۇدىلىرىغا تىقىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ تۇخۇمدىن چىققان قۇرتلىرىغا يەم قىلىپ بېرىدىكەن، دېگەن سۆزلىرى يادىمدا بار ئىدى. مەن ئۇچراتقان پېشقەدەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ تەلىماتلارغا قوشۇلمىغان، بەلكى ئەكسىچە، ئۇ ھەرە شۇ كۆكپىتلارنى قىز بالا قىلىۋالىدىكەن دەيدۇ. جاھاندا شېرىن پاراڭلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشى ئۈچۈن، بىز بۇ گەپلەرنىڭ پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتقىنىچە تۇرۇۋېرىشىنى ياخشى كۆرىمىز. يازدا كۈن ئۇزاق، ئىش يوق؛ سەگىدەش ئۈچۈن دەرەخ كۆلەڭگىسىگە بارسام، ئىككى قۇرتنىڭ بىرى بىرىنى سۆرەپ، تىركىشىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم، بۇ ھال كۆزۈمگە خۇددى مېھرىبان ئانا ئۆز قىزىنى ياخشى نىيەت بىلەن ئەدەپلەۋاتقاندەك، لېكىن كۆكپىت خۇددى ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان بەڭۋاش سېكىلەك قىز بويۇنتاۋلىق قىلغاندەك كۆرۈندى.

لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، پەرەڭلەر يامان خەلق ئىكەن، ئۇلار قېرىشقاندەك، پەن - ئىلىم دېگەن نەرسىلەرگە ئېتىبار قىلىدۇ. پەن - ئىلىم بىزگە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن ياخشى چۈشلىرىمىزنىمۇ بۇزۇۋەتتى.

فرانسىيىلىك مەشھۇر ھاشاراتشۇناس فابرې (Fabre)[283] تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، ھەرە قۇرتىنىڭ كۆكپىتنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىنچىكە بەل ھەرە ئادەتتىكى قاتىل بولماستىن، ناھايىتى زالىم قاتىل ئىكەن، يەنە كېلىپ بىلىمى ۋە تېخنىكىسى ناھايىتى ئۈستۈن بىر ئاناتومىيە ئالىمى ئىكەن. ئۇ كۆكپىتنىڭ نېرۋا تۈزۈلۈشلىرىنى ۋە روللىرى-





نى ياخشى بىلىدىكەن، شۇڭا قۇرتىنىڭ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان نېرۋا دانىچىلىرىنى كارامەت زەھەرلىك نەشتىرى بىلەن بىرلا چاقىدىكەن - دە، قۇرت زەھەرلىنىپ چالا ئۆلۈك ھالىتىگە كېلىپ يېتىپ قالىدىكەن؛ شۇنىڭ بىلەن ھەرە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇخۇم چىقىرىپ، ئۇۋىسىغا بەند قىلىۋېتىدىكەن. كۆكپىت چالا ئۆلۈك بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ سېسىمايدىكەن، تاكى ئوغۇل - قىزلىرى تۇخۇمنى چېكىپ چىققاندا، بۇ يەم ھېلىقى قولىغا چۈشكەن كۈندىكىدەك ياشىرىپ قالىدىكەن.

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، روسىيىلىك E[284] ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ خاپىغان بىر ئادەم ئىكەن، بىر كۈنى ئۈشتۈمتۇتلا قايغۇ بىلەن: كەلگۈسىنىڭ ئالىملىرى قانداقلا بىراۋنىڭ تېنىگە ئوكۇل قىلسا، شۇ ئادەم ئەبەدىي ھالدا قۇل، ئۇرۇش ماشىنىسى بولۇشقا رازى بولۇپ قالىدىغان بىرەر تۇرلۇك كارامەت دورىنى كەشىپ قىلىپمۇ قويارمۇ؟ دەيدۇ. شۇ چاغدا مەنمۇ «قاراشلىرىمىز بىرئاز ئوخشىشىدىكەن» دېگەندەك، قايغۇغا چۆمگەندەك بولدۇم، نەدىن بىلەي، مەملىكىتىمىزنىڭ پەيغەمبەر پادىشاھلىرى، دانىشمەن ۋەزىرلىرى، ئەۋلىيالىرى ۋە ۋەلىيلىرى ئاللىقاچان شۇنداق بىر ئالتۇندەك دۇنيانى ئارزۇ قىلىشقان ئەمەسمىكەن! «پادىشاھلا دۆلەت كۆرسۇن، پادىشاھنىڭلا قۇدرىتى ئاشسۇن، ھالۋىنى پادىشاھلا يېسۇن»[285] دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ «ھۆكۈمدار ئەقلىنى ئىشلەتسۇن، رەئىيە قارا كۈچىنى ئىشلەتسۇن»[286] دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ «مەھكۇملار باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرسۇن، ھاكىملار باشقىلارنىڭ قولىدىكىنى يېسۇن»[287] دېگەن گەپلەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى، نەزەرىيە تولىمۇ ھەيۋەت، لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇكەممەل ئۇسۇلىنى زادىلا بارلىققا كەلتۈرۈشەلمىگەن. چۈنكى، ھاكىملارغا بويسۇنۇش ئۈچۈن ھايات ياشىيالماسلىق كېرەك، لېكىن ھالۋايى

نېمەت تۆھپە قىلىش ئۈچۈن ئۆلمەسلىك كېرەك؛ مەھكۇم بولۇش
ئۈچۈن ھايات ياشماسلىق كېرەك؛ لېكىن ھاكىملارنى بېقىش
ئۈچۈن ئۆلمەسلىك كېرەك. ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ
ئەقىللىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى، تەبىئىيكى، تەبرىكلەشكە
ئەرزىيدۇ، لېكىن ئىنچىكە بەل ھەرىنىڭكىدەك زەھەرلىك نەشتى-
رى بولمىسا، پەيغەمبەر پادىشاھلار، دانىشمەن ۋەزىرلەر، ئەۋلىيا-
لار ۋە ۋەلىيلەر، ھەتتا ھازىرقى كاتتىلار، ئالىملار ۋە مائارىپچىلار
ھېچ نەرسىگە قول تىقالماي قالىدۇ. كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغان-
لىقى نامەلۇم، لېكىن ئۆتمۈشتە ھاكىملار تۈرلۈك زەھەرلەش
ھۈنەرلىرىنى كۈچلىرىنىڭ بارىچە ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭدىن دېگەندەك ئۈنۈم ھاسىل قىلالماي مېۋە چېۋىنى بىلەن ئۇس-
تۈنلۈك تالاشتى، ھەتتا پادىشاھلارمۇ دائىم ئۆز فامىلىسىنىڭ،
دەۋرانىنىڭ ئۆزگىرىپ ئالمىشىپ كېتىشىدىن خالىي بولالمىدى،
«10 مىڭ يىللاپ دەۋر سۈرگەن»لەر بولمىدى. «24 تارىخ»نىڭ
نىھايەت 24 بولۇپ تۈرۈۋەرگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ ئېچىنىشلىق دەلى-
لى، ھازىر يەنە پەلەك باشقىچىرەك بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قال-
دى، دۇنيادا «پەۋقۇلئاددە زىيالىيلار سىنىپى»[288] دەپ ئاتالغان
چەت ئەللەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار
تەتقىقاتخانىلاردا تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە: تېببىي ئىلىمنىڭ
راۋاجلانماسلىقى ئىنسانلار نەسلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق،
جۇڭگو خوتۇن - قىزلىرى ناھايىتى تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ ياشى-
ماقتا، ھازىر ھەممە ئىش جايىدا، بارلىق ئەھۋال دېگەندەك ياخ-
شى، دەيدۇ. E ئەپەندىنىڭ قايغۇسى سەۋەبسىز بولمىسا كېرەك،
لېكىن روسىيىگە ھېچ گەپ ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردا بىزنىڭ جۇڭ-
گودىكىدەك «پەۋقۇلئاددە دۆلەت ئەھۋالى»[289]، «پەۋقۇلئاددە زى-
يالىيلار سىنىپى» دېگەن نېمىلەر يوق.

لېكىن، بۇنداق خىزمەتلەر، ئېھتىمال، قەدىمكىلەرنىڭكىگە





ئوخشاش تازا ئۈنۈم بېرەلمىسە كېرەك؛ چۈنكى بۇنى ئىشلەش
ئىنچىكە بەل ھەرىنىڭ قىلمىشىدىنمۇ كۆپ قىيىن. ھەرە كۆكپىتقا
پەقەت مىدىرلاشقىلا يول قويمايدۇ، شۇڭا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان
نېرۋا دانىچىلىرىنى بىرلا چاقىدۇ - دە، ئىش تۈگەيدۇ. ۋەھالەن-
كى، بىزنىڭ جانابلارنىڭ خىزمىتى بولسا، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت
قىلىشىنى، سېزىمىنىڭ يوقىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا
بىلىش - سېزىش نېرۋىسىنىڭ مەركىزىنى تامامەن زەھەرلىۋېتىش-
نى زۆرۈر تاپىدۇ. لېكىن بىلىم - تۇيغۇ يوقالغاندىن كېيىنلا،
ھەرىكەتمۇ ئۆز قوماندانىدىن ئاجراپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق
ئادەم «ئەڭ يۇقىرى پەللە»[290] دىن تارتىپ «پەۋقۇلئاددە زىيالىي-
لار سىنىپى»غىچە بولغان جانابلارغا بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ھال-
ۋايى نېمەت تۆھپە قىلالماي قالىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتقان-
دا، قېرىلارنىڭ تەۋراتتىن دانىشمەنلەرچە دەرس ئۆتۈش ئۇسۇل-
دىن، ئالىملارنىڭ تەتقىقاتخانىغا كىرىش مەسلىكىدىن، ئەدىبلەر-
نىڭ ۋە ساماۋارخانا خوجايىنلىرىنىڭ «ھاكىمىيەت توغرىسىدىن
پاراڭ قىلمايلى» دېگەن قانۇنلىرىدىن، مائارىپچىلارنىڭ «قارىما،
قۇلاق سالما، ئېغىز ئاچما، ھەرىكەتلەنمە» دېگەن نەزەرىيىسىدىن
باشقا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ نۇقسانسىز ئۇسۇل
بولمىسا كېرەك. چەت ئەللەردە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەشپى-
ياتلىرىمۇ ھەقىقەتتە ئىلگىرىكى دانىشمەنلەرنىڭ كەشپىياتلىرى دا-
ئىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار يەنە «ئىززىتىدىن چۈشۈپ ياتلارغا
يېلىنىدۇ». ياتلاردىن ئۇسۇل تەلىم ئالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن،
ھازىرچە شۇ ياتلارنى چەت ئەللىكلەر دەپ تۇرايلى. ئۇلاردا تەلىم
ئالغۇدەك ئوبدانىراق ئۇسۇل بارمىدۇر؟ ئەپسۇسكى ئۇلاردىمۇ يوق.
ئۇلاردا بار نەرسىلەر: يىغىن ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت يوق، ئېغىز
ئېچىشقا رۇخسەت يوق، دېگەنلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇلار-

نىڭمۇ بىزنىڭ ئىلىمىز جۇڭخۇادىكىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق.
لېكىن شۇنىسى مەلۇمكى، مۇكەممەل يول ـ تەدبىرلەردە كۆڭۈل-
دىن كۆڭۈلگە يول بار، شۇڭا يولغا يول ئوخشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن
جۇڭگولۇقلار بىلەن ياتلارنىڭ چەك ـ چېگراسى يوق. يىرتقۇچ
ھايۋان يەككە ياشايدۇ؛ قوي، كالا پادا بولۇپ ياشايدۇ؛ ياۋا كالا
توپ ـ توپ بولۇۋالسا مۈڭگۈزلىرىنى قەلئە قىلىپ، كۈچلۈك
دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرىدۇ، ئەگەر بىرەرىنى ئاجرىتىۋالسىڭىز،
«مۆ ـ مۆ» قىلىپ مۆرەيدۇ. خەلق بىلەن ئات ـ كالىنىڭ مىجەزى
بىر، جۇڭگولۇقلار نەزىرىدىن ئېيتقاندا شۇنداق؛ لېكىن ياتلارنىڭ
ئۆز ئالدىغا تۇرلەندۇرۇش ئۇسۇلى بارئىكەن، ئۇلاردا ھاكىمىيەتچىد-
لىكنىڭ يولى، تەبىئىيكى، يىغىن ئۆتكۈزۈشنى مەنئى قىلىشتىن
ئىبارەت. بۇ ئۇسۇل توغرىمىش. ئۇنىڭدىن قالسا، ئېغىز ئېچىپ
سۆزلەشنى توسۇش كېرەكمىش، ئادەمنىڭ ئېغىز ئېچىپ سۆزلىيە-
لەيدىغانلىقى بالايىئاپەت بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گاھىدا
ماقالىمۇ يېزىپ قويىدۇغۇ تېخى! شۇڭا ساڭ جيې يېزىقنى ياراتقاند-
دا، كېچىسى جىن ـ ئالۋاستىلار يىغا ـ زار قىلغانىكەن[291].
جىن ـ ئالۋاستىلار قارشى چىققان يەردە، مەنسەپدارلار جىم ياتار-
مىدى؟ مايمۇن سۆز قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا مايمۇنلار دۇنياسىدا
دولقۇن كۆتۈرۈش دېگەن نەرسە بولمىغان. لېكىن، مايمۇنلار دۇن-
ياسىدا مەنسەپدارلارنىڭمۇ يوقلۇقى باشقا گەپ. ھەقىقەتەن ئەنە
شۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىپ ئارقىغا قايتىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا
ئېغىزمۇ ئېچىلمايدۇ، ماقالىمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن يوقىلىدۇ، بۇ
ئۇسۇلمۇ توغرا. ئەمما، يۇقىرىدىكى سۆزلەر نەزەرىيە نۇقتىسىدىن
قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇنى ئەمەلىي ئۇنۇم بېرىدۇ، دەپ ئېيتىش
يەنە تەس. بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى شۇكى، ھەتتا شۇ قەدەر
زالىم بولغان روسىيىدىمۇ نىكولاي II «ئەرشكە رىھلەت قىل-
غان» دىن كېيىن، رومانوفنىڭ «نەسلى ـ ۋەسلى قۇرۇپ»





كەتتى[292]. قىسقىسىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدىكى زور كەمچىلىك
شۇكى، ئىككى زور ياخشى ئۇسۇلدىن بىرى كەملىك قىلغان؛
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چەكلەشكە ئىلاج قىلالمىغان.

دېمەك، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز — ئەگەر ئاسماندا راستتىن
شۇنداق بىر «ئىگەم» بولىدىغان بولسا — شۇنداق نەپرەتلىنەرلىك-
كى، بىرىنچىدىن، ئۇ «ھاكىم» بىلەن «مەھكۇم» نى زادىلا ئېنىق
ئايرىمىغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ھاكىمدارلارغا ئىنچىكە بەل ھەرىگە
ئوخشاش زەھەرلىك نەشتەر بەرمىگەن؛ ئۈچىنچىدىن، مەھكۇملار-
نى ئىدىيە مەركىزى يوشۇرۇنغان بېشىنى چېپىپ تاشلىۋەتسىمۇ
ھەرىكەت قىلالايدىغان، يەنى خىزمەت قىلالايدىغان قىلىپ ياراتمىد-
غان. مۇشۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرەرىگە ئېرىشىپ قالسا، كاتتىلارنىڭ
ئورنى ئەبەدىي مۇستەھكەم بولۇپ قالغان، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق
قىلىشتىمۇ ئەبەدىي ھالدا ئۆز كۈچىنى ئىقتىساد قىلىپ قالغان،
شۇنىڭ بىلەن ئالەممۇ تىنچىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇنداق
بولۇشى ھازىرمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇ-
رۇپ، كاتتىلىقىنى ۋاقتىنچە ساقلاشنىلا ئارزۇ قىلىشىمۇ، بۇنىڭ
ئۈچۈن كۈندۈزى چارە ـ تەدبىرلەر قوللىنىشى، كېچىسى بۇ ھەقتە
باش قاتۇرۇشى كېرەك، شۇڭا بۇنداق باش قېتىنچىلىقنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقالمايدۇ...

ئەگەر ئادەم بېشى كېسىلىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنە خىزمەت
قىلالايدىغان ۋە ئورۇش ماشىنىسى بولۇپ ئىشلىيەلەيدىغان بولسا،
دۇنيادىكى ئەھۋال نەقەدەر ئالامەت بولغان بولاتتى! ئۇ چاغدا كاتتىد-
لارنى ۋە كىچىكلەرنى تەقدىرلەش ئۈچۈن تاجدار قالپاق ۋە مېدال
ياسىتىشقا ھاجەت قالماس ئىدى، بېشىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپلا
خوجايىن بىلەن قۇلنى، مەنسەپدار بىلەن رەئىيەنى، يۇقىرى بىلەن
تۆۋەننى، باي بىلەن گادايىنى پەرقلىۋالغىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئىنقىلاب، جۇمھۇرىيەت، كېڭەش، پالان ـ پوكۇن دېگەندەك
چاتاقلارمۇ چىقمىغان بولاتتى، پەقەت تېلېگراممىنىڭ ئۆزىلا نۇر-

غۇن ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى قىسقارتىپ بەرگەن بولاتتى. قەدىمكىلەر
هەر هالدا ئەقىللىق ئىكەن، ئۇلار شۇنداق نەرسىلەرنى بۇرۇنلا كۆز
ئالدىغا كەلتۈرگەنىكەن. «تاغ - دەريالار دەستۇرى» دېگەن كىتابتا
«شىڭتيەن» [293] دېگەن بىر غەلىتە مەخلۇق خاتىرىلەنگەن، ئۇ
پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان كاللىسى بولمىسىمۇ هايات يۈرەلەيدىكەن،
« ئەمچىكىنى كۆز، كىندىكىنى ئېغىز قىلىپ ئىشلىتىدىكەن» .
بۇ قالتىس تەسەۋۋۇر ئىكەن، ئۇنداق بولمىسا ئۇ قانداق كۆرەر
ئىدى، قانداق يەر ئىدى، ئۇ پىر قىلىۋېلىشقا ناهايىتى ئەرزىيدى-
كەن! ئەگەر بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ هەممىسى شۇنداق بولىدىغان
بولسا، كاتتىلار نەقەدەر خاتىرجەم بولغان، راهەت كۆرگەن
بولاتتىكىن؟! لېكىن ئۇ يەنە گويا ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۆز هەققىگە
قانائەت قىلمىسا كېرەك، «ﯘولىغا قالقان، پالتا ئېلىپ دوق قىلى-
دۇ» كەن، مېنىڭ هېلىقى مەخسۇسلا كاتتىلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن
پەرەز قىلىغان مۇددىئادىكى ياخشى ئەهلىمگە ئوخشاشمايدىكەن. تاۋ
چيەن [294] ئەپەندى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ: «شىڭتيەن قال-
قان بىلەن پالتىسىنى دوق قىلىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ باتۇرانە ئىرادى-
سى ئەبەدىي مەۋجۇت تۇرىدۇ» . دېمەك، مانا بۇ كەم ئۇچرايدىغان
پېشقەدەم دەرۋىش ئەدىبمۇ شۇنداق دېگەنىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا،
باش بولمىسىمۇ، باتۇرانە ئىرادە بولۇۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. دې-
مەك، كاتتىلارنىڭ تەختى - بەختىنىڭ ئامان تۇرۇشى هەرقاچان
قىيىن. لېكىن، ناهايىتى كۆپ «پەۋقۇلئاددە زىيالىيلار سىنىپى»
بار ئەلنىڭ ئېھتىمال ئادەتتىن تاشقىرى ئۈمىدى بولسا كېرەك؛
ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنىۋى مەدەنىيىتى ناهايىتى يۇقىرىلاپ كەتكەندىن
كېيىن مەنىۋى كاللىسى ئاۋۋال ئۇچۇپ كەتسە، چاغلىق ماد-
دىي كاللىسىنىڭ بار - يوقلۇقى ئانچىكى بىر مەسىلە بولۇپ قالسا
كېرەك.

1925 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى





# چىراغ تۈۋىدىكى ئەسلىمىلىرىم [295]

## 1

بىر چاغدا، يەنى مىنگونىڭ 23 - يىلى، بېيجىڭدىكى دۆلەت
بانكىلىرىنىڭ قەغەز پۇلىنىڭ ئىناۋىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلى-
نىپ قالدى، هالى ياخشىلىنىپ قالدى. تەڭگە پۇلغا ئاشىق بولۇپ
يۈرگەن يېزىلىقلارمۇ قەغەز پۇلنى ئېلىپ يۈرۈشكە ئاسان هەم
ئىشەنچلىك دەپ، ئۇنى ئالىدىغان، ئىشلىتىدىغان بولۇپ قاپتۇ؛
ئاز - پاز پەمى بار ئادەم — ئالاهىدە بىلىمدار زىيالىيلار سىنىپى
ئەمەسلەرمۇ ئېغىر تەڭگىلەرنى يوك قىلىپ، بىكاردىن - بىكار جاپا
تارتىپ يۈرمەيدىغان بوپتۇ. بۇ ئەهۋالغا قارىغاندا، كۈمۈشكە ئالا-
هىدە خۇمارى ۋە مۇهەببىتى بار ئادەملەرنى هېسابقا ئالمىغاندا،
هەممە ئادەم قەغەز پۇل تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچە مىل-
لىي قەغەز پۇل تۇتىدىغان بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. لېكىن،
ئەپسۇسكى، كېيىنكى كۈنلەردە بىردىنلا خېلى چوڭ پەشۋاغا
يولۇقتى.

يۈەن شىكەي [296] پادىشاهلىق تەختىگە چىقماقچى بولغان يىلى
سەي سۇڭپو [297] ئەپەندى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن بېيجىڭدىن
يۈننەنگە تىكىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ تەسىرى بىلەن بېيجىڭدا جۇڭگو
بانكىسى بىلەن قاتناش بانكىسى پۇلنى تېگىشىۋېلىشنى توختىتىپ
قويدى. شۇنداق بولسىمۇ هۆكۈمەت سودىگەرلەرنى قەغەز پۇلنى
ئىلگىرىكىدەك ئىشلىتىۋېرىشكە زورلاشقا قادىر ئىدى؛ لېكىن سو-
دىگەرلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئاماللىرى بار، ئۇلار قەغەز پۇلنى

ئالمايمىز دېمەيدىكەنۇ، ياندۇرۇپ بېرىشكە پارچە پۇلىمىز يوق، دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. نەرسە - كېرەك سېتىۋالاي دەپ 10 دوللارلاپ، 100 دوللارلاپ قەغەز پۇلنى كۆتۈرۈپ بارسىڭىز ئەھۋال قانداق بولاركىنتاڭ، بىرەر قەلەم، بىرەر پاچكا تاماكا سېتىۋالماقچى بولغان ئادەم ھەرگىزمۇ بىر دوللار تۆلىمەيدۇ - دە. نەدىمۇ ئۇنداق كۆپ تۆلىگۈدەك بىكار پۇل بولسۇن؟! ئارتۇقىغا تىيىن - داچەن ياندۇرۇپ بېرىلىك، بىرنەچچە تىيىن كەم بولسىمۇ مەيلى دېسىڭىز، سودىگەرلەر تىيىن - داچىنىم يوق دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىڭىزدىن قەرز سورىسىڭىز، ئۇلاردا نەق پۇل بارمىدۇر؟ شۇنىڭ بىلەن موھتاجلىقتا سالاپىتىڭىزدىن چۈشۈپ، ۋىتەنپەرۋەرلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، چەت ئەل بانكىلىرىنىڭ قەغەز پۇلىنى ئالىدىكەنسىز. لېكىن، شۇ چاغدا چەت ئەل بانكىلىرىنىڭ قەغەز پۇلى تەڭگە بىلەن باراۋەر بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ سىزگە قەرز بەرگەن قەغەز پۇلىمۇ نەق تەڭگە پۇل قەرز بەرگەنگە ئوخشاش بولۇپ قالىدىكەن.

ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ يانچۇقۇمدىمۇ جۇڭگو قاتناش بانكىسىنىڭ پۇلىدىن 30 — 40 دوللار بولسىمۇ، بىردىنلا گادايغا ئايلىنىپ، ئاچ قالغۇدەك ھالغا چۈشۈپ، خېلىلا ساراسىمە بولۇپ قالدىم. روسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن قەغەز رۇبلى ساقلىغان بايلارنىڭمۇ روھىي ھالىتى شۇنداق بولغان بولۇشى، بەلكى مېنىڭدىنمۇ بەكرەك ساراسىمىگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن قەغەز پۇلنى نەق تەڭگىگە زىيىنىغا تېگىشكىلى بولارمۇ دەپ سۈرۈشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، كەم سۇندۇرۇلغان باھا يوق ئىكەن. كېيىن، ئاخىر، يەڭ ئىچىدە باھا چىقىپتۇ: 60 نەچچە پىرسەنت كەم سۇندۇرۇپ تېگىشىپ بېرىدىكەن. مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى تېگىشىۋالدىم. كېيىن 70 پىرسەنتكە چىقتى، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ،





قەغەز پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى تەڭگىگە تېگىشىۋالدىم. شۇ تەڭگىلەر خۇددى پۈتۈن ھاياتىمنىڭ ۋەزنىدەك، يانچۇقۇمدا ئېغىر سىلىنىپ تۇردى. ئەگەر ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا، سەرراپلار بىر تىيىننى كەم بەرسىمۇ ھەرگىز ئۇنىمىغان بولاتتىم.

لېكىن، بىر خالتا تەڭگە يانچۇقۇمدا ئېغىر بېسىپ، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم ھەم خۇشال قىلىپ تۇرغاندا، كۆڭلۈمدە بىردىنلا باشقا بىر خىيال پەيدا بولدى: بىزنىڭ قۇلغا ئايلانمىقىمىز تولىمۇ ئاسان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قالتىس خۇشال بولۇپ كېتىدىكەنمىز.

ئەگەر بىر خىل زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، «ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىسە»، «ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئات - كالا قاتارىدىمۇ كۆرمىسە، بۇ ھېچ گەپ ئەمەسمىش؛ ئادەملەر ئات - كالىغا زوقلىنىپ، «سەرسانلىقتا قالغان ئادەم بولۇپ قالغاندىن كۆرە، خاتىرجەم ياشايدىغان ئىت بولغان ياخشى ئىكەن» دېگەن ھەسرەتكە چۈشكەندە، خۇددى يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى، باشقىلارنىڭ قۇلىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەردىن بىر دانە كالا تۆلىتىۋېلىنىدۇ[298] دەپ قانۇن چىقارغانغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ قىممىتى ئات - كالىنىڭ قىممىتىگە ئوخشاش دەرىجىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇ چاغدا ئادەملەر ئىچ - ئىچىدىن مەمنۇن بولۇپ، پەلەكنىڭ تىنچ - پاراۋانلىقىغا شۈكۈر قىلىدىغان ئوخشايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئادەملەر ئۇ چاغدا ئادەم قاتارىغا ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئات - كالا قاتارىغا ئۆتكەن - دە!

مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسەكلىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن، «پادىشاھ بېكىتكەن 24 تارىخ» نى ئوقۇپ كۆرۈشىمىزنىڭ ياكى تەتقىقاتخانىغا كىرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. كىچىك بالىلار دەرسلىك قىلىپ ئوقۇغان «ئىبرەتنامە» نى — ئەگەر ئۇنى ئېغىر كۆرسەك، «تارىخىي يىلنامە»[299] نى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساقلا،

«3000 نەچچە يۇز يىللىق كونا دۆلەت» دەپ تەرىپلەنگەن جۇڭخۇا
ئېلىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى ئەنە شۇنچىلىكلا بىرنەرسە
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. لېكىن، يېقىندىن بۇيان ئىشلەنگەن
«تارىخ دەرسلىكى» دېگەندەك بىرنېمىلەردىن ھېچقانچە بىرنەرسىنى
چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ كىتابلارغا قارىغاندا، بىز ئەزەلدىن
ياخشى ياشاپ كېلىۋېتىپتىمىشمىز.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو خەلقى ئەزەلدىن «ئادەم»لىك
قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولالىغان ئەمەس؛ ناھايىتى كۆپ بولسا
قۇل بولالىغان، ھازىرمۇ شۇنداق، لېكىن قۇلدىنمۇ تۆۋەن دەرىجە-
دە ياشىغان ۋاقىتلىرى ئاز ئەمەس. جۇڭگودا پۇقرا بىتەرەپ ياشاي-
دۇ، ئۇرۇش بولغان چاغلاردا ھەتتا ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرۇ-
ۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ۋەھالەنكى، ھەر ھالدا بىر تەرەپكە مەن-
سۇپ بولۇپ قالىدۇ. قاراقچىلار كەلسە، ھۆكۈمەت تەرەپكە مەن-
سۇپ بولۇپ قالىدۇ - دە، تالان - تاراجقا مەھكۇم بولىدۇ؛
ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كەلگەندە، ئەمدى ئۆز ئادەم بولۇپ قالارمىز
دەپ تۇرسا، يەنىلا گويا قاراقچىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەندەك
قارىلىپ، تالان - تاراجقا مەھكۇم بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، پۇقرا-
لار بىزنى ئۆزىگە پۇقرا قىلىپ، بېشىمىزنى سىلايدىغان بىر قارار
ئىگە چىقسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىدۇ — ياق، ئۇنداق ئەمەس. بىزنى
ئات - كالا ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ يەم - بوغۇز تېپىپ
يېيىش مەيلىمىزگە قويۇۋەتسىكەن، پەقەت قانداق ئويناقلاپ يۈگۈ-
رۈشىمىزنىلا ئىدارە قىلسىكەن، دەيدۇ.

ئەگەر ھەقىقەتەن بىراۋ بىرەر قۇللۇق قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ
ئۇلارنى ئىدارە قىلىدىغان بولسا، «ئىلتىپاتىڭغا شۈكۈر» دەيدىغان-
لىقى تەبىئىي. ئەپسۇسكى، تولا چاغلاردا شۇنداق ئىدارە قىلىدىغان-
لار چىقماي قالدى. چوڭراقلىرىنى ئېلىپ ئېيتسام، بەش يات
مىللەت ۋە 16 دۆلەت[300] دەۋرىدە، بەش سۇلالە[301] دەۋرىدە،





سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، بۇرۇنقىدەك
باج - سېلىق تۆلەپ تۇرغاندىن تاشقىرى، كۈتۈلمىگەن بالايىئاپەت-
لەرگە ئۇچراپ تۇردى. جاڭ شيەنجۇڭ مىجەزدە تېخىمۇ غەلىتە
ئادەم ئىدى، ئۇ باج - سېلىق تۆلىمىگەنلەرنىمۇ ئۆلتۈردى، قارشى
تۇرغانلارنىمۇ ئۆلتۈردى، تەسلىم بولغانلارنىمۇ ئۆلتۈردى، تۆلە-
گەنلەرنىمۇ ئۆلتۈردى، دېمەك، قۇللۇق قانۇن - قائىدىلىرىنى
تارمار قىلدى. ئەنە شۇ چاغدا پۇقرالار قۇللۇق قانۇن - قائىدىلىرى-
مىزنى بىرئاز نەزەردە تۇتىدىغان باشقا بىر ئىگە چىقىپ، مەيلى
كونىسى بولسۇن، مەيلى يېڭىدىن ئېلان قىلسۇن، ھەرھالدا بىرەر
قانۇن - قائىدىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بىزنى قۇللۇق يولىغا
سالسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلدى.

«زالىملارنى يوقاتمىغۇچە سەنمۇ، مەنمۇ تۈگەيمىز!» دېگەن
گەپ جان ئاچچىقىدا ئېيتىلغان گەپ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق پىداكار-
لار كۆپ بولمىدى. ئەكسىچە، زالىملارنىڭ زۇلمى، پاراكەندىچى-
لىكى چېكىگە يەتكەندىن كېيىن، بىرئاز كۈچ - قۇدرىتى بار ياكى
بىرئاز چېچەن ۋە ياكى بىرئاز ھىيلىگەر ۋە ياكى يات مىللەتتىن
بولغان بىرەر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەلنى بىرئاز تەرتىپلىك
ھالدا تىنچىتقان. ئالۋان - ياساق تۆلەش، باش ئۇرۇپ تەزىم
قىلىش، سەلتەنەتكە مەدھىيە ئوقۇش قائىدىلىرىنى بەلگىلەپ بەر-
گەن؛ شۇ قانۇن - قائىدىلىرىنى ھازىرقىدەك دائىم ئۆزگەرتىپ
يۈرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن «ئەل شادلىققا چۆمدى» بولغان؛ تۇراق-
لىق ئىبارە بويىچە ئېيتساق، «جاھان تىنچىدى» بولغان.

سۆلەتۋازلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ئالىملار قانداق ھەشەمەت
قىلسا قىلىۋەرسۇن، تارىخ تۈزگەندە «خەنزۇلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان
دەۋرى»، «خەنزۇلارنىڭ گۈللەپ - ياشنىغان دەۋرى»، «خەنزۇ-
لارنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى» دېگەندەك چىرايلىق ماۋزۇلارنى
قويۇۋەرسۇن، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىگە تەشەككۈر، ئەلۋەتتە؛

لېكىن سۆزنى تولىمۇ ئەگىتىۋەتكەن، ئۇنىڭدىنمۇ ئوچۇق - ئاشكارا ئىبارە مانا مۇنداق:

(1) قۇل بولىمەن دەپ بولالمىغان دەۋر؛

(2) قۇل بولۇپ ۋاقىتىنچە كۆڭۈل تىنغان دەۋر.

بۇنداق دەۋر قىلىش «پېشۋا رايىش ئۆلىما»لارنىڭ «بىر ئامانلىق، بىر مالىمانلىق بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەنلىرىنىڭ دەل ئۆزى؛ مالىمان پەيدا قىلىدىغان كىشىلەرنى كېيىنكى كۈنلەردىكى «پۇقرا»لار «خوجايىن»لىرىغا يول راسلاپ بەرگەن دەپ قارىغان. «يول راسلاپ، پادىشاھنى كۈتۈۋېلىش» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

هازىرقى دەۋر ئەنە شۇ دەۋرلەرنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكىنى مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن، مىللىي تەۋەررۇكشۇناسلارنىڭ مىللىي تەۋەررۇكلىرىگە چوقۇنۇۋاتقانلىقىغا، ئەدىبلەرنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەدەنىيەتنى مەدھىيىلەۋاتقانلىقىغا، تەرەققەتچىلەرنىڭ كونىلىقنى تىرىلدۇرۇشكە جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ هازىرقى هالەتتىن نارازى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. هالبۇكى، بىز هازىر قايسى يولغا قاراپ كېتىۋاتىمىز؟ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالغاندا، پۇقرانىڭ بايراقلىرى كونسېسسىيىگە كۆچۈپ كىرىۋالىدۇ. تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇللار چېركاۋ - ئىبادەتخانىلارغا قېچىپ كىرىۋالىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرلەر خېلى «خاتىرجەم»رەك بولۇپ، ۋاقىتىنچە قۇل بولۇپ تۇرۇشقا يارايدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار، ئاپەتتىن قاچىدىغانلار، دىتى - پەمى يوق نادانلار بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇنقى تىنچ - پاراۋان زامانغا، يەنى «قۇل بولۇپ ۋاقىتىنچە كۆڭۈل تىنغان دەۋر»گە زوقلانغان.

لېكىن، بىزمۇ قەدىمكى ئادەملەرگە ئوخشاش، «قەدىمدىن





بار» بولغان دەۋردىن مەڭگۈ مەمنۇن بولۇپ كېتىۋېرەمدۇق؟ قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەرگە ئوخشاش، هازىرقىدىن مەمنۇن بولالمىغان چېغىمىزدا بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرىكى تىنچ - پاراۋان دەۋرگە تەلپۈنەمدۇق؟

ئەلۋەتتە، هازىرقىدىنمۇ مەمنۇن بولمايمىز، لېكىن ئارقىمىزغا تەلپۈنمەيمىز، چۈنكى ئالدىمىزدا يول بار. بىراق، جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان شۇنداق ئۈچىنچى خىل دەۋرنى يارىتىش — ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى!

## 2

لېكىن، جۇڭگونىڭ كونا مەدەنىيىتىنى مەدھىيىلەيدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللىكلەرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مەن دائىم مۇنداق ئويلايمەن: جۇڭگوغا كەلگەن ئادەملەر ئەگەر جۇڭگودىن سەسكەنسە، يىرگەنسە، ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتاتتىم، چۈنكى شۇنداق كىشىلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشى ناتايىن!

خېجيەنيۇپۇ[302] ئەپەندى «بېيجىڭنىڭ جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە، ئاق تەنلىك بىر ئادەمنىڭ جۇڭگوغا كەلمەكچى بولغانلىقىنى، جۇڭگودا بىر يىل تۇرىمەن دېگەن قارارغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا بېيجىڭدىن كەتمىگەنلىكىنى، قايتىپ كەتكۈسى كەلمىگەنلىكىنى يازغان. بىر كۈنى ئۇلار كەچكى تاماقتا بىللە بولۇپ قاپتۇ.

«گۈللۈك يۇمىلاق شىرە ئالدىدا ئولتۇرغانىدۇق، ئاجايىپ غەلىتە ئېسىل تاماقلار كەينى - كەينىدىن ئالدىمىزغا قويۇلدى؛ پارىڭىمىز قەدىمكى يادنامىلەردىن، سىزما رەسىملەردىن، سىيا-

سەتتىن باشلىنىپ كەتتى. چىنچە ئاباژورلار ئىسلىغان ئېلېكتر
چىراغلىرى قەدىمكى يادنامە — تەۋەررۈك بۇيۇملار تىزىلغان ھۇج-
رىغا نۇر چېچىپ تۇراتتى، proletaiat— پرولېتارىيات دېگەن گەپ-
لەر بۇ ھۇجرىدا گويا قەيەرلەردىدۇر گۇركىرەپ چىقىۋاتقان بورانغا
ئوخشايتتى.

مەن چىن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرۇپ،
چەت ئەللىكلەرنى جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتى بولغان ھېلىقى
نەرسىلەر ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ قالدىم. موڭغۇللارمۇ چىننى
بويسۇندۇرغانۇ، خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكىگە بويسۇن-
غان؛ مانجۇلارمۇ چىننى بويسۇندۇرغانۇ، خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇر-
مۇش گۈزەللىكىگە بويسۇنغان؛ ياۋروپالىقلارمۇ شۇنداق، ئۇلار
ئاغزىدا Democracy— دېموكراتىيە دېسىمۇ، لېكىن چىن خەلقى-
نىڭ 6000 يىل مابەينىدە بارلىققا كەلتۈرگەن تۇرمۇش گۈزەللى-
كىگە جەلپ بولۇپ كەتكەن، بېيجىڭدا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ
بۇ يەردىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئۇنتۇيالمىغان. قارا بوران
چىققاندا كۆتۈرۈلگەن ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزانلارمۇ، قومان-
دانلارنىڭ ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم باشلايدىغان ئۇرۇشلىرىمۇ چىن
تۇرمۇشىنىڭ ئەنە شۇ جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىۋېتەل-
مىگەن.»

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە ھازىرچە ئىقتىدار-
سىزمەن. بىزنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەر، دانىشمەنلىرىمىز بىزگە
قەدىمكىنى قوغداپ، كونىلىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك
سۆزلەرنى ھەدىيە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىستېلاچىلار شەن-
گە پەرزەنتلىرىمىزنى، مال - دۇنيالىرىمىزنى نېمەت قىلىپ بېرى-
دىغان چوڭ زىياپەتنىمۇ ھازىرلاپ قويغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەم-
گەكچانلىقىمۇ، كۆپ بالىلىقلىقىمۇ زىياپەت ماتېرىيالى بولۇپ قال-
غان، بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز ھەتتا تا ھازىرغىچە شۇنىڭ بى-





لەن پەخىرلەنمەكتە. پەرەڭلەر جۇڭگوغا يېڭى كەلگەندە يات بەدەۋى-
لەر دەپ ئاتالغان، ئۇلارغا ھومىيىپ قارالغان بولسا، مانا ئەمدى
ۋاقتانىۋاق كېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا شىمالىي ۋېي، جىن، يۈەن، چىڭ
سۇلالىسى خانلىرىغا بېغىشلىغان زىياپەتلىرىمىزنى ئۇلارغا (پەرەڭ-
لەر) بېغىشلاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر يەرگە بارماقچى
بولسا ماشىنا تەييار، يول ئۈستىدە مۇھاپىزەتچىسى بار؛ يولنى
سۈپۈرۈۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسىمۇ دەخلىسىز كېتىۋې-
رىش ئەركىنلىكى بار؛ مۇبادا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ قالسا،
كەم - كۈتىسىز تۆلىتىۋالالايدۇ؛ سۇن مياۋ[303] ئۇلارنى بۇلاپ
كېتىپ ۋوگزالدا تۇرغۇزۇپ قويغان چاغدىمۇ ھۆكۈمەت ئەسكەرلى-
رى ئۇلارغا ئوق چىقىرالمىغانغۇ! ئۇلارنىڭ ئېسىل ئۆيلەردە كاتتا
زىياپەت بىلەن مەززە قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى دېمەمسىز تېخى!
ئۇلارنىڭ كاتتا زىياپەت بىلەن مەززە قىلىپ ئولتۇرغان ۋاقتى،
تەبىئىيكى، جۇڭگونىڭ ئەسلىي مەدەنىيىتىنى مەدھىيىلىگەن ۋاق-
تى. لېكىن، بىزنىڭ بەزى غاپىل ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز، مانا ئەمدى
ئۇلار جۇڭگوغا ئاسسىمىلياتسىيە بولىدىغان بولدى دەپ، خۇشال
بولغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قىز - چوكان-
لارنى ئامانلىق قورغىنى قىلىۋالغانىكەن ۋە بۇ ئۇسۇلنى ئۆزلىرىنى
بەزلەيدىغان چىرايلىق نام بىلەن «قۇدىلىشىش» دەپ تەرىپلىگەن-
كەن؛ ھازىرقى ئادەملىرىمىزمۇ قىز - چوكانلارنى، پۇل - مالنى
قۇللۇق سوۋغىسى قىلىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئۇسۇلنى چىرايلىق نام بىلەن
«ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش» دەپ تەرىپلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئەگەر چەت ئەللىكلەردىن بىراۋلار زىياپەتكە داخىل بولۇش سالاھى-
يىتىگە ئېرىشكەن ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھالىتىنى
بىزنىڭ ئورنىمىزدا قارغايدىغان بولسا، ئەنە شۇنى ھەقىقىي ئىن-
ساپى بار، تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىشقا مۇناسىپ ئادەم ئىكەن،
دەيمەن!

لېكىن، ئېسىلزادىلەر — تېگى پەسلەر، ئۇلۇغلار —
ئۇششاقلار، تۆردىكىلەر — پەگاھدىكىلەر دەپ ئۆزىمىز ئايلىقاچان
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمىز. باشقىلارغا خورلىنىدىغانمۇ ئۆزىمىز،
باشقىلارنى خورلايدىغانمۇ ئۆزىمىز؛ باشقىلارغا يەم بولىدىغانمۇ ئۆ-
زىمىز، باشقىلارنى يەم قىلىدىغانمۇ ئۆزىمىز. دەرىجىمۇدەرىجە نۇق-
تىلىنىپ، قىمىر قىلالماس ۋە قىمىر قىلغۇمىزمۇ كەلمەس بولۇپ
كەتكەنمىز. چۈنكى، قىمىر قىلىدىغان بولساق، گەرچە پايدىسى
تەگسىمۇ، لېكىن زىياندىن خالىي بولالمايمىز. ئەمدى قەدىمكىلەر-
نىڭ ئېسىل چارە ۋە ياخشى نىيەتلىرىگە قاراپ باقايلى —

«ئاسمان ئارا ئون قۇياش بار، بەندىلەر ئارا ئون تەبىقە.
تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىدىكىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلۇر، يۇقىرى-
دىكىلەر بىر تەڭرىگە سېغىنۇر. دېمەك، پادىشاھ ئەمىرنى
خىزمەتكە سالۇر، ئەمىر تۆرىنى خىزمەتكە سالۇر، تۆرە مىر-
زىنى خىزمەتكە سالۇر، مىرزا مىراقۇلنى خىزمەتكە سالۇر،
مىراقۇل مۇلازىمنى خىزمەتكە سالۇر، مۇلازىم دورغىنى خىز-
مەتكە سالۇر، دورغا غۇلامنى خىزمەتكا سالۇر، غۇلام چاكارنى
خىزمەتكە سالۇر، چاكار خاكسارنى خىزمەتكە سالۇر» («زو
چيۇمىڭ يىلنامىسى»، جاۋگۇڭنىڭ 7 - يىلى). لېكىن،
«خاكسار» نىڭ خىزمەتكارى بولمىسا هالى تولىمۇ قىيىن بول-
مامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. ئۆزىدىن-
مۇ پەس تۇرىدىغان خوتۇنى، ئۆزىدىنمۇ ئاجىز بالىسى بار.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىسىنىڭمۇ ئىستىقبالى بار، ئۇ كەلگۈسىدە
چوڭ بولۇپ «خاكسار» لىق دەرىجىسىگە يەتكەندە ئۆزىدىنمۇ
پەس، ئۆزىدىنمۇ ئاجىز خوتۇن - بالىلىق بولۇپ، ئۆز خىز-
مىتىگە سالىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق دەۋر قىلىپ كېتىۋېرى-
دۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا نېسىۋىسى بولىدۇ، كىم-





كى بۇنىڭغا مۇخالىپ كېلىدىغان گەپ - سۆز قىلىدىكەن،
ئۇ شۇكۇر - قانائەتسىز دېگەن بەتنامغا قالىدۇ!

بۇلار بۇرۇنقى ئىش بولسىمۇ، جاۋگۇڭنىڭ 7 - يىلىدىن
هازىرغىچە تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما «كوند-
لىقنى تىرىلدۈرگۈچى» لەر قايغۇغا چۈشۈپ كەتمىسۇن. تىنچ -
پاراۋانلىق يوق ئەمەس؛ دائىم ئۇرۇش بالاسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛
سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ لېكىن بۇ
ئاھ - زارغا قۇلاق سالىدىغان ئادەم چىقتىمۇ؟ ئۇرغان ئۇرغانىنىڭ،
سوققان سوققانىنىڭ بولۇۋاتسا، گەپ - سۆز قىلىدىغان ئەزىمەت
چىقتىمۇ؟ ئۆز خەلقىگە زالىملىق قىلىش، چەت ئەللىكلەرگە قول
باغلاپ تۇرۇش — بۇ، ئەزەلدىن قالغان ئۇدۇم ئەمەسمۇ؟ جۇڭگو-
نىڭ ئەسلىي مەنىۋى مەدەنىيىتى، ئەمەلىيەتتە، «جۇمھۇرىيەت»
دېگەن سۆز بىلەن كۆمۈلۈپ قالمىغانىدى، مانجۇلار تەختتىن
چۈشۈشتىن كېيىنلا ئىلگىرىكىدىن سەل - پەل پەرقلىق بولۇپ
قالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز هازىرمۇ ھەر خىل زىياپەتلەرنى ئۆز
كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز: پەش گۆش قورۇمىسى، توخۇ شور-
پىلىرى بار؛ مىللىي تاماق بار، ياۋروپاچە تاماقمۇ بار. لېكىن،
كەپە ئىچىدە، ساتما ئۆيلەردە ئۇماچمۇ بار، يول بويلىرىدا تۆكۈپ
تاشلانغان قالدى - قاتتى تاماقلارمۇ بار، تالا - تۈزدە ئاچلىقتىن
ئۆلگەنلەرمۇ بار. پەش گۆش قورۇمىلىرىنى يەپ، ياغ چايناپ،
پۇلىنى تۆلىمەيدىغان دۆلەتمەنلەر بار؛ ئاچلىقتىن يېرىم جان بولۇپ
قالغان، جىڭى سەككىز تىيىن دەپ پەي قىستۇرۇلغان بالىلار[304]
مۇ بار («هازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ 21 - سانىغا قاراڭ).
جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى دېگەن نېمە ئەمەلىيەتتە دۆلەتمەنلەر ئۈچۈن
ئادەم گۆشىدىن تەييارلانغان زىياپەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، جۇڭ-

گو بولسا، ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ ئادەم گۆشىدىن زىياپەت تەييارلايدىغان ئاشخانا دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئەھۋالنى بىلمەي مەدھىيە ئوقۇغانلارنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ مەدھىيە ئوقۇغانلارنى بولسا مەڭگۈ قارغاش كېرەك!

چەت ئەللىكلەرنىڭ بىلمەستىن مەدھىيىلەپ قويغانلىرىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ؛ كاتتا ئورۇنغا چىقىۋېلىپ راھەت كۆرگەنلىكتىن كۆڭلى قارىلىق قىلىپ مەدھىيىلىگەنلەرنىمۇ ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى خىل ئادەم بار، ئۇلارنىڭ بىرى، جۇڭگو ئادەملىرى نەسلى پەس خەلق، ئەسلى نەسلى بويىچە ياشاشقىلا مۇناسىپ دەپ قاراپ، جۇڭگونىڭ كونا نەرسىلىرىنى غەرەزلىك مەدھىيىلەيدۇ. يەنە بىرى، ئۆزلىرىنىڭ سەيلە - ساياھەت ھەۋىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاش بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ، جۇڭگوغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچنى، ياپونىيىگە بېرىپ ياغاچ كەشنى، كورىيىگە بېرىپ بورا قالپاقنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ كىيىنىشى - ياسىنىشى ئوخشاش بولۇپ قالسا پەيزى قالمايدۇ - دە! شۇڭا ئۇلار ئاسىيانىڭ ياۋروپالىششىغا قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. رۇسسىلنىڭ[305] شىخۇ كۆلى بويىدا رىكشىچىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئادەملىرىنى مەدھىيىلىگەنلىكىگە كەلسەم، ئۇنىڭدا باشقا غەرەز بولۇشى ئېھتىمال. بىراق، رىكشىچى رىكشىدا ئولتۇرغان ئادەمگە كۈلۈمسىرىمەي مۇئامىلە قىلالايدىغان بولسا، جۇڭگومۇ ھازىرقىدەك تۇرۇۋەرمىگەن بولاتتى.

بۇ مەدەنىيەت چەت ئەللىكلەرنى مەپتۇن قىلىش بىلەنلا قالماستىن، جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ مەپتۇن قىلىپ ھەتتا كۈلۈمسىرىتىپ كەلمەكتە. چۈنكى، قەدىمدىن تارتىپ ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان، ھازىرمۇ مەۋجۇت تۇرغان پەرقلەر كىشىلەرنى





بىر - بىرىدىن ئايرىپ، بىر - بىرىنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان قىلىپ قويماقتا؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ئادەم باشقىلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىش، باشقىلارنىڭ گۆشىنى يەۋېتىش ئارزۇسىدا بولغاچقا، ئۆزىنىڭمۇ كېيىنكى كۈنلەردە قۇل بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، يېيىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. دېمەك، ئادەم گۆشى زىياپىتى، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە سان - ساناقسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە، ئادەملەر ئەنە شۇ سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ گۆشىنى يېمەكتە، باشقىلارغا يەم بولماقتا؛ خوتۇن - قىزلار، كىچىك بالىلار بۇياقتا تۇرسۇن، غۇربەتچىلىكتە قالغان ئاجىزلارنىڭ داد - پەريادلىرىنى خۇنخورلارنىڭ تەلۋىلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى بېسىپ چۈشمەكتە.

ئەنە شۇنداق ئادەم گۆشى زىياپىتى ھازىرمۇ بار، بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇش كويىدا يۈرمەكتە. شۇنداق خۇنخورلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، شۇنداق زىياپەت سورۇنلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاش — ھازىرقى ياشلارنىڭ بۇرچى!

1925 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# پارچە ئەسلىمىلەر[306]

## 1

بەزىلەر، بايروننىڭ[307] شېئىرلىرىنى كۆپىنچە ياشلار قىزد-
قىپ ئوقۇيدۇ، دېيىشىدۇ؛ مېنىڭچە، بۇ گەپتە خېلى ھەقىقەت
بار. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرد-
نى ئوقۇغاندا، كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ھې-
لىمۇ ئېسىمدە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېشىغا گۈللۈك ياغلىق چىگىپ،
گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماڭغان ۋاق-
تىدىكى رەسىمىنى[308] كۆرگىنىمدە ئالاھىدە جانلىنىپ كەتكەنىد-
دىم. بۇ رەسىم بۇلتۇر «ھېكايىلەر ژۇرنىلى»[309] ئارقىلىق جۇڭ-
گوغا كىرگەن. مەن ئىنگلىزچە ئوقۇمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ شېئىر-
لارنىڭ تەرجىمىسىنىلا كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم. يېقىنقى
كۈنلەردىكى گەپ ـ سۆزلەردىن قارىغاندا، تەرجىمىسى گەرچە خې-
لى يامان ئەمەس بولسىمۇ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەسمىش. ئەمما، ئۆز
ۋاقتىدا ھەممىمىزنىڭ نەزىرى ھازىرقىدەك ئۈستۈن ئەمەس ئىدى،
شۇڭا تەرجىمىسىنى كۆرۈپ چىققىنىمدا، ياخشى تەرجىمە قىلىنىپ-
تۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بەلكى بۇ مېنىڭ ئەسلىي يېزىقنى ئوقۇمىغاند-
لىقىم ئۈچۈن سېسىق ئەمەننى ئەتىرگۈل ئىكەن دەپ قارىغانلىقىم
بولسا كېرەك. «يېڭى رىم رىۋايەتلىرى»[310] دىكى تەرجىمىسىمۇ
بىر مەزگىل ئېقىپ يۈردى. ئۇنىڭدا sappho دېگەن سۆزنىڭ «سا-
جى فۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ياپونچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە
قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

سۇ مەنشۇ[311] ئەپەندىمۇ بىرنەچچە كۇپلېتنى تەرجىمە قىلغا-





نىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى «سازچىغا سالام» دېگەن شېئىرىنى
يازمىغان بولغاچقا، بايرون بىلەن ئاز ـ تولا ئالاقىسى يوق ئەمەس.
بىراق، شېئىرنى بەكمۇ قەدىمىي شەكىلدە تەرجىمە قىلغان، بۇ
ئېھتىمال جاڭ تەييەن ئەپەندىنىڭ قەلىمى تەگكەنلىكتىن بولسا
كېرەك، شۇڭا ھەقىقەتەن قەدىمىي شېئىرلارغا ئوخشاپ چىققان،
ئەمما كەڭ تارقالماي قالغان. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇن ھەل
بىلەن ئىمزا قويۇلغان يېشىل تاشلىق «ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇنا-
سىۋەت» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. ھازىرقى كۈندە مۇشۇ كى-
تابمۇ كۆزگە چېلىقماس بولۇپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە، شۇ ۋاقىتلاردا بايروننىڭ جۇڭگولۇقلارغا تونۇلۇ-
شىدا باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، يەنى ئۇنىڭ گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىل-
لىق كۈرىشىگە ياردەمدە بولغانلىقى سەۋەب بولغان. ئۇ ۋاقىتلار
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، بىر قىسىم جۇڭگو
ياشلىرىنىڭ قەلبىدە ئىنقىلابىي پىكىرلەر ئەۋج ئالغانىدى. ئىشقى-
لىپ، ئۆچ ئېلىش ۋە قارشىلىق بىلدۈرۈش كېرەك دېگەن سادالار
ئاسانلا تەسىر قىلاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا مەن بىلىدىغان كىشىلەردىن
يەنە پولشالىق ئىنتىقامچى شائىر Adam Mikiewicz، ۋېنگرىيىلىك
ۋەتەنپەرۋەر شائىر Petofi Sandor[312]، ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى تەرد-
پىدىن ئۆلتۈرۈلگەن فىلىپپىنلىق ئەدىب، رىزال[313] — ئۇنىڭ
بوۋىسى جۇڭگولۇق، جۇڭگودىمۇ ئۇنىڭ «ئەجەل»
شېئىرى تەرجىمە قىلىنغان — قاتارلىق كىشىلەر بار
ئىدى. Hauptmann[314]، Sudermann، Ibsen قاتارلىق كى-
شىلەر ناھايىتى مەشھۇر بولسىمۇ، بىز ئانچىۋالا قىزىقمايتتۇق.
بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلار پۈتۈنلەي
مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ساقىندى ئەدىبلەرنىڭ ئە-
سەرلىرىنى، مانجۇلارنىڭ ۋەھشىي زوراۋانلىقلىرى توغرىسىدىكى
خاتىرىلەرنى توپلاپ، دۇڭجىڭ ياكى باشقا جايلاردىكى كۇتۇپخانىلار-

غا كىرىۋېلىپ كۆچۈرۈپ چىقاتتى، باساتتى. ئاندىن جۇڭگوغا كىرگۈزەتتى، ئۇلارنىڭ ئۇنتۇلغان كونا دەردلىرىنى ئەسلەپ، ئىنقىلابقا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن «ياڭجۇدىكى 10 كۈن»[315]، «جىيادىڭ يىلىدىكى قىرغىنچىلىق»[316]، «جۇ شۇنشۇي ئەسەرلىرى»[317]، «جاڭ ساڭشۇي ئەسەرلىرى»[318] قاتارلىق كىتابلار كۆچۈرۈپ بېسىلدى، بۇنىڭدىن باشقا «خۇاڭ شياۋياڭنىڭ تىرىلىشى»[319] ۋە باشقا پارچە ئەسەرلەرنىڭ توپلىمىمۇ بار ئىدى، مەن ھازىر ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ بېرەلمەيمەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزلىرىنى باتۇر دەپ ئاتىشىۋالغان «مانجۇلارنى قوغلىغۇچى»، «مانجۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈچى» دېيىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇنداق چىرايلىق ناملار ئەمەلىيەتتىكى ئىنقىلاب بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى يورۇقلۇققا تەلپۈنۈشنىڭ قانچىلىك ئەۋجىگە چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەھرىمانلارچە ناملارلا ئەمەس، قايغۇ - ئەلەم بىلەن تولغان شېئىرلارمۇ پەقەتكىنە قەغەز يۈزىدىكى نەرسىلەر بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسا كېرەك. بەلگىلىك تەسىرى بار دېيىلسە، باشقا بىر پاتمان گەپلەر «ئىنقىلاب پېشكىسى زو رۇڭ» يازغان «ئىنقىلاب قوشۇنى»[320] دېگەن شېئىرنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە يارىماس، ئېھتىمالىم.

## 2

ئىنقىلاب باشلانغاندىن كېيىن بولسا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۆچ ئېلىش ئىدىيىسى ئاجىزلاپ كەتتى. مېنىڭچە، بۇنىڭغا ئاساسەن كۆپچىلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە كۆزى يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن «مەدەنىي-





لىك» دورىسى ئىچىۋالغانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك، شۇڭا دەھشەتلىك ئۆچ ئالمايدىغان بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇ ۋاقىتلاردىكى مەدەنىيلىك مىللىي مەدەنىيلىك ئەمەس، ئەجنەبىيلەرچە مەدەنىيلىك ئىدى. ئاتالمىش جۇمھۇرىيەت دېگەنلىرىمۇ جۇ - جاۋ جۇمھۇرىيىتى[321] شەكلىدىكى جۇمھۇرىيەت بولماستىن، بەلكى ئامېرىكا ۋە فرانسىيىچە جۇمھۇرىيەت ئىدى. ئىنقىلابچىلارمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ شان - شەرىپىنى ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، شۇڭا ئەسكەرلىرىمۇ بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن شۇغۇللانمىغان. نەنجىڭدىكى باندىت ئەسكەرلەر ئانچە - مۇنچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، خۇاڭ شىڭ[322] ئەپەندى قاتتىق غەزەپلىنىپ نۇرغۇن ئەسكەرنى ئېتىۋەتكەن؛ كېيىن، باندىت ئەسكەرلەرنىڭ ئېتىشتىن قورقماي، كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئېسىپ قويۇشتىن قورقىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، جەسەتنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ئارغامچا بىلەن دەرەخكە ئېسىپ قويغان. مەن ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ قاراۋۇلى مەن سىرتقا چىقىدىغان چاغدا مىلتىقلىق سالام بەرگەندىن كېيىن، دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشۈپ كىيىملىرىمنى ئالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھادىسە يۈز بەرمىگەن. يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ خېلىلا سىلىق بولغان.

نەنجىڭ بولسا ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغاچقا مەدەنىيلىككە قىل سىغمايدۇ. ئەمما، بۇرۇن مانجۇلار ئولتۇرغان جايغا بېرىپ قارىسام، پۈتۈنلەي ئەسكى خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. پەقەتلا فاڭ شياۋرۇنىڭ قېنى تامغان تاش شىپاڭلا[323] ساق قاپتۇ. ئۇ يەر ئەسلىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسى ئىكەن، مەن ئوقۇغۇچى ۋاقتىلىرىمدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاتلىق ئۆتكەنىدىم. ئۇ ۋاقىتتا بىرنەچچە بەڭۋاش بالىلار ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتقان ۋە تاش ئېتىۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى: سەنلەر بۇ يەرگە كېلىشكە يارىمايسەن، دېمەكچىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئىل-

گىرىدىن تارتىپ بولۇپ كەلگەنمىش. ھازىر بولسا ئەھۋال پۈتۈنلەي
باشقىچە، ئولتۇراق ئاھالە يوق دېيەرلىك؛ ئاندا - ساندا بىرنەچچە
ئەسكى ئۆيلەر ئۇچرىغاندىمۇ ئىشىك - دېرىزىلىرى يوق ئىدى؛
ئىشىكلىرى بارلىرىنىڭ بولسا ئەسكى قەلەيلەردىن ياسالغان، چىش
كولىغۇدەك ياغاچتىن ئەسەر قالمىغان.

ئۇنداقتا، شەھەرنى قولغا ئالغاندا، خەنزۇلار ئۆچ ئېلىش
ۋاستىلىرىنى تولۇق ئىشقا سالغانمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەھ-
ۋالدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇش مەزگىلىدە
شەھەرنىڭ ئانچە - مۇنچە زىيانغا ئۇچرىشى تۇرغان گەپ، ئىنقىلا-
بىي قوشۇن شەھەرگە كىرىش بىلەنلا، تۇغلۇقلار[324] قوشۇنىدىكى
بەزى كىشلەر قەدىمىي رەسمىيەتلىرى بويىچە شېھىت بولىمىز
دەپ، ئۆزلىرىنى ئۆلتۇرۇش ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسىنىڭ خارابلاش-
قان ئوردىسىدا پارتلىتىش دورىسىنى پارتلاتقان، دەل شۇ پەيتتە
يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسى ئۇ-
لار بىلەن بىللە ئۆلگەن. ئىنقىلابىي قوشۇن ئۆز كۆڭلىدە، مىنا
كۆمۈپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ دەپ ئويلاپ، ئوردا ئۆيلىرىگە ئوت
قويغان، ئەمما كۆيمەي قالغان ئۆيلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. كېيىن
ئۇلار ئۆزلىرى تۈتۈش قىلىپ، ئۆينىڭ ياغاچ - تاشلىرىنى چۇۋۇپ
ئېلىپ ساتقان. ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭكىنى چۇۋۇغان، ئۆيلەر چۇۋۇ-
لۇپ چىش كولىغۇدەك ياغىچى قالمىغاندىلا تاشلاپ كەتكەن. شۇنىڭ
بىلەن بىزگە بىر پارچە خارابىلىك قالغان — بۇلار مېنىڭ ئاڭلىغان-
لىرىم، راست بولۇشى ناتايىن.

مۇشۇنداق مەنزىرىنى كۆرگىنىڭىزدە، «ياڭجۇدىكى 10 كۈن»
پېشانىڭىزدە ئېسىقلىق تۇرسىمۇ، ھېچقانچە غەزەپلەنمەسسىز؟! مې-
نىڭچە، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەنزۇلار بىلەن مانجۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى يامان تەسىراتلار خېلىلا تۈگەپ كەتكەندەك قىلى-
دۇ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ چېگراسىمۇ بۇرۇنقىدىن بوشىشىپ





قالدى. شۇنداقتىمۇ، «گۇناھى ئېغىر»[325] جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەھ-
ۋالى بىر يىلغا يەتمەيلا يەنە تەتۇرسىگە ياندى: ئۇدۇمنى ساقلىغۇ-
چىلارنىڭ قۇترىشى ۋە سارقىندى چاللارنىڭ بىمەنىلىكلىرى[316]
ئارقىسىدا ئىككى مىللەتنىڭ كونا تارىخى يەنە كىشلەرنىڭ كۆز
ئالدىدا گەۋدىلەندى؛ يوەن شىكەينىڭ رەھۋازلىقى تۈپەيلى جەنۇب
بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت[327] چوڭقۇرلاشتى، سۇيد-
قەستچىلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى تۈپەيلى ئۆلكە چېگرالىرى يەنە
چىڭىپ[328] كەتتى، بۇنداق ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ
زورايغۇسى!

## 3

بىلمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ مىجەزىمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئوسال-
لىقىدىنمۇ ياكى ئۆتمۈش مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەل-
مىگەنلىكىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆچ ئېلىشنى غەلىتە ئىش ھېساب-
لىمايمەن، گەرچە قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغانلارنى ئىنسانىي جىگد-
رى يوق دەپ ھاقارەت قىلىشنى خالىمىسامىمۇ، بەزىدە يەنە: ئۆچ
ئېلىشقا كىم ھۆكۈمچى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئىللا بولىدۇ؟
دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئويلاۋېتىپ يەنە ئۆز - ئۆزۈمگە: ئۆزىمىز
ھۆكۈمچى بولىمىز، ئۆزىمىز ئىجرا قىلىمىز، خۇدا باشپاناھ بول-
مىسا، بەندە قانغا قان، جانغا جان ئېلىشقا ھەقلىق، دەپ جاۋاب
بېرىمەن، يەنە بەزىدە كەڭچىلىك قىلىش گۈزەل ئەخلاق دەپمۇ
ئويلايمەن، ئەمما يەنە دەرھال بۇ گەپ توخۇ يۈرەكلەرنىڭ ئاغزىدىن
چىقىدۇ، چۈنكى ئۇلاردا ئۆچ ئېلىش جاسارىتى بولمايدۇ، دەپ
ئويلاپ قالىمەن؛ يەنە تۇرۇپ پەسكەش بۇزۇقلارنىڭ ئاغزىدىن چى-
قىدۇ، چۈنكى ئۇلار باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن،
باشقىلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، كەڭچىلىك دېگەن چىرايلىق

گەپ بىلەن ئالدايدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

شۇڭا، مەن ھەمىشە ھازىرقى ياشلارغا ھەۋەس قىلىمەن، ئۇلار گەرچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىكى مىنگو دەۋرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، جۇمھۇرىيەت ھاۋاسىنى سۈمۈرگەن، ئۇلار ئەمدى قانداقتۇر يات مىللەتلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قالغان تەڭسىزلىك ئەلىمىنى تارتمايدۇ، ئېزىلگۈچىگە خاس خورلۇقلارنى تارتىپ يۈرمەيدۇ. دەر ھەقىقەت، ھەتتا ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرىمۇ رومانلاردا تۆۋەن قاتلام جەمئىيەت ھاياتىنى تەسۋىرلەشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى[329]، مېنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن بىر ئەسىر پەرق قىلىشىم راست بولسا كېرەك، ئەمما مەن ئۆزۈمنى تازىلاشنىمۇ خالىمايمەن، گەرچە ناھايىتى ئۆكۈنسەممۇ.

ئېروشىنكو جانابلىرى ياپونىيىدىن ھەيدىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئۇقمايتتىم. ئۇ ھەيدىلىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ زورلۇق بىلەن ھەيدىلىش ئەھۋالىنى ياپونىيىنىڭ «دۇمەي خەۋەرلىرى» [330] گېزىتكە بېسىلغان جياڭ كوخۇەن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن [331] ئۇقتۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماقالىنى تەرجىمە قىلدىم، ئېروشىنكونىڭ مەسەللىرىنىمۇ، «ھال رەڭ بۇلۇت» ناملىق دراممىسىنىمۇ تەرجىمە قىلدىم، مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم خورلانغانلارنىڭ ئاھ - زارىنى تارقىتىش ھەم خەلقىمىزنىڭ زالىملارغا قارشى ئۆچمەنلىكىنى ۋە غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاش ئىدى. قانداقتۇر «سەنئەت سارىيى»دىن قولۇمنى چىقىرىپ، چەت ئەلدىكى غەلىتە، چىرايلىق گىياھلارنى يۇلۇۋېلىپ جۇڭگونىڭ باغچىسىغا تىكىش نىيىتىممۇ يوق ئىدى.

«ھال رەڭ بۇلۇت»نىڭ ياپونچە تەرجىمىسى نەشردىن چىققاندا، جياڭ كۇ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىمۇ بىرگە بېسىلغانىدى، ئەمما





تەكشۈرۈش ئورگانلىرى (ساقچى نازارىتى؟) تەرىپىدىن جىق يەرلىرى قىسقارتىۋېتىلگەنىكەن. مېنىڭ تەرجىمەم تولۇق ئىدى، ئەمما درامىنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ باسىدىغان چاغدا ماقالىنى باستۇرمىدىم، چۈنكى مەن شۇ ۋاقىتتا باشقا بىر ئەھۋالنى كۆردۈم، باشقا بىر خىل پىكىردە بولدۇم، جۇڭگولۇقلارنىڭ غەزەپ ئوتىغا ياغ چېچىشنى ماقۇل كۆرمىگەنىدىم.

## 4

جانابىي كۇڭزى «ئۆزۈڭگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلارنى دوست تۇتما» دەپتىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بۇرۇدىچىلار ھازىر دۇنيادا تېخى ناھايىتى تولا. ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىگە قاراپ باقساقلا دوست تۇتقۇدەك ئادەم يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمىز. دوست تۇتقۇدەك ئادەم يوقلا ئەمەس، تولىسى دېگۈدەك بۇرۇنقى رەقىبلەردۇر. ئەمما، A غا ئۆچلۈك قىلىپ يۈرگەندە B دىن خالىس گەپنى كۈتكەن؛ كېيىن B غا ئۆچمەنلىك تۇغۇلغاندا يەنە A دىن مەدەت كۈتكەن. دېمەك، قىسمەن قارىغاندا، دۇنيانىڭ ھەممىسىنىلا دۈشمەن ھېسابلاۋەرگىلى بولمايدۇ. ئەمما، دۈشمەن ھامان بىرلا بولىدۇ. شۇڭا، ۋەتەنپەرۋەرلەر بىر - ئىككى يىلدا بىر قېتىم دۈشمەنگە قارىتا ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ - نەپرەتنى قوزغىتىپ تۇرىدۇ.

بۇمۇ ھازىرقى كۈندە ئىنتايىن ئومۇملاشقان ئىش، ئۇ دۆلەت بۇ دۆلەت بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان كۈنى ھامان ئالدى بىلەن بىرەر ئامال تېپىپ خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى بىرلىكتە ئېلىشىشقا ۋە ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر زۆرۈر شەرت كېرەك، يەنى خەلق باتۇر بولۇشى كېرەك. چۈنكى، باتۇر بولغاندىلا مەردانىلەرچە ئالغا باسقىلى، كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشقىلى، شۇنىڭ بىلەن ئىنتىقام ئالغىلى بولىدۇ. ناۋادا خەلق قورقۇنچاق بولسا، ھەرقانچە رىغبەتلەندۈرگەن

بىلەنمۇ، بەربىر دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا بەل باغلىيالمايدۇ؛ تۇتاشقان غەزەپ ئوتى يېلىنجاپ تۇرغاندا، ئۇنى چاچىدىغان زېمىن تاپماي قالمايدۇ، بۇ زېمىن — ئۆزلىرىدىنمۇ ئاجىز خەلق، مەيلى ئۇ قېرىنداشى بولسۇن ياكى يات مىللەت بولسۇن.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىچى ئەلەم بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇ ئەلەم شۈبھىسىز، كۈچلۈكلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان. بىراق، ئۇلار كۈچلۈكلەرگە ئانچىۋالا قارشىلىق كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ، دەردىنى ئاجىزلاردىن ئالىدۇ، ئەسكەر بىلەن باندىتلارنىڭ ئېلىشىپ ئولتۇرمىغانلىقى، مىلتىقسىز پۇقرانىڭ ئەسكەر بىلەن باندىتلارنىڭ زۇلمىغا قوشلاپ ئۇچرىغانلىقى يېقىنقى پاكىتلار. يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتساق، بۇ كىشىلەرنىڭ پەسكەشلىكىنى يەنىمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن. پەسكەش كىشىلەردە يالقۇنجاپ تۇرغان غەزەپ ئوتى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئوت يېگىلەپ قالغان گىياھلارنى كۆيدۈرەلىگەندىن باشقا نېمىنىمۇ كۆيدۈرەلىسۇن؟

مۇنداق دېيىشمۇ مۇمكىن: بىزنىڭ ھازىر كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاۋاتقان نىشانىمىز تاشقى دۈشمەن، بۇنىڭ ئۆز خەلقىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق. خەلقىمىز بۇنىڭدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، بۇنى بۇراش ناھايىتى ئاسان، دەرد - ئەلەمنى چىقىرىشنى زۆرۈر تاپقاندا، ئۆز خەلقىمىزنىمۇ ئالاھىدە بىر خىل نام بىلەن بىمالال بوغۇزلاپ تاشلىشىۋېرىدۇ. ئۆتمۈشتە ئاسىي، بالاخور، ساتقۇنلار، خائىنلار دېگەندەك ناملارنى چاپلىغانىدى، ھازىرقى كۈندە بولسا ۋەتەن خائىنى، جاسۇس، غالچا، ئەجنەبىي لالما ياكى چەت ئەل مالىيى دېگەندەك ناملارنى چاپلىشىدىغان بولدى. ئات يىلىدىكى يىختۇەنچىلەر يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى مىسسىئونېر ئىكەنسەن دەپ بوھتان قىلغانىكەن، بۇنىڭغا ئۇنىڭ پېشانىسىدىن «+» بەلگىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ دېگەن گەپنى دەلىل قىلغانىكەن.





«ئۆزۈڭگە ئوخشاشمايدىغانلارنى دوست تۇتما» دەيدىغان مۇشۇنداق بىر زاماندا ئۆز خەلقىمىزگە مەدەت بېرىپ، ئۇلاردا زامانغا يارىشا ئۇچقۇن پەيدا قىلماقتىن باشقا، بىزدە يەنە نېمە چارە بولسۇن؟! ئەمما مەن يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ياشلاردىن شۇنىمۇ ئۈمىد قىلىمەنكى، ئادەمنىڭ ھەققانىي غەزىپىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى، ئامال قىلىپ ئۇلارغا غەيرەت كىرگۈزۈش كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قوزغاشتا ئۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكىغىمۇ ئالاھىدە ئىلھام بېرىش كېرەك؛ بەلكى غەيرەت ۋە ئەقىل - ئىدراك ئىگىسى بولۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ئاساستا ئۇلارنى كۆپ يىل تەربىيىلەش كېرەك. بۇ سادا «قىر - چاپ!» دەپ ئۇرۇش جاكارلىغاندىن زور ھەم ياڭراق بولمىسىمۇ، لېكىن، مېنىڭچە، تېخىمۇ زۆرۈر، تېخىمۇ جاپالىق ۋە ئۇلۇغ خىزمەت.

ئۇنداق بولمىغاندا، تارىخ بىزگە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بالا - قازاغا ئۇچرايدىغانلار رەقىب بولماستىن، ئەكسىچە، ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداشلىرى ھەم ئەۋلادلىرىمىز بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، بىز دۈشمەنگە باشلامچى بولۇپ قالىمىز، دۈشمەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ كۈچلۈك غالىبلىرى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاجىزلارنىڭ شەپقەتچىسىمۇ بولۇۋالىدۇ. چۈنكى، ئۆزىمىز ئالدى بىلەن بىر - بىرىمىزنى قىرغىن قىلىپ، ئىچىمىزگە توشۇپ كەتكەن ئەلەملىرىمىزنى چىقىرىپ بولىمىز، شۇنىڭ بىلەن جاھانمۇ پۈتۈنلەي تىنچىپ كەتكەن بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، خەلقتە تېخى ئەقىل - ئىدراك، غەيرەت بولمىغاندا، پەقەت «ھېسسىيات» بىلەنلا ئىش كۆرۈش ھەقىقەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك. ھازىر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پۇختا ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قول سېلىپ ئىشلەيدىغان پەيت كەلدى.

1925 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

# «ئاناڭنى!» توغرىسىدا[332]

جۇڭگودا تۇرغانلىكى ئادەملەر، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
«ئاناڭنى!» دېگەن گەپنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان
گەپلەرنى ماڭدامدا بىر دېگۈدەك ئاڭلىماي قالمايدۇ. بۇ گەپ خەن-
زۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان بول-
سا كېرەك. بۇ گەپ «ياخشىمۇسىز» دېگەن تەكەللۇپ سۆزىدىن
كەم ئىشلىتىلمىسە كېرەك. بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك مودەننى
«دۆلەت گۈلى» دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بۇ تىلنى جۇڭگولۇق-
لارنىڭ «دۆلەت تىلى» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەن جېجياڭ ئۆل-
كىسىنىڭ شەرقىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يەنى شىيىڭ ئەپەندى دېگەن-
دەك «مەلۇم يۇرتلۇق»[333] بولىمەن. ئۇ يەردە ئېقىپ يۈرگەن
«دۆلەت تىلى» ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، «ئاناڭ!» دېيىش بىلەنلا
تۈگەيدۇ. باشقىلارغا زادى چېتىشمايدۇ. كېيىنكى چاغلاردا باشقا
جايلارغا بارغاندىن كېيىن، بۇ «دۆلەت تىلى»نىڭ كەڭ تارقالغان-
لىقىغا، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ھەيران بولدۇم: ئەجدادى-
دىن ئاتا - بوۋىلىرىغىچە، قۇرداشلىرىدىن ئېگىچە - سىڭىللىرىغى-
چە، ئەۋلادىدىن نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە، خۇددى چېكى يوق ساماغ-
يولىغا ئوخشاش، ھەممە پۇشتىغىچە چىشلەپ تارتىدىكەن. بۇنى
ئاز دېگەندەك، ئادەملەرنى تىللاش بىلەنلا توختاپ قالماي، ھاي-
ۋانلارنىمۇ تىللايدىكەن. ئالدىنقى يىلى مۇنداق بىر ئىشنى كۆر-
دۈم: كۆمۈر باسقان بىر ھارۋىنىڭ بىر چاقى يولدىكى چوڭقۇر بىر
ئازگالغا پېتىپ قالغانىكەن، ھارۋىكەش ئاچچىقى بىلەن ھارۋىدىن





سەكرەپ چۈشۈپ، ھارۋىغا قوشۇلغان قېچىرنى ھەدەپ: «ھۇ ئا-
چاڭنى! ھۇ ئاچاڭنى!» دەپ تىللاپ، جېنىنىڭ بارىچە ئۇرغىلى
تۇرۇپتۇ.

باشقا دۆلەتلەردە قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. نورۋېگىيىلىك
Hamsun (گامسۇن)[334] نىڭ «ئاچارچىلىق» دېگەن رومانىدا
قاتتىق گەپلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىراق ھېلىقىدەك سۆزلەرنى
ئۇچراتمىدىم. Gorky (گوركىي) نىڭ رومانلىرىدا ئۇششۇق مۇتتە-
ھەملەر كۆپ بولسىمۇ، ئۆزۈم ئوقۇپ چىققان ئەسەرلىرى ئىچى-
دە ئۇنداق تىل - ھاقارەتلەرنى ئۇچراتمىدىم. پەقەت
Artzybashev[335] «ئىشچى سۇدرىئوپ» دېگەن ئەسىرىدە قارشى-
لاشماسلىق مەسلىكىدىكىلەردىن ئاراجىپنىڭ تىلى بىلەن «ئاناڭ-
نى!» دەپ تىللىغان. ئەمما، ئۇ شۇنداق تىللاۋاتقاندا مۇھەببەت
يولىدا قۇربان بولۇش قارارىغا كېلىپ بولغان، شۇنىڭ بىلەن
بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قارشى چىقىدىغان جاسارىتىنى مەسخىرە
قىلىشتىن مەھرۇم قالغان، بۇنداق تىلنى تەرجىمە قىلىش جۇڭگو-
دا ناھايىتى ئاسان، باشقا ئەللەردە بولسا ناھايىتى قىيىنغا توختايدى-
كەن. نېمىسچىدا «مەن سېنىڭ ئاناڭنى ئىشلەتكەن» دەپ تەرجىمە
قىلىنغان بولسا، ياپونچىدا «سېنىڭ ئاناڭ مېنىڭ قانجۇقۇم» دەپ
تەرجىمە قىلىنغان. مېنىڭچە، بۇنى چۈشىنىش تولىمۇ تەس.

دېمەك، روسىيىدىمۇ شۇنداق تىل - ھاقارەتلەر بار دەپ
ئېيتقىلى بولىدۇ، ئەمما جۇڭگودىكىگە ئوخشاش ئومۇملاشمىغانلى-
قى ھەم ئەتراپلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شەرەپ يەنە بەربىر
جۇڭگوغا تەئەللۇق بولسا كېرەك. خەيرىيەت، بۇ بەكمۇ زور
شان - شەرەپ ھېسابلانمىغاچقا، جۇڭگولۇقلار قارشىلىق بىلدۈ-
رۈشنى ئانچىۋالا زۆرۈر تاپمىغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق تىل
«قىزىللاشتۇرۇش» دېگەنگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق بولمىغانلىقى
ئۈچۈنمۇ جۇڭگونىڭ باي - غوجاملىرى، مەشھۇر زاتلىرى، ئالىي-

جانابلىرى ۋەسۋەسگە چۈشۈپ كەتمىگەن. بىراق، جۈڭگودىمۇ «تېگى پەس ئادەملەر»، مەسىلەن، «هارۋىكەش» دېگەنگە ئوخشاش ئادەملەر بار، سۈپەت جەھەتتە يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى، مەسىلەن، «تۆرە» ۋە باشقىلار بولسىمۇ، ئۇلار ھېلىقىدەك تىلنى كىتابقا يېزىش تۇرماق، ئاغزىغا ئېلىپمۇ باقمايدۇ. مەن دۇنياغا كېيىن تۇغۇلغانلىقىم ئۈچۈن جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە تۆرە بولغان ئەمەسمەن، كاتتا ئەربابمۇ بولغان ئەمەسمەن، شۇڭا قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپلا يېزىۋەرسەم بولۇۋېرەتتى، لېكىن باشقىچە يول تۇتۇپ، «دۆلەت تىلى»دىن بىر پېئىل بىلەن بىر ئىسىمنى چىقىرىپ تاشلىشىم ۋە ئۇنى يەنە ئۈچىنچى شەخسكە ئۆزگەرتىشىم ئېھتىمال، هارۋىكەشلىك قىلىپ باقمىغانلىقىم سەۋەبىدىن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن «ئازراق ئاقسۆڭەك كىبىرسى»دىن خالىي بولالمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. دېمەك، بۇ سۆز پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرگە ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلەنگەنىكەن، شۇڭا «دۆلەت تىلى» دەپ ئېيتىقىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ ئەمما گەپ ئۇنىڭدىمۇ ئەمەس، باي - غوجاملار خۇشتار بولغان مودەننى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر «گۈللەرنىڭ تاجى» دەپ قارىغان ئەمەسقۇ؟!

بۇ «ئاناڭنى!» دېگەن سۆزنىڭ قەيەردىن ۋە قاچاندىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. تارىخنامىلەردە ئادەم تىللايدىغان سۆزلەردىن ئۇچراتقانلىرىم «چاكار»، «مالاي»، «بېشىنى يېگۈر» دېگەندەك سۆزلەر؛ ئۇنىڭدىن سەترەكلىرى «لالما»، «بۆرە كۈچۈكى» دېگەندەك سۆزلەر: تېخىمۇ سەترەكلىرى، ئەجدادلىرىغا چېتىشقاندىمۇ، يەنە بەربىر «قېرى غالچا»، «هارام سۈيدۈك» دېگەنلەردىن يىراقلاشمايدىغان سۆزلەردىنلا ئىبارەت، خالاس! «ئاناڭنى - پاناڭنى» دېگەندەك سۆزلەرنى تېخى ئۇچراتمىدىم، ئۇنداق سۆزلەر بار بولسىمۇ، ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلار ھەزەر قىلىپ، يازماي قويۇشقان بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم.





ئەمما، «بۇددا ئەقىدىلىرى شەرھى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، شىمالىي ۋېي خانىدانلىقىدا ئۆتكەن شىڭ زىسەي «خوتۇن خەققە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ، ۋاڭ يۈەنجىندىن: فامىلەڭنى ۋاڭ دەپ قويۇشۇڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار دەپ سورىغاندا، ۋاڭ يۈەنجىننىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن؛ شىڭ زىسەي مەنمۇ نېمىشقا فامىلەمنى شىڭ دېگەن بولغىيدىم، بۇ فامىلىمىز يەنە بەش ئەۋلادقا بارالارمۇ؟ دېگەنىكەن»، مانا بۇ گەپلەردە مەلۇم مەنە بارلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

جىن سۇلالىسى دەۋرىدە نەسەب تەبىقىلىرى تەكىتلىنىپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ چاغلاردا ئەجدادلىرى كاتتا ئادەملەرنىڭ مەنسەپكە ئېرىشمىكى تولىمۇ ئاسان ئىكەن، ھەتتا شارابخور، نان قېپى بولسىمۇ، ئېسىلزادىلىكىنى يوقاتمايدىكەن، شىمال تەرەپتىكى زېمىنلار توبباقلار[336] نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، تۆرىلەر يەنىلا مەرتىۋە پەرقىنى ھەدەپ سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنى قاتتىق قوغدىغان. قارا خەلق ئىچىدە ھەرقانچە ئىقتىدارلىق كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار كاتتا نەسەبلىك ئادەملەر قاتارىغا ئۆتەلمەيدىكەن. كاتتا نەسەبلىك ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ سايىسىدە قالدى - قاتتى تەۋەررۇكلىرىگە تايىنىپ گىدەيگەن، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى يوقلۇقى ئەلۋەتتە كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. لېكىن، تۆرىلەر ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنى ھىمات قىلغانىكەن، ئېزىلگۈچى قارا خەلقمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى رەقىب تۇتماي تۇرالمايدۇ. شۇڭا، شىڭ زىسەينىڭ سۆزلىرىنى غەزەپ - نەپرەتتىن كېلىپ چىققان دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئالىي نەسەب تەبىقىسى سايىسىگە كىرىۋالغان ئەۋلادلار ئۈچۈن ئەجەللىك زەربە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئابرۇيى دېگەن نېمىلەر ئەسلىدە «ئاتا - بوۋا» دېگەن بىردىنبىر تىلتۇمار سايىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغاچقا،

«ئاتا ـ بوۋىلار» گۇم بولۇش بىلەنلا ھەممە نېمىسى تۈگەيدۇ. مانا
بۇ «ئاتا ـ بوۋا» نى «ھىمات» قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى.
شۇ مەنىدىن ئالغاندا، شاڭ زىسەيدەك مولىلار بۇ ياقتا تۇرسۇن،
«تۆۋەن تەبىقە» دىكىلەرنىڭ ئاغـزىدىن چىقىـدىغىنى «ئاناڭنى!»
دېگەن تىلدىن ئىبارەت.

كاتتا نەسەبلىكلەرنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىغا ھۇجۇم قد-
لىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ نەسلىنى نىـشانغا ئېلىشـى ئىستراتې-
گىيە جەھەتتىن قالتىس بىر ئىـش دەپ ئېيتىشقـا بولىدۇ، «ئا-
ناڭنى!» دېگەن گەپنى ئالدى بىلەن ئويتتۇرىغا چىقارغان ئادەمنى
ھەقىقەتەن تالانت ئىگىسى دېسە بولىدىكەن، ئەمما رەزىل تالانت
ئىگىسى ئىكەن.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، ئۆز ئەجدادىنىڭ شان ـ شەۋكىتى
بىلەن ماختىنىدىغان كەيپىيات تەدرىجىي تۈگەشكە باشلىغانىدى.
جىن ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا يات مىللەتلەر
خان ـ پادىشاھ بولدى، قاسساپلار، ھاراق ساتىدىغانلار مەنسەپدار
بولدى، شۇڭا «مەرتىۋە» نىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئايرىشمۇ
ناھايىتى قىيىن ئىش بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، يەنە بەزى
كىشىلەر تەرلەپ ـ پىشىپ يۈرۈپ، «يۇقىرى مەرتىۋە» قاتارىغا
قوشۇلۇۋېلىش كويىدا بولۇپ يۈردى. ليۇ شىجۇڭنىڭ ناخشا تې-
كىستلىرىدە: «شەھەر نادانلىرىنىڭ پەمسىزلىكىگە كۈلىمەن، جا-
ھانكەزدى سایاقلار بىر ـ بىرىنى مەنسەپدارلارچە ئاتىشىدىكەن،
ئاۋازىمۇ، تەلەپپۇزىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. مانا قاراڭ، ئاتاپ
بېرەي: ئاشلىق ساتقۇچىنى رەۋەندى غوجام دېسە، گۆش ساتقۇچد-
نى قاسساپ بېگىم دەيدىكەن… ئاشپۇزۇل ئېچىپ تاماق ساتىدىغان-
لارنى نېمەتچى باي دېسە، ئۇن تارتىدىغانلارنى تۈگمەنچى بەگ
دەيدىكەن. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟!» مانا بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى
قىزىل كۆزلەرنىڭ چىتقا يېپىلغان چاۋىسى.





«تۆۋەن مەرتىۋىلىك كىشىلەر» نىڭ ئامەتكە ئېرىشىشتىن ئىل-
گىرى «ئاناڭنى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقى تەبد-
ئىي، ئۇلار پۇرسەت كېلىپ ئۇشتۇمتۇت بىرەر مەرتىۋىگە ئېرىش-
كەن، ئانچە ـ مۇنچە ساۋاتى چىققان ھامان سىپايىلىشىپ قالىدۇ:
لاتاپەتلىك نام ـ نىشانغا ئىگە بولىدۇ، قەددى كۆتۈرۈلىدۇ، شەجە-
رىسىمۇ يېزىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتاقلىق رايىش ئۆلىمالاردىن
ياكى ئاتاقلىق ئەمەلدارلاردىن بىرەرنى پىر ـ ئۇستاز تۇتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن «يـۇقىرى مـەرتىۋىلىك كىشـىلەر» گە ئايلىنىپ،
سۆز ـ ھەرىكەتتە خۇددى يۇقىرى مەرتىۋىلىك پېشقەدەملەرگە ئوخ-
شاش سىلىق ـ نازاكەتلىك بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، نادان خەلق-
ىنىڭمۇ بەرىبىر ئۇنداق نەيرەڭۋازلىقنى بىلىۋالىدىغان دانالىرىمۇ
بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ «ئاغزىدا خۇدا بىلەن روسۇل، ئەمەلدە
داپ بىلەن ئۇسسۇل» دېگەن تەنىلىك ماقالى بار. دېمەك، ئەھۋال
ئۇلارغا ناھايىتى ئايدىڭ.

دېمەك، ئۇلار «ئاناڭنى!» دېيىش بىلەن قارشى چىقىدۇ.
قالدۇق بولۇپ قالغان ۋە ھىمات بولىدىغان كونا نەرسىلەردىن ۋاز
كېچەلمەي، باشقىلارغا زورمۇزور ئاتا ـ بوۋا بولىمەن، دەپ تۇرۇ-
ۋېلىشنىڭ ئۆزى بەرىبىر پەسكەشلىك ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ «ئاناڭنى» دەپ تىللانغۇچىلارنىڭ جېنىغا تېگد-
ىشمۇ بەرىبىر پەسكەشلىك ھېسابلىنىۋېرىدۇ.

جۇڭگولۇقلاردا سانسىزلىغان «مەرتىۋە» لەر تا ھازىرغىچە
ساقلىنىپ كەلمەكتە، ئۇلار ئېسىلزادىلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى
ھىمايە قىلىپ كەلمەكتە. ئەگەر بۇ ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلمەيدىغان
بولسا، ئۈتلۈك ـ ئۈنسىز «دۆلەت تىلى» مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرىدۇ.
«ئاناڭنى» دېگەن تىل ھەتتا تىنچ شارائىتتىمۇ پۈتۈن بىر جەمەتنى
دەۋر قىلىۋېرىدۇ.

لېكىن، بۇ تىلنىڭ باشقىچە ئىشلىتىلىدىغان چاغلىرىمۇ بار:

ھەيران قالغان چاغلاردىمۇ، قايىل بولغان چاغلاردىمۇ ئىشلەپ قالدىدۇ. مەن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە چۈشلۈك تاماقتا بولغانىدىم. ئوغلى بىر قاچا سەينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دادىسىغا: «بۇ سەي خېلى ئوخشاپتۇ، ئاناڭنى، تېتىپ باقە» دېگەندە، دادىسى: «مەن يېمەيمەن، ئاناڭنى ئۆزۈڭ يە!» دېگەندى. بۇ تىل مانا بۇ يەردە ھازىر ئەۋج ئالغان «قەدىردانىم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

1925 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى





# كۆزنى ئېچىپ قاراش توغرىسىدا[337]

شۈي شېڭ[338] ئەپەندىنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدا يازغان قىسقا ئوبزورلىرى ئىچىدە «بىزدە ھەرقايسى جەھەتلەرگە كۆزنى ئېچىپ قاراش جاسارىتى بولۇش كېرەك» («ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش» ژۇرنىلىنىڭ 19 ـ سانىدا) دېگەن سەرلەۋھىلىك بىر ئوبزورى بار ئىكەن. توغرا، كۆزنى ئېچىپ قاراش جاسارىتى بولغاندىلا ئويلاشقا، سۆزلەشكە، ئىشلەشكە، زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر كۆزنى ئېچىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىسا، بىرەر ئىشنى باشقا چىقىرىشتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولىدۇ؟! لېكىن ئەپسۇسكى، ئۇنداق جاسارەت بىز جۇڭگولۇقلاردا ھەممىدىن كەمچىل.

ئەمما، ھازىر مېنىڭ خىيالىمغا كەلگەنلىرى باشقا بىر تەرەپ!

جۇڭگودىكى ئەدىبلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا، ئەقەللىيسى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە تىكىلىپ قاراش جاسارىتى ئەزەلدىن كەم. ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالىرىمىز ئەسلىدە «ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە نەزەر سالما» دەپ ئاللىقاچان تەلىم بەرگەن، يەنە كېلىپ بۇ «ئەدەپ» شۇنداق چىڭكى، «تىكىلىپ قاراش» ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا «يەر تېگىدىن قاراش»، «كۆز قىرىدا قاراش» قىمۇ ئىجازەت بەرمەيدۇ. ھازىرقى ياشلارنىڭ روھىي ھالىتى نامەلۇم، لېكىن جىسمانىي جەھەتتە ئۇلارنىڭ تولىسى دۈمچەك، ياۋاش ـ مۆمىن تەلەت بولۇپ، ئەپتىدىن لوپەيزى، زاكىسىدا قىرىپ قالغان پەرزەنت، ئىتائەتمەن پۇقرا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. تاشقىرىغا

قارىتا قۇدرەتلىكمىز دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ يېقىنقى بىر ئايدىن بۇيان چىققان يېڭى گەپ، ئەمەلدە قانداق ئىكەنلىكى نامەلۇم.

ئەمدى «تىكىلىپ قاراش» مەسىلىسىگە كېلەيلى: دەسلەپتە قاراشقا پېتىنالمىغانىكەن، كېيىنچە قاراشقا چامىسى يەتمەيدۇ، ئاخىر بېرىپ قارىماس، كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. بىر ماشىنا بۇزۇلۇپ يولدا توختاپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارىغان بىر توپ ئادەمنىڭ كۆرگىنى قاپقارا بىر نەرسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن، ئۆزىدىكى زىددىيەت ياكى جەمئىيەتتىكى نۇقسان پەيدا قىلغان ئازابلارغا تىكىلىپ قارىمىسىمۇ دۇچار بولۇۋېرىدۇ. ئەدىبلەر بەرىبىر سەزگۈر كېلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاللىقاچان نارازىلىقى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەسىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بىراق نۇقسان ئۆزىنى كۆرسىتەي دەپ قالغان جىددىي پەيت يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئۇلار «ئۇنداق ئىش بولغىنى يوق» دەپ تۇرۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆزلىرىنىمۇ يۇمۇۋالىدۇ. يۇمۇلغان بۇ كۆزلەرگە ھەممە نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ، كۆز ئالدىدىكى ئازابلار بولسا «تەڭرى شۇ ئادەمگە ئۇلۇغ ۋەزىپە تاپشۇرغىنىدا، ئالدى بىلەن مەنىۋى ئازابقا قالدۇرىدۇ، جىسمانىي جەبىرگە ئۇچرىتىدۇ، ئاچ - يالىڭاچ قالدۇرىدۇ، ھاردۇرىدۇ، تالدۇرىدۇ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئەتەي تەتۈر يولغا سېلىپ قويىدۇ»[339] دېگەندىنلا ئىبارەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە نە مەسىلە، نە نۇقسان، نە تەڭسىزلىك بولمايدۇ - دە، ھەل قىلىشنىڭمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ، قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ، ھەممىلا ئىش بەرىبىر «مۇراد - مەقسەت» تىكىدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ باش قاتۇرۇشىمىزغا ئورۇن قالمايدۇ، چېپىمىزنى خاتىرجەم ئىچىپ، ئۇيقۇمىزنى ئۇخلاۋەرسەك بولغىنى. ئوشۇقچە گەپ قىلسىڭىز، «زامانغا توغرا كەلمەيدۇ» - دە،





ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرىنىڭ تەنبىھىگە قالارمىشمىز. تۇفىي!

مەن ئۆزۈم سىناق قىلىپ كۆرمىگەن بولساممۇ، ئەمما بەزىدە: ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان بىر بوۋاينى يازنىڭ تازا چۈش ۋاقتىدىكى قايناپ تۇرغان ئاپتىپىغا سالسا ياكى ئۆيدىن تالاغا چىقىپ باقمىغان ئارزۇلۇق قىزنى تۈن كېچىدە دالىغا ئاچىقىپ قويسا، ئۇلار مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل رېئاللىق بولۇشىغا قارىماي، ئېھتىمال كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قالغان چۈشىنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈۋېرىشى، بىرى ئاپتاپقا چىقمىغاندەك، يەنە بىرى بولسا قاراڭغۇدا قالمىغاندەك تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. جۇڭگونىڭ ئەدىبلىرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش تۇمەنمىڭ ئىشلار ئالدىدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئالدايدۇ، شۇنىڭ بىلەنلا قالماي باشقىلارنىمۇ ئالدايدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى: كۆز بوياش ۋە ئالدامچىلىق.

يىگىت ۋە قىز توغرىسىدا ھېكايە يازغۇچىلار جۇڭگونىڭ نىكاھ ئۇسۇلىدىكى نۇقسانلىرىنى ئاللىقاچان سېزىۋالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئەسىرىدە يىگىتنى تامغا شېئىر يازغۇزىدۇ، يەنە بىر قىزنى ئۇنىڭغا مۇشائىرە يازدۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئاشىق قىلىدۇ — ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، مۇھەببەت باغلىتىدۇ — ھەتتا «ئۆمۈرلۈك ۋەدە» قىلدۇرىدۇ. لېكىن، ۋەدىلەشكەندىن كېيىن، قىيىن ئۆتكەللەرگىمۇ دۇچ كېلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆمۈرلۈك ۋەدىلىشىش» شېئىرلاردىمۇ، نەزمە ياكى رومانلاردىمۇ شېرىن پاراڭلىقىدىن قالغىنى يوق (تەبىئىيكى، ئاخىر كاتتا مەنسەپدار بولغان ئەركەك بىلەن ئۆز ئالدىغا ۋەدىلىشىشى بىلەنلا چەكلىنىدۇ)، شۇنداق بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە نەزەردىن چۈشۈپ، بەردىبىر جۇدالىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىر-

قى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن يازغۇچى[340] لار كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بۇنىڭ-
مۇ ئامالىنى تاپقان. ئۇلار: يىگىت مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن
خانىنىڭ ئەمرى بىلەن توي قىلىدۇ. «ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى،
ئەلچىنىڭ كېلىشتۇرۇشى» ئەنە شۇ چوڭ قالپاقنىڭ زورى بىلەن
سۇنۇق ياماقىمۇ ئەرزىمەي قالىدۇ، ھېچقانداق مەسىلىمۇ قالماي-
دۇ، ئەگەر مەسىلە بولىدۇ دېيىلسە، بۇ مەسىلە نىكاھ تۇزۇمىنىڭ
ياخشى - يامانلىقىدا ئەمەس، بەلكى يىگىتنىڭ چوڭ مەنسەپدار
بولالىشى ياكى بولالماسلىقىدىلا قالىدۇ، خالاس، دېگەن.

يېقىندىن بۇيان بەزىلەر، يېڭى شائىرلارنىڭ شېئىر يېزىش-
تىن، ئۇنى ئېلان قىلىشتىن مەقسىتى نام چىقىرىشتىن، ئۆزلىرى-
گە باشقىلارنى ئاشىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەيدۇ ۋە
گېزىت - ژۇرناللارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى باسقانلىقىغا نەپرەت ياغدۇر-
ماقتا. ئۇلار گېزىت - ژۇرنال بولمىغان تەقدىردىمۇ، تامنىڭ
«قەدىمدىن بار» ئىكەنلىكىنى، تامنىڭ نەشر ئورگىنى بولۇپ كەل-
گەنلىكىنى بىلمىگەن. «تەڭرىلەر قىسسىسى» دېگەن كىتابقا ئا-
ساسلانغاندا، جوۋاڭ شاھنىڭ نويۋا سەنەم بۇتخانىسىنىڭ تېمىغا
شېئىر يازغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تامغا شېئىر يېزىش-
نىڭ تارىخى ھەقىقەتەن ئۇزۇن، گېزىت - ژۇرناللار جانلىق تىلدا
يېزىلغان نەرسىلەرنى ئىشلەتمىسە ياكى كىچىك شېئىرلارنى باسمى-
سا باسماس؛ بىراق تاملارنى چېقىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا
بىرنەرسە يېزىشنى قورۇپمۇ قورۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ناۋادا
ھەممە تامنى ئوخشاش قارىغا بويىۋەتكەندىمۇ چىنە - قاچىلارنىڭ
پۇچۇقلىرى بىلەن جىجىلاش، بور بىلەن يېزىش مۇمكىن. دېمەك،
توسۇپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شېئىرنى يازغاندىن كېيىن، ياغاچقا
ئويۇپ قويماي، تاغ كامارلىرىغا كۆمۈپ قويماي، خالىغان ۋاقىتتا
ئېلان قىلىش توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن چاتاق چىقىپ تۇرسىمۇ،
توسۇش تەس.





«قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە تەسۋىرلەنگەن كىچىككىنە
پاچىئە جەمئىيەتتە ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىش، ئاپتورمۇ
رېئاللىقنى يېزىشقا خېلى جۈرئەت قىلغان، نەتىجىسىمۇ ھەرھالدا
يامان ئەمەس بولغان: جيا جەمەتى قايتا گۈللەنگەن، بالا - چاقىلى-
رى روناق تاپقان، جيا باۋيۇنىڭ ئۆزىمۇ قىزىل مۇۋۇت لىباسلىق
شەيخلەرگە ئايلانغان. شەيخ ھەرقانچە كۆپ بولغىنى بىلەن ئۇنداق
ھەشەمەتلىك تون كىيىپ، «ئەۋلىيا» بولۇپ كېتىدىغانلىرى ھەر
ھالدا كۆپ ئەمەس. باشقىلىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۆز-
لىرىنىڭ پېشانىسىگە ئاللىقاچان پۈتۈلۈپ كەتكەن، ئۇلار ئاخىرقى
تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، كىتابخان بۇنىڭدىن بىئارام بول-
سىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا نېمە ئامال بار دەيسىز. لېكىن، كېيىن-
كى چاغلاردا شۇ پاچىئەنى داۋاملاشتۇرۇپ يازغان ياكى ئۆزگەرتىپ
يازغان ۋە ياكى ئۆلۈكلەرنىڭ روھىنى تىرىلدۈرگەن، ياكى باقىي
ئالەمدە باشقىدىن دىدار كۆرۈشتۈرۈپ «قىز بىلەن يىگىتنى دىدار-
لاشتۇرۇپ»، شۇنىڭ بىلەن خۇماردىن چىققان ئادەملەر ھەقىقەتەن
ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداش خۇمارى بەك كۈچلۈك ئادەملەر
ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار كىچىككىنە ئالدامچىلىقنى كۆرۈپ قالغاندا
ئۇنىڭدىن كۆڭلى قانائەت تاپماي، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرمۇنچە
يالغان سۆزلەرنى توقۇغان. گېككىل (E. Haeckel)[341]: ئادەم
بالىسى بىلەن ئادەم بالىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەزىدە مايمۇنسى-
مان ئادەملەر بىلەن ئىپتىدائىي ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىنمۇ
چوڭ بولىدۇ، دېگەنىكەن. بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ
ئەسلىي ئاپتورى بىلەن ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرغان ئاپتور ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغانلا بولساق، بۇ گەپ راست
بولسا كېرەك، دېگەن يەرگە كېلىمىز.

«ساۋابلىق ئىش قىلساڭ ياخشىلىق كۆرىسەن» دېگەن ئەقلىيە
سۆز ئالتە سۇلالە دەۋرىدىكى كىشىلەرنى بىرئاز گۇمانلاندۇرغان-

كەن. ئۇلار قەبرە تاشلىرىغا: «ھەرقانچە ساۋابلىق ئىش قىلغىنىڭ بىلەنمۇ ياخشىلىق كۆرمىدىڭ، ئاخىر ئۆزۈڭنى ئالدىدىڭ» دېگەن سۆزلەرنى يېزىشقان. ئەمما، كېيىنكى زامانلاردىكى قاپاق باش كىشىلەر يەنە كۆز بوياmچىلىق قىلغان: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇ شىن خەير ـ ساخاۋەت تىلەش يۈزىسىدىن ئۈچ ياشلىق گۆدەك بالىنى قەغەز كۆيدۈرىدىغان داسنىڭ ئىچىگە سېلىپ كۆيدۈرگەن، مەن بۇنى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى» دېگەن كىتابتىن كۆرگەنىدىم. «شياۋ جاڭتونىڭ بالىسىنى قۇربان قىلىپ، ئانىسىنى قۇتقۇزۇشى» دېگەن چاڭچىلىدە، ئانىسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن بالىسىنى قۇربان قىلغانلىقى، نەتىجىدە ئانىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزارغانلىقى، بالىسىمۇ ھايات قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بىر ئايال ئۆزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە قالغان ئېرىنى ئوبدان كۈتۈش ئارزۇسىدا بولغان، «نەسىھەتنامە» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ ئايال ئاخىر ئېرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈۋېلىشقان؛ لېكىن كېيىن ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىدا بولسا، بىر يىلان دورا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان، ئېرى ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ساقىيىپ كەتكەن، دەپ يېزىلغان. دېمەك، بىرەر نۇقسانلىق ئەسەر ئاپتورىنىڭ پەردازلىشى بىلەن كۆپ چاغلاردا باشقىچە تۈس ئالىدۇ ـ دە، كىتابخانلارنى ئازدۇرۇپ زۇلمەتكە باشلايدۇ، جاھان ئەسلىدە ناھايىتى يورۇق، كىمكى يورۇق جاھاندا بەختسىزلىككە ئۇچرىسا ئۇ ئۆزىنىڭ شورى، دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

بەزىدە ئېنىق تارىخىي پاكىتلارغا، مەسىلەن، گوۋەن يۈنىڭ، يۆ فېينىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دۇچ كېلىپ، بۇ جەھەتتە كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەندە، باشقا بىر خىل ساختىپەزلىك يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يولنىڭ بىرى، تۇغۇلماستىلا پېشكەللىكنىڭ ئۇرۇقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. مەسىلەن، يۆفېي





شۇنداق بولغان دەيدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆلگەندىن كېيىن پەرىشتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، مەسىلەن، گوۋەن يۈنى[342] شۇنداق قىلىپ قويغان. پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن، ياخشىلىققا ئېرىشىپ پەرىشتىگە ئايلانسا مۇرادىغا يەتكەن بولارمىش، شۇنداق ئىكەن، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئەيىبلىنىشى، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭمۇ ھەسرەت چېكىشى ھاجەتسىزمىش، ئاخىرەتتە ھەممىسى ئۆزىگە لايىق ئورۇن تاپارمىش، ئۇ ھەقتە باشقىلارنىڭ باش قاتۇرۇشى ھاجەتسىزمىش.

جۇڭگولۇقلار ھەر جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە توغرا قاراشقا پېتىنالماي، كۆز بوياش ۋە ئالدامچىلىق قىلىش چارىسى بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتىشنىڭ ئاجايىپ يوللىرىنى تاپىدۇ ۋە بۇ يولنى توغرا يول دەۋالىدۇ. ئەنە شۇ يول مىللىي ئاجىزلىقنى، ھورۇنلۇقنى ۋە مۇغەمبەرلىكنى ئىسپاتلىماقتا. جۇڭگو ئادەملىرى كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىپ بارماقتا ۋە لېكىن بۇ ھالەتنى تېخى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ بىلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بولسا، دۆلەت بىر قېتىم مۇنقەرز بولسا، يەنە بىرنەچچە مەردانىلەرچە قۇربان بولغان سادىق ئەمەلدار پەيدا بولىدۇ، كېيىن خەلق قولدىن كەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ غېمىنى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئەنە شۇ بىرنەچچە سادىق ئەمەلدارلارنى مەدھىيىلەش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ؛ بىر قېتىم تالان ـ تاراج قىلىنسا، نومۇسىنى ساتمىغان بىر توپ پىداكار ئاياللار مەيدانغا چىقىدۇ. ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، باسقۇنچى ـ قانخورلارنى جازالاش ۋە ئۆزىنى قوغداشنىڭ غېمىدە بولۇشنىڭ ئورنىغا ھېلىقى پىداكار ئاياللارنى تەرىپلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، ئەلنىڭ تالان ـ تاراجقا ئۇچرىشى گويا جۇڭگو ئادەملىرىگە «ئۇ دۇنيالىق، بۇ دۇنيالىق ھەققانىيەت»نى ئالغا سۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرەرمىش، قەدىر ـ قىممى-

تىنى ئاشۇرارمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئەھۋاللارنىڭ داۋام قىلىپ ناھايىتىگە يېتىشىگە قايغۇرۇش ھاجەتسىزمىش. دېمەك، بۇنىڭغا تەن بېرىش كېرەكمىش، چۈنكى بىز ئۆلۈكلەر سايىسىدە ئەڭ يۈكسەك شان ـ شەرەپكە ئېرىشىۋېتىپتىمىز. شاڭخەي ۋە خەنكۇ شېھىتلىرىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا[343]، تىرىكلەرنىڭ قالتىس بىر ياغاچ مۇردا ئالدىدا بىر ـ بىرى بىلەن تىللاشقان ـ ئۇرۇشقانلىقى بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىلەن بىر يولدا ماڭغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىللىي روھنىڭ پارلاق ئۇچقۇنى، شۇنداقلا مىللىي روھنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مەشئەل. بۇلار خۇددى كۇنجۇت يېغى كۇنجۇتتىن چىقىرىۋېلىنغىنىغا، ئەمما كۇنجۇتكە يەنە ياغ ئارىلاشتۇرسا كۇنجۇتنىڭ تېخىمۇ ياغلىق بولغىنىغا ئوخشاش، بىر ـ بىرىگە سەۋەب ـ نەتىجە بولىدۇ. ماي ساپ بولسىغۇ گەپ يوق، بىراق ئۇنىڭغا سۇ ياكى شۇلتىغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇشى چاتاق. جۇڭگو ئادەملىرى ئىنسانىي ھاياتقا ئەزەلدىن توغرا قاراشقا پېتىنالماي، كۆز بوياپ ۋە ئالدامچىلىق قىلىپ كەلگەچكە، كۆز بوياش ۋە ئالداش ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىمۇ كېلىپ چىقتى، شۇنداق ئەدەبىيات ـ سەنئەت جۇڭگو ئادەملىرىنى كۆز بوياش ۋە ئالدامچىلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتقۇزۇۋەتتى ۋە پېتىپ كەتكەنلىكىنى ھەتتا ئۆزلىرىمۇ سەزمەس دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويدى. جاھان كۈنسايىن ئۆزگىرىۋاتىدۇ، يازغۇچىلىرىمىز يۈزىدىكى نىقابلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىنسانىي ھاياتقا راستچىللىق بىلەن چوڭقۇر، يۈرەكلىك نەزەر سالىدىغان ھەمدە شۇ ھاياتلىقنى سۆڭەك ۋە مۇسكۇللىرى بىلەن يېزىپ چىقىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، يېپيېڭى ئەدەبىيات سەھنىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋاقتى، بىرقانچە شىر يۈرەك باتۇرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ۋاقتى ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەنىدى!





ھازىر سىياسىي ھاۋانىڭ ئۆزگەرگەندەك قىلىشى بىلەن تەڭ، گۈلشەننى مەدھىيىلەيدىغان سادا ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئورنىنى تىغ ۋە قان توغرىسىدىكى مەدھىيىلەر ئالماقتا. ئەگەر كۆز بويايدىغان، ئالدامچىلىق قىلىدىغان ئىدىيە بىلەن ئېغىز مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مەيلى A ۋە O توغرىسىدا سۆزلىسۇن، ياكى Y ۋە Z توغرىسىدا سۆزلىسۇن، بەربىر ساختا بولۇۋېرىدۇ، ئۇنداق مۇلاھىزىلەر ئاقىۋەتتە بۇرۇن گۈلشەننى كەمسىتكەن ئاتالمىش تەنقىدچىلەرنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرىدۇ ـ دە، جۇڭگو ئەمدى گۈللىنىدىغان بولدى دېگەن قانائەتچانلىقنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ۋەتەنپەرۋەرلىك» قالپىقى ئاستىدا يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ: ئەسلىدە يۇمۇقلۇق بولۇشىمۇ ئېھتىمال.

بارلىق ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە ئۇسۇللارنى بۆسۈپ چىقالايدىغان باتۇرلار يېتىشىپ چىقمىغۇچە، جۇڭگودا ھەقىقىي يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت دۇنياغا كەلمەيدۇ.

1925 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# گەپ بۇرۇتتىن چىشقىچە[344]

## 1

«چۇقان»نى ۋاراقلاش بىلەنلا جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9 ـ يىلى
10 ـ ئۆكتەبىر[345] بايرىمىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى «چاچ
توغرىسىدا ھېكايە»نى يازغانلىقىم ئېسىمگە چۈشتى. بۇلتۇر —
ھازىر ئـوپتوغرا بىـر يىل بـولۇپ قـالاي دېدى — شۇ كۈنلەردە
«تىل رىشتىسى»[346] نىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت
بولمىغانىدى، مەن شۇ ژۇرنالغىمۇ «بۇرۇت توغرىسىدا» سەرلەۋ-
ھىلىك بىر پاچە ماقالە يازغانىدىم. ھەقىقەتەن جاڭ شىجاۋ[347] نىڭ
ئېيتقىنىدەك «بارغانسېرى پېتىرلىشىپ كەتكەن»[348] بولسام كې-
رەك. تەبىئىيكى، بۇ ئىبارىنى جاڭ شىجاۋ ھەممىدىن ئاۋۋال خاتا
ئىشلەتكەن ئەمەس. بىراق، ئۇ ئۆزىگە كونا تىلغا ماھىرمەن دەپ
تەمەننا قىلىپ يۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ بىلەن
دەۋالىشىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ئىبارىلەرنىڭ خاتا ئىشلىتىل-
گەنلىكىنى ئۇنىڭغا دۆڭگەۋاتىمەن. شۇ چاغدا ئاڭلىشىمچە، بۇ گەپ
ئۆز ۋاقتىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ئۆسەك سۆز» ئىدى. بېيجىڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر مەشھۇر پروفېسسورى: گەپـنى بـۇرۇت-
تىن باشلاپ سۆزلەۋەرسە، ئەتە ـ ئۆگۈن قوڭ ئۈستىدىمۇ سۆزلە-
شى مۇمكىن، ئۇ ھالدا شائخەيدىكى «ئەينەك» گېزىتى[349] بىلەن
ئوخشاش سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھەسرەت قىلغانمىش.
نېمىشقا؟ بۇ ئەھۋالنى يېڭى چىققان رىۋايەتلەرنى ئوبدان بىلىدىغان
ئادەملەرلا بىلىدۇ. كېيىن چىققان «ئاق سويمىلار»[350] نىڭ چۇ-





شىنىپ كېتىشى تەس. چۈنكى، «ئەينەك» گېزىتىدە «قوڭغا ئاپ-
تاپ چۈشتى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە نەزمە بېسىلغانىكەن. قوڭ-
مۇ، بۇرۇتمۇ ئادەم ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمـى؛ خۇددى بـىـراۋنىڭ
يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېچەن ۋە زېرەك ئالىملار
ئۇنىڭ داۋاملىق يۇيۇۋېرىدىغانلىقىنى، ئاخىر كۆتىنىمۇ يۇيىدىغاند-
لىقىنى پەرەز قىلغىنىغا ئوخشاش، ۋۇجۇدنىڭ بۇ بىر قىسمى
ئۈستىدە گەپ قىلغان ئادەم ئۇ بىر قىسمى ئۈستىدە گەپ قىلىشتىن
خالىي بولالماسمىش؛ شۇنىڭ ئۈچۈن gentleman[351] لاردىن بو-
لۇشقا بەل باغلىغان ئادەملەر بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئارقىسىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويۇشى
كېرەكمىش. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا چوڭقۇر مەنىسى بار بولسا،
ئۇنى مەن بىلمەيمەن.

ئىلگىرى مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم: ياۋروپا ۋە ئامېرى-
كىنىڭ مەدەنىي ئادەملىرى بەلنىڭ تۆۋىنىنى ۋە بەلنىڭ تۆۋىنى
بىلەن ئالاقىدار شەيئىلەرنى تىلغا ئېلىشنى يامان كۆرىدىكەن.
ئەگەر تاناسىل ئەزانى مەركەز قىلغان ھالدا بىرەر يۇمىلاق شەكىل
سىزىلغان بولسا، يۇمىلاق دائىرىنىڭ ئىچىنى تىلغا ئېلىشنى يامان
كۆرىدىكەن؛ لېكىن يۇمىلاق شەكىلنىڭ يېرىم دىئامېتىرىنى ئامې-
رىكىلىقلار ئەنگلىيىلىكلەرگە قارىغاندا چوڭراق قىلىپ سىزىد-
كەن. جۇڭگونىڭ پېقىرلىرى ئۇ جەھەتتە گەپ قىلىشنى ئار ئالماي-
دۇ؛ قەدىمكى زاماندىكى ئەزىزلەرمۇ ئار ئالمىسا كېرەك، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆزى مۆتىۋەر بولسىمۇ ئۆزىگە «قارا ساغرا»[352] دەپ ئات
قويغانلار بار. ئار ئېلىشنىڭ قاچان باشلانغانلىقىنى بىلمەيمەن.
لېكىن، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېرىم دىئامېتى-
رىنى تاكى ئېغىز بىلەن بۇرۇن ئارىلىقىغىچە ھەتتا ئۇنىڭمۇ يۇقى-
رىسىغىچە چوڭايتقانلىقىنى 1929 ـ يىلى كۆزدە كۆردۈم.

قەلەم تۇتىدىغان ئادەملەر تولىمۇ سەزگۈر بولسا كېرەك،

شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىن ناھايىتى نازۇك؛ ئۇلارغا ئۇدۇل كەلگەن گەپنى قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۇدۇل كەلگەن نەرسىگە كۆز سالمايدۇ، قۇلاق سالمايدۇ، ئۇدۇل كەلگەن بىرنەرسە ئۈستىدە خىيال يۈگۈرتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرىقەتچى جانابلارنىڭ پەرھىزلىرى كۆپ؛ ئۇلار ئۆز تەرىقەتلىرىنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز كۆڭلىدە بىر - بىرىنى چۈشىنىشىدۇ. ئۇلار مېھماننىڭ قولياغلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالسا ياكى توقاللىرىنىڭ خارابلىشىپ كەتكەن قەبرىسىنى كۆرۈپ قالسىمۇ، ئۇ ھەقتە شېئىر توقۇيدۇ. مەن ئۆزۈممۇ ھازىر قەلەم ئىشى بىلەن، جانلىق تىلدا ماقالە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بولسامىمۇ، لېكىن زاكاۋىتىمنىڭ «نورمال سەۋىيە»دىن[353] تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ئاللىقاچان تەقدىردە پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن قولياغلىقنى ياكى قەبرىنى كۆرۈپ قالسام نەزىرىمگە ئالمايمەن. ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدە ئاياللارنىڭ جەسىتىنى بىرىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىش توغرا كەلگەندە شېئىر يېزىش ئىلھامىم كەلگەندەك بولغانلىقى يادىمدا تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ «ئىلھام» ھالىتىدىلا توختاپ قالغان، شېئىر يېزىلمىغان. كىتابخانىلار، ئەتە - ئۆگۈن قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ سىپتا ئىشلەنگەن داستانى چىقىدىكەن، دەپ خاتا ئويلاپ قالماڭلار؛ بۇ يەردە ئالدىن ئېيتىپ قوياي. كېيىن ھەتتا «ئىلھام»مۇ يوقىلىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئېھتىمال، پېقىرلارنىڭ سۆزلەپ ئادەتلىنىپ قالغىنىدەك، تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقىم سەۋەب بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ھازىر بۇرۇت توغرىسىدا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايلا قالماستىن، بەلكى «ئادەم يارىتىلىشىدىن ياخشى قىلىپ يارىتىلمىشتۇر» توغرىسىدىلا ياكى «ئاسمانۇ زېمىن تۈتەكتۇر»[354] توغرىسىدىلا ماقالە ياكى نەزمە يازغان بولاتتىم. يىراقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، تۈركىيىدە ئىنقىلابتىن[355] كېيىن ئاياللارنىڭ چۈمبەل-





لىرىنىڭ يىرتىپ تاشلانغانلىقى شۇنچە پەسلىكمۇ؟ ئۇلار ئاغزى - بۇرنىنى ئېچىپ يۈرىدىغان بوپتۇ، كېيىنچە كۆتىنىمۇ ئوچۇق قويۇپ كوچىغا چىقىپ يۈرمەس!

## 2

بەزىلەر مېنى «ئاغرىماي ئىڭىشىيدۇ»[356] غانلارنىڭ بىرى دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە، ھەركىم ئۆز كېسىلىنى ئۆزى بىلىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئانچە بىلەلمىسە كېرەك. ئاغرىقى بولمىسا كىممۇ ئىڭىشىسۇن؟ ئەگەر ئاغرىقسىز ئىڭىشىيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىڭىشىش كېسىلى چاپلاشقان بولىدۇ، ئۇنىڭغا داۋا يوق؛ لېكىن يالغاندىن دورىسا، ئۇ باشقا گەپ. ئەگەر بۇرۇت ھەتتا قوڭ دېگەندەك بىرنېمىلەر ئۆز قىنىدا تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ھېچكىم ئۇلارنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ. بىز خاتىرجەم تۇرغان چاغلىرىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ بېشىنى، قولىنى، پۇتىنى ھەتتا تاپىنىمىزنى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ قويمايمىز. «كاللامنى كىممۇ كېسەر»، «يوتامنىڭ گۆشى (سۆزۈم يەنە تۆۋەن تەرەپكە كېتىپ قالدى، مۆتىۋەر زاتلارنىڭ، نازۇك خېنىملارنىڭ كەچۈرۈشىنى سورايمەن) يەنە تولۇپ قاپتۇ»[357] دەپ ھەسرەت قىلىش بولسا باشقا بىر سەۋەبتىن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىڭىشىيدۇ»، ۋەھالەنكى، تەنقىدچىلەر: «كېسىلىم يوق» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا ئاپىرىن.

قولتۇق ۋە چاتراقتىكى تۈكنى ئالسام، ئۇلار ئەزەلدىن ئانچە چاتاق - پاتاق تۇغدۇرمىغاچقا، ئۇلارنى بىرەر قۇر ئىڭىشىۋېلىشنىڭ تېمىسى قىلىۋالىدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ. لېكىن، چاچ بولسا ئۇنداق ئەمەس، بىرنەچچە تال ئاق چاچمۇ قېرىلىق يەتكەن ئەپەندىلەرنى قولىغا ئەينەك ئېلىپ، ھەسرەت قىلىپ دەرھال يۇلۇۋېتىش-

كە مەجبۇر قىلىدۇ؛ چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە چاچ سەۋەبى بىلەنمۇ بىرمۇنچە ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنىدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆرۈمە چاچنىڭ قايچىلاپ تاشلىنىشقا مەھكۇم بولغانلىقى ھەرھالدا مۇئەييەنلىشىپ قالدى، كەلگۈسىدە قانداقتۇر بىرەر يېڭى نەيرەڭلەرنىڭ چىقماسلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ھەرھالدا ئايىغى چىقىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى قايچىلاپ تاشلاش كېرەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ بېشىمدىكى چېچىممۇ خىيالىمغا كىرىپ باقمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ چاچ يېغى ياساپ سېتىش ياكى چاچ بۇدۇرلەش جابدۇقلىرىنى ئېلىپ ـ سېتىش نىيىتىم يوق؛ ئۇنداق ئىشلار ئۆزۈم بىلەن ئالاقىسىز بولغاچقا، كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرمىگەنىدىم. لېكىن، مىنگونىڭ 9 ـ يىلى ئىدى، مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ يۈرگەن بىر قىز قىزلار ئالىي دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ كەتتى، ئۇ چاچلىرىنى قىرقىۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرىنى بېشىدىن يىلانباغرى قىلىپ ئارتىلدۇرۇپ تارىشى ياكى S شەكلىدە ئۆرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا بىلدىمكى، مىنگونىڭ قۇرۇلغىنىغا توققۇز يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنە بەزى ئادەملەر چاچلىرىنى قىرقىۋەتكەن ئەركەكلەرنى يامان كۆرگەندەك كۆرىدىكەن، مۇدىر M ئەپەندى[358] ئۆزى ۋىجىك بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بېشى تاقىرباش دېگۈدەك چاچسىز بولسىمۇ، لېكىن ئاياللارنىڭ چېچىغا 1000 جىڭ نەرسىنى ئېسىپ قويسا كۆتۈرەلەيدۇ دەپ، ھېلىقى قىزنى چاچ قويۇشقا دەۋەت قىلغانىكەن. ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم پۈرىتىپ ئېيتقان بولسىمۇ، نەتىجە چىقىرالمىغانىكەن؛ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ مەنمۇ سەۋر قىلىپ تۇرالماي، «ھەسرەت قىلىپ»، «چاچنىڭ ھېكايىسى»نى يېزىپ غىڭشىغانىدىم. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر،





كېيىن ھېلىقى قىز چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرمىدى، ھازىرمۇ كالتە چېچىنى ئۆز ئەركىچە تارىغان ھالدا بېيجىڭ كوچىلىرىدا بەھۇزۇر يۈرمەكتە. ئەسلىدە بۇ ھەقتە سۆزلەۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بىراق بۇرۇتنى قايسى شەكىلدە قويۇشنىڭمۇ ئەركىنلىكى بولمىغانلىقى مېنى ئۆز ھاياتىمدا ھەسرەتلەندۈرىدىغان ئەھۋاللاردىن بولۇپ، مېنى دائىم ئويغا سېلىپ كەلدى. بۇرۇت قويۇش، بۇرۇتنى ئۇزۇن ياكى قىسقا قويۇش توغرىسىدا، مېنىڭچە، بىۋاسىتە ئالاقىدار ئادەملەردىن باشقا ئادەملەرنىڭ گەپ ـ سۆز قىلىش ھەققى ۋە مەجبۇرىيىتى يوق ئىدى؛ لېكىن بەزى ئادەملەر ئورۇنسىز چاپقاقلىق قىلىپ[359]، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال خوتۇن ـ قىزلار چاچ قويمىسا بولمايدۇ دەيدىغان تەرىپىگە، «ئاجايىپ ـ غەلىتە كىيىم» كىيگەنلەرنى ساقچى مەھكىمىسىگە تۇتۇپ بېرىپ، جازالايدىغان سىياسەتكە ئوخشاشلا غەلىتە بىر ئىش. بىرەر ئادەم گەپ ياندۇرۇپ قويمىسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭ چىشىغا تەگمە. يېزا ئادەملىرىنى يامۇلغا تۇتۇپ كىرىپ، كاسىسىغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم باش ئۇرۇپ: «بېگىم، ئۆزلىرىگە رەھمەت!» دەيدۇ. بۇ جۇڭگو مىللىتىگە خاس غەلىتە بىر ئەھۋال.

نەدىن بىلەي، دەل بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ چىشىمدا يەنە مەسىلە تۇغۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چىش ئۈستىدە گەپ قىلىش توغرا كەلدى. ئەمدى سۆزۈمنى تۆۋەنگە تارتماي، ئېچكىرىسىگە تارتىمەن. بىراق، ئېچكىرىسىگە تارتىدىغان بولسام، چىشنىڭ ئارقىسىدا كاناي بار، ئۇنىڭ ئاستىدا كېكىردەك، ئاشقازان، چوڭ ئۈچەي، كىچىك ئۈچەي، كۆتەن بار، بۇلارنىڭ تاماق بىلەن ئالاقىسى بار. بۇلارنى ئېسىلزادىلەر تىلغا ئالمايدۇ، كۆتەننىڭ يېنىدا دوۋسۇن بار تېخى، بەللى!

## 3

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 14 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، يەنى شەمسىيە 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق تاموژنا ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزدى[360]. لېكىن، ساقچىلار قاتناش يوللىرىنى توسۇپ قويغاچقا، توقۇنۇش پەيدا بولدى، شۇ توقۇنۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن «ئادەم چىقىم بولغان» ئىكەن. ئەتىسى بىرنەچچە گېزىت («جەمئىيەت»، «دۇنيا»، «ئەپكار ئامما»، «خەلقئىئالەمگە بەرىكەت»، «ئىمان»[361] قاتارلىق گېزىتلەر) مۇنداق خەۋەرنى بېسىپ چىقاردى:

«يارىلانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ۋۇ شېنشېڭ (1 ـ ئىنگلىز تىلى مەكتىپىدىن) نىڭ بېشىدىكى قىلىچ يارىسى ناھايىتى ئېغىر… جۇ شۇرېن (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) نىڭ چىشلىرى زەخىملىنىپ، ئىككى ئۇتتۇر چىشى چۈشۈپ كەتكەن. باشقىلار توغرىسىدا تېخى مەلۇمات يوق…»

بۇ تېخى كۈپايە قىلماي، ئەتىسى «جەمئىيەت»، «ئەپكار ئامما»، «سېرىق»، «ئىمان» گېزىتلىرى يەنە مۇنداق يازغان:

«…نامايىش قىلغان ئامما تەرەپتىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جۇ شۇرېن (يەنى لۇشۈن) نىڭ ھەقىقەتەن ئىككى دانە ئۇتتۇر چىشى تۆكۈلۈپ كەتكەن…»

مەيلى جامائەت پىكرى بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورگان بولسۇن، مەيلى «ھەقىقەتەن» بولسۇن،





مەيلى يالغان بولسۇن، مېنىڭ بىرەر نەرسە يېزىپ تۈزىتىش بەرگۈدەك ھەپسىلەم يوق ئىدى. بىراق، ئەزىيەت چەككەنلەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە ئوقۇغۇچى بار ئىكەن، ئەتىسى L مەكتەپكە[362] دەرس بېرىش ئۈچۈن بارسام، 20 نەچچە ئوقۇغۇچى دەرسكە كېلەلمەپتۇ. ئۇلار مېنىڭ ئۇتتۇر چىشىمنىڭ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، دەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىمىغان، مۇئەللىمىمىز كېسەل بىلەن رۇخسەت سورايدىغان بولدى، دېگەن خىيالغا كەلگەن بولسا كېرەك، يەنە بىرنەچچە دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، كۆرۈشۈپ باقمىغان يارۇ بۇرادەرلىرىم يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە ئەھۋال سورىدى، خەت يېزىپ سورۇشتۇردى. بولۇپمۇ پېكچى[363] ئەپەندى ئاۋۋال مەركىزىي دوختۇرخانىغا يوقلاپ بېرىپتۇ، ئۇ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆيۈمگە ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ ئۇتتۇر چىشلىرىمنىڭ ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن شەھەرنىڭ شەرقىي رايونىغا قايتىپ كەتتى. لېكىن «خۇدا رەھىم قىلماپتۇ»[364] دېگەندەك، بۇ ھەقتە بوران چىقىپ كەتتى.

ئەگەر ئىككى دانە ئۇتتۇر چىشىم راستتىن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولسا، ئۇ چاغدا «ئوقۇغۇچىلار ئىستىلىنى رەتكە سېلىش»[365] كويىدا يۈرگەنلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپقان بولاتتى ۋە ياكى بۇرۇت توغرىسىدا گەپ قىلغانلىقىمنىڭ جاجىسىنى تارتقان بولاتتىم. چۈنكى، گەپنى بۇرۇتتىن تۆۋەن تەرەپكە قارىتىپ تارتىشىم ئېھتىمال بولغاچقا، جاجىسىنى تارتىشىم پەرز بولسا كېرەك. شەپقەتچى زاتلارنىڭ سۆزى بويىچە، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققۇلغان بولاتتى. لېكىن، ئەپسۇسكى، شۇ كۈنى مەن ئۇ مەيداندا يوق ئىدىم، مېنىڭ ئۇ مەيداندا بولمىغانلىقىم پروفېسسور خۇ شى[366] نىڭ يولىيورۇقى بويىچە تەتقىقات بۆلۈمىدىن چىقماي تىرىشىپ ئولتۇرغانلىقىمدىن بولغان ئەمەس، پروفېسسور جياڭ شاۋيۈەن[367]

نىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆز ئەسىرىم ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئول-
تۇرغانلىقىمدىنمۇ بولغان ئەمەس، ئالىم ئىبسىننىڭ تەلىمىگە[368]
ئاساسەن «ئۆزۈمنى نىجات قىلىش» بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن-
مۇ بولغان ئەمەس. ئەپسۇسكى، ئەنە شۇنداق چوڭ مەشغۇلاتلار
بىلەن بەند بولۇپ قالغان ئەمەس ئىدىم. قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنى
ئەينى بويىچە ئىقرار قىلسام، كۈن بويى دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان
كارىۋاتتا يېتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدىم. نېمىشقا؟ ئازراق
بىتاب بولۇپ قالغانىدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ئىش يوق ئىدى.
ئەمما، مېنىڭ ئۇتتۇر چىشىمدىن «ھەقىقەتەن ئىككىسى تۆ-
كۈلگەن» مىش.

## 4

بۇمۇ ھەركىم ئۆز ئاغرىقىنى ئۆزى بىلىدۇ دېگىنىمگە مىسال
بولالايدۇ. چىشى ساق كىشى چىشى ئاغرىغان كىشىنىڭ ھالىغا
ھېچقاچان يېتەلمەيدۇ، پەقەت ئاغرىغان كىشىنىڭ ئاغزىنى قىيساي-
تىپ ئىچىگە دەم تارتىۋاتقانلىقىنى، كۆلكىلىك بىر ھالەتتە تۇرغاز-
لىقىنىلا كۆرىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە جۇڭگودا
چىش ئاغرىقىنى توختىتىدىغان بىرەر شىپالىق ئامال كەشىپ قى-
لىنغان ئەمەس. ھازىر «غەربچە چىش زاماسكىلاش» دېگەن بىرنې-
مىلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن غەربنى ناھايىتى يۈزە ئۆگەنگەن
بولسا كېرەك، دېزىنفېكسىيە قىلىشتەك ئاددىي داۋلىنىمۇ ئۇقماي-
دۇ. بېيجىڭنى ئېلىپ ئېيتسام، جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ چىش دوخ-
تۇرلۇقىدىن ئېلىپ ئېيتسام، ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن بىرنەچچە
دوكتورلا يارايدۇ. yes[369]، دوختۇرلۇق ھەققى تولىمۇ قىممەت.
كەمبەغەل يېزا ـ قىشلاقلاردا بولسا، چالا ئۇستىلارنىمۇ تاپقىلى
بولمايدۇ، ئۇ يەرلەردە چىشى ئاغرىپ قالسا، دەردىگە چىدىماي،





تەقدىرگە تەن بەرمەي، داۋالىغۇسى كەلسە، بۇتخانىغا بېرىپ بۇتقا
يېلىنماقتىن باشقا ئامالى يوق.
مەن كىچىكىمدىنلا چىشى ئاغرىيدىغانلار پارتىيىسىنىڭ ئەزا-
لىرىدىن بىرى ئىدىم، ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى چىش
ئاغرىمايدىغان ئالىيجانابلاردىن باشقىچە يولدا مېڭىش ئەمەس، ھە-
قىقەتەن «ئامالسىزلىق» ئىدى. ئاڭلىشىمچە، چىشنىڭ ياخشى ـ
يامان بولۇشىمۇ نەسىلدىن بولىدىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ كې-
سەل ماڭا ئاتامدىن مىراس بولسا كېرەك، چۈنكى ئاتامنىڭ چىشى-
مۇ يامان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك چىشىم گاھىدا قۇرتلايتتى، گاھىدا
سۇنۇپ كېتەتتى... ئاخىر قانايتتى، دېمەك، دائىم چاتاق چىقاتتى؛
ئۆيىمىز كىچىك شەھەردە بولغاچقا، چىش دوختۇرىمۇ يوق ئىدى.
ئۇ زامانلاردا جاھاندا قانداقتۇر «غەربچە...» دېگەن بىرنېمىنىڭ
بارلىقىنىمۇ ئېسىمىزگە كەلتۈرەلمەيتتۇق، پەقەت «داۋالاشنىڭ
يېڭى رىسالىسى»[370] بىردىنبىر نىجاتچى ئىدى، بىراق شۇنداق
داۋالاش «رىسالىسى»مۇ ئۈنۈم بەرمەيتتى. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆت-
كەندىن كېيىن، بىر دانىشمەن ماڭا بىر داۋالاش چارىسىنى ئېيتىپ
بەردى، يەنى: ئوبدان بىر كۈننى تاللاپ، تېرىقنى شامالغا سېلىپ
قۇرۇتۇپ، ھەر كۈنى ئىستېمال قىلىپ بەرسىڭىز شىپا تاپىسىز،
دېدى، تاللىۋالىدىغان كۈننىڭ قايسى ئىكەنلىكى ھازىر ئېسىمدە
يوق. شۇ چارە بويىچە ئىستېمال قىلىنىدىغىنى تېرىق بولغاچقا،
ئۇنى خالىغان چاغدا شامالغا سېلىپ قۇرۇتۇش مۇمكىن، شۇنىڭ
ئۈچۈن يەنە ئۇنى ئېنىقلاپ بىلىۋېلىشقا ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتىمۇ
يوق. شۇنىڭدىن باشلاپ تېۋىپقا كۆرۈنۈپ، قايناۋاتقان دورىنى
ئىچىدىغان بولدۇم. ئەپسۇسكى، تېۋىپمۇ ئاخىر ئامال قىلالمىدى،
مېنىڭ چىشىمنىڭ ئاغرىقى «چىش زەئىپلەشكەن» دېگەن ئاغرىق
بولغاچقا داۋا يوق ئاغرىقمىش. يەنە مۇنداقمۇ بىر ئىش ئېسىمدە:
بىر كۈنى چوڭلاردىن بىرى مېنى ئەيىبلەپ، ئۆزۈڭنى ئاسرىماي

مۇشۇ كېسەلگە قالدىڭ، ئەمدى دوختۇرنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟
دېگەنىدى. مەن ئۇ گەپنى چۈشەنمىگەنىدىم. ئەمما، شۇنىڭدىن
تارتىپ بۇ كېسەل گويا مېنى نومۇسقا قويىدىغان ئىشتەك، خەققە
چىشىم ئاغرىيدۇ دېمەيدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن زاماند-
لار ئۆتتى. مەن تاكى ياپونىيىنىڭ چاڭچى دېگەن يېرىگە بارغاندىن
كېيىنلا چىش دوختۇرنى تېپىپ كۆرسەتتىم. ئۇ مېنىڭ چىشىم-
نىڭ ئارقىسىدىكى «قاسرىق» دېگەن نەرسىنى قىرىپ تاشلىغاندىن
كېيىنلا چىشىم قانىمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىككى دوللار
سەرپ قىلدىم، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر سائەتلا ۋاقىت
كەتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگونىڭ تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنىمۇ
كۆرۈپ باقتىم، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەلىماتلارنى ئۇچ-
راتتىم. ئۇنىڭدا: چىش بۆرەككە تەئەللۇق، «چىشنىڭ زەئىپلى-
كى» بولسا «بۆرەكنىڭ قۇۋۋەتسىزلىكى» سەۋەبىدىن بولىدۇ،
دېيىلگەن. مەن مانا شۇ ۋاقىتتىلا بۇرۇن يېگەن تەنبىھلىرىمنىڭ
سەۋەبىگە چۈشىنىپ يەتتىم، ئۇلار ئەسلىدە ماڭا بوھتان چاپلىغاند-
كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىلەر جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ئۇنداق ئى-
شەنچلىك، دورىسى مۇنداق شىپالىق دېسىمۇ بەربىر ئىشەنمەيد-
غان بولدۇم، بۇنىڭغا تولاراق ئاتامنىڭ كېسىلىگە كاشىلا بولغانلى-
قى سەۋەب بولدى، سەۋەبچى بولدى، شۇ قاتاردا ئۆز دەردىمدىن
كېلىپ چىققان شەخسي رەنجىشمۇ بۇنىڭغا سەۋەبچى بولدى.

گەپنى دېگىلى تۇرسام تۈگىمەيدۇ، ناۋادا مەندە
Victor Hogo[371] ئەپەندىنىڭ تالانتى بولسىدى، ئۇ ۋاقىتتا
LesMis′erables نىڭ داۋامىنى يېزىپ چىققان بولاتتىم. بىراق،
مەندە ئۇنداق تالانت يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا دەرد كەلتۈرگىنى
ئۆزۈمنىڭ چىشى بولغاچقا، ئۇ دەردلىرىمنى يېزىپ چىقىپ، دەر-
دىمنى باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىشىم ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ، گەر-





چە يازغانلىرىمنىڭ 90 پىرسەنتى ئۆزۈمنى چاندۇرماي ئاقلايدىغان
گەپلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە، ھازىر ئۇ
گەپلەرنى تاشلاپ قويۇپ، «ئۇتتۇر چىشتىن ئىككىسى ھەقىقەتەن
تۆكۈلۈپ كەتكەن» ۋەقە توغرىسىدا گەپ قىلغىنىم تۈزۈك تۇرىدۇ.

يۈەن شىكەيمۇ باشقا كۈڭزىچى رايىشلارغا ئوخشاش، كۈڭزىغا
چوقۇنۇشىنى ھەممىدىن بەكرەك تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ قە-
دىمكى پاسوندىكى ئاجايىپ - غارايىپ كىيىملەرنى تىككۈزۈپ،
كۈڭزىغا چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنى ئەۋج ئالدۇرغان ۋاقتى پادىشاھ
بولۇش كويىغا چۈشۈشتىن بىر - ئىككى يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلار
بولسا كېرەك[372]، ئېھتىمالىم. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنداق مۇرا-
سىملار ئەمەلدىن قالماي داۋاملىشىپ تۇردى، بىراق ھاكىمىيەت
تۆپىسىدىكىلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە مۇراسىملاردا
بولۇپمۇ سەجدە قىلىش شەكىللىرىدە قىسمەن پەرقلەر كۆرۈلدى.
ئۆزىنى يېڭىلىق تەرەپدارلىرى دەۋالىغانلار باش كۆتۈرگەندە
كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ تەزىم قىلغان بولسا، كونىغا چوقۇنغۇ-
چىلار دەۋران سۈرگەندە قەدىمكى پاسوندا لىباس كىيىپ باش
ئۇرغان. مەن ئەسلىدە، مائارىپ ۋازارىتىنىڭ يارده‌مچى مۇشاۋىرى
ئىدىم، كۆزگە ئېلىنمايدىغان «چاغلىق مەنسەپدار»[373] بولغانلى-
قىم ئۈچۈن، تەزىم ياكى سەجدە قىلغۇچىلار قاتارىغا قوشۇلالمايت-
تىم؛ ئەمما باھار ۋە كۈزدە بولىدىغان مۇراسىملاردا مۇلازىملىق
خىزمىتىگە قويۇلۇشتىن خالىي بولالمايتتىم. مۇلازىم دېگىنىم،
ئاتالمىش «يوپۇق» ياكى «جام»[374] لارنى تەزىم قىلىۋاتقان ياكى
باش ئۇرۇۋاتقان بەگ - غوجاملارغا سۇنۇپ بەرگۈچى خىزمەتكار
دېگەن سۆز. مىنگونىڭ 11 - يىلى كۈزدە[375] مەن مۇلازىملىق
مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ بولۇپ، رىكشىغا ئولتۇرۇپ ئۆيۈمگە
قايتتىم. بېيجىڭنىڭ كۈز كۈنلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سەھەر
ۋاقتى بولغاچقا ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. شۇڭا، مەن ئۈستۈمگە

قىلىن كېيىۋالغان، پەلەي سېلىۋالغان قولۇمنى بولسا يانچۇقۇمغا تىقىۋالغانىدىم، رىكشىچى بولسا، مەن ئىشىنىمەنكى، ھەرگىز جاڭ شىجاۋ ئېقىمىدىكىلەردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ مۇگدەك باسقانلىقتىن يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ماڭا «ئادەتتىن تاشقىرى چارە» سىنى قوللاندى، «چاقماق تېزلىكىدە» يىقىلىپ چۈشتى، مەنمۇ رىكشىدىن قاڭقىپ چۈشتۇم. قولۇم يانچۇقۇمدا بولغاچقا، يەرنى تايىنىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئامالسىز تۇپراق ئانام بىلەن سۆيۈشۈپ قالدىم ـ دە، ئۈتتۈر چىشىمنى قۇربان بەردىم. شۇنىڭ بىلەن يېرىم يىلغىچە كوماك ھالدا دەرس ئۆتتۇم، 12 ـ يىلى يازدىلا چىش سالدۇرۇۋالدىم. شۇڭا، ھازىر پېڭچى جانابلىرىنى خاتىرجەم قىلغان بىر ـ ئىككى ئۈتتۈر چىشىم ئەسلىدە ئورنىغا سېلىنغان يالغان چىش ئىدى.

## 5

كۈڭئېر ئەپەندى(376) : «جۇڭگۇڭدەك تالانتى ۋە پەزىلىتى بولغىنى بىلەنمۇ، ھاكاۋۇر ھەم پىخسىق بولسا ئۇنداق كىشى بىر قاراپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ» دەپتىكەن. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى خېلى بۇرۇن ئوقۇغانىدىم ھەم ناھايىتى قايىل بولغانىدىم. شۇڭا، ئىككى چىشىمنىڭ تۆكۈلگەنلىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئارقامدىن كۈلۈشىگە، ھۇزۇر ئېلىشىغا دەستەك بولغان، ئەپسۇسلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، چىشىمنىڭ تۆكۈلگىنى ئىلگىرى تۆكۈلۈپ، قالغىنى قالغانىكەن، ئەمدى يەنە نېمە دېمەكچى؟ چىشنىڭ ئىلگىرى تۆكۈلگەنلىكىنى ھازىرغىچە سۆرەپ يۈرۈشنى ئانچە ياقتۇرمايمەن. شۇنداقتىمۇ بەزى ئىشلارنى ھەقىقەتكە چىقارماي قويمايمەن، يەنى باشقىلارنىڭ «ئۆسەك سۆزلىرى»نى يوققا چىقارماي تۇرالمايمەن. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئۆزىگە پايدىلىق، ھېچبولمىغاندا ئۆزىگە





زىيانسىز. شۇ سەۋەبلىك، مەن يەنە جاڭ شىجاۋنىڭ كېيىنكى ئىشنى ئىلگىرىكى ئىش دەپ سۆرەپ يۈرگەن گالۋاڭلىقىنى ئېچىپ تاشلاي دېگەن يەرگە كەلدىم.

يەنە شۇ جاڭ شىجاۋ. مېنىڭ مۇشۇ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان بېشىمنى چايقىشىم تۈنۈگۈن ـ بۈگۈنكىلا ئىش ئەمەس، خېلى ئۇزۇن تارىخى بار ئىش. بۇرۇنلاردا «ئومۇم» ئۈچۈن بېشىمنى چايقاپ يۈرەتتىم، ھازىر بولسا خۇددى تېبابەتچىلىكنى ئۆچ كۆرگىنىمگە ئوخشاش، ئاز ـ تولا شەخسىي ئاداۋەتلىرىممۇ ئارىلىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ مېنى «ھېچبىر سەۋەبسىز» ئەمەلىمدىن ئېلىپ تاشلىدى، شۇڭلاشقا مەن باشتىلا ئۇنىڭ قەدىمكى تىلدا يازغان ئۆزىنى ئاقلايدىغان ماقالىسىنى كۆردۈم. ماقالىدە «سەۋەبسىز» دېگەن سۆزگە مەھكەم ئېسىلىۋالغان، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ئابزاس گەپ بار ئىكەن:

«... يەنە مەزكۇر قورچاق مەكتەپ كومىتېتى مەزكۇر ئادەمنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كومىتېت ئەزاسى قىلىۋالغان، مەزكۇر ئادەممۇ بۇنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. بۇ ئەھۋالدىن ۋازارىتىمىزنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا غەرەزلىك قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. لەر، مۇنداق قىلىش ئەقىلگىمۇ سىغمايدۇ، قانۇنمۇ يول قويمايدۇلەر... شۇڭا 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھۆكۈمرانىمىزغا جۇ شۇرېننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ئىلتىماس قىلغاندۇق، 13 ـ كۈنى ھۆكۈمرانىمىز ئېنىق تەستىقلاپ، يارلىق چۈشۈرۈپ بەردىلەر...»

شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ «دۇرلەر»چە ئۇسلۇبتا ئۇنىڭغا مۇنداق رەددىيە بەردىم:

«تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمچە، مەكتەپ كومىتېتى يېقىن جۇ شۈرېننى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كومىتېت ئەزالىقىغا كۆرسەتكەن. ۋەھالەنكى ۋازىرنىڭ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى 12 - كۈنى سۇنۇلغان. بۇ ئىش جۇ شۈرېننىڭ كومىتېت ئەزالىقىغا سايلىنىشىنى ئالدىنئالا بىلىپ، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش جىنايىتىنى ئالدىن پۈتۈپ قويغانلىق بولمامدۇ؟…»

ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق «ئۆزىنى ئاقلىغۇچى ماقالىلەر» مۇ جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن ئادەتلىنىپ كەتكەن، خىيالىغا كەلگىنىنى جۆيلۈيدىغان كىگىز كىتابلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، جاڭ شىجاۋنىڭ شۇ دەرىجىدە گالۋاڭ بولۇشى ناتايىن. راست شۇنداق گالۋاڭمىكىن دەي دېسە، ئۇ ئۇنچىلىك گالۋاڭ ئادەملەردىنمۇ ئەمەس، ئەمما ئۇ قەلەم ئويناتىشقا ناھايىتى ئۇستا. ئۇ ئۆزىمۇ: «يېقىندىن بۇيان كېلىۋاتقان سىياسەت ناھايىتى مۇرەككەپ، بىرەر ئىش چىقسا ئۇنىڭ تېگىگە يەتمەك تەس. قانۇن بويىچە مۇنازىرىلىشىپ كۆرۈشمۇ ئەرزىمەيدىغان ئىش…»(377) دېگەنىدى. شۇڭا، ئىش ئۆزۈڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت، لوگىكا ئۈستىدە ساتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىڭدىن كۆرە، «قوڭغا ئاپتاپ چۈشتى نەزمىسى»نى ئوقۇغىنىڭ ئەۋزەل. چۈنكى، مۇنداق نەزمىلەردە ئادەمنى رەنجىتىدىغان گەپلەرنى زادى ئۇچراتمايسەن.

سۆزلىگەنسېرى تېمىدىن يىراقلىشىپ كېتىپ قالدىم، بۇ گەپلەر مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، شۇڭا ئەمدى گەپنى شۇ يەردە توختىتاي، كەلگۈسىدە نەگىچە سۆزلەيدىغىنىمنى مىڭگونىڭ 15 - يىلى كۈزدە كۆرەرسىلەر.

1925 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى





# قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش تەلىماتى(378)

يېقىنقى كۈنلەردە، جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىرنەچچە خىل تەلىماتنى ئۇچراتتىم. بۇنىڭ بىرى قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش تەلىماتى.

«قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش»(379) دېگەن سۆز ئەسلىدە ھەربىيلەرنىڭ تىلى. مەن ھەربىي ئىشلار ئەھلى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ گەپنى ھەربىيلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىماي، باشقا كىتابتىن كۆرگەندەك ياكى كوچىدىن ئاڭلىغاندەك تۇرىمەن. ئاڭلىشىمچە، بىر قېتىم ياۋروپادا بولغان ئۇرۇشتا خەندەك ئۇرۇشى ناھايىتى ئەسقېتىپتۇ. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا شۇ ئۇسۇل — قەلئەنى مۇستەھكەملەش ئۇسۇلى ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ. تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش دېگەن گەپكە كەلسەك، دۇنيا تارىخىدا بۇنىڭغا ئائىت قىزىق ھېكايىلەر بار: ناپولېئون XIX ئەسىردە روسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ موسكۋاغا يېتىپ بارغاندا، رۇسلار تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش ۋاسىتىسىنى راسا جارى قىلدۇرغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە موسكۋاغا ئوت قويۇپ، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز كۆيدۈرۈۋېتىپ، ناپولېئوننى ۋە ئۇنىڭ نۆكەر - پالۋانلىرىنى قۇرۇق شەھەرگە باشلاپ قويغانىكەن، نەتىجىدە ئۇلار قۇرۇق شەھەردە تۇرۇشقا بىر ئايمۇ چىدىماي، شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكەنىكەن.

جۇڭگو رايىش دىندارلارنىڭ ۋەتىنى، بۇ يەردە ھەر يىلى

كۆڭزىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىدۇ؛ «نەزىر - چىراغ دېسە، ئۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، ھەربىي ئىشلارنى مەن كۆك چىۋىن ئۆگەنمەپتىكەنمەن» [380] دېگەن گەپمۇ بار؛ شۇنداق بولسىمۇ يۇقىرى - تۆۋەن مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۇرۇش قانۇنىيتىدىن پايدىلانماقتا. بۇنى مەن مۇشۇ ئايلىق گېزىتتىكى بىر خەۋەردىن [381] بىلىۋالدىم. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، مائارىپ دائىرىلىرى جامائەت كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىدا ئەخلاقسىزلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرگەنلىكتىن، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە قىز ئوقۇغۇچىلارنى تاماشا سورۇنلىرىغا ۋە جامائەت باغچىلىرىغا باردۇرماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە بۇ ئىشقا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئۇقتۇرۇش قىپتۇ. دەرۋەقە، بۇ ئىشنىڭ راست ياكى يالغانلىقىدىن تازا خەۋىرىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇقنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرگىنىم يوق. شۇنداقلا مائارىپ دائىرىلىرىنىڭ نېمىنى كۆزلىگەنلىكىنى — كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىدىكى «ئەخلاقسىزلىق» ۋەقەلىرىنى قىز ئوقۇغۇچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا ئۇلارنى بېرىشتىن چەكلىمەكچىمۇ ياكى قىز ئوقۇغۇچىلار بارمىسىلا باشقىلار ئۇنداق ۋەقەنى سادىر قىلمايدۇ، سادىر قىلغان ھالەتتىمۇ كارىمىز بولمىسا بولۇۋېرىدۇ، دېمەكچىمۇ، بۇ تەرىپىنىمۇ بىلمىدىم.

بەلكى كېيىنكى پەرەز ئېھتىمالغا يېقىندۇر. قەدىمكى دانىشمەن ۋە ھازىرقى ئەۋلىيالىرىمىز «يىلتىزىنى توغرىلاش»، «خەلقئالەمنى مۇسەپپا قىلىش» دېگەنلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىسىمۇ، لېكىن بۇ چىن كۆڭلىدىن ئېيتىلغان سۆز بولمىسا كېرەك. «ئۆزى ناتوغرا تۇرۇپ باشقىلارنى توغرا يولغا باشلىيالىغان ئادەم بولۇپ باقمىغان». دېمەك، ئۇلار ئاخىر يىغىشتۇرۇش يولىنى تۇتتى. بىرىنچىدىن، «باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆز كۆڭلى بىلەن دەڭسەپ»، «پۇقرانىڭ كۆڭلىنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھاۋايۇ





ھەۋەسنى قوزغايدىغان ئەھۋاللارنى روي بەرگۈزمەسلىك» نىڭلا كويىدىلا بولدى. ئىككىنچىدىن، خۇددى بايلارنىڭ بىردىنبىر پەمى پۇلىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇشتىن ئىبارەت بولغىنىغا ئوخشاش، پەمى چاغلىقلا بولغاچقا، «خەلقئالەمنى مۇسەپپا قىلىش» ئىقتىدارى زادى بولمىدى. قەدىمكى ئەۋلىيالارنىڭ «ئېسىل نەرسەڭنى ئوبدان يىغىشتۇرۇپ ساقلىمىغىنىڭ ئوغرىنى چىللىغىنىڭ، ھەددىدىن زىيادە ياسانغانلىقىڭ زىناخورنى چىللىغىنىڭ» [382] دېگەن نەسىھەتى يەنى ئوغۇل - قىزلارنى، مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى قەلئەنى مۇستەھكەملەپ، ھويلا - ئارامنى يىغىشتۇرۇپ پۇختا ساقلاش لازىم، دېگەنلىكتۇر.

ئەسلىنى ئېيتقاندا، بۇ ئۇسۇل جۇڭگودا بۇرۇندىنلا بار. بېيجىڭدىن باشقا، مەن بارغان جايلاردا يول بويى دېگۈدەك ئەرلەرنى ۋە ئۆلەر - تىرىلىشكە قارىماي ئىشلەۋاتقان ئاياللارنىلا ئۇچراتتىم، ئاتالمىش ئېسىلزادە خانىملارنى كەمدىن - كەم ئۇچراتتىم. ئەمما، مەن گېپىمنى ئالدىدا ئېيتىپ قويايكى، بۇنداق ھادىسىدىن نارازى بولۇشتا، ھەرگىزمۇ پۈتۈن جۇڭگونى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەممە سەتەڭ خېنىملارنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش نىيىتىم يوق، يېنىمدا يول خىراجىتى ئۈچۈن پۇچۇق ياماقنىڭ يوقلۇقى بۇنىڭ ھەققىي دەلىلى. بۇ يىل «ئۆسەك سۆزلەر» ئەۋج ئالغان يىل بولغاچقا، سەل - پەل ئېھتىياتسىزلىق كۆرۈلسىلا، «ھازىرقى زامان ئەنزارى» دا قىڭغىر - قىيسىق بېسىپ چىقىرىلىدۇ. شۇڭا، گېپىمنى ئالدىدا ئېيتىپ قويغىنىم. مەشھۇر رايىش موللىلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئەر - خوتۇنلار ئۆزلىرىنى ئاسانلىقچە يات ئادەملەرگە كۆرسەتمەيدۇ. خۇ ۋېيىيانىڭ «ئائىلە نەسىھەتلىرى» [383] دە ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىم مەخسۇس تۇرار ئۆيلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىسى كۆرسىتىلگەنىكەن. بۇ گويا پەيغەمبەر، دانىشمەن بولۇش ئارزۇسى

بارلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىنى سەيلە سورۇنلىرى ھەم باغچىلار قاتارىدا سانىغاندەك بىر ئىش. ھازىر بىز نېمىلا قىلغان بىلەن XX ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە «كىچىك ۋاقىتلىرىدا كەپسىز ئاتالغان، چوڭ بولۇپ ئېسىنى بىلگەندە ئەركىنلىك تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن» مائارىپ ۋازىرى[384] تۇرغان يەردە، كەڭچىلىك ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ.

بېيجىڭ ئاياللارنى ئانچىۋالا قامال قىلىپ كەتمەيدىغان، خوتۇن خەقلەر تالا - تۈزگە چىقسىمۇ ئانچىۋالا خورلۇققا ئۇچراپ كەتمەيدىغان يەر. بىراق، بۇ ئىشلار بىزنىڭ قەدىمكى دانىشمەن ۋە بۈگۈنكى ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىغا قارىمۇقارشى كېلىدۇ، ئۇنداق ئادەت بىزگە مانجۇلاردىن يۇققان بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى، مانجۇلار بۇرۇن بىزگە «ئەۋلىيا» بولغان، شۇڭا بۇ ئادەتكە ئەمەل قىلماي بولمىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭچە بولغاندا، بىز ھازىر مانجۇلارنى چەتكە قېقىش تەرىپىدە تۇرمايمىز، مىنگونىڭ 1- يىلى يۈز بەرگەن چاچ كېسىشكە كەلسەك، ئۇ پەقەتلا كونا كېسەلنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىدىن بولغان، ھېيت - ئايەملەردە پوجاڭزا ئېتىشنىڭ بارغانسېرى ئەج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقساقلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرقى كۈندە بىرەر ۋېي جۇڭشيەن[385] قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ بىزنى سىناپ باقسا ئىدى، ئۇ ھالدا بىراۋلارنىڭ ئۇنىڭغا ئوغلان بولۇشنى ھەمدە ئۇنىڭ رەسىمىنى كۇڭزى ئىبادەتخانىسىغا ئېسىپ قويۇشنى كۆرگەن بولاتتۇق.

ئۆرپ - ئادەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىنسانىيلىقنى ئازاد قىلىش كېرەك، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك، بولۇپمۇ جىنسىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بۇ ئىشلار مائارىپچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. «يىغىۋېلىش»قا كەلسەك، ئۇ تۇرمە باققۇچى گۇندىپايلارنىڭ كۇندىلىك كەسپى.





جەمئىيەتتىكى ئىشلار تۇرمىدىكى ئىشلاردىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ. سەددىچىننى سوقۇپ قويغان بولسىمۇ، يات قەبىلىلەر باستۇرۇپ كىرىۋەردى، چوڭقۇر خەندەكلەر، ئېگىز قورغانلار ھېچنېمىگە دال بولالمىدى. سەيلە سورۇنلىرى بىلەن باغچىلار تېخى بارلىققا كەلمىگەن زامانلاردا باي - غوجاملارنىڭ خېنىملىرى تالا - تۈزگە چىقمايتتى، يۇقسۇللارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى بولسا تائەت - ئىبادەت سورۇنلىرىغا بېرىپ نەزىر - چىراغ قىلغاننى، ئويۇن - تاماشىلارنى كۆرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلاردىكى «ئەخلاقسىزلىق» تۆرە - غوجاملارنىڭ ئەخلاقسىزلىقلىرىدىن كۆپ دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟

يىغىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئىسلاھ قىلىنمايدىكەن، «يىغىۋېلىش» كارغا كەلمەيدۇ، «يىغىۋېلىش» بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇش خۇددى «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» دېگەنگە ئوخشاش ئىش. بۇ يەردىكى داۋلى ناھايىتى ئاددىي: قەلئە ھەرقانچە مۇستەھكەم بولغىنى بىلەن بەربىر ئۆرۈلىدۇ. ئەسكەر قاراقچىلارنىڭ «ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ تۇرۇپ جىددىي پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشى»[386]، ئاياللارنى بۇلاپ قېچىشى ۋەھاكازالارنىڭ ئەخلاققا تەسىرى بارمۇ، يوق؟ بۇنى بىلمەمدۇ ياكى بۇنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئېغىزغا ئالمامدۇ ۋە ياكى ئېغىزغا ئېلىشقا پېتىنالمامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئىشلارنى مەدھىيىلەشمەكتە!

ئەسلىنى ئېيتقاندا، «قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش» ھەربىيلەرنىڭ ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئەمەس، مۇداپىئەدە تۇرۇش ھېسابلىنىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھارامخورلۇققا ماس كېلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر قازاندا قايناشقا باشلىغان. بۇ ئۇسۇلنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئۆزىگە لايىق رولى بار؛ ياكى يارەمچى قوشۇنلارنى كۈتىدۇ، ياكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ

چېكىنىشىنى كۈتىدۇ؛ تاشقى ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ يېتىم ھالغا چۈ-
شۈپ قالغان شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتى
ھالاكەت بولۇپ چىقىدۇ. مائارىپ سېپىدە «قەلئەنى مۇستەھكەم-
لەش، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش» ئۇسۇلىغا كەلسەك، ئۇنىڭ
زادى قانچىلىك رولى بار؟ قەدىمدىن كېلىۋاتقان قىزلار تەربىيىسى-
دىن قارىغاندا، ئۇنىڭ رولى ئۆلۈمگە مۇپتىلا قىلىشتىن باشقا
نەرسە ئەمەس.

جاھان تىنچىغان ياكى ۋاقىتىنچە خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈش
مۇمكىن بولغان چاغلاردا، ئاتالمىش ئەركەكلەر سالاپەتلىك ھالدا
ئىپپەت - نومۇسنى، ئىتائەتگۈيلۈقنى، مۇلايىملىقنى، «ئۆي كى-
شىسىنىڭ ئاۋازى بوسۇغىدىن چىقالماسلىق»نى، «ئەر بىلەن ئايال
قولىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ كەتمەسلىكى»[387]نى تەرغىب قىلى-
شىدۇ، خوپ! دېگەنلىرىچە بولغاي، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
ھاۋالە قىلاي. بىراق، جاھان قايىنام دېڭىزغا ئايلىنىپ زوراۋان
كۈچلەر دەۋرەپ كېلىپ قالسا، جانابلىرى نېمىنى تەرغىب قىلارلا؟
دېيىلىدىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇ: پىداكار ئايال بولۇشنى! دەر.

سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇيان ئايالالرغا ئەنە شۇ بىرلا ئۇسۇل
بىلەن مۇئامىلە قىلىنىپ كەلدى، ھازىرمۇ يەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن
مۇئامىلە قىلىنماقتا.

ئەگەر ئايالالرغا ئائىت مۇشۇ تەرغىبات ھەقىقەتەن ئاققان بول-
سا، مەملىكىتىمىز جۇڭگودا تارىختىن بۇيان يۈز بەرگەن نۇرغۇن
ئىچكى مالىمان، نۇرغۇن تاشقى ئاپەت، ئۇرۇش ئاپەتلىرى داۋامىدا
ئايالالر ئۆلۈپ تۈگىگەن بولماتتى؟ ياق، بەختى ئوڭ كېلىپ قۇتۇ-
لۇپ قالغانلار، ئۆلمەي قالغانلار، سۇلالە ئالماشقان پەيتتە ئەرلىرى
بىلەن بىللە باش ئېگىپ قۇل بولىدىغانلار بولغان بولاتتى. شۇنىڭ
بىلەن نەسىل كۆرۈپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نەزىر - چىرىغىنى
ئۈزۈلدۈرمەي بېرىپ تۇرغان بولاتتى. ھازىرغا قەدەر قول مىجەز





ئادەملەرنىڭ تېخىچىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ
كاساپىتىدىن بولسا كېرەك. «پايدا بار يەردە زىيان بار» دېگەن
سۆز ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ ھەممىگە پۇر بولۇپ كەتكەن
سۆز.

لېكىن، رايىش ئۆلىمالار، ئاتاقلىق مەنسەپدارلار، باي غو-
جاملار، ئەمەلدارلار، دۆلەتمەنلەر ھەمدە ناتىۋان پۇقرالار ئەنە شۇ-
نىڭدىن باشقا بىرەر ياخشى چارە تاپالمىغاچقا، نائىلاج يەنىلا شۇ
ئۇسۇلنى گۆھەر قىلىۋېلىشماقتا. تېخىمۇ ئالجىپ قالغانلىرى بول-
سا، باشقىچە پىكىردە بولغانلارنى قاراقچى ھېسابلاشماقتا. شۇنداق
ئىكەن، ھۆكۈمدارنىڭ تەتۈرى قاراقچى ئىكەنلىكىگە قىل سىغماي-
دۇ. ئەمما، يېقىنقى كۈنلەردە، سۇن مىياۋنىڭ باۋ دۇگۇنى مۇدا-
پىئە قىلغانلىقى دەل «قەلئەنى مۇستەھكەملەش» ئۇسۇلىغا يا-
تىدۇ. «تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش» نىڭ ئۈلگىسىگە كەلسەك، مەن
بۇنىڭغا جاڭ شيەنجۇڭنى كۆرسىتىمەن.

جاڭ شيەنجۇڭنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا
پۇقرالارنى قانداق قەتلى قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان، ئاڭلىغان ھەر-
قانداق ئادەم چۆچۈيدىغان بىر ئىش. مەسىلەن، ئۇ ئالدى بىلەن
A B C دىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ پۇقرالارنى قىرىپ
تۈگەتكەندىن كېيىن، C قوشۇننى قىرىش ئۈچۈن A B قوشۇنغا
بۇيرۇق بەرگەن، ئاندىن B نى قىرىش ئۈچۈن A غا بۇيرۇق
بەرگەن، ئەڭ ئاخىرىدا A قوشۇن ئىچىدە بىر - بىرىنى قىردۇر-
غان. نېمىشقا؟ چۈنكى، لى زىچېڭ[388] بېيجىڭغا كىرىپ پادىشاھ-
لىق تەختىگە ئولتۇرغان. پادىشاھ ئۈچۈن پۇقرا كېرەك. جاڭ
شيەنجۇڭ لى زىچېڭنى پادىشاھلىق قىلالمىسۇن دەپ، ئۆز پۇقرالى-
رىنى قىرىپ تۈگەتمەكچى بولغان. بۇ خۇددى ئەخلاقسىزلىقتا ئايال
جەمەتى سەۋەبچى بولىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە بارلىق ئايالالرنى قاماپ
قويساق، ئەخلاقسىزلىق بولمايدۇ، دېگەندەك بىر ئىش.

باندىتلاردىمۇ قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا ـ تۇزنى يىغىش-
تۇرۇش تەلىماتى بولغان يەردە، جۇڭگو ئاياللىرىدا ھەقىقەتەن ئازاد
بولۇش يولى قالماپتۇ؛ ئاڭلىشىمچە، سەھرالىقلارمۇ ئەسكەر بىلەن
باندىتنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

1925 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى





# تۇلچىلىق تەلىماتى(389)

ھازىر نۇرغۇن ياشلار فەن يۈەنلىيەن(390) ئەپەندىگە ئاپىرىن
ئوقۇشماقتا؛ ھەر ئادەمدە بىر كاللا بولغاچقا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى
پەرەز قىلىشقا ئامالسىزمەن. ئەمما، شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا
قايىل بولىدىغان يېرىم، ئۇنىڭ گۇاڭشۈيىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى
ئالدى بىلەن «تېز پۈتتۈرۈش دارىلمۇئەللىمىنى» نى كەشىپ قىل-
غانلىقى بىرەر ئىلىمنى تېز ئوقۇپ پۈتتۈرۈشكە بولىدۇ دېسە،
بەزىبىر مۇتەئەسسىپ ئەپەندىلەر ئېھتىمال ھەيران قالار؛ ئەمما
ئۇلار جۇڭگونىڭ شۇ مەزگىللەردە «مائارىپ قەھەتچىلىكى» ئىچىدە
تۇرغىنىدا بۇ ئۇسۇلنىڭ دەل قەھەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن
پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. يېرىم يىلدىن كېيىن، ياپونىيىدە
ئوقۇپ قايتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى بۇرۇنقىدەك ئاز بولمىدى،
ئۇلار مائارىپ جەھەتتە ھەر خىل تەلىمات ـ مەسىلەكلەرنى، مەسى-
لەن، مىلىتارىزم(391) ، پادىشاھنى قەدىرلەش، ياتلارغا قارشى تۇ-
رۇش تەلىماتى قاتارلىقلارنىمۇ ئەكەلدى. خوتۇن ـ قىزلار تەربىيە-
سى جەھەتتە بولسا، ئۇ ۋاقىتلاردا ئەڭ ئەۋجىگە چىققىنى ۋە
ھەمىشە جار سېلىنىپ يۈرۈلگىنى ئاقىل ئانا بىلەن ياخشى خوتۇن
تەلىماتى ئىدى.

مەن بۇ تەلىماتنىڭ خاتا دەپ قاراش تەرەپدارى ئەمەسمەن.
ھېچكىم ئۆز ئانىسىنىڭ كالۋا، خوتۇنىنىڭ يامان بولۇشىنى خالى-
مايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، ھازىرقى كۈندە
بىرنەچچە رادىكال ئۇنسۇرلار خوتۇن ـ قىزلار ئۆيىنىڭ شەخسىي
مۈلكى ئەمەس دەپ قاراپ، جۇڭگونىڭ تا ھازىرغىچە ياپونىيىنىڭ

كونا كىگىز كىتابلىرىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن بىرنېمىلەر بىلەن ئۆز خوتۇن - قىزلىرىنى تەربىيىلەۋاتقىنىغا زەربە بەرمەكتە. كىشىلەر ئۆزلىرى ئاڭلاپ قۇلىقىغا سىڭىشىپ كەتكەن پىتنە - پاساتلارغا ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بەزى كىشىلەر: پالانچى ۋەتەن ساتقۇچ، پوكۇنچى ئۆز بالىلىرىنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ، دېسە، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ شۇنداق دېيىشمەكتە. ناۋادا ۋەتەننى راستتىن ساتقىلى بولسا، تېخىمۇ چوڭراق پايدا تاپسا بولاتتى؛ ناۋادا ئۆز بالىلىرىنىڭ كويىدىلا يۈرگەن بولسا، خېلى ئىنساپى بار بولغان بولاتتى. ھازىر دەۋاتقان پالانچى ۋەتەننى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بېرىۋاتقان تۇرسا، بالىلىرىنى ئويلاش نەدە تۇرۇپتۇ؟! ئاقىل ئانا بىلەن ياخشى خوتۇن تەلىماتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، رادىكاللارنىڭ نەزىرىدە نۇقسانى باردەك كۆرۈلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟! يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھازىر بارى «تۇلچىلىق تەلىماتى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«تۇل خوتۇن» دېگەن سۆزنى تولۇق جۇڭگوچە مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئۇنى ياۋروپاچە، ئامېرىكىچە، ھىندىستانچە ياكى ئەرەبچىگە ئوخشىتىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، مەنەن تەرجىمە قىلىشقا ياكى ئەركىن تەرجىمە قىلىشقا زادى بولمايدۇ. پەقەتلا kuofuism دەپ ئېلىشقىلا بولىدۇ.

مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى قانداق بولغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق، مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن رايىشلار دىنى خېلىلا «چىگىش - ئەبجەش» بولۇپ قالغانىكەن: «ئانامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ بۇددا قائىدىلىرى بويىچە رەسمىيىتىنى ئادا قىلدىم»[392] دېگەنلەر بار ئىكەن، «روھ - ئەرۋاھلار ۋاستىسى بىلەن تەلىم بەرگەن»[393] لەر بار ئىكەن، «مەرىپەت ئىلاھىنىڭ گۇناھ ۋە ساۋابلىق





مىزانى»[394] غا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇغانلارمۇ بار ئىكەن، ھېلىقى «گۇناھ ۋە ساۋابلىق مىزانى» دا «نازىنىنلار ھۇجرىسى ھەققىدە پاراڭ قىلغانلار» غا ناھايىتى قاتتىق گۇناھ پۈتۈلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئۆيدىن نېرى بارمىغانلىقىم ئۈچۈن، شۇنىڭدەك جۇڭگودا قىزلار مەكتىپى بارلىققا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم، جەمئىيەتكە ئارىلاشقاندىن كېيىن، شۇنداقلا جۇڭگودا قىزلار مەكتىپى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئائىت ئىشلار، يەنە كېلىپ يامان ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولدۇم. بەزىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ بىمەنىلىشىپ كېتەتتى، لېكىن ئۇنىڭدىكى زىددىيەتنى كۆرسىتىدىغان بولسىڭىز، سۆزلىگۈچىمۇ، تىڭشىغۇچىمۇ ناھايىتى خاپا بولۇپ، خۇددى «ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان»[395] دەك يامان كۆرۈشەتتى. بۇنداق سۆز - ھەرىكەتلەر بەلكىم «رايىشلىق پەزىلىتى»[396] گە ئۇيغۇن بولسا كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر تەرىقىتى شۇقەدەر مەزمۇنغا بايكى، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ھېچ نەرسە يوق، يا بولمىسا ئۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بولغاچقا كارايىتى چاغلىق، دەپ ھېسابلانسا كېرەك.

مەن ئەنە شۇ پىتنە - پاساتلارنىڭ مەنبەسىنى مۇنداق مۆلچەرلەپ كۆرگەندىم: ئۇلارنىڭ مەنبەسى — ئىسلاھاتقا قارشى چىقىۋاتقان قېرى ئەپەندىلەر، شەھۋەتپەرەس مەستانىلەر، ئۆسەك سۆز ماھىرلىرى، ئاددىي ساۋاتقىمۇ ئىگە بولمىغان ياكى باشقىچە نىيەتتە يۈرگەن مۇخبىر ۋە يازغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەيدىۋەتكەن مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، مەكتەپ مۇدىرى بولۇش قەستىدە يۈرگەن مائارىپچىلار، بىر ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن تەڭلا قاۋايدىغان يېزا ئىتلىرى ...[397] ئەمما يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان باشقا بىر خىل كىشىلەرنى، يەنى «تۇل خوتۇن» ياكى «تۇل خوتۇن چېلىش»

مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە تەرتىپ مۇدىرلىرى[398] نى بىلىپ قالدىم.

بۇ يەردە «تۇل خوتۇن» دېگىنىم، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن دېگەن مەنىدە؛ «تۇل خوتۇن چېلىش» دېگىنىم بولسا، ئېرى هايات ئايرىلىپ كەتكەن ۋە نائىلاج يالغۇز قالغان دېگەن مەنىدە.

جۇڭگودا ئايال تائىپىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ جەمئىيەتتە خىزمەتكە ئارىلاشقىنى تېخى يېقىنقى چاغلاردىكىلا روي بەرگەن ئىش. بىراق، ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنمىغاچقا، ئۆي ئىشى يەنىلا ئېغىر ۋە كۆپ، شۇڭا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قالغاندىن كېيىن باشقا ئىشلارغىمۇ ئېشىشى تەس. شۇنداق بولغاچقا جۇڭگودا جەمئىيەتتىكى ئىشلاردىن مائارىپ ئىشى، بولۇپمۇ خوتۇن - قىزلار مائارىپى كۆپىنچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن تۇللارنىڭ قولىغا قالماقتا. بۇ ئىشلار بۇرۇنقى زامانلاردا تەرىقەتچى ئەپەندىلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇلار كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جاھىللىقى ۋە ساۋاتسىزلىقى تۈپەيلى ئەسكى ئاتاق بىلەن ئىشتىن چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇل خوتۇنلار يېڭى تەربىيە كۆرگەن، چەت ئەلدە ئوقۇغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خوتۇن - قىزلارنىڭ قاياشى دېگەندەك چىرايلىق ماركىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. جەمئىيەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ هېچقانداق ئەركەك تائىپە بىلەن ئالاقىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتىغا ئېسىلىۋالىدىغان بالا - چاقىسىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، شۇ سەۋەبلىك مۇقەددەس ئىشلارنى بىر كۆڭۈللۈك ئىشلەپ كېتەلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئىككىلەنمەي ئىشەنچ باغلىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن تارتىپ قىزلار ۋە ياش چوكانلار تەرىقەتچى ئەپەندىلەر هۆكۈمرانلىقى دەۋرلىرىدىكىدىنمۇ بەتتەررەك بالايىئاپەتكە يولۇقىدىغان بولدى.

مەيلى ئاقىل ئانا، ياخشى خوتۇن بولسۇن، مەيلى شەرقچە تۇرمۇش يوسۇنى بولسۇن، ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ئېرى ۋە ئوغۇل - قىزلىرىغا مېھىر - مۇھەببەت يوق دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.





مېھىر - مۇھەببەت دېگەن نەرسە گەرچە تەبىئىي بىر نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى خېلى قوزغاتمىسا ياكى ئىشقا سالمىسا، ئۇ بەربىر تەرەققىي قىلالمايدۇ. مەسىلەن، جىم ئولتۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ پۇت - قولىنى تۆمۈرچى ياكى هامماللىنىڭ پۇت - قولى بىلەن بىرلا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولسا، ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەلەيدۇ. خوتۇن - قىزلاردا مېھىر - مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئەرگە تەگكەندىن كېيىن، يارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىن، ئاندىن هەقىقىي تۈردە ئويغىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بېسىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ ياكى سوغۇلۇپ - تارتىلىپ كېتىدۇ، هەتتا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئاقىل ئانا، ياخشى خوتۇننى يېتىشتۈرۈش ئىشى بويتاق - تۇللارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلسا، خۇددى قارىغۇنى قارىغۇ ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سالغاندەك بىر ئىش بولىدۇ، ئۇنداقتا هازىرقى زامان يېڭى ئېقىمغا لايىقلىشىش - لايىقلىشالماسلىقتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولىدۇ؟! ئالاهىدە تەقلىدتىكى تۇل خوتۇنلار، مەسىلەن، بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر ماتېماتىكا ئالىمى Sopie Kowalewsky[399]، هازىرقى زاماندىكى مۇتەپەككۇر Ellen Key[400] قاتارلىق كىشىلەر بۇ جاهاندا يوقمۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار، بىرىنچىدىن، ئارزۇ - هەۋەسلىرىنى باشقا ياققا ئاغدۇرغان؛ ئىككىنچىدىن، ئىدىيىدە كامالەتكە يەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئاكادېمىيە Kowalewsky نىڭ ئىلىم جەهەتتىكى شان - شەرىپىنى تەقدىرلەپ مۇكاپات بەرگەندە، ئۇ ئۆز دوستلىرىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مەن تەرەپ - تەرەپتىن تەبرىك خەتلەر تاپشۇرۇۋالدىم. تەقدىرنىڭ شۇم قامچىسى مېنى قامچىلىماقتا، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق بەختسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانىكەنمەن».

ئامالسىز تۇل - بويتاقلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈۋاتقان ئادەم-

لەر، مەيلى ئۇلار ئەر ياكى ئايال بولسۇن، روھىي جەھەتتىكى
ئۆزگىرىشتىن ھېچقاچان خالىي بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى
كاج، گۇمانخور، ئىچى قوتۇر كېلىدۇ. ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردە
ئۆتكەن دىندارلار، ياپونىيىدە ئىسلاھاتتىن بۇرۇن ئۆتكەن كېنىد-
زەكلەر، جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەرەمئاغىلىرى باغرى تاشلىقتا،
ئىچى زەھەرلىكتە ئادەتتىكى كىشىلەردىن قانچە ھەسسە ئېشىپ
كەتكەن. باشقا تۇل - بويتاقلارمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش تۇر-
مۇشتا ناھايىتى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، كۆڭلى قارام بولىدۇ، شۇڭا
دۇنيادا ياشاشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلايدۇ، ئادەم-
دىن نەپرەتلىنىدۇ. تەبىئىي خۇش چاقچاق ئادەملەرنى كۆرسە شۇ-
ئان ئوغىسى قايناپدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىدىكى جىنسىي ھەۋەس-
نى بېسىپ تۇرغاچقا، باشقىلارنىڭ جىنسىي ئىشلىرىدىن ھەسەت
قىلىدۇ، گۇمانلىنىدۇ، زوقى كېلىدۇ ۋە لېكىن قىزغىنىدۇ.
ئەسلىنى ئېيتقاندا، بۇمۇ خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئىش: جەم-
ئىيەتنىڭ زورى بىلەن كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ھەرقانچە پاك قىلىپ
كۆرسەتسىمۇ، كۆڭلىنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان تەبىئىي ھەۋەسنىڭ
ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەچكە، ئىختىيارسىز
خورسىنىدۇ.

لېكىن، ئوقۇغۇچى دېگەن تېخى ئۆسۈۋاتقان ياشلار بولغاچقا،
يا ئاسراندى كېلىن ۋە ياكى ئۆگەي ئانا قولىدا ئۆسكەن بولمىسىلا،
ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرى يۇزە بولغاچقا، كائىناتنى پارلاق دەپ
قارايدۇ - دە، پىكىرلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدە تۇل - بويتاقلارنىڭ
تەتۈرسىچە ئىش كۆرىدۇ. تۇل - بويتاقلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق
دەۋرىنى ئەسلەپ باقسىلا بۇنى چۈشىنىپ كېتەلەيتتى. ئەمما،
جاھاندا ئەقلى قىسقا ئاياللار كۆپ تۇرسا، نەدىمۇ بۇ ئىشلارنى
ئويلاپ يەتكۈچىلىكى بولسۇن؟! ئۇلار ھەممە ئىشقا ئۆزلىرىنىڭ
ئۇزۇندىن بۇيان ئادەتلەنگەن نەزىرى بىلەن قارايدۇ: بىر پارچە





سالام خەتنى كۆرسە، مۇھەببەتنامىمىكىن دەپ گۇمان قىلىدۇ؛
قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسىلا، جىگدە پۇراپ قاپتۇ
دېيىشىدۇ؛ ئەرلەر بوسۇغا ئاتلاپ كىرسىلا ئوينىشى كەپتۇ دەيدۇ؛
مۇھەببەتلەشكىلى بارمىسا، باغچىغا نېمىدەپ بارىدۇ دېيىشىدۇ.
ئوقۇغۇچىلار قارشى چىققاندا، مۇشۇ خىل تاكتىكا بىلەنلا تاقابىل
تۇرۇشىدا گەپ يوق، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. يەنە
كېلىپ، جۇڭگونىڭ ئۆزى ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ماكانى، «ئالىيجا-
ناب ئادەملەر» مۇشۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ
تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئۆزى توقۇپ چىققان ئۆسەك سۆز-
لەرنى گۆھەر قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن يەردە، مەكتەپ دائىرىلىرد-
ىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئۆسەكلەرنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك ھالدا
ھەممىلا يەردە تارقىلىپ يۈرۈشى تەبىئىي.

مېنىڭ قارىشىمچە، كونا دۆلەتلەردە بېشىدىن ئىسسىق -
سوغۇق ئۆتكەن قېرىلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئىدىيە ۋە
سۆز - ھەرىكەتتە خېلى چوڭ پەرق بار، ناۋادا ھەممىسى بىر تاياقتا
ھەيدىلىدىغان بولسا، ئاقىۋەت بەكمۇ بىمەنە بولىدۇ. مىسال ئۈچۈن
ئالساق، جۇڭگودا نۇرغۇن ئەسكى ئىشلار بار، ئۇ ئەسكىلىكلەرنىڭ
ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتى بار، كىتابلاردىمۇ ئۇلارنىڭ باشقىچە
ناملىرى ياكى ياپتا ئىسىملىرى ئاز ئەمەس. مەن ژۇرنال مۇھەررىد-
ىرى بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا تاپشۇرۇۋالغان ماقالىلىرىم ئىچىد-
ە شۇنداق باشقىچە نامى ياكى ياپتا ئىسىملىرى ئۇچراپ قالسا،
ئۇلارنى ئىشلەتمىدىم. ئەمما بىز ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆرىدى-
غان بولساق، شۇ ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى كۆپ ئىشلاردىن خەۋد-
ىرى بولمىغاچقا، توپتوغرا يېزىپ قويغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭ-
دىكى سەۋەنلىك جۇڭگودا ئەسكى ئىشلارنىڭ باشقا ناملىرى ھەم
ياپتا ئىسىملىرى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقىدا. مەن ئۇلارنى ئوبدان
بىلگەنلىكىم ئۈچۈن گۇمانلىنىمەن ۋە ئىشلىتىشتىن ھەزەر قىلد-

مەن. شۇنداق ياشلارغا قارىساق، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئىشەنچ باغلىماي تۇرالمايمىز. ئەمما، ئاتالمىش ئىلىم ئىگىلىرىگە قارىساق، غەزىپىمىز ئۆرلىمەي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى ئېسىلدۇر، بىراق ئىچكى دۇنياسى پاك - پاكىزلەردىن نەچچىسى باردۇر؟ كاتتا ئەربابلارنىڭ بۇ يىلقى كونا ئۇسلۇبتا يازغان ماقالىلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، جاڭ شىجاۋنىڭ دوكلاتىدىكى[401] «ئىلىم تەھسىل ئەتمەي، بىھايا رەپتارىدا بولىدۇ»، «ئەركەك - چىشى روبىرو كەلگەندە، ۋىسال ئەقىدىسى ئىزدەيدۇ»، «شەرئى ئەركانىنى تەرك ئېتىپ، بۇ دۇنيادىن غاپىل بولىدۇ»، «رازىمەنلىك ئەقىدىسىدىن كېچىدۇ» ۋەھاكازا... دېگەن بىرنېمىلەرنى ئادەم خورلاشتا ۋايىغا يەتكۈزگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، راستىنى ئېيتقاندا، خورلانغان ياش ئوقۇغۇچىلار بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ، يېتىدۇ دېگەندىمۇ، ئاپتورنىڭ غەرىزىنى قەدىمكى تىل ئوقۇغان مەندەكلەر چۈشەنگەندەك چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىسە كېرەك.

ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى، كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تۈپەيلى ئىدىيىسى، خاراكتېرى ئەنە شۇنداق ئوخشاشمىغاچقا، تۇل خوتۇنلار ياكى تۇل خوتۇن چېلىش ئادەملەر ئاچقان مەكتەپلەردە توغرا يولدىكى ياشلار كۈن كەچۈرەلمەي قالىدۇ. ياشلار ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆرۈن تەلەتىگە باقمىسا، يامان يولغا كىرىپ كەتتى دەيدۇ؛ ياشلار ئۇلاردەك قاقشال بولماي روھلۇق، ئۈمىدۋار بولسا، ئۆزىنى بىلىشمەي كەتتى دەپ قارايدۇ. قانداقلا قىلسا گۇناھكار بولۇۋېرىدۇ. پەقەتكىنە ئۆزلۈكىدىن ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقسا، سىلىقراق ئېيتقاندا، «مۆمىن» رەك بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز قىلىپ، كۆزىنى خۇنۇك، چىرايىنى خۇنسىز قىلىپ مەكتەپنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولغان زۇلمەتلىك ئائىلىدە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرسە، ئاندىن بىر





ئامال قىلىپ مەكتەپنى پۈتتۈرەلەيدۇ؛ مۇشۇ يەردە قانچىلىك يىللارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىگە ئىسپات تەرىقىسىدە بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، ياشلىق باھارىنى قولدىن بېرىپ، روھىي جەھەتتە «تۇرمۇشلۇق بولماي تۇرۇپ تۇل بولغان»[402] ئادەمگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ قالغان ئۆمرىنى جەمئىيەتتە شۇ تەرىقەتلەرنى تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

جۇڭگو ئەنە شۇنداق جۇڭگو بولسىمۇ، ئازادلىق پۇرسىتى يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ؛ جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ھالى شۇنچىلىك بولسىمۇ، ئاز - تولا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغاندا، تېخى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش خاھىشىمۇ يوق، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ. كىشىنى ئەندىشە قىلدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ناۋادا بەختى ئوڭدىن كېلىپ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولالمىغان كىشىلەرگە، خۇددى ئاسراندى كېلىنمۇ قېينانا بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياۋۇز قېيناھامىسىغا ئوخشاش ياۋۇزلۇق قىلىشى مۇمكىن. مەن مائارىپ سېپىدىكى ھەممە بويتاق خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەربىرى بىردىن ئەر تېپىۋېلىشى كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن، پەقەتلا ئۇلارنىڭ پىكىر يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يىراقنى ئويلىشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۈچىلەرنىڭ بۇ ئىشنى خوتۇن - قىزلار تەربىيىسىدىكى چوڭ مەسىلە قاتارىدا كۆرۈپ ئوڭشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مەن ھەرقانداق مائارىپچىنىڭ ھەرگىز مائارىپ ئۈنۈمى يوق ئىش، دېمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. جۇڭگودا بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق تۇل - بويتاقلار بارغانسېرى كۆپىيىدىغاندەك تۇرىدۇ، مۇبادا بىرەر ياخشى چارە تېپىپ ئوڭشىۋېلىنمىسا، تۇلچىلىق مائارىپىنىڭ ھەيۋىسىمۇ بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىشى، نۇرغۇنلىغان خوتۇن - قىزلار شۇنداق تاش يۈرەك، ئىچى زەھەر بىرنېمىلەرنىڭ ئىلكىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈلدەك باھارىنى يوقىتىدۇ. تىرىلدۇرۇۋالا-

مايدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەربىيە كۆرگەن خوتۇن ـ قىزلار، مەيلى ئۇلار ئۆيلۈك بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، ئېرى بار ياكى يوق بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرسا، چىرايلىق كۆرۈنۈشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئۇلار ئادەم سىياقى بار ھاياتقا ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەۋاتقان دېدەك قىزنىڭ ياكى ئۆز قىزىنىڭ غېمىنى يېيىشى تېخىمۇ يىراقتىكى گەپ.

مەن مائارىپنى تەتقىق قىلغۇچى ئەمەسمەن، ئەمما ھېلىقىدەك زىيانىنى بۇ يىل قانداقتۇر بىر پۇرسەت كېلىپ ھېس قىلىپ قالدىم. شۇڭا «ئاياللار ژۇرنىلى»[403] نىڭ ماقالە سورىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزۈمنىڭ تەسىراتلىرىمنى يېزىپ چىقتىم.

1925 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى





# «فاير پلەي» نى يولغا قويۇشقا ئالدىرىماسلىق كېرەكلىكى توغرىسىدا[404]

## 1. ماۋزۇنىڭ شەرھى

«تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 57 ـ سانىدا يۇتاڭ[405] ئەپەندى «فاير پلەي» (Fair play)[406] توغرىسىدا سۆز ئېچىپ، بۇنداق روھ جۇڭگودا كەم ئۇچرايدۇ، بۇنى تىرىشىپ ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك، دېگەن پىكىرنى بىلدۈردى؛ يەنە، «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇرماسلىق» مۇ «فاير پلەي» نىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ، دەيدۇ. مەن ئىنگلىزچە بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمايمەن. ئەگەر «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇرماسلىقمۇ» ئەنە شۇنداق روھنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىلىدىغان بولسا، بۇنىڭغا مېنىڭ خېلىلا گېپىم بار. لېكىن، كۆزگە چېلىقىشتىن خالىي بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، زورىدىن ـ زورىغا «ياسىما مۈڭگۈز»[407] تاقىۋېلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك، دېگەن ئوي بىلەن ماۋزۇغا توغرىدىن ـ توغرا «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇر» دەپ يازمىدىم. قىسقىسى: «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت» نى ئۇرماي بولمايدۇ ياكى جەزمەن ئۇرۇش كېرەك دېمەكچىمەن.

## 2. «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت»نىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا

هازىرقى كۈندە بەزى مۇنازىرىچىلەر «ئۆلگەن يولۋاسنى ئۇرۇش»نى «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇرۇش» بىلەن تەڭ قويۇۋاتىدۇ ۋە بۇنداق ئۇرۇشنى بىچارىلىك ۋە نامەردلىك بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، «ئۆلگەن يولۋاسنى ئۇرغۇچىلار»نىڭ ئۆزلىرىنىڭ نامەردلىكىنى يوشۇرۇپ، باتۇر بولۇۋېلىشى تولىمۇ كۈلكىلىكتۇر؛ ئۇلار نامەرد دەپ قارىلىشتىن خالىي بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا نامەردلىكى كىشىلەرنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ. ئەمدى، «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇرۇش»قا كەلسەك، بۇنىڭدىكى مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىتنىڭ قانداقلىقىغا ۋە ئۇنىڭ سۇغا قانداق چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە قاراش كېرەك بولىدۇ. ئىتنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبنى تېپىش مۇمكىن: (1) ئىت ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىدىن پۇتلىشىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن؛ (2) باشقا ئادەم ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن؛ (3) ئۆزى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن. ئەگەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرلۈك ئىتقا توغرا كېلىپ ئۇنى باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئۇرىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ ياكى بۇ نامەردلىكتەك بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئۆزى ئىت بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇپ سۇغا چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سۇنىڭ ئىچىدە يەنە راسا كالتەكلىسە، ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ؛ بۇنى ئالدىنقى ئىككى خىل ئەھۋال بىلەن تەڭ قويۇش يارىمايدۇ.

ئاڭلىشىمچە، باتۇر مۇشتلاشچى يىقىلىپ چۈشكەن رەقىبىگە





ھەرگىز يەنە مۇشت ئاتمايدىكەن؛ بۇ، ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئۆلگە ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە، يەنە شۇنى قوشۇش كېرەككى، بۇ رەقىبىمۇ باتۇر چېلىشچى بولۇشى لازىم. ئۇ يېڭىلگەندىن كېيىن ئىزا تارتىپ، پۇشايمان قىلىپ، ئىككىنچى ئېلىشمىسا ياكى كېيىن مەردلىك بىلەن كېلىپ ئىنتىقام ئالسا بولۇۋېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇنى ئىتقا تەمسىل قىلىپ، ئۇنى بىر - بىرىگە تاقابىل كېلەلەيدىغان رەقىبلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىت ھەرقانچە قاۋىسىمۇ ئۇنىڭ «ئادالەت - ئىنساپ» دېگەن نەرسە بىلەن كارى يوق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىت سۇ ئۈزەلەيدۇ، قىرغاققا يەنە ئۈزۈپ چىقىشى چوقۇم، ئەگەر دىققەت قىلمىساڭ، ئۇ بىر سىلكىنىپلا ئۆزىدىكى سۇلارنى يۈز - كۆزۈڭگە چاچرىتىپ، ئاندىن قۇيرۇقىنى قىستۇرۇۋېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. لېكىن، كېيىن ئۇنىڭ خۇي - پەيلى شۇنداق بولۇۋېرىدۇ. يەنە بەزى ياۋاش ئادەملەر ئىتنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى غۇسلى قىلىپ گۇناھىنى ساقىت قىلدى، جەزمەن توۋا قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم چىشلىمەيدۇ، دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن چوڭ خاتالىق.

قىسقىسى، ئەگەر ئادەم چىشلەيدىغان ئىت ئىكەن، مەيلى ئۇ قىرغاقتا بولسۇن، مەيلى سۇنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مېنىڭچە، ھەممىسىنى ئۇرۇلىدىغان قاتارغا قويۇش كېرەك.

## 3. بولۇپمۇ پىستىنى ئۇرۇپ سۇغا چۈشۈرۈۋەتمەي بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنى تۆپىلەپ ئۇرماي بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

پىستە — كۈكۈ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەنۇب تەرەپتە بولسا پەرەڭ پىستىسى دەپ ئاتىلىدۇ، لېكىن، ئاڭلىشىمچە، پىستىمۇ ئەسلىدە جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئىكەن، ئۇ خەلقئارا

ئىت مۇسابىقىسىدە ھەمىشە ئالتۇن مېدال مۇكاپات ئېلىپ كەلگەند-
كەن. «ئۇلۇغ برىتانىيە قامۇسى» دىكى ئىتلارنىڭ رەسىملىرىگە
قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى بىزنىڭ جۇڭگو پىستىلىرى ئىد-
كەن. بۇمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ بىر شان - شەرىپى. لېكىن، ئىت
بىلەن مۈشۈك بىر - بىرىگە كۈشەندىغۇ؟ پىستىنىڭ ئۆزى ئىت
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە مۈشۈككە ناھايىتى ئوخشايدۇ، ئۇ ئەركى-
لەش، كۈچۈكلىنىش، لايىقلىشىش، ماسلىشىش، سىلىق، مۇلا-
يىملىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. گويا باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھەد-
دىدىن ئاشقان، ئۆزىلا «خالىس يول»[408] نى تۇتقان قىياپەتتە
كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەتمەنلەر، ھەرەمئاغىلىرى، خان
ئاغىچىلار، خېنىملار ئۇنىڭغا ئامراق، ئۇنىڭ نەسلىمۇ تۈگىمەيدۇ.
ئۇنىڭ ئىشى شۇكى، ئۇ قاملاشقان مويى بىلەن ئېسىلزادىلەرگە
ئۆزىنى باقتۇرىدۇ ياكى جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك خېنىملار بازارغا
چىققاندا، بوينىغا ئىنچىكە زەنجىر باغلاپ، كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ
يۈرىدۇ.

مانا مۇشۇنداقلارنى ئاۋۋال ئۇرۇپ سۇغا چۈشۈرۈۋېتىش كې-
رەك، ئاندىن يەنە ئۇرۇش كېرەك، ئۇنى ئۆزى سۇغا چۈشۈپ
كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇرۇش كېرەك، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ تولىمۇ
ياخشىلىقىڭ تۇتۇپ كەتسە، ئۇرمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئۇنىڭغا
ئىچ ئاغرىتىپ ھەسرەت چېكىشىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەگەر پىستىگە
كەڭچىلىك قىلىش مۇمكىن ئىكەن، باشقا ئىتلارنىمۇ ئۇرۇشنىڭ
ھاجىتى يوق بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىنتايىن بۇردىچى بول-
سىمۇ، ئەمما بەربىر يەنە بۆرىگە ئوخشاش ياۋايىلىقى بولىدۇ،
ئۇلار پىستىدەك ئىككى يۈزلىمىلىك قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەر ماقالىمىزنىڭ مەزمۇنى بىلەن
ئانچە ئالاقىسىزدەك بولسىمۇ، مۆرىتى كېلىپ قالغاچقا توختىلىپ
ئۆتتۇم.





## 4. «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇر» مىساق، ئادەمزاتقا زامىن بولىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا

قىسقىسى، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇرۇش ياكى ئۇر-
ماسلىقتا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ قىرغاققا چىققاندىن كېيىنكى
پەيلىگە قاراش كېرەك.

ئىتنىڭ خۇي - پەيلى، قانداقلا بولسۇن، ئانچە ئۆزگەرمەي-
دۇ؛ ئېھتىمال يەنە 10 مىڭ يىللاردىن كېيىن ھازىرقىدىن پەرق-
لىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن مەن ھازىرقى گەپنى قىلىۋا-
تىمەن. ئەگەر ئىت سۇغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەك
ئىچ ئاغرىتىدىغان بولساق ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. مەخلۇق-
لاردىن ئىچ ئاغرىتىشقا توغرا كېلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ، ۋابا
مىكروبى ناھايىتى تېز ئاۋۇيدىغان نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
ناھايىتى مۇلايىم مىجەزلىك بىر نەرسە، شۇنداق بولغاندىمۇ دوخ-
تۇرلار ئۇنىڭغا زادىلا رەھىم قىلمايدۇ.

ھازىرقى مەنسەپدارلار ۋە يەرلىك ياكى ئەجنەبىي تۆرىلەر
كۆڭلىگە ياقمىغانلا ئادەملەرنى قىزىل پاچاق، كوممۇنىست دەپ
تەگەيدۇ. مىنگونىڭ 1 - يىلىدىن ئىلگىرى ئەھۋال باشقىچىرەك
ئىدى، ئۇ چاغدا كۆڭلىگە ياقمىغان ئادەملەرنى ئاۋۋال كاڭ يۇۋېيچى
دېيىشتى، كېيىن ئىنقىلابچى[409] دېيىشكەندى، ھەتتا ئۇلارنى
يامۇلغا چېقىپ قوياتتى، ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن بىر مەقسىتى ئۆزلىد-
رىنىڭ شان - شەۋكىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى، لېكىن يەنە شۇ
زامانلاردا «قۇببىلىرىنى ئادەم قېنى بىلەن بوياش»[410] دېگەن
نىيىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىنقىلاب ئاخىر
كۆتۈرۈلدى، بىر تۈركۈم تەكەببۇر تۆرىلەر شۇئان ئالاقزادە بولۇپ
لالما ئىتنىڭ ھالىغا چۈشتى - دە، ئۇزۇن چاچلىرىنى چوققىسىغا
تۈرۈۋېلىشتى[411]. ئىنقىلابچىلارمۇ يېڭى روھتا — ئىلگىرى تۆرد-

لەر قاتتىق يىرگەنگەن يېڭى روھتا، «مەدەنىي»لىشىپ كەتتى؛ «ھەممىمىز يېڭىلاندۇق»[412]، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتلارنى ئۇرمايمىز، مەيلى، ئۇلار قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقسا چىقىۋەرسۇن، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى لالمىلار قىرغاققا يامىشىپ چىقىپ، مىنگونىڭ 2 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە جىم يېتىپ، 2 ـ نۆۋەتلىك ئىنقىلاب[413] ۋاقتىدا سەكرەپ چىقىپ، يۈەن شىكەيگە ياردەملىشىپ بىرمۇنچە ئىنقىلابچىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، نەتىجىدە جۇڭگو يەنە كۈندىن ـ كۈنگە زۇلمەتكە چۆكتى؛ تاكى شۇ كەمگىچە قېرى ساقىندىلارنىڭ يۈرگەنلىكىنىغۇ دېمەي قويايلى، ھەتتا ياش ساقىندىلارمۇ شۇنچە كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ياخشى نىيەت بىلەن شۇ ئىبلىسلارغا شەپقەت قىلىپ ئۇلارنى ئاۋۇتۇپ قويىدى، بۇ ھال بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاڭلىق ياشلارنى زۇلمەتكە قارشى ئۇرۇشتا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ نۇرغۇن كۈچ ۋە جان پىدا قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

چيۇجىن[414] خانىم ئەنە شۇنداق چېقىمچىلارنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ، ئىنقىلابتىن كېيىن ئازغىنە ۋاقىت «ئايال باتۇر» دەپ تەرىپلەنگەندى، ھازىر ئۇنىڭ نامى ئېغىزغا ئانچە ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشى بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا بىر تۇتۇق[415] — ھازىرقى ھەربىي ۋالىي دېگەنگە باراۋەر — چيۇجىن خانىمنىڭ مەسلەكدىشى ۋاڭ جىنفا[416] كەلدى. ئۇ چيۇجىن خانىمنى ئۆلتۈرگۈزگەن باش سۇيىقەستچى[417]نى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ چېقىمچىلىق ئەنزىلىرىنى توپلاپ، ئۇنىڭدىن چيۇجىن خانىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئاخىر ئۇ باش سۇيىقەستچىنى قاماقتىن بوشىتىۋەتتى، ئاڭلىشىمچە، ئۇ: مىنگو قۇرۇلدى، كونا ئاداۋەتنى تەگمەسلىك كېرەك، دەپ قويىۋەتكەنمىش. لېكىن، 2 ـ نۆۋەتلىك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن





كېيىن ۋاڭ جىنفا يۈەن شىكەينىڭ لالمىلىرى قولىدا ئېتىلىپ كەتتى. بۇنىڭدا يەنە شۇ ۋاڭ جىنفا قاماقتىن بوشىتىۋەتكەن باش سۇيىقەستچى، يەنى چيۇ جىننى ئۆلتۈرگەن قاتىل كۈچ چىقاردى.

بۇ ئادەممۇ ھازىر ئەجىلى يېتىپ ئۆز ئۆيىدە كۆزىنى يۇمدى، لېكىن ھازىر ئۇ يەردە داۋاملىق زوراۋانلىق قىلىپ يۈرگەنلەرمۇ يەنە شۇ خىلدىكى ئادەملەردۇر، شۇڭا چيۇ جىننىڭ يۇرتى ھېلىمۇ يەنە شۇ پېتىچە ئۆتۈۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ يەر قىلچە ئالغا باسقىنى يوق. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ جۇڭگوغا ئۈلگە بولالايدىغان مەشھۇر شەھەر[418] دە ئۆسكەن ياڭ يىڭيۇ[419] خانىم بىلەن چېن شىيىڭ ئەپەندى ئۈچۈن ھەقىقەتەن كاتتا ئامەت.

## 5. تەختتىن يىقىلغان ئادەمنى «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت» بىلەن بىر قاتاردا ھېسابلىماسلىق توغرىسىدا

«گۇناھ قىلغان بولسا ئۇنى تەگمەسلىك»[420] — بۇ مەغپىرەتتۇر؛ «كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى چاققاننىڭ چىشىنى چاق»، بۇ — يوللۇقتۇر[421]. لېكىن، جۇڭگودا ھەممىدىن كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى ئۇۋاللىقتۇر، يەنى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتنى ئۇرماي، ئەكسىچە شۇ ئىت تەرىپىدىن چىشلىنىپ قېلىشتۇر. لېكىن، بۇ ھال ئەمەلىيەتتە ياۋاش ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئازاب تېپىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت.

«كۆڭۈلچەكلىك — كارغا كەلمەسلىكنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى» دېگەن ماقال بار، ئېھتىمال بۇ سۆز تولىمۇ زەردە بىلەن ئېيتىلغان بولسا كېرەك. لېكىن، تەپسىلىي ئويلىنىپ قارىغاندا، بۇ كىشىلەرنى يامانلىققا دەۋەت قىلىش بولماستىن، بەلكى نۇرغۇن ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆز بولسا كېرەك. مەسىلەن، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن

ئېتنى ئۇرماسلىق توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئىككى سەۋەب بولسا كېرەك: بىرىنچىدىن، ئۇنى ئۇرغۇدەك كۈچ يوق. ئىككىنچىدىن، تەمسىلدە ئاداشقان. بىرىنچى سەۋەب توغرىسىدا توختىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ؛ ئىككىنچى سەۋەب توغرىسىدا توختىلايلى. ئىككىنچى سەۋەبنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىككى خاتالىقى بار: بىرىنچىدىن، ئۇ ئادىشىپ، تەختتىن يىقىلغان ئادەملەرنى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت بىلەن تەڭلەشتۈرگەن؛ ئىككىنچىدىن، تەختتىن يىقىلغان ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىماي، ھەممىسىگە ئوخشاش قاراپ، نەتىجىدە يامانلارغا يول بېرىپ قويغان. ھازىرقى ئەھۋالنى ئالساق، ھازىر سىياسىي ۋەزىيەت تىنچ ئەمەس، ۋەزىيەت خۇددى چاقىدەك چۆرگىلەپ تۇرماقتا، شۇڭا يامان ـ بۇزۇق ئادەملەر ئىشەنچسىز ھىماتقا يۆلىنىپ تەپ تارتماستىن خالىغانچە ئەسكىلىك قىلماقتا. ئەگەردە ئۇلار موللاقلاپ چۈشۈپ، بىردىنلا رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چىشلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى چىشلەنگەن مۆمىن ـ ياۋاش ئادەملەر ئۇلارنى «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت» قاتارىدا كۆرىدۇ، ئۇنى ئۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىدۇ ۋە ھەق جايىنى تېپىپتۇ، مەردلىك قىلاي دەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە سۇغا چۈشۈپ كەتمىگەنلىكىنى، بەلكى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۇۋا تەييارلاپ قويغانلىقىنى، ئوزۇق ـ ئوقەتلىرىنى يېتەرلىك توپلىۋالغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ كونسېسسىيىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلسە ئىدى كاشكى. ئۇلار گاھىدا زەخىملەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس؛ ئۇلار كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىقىنى قوزغىۋالساق، ئۆزىمىزنى بەھۇزۇر پاناھقا ئالالايمىز دېگەن نىيەت بىلەن، ھېچبولمىغاندا، يالغاندىن ئاقساق بولۇۋالىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ يەنە كۈنى تۇغقاندا، ئۇلار يەنە ھەممىدىن ئاۋۋال ياۋاش





ئادەملەرنى چىشلەپ، «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، قولىدىن كەلگەن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ؛ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولسىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىر قىسمى يەنە شۇ ياۋاش ئادەملەرنىڭ «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت»لارنى ئۇرمىغانلىقىدۇر. دېمەك، ئېچىتىپىراق ئېيتساق، بۇ — ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈش، دېمەكتۇر. شۇڭا، خۇدادىنمۇ، بەندىدىنمۇ ئاغرىنىش تامامەن توغرا ئەمەس.

## 6. «فاير» قىلىۋېرىشنىڭ ھازىرچە ئىمكانىيىتى يوقلۇقى توغرىسىدا

ئېھتىمال، شەپقەتلىك ئادەملەر: شۇنداق قىلىپ بىزگە «فاير پلەي» كېرەك ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئالنى بېرەر. مەن بۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرەلەيمەن: ئەلۋەتتە كېرەك، لېكىن ھازىر تېخى بالدۇر. بۇ، «كۆپكە ئىلتىپات قىلىسىلا»[422] دېگەن ئۇسۇلنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شەپقەتلىك ئادەملەر بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ئۇنىماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مەن سۆزۈمنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. يەرلىك تۆرىلەر ياكى ئەجنەبىي تۆرىلەر ھەمىشە، جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بار، چەت ئەللەرنىڭ ئەركىنلىك دېگەن نەرسىلىرى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دېيىشىدىغۇ؟ مېنىڭچە، مۇشۇ «فاير پلەي»مۇ ئەنە شۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار سىزگە «فاير» قىلمايدىكەن، سىز ئۇلارغا «فاير» قىلىدىكەنسىز، نەتىجىدە ھامان ئۆزىڭىز زىيان تارتىپ قالىسىز؛ ئۇ چاغدا «فاير» قىلىمەن دېسىڭىز قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى «فاير» قىلمايمەن دېسىڭىزمۇ ئۆلگۈرەلمەي قالىسىز. شۇڭا، «فاير» قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى، ئالدى بىلەن رەقىبنى ئوبدان بىلىۋېلىش كېرەك، ئەگەر رەقىب «فاير» قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان بولسا، ئۇنى ھەرگىز ئايىماسلىق كېرەك؛ ئۇ ئۆزى

«فاير» قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاندىن «فاير» قىلىنىسىمۇ كېچىككەنلىك بولمايدۇ.

بۇ سۆزلەردىن، ئىككى يۈزلىمىلىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، دېگەن گۇمان تۇغۇلۇشى مۇمكىن؛ لېكىن ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق دەۋاتىمەن. چۈنكى، ئەگەر شۇنداق قىلىنمايدىكەن، جۇڭگونىڭ ئوبدانراق يولغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. هازىر جۇڭگودا ئىككى يۈزلىمىلىك ئەخلاقتا ياتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ؛ خوجايىن بىلەن قۇل، ئەركەكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەخلاقى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى تېخى بىرلىككە كەلگىنى يوق. ئەگەر «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت» بىلەن «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم» گە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىنىدىكەن، ھەقىقەتەن خۇددى تۆرىلەر ئېيتقان ئەركىنلىك، باراۋەرلىك دېگەن نەرسىلەر يامان ئەمەس نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى جۇڭگودا قوللىنىش بىرئاز ئالدىراپ كەتكەنلىك بولغاندەك، تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ۋە ئالدىراپ كەتكەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، كىمدەكىم «فاير پلەي» روھىنى ئومۇمىي رەۋىشتە يولغا قويۇشنى خالايدىكەن، مېنىڭچە، بۇنى ھېچبولمىغاندا «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت»لار ئادەملىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن يولغا قويۇش لازىم. دەرۋەقە، ئۇنى هازىر يولغا قويۇش مۇتلەق مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس؛ ئۇنى يولغا قويۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك رەقىبنى ئوبدانراق بىلىۋېلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى پەرق ئېتىش كېرەك، يەنى «فاير»نى رەقىبنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ قوللىنىش لازىم، مەيلى ئۇ سۇغا قانداق چۈشۈپ كەتسە كەتسۇن، ئۇ ئادەم بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش كېرەك؛ ئۇ ئىت ئىكەن، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەك؛ يامان ئىت ئىكەن، ئۇنى ئۇرۇش كېرەك. قىسقىسىنى ئېيتقاندا، بۇ «ياتلارنى يەكلەش» [423] تىنلا ئىبارەت، خالاس.





قورسىقى «قېيىنانىلىق» [424] بىلەن تولغان، لېكىن ئاغزىدىن «ئادىللىق» چۈشمەيدىغان تۆرىلەرنىڭ مەشھۇر سۆزلىرىنى هازىرچە قايرىپ قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا نىيىتى خالىس ئادەملەر ئۈندىگەن ئادىللىقمۇ هازىرقى جۇڭگودا ياخشى ئادەملەرنى قۇتقۇزالمايدۇ. بەلكى ئەكسىچە يامان ئادەملەرنى قوغدايدۇ، چۈنكى يامان ئادەملەر مەقسىتىگە يېتىپ، ياخشى ئادەملەرگە ئازاب ـ كۈلپەت سېلىۋاتقاندا، بىركىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادىللىقتا ھەرقانچە ئۈندىسىمۇ، ھېلىقى يامان ئادەملەر بۇنىڭغا ھەرگىز قۇلاق سالمايدۇ، ئۈندەش يەنە شۇ ئۈندەشلىكىدە قېلىۋېرىدۇ، ياخشى ئادەملەر يەنە ئازاب ـ كۈلپەت تارتىۋېرىدۇ. ئەگەر ۋاقتى‌نۇۋاق كېلىپ، ياخشى ئادەملەر سەل ـ پەل باش كۆتۈرۈپ، يامان ئادەملەرنى سۇغا تاشلىۋېتىش توغرا كەلگەندە، نىيىتى خالىس ئادىللىق تەرەپدارلىرى يەنە «ئىنتىقام ئالماڭلار»، «شەپقەتلىك ۋە ئەپۇچان بولۇڭلار»، «يامانلىققا يامانلىق بىلەن قارشى تۇرماڭلار»... دەپ چۇقان سالىدۇ. بۇ چۇقان شۇ چاغدىلا ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدۇ، قۇرۇق ئۈندەش بولۇپ قالمايدۇ؛ ياخشى ئادەملەر، بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى، دەيدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن يامان ئادەملەر قۇتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن، يامان ئادەملەر قۇتۇلغاندىن كېيىن توۋا قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇ قۇتۇلۇشنى ئۆزىنىڭ ئۇتۇقى، دەپ قارايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاللىقاچان ئۇچ ئۇۋا تەييارلاپ قويغاچقا ۋە لولا بولغاچقا، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا يەنە ئاۋۋالقىدەك ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئاۋۋالقىدەكلا يامانلىق قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئادىللىق تەرەپدارلىرىنىڭ يەنە چۇقان سېلىشى تەبىئىي. لېكىن، ئۇلار بۇ چۇقانلارغا قۇلاق سالماي قويىدۇ.

لېكىن، «يامانلىققا قارشى نەپرەتلىنىشتە تولىمۇ قاتتىق كەتكەن»، «ئىشقا تۇتۇش قىلىشتا تولىمۇ ئالدىراپ كەتكەن» — خىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن نازاپەتلىكلەر ۋە مىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن

دۇڭلىڭچىلار[425] ئەنە شۇنداق قىلغاچقا مەغلۇپ بولدى؛ بۇلار
ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر ئۇلارنى ھەمىشە ئەنە شۇنداق دەپ ئەيىبلى-
دى. لېكىن، شۇنى بىلمەيدۇكى، ئىككىنچى تەرەپ قاچان «ياخ-
شىلارغا ئۆچلۈك قىلمىغان؟ بۇ ھەقتە ھېچكىم بىر ئېغىز-
ۇ گەپ - سۆز قىلىشمىدى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن يورۇقلۇق
زۇلمەتكە قارشى ئۇزۇل - كېسىل كۈرەش قىلالمايدىكەن، ياۋاش
ئادەملەر يامانلىققا يول بېرىشنى كەڭچىلىك قىلىش، دەپ خاتا
قاراپ، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىۋېرىدىكەن، ھازىرقىدەك جاھالەتنىڭ
ئەبەدىي تۈگىمەسلىكى مۇمكىن.

## 7. «ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش» توغرىسىدا

جۇڭگولۇقلار ياكى تېۋىپقا ئىشىنىدۇ، ياكى دوختۇرغا ئىشى-
نىدۇ. ھازىر چوڭراق شەھەرلەردە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بار،
ھەر ئىككىسى ئۆز لايىقىدا ئورۇنغا ئىگە. مېنىڭچە، بۇ ھەقىقەتەن
ناھايىتى ياخشى ئىش. ئەگەر بۇ ھال ئومۇملىشىپ كېتىدىغان
بولسا، ئاھ - زارنىڭ يەنىمۇ ئازىيىشى چوقۇم، بەلكىم ھەتتا
جاھان ئاۋاتچىلىق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، مىنگو
دەۋرىدە رەسمىيلەشكەن سالام - تەزىم قىلىشنى ئالايلى، ئەگەر
بىركىم بۇنى توغرا ئەمەس دەيدىكەن، شۇنىڭ ئۆزىنى سەجدە قىلى-
دۇرۇش كېرەك. مىنگونىڭ قانۇنىدا پەلەققە تارتىش جازاسى يوق،
ئەگەر تەن جازاسى ياخشى ئىدى دەيدىغانلار بولىدىكەن، شۇ ئادەم
گۇناھ قىلغاندا ئۇنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن، يەنى كاسىسىغا ئۇ-
رۇش يولى بىلەن جازالاش كېرەك. چىنە - قاچا، چوكا، ئاش
ۋە سەيلەر ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر ئۈچۈن يارىتىلغان؛ سۈي
رېنشى[426] زامانىسىدىن ئىلگىرىكى زاماننىڭ خەلقى بولۇشنى خا-
لايدىغان ئادەم بولىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنى گۆشنى خام يېيىش-





كە تەكلىپ قىلىش كېرەك؛ كاتتا بىنالاردا پادىشاھ ياۋ، شۈنلەر-
گە[427] خۇشتار بولۇپ ئولتۇرىدىغان ئالىيجابلار ئۈچۈن يەنە بىر-
نەچچە مىڭ ئېغىز ساتما - كەپە سېلىپ، ئۇلارنى كاتتا بىنالاردىن
تارتىپ چىقىرىپ شۇ كەپىلەردە ئولتۇرغۇزۇش كېرەك؛ ماددىي
مەدەنىيەتكە قارشى تۇرغۇچىلار ماشىنىلاردا ئولتۇرۇشنى خالىمى-
سا، ئۇلارنى زورلىماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق قىلغاندا
«نېمىنى تىلىسە شۇنى تاپقان ئادەم، يەنە نېمىدىن زارلانسۇن»[428]
دېگەندەك، بىزنىڭ قۇلىقىمىزمۇ خېلى كۆپ تىنچىپ قېلىشى مۇم-
كىن. ئەپسۇسكى، كۆپچىلىك بۇنداق قىلىشنى زادىلا خالىمايۋاتى-
دۇ، باشقىلارنى ئۆز قېلىپىغا چۈشۈرۈشكىلا ئۇرۇنۇشۇۋاتىدۇ،
شۇڭا جاھاندا چاتاق كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ «فاير پلەي»
نىڭ قۇسۇرى بار، ھەتتا ئۇ ئاجىزلىققا ئايلىنىپ، ئەكسىچە يامان
كۈچلەرگە نەپ يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، لىۇ بەيجاۋ
قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرۇپ - سۆرەپ
يۇرسە[429] «ھازىرقى زامان ئەنزارى» بۇ ھەقتە لام - جىممۇ
دېمىدى؛ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى ئۆز ھالىغا كېلىپ، چېن شى-
يىڭ شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەكتەپ
بىناسىنى ئىگىلىۋالغاندا بولسا، «ئەگەر ئۇلار چىقىپ كەتكىلى
ئۇنىماي تۇرۇۋالسا قانداق قىلىسىلەر؟ ئۇلارنى نەرسە - كېرەكلى-
رىنى زورلۇق بىلەن يۆتكەتكۈزۈشكە خىجىل بولارسىلەر؟» دەپ
قويدى. ئۇرغاننىڭ ئۈستىگە سۆرەش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە
نەرسە - كېرەكلىرىنى يۆتكەش جەھەتتە لىۇ بەيجاۋ ئۆلگە كۆرسەت-
تىغۇ، نېمىشقا ئەمدى «خىجىل» بولىدىكەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار،
«ھازىرقى زامان ئەنزارى» قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى تەرەپتىن بىر-
ئاز «فاير» نىڭ ھىدىنى پۇراپ قالغان. لېكىن، بۇ «فاير» يەنە
ئاجىزلىققا ئايلىنىپ، باشقىلارغا جاڭ شىجاۋنىڭ «تەۋەررۇكى» نى
قوغداشتا پايدىلىنىدىغان پاسىبان بولۇپ بەردى.

## 8. ئاخىرقى سۆز

ئېھتىمال، يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىمدىن، يېڭىلىق بىلەن
كونىلىق ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر گـۇرۇھلار كـۇرىشىنى قوزغاپ
ئۇلارنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇپ قويىدىغان، ئۇلارنى تېخىمۇ كەس-
كىن تىركىشىشكە سېلىپ قويىدىغان بولدى، دېگەن گۇمانمۇ تۇغۇ-
لار. لېكىن، ئۇزۇپ ئېيتىمەنكى، ئىسلاھاتقا قارشى تۇرغۇچىلار-
نىڭ ئىسلاھاتچىلارغا قىلىۋاتقان زىيانداشلىقلىرى ئەزەلدىن بوشاش-
قىنى يوق، ئۇلارنىڭ زىيانداشلىق قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇللىرى
چېكىدىن ئاشقان. ئىسلاھاتچىلار يەنە غەپلەتتە يېتىۋېرىدىكەن،
هامان زىيان تارتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن جۇڭگومۇ هامان ئىسلاھاتسىز
قېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مۇئامىلىنى ۋە ئۇسۇلنى بىرئاز
ئۆزگەرتىش كېرەك.

1925 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى





# «قەبرە»نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە

فېلىيەتونلىرىمنىڭ تېڭى بېسىلىپ بولغانلىقى ھەققىدىكى خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ، نەچچە قۇر بېغىشلىما سۆز يېزىپ بېيجىڭغا ئەۋەت-
تىم. شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلگىنىنى ئۇدۇللۇق يېزىپ، ئۇدۇللۇق
ئەۋەتىپ تۇردۇم، ئۇنىڭغا تېخى 20 كۈن بولمايلا نېمىلەرنى يازغان-
لىقىم ئاللىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. بۇگۈن كېچە ئەت-
راپ شۇنچە جىمجىت، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تاغ ئېتىكىدە يېنىۋات-
قان گۈلخاننىڭ غۇۋا يورۇقىلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ؛ جەنۇبىي پۇتو
ئىبادەتخانىسىدا[430] تېخىچە سىم ئۆتكۈزۈلگەن قونچاقلار ئويۇنى
ئوينىلىۋاتىدۇ، گاھى ـ گاھى دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالىدۇ،
ھەربىر دۇمباق ئاۋازى ئارىلىقىدا تېخىمۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۇ-
رىدۇ. ئېلېكتر چىراغ ناھايىتى يورۇق يېنىپ تۇرىدۇ، لېكىن
نېمىشقىدۇر ئاندا ـ ساندا قايغۇ ـ ھەسرەت يۈرىكىمگە بىردىنلا
سانجىلىدۇ، فېلىيەتونلىرىمنى بېسىپ تارقىتىشقا سەل پۇشايمان
قىلىۋاتقاندەك بولىمەن. ئۆزۈمنىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقىنىمغا ئە-
جەبلىنىمەن؛ بۇنداق ئەھۋالغا ئانچە دۇچ كېلىپ باقمىغانىدىم،
پۇشايمان دېگەننىڭ زادى قانداق نېمىلىكىنى ھازىرغىچە ئوبدان
بىلمەيمەن. لېكىن، بۇ ھېسسىياتمۇ دەرھال يوقىلىپ كەتتى،
فېلىيەتونلىرىم ئاۋۋالقىچە بېسىلىۋەرمەكتە. كۆز ئالدىمدىكى
قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلىش كويىدا يەنە نەچچە ئېغىز
سۆز قىلماقچىمەن.

ئىلگىرى دېگەنلىرىم يادىمدا تۇرۇپتۇ: بۇ پەقەت مېنىڭ ھايا-

تىمدىكى ئازغىنە كونا ئىزدىنلا ئىبارەت. ئەگەر مېنىڭ ئۆتمۈشۈممۇ تۇرمۇش ھېسابلىنىدىغان بولسا، مېنى خىزمەت قىلغان، دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مەندىن قاينار بۇلاقتەك ئىدىيە، ئۇلۇغۋار ۋە كۆركەم ماقالىلەر چىققىنى يوق، مەندە تەشۋىق قىلغۇدەك بىرەر ئىزم (مەسلەك) مۇ يوق، نە بىرەر ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلغۇمۇ يوق. بىراق، مەن شۇنى تېتىدىمكى، ئۈمىدسىزلىك، خاھى چوڭ، خاھى كىچىك بولسۇن، بىر ئازاب ئىكەن. شۇڭا، بىرنەچچە يىلدىن بېرى بەزىلەر مەندىن قەلەم تەۋرىتىشنى ئۈمىد قىلسا، پىكىرلەر ئانچە كۆپ مۇخالىپ بولمىسا، كۈچ - قۇۋۋىتىم يەتكۈدەكلا بولسا، شۇ ئۈمىد قىلىپ كەلگەن كىشىگە مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن بىرنەچچە جۈملە نەرسە يېزىپ، ئۇلارنى ئازغىنە بولسىمۇ خۇش قىلىۋاتىمەن. ئادەم ئۆز ھاياتىدا مۇشكۇلچىلىككە كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەر بەزىدە ئاسانلا تەسەللى تاپىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئازراق قەلەم - سىياھنى ئاياپ، ئۇلارنى يالغۇزلۇق ھەسرىتىگە مۇپتىلا قىلىۋېرىمەن؟ شۇڭا ھېكايە، پارچە تەسىراتلارنى ھېسابلىمىغاندا، ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ 10 نەچچە پارچە فېليەتونمۇ بارا - بارا ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇنىڭدىن بەزىلىرى ئەلۋەتتە پۇل قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان، بۇ قېتىم ھەممىسىنى قوشۇپ بىر يەرگە جەملىدىم. ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇنداق ئۆتتى، يەنى ئەنە شۇنداق ئىشلىدىم. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىدىن نېمىلەرنى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى تا ھازىرغىچە ئېنىق بىلىپ كېتەلمىدىم. تامچىلىق قىلدىممىكىن دېسەم، ئىشلەپلا كېلىۋاتىمەنۇ، راۋاق سېلىۋاتقانلىقىمنى ياكى ئورا قېزىۋاتقانلىقىمنى ئېنىق بىلمەيمەن. راۋاق سېلىۋاتىمەن، دەپ بىلگەن تەقدىردىمۇ بەربىر ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يىقىلدۇرۇشتىن ياكى قېرىپ ئۆلگەنلىكىمنى نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس؛ ئەگەر ئىشلەۋاتقان ئىشىم ئورا قېزىش بولسا، تەبىئىيكى،





ئۆزۈمنى شۇ يەرگە كۆمۈشتىن باشقا گەپ يوق. قىسقىسى: ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ۋاقىت بىللەن بىللە غايىب بولدى، غايىب بولماقتا، غايىب بولىدۇ، خالاس. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى رازى.

لېكىن، بۇمۇ ئېھتىمال بىر جۈملە سۆزلا بولۇپ قالار. نەپەستىن توختاپلا قالمىسام، ئۆزۈمنىڭلا بولىدىكەن، كونا نەرسىلىرىمنىڭ بىر تېيىنگە ئەرزىمەيدىغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن رىشتىمنى ئۈزەلمەي گاھىدا ئۇنى ساقلاپ قويۇشنى خالايمەن. ئەنە شۇ فېليەتونلىرىمنى توپلام قىلىپ، ئۇنىڭغا «قەبرە» دەپ نام بەردىم، بۇ ھەر ھالدا ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان پەرداز بولسا كېرەك. ليۇلىڭ[431] ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، كىشىلەرگە گۈرجەك كۆتۈرتۈپ ئارقىغا سېلىۋېلىپ: «ئۆلۈپ قالسام كۆمۈپ قويۇڭلار» دەيدىكەندۇق. بۇنى ئۆزىچە مەردانىلىك دەپ ھېسابلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن مۆمىن - ياۋاش ئادەملەرنىلا ئالدىيالىغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق بولغان ئىش. ئەمدى باشقىلارغا نىسبەتەن بولسا، باشتىمۇ ئېيتقانىدىم: مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئامراق خېرىدارلار ئازراق بولسىمۇ خۇش بولسۇن، مېنىڭ ئەسەرلىرىمدىن نەپرەتلىنىدىغان بىرنېمىلەرنى ئازراق بولسىمۇ قەي قىلىۋەتسۇن — ئۆزۈمنىڭ كەڭ قورساق ئەمەسلىكىم ئۆزۈمگە مەلۇم، ئۇ بىرنېمىلەر مېنىڭ ئەسەرلىرىم تۈپەيلىدىن قەي قىلسا ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى خۇشال بولىمەن — دېگەن ئارزۇيۇممۇ بار. مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق غەرىزىم يوق. ئەگەر توپلىمىمنىڭ ياخشى تەرىپىنى زورمۇزور ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىكى بىرقانچە شائىرنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئوقۇپ چىقىلسا يامان كەتمەس؛ ئەڭ ئاخىرىدىكى «فاير پلەي» توغرىسىدىكى ئەسەرنى ئۆز قېنىم بولمى-

سىمۇ، لېكىن تەك قۇرداشلىرىم ۋە مەندىن كىچىك ياشلارنىڭ
قېنىي تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ يازغانلىقىمدىن، ئۇنىڭدىن پاي-
دىلىنىشقا بولار.

مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئامراق كىتابخانلار گاھىدا ماڭا، ئە-
سەرلىرىدە راست گەپ قىلىدۇ، دەپ باھا بېرىشىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت-
تە مۇبالىغە، ئۇلار مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئامراق بولغاچقا شۇنداق
قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مېنىڭ كىشىلەرنى ئانچە ئالدىغۇم كەلمەيدۇ،
لېكىن كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتىچە ئېيتىد-
ۋەرگىنىم يوق، ماقالىلىرىمنى قولۇمدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگۇدەك
بولسىلا بولدى قىلدىم. دەرۋەقە، مەن ھەر زامان باشقىلارنىڭ
ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرسىتىمەن، لېكىن كۆپىنچە ئۆزۈمنىڭ
ئىچ - باغرىنى تېخىمۇ رەھىمسىزلەرچە يېرىپ كۆرسىتىمەن،
شۇنداق ماقالىلىرىمنى بىرئاز ئېلان قىلسام، رەھىمدىل ئادەملەر
مېنى ناھايىتى تاش يۈرەك ئىكەن، دەپ ئويلاشتى. ئەگەر پۈتۈن
يۈرەك - باغرىمنى ئېچىۋەتكەن بولسام، ئاقىۋىتىم نېمە بولاتتى-
كىنتاڭ. گاھىدا: شۇ يول بىلەن باشقىلارنى قوغلاپ كۆرەي، ئەنە
شۇ چاغدا مەندىن ۋاز كەچمىگەنلەر مەيلى ھۇۋقۇش بولسۇن، مەيلى
جىن - شاياتۇن بولسۇن، شۇلار مېنىڭ دوستۇم، ھەقىقىي دوستۇم
بولۇپ قالىدۇ، ئۇنداقلىرى تېپىلمىسا، يەككە - يېگانە ئۆزۈملا
قالسامۇ مەيلى، دېگەن خىيالدىمۇ بولدۇم. لېكىن، ھازىر ئۇنداق
بولغىنىم يوق. چۈنكى، مەندە تېخى ئۇنچىلىك شىجائەتمۇ يوق،
نېمە ئۈچۈن دېگەندە، مېنىڭ مۇشۇ جەمئىيەتتە تېخى ياشىغۇم
كېلىدۇ. بۇنىڭ بىر كىچىككىنە سەۋەبىمۇ بار، ئىلگىرى: ئوڭلۇق
زات دېيىلگەن بىرنېمىلەرنى بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئارتۇقراق
بىئارام قىلىۋېتەي، ئۇلارنىڭ دۇنياسىنى كۆپرەك ئەيىبناق قىلى-
ۋېتەي، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم بىزار بولۇپ سېلىۋاتقانغا
قەدەر يېرىم - يارتا ساۋۇتنى كىيىپ تۇراي، دەپ ئېيتىپ





قويغانىدىم.

باشقىلارغا يول باشلاشنى ئالسام ئۇ تېخىمۇ تەس، چۈنكى
قانداق مېڭىش لازىملىقىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلىپ كېتەلمىدىم.
جۇڭگودا ياشلارنىڭ «پېشقەدەم» ۋە «ئۇستاز»لىرى خېلى كۆپ
بولۇشى ئېھتىمال، لېكىن مەن ئۇلاردىن ئەمەس، ئۇلارغا مەنمۇ
ئىشەنمەيمەن. ماڭا شۇنداق بىر ئاخىرقى تۇرغۇچ ئېنىق مەلۇمكى،
ئۇ بولسىمۇ قەبرە. لېكىن، بۇ ھەممىگە مەلۇم، ئۇ جايغا بىركىم-
نىڭ باشلاپ بېرىشى ھاجەت ئەمەس. گەپ بۇ يەردىن شۇ جايغا
بارىدىغان يولدا. ئەلۋەتتە، ئۇ بىرلا يول ئەمەس، بۇگۈنگىچە ئۇنى
بەزىدە ئىزدەۋاتسامۇ، لېكىن ئۇ يولنىڭ قايسىسىنىڭ ياخشى ئى-
كەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ پىش-
مىغان مېۋىلىرىم بىلەن شۇ مېۋىلىرىمگە ئامراق كىشىلەرنى زە-
ھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويمىغىيدىم، ئەكسىچە ماڭا، نەپرەت بىلدۈرى-
دىغان ئوڭلۇق زات دېگەندەك بىرنېمىلەرنى بولسا تېتىكلەشتۈرۈپ
قويمىغىيدىم دېگەن ئەندىشە بىلەن سۆزلىرىمدە مۇجمەللىكتىن،
يېرىم يولدا توختاپ قېلىشتىن خالىي بولالماي كېلىۋاتىمەن، كۆڭ-
لۈمدە: ماڭا ئامراق كىتابخانلارغا قىلغان سوۋغام ئەڭ ياخشىسى
«يوق» بولۇپ تۇيۇلسىدى، دەپ ئويلايمەن. تەرجىمە ئەسەرلىرىم
دەسلەپتە ھەر قېتىمدا 1000 نۇسخىدىن بېسىلىۋاتاتتى، كېيىن
500 نۇسخا قوشۇلدى، يېقىندا 2000 نۇسخىدىن 4000 نۇسخىغا
يەتتى، ھەر قېتىم كۆپەيسە، قولۇمغا پۇل كىرىدىغان بولغاچقا،
مەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە رازى، لېكىن كىتابخانلارغا زىيان يەتكۈزۈپ
قويارمىكىن دەپمۇ قايغۇرىمەن، شۇڭا ئەسەر يېزىشتا دائىم ناھايى-
تى ئېھتىياتچانلىق قىلىدىغان، ناھايىتى ئارىسالدى بولىدىغان
بولدۇم. بەزىلەر مېنى قەلەم ئېلىپ يازسا كۆڭلىدىكىنى توغرى-
دىن - توغرىلا قويىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئە-
مەس، مېنىڭ تەشۋىشلىرىممۇ خېلى بار. ئۆزۈمنىڭ بەربىر قاش-

داقتۇر بىرەر جەڭچى ئەمەسلىكىم، شۇنچە كۆپ تەشۋىش ۋە ئەسلە-
مىلىرىم بولغان باشلامچىمۇ ئەمەسلىكىم، ئۆزۈمگە خېلى بۇرۇن-
دىن مەلۇم ئىدى. يەنە شۇمۇ ئېسىمدىكى، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت
يىل بۇرۇن بىر ئوقۇغۇچى مەندىن كىتاب سېتىۋېلىشقا كەپتۇ،
ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ماڭا تۇتقۇزدى، ئۇ پۇلدىن
ئۇنىڭ قويىنىدىن ئۆتكەن ئىسسىقلىق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىس-
سىقلىق مېنىڭ يۈرىكىمگە تامغا بولۇپ بېسىلدى. شۇڭا، ھازىرمۇ
ئەسەر يېزىشتا شۇنداق ياشلارنى زەھەرلەپ قويارمەنمىكىن، دېگەن
تەشۋىش بىلەن ھامان قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلالمايمەن.
مېنىڭ تەشۋىشسىز سۆزلەيدىغان كۈنلىرىم بولمىسا كېرەك. شۇن-
داق بولسىمۇ يەنە بەزىدە: ئەمەلىيەتتە قىلچە تەشۋىشسىز سۆزلى-
گەندىلا شۇنداق ياشلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولىدۇ، دەپمۇ
ئويلاپ قالىمەن. لېكىن، شۇنداق قىلىشقا ھازىرغىچە بەل باغلىيا-
لىغىنىم يوق.

بۈگۈن قىلماقچى بولغان گېپىممۇ شۇ، بۇنى خېلى چىن سۆز
دەپ ھېسابلاشقا بولار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئازراق يازىدىغىنىم بار.

ئەسلىشىمچە، ئومۇمىي ئەدەبىي تىل يېڭى تەشەببۇس قىلىن-
غان چاغلاردا ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئۇنىڭغا كەسكىن ھۇجۇم
قىلىشقانىدى. كېيىن ئۇ تەدرىجىي ئومۇملىشىپ كەتتى، تەڭداش-
سىز قۇدرەت تاپتى، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر بىر دومىلاپلا ئۇنى
ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ھېسابىغا يېزىۋېلىپ، ئۇنىڭغا «يې-
ڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» دەپ چىرايلىق نام قويىدى. يەنە بەزىلەر
ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ئاممىبابلاشتۇرۇش جەھەتتە قوللىنىپ كۆ-
رۈشنى تەشەببۇس قىلدى؛ يەنە بەزىلىرى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى
ئىشلىتىش ئۈچۈن يەنىلا قەدىمكى كىتابلارنى كۆرۈش كېرەك دې-
يىشتى. بىرىنچى خىلدىكىلەر ئاللىقاچان رولنى كەينىگە بۇراپ،
ئاخىر «يېڭى مەدەنىيەت»نى ھاقارەتلىدى؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر





نائىلاج مۇرەسسەچىلەر بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ئارتۇقراق مۇردا
بولۇپ يېتىۋېلىش كويىغا چۈشتى، بۇنداقلار ھېلىمۇ ئاز ئەمەس.
مەن پارچە تەسىراتلىرىمدا ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەرگەنىدىم.

يېقىندا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىر ژۇرنالنى كۆرۈپ قال-
دىم، ئۇنىڭدىمۇ ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈ-
چۈن قەدىمكى ئەدەبىياتنى ئوبدان ئوقۇش كېرەكلىكى سۆزلىنىپ-
تۇ، شاھىت قىلىنغان ئادەملىرى قاتارىغا مېنىمۇ كىرگۈزۈپ-
تۇ[432]. مېنى راستتىنلا ئەندىكتۈرۈۋەتتى. باشقا ئادەملەر ھەققى-
دە بىرنېمە دېيەلمەيمەن، ئەگەر ئۆزۈمنى دېسە نۇرغۇن كونا كىتاب-
لارنى كۆرگەنلىكىم راست، دەرس ئۆتۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن
ھازىرمۇ كۆرۈۋاتىمەن. دېمەك، تولا ئاڭلاش ۋە كۆرۈۋېرىش ئار-
قىسىدا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بىلەن يازغان ئەسەرلىرىمگىمۇ
تەسىر يېتىپ، يازغان نەرسىلىرىمدە كونا كىتابلاردىكى ئىبارە ۋە
ئۇسلۇب چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزۈممۇ ئەنە شۇ رودۇ-
پايدەك چاپلىشىۋالغان قەدىمكى روھ - ئەرۋاھلاردىن قۇتۇلالماي
كېلىۋاتقىنىم ئۈچۈن تولىمۇ ئىچىم پۇشىدۇ، ئىدىيە جەھەتتىن
ئالىدىغان بولسامىمۇ جۇاڭ جۇ، خەن فېي[433] نىڭ زەھىرىگە يو-
لۇققانمەن، گاھىدا مەيلى دەيمەن، گاھىدا بولسا ئىزتىراپ چېكى-
مەن. كۇڭزى - مېڭزىلارنىڭ كىتابلىرىنى مەن ئەڭ بۇرۇن ئوقۇ-
غان، پىششىق بىلىمەن، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا يۇقىنى يوق دېيەر-
لىك. بۇ كۆپىنچە ئۆزۈمنىڭ ھورۇنلۇقىدىن بولسا كېرەك؛ كۆپ
چاغلاردا: ھەممە شەيئى ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرغاندا ھامان ئاز-
دۇر - كۆپتۇر ئۆتكۈنچى نەرسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ، ھايۋانلار بىلەن
ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدا، ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار بىلەن ئومۇرت-
قىلىق ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈنچى نەرسىلەر بولىدۇ؛ ياكى
توپتوغرا ئېيتىش مۇمكىنكى، تەدرىجىي تەرەققىيات زەنجىرىدىكى
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى بولىدۇ، دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم

كەڭچىلىك قىلىپ كەلدىم. يېزىقچىلىقنى ئىسلاھ قىلىشنى باشلىغان چاغدا، بىرنەچچە قاملاشمىغان ئاپتورنىڭ چىقىشى تەبىئىي، پەقەت شۇنداق بولىدۇ، شۇنىڭدىن بولۇشى زۆرۈر؛ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، ئازراق ھوشنى تاپقاندىن كېيىن بىر خىل يېڭى سادا چىقىرىشتىن ئىبارەت، ئۇلار كونا قورغان ئىچىدىن چىققانلىقىدىن ئەھۋالنى ئېنىقراق پەرق ئېتەلەيدۇ، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرسا كۈچلۈك دۈشمەننى ئۇجۇقتۇرالايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ۋاقىت بىلەن بىللە غايىب بولۇشقا، تەدرىجىي يوقىلىشقا تېگىشلىك؛ ئۇلار كۆپ بولغاندا كۆۋرۈكنىڭ بىر تال ياغىچى، بىر پارچە تېشىچىلىك رولىنىلا ئوينايدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىستىقبالنىڭ نىشانى ۋە ئۈلگىسى بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بارلىققا كېلىدىغىنى باشقىچە بولۇشى كېرەك، بۇلار كامالەت تاپقان تۇغما ئەۋلىيا بولمىغانلىقتىن، ئۆگىنىپ قالغان ئادەتلىرىنى بىر يولىلا تۈگىتىپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن ھەرھالدا تېخىمۇ يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىشى كېرەك. يېزىق جەھەتتىن ئېيتسام، كونا كىتابلار ئىچىدىن ھايات ئىزدەشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، تىرىك ئادەملەرنىڭ تىلىنى مەنبە قىلىپ، ماقالىنى تىلغا تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ جانلىق يېزىش كېرەك، ھازىرقى خەلق تىلىنىڭ كەمبەغەللىك قۇسۇرلىرىدىن قانداق قۇتۇلۇش ۋە تىلنى بېيىتىشقا كەلسەك، بۇمۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلە، بۇ جەھەتتە كونا ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى ئېلىشقا توغرا كەلسە كېرەك، لېكىن بۇ مېنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان دائىرەمدە بولمىغاچقا، ئۇ ھەقتە ھازىرچە سۆزلىمەيمەن.

مەن ناھايىتى زور ئىجتىھات قىلسام جانلىق تىلنى كۆپ قوبۇل قىلىپ، ماقالىلىرىمنى ئىسلاھ قىلالىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. لېكىن، ھورۇنلۇقۇمدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىراش بولغانلىقىمدىن ھازىرغىچە ئۇنداق قىلىپ كېتەلمىدىم. مەن بۇنى





قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىم ۋەجىدىن بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىمەن. چۈنكى، ئۆزۈمگە قەدىمكىلەرنىڭ كىتابلاردا يازغان قەبىھ پىكىرلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ دائىم روي بېرىپ تۇرىدىغانلىقى بىلىنىدۇ، ئۇنى تۈگىتىش جاسارىتىگە بىردىنلا كېلەلەيمەنمۇ يوق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. مەن بۇ ئىدىيەمنى دائىم قارغايمەن، كېيىنكى ياشلاردا شۇنداق ئىدىيىنىڭ روي بەرمەسلىكىنىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. بۇلتۇر ياشلارنىڭ جۇڭگو كىتابلىرىنى ئاز ئوقۇشىنى ياكى ئوقۇمايلا قويۇشىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىم ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت بەدىلىگە ھاسىل قىلغان چىن سۆزلىرىم ئىدى، ئۇ سۆزلەر ھەرگىز بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ياكى چاقچاق ۋە ياكى جان ئاچچىقىدا ئېيتىلغان سۆزلەر ئەمەس. قەدىمكىلەر كىتاب ئوقۇمىسا نادان بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىسىمۇ راست. لېكىن، دۇنيانى دەل ئاشۇ نادانلار يارىتىدۇ، دانىشمەنلەر، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ دانىشمەنلىرى دۇنيانى ھەرگىز قوللىمايدۇ. ئەمدىچۇ، ئىدىيىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەسەرلەرنىڭ تىللىرىنى ئالىدىغان بولساق، نۇرغۇن ياش ئاپتورلار يەنىلا قەدىمكى ئەدەبىيات، شېئىر ـ بېيىتلاردىن ياخشىراق كۆرۈنىدىغان، لېكىن چۈشەنمەك تەس بولغان سۆزلەرنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سېھىرگەرلىك ياغلىقى سۈپىتىدە ئۆز ئەسەرلىرىنى بېزەش ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ماڭا بۇنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتنى ئوقۇشنى دەۋەت قىلىش بىلەن ئالاقىسى بارلىقى نامەلۇم، لېكىن كونىلىقنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقانلىقى، يەنى يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىنىقىنىڭ قۇربان قىلىنىۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

خەير، مېنىڭ قەدىمكى يېزىق تىلى بىلەن ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا ئەبجەش يېزىلغان فېلىيەتونلار توپلىمىم دەل مۇشۇ پەيتتە نەشر قىلىندى، ئۇمۇ كىتابخانلارنى بىرمۇنچە زەھەرلەيدىغان بولدى.

ئۆزۈمنى ئالسام، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشقا قولۇم بارمىدى، شۇ باھانىدە، ئۆلگەن ھاياتنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى كۆرۈپ باققۇم كېلىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئامراق كىتابخانلارنىڭمۇ بۇنى بىر خاتىرە قىلىپ، بۇ كىچىككىنە قەبرىستانلىقتا بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر پوستەكنىڭ كۆمۈلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنىلا ئارزۇ قىلىمەن. يەنە بىرمۇنچە ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئەسەرلىرىم تۇتۇنغا ئايلىنىدۇ، خاتىرىمۇ ئالەمدىن غايىب بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىشىممۇ تاماملىنىدۇ. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن قەدىمكى ئەدەبىياتنى ئوقۇۋاتاتتىم، لۇ شېخېڭنىڭ ساۋ مېڭدېگە يازغان تەزىيەنامىسىنىڭ[434] بىرنەچچە مىسراسى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى، ئۇنى مۇشۇ ماقالەمنىڭ خاتىمىسى قىلدىم:

قالدۇرۇپسەن ۋەسىيەت ئۆتمۈشكە نەزەر ئەيلەپ،
ئاددىي بولسۇن يوسۇن ۋە يەڭگىل بولسۇن ئىسقات دەپ.
سەرۇپاي ۋە ئەڭگۈشتەر بېرىلمىگەچ ھېچكىمگە،
پادىشاھلار ئالدىدا قاپسەن كېيىن لەنەتكە.
ھەي، ئىسىت، سەن دانىشمەن بولۇپ گويا ئۆتكەنسەن،
قالغان تاجى - تەختىڭگە كۆزۈڭ قىيماي كەتكەنسەن.
كۆرۈپ ۋەسىيىتىڭنى مەرد ئىكەن دەپ تاڭ قالدىم،
مەزكۇر نەزمەم بىلەن مەن قايغۇرۇپ ئەپسۇس قىلدىم.

1926 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېچىدە،
لۇشۈن





**ئىزاھلار:**

(1) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1926 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭدا «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 106 - سانىغا «〈قەبرە〉گە بېغىشلىما» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېسىلغان.

(2) «خېنەن» — ئايلىق ژۇرنال، ئېلىمىزنىڭ ياپونىيىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(3) «خەلق گېزىتى» — ئايلىق ژۇرنال، ئىتتىپاقلار جەمئىيىتىنىڭ ئورگىنى، كېيىنكى چاغلاردا جاڭ تەييەن مەسئۇللۇقىدا چىققان. جاڭ تەييەن بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە كونا سۆزلەرنى، غەلىتە ئىبارە - جۈملىلەرنى كۆپ ئىشلەتكەنتى. بۇ يەردىكى «〈خەلق گېزىتى〉نىڭ تەسىرى» دېگەن سۆز جاڭ تەييەننىڭ تەسىرىگە قارىتىلغان.

(4) بۇ ماقالىدىكى «ئالىيجاناب بىرنېمىلەر»، «ئالىيجانابلار» دېگەن سۆزلەر ئۆز ۋاقتىدىكى «ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرى»غا قارىتىلغان.

(5) بۇ يەردە لۇخەن (يەنى گاۋ يىخەن)نىڭ ماقالىسىدىكى سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(6) داپچى مەدداھ — مىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن جيا فۇشىنىڭ لەقىمى. لۇشۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل سۆزلىرىگە تەنە قىلغان.

(7) «18 - مارت» پاجىئەسى — بېيجىڭدىكى ھەر ساھە خەلقى مىللىتارىستلار ئۇرۇشىغا ۋە سەككىز دۆلەتنىڭ ئۇلتىماتۇمىغا قارشى 18 - مارت كۈنى تيەنئەنمېن دەرۋازىسى ئالدىدا نارازىلىق يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، مىللىتارىست دۈەن چىرۇي ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ 200 دىن ئارتۇق ئاممىنى قىردۇرغان، ياربدار قىلغان. شۇ پاجىئەدىن كېيىن، چېن شىيىڭ ئۆز ماقالىسىدە، قىرىلغان ئاممىنى قارىلاپ: «پەمى يوق»، «ئۇلار خەلق رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن» ۋەھاكازا دېگەن.

(8) بۇ ماقالە دەسلەپ 1907 - يىل 12 - ئايدا توكيودا چىقىدىغان «خېنەن» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - ساندا لىڭ فېي ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان.

بۇ ماقالە ۋە «پەن تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا»، «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا»

قاتارلىق ماقالە ئاپتورنىڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان مەزگىلدىكى ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاپتور توكيودا ئىدى. «چۇقان. كىرىش سۆز» دە يېزىلىشىچە، ئاپتور دەسلەپتە ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلىشتا ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ ئەسەرلەر شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب دولقۇنى بىلەن ئاپتورنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىزم ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئىنقىلابىي مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان.

بۇ ماقالىدە گېككېلنىڭ «پىللوگېنىيە» سىنى شەرھلەش ئاساسىدا دارۋىننىڭ ئېۋولىيۇتسىيە (تەدرىجي تەرەققىيات) تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى تونۇشتۇرۇلىدۇ، بۇ ماقالە جۇڭگودا دارۋىن تەلىماتىنى دەسلەپ تونۇشتۇرغان مۇھىم ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «پەن تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دە غەرب پەن ئېقىمىنىڭ ئۆزگىرىشى بايان قىلىنىدۇ، پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، پەننىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنى ئالغا سۈرۈش ۋە ئىنسانلار تۇرمۇشىنى بېيىتىش جەھەتلىرىدە ئوينايدىغان رولى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى ماقالىدە پەننىڭ مۇھىملىقى، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى جاھىللار گۇرۇھىغا ۋە ئومۇمەن كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى شەرھلىنىدۇ. ئاپتور تەبئىي پەندە بولۇپمۇ دارۋىننىڭ ئېۋولىيۇتسىيە نەزەرىيىسىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتىكى ماتېرىيالىستىك قاراشنى، تەرەققىيات، ئېۋولىيۇتسىيە كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلغان. بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسى. لېكىن، ئاپتور شۇ ۋاقىتتا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىزاھلاشتا ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىزاھلاش جەھەتلىرىدە، گەرچە ماتېرىيالىزم ئامىللىرى بولسىمۇ، يەنىلا ئىدېئالىزم مەيدانىدا بولغان. «مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك ھەققىدە» دە ئاپتور مانجۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىكى پەرەڭلىشىش گۇرۇھىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن پاش قىلغان، ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەسلىكىنىمۇ تەنقىد قىلغان، شۇنىڭدەك جۇڭگوغا غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن تۈزۈمىنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك كېرەك دەپ قارىغان. بۇلار شۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ رېئال جەڭگىۋار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى: لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن، ئاپتور غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ «ماددىي مەدەنىيىتى» گە خۇراپاتلارچە ئىشىنىشنى تەنقىد قىلغاندا، ئۇنى پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىزمدىن پەرقلەندۈرمىگەن، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئاتالمىش





«كۆپچىلىك» دېگەنلىرىگە ۋە يالغان دېموكراتىيىسىگە قارشى تۇرغاندا، كۆپ سانلىقلارغا ئومۇمەن قارشى تۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭغان. «ماددىنى كۆككە كۆتۈرۈش زېھنىنى يورۇتىدۇ، شەخسنى پەرقلەندۈرگەندە، كۆپ سانلىقنى چەتكە قاقىلى بولىدۇ» دېگەن ئىبارىسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ رادىكال دېموكراتىزملىق سىياسىي خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى، ئامما بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەندەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئالاقىدار بولغان بۇ ئىككى تۈپ مەسىلىنىمۇ ئاپتورنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلالمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا» دا ئاپتور بەزى ئىدېئالىزم ياكى شەخسنى ھۆكۈمەتسىزلىك مۇتەپەككۇرلىرىنى، بولۇپمۇ شوپېنھائۇئېر، نىتسى دېگەندەك ئادەملەرنى ماقۇللاش پوزىتسىيىسى بىلەن باھالىمىغان، ئۇلار ئاپتور چۈشەنگەندەك شۇ ۋاقىتتىكى ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ يېڭى كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇتەپەككۇرلار بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چىرىكلەشكەن ئەكسىيەتچى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىنكاسى ئىدى؛ بولۇپمۇ نىتسىنىڭ «ئىنساندىن ئەلا» دېگەن ئىدىيىسى كېيىنكى چاغلاردا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۇلارنى قۇل قىلىش ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالدى. ئاپتور شۇ ۋاقىتتا بۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. لېكىن، لۇشۈننىڭ نىتسىلار بىلەن پەرقى بار، چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى جۇڭگو ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا تۇراتتى، ئاپتور نىتسى قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى فېئوداليزمغا قارشى رېئال تەلەپ ئاساسىدا قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ شەخسلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىدىيىدە ئەركىن بولۇش، كونا ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش سادالىرى نىتسى قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان سىياسىي مەقسەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

«شايائۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دا ئاپتور دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بار شائىرلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان فېئودال مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. بۇ ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان دېموكراتىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمىنى جۇڭگوغا ھەقىقىي تونۇشتۇرغان، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئەدەبىياتىغىمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب تەلىپىنى قويغان بىرىنچى ئىلمىي ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(9) تالېس (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 624 — 547 ـ يىللار) — گرېتسىيىنىڭ قەدىمكى ماتېرىيالىست پەيلاسوپى، ئۇ بارلىق شەيئىلەر (ھاياتمۇ) سۇدىن پەيدا بولغان، سۇ ھەقىقىي ئاساس دەپ قارىغان.

(10) دارۋىن (1809 — 1882) — ئەنگلىيە بىئولوگىيە ئالىمى، ئېۋوليۇتسىيە نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى. ئۇنىڭ پەندىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى تەبىئىي تاللىنىشنى ئاساس قىلغان ئېۋوليۇتسىيە تەلىماتىنى، يەنى دارۋىنىزمنى ياراتقانلىقىدۇر. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۇنىڭ نەزەرىيىسىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ تەلىمات XIX ئەسىردە تەبىئىي پەندىكى ئۈچ چوڭ كەشپىيات (قۇۋۋەتنى ساقلاش ۋە ئۆتكۇزۇش قانۇنى، ھۇجەيرىلەر تەلىماتى ۋە ئېۋوليۇتسىيە)نىڭ بىرى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «جانلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى»، «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى» (ماقالىدە ئېيتىلغان «ئىپتىدائىي ئادەملەر توغرىسىدا») قاتارلىقلار بار.

(11) گېككېل (1834 — 1919) — گېرمانىيە بىئولوگىيە ئالىمى، دارۋىنىزمنى قوغدىغۇچى ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلغۇچى. ئۇ پىللوگېنىيىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى شەجەرىسىنى بەرپا قىلغان، جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دارۋىنىڭ ئېۋوليۇتسىيە نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «دۇنيانىڭ سىرى»، «ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، «ئىنسانلار ئىرقىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە سىستېمىسى» (ماقالىدە ئېيتىلغان «پىللوگېنىيە») قاتارلىقلار بار.

(12) گېكسلېي (1825 — 1895) — ئەنگلىيە بىئولوگىيە ئالىمى، دارۋىن تەلىماتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى.

(13) پائۇلسېن (1846 — 1908) — گېرمانىيە پەيلاسوپى، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمچى. ئۇ ئۆزىنىڭ «جەڭگىۋار پەلسەپە» دېگەن كىتابىنىڭ بەشىنچى باب 9 ـ بۆلۈمىدە: «مەن بۇ كىتابنى (گېككېلنىڭ 〈ئالەمنىڭ سىرى〉نى) ئوقۇپ ئىنتايىن نومۇس قىلدىم، مىللىتىمىزنىڭ ئادەتتىكى تەربىيىسى ۋە پەلسەپە تەلىم ـ تەربىيىسى ئۈچۈن شەرمەندىلىك ھېس قىلدىم» دېگەن.

(14) دانىشمەن — پەيلاسوپ.

(15) پىللوگېنىيە — يەنى ئۇرۇقنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى پەن. گېكسلېي قەدىمكى بىئولوگىيە، سېلىشتۇرما ئاناتومىيە ۋە تۆرەلمىشۇناسلىقتا دائىر مول ماتېرىياللارنى يەكۈنلەپ، جانلىقلار ئۇرۇقىنىڭ تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان پەن. ئۇ ھۇجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخى، مەۋجۇت جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى، شەكلى، ھايا-





تى، تارقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى، قەدىمكى جانلىقلارنىڭ تاشقا ئايلانغان نەمۇنىلىرىنى تەتقىق قىلغان، جانلىقلار دۇنياسىدىكى ھەر خىل تۈرلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش ھالىتى قاتارلىقلارنى ئاساسلىق تەھلىل قىلغان.

(16) ئونتوگېنىيە — جانلىقلارنىڭ يالاڭ ـ يەككە پەيدا بولۇشىنى، تۆرەلمىلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يېتىلىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

(17) مۇسا — مۇسا ئەلەيھىسسالام، «ئىنجىل» رىۋايەتلىرىدىكى قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ داھىيسى، يەھۇدىي دىنىنى كەشىپ قىلغۇچى. «تەۋرات» — مۇسانىڭ بەش كىتابىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى تومى 50 باب، ئالدىنقى ئىككى بابىدا خۇدانىڭ ئالەمدىكى جان ـ جانىۋارلارنى ياراتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(18) نىستورى — خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى. ئاپتور بۇ يەردە پۈتۈن خرىستىئان دىنىنى نەزەردە تۇتقان.

(19) كوپېرنىك (1473 — 1543) — پولشا ئاسترونومى. ئالەمدە قۇياش مەركەز تەلىماتىنى ئىختىرا قىلغۇچى. ئۇ ئاسترونومىيىدە 1000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەرنىڭ مەركىزى تەڭرىنىڭ ئىلكىدە دېگەن تەلىماتنى ئاغدۇرۇپ، ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتكەن، بۇ، ئاسترونومىيە تارىخىدىكى زور ئىنقىلاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى قارىشىنى يېڭىلاش ئۈچۈن تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» دېگەن كىتابى تەبىئىي پەننى ئىلاھ تەلىماتى تەسىرىدىن ئازاد قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(20) ۋېسالى (1513 — 1564) — بېلگىيە ئاناتومىيە ئالىمى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئادەم جەسىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئاناتومىيىدىن دەرس ئۆتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ تەجرىبە تەتقىقاتىنى ئاساس قىلىپ، «ئادەم ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان.

(21) ئېئۇستاجى (تەخمىنەن 1420 — 1574) — ئىتالىيە ئاناتومىيە ئالىمى؛ «ئاناتومىيە ئىسخېمىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(22) لىننېي (1707 — 1778) — شۋېتسىيە بىئولوگىيە ئالىمى؛ ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىستېمىغا بۆلۈنۈشىنى كەشىپ قىلغۇچى.

(23) نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى توپان بالاسى — «تەۋرات» تا يېزىلىشچە، قەدىمكى زاماندا توپان بالاسى بولۇپ، بارلىق جانلىقلارنى يوقاتقان. لېكىن، نوھ ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ ئاپەتتىن قۇتۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن يەر شارىدىكى جانلىقلار جۈملىدىن

ئىنسانلارمۇ كېيىندىكى جانلىقلاردىن نەسىل سۈرگەن.

(24) لامارك (1744 — 1829) — فرانسىيە بىئولوگىيە ئالىمى. ئېۋولىيۇتسىيە نەزەرىيىسىنىڭ پېشۋاسى، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەلىماتنى، يەنى لاماركىزمنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ 1809 - يىلى يازغان «ھايۋانات ئىلمى پەلسەپىسى» دېگەن كىتابىدا: جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم سەۋەبى شارائىتنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدۇر، جانلىقلارنىڭ ئەزالىرى ئىشلىتىلسە راۋاج تاپىدۇ، ئىشلىتىلمىسە چېكىنىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ «ئىلاھ ياراتقان» ۋە «جانلىقلار تۈرى ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەن دىنىي قاراشلارغا قاتتىق قارشى تۇرۇپ، پەندە دارۋىن تەلىماتىنىڭ قارارلىشىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىغان.

(25) كۇۋېر (1769 — 1832) — فرانسىيە زوئولوگىيە ئالىمى، قەدىمكى بىئولوگىيە ئالىمى، 1812 - يىلى «تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلەر نەزەرىيىسى»نى يېزىپ، قەدىمكى بىئولوگىيىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. لېكىن كالۋىنىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ئىشەنمەيتتى، تۈرلەرنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئوخشاش بولمىغان يەر قاتلىمىدا ئوخشاش بولمىغان جانلىقلارنىڭ بولغانلىقىدىن مېتافىزىكىلىق «يەر شارى ئىنقىلابى نەزەرىيىسى» (يەنى جىددىي ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى)نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جانلىقلارنىڭ تاشقا ئايلانغانلىق پاكىتىغا ئويغۇنلاشتۇرغان. ئېنگېلس: «كۇۋېرنىڭ يەر شارى كۆپ قېتىملىق ئىنقىلابىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى دېگەن نەزەرىيىسى ئىبارە جەھەتتىن ئىنقىلابىي بولسىمۇ ماھىيەتتە ئەكسىيەتچىللىكتۇر» دەپ تەنقىت قىلغان.

(26) ئەۋلىيا گىلايرى (1772 — 1844) — فرانسىيە زوئولوگىيە ئالىمى. ئۇ: جانلىقلار بۇرۇن سانى كۆپ بولمىغان ھايۋانلار تۈرىدىن ئۆزگىرىش ئارقىلىق كۆپەيگەن، ئۆزگىرىشكە تاشقى شارائىتنىڭ تەسىرى سەۋەب بولغان، دەپ تونۇغان. 1830 - يىلى ئۇنىڭ كۇۋېر بىلەن پارىژدىكى فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە قىلغان مۇنازىرىسى پەن تارىخىدا مەشھۇر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(27) گيوتې (1749 — 1832) — گېرمانىيە شائىرى ۋە ئالىمى، ئۇنىڭ زوئولوگىيە، بوتانىكا، ئاناتومىيە جەھەتلەردە تۆھپىسى بار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە «ئۆسۈملۈكلەر مورفولوگىيىسى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(28) كانت (1742 — 1804) — گېرمانىيە پەلسەپە ئالىمى، ئىدېئالىست. ئۇ دەسلەپتە ئاساسەن تەبىئەت پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلغان، 1755 - يىلى «تەبىئەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى ۋە ئاسمان جىسىملىرى نەزەرى-





يىسى»نى نەشر قىلىپ، قۇياش سىستېمىسىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىنىڭ بەرپا بولۇشىغا ناھايىتى زور تۈرتكە بولغان. كېيىنكى مەزگىلدە «تەنقىدىي پەلسەپە» دېگەننى ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا بېرىلىپ: ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم، پەن بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان.

(29) ئوكېن (1779 — 1851) — گېرمانىيە تەبىئىي پەن ئالىمى ھەم تەبىئەت پەلسەپىسى ئالىمى. ئۇ پەلسەپە جەھەتتە پانتېئىزمغا مايىل. ئۇنىڭ «تەبىئەت پەلسەپە دەرسلىكى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(30) ۋاللېس (1823 — 1913) — ئەنگلىيە زوئولوگىيە ئالىمى. تەبىئىي تاللىنىش تەلىماتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ ۋە دارۋىننىڭ تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى 1858 - يىل 7 - ئايدا لىننى نامىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتتە ئوقۇلغان، لېكىن ئۇ پەلسەپە جەھەتتە ئىدېئالىست ئىدى. ئۇنىڭ «ھايۋانلارنىڭ جۇغراپىيىۋى تارقىلىشى»، «ئارالدىكى ھايات» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(31) «بايگىل» — ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پاراخوتى.

(32) ئامىيوبا — شەكلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان قۇرت.

(33) پاندورىنا — يەككە ھۇجەيرىلىك جانلىقلار تەرەققىي قىلىپ كۆپ ھۇجەيرىلىك جانلىقلارغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى بىر خىل جانلىق نەرسە. ئۇ تېنى سەككىز، 16 ياكى 32 ھۇجەيرىدىن تەركىب تاپقان ئۇيۇل شارغا ئوخشايدىغان جىسىم.

(34) بۇ يەردىكى «يۇرا»، «دېۋونىر»، «تاشكۆمۈر» دەۋرلىرى «قەدىمكى ھايات ئېراسى»غا كىرىدۇ.

(35) مونېر — ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى.

(36) ياۋا ئارىلىدىكى مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ تاش نەمۇنىلىرى — دۇنيا بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن تېپىلغان تاش نەمۇنە. گوللاندىيىلىك ئىنسانشۇناس دۇبىيە 1891 - يىلى ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا - ترىنىل ئارىلىدا بىر پارچە چوققا سۆڭىكى، ئىككى دانە ئېزىق چىش، بىر تال سول يانپاش سۆڭىكى تاپقان. بۇلار شەكىل جەھەتتە مايمۇن بىلەن ئادەم ئارىلىقىدىكى جانلىقنىڭ سۆڭىكى. بۇلارنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا.

(37) ناگېل (1817 — 1891) — شۋېتسارىيە بوتانىكى (ئۆسۈملۈكشۇناسى). ئۇ ئۇرۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلىپ، سۇدا ئۆسىدىغان لەشلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلغان.

(38) بۇ ماقالە دەسلەپ 1908 ـ يىل 6 ـ ئايدا «خېنەن» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىغا لىڭ فېي تەخەللۇسى بىلەن بېسىلغان.

(39) چىنىستان — جۇڭگونىڭ چەت ئەل تىلىدا ئاتىلىشى.

(40) پىتاگور (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 580 — 500) قەدىمكى گرېتسىيە ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپى. ئۇ، سان يەنى رەقەمنى كۇرمىلىڭ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى دەپ ھېسابلىغان؛ مۇزىكىنىڭ رىتىملىرىنىمۇ ماتېماتىكا مۇناسىۋەتلىرىگە يىغىنچاقلىغان، مۇشۇ نەزەرىيىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ كۇيلەرنى سىناق قىلغان. نەتىجىدە، ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئاۋاز دولقۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن تاكىتنى يەنى مۇزىكا پەردىسىنى كەشىپ قىلغان. ئۇ يەنە ماتېماتىكىدا «پىتاگورنىڭ تېئورېمىسى» نى كەشىپ قىلغان.

(41) ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 384 — 322) — قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى. ئۇ دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىگە ئىگە بولغاچقا، ئېنگېلس ئۇنى قەدىمكى زامان دۇنياسىنىڭ گېگېلى دەپ ئاتىغان. ئۇ ئاناتومىيە ئىلمى، ھاۋا رايى ئىلمى، ئەخلاق ئىلمى، ئېستېتىكا قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ «قورال»، «مېتافىزىكا»، «فىزىكا»، «شېئىرىيەت» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(42) ئەپلاتون (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 427 — 347) — قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىست، «دىئالوگ» دېگەن ئەسىرى بار. ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ ھاسىل بولۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەر، سىياسىي جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار بايان قىلىنغان.

(43) دېموكرېت (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 460 — 370) — قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى، ئاتوم نەزەرىيىسىنى ياراتقۇچىلاردىن بىرى. ئۇ، دۇنيا ئاتوم بىلەن بوشلۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، ئاتوملار بوشلۇقتا توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ سىڭىپ كەتمەيدۇ، پارچىلانمايدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ ھەم سانسىز بولىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر مانا مۇشۇ ئاتوملارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ، دەپ قارىغان.

(44) ئارخېمىد (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 287 — 212) — قەدىمكى گرېتسىيە ماتېماتىكا ئالىمى، دىنامىكا ئالىمى، ئۇ پىشاڭ ۋە لەيلەش تېئورېمىسىنى كەشىپ قىلغان. ئۇنىڭ «سفېرا ۋە سىلىندىر يۈزى ھەققىدە»، «لەيلىگۈچى جىسىملار»، «دىنامىكا نەزەرىيىسىنىڭ مېتودىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(45) ئېئۇكلىد (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 330 — 275) — قەدىمكى گرېتسىيە ماتېماتىكا ئالىمى. ئۇنىڭ «گېئومېترىيە ئاساسلىرى» دېگەن





ئەسىرى دۇنيادا ماتېماتىكىنى ئەڭ بۇرۇن سىستېمىلىق بايان قىلغان ئەسەر، شۇنداقلا ھازىرقى زامان گېئومېترىيىسىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

(46) ھېرون (مىلادىيە ھەم مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) — قەدىمكى گرېتسىيە ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ئالىمى، مېخانىكا ۋە ئاققۇچى جىسىملار مېخانىكىسى جەھەتتە نۇرغۇن كەشپىياتلارنى ياراتقان، شۇنداقلا ترىگونومېترىيىلىك يۈزلەرنىڭ فورمۇلىسىنى ياراتقان. «گېئومېترىيە»، «ئاتموسفېرا مېخانىكىسى»، «ئۆلچەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(47) ئىسكەندىرىيە فارىلئولۇمى — ئىسكەندىرىيە كۇتۇپخانىسى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىرنىڭ ئىسكەندىرىيە شەھىرىدە قۇرۇلغان، كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب ناھايىتى مول بولۇپ، ئالىملار بۇ يەرگە يىغىلىپ ھەر خىل پەنلەرنى تەتقىق قىلغان. شۇ زاماندا ئالەمشۇمۇل ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى بولۇپ شەكىللەنگەن. مىلادىيىدىن 48 يىل بۇرۇن رىملىقلار بۇ يەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە، كىتابلارنىڭ يېرىمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، قالغان قىسمىنى بولسا مىلادىيىنىڭ 641 ـ يىلى ئەرەبلەر بۇ شەھەرگە كىرگەندە ۋەيران قىلىپ تۈگەتكەن.

(48) ئاناكسىمېن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 588 — 525) — قەدىمكى گرېتسىيە ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى ۋە تەبىئىي پەن ئالىمى. ئۇ ھاۋانى مەنبە دەپ قارىغان، چۈنكى ئۇ چەكسىز بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان. «تەبىئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى يازغان، لېكىن يوقىلىپ كەتكەن.

(49) ھېراكلىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 540 — 480) — قەدىمكى گرېتسىيە ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى. ئۇ مول ۋە ئىستىخىيىلىك دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىگە ئىگە بولغاچقا، لېنىن ئۇنى دىئالېكتىكىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى دەپ ئاتىغان، ئۇ ئالەمدىكى نەرسىلەر ئوتتىن پەيدا بولغان، ئوت ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسى دەپ ھېسابلىغان. «تەبىئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

(50) ۋېۋېل — ئەنگلىيە پەيلاسوپى ۋە ئىلىم ـ پەن تارىخچىسى. «يىغما خۇلاسىلىك پەنلەر تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

(51) كوردوبا — ئىسپانىيىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى. مىلادىيە VIII ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ ئەمەۋىلەر قەبىلىسى ئىسپانىيىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن قۇرغان ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەت مەركەزلىرىدىن بىرى.

(52) باغداد (Baghdad) مېسوپوتامىيىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى، ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئابباسىلار قەبىلىسى قۇرغان ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى. ئۇ يەردە كۇتۇپخانا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار قۇرۇلغان.

(53) يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت جەدۋىلى — بۇ جەھەتتە تولېتان جەدۋىلى ۋە ئالپونسو جەدۋەللىرى مەشھۇر.

(54) لاكتانتىئۇس (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 330 — 250) — قەدىمكى رىم لاتىن تىلى ئىستىلىستىكاشۇناسى، ئافرىقىدا تۇغۇلغان، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، «تەڭرى ۋەھىيلىرى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

(55) تىيىندال — ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى، «ئىسسىقلىق — بىر خىل ھەرىكەت شەكلى»، «ئاۋاز توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

(56) لۇتېر (M • Luthcr 1483—1546) — يەنى مارتىن لۇتېر. گېرمانىيىنىڭ XVI ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلغۇچى.

(57) كرومۋېل (O—Cromwell 1599—1658) — ئەنگلىيە سىياسىيونى. ئۇ XVII ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان. 1649 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى كارل I گە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ جۇمھۇرىيەت بولغانلىقىنى جاكارلىغان.

(58) مىلتون (J • Milton 1608—1647) — ئەنگلىيە شائىرى ھەم سىياسىيونى. كرومۋېل قۇرغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە پارلامېنت كاتىپى بولغان. «قۇتلۇق باغچىسىنىڭ قولدىن كېتىشى»، «ئىنگلىزلار ئۈچۈن ھامىيلىق» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

(59) ۋاشىنگتون — ئامېرىكا سىياسىيونى. ئۇ 1775 - يىلدىن 1783 - يىلغىچە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى بولغان.

(60) كارلىلى (T. Carlule 1795—1881) — ئەنگلىيە يازغۇچىسى، تارىخچىسى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر مەيدانىدا تۇرۇپ كاپىتالىزم تۈزۈمىنى پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان. «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش»، «فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(61) ماگنۇس — نېمىس پەيلاسوپى ۋە تەبىئىي پەن ئالىمى. ئۇ تەجرىبىگە ئەھمىيەت بەرگەن، زوئولوگىيە ۋە بوتانىكا پەنلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

(62) روگېر بېكون (تەخمىنەن 1214 — 1292) — ئىنگلىز پەيلاسوپى، تەجرىبە ئىلمىنىڭ پېشۋاسى. «چوڭ ئەسەر»، «كىچىك ئەسەر» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

(63) روگېر بېكون بايان قىلغان ئىنسانىيەت نادانلىقىنىڭ تۆت سەۋە-





بى: بىرىنچى، نوپۇزلۇقلارغا چوقۇنۇش؛ ئىككىنچى، كونا ئادەتلەرگە ئېسىلىۋېلىش؛ ئۈچىنچى، بىر تەرەپلىمىلىكتە چىڭ تۇرۇش؛ تۆتىنچى، ئۆزىگە تەلۋىلەرچە تەمەننا قويۇش.

(64) ۋېۋېل بايان قىلغان شۇ زاماندىكى ئىلىم - پەننىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىكى تۆت سەۋەب: بىرىنچى، ئۇقۇملار مۇقىم بولماسلىق؛ ئىككىنچى، دىن تەرەپدارلىرىنىڭ چاكىنا پەلسەپىسى؛ ئۈچىنچى، ئەپسانىگەرلىك؛ تۆتىنچى، ئەقىل - پاراسەتكە تايانماي، يالغۇز قىزغىنلىققا تايىنىپ، سۇبيېكتىپ ھالدا ھۆكۈم چىقىرىش. ئۇنىڭ «يىغىنچاقلاش ئىلمىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

(65) رانك (L. VonRanke 1795—1886) — نېمىس تارىخشۇناسى. «دۇنيا تارىخى»، «رىم پاپاسىنىڭ تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(66) فرېنسېل (A. J. Fresnel 1788—1827) — فرانسۇز فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ئالىمى. ئۇ، نۇرنىڭ دولقۇنلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوپتىكا ساھەسىدە «دولقۇنلىنىش تەلىماتى»نى ياراتقان ھەمدە ماتېماتىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلىرى ئارقىلىق يورۇق دولقۇنلىرى دىفراكسىيىسىنىڭ قانۇنلۇقىنى ئىزاھلىغان. «نۇر دىفراكسىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(67) بۇنسېن (R. W. Bunsen 1811—1899) — نېمىس خىمىيە ئالىمى. «گازلارنى ئۆلچەش ئۇسۇلى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ بونسېن بىلەن بىرلىكتە 1859 - يىلى «ئوپتىك سپېكتىر ئانالىزى» ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

(68) قەدىمكى مەدەنىيەتنى تىرىلدۇرۇش — بۇ گەپ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى زۇلمەتلىك دىنىي ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرۇپ، قەدىمكى گرېتسىيە پەن - مەدەنىيىتىنى تىرىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(69) كوپېرنىك (1571—1630) — نېمىس ئاسترونومىيە ئالىمى. ئۇ پلانېتىلارنىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسىنى تەتقىق قىلىپ، پلانېتىلار ھەرىكىتىنىڭ ئۈچ قانۇنىنى كەشىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن «كوپېرنىك قانۇنى» دەپ ئاتالغان. «سترومېترىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(70) گالىلې (1564—1642) — ئىتالىيە فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى. ئۇ دىنامىكا ئىلمىنىڭ نەزەرىيىسىنى كەشىپ قىلغۇچى بولۇپ، ئىنېرتسىيە قانۇنىنى، بوشلۇقتىن چۈشكەن جىسىملار قانۇنىنى، تەڭ تەسىر قىلغۇچى كۈچ قانۇنىنى مۇقىملاشتۇرغان، 1609 - يىلى تېلېسكوپ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزەتكەن ۋە تەتقىق قىلغان بولۇپ، كوپېرنىكنىڭ ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئىسپاتلاپ چىققان، «ئىككى خىل يېڭى پەننىڭ سۆھبىتى»، «ئىككى

دۇنيا سىستېمىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(71) ستېۋىن (1548—1620) — گوللاندىيە ماتېماتىكا ئالىمى ھەم فىزىكا ئالىمى. ستاتىستىكا جەھەتتىكى كۈچنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتىگە دائىر نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ستاتىستىكا ۋە ئاققۇچى جىسىملار دىنامىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(72) گالبېرت (1544—1603) — ئىنگلىز مېدىتسىنا ئالىمى، ماگنىت ئىلمىغا نۇرغۇن تۆھپە قوشقان، ماگنىت مولېكۇلا تەلىماتىنى ياراتقان. «ماگنىت توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(73) ھارۋېي (1578—1647) — ئىنگلىز مېدىتسىنا ئالىمى. ئۇ قان ئايلىنىش ھادىسىسىنى بايقاش بىلەن فىزىئولوگىيىنى پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن، «ھايۋانلار يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ ئانالىزى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(74) ئاكادېمىيە — بۇ يەردە ئىتالىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، 1603 - يىلى رىمدا قۇرۇلغان.

(75) بېكون — يەنى فرانسىس بېكون، ئەنگلىيىنىڭ يېقىنقى زامان ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى ھەم تەجرىبە ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى، «يېڭى قورال»، «ئىلىم - پەننىڭ قىممىتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(76) دېكارت — فرانسۇز پەيلاسوپى، ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ئالىمى، ئانالىتىك گېئومېترىيىنىڭ ياراتقۇچىسى. ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى دۇئالىزمغا مايىل. «پەلسەپە قائىدە - قانۇنلىرى»، «مېتودولوگىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(77) بېكوننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ «يېڭى قورال» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى توم 2 - ماددىسىدىن ئېلىنغان.

(78) بويىل (1627—1691) — ئىنگلىز فىزىكا ۋە خىمىيە ئالىمى. ئۇ ھاۋا بېسىمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈشىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق شەرھلەپ، مەشھۇر «بويىل قانۇنى»نى كەشىپ قىلغان؛ ئۇ خىمىيىلىك ئانالىز جەھەتتىمۇ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، «ھاۋانىڭ كېڭىيىش - تارىيىشچانلىقى ھەم فىزىكىلىق تەسىر — دىنامىكىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرى توغرىسىدا»، «رەڭ ئۈستىدىكى تەجرىبە ۋە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(79) نيۇتون (1642—1727) — ئىنگلىز ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ئالىمى. ئۇ مېخانىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە جىسىملارنىڭ تارتىش قانۇنىنى كەشىپ قىلىپ، دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال ئىلمى بىلەن ئوپتىكا ئانالىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان، «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق قائىدە -





قانۇنلىرى»، «ئوپتىكا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(80) پاسكال (1623—1662) — فرانسۇز ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ئالىمى. ئۇ سىماب چوكىسى ئارقىلىق ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەپ چىقىپ، «پاسكال قانۇنى»نى كەشىپ قىلغان، «بوشلۇقتىكى يېڭى سىناق ۋە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىم»، «ترىگونومېترىيىلىك ھېسابلاش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(81) تورسېل (1608—1647) — ئىتالىيە فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ئالىمى. ئۇ سۇ قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى جەريانىدا سۇيۇق جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىپ، بارومېترنى كەشىپ قىلغان؛ «ھەرىكەت نەزەرىيىسى»، «گېئومېترىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(82) مالپىگ (1628—1694) — ئىتالىيە ئانالىتىكا ئالىمى. ئۇ ئورگانىزم قۇرۇلمىسىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، قىل تومۇرلارنى بايقىغان، «ئۆپكە ياللۇغى ئۈستىدە ئانالىز»، «پۇت سۆڭەكلىرى ئانالىزى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(83) ھېرشېل (1792—1871) — ئىنگلىز ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئالىمى. ئۇ پۈتۈن ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىپ چىققان، «ئاسترونومىيە پروگراممىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(84) لاپلاس (1749—1827) — فرانسۇز ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ئالىمى. ئۇ، ئالەمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ياراتقۇچى پېشۋالاردىن بىرى بولۇپ، كانتنىڭ تۇمانلىق جىسىملار تەلىماتىنى بېيىتقان ھەمدە قۇياش سىستېمىسىنى خۇدا ياراتقان ئەمەس، بەلكى تۇمانلىق جىسىملارنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، دەپ ھېسابلىغان، شۇنداقلا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق نيۇتوننىڭ تەلىماتىنى شەرھلىگەن، «ئاسمان جىسىملىرى دىنامىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(85) يونگ (1773—1829) — ئىنگلىز فىزىكا ئالىمى. ئۇ نۇر دولقۇنلىرىنى تەتقىق قىلىپ، «يوگ كوئېففېتسېنتى»نى ياراتقان، «تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە دىنامىكا سەنئىتى ھەققىدە لېكسىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(86) ئورستېد (1777—1851) — دانىيە فىزىكا ئالىمى. 1820 - يىلى تەجرىبە قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، ئېلېكتر بىلەن ماگنىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايقىغان، شۇنىڭ بىلەن ئېلېكتروماگنىت ئىلمىگە ئاساس سالغان، «ئېلېكترنىڭ تەكشىسىزلىك ئېففېكتى تەجرىبىسى»، «تەبىئەتنىڭ روھىي دۇنياسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(87) دېكاندول (1773—1841) — شۋېتسارىيە بوتانىكا ئالىمى، ئاساسەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي تۈرگە ئايرىلىشىنى تەتقىق قىلغان، ئۆسۈملۈكلەر فىزىئولوگىيىسى، ئوپېراتسىيە ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ تۆھپىسى بار، «ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى تەبىئىي تۈرگە ئايرىلىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(88) ۋېرنېر (1750—1817) — نېمىس گېئولوگىيە ئالىمى. ئۇ، بارلىق تاغ جىنسلىرى دېڭىز سۈيىنىڭ تارتىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، دەپ قارىغان، «سۇ تارتىلىش ئىلمى ئېقىمى» نىڭ ئاساسچىسى، «تاشقا ئايلانغان جىسىملارنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(89) ھۇتتۇن (1726—1797) — ئىنگلىز گېئولوگىيە ئالىمى. ئۇ، بارلىق تاغ جىنسلىرى ۋولقان نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، دەپ قارايدۇ، «ۋولقان ئىلمى ئېقىمى» نىڭ ئاساسچىسى، «يەر شارى نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(90) ۋات (1736—1819)، — ئىنگلىز كەشپىياتچىسى، 1774 ـ يىلى ئىپتىدائىي پار ماشىنىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئۇنى سانائەتتە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىشكە بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر سانائەت ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(91) 1789 ـ يىلى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر، راھىبلار، پومېشچىكلار پرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 1792 ـ يىل 7 ـ ئايدا فرانسىيىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. شۇ ۋاقىتتا فرانسىيە ئىنقىلابى بۇرژۇئازىيىسى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئاممىسى تۇشمۇتۇشتىن قوزغىلىپ تاقابىل تۇرغان، 8 ـ ئايدا پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 9 ـ ئايدا گرازدانلار يىغىنى چاقىرىپ، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان، ئەڭ ئاخىرقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى چېكىندۈرگەن. بۇ يەردە ئىسمى ئاتالغان مۇنگى، مورۋا قاتارلىق ئالىملار شۇ قېتىمقى كۈرەشكە قاتناشقان.

(92) ئاراگو (J. Arago 1786—1853) — فرانسۇز ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئالىمى، «ئاممىباب ئاسترونومىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(93) مونگې (1746—1818) — فرانسۇز ماتېماتىكا ئالىمى، «ستاتىستىكا ئىلمىغا مۇقەددىمە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(94) سىملىق تېلېگراف 1833 ـ يىلى كەشىپ قىلىنغان، سىمسىز تېلېگراف 1893 ـ يىلى ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن. بۇ يەردە خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

(95) مورىئا (V. Moreau 1763—1813) — فرانسىيە گېنېرالى، 





دەسلەپ قانۇن كەسپىدە ئوقۇغان، فرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئارمىيىگە قاتناشقان.

(96) كارنوت (1753—1823) — فرانسۇز ماتېماتىكا ئالىمى ۋە سىياسىيونى، «دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرالدىكى مېتافىزىكا»، «تەڭپۇڭلۇق ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي قائىدە ـ قانۇنلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(97) فوركرو (F. DeFourcroy 1755—1809) — فرانسۇز خىمىيە ئالىمى، «ئومۇمىي بىلىم ۋە خىمىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(98) مورۋېي (G. deMorveau 1737—1816) — فرانسۇز خىمىيە ئالىمى. ئۇ بېرخوللېت، فوركرو قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە «خىمىيە ئاتالغۇلىرىنى ئاتاش ئۇسۇلى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

(99) بېرخوللېت (L. deBerthollet 1748—1822) — فرانسۇز خىمىيە ئالىمى. ئۇ سۈنئىي سېلىترانىڭ كەشپىياتچىسى، «تەڭ تەسىر قىلغۇچى كۈچ قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(100) ناپولېئون (N. Bonaparte 1769—1821) — ناپولېئون بوناپارت — فرانسىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ھەربىي ئالىم، سىياسىيون، 1799 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، 1804 ـ يىلى تۇنجى فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى ناپولېئون I دەپ ئاتىغان.

(101) شېكسپېر (1564—1616) — ئىنگلىز دراماتورگى ھەم شائىرى، «رومېئو ـ جولىتا»، «ھامېلېت» قاتارلىق 37 پارچە ئەسەر يازغان. ئۇ ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بىرى.

(102) راپائېل (1483—1520) — ئىتالىيە رەسسامى، نەققاشى، «شېكىستىن ئىلاھ»، «ئافىنا ئىنستىتۇتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

(103) بېتخوۋېن (1770—1827) — نېمىس مۇزىكانتى، ۋېنا كلاسسىك مۇزىكا ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يېقىنقى زامان غەرب مۇزىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

(104) بۇ ماقالە دەسلەپ 1908 ـ يىل 8 ـ ئايدا «خېنەن» ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ سانىغا شۈن شىڭ تەخەللۇسى بىلەن بېسىلغان.

(105) شۇەن يۇەن ئاتىنىڭ چى يۈنى تىنچىتىشى — شۇەن يۇەن،
يەنى خۇاڭدى ئاتا مەملىكىتىمىز رىۋايەتلىرىدە خەنزۇلارنىڭ بوۋىسى، قەدىم
زامان پادىشاھى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ جيۇلى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى
چى يۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى جۇلۇ دېگەن جايدا ئۆلتۈرگەن.

(106) كاتولىك مىسسىئونېرلىرى — جۇڭگودا كاتولىك دىنىنى تار-
قاتقان راھىبلار. مىلادىيە 1290 - يىلى ئىتالىيىنىڭ كاتولىك دىن تارقاتقۇ-
چىسى رۇۋانگاۋىننو ھىندىستان ئارقىلىق بېيجىڭغا كەلگەن؛ 1581 - يىلى
رىمادۇ بىلەن رۇمىڭجا ئاۋمېندىن ئۆتۈپ جاۋچىڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا كەل-
گەن. ئۇلار غەربنىڭ ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە قاتارلىق يېقىن-
قى زامان پەنلىرىنى جۇڭگوغا ئەكىرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگوغا كەل-
گۈچىلەر بارا - بارا كۆپىيىشكە باشلىغان، مىڭ سۇلالىسى بىلەن چىڭ
سۇلالىسى ئارىلىقىدا كالېندار ئىسلاھ قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان نېمىس
دىن تارقاتقۇچىسى تاڭ رووۋاڭ ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەخس-
لەردىن بىرى ئىدى.

(107) ھىندىستاننى مىلادىيە 1849 - يىلى ئەنگلىيە بېسىۋالغان،
پولشىنى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى روسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋستىرىيە دۆلەتلىرى
بۆلۈشۈۋالغان.

(108) گائۇل (Gaul) — مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئاخىرى گائۇل
قاتارلىق قەبىلىلەر رىم قۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ رىم ئىمپېرىيىسىگە
ھۇجۇم قىلغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك جەڭلەر ئارقىسىدا، مىلادىيە 476 -
يىلى ئىمپېرىيىنى يوقاتقان.

(109) سودا - سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — شۇ دەۋردە مىللىي
بوھران ۋە ئەجنەبىيلەرچە ئىش كۆرۈش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا،
بىر قىسىم زىيالىيلار: جۇڭگو غەرب بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ تەبىئىي پەن
ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، يېڭى تىپتىكى قوراللارنى،
قاتناش قوراللىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساپ، يېقىنقى زامان
سانائىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن سودا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، چەت ئەللەر
بىلەن «سودا جېڭى» ئېلىپ بېرىشى كېرەك، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا
قويغان. ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى بىلەن پارلامېنت تەشكىل
قىلىش — بۇ، ۋۇشۇي ۋەقەسىدىن كېيىن شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان
ئارىلىقتا ئۆتكەن ئىسلاھاتچىلار تەشەببۇس قىلغان ۋە قوزغاتقان سىياسىي
ھەرىكەت. بۇ دەۋردىكى ئىسلاھاتچىلار قاتارىدا كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ
قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللىقاچان ئەكسىيەتچى يولغا كىرىپ كەتكە-
نىدى. ئۇلار ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى ۋە ياۋروپا بۇرژۇئازىيە-
سىچە پارلامېنت تەشكىل قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇن





جۇڭشەن قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلغان، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلايدىغان دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرغانىدى.

(110) يەھۇدىيلار — يەھۇدىيلار دۆلىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى X
ئەسىر بىلەن XI ئەسىر ئارىلىقىدا قۇرۇلغان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I
ئەسىردە رىم تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، يەھۇدىيلار شۇنىڭدىن تارتىپ
دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتكەن.

(111) پۇل ۋە توپ - زەمبىرەك — بۇ يەردە شۇ دەۋردە ياڭ دۇ
ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «پۇل ۋە زەمبىرەك مەسلىكى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
1907 - يىل 1 - ئايدا ياڭ دۇ توكيودا چىقىدىغان «جۇڭگو يېڭى ئاخباراتى»
گېزىتىدە «پۇل ۋە زەمبىرەك مەسلىكى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىنى
بۆلۈپ باستۇرغان. پۇل دېگىنى، ئىقتىساد، زەمبىرەك دېگىنى، ھەربىي
ئىشلار دېگەنلىكى. بۇ خىل تەشەببۇس ئەمەلىيەتتە ئەجنەبىيچە ئىش كۆرۈش
تەرەپدارلىرىنىڭ «دۆلەتنى بېيىتىش، ھەربىينى كۈچەيتىش» دېگەن مۇقام-
لىرىنى تەكرارلىغانلىق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى لياڭ چىچاۋ قاتارلىقلار
تەشەببۇس قىلغان ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمى تەلىماتىغا ماسلاش-
قانلىقتىنلا ئىبارەت.

(112) ئەيسا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 - يىلىدىن مىلادىيە 30 -
يىلىغىچە) — خرىستىئان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى، يەھۇدىي. ھازىر ئىشلىتى-
لىۋاتقان مىلادىيە كالېندارىدا ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى مىلادىيىنىڭ باشلىنىش
يىلى قىلىنغان (تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇ ئەمەلىيەتتە مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 4 - يىلى تۇغۇلغان). «ئىنجىل»دا يېزىلىشىچە، ئۇ يەھۇدىيلار
ئارىسىدا يۈرۈپ دىن تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەزد-
پىگە ئۇچرىغان، كېيىن قولغا ئېلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىسرائىلىيىدە
تۇرۇشلۇق باش ئەمەلدارى برادۇغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ ئەيسانى كرېست
جازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈرگەن.

(113) پاپا — قازى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردىسى ئىتالىيە-
نىڭ رىم شەھىرىدىكى ۋاتىكاندا.

(114) مېتافىزىكا — ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەتتىكى تەرەققىيات
قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، يەنى پەلسەپە. ئۇ كونكرېت تەبىئىي
پەنگە نىسبەتەن ئېيتىلغان.

(115) يېڭى قىتئە — بۇ يەردە XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا
قىتئەسىنىڭ تېپىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(116) ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەردىكى ئىنقىلاب — بۇلار
1649 - يىلى ۋە 1688 - يىلى ئەنگلىيىدە يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق
بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى، 1775 - يىلى ئامېرىكىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلە-

ـرىگە قارشى قوزغالغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى، 1789 ـ يىلىدىكى فرانـ
ـسىيە زور ئىنقىلابىنى كۆرسىتىدۇ.

(117) نىتسى (1844—1900) — نېمىس پەيلاسوپى. ئىرادىچىلىك
نەزەرىيىسى بىلەن ئەۋلىيا پەلسەپىسىنىڭ تەرغىباتچىسى. ئۇ شەخسلەرنىڭ
ھوقۇق ۋە ئىرادىسى ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى كۈچ دەپ قاراپ،
ئاممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاتالمىش «ئەۋلىيا» بولسا، ئىنسانلارنىڭ بىئو-
لوگىيىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۇقىرى پەللىسى، پۈتۈن تارىخ ۋە
مەدەنىيەتنى شۇلار يارىتىدۇ، خەلق ئاممىسى بولسا ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان
«چاكىنا پۇقرا» دېگەنلەرنى تەرغىب قىلغان. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە چەكسىز ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان، ھەتتا
بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىگىمۇ قەتئىي قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى XIX
ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى مونوپول بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان
ۋە تەلەپ ـ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، كېيىن گېرمان فاشىزمىنىڭ
نەزەرىيە ئاساسى بولۇپ قالغان. ئاپتورنىڭ ئۇنى يېڭى كۈچلەرگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان ئىلغار مۇتەپەككۇر، دەپ ھېسابلىغانلىقى ئۆز ۋاقتىدىكى بىر
ئۇقۇشماسلىق. ئاپتور كېيىن نىتسىگە بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتكەن.
ئۇ 1935 ـ يىلى يازغان «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ دېۋانى — ھېكايىلەر،
ئىككىنچى توپلىمىغا كىرىش سۆز» دېگەن ماقالىسىدە، ئۇنى «قىيامەت» نىڭ
مۇتەپەككۇرى، دەپ ئاتىغان («كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرىنىڭ ئىككىنچى
توپلىمى» غا) قارالسۇن.

(118) زاراتۇسترا — بۇ يەردە نەقىل قىلىنغان سۆزلەر توغرىسىدا
نىتسىنىڭ مۇھىم پەلسەپىۋى ئەسىرى «زاراتۇسترا شۇنداق دەيدۇ» نىڭ
بىرىنچى قىسىم 36 ـ بابى «مەدەنىيەت ماكانى» غا قارالسۇن (ئەسلىي
تېكىستى بىلەن پەرقلىنىدۇ). زاراتۇسترا — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
XIXئەسىردىكى پارس دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى زاروئاستىرنى كۆرسىتىدۇ؛ نىتسى
شۇ ئەسىردە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئۇنىڭ تىلى بىلەن بازارغا سالغان، پارس
دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

(119) ئىدېئالىزم ئېقىمى — XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گېگېل
باشچىلىقىدىكى ئىدېئالىزم ئېقىمى.

(120) يېڭى ئىدېئالىزم ئېقىمى — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى
ئىنتايىن سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم ئېقىمى. مەسىلەن، مۇشۇ ماقالىدە تىلغا
ئېلىنغان نىتسى، شوپېنخائۇئېر ۋەكىللىكىدىكى ئىرادىچىلىك نەزەرىيىچىلە-
رى، ستىنار ۋەكىللىكىدىكى ئۆزۈمچىلىك نەزەرىيىچىلىرى قاتارلىقلارنى
كۆرسىتىدۇ.

(121) ستىنار (1806—1856) — نېمىس پەيلاسوپى كاسبارسمىت-





ـنىڭ تەخەللۇسى، دەسلەپكى ھۆكۈمەتسىزلەردىن، ئۆزۈمچىلىك نەزەرىيىچىـ
ـسى، ياش گېگېلچىلاردىن بىرى. ئۇ «مەن ئۆزۈم» بىردىنبىر ھەقىقەت،
پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ تارىخى «مەن» نىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ، ھەرقانداق
سىرتقى كۈچنىڭ شەخسنى تىزگىنلىشىگە قارشى تۇرغان. ئۇ «يېگانە ۋە
ئۇنىڭ مۈلكى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. لۇشۈننىڭ ستىنارنى «ئالدىن
سېزەر، كۈرەش قىلىشقا ماھىر ئەرباب» دېگىنىمۇ بىر خىل ئۇقۇشماسلىق.

(122) شوپېنخائۇئېر (1788—1860) — نېمىس پەيلاسوپى، ئىرادىـ
ـچىلىك نەزەرىيىچىسى. ئۇ ئىرادە بارلىق شەيئىنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ؛
ئىرادە ھەممىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانىيەتكە
خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرىدۇ، چۈنكى كىشىـ
ـلەرنىڭ مەنپەئەتپەرەس «تۇرمۇش ئىرادىسى» رېئال دۇنيادا ئەسلا قانائەت
تاپمايدۇ، كىشىلىك ھاياتى پەقەت بىر بالايىئاپەت، دۇنياغا تەۋەككۈلچى،
ئەقىل ـ پاراسەتسىز ئىرادە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ
خىل ئىرادىچىلىك نەزەرىيىسى كېيىنكى ۋاقىتتا فاشىزمنىڭ نەزەرىيىۋى
ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ «دۇنيا يەنى ئىرادە ۋە تۇقتىئىنەزەر»
قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(123) كېركېگارد (1813—1855) — دانىيە پەيلاسوپى. ئۇ ئىنتايىن
سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم ئارقىلىق گېگېلنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمىغا قار-
شى تۇرغان. ئۇ، ئادەم سۇبيېكتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىلا بىردىنبىر
ھەقىقەت، ھەقىقەت دېمەك، سۇبيېكتىپچانلىق دېمەكتۇر، دەپ ھېسابلىغان.
«ھاياتلىق يولىنىڭ باسقۇچلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(124) ھېنرىك ئىبسىن (1828—1908) — نورۋېگىيە دراماتورگى.
ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ساختا ھەم چاكىنىلىقلىرىنى
شىددەتلىك تەنقىد قىلىپ، شەخسىي ئازادلىقنى تەرغىب قىلغان. ئۇ
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ئادەملەر پىنھان بولىدۇ، زور كۆپچىلىك كىشىلەر
بولسا چاكىنا، مۇتەئەسسىپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇ دەۋردە، نورۋېگىيىـ
ـدىكى شەھەر ئۇششاق سودىگەرلەر سىنىپى ناھايىتى زور تەسىر كۈچىگە ئىگە
بولغان، پرولېتارىيات بولسا تېخى قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىلـ
ـلىنىپ كېتەلمىگەن شارائىت ئاستىدا، بۇ خىل ئىدىيە شەھەر ئۇششاق
سودىگەرلەر سىنىپىنىڭ مىشچانلىقىغا قارشى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى،
ئەمما ئۇنىڭ كۈچلۈك شەخسىيەتچىلىك دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش كۆزقارىشى
پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە زىت. ئىبسىن XIX ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى
تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «4 ـ ماي» ھەرىكىتى
جەريانىدا جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلغارلىق تەرىپى شۇ
دەۋردە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشتە ۋە خوتۇن ـ قىزلار ئازادلىقى قاتارلىق

جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىغان. ئۇنىڭ «قونچاقلار ئائىلىسى»، «خەلق دۈشمىنى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(125) سوقرات (Sokrates مىلادىيەدىن بۇرۇن 469 — 399) — قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى. ئۇ، دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ئاللا بەلگىلىگەن مەقسەت ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان، دېگەننى تەشۋىق قىلغان بولۇپ، مۇتەئەسسىپ قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى، كېيىنكى ۋاقىتتا ئافىنا دېموكراتىك سىياسىتىگە قارشى تۇردى، دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

(126) برودو قەيسەرنى ئۆلتۈرگەن — قەيسەر (G. JCaesar، مىلادىيەدىن بۇرۇن 100 — 44) قەدىمكى رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ۋە سىياسىيونى، مىلادىيەدىن بۇرۇن 48 ـ يىلى ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمران بولۇپ تەيىنلەنگەن، مىلادىيەدىن بۇرۇن 44 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت داھىيسى برودو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قەيسەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ماكاس ئانتونى قەيسەرنىڭ قان كىيىملىرى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا قەسەم ئىچكەن. برودو قەيسەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن رىمنىڭ شەرقىگە قېچىپ بېرىپ، ئەسكەر توپلاپ جۇمھۇرىيەت سىياسىتىنى قوغداشقا ھازىرلانغان، مىلادىيەدىن بۇرۇن 42 ـ يىلى ئانتونى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇ شېكىسپىرنىڭ تارىخىي دراممىسى «جولئۇس قەيسەر» نىڭ ئۈچىنچى پەردە 2 ـ كۆرۈنۈشىدىكى ۋەقە.

(127) گېگېل (1770—1831) — نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىست. ئۇ، روھ بىرلەمچى، دۇنيادىكى ھەممە شەيئى «مۇتلەق ئىدىيە» نىڭ مەھسۇلى، قەھرىمانلار «مۇتلەق ئىدىيە» نى نامايان قىلغۇچىلار، شۇڭا دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغانلار مۇشۇلار، دەپ قارايدۇ. گېگېلنىڭ ئاساسىي تۆھپىسى دىئالېكتىكىلىق ئىدىيە شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەبىئەت بىلەن روھىي دۇنيانى تۇنجى قېتىم ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان دىئالېكتىك جەريان دەپ سۈرەتلىگەندىلىكى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تېپىشقا تىرىشقانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ «لوگىكا»، «روھىي ھادىسىلەر ئىلمى»، «ئېستېتىكا» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(128) شافېسبور (1671—1713) — ئەنگلىيە پەيلاسوپى، تەبىئەت ئىلاھى نەزەرىيىچىسى. ئۇ، «ئەخلاقىي سەزگۈ نەزەرىيىسى» نى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەم ئادەم تۇغما ئەخلاقىي سەزگۈگە ئىگە دەپ قاراپ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئىجتىمائىي مەنپەئەتنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسلىكىنى، ئىككىسىنىڭ بىردەكلىكى ئەخلاقنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.





ئۇنىڭ نەزەرىيىسى شۇ دەۋردىكى مۇستەبىت پادىشاھلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇ «ئەخلاق تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

(129) روسسۇ (1712—1778) — فرانسۇز، ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى، «تەبىئىي ئىنسانىي ھوقۇق» تەلىماتىنىڭ تەشەببۇسچىسى. پەلسەپە ساھەسىدە، ئۇ ھېس ـ تۇيغۇ بىلىشنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق يەنە ئادەمدە «تۇغما ھېسسىيات» بىلەن تۇغما «ئەخلاق كۆزقارىشى» بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ ھەمدە تەبىئەت ئىلاھى نەزەرىيىچىلىرىنىڭ خۇدا بار دېگەن پىكرىنى تەستىقلايدۇ، «ئىجتىمائىي ئەھدە»، «ئىمىل» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار. روسسۇ شافېسبوردىن كېيىن ئۆتكەن.

(130) شېللېر (1805—1859) — نېمىس شائىرى ھەم دراماتورگى، نېمىس رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرى كانتىنىڭ ئىدېئالىزمىغا مايىل، ئۇ ماددىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە «ئەركىن روھ» ماددىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىشنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەندىلا، كىشىلەر ئادىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ۋە غايىۋى پادىشاھلىقىغا يېتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ «قاراقچى»، «سۇيىقەست ۋە مۇھەببەت»، «ۋارۇنىستان» قاتارلىق درامىلارنى يازغان.

(131) بۇ ماقالە دەسلەپ 1908 ـ يىل 2 ـ ۋە 3 ـ ئايلاردا «خېنەن» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ سانلىرىغا لىڭ فېي تەخەللۇسى بىلەن بېسىلغان.

(132) بۇ يەردە شېئىر ۋە باشقا ئەدەبىي ئىجادىيەت نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(133) «ۋېدا كالامى» — ھىندىستاننىڭ دىن، پەلسەپە، ئەدەبىياتقا دائىر ئەڭ قەدىمقى كلاسسىك ئەسىرى، تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2500 ـ 500 يىللار ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەر، ئۇنىڭدا مەدھىيە، مۇناجات، دۇئا ۋە نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىنىڭ خاتىرىسى قاتارلىقلار بار.

(134) «ماھاپارادا» ۋە «رامايانا» — ھىندىستاننىڭ قەدىمىي ئېپىك داستانلىرى. «ماھاپارادا» تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV — VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەر بولۇپ، خۇدالار ۋە قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. «رامايانا» تەخمىنەن V ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەر بولۇپ، قەدىمىي دەۋر شاھزادىسى راما ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ.

(135) كالىداسا (تەخمىنەن مىلادىيە V ئەسىر) — ھىندىستاننىڭ قەدىمىي زامان شائىرى ۋە دراماتورگى. ئۇنىڭ «ساگۇندارو» ناملىق شېئىرىي دراممىسى ھىندىستاننىڭ قەدىمىي زامان تارىخىي داستانى. «ماھاپارا» دىكى پادىشاھ دۇشمۇندۇ بىلەن ساگۇندارونىڭ ئاشىق ـ مەشۇق بولغانلىقىنى

ھېكايە قىلىدۇ. 1789 ـ يىلى جونس ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ ئەسەر گېرمانىيىگە تارقىلىپ كېلىپ، گېتې كۆرگەندىن كېيىن، 1791 ـ يىلى شېئىر يېزىپ ئۇنى مەدھىيىلىگەن.

(136) يېۋرى، ئىبرانى — يەھۇدىي مىللىتىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. مىلادىيىدىن بۇرۇن 1320 ـ يىلى مىللىي داھىيسى مۇسا ئۆز قوۋمىنى باشلاپ مىسىردىن چىقىپ پەلەستىنگە قوشۇلغان، كېيىن يەھۇدىي ۋە ئىسرائىلىيە دەپ ئىككى دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان. يېۋرىيلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى «تەۋرات» دېگەن كىتابتا ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە دىنىي خاتىرىلەر بار، بۇ ئەسەر كېيىنكى چاغلاردا «ئىنجىل»نىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

(137) جىرىمىياھ — ئىسرائىلىيە ھۆكۈماسى. «تەۋرات»تا «جىرىمىياھ ھەققىدە» دېگەن بابتا ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

(138) ئېروسالىم — مىلادىيىدىن 586 ـ يىل ئىلگىرى يەھۇدىي پادىشاھلىقى بابىل تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، ئۇنىڭ پايتەختى ئېروسالىم كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، بۇ يەھۇدىيلار شاھزادىسىنىڭ خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىق كاساپىتىدىن بولغان.

(139) كارلىلې — بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر ئۇنىڭ «قەھرىمان ۋە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى بابىدىكى «قەھرىمان شائىر دانتې، شېكىسپىر»نىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدىن ئېلىنغان.

(140) دانتې (1265—1321) — ئىتالىيە شائىرى، ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ۋەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە فېئودال مۇستەبىتلىك ۋە دىنىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلاتتى، دەسلەپ ئىتاليان تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ، ئىتالىيە تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە»، «يېڭى ھايات» دېگەن مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(141) گوگول (1809—1852) — روسىيە يازغۇچىسى. ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە روسىيە كرېپوستنويلۇق تۈزۈمى شارائىتىدىكى قارىڭغۇ زۇلمەتنى، تۇرغۇنلۇقنى، قالاق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى پاش قىلاتتى. ئۇنىڭ «رېۋىزور» دېگەن سەھنە ئەسىرى ۋە «ئۆلۈك جانلار» دېگەن رومانى بار.

(142) بايرون (1788—1824) — ئەنگلىيە شائىرى. ئۇ ئىتالىيىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىغا ۋە گرېك مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپىنچە مۇستەبىت زالىملارغا بولغان قارشىلىقنى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ رەزىل ساختىپەزلىكىگە بولغان غەزەپ ـ





نەپرىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىجابىي رومانتىزم روھىغا تولغان بولۇپ، ياۋروپا شېئىر تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

(143) ليۇ شې (?—520) — ئەسلىي ئىسمى ليۇ يەنخې، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى.

(144) ئارنىت (1769—1860) — گېرمان شائىرى، تارىخشۇناس.

(145) ۋىلھېلىم Ⅲ (1770—1840) — پرۇسسىيە كارولى، 1806 ـ يىلى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدا ناپولېئون تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، 1812 ـ يىلى ناپولېئون موسكۋادىن چېكىنىپ قايتقاندا ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ غەلىبە قىلغان؛ 1815 ـ يىلى روسىيە ـ پرۇسسىيە بىلەن فېئودال خاندانلىق تۈزۈمىنى قوغدايدىغان «مۇقەددەس ئىتتىپاق» تۈزگەن.

(146) تېئودور كورنېر (1791—1813) — گېرمان شائىرى ۋە دراماتورگى، 1813 ـ يىلى ناپولېئون تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

(147) دوۋدېن (1843—1913) — ئېرلاندىيە شائىرى ۋە تەنقىدچىسى. ئۇنىڭ «ئەدەبىي تەنقىد»، «شېكىسپىر توغرىسىدا مۇقەددىمە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(148) جون مىل (1806—1873) — ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ، ئىقتىسادشۇناس.

(149) ئارنولد (1822—1888) — ئەنگلىيىلىك ئەدەبىي تەنقىدچى ۋە شائىر.

(150) گومېر — رىۋايەتكە قارىغاندا، مىلادىيىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇنقى يۇنانىستانلىق ئەما شائىر، «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرىنىڭ ئاپتورى.

(151) سكوت (1771—1832) — ئۇنىڭ تارىخىي مەزمۇندا يازغان ئەسەرلىرى ياۋروپادا تارىخىي رومان، ھېكايە تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

(152) سوزېي (1774—1843) — ئەنگلىيىلىك شائىر ھەم نەسرچى. ئۇ سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچى، ئىجادىيەت جەھەتتە پاسسىپ رومانتىزمچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر داستانىدا بايروننى شاياتۇن شائىر، «شاياتۇنلارنىڭ سەردارى» دەپ قارىلىغان.

(153) شېللىي (1792—1822) — ئەنگلىيىلىك شائىر. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە پادىشاھ تۈزۈمىگە، دىنىي ئالدامچىلىققا لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇرغان.

(154) موئور (1779—1852) — ئېرلاندىيىلىك شائىر. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئېرلاندىيە خەلقى ئۈستىدىن قىلغان زۇلۇملىرىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى كۈيلىگەن.

(155) ئېكېرمان (1792—1854) — گېرمان يازغۇچىسى.

(156) نورماندى — ھازىرقى فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمى.

(157) ماززىنى (1805—1872) — ئىتالىيە سىياسىيونى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ داھىيسى.

(158) كاۋۇر (1810—1861) — ئىتالىيە ھۆرىيەتچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە بۇرژۇئا مۇنارخىيىچىلەرنىڭ داھىيسى بولۇپ، ئىتالىيە پادىشاھلىقىنىڭ تۇنجى باش ۋەزىرى.

(159) يۇنانلار جەمئىيىتى — گرېتسىيە (يۇنانىستان) دا 1821 - يىلى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر گرېتسىيىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ياردەم بېرىش ھەيئىتى قۇرغان. بۇ يەردە ئەنگلىيىنىڭ ياردەم بېرىش ھەيئىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بايرون بۇنىڭ ئاساسىي ئەزاسى ئىدى.

(160) كېپالونىيە — گرېتسىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىرى.

(161) مىسسولۇنگى — گرېتسىيىنىڭ غەربىي مۇھىم شەھەرلىرىنىڭ بىرى. بايرون مۇشۇ يەردە كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

(162) سولىئوت — ئۆز ۋاقتىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بايرون شۇ مىللەتتىن 500 ئەسكەر ئالغان.

(163) بۇرنس (1759—1796) — ئەنگلىيىلىك شائىر، پۈتۈن ئۆمرى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ھۆكۈمرانلار سىنىپلىرىغا نەپرەت ياغدۇرغان.

(164) جون كاتىس (1795—1821) — ئەنگلىيىلىك شائىر. ئۇنىڭ دېموكراتىك روھتىكى ئەسەرلىرى بايرون، شېللېر تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن.

(165) گودۋىن (1756—1836) — ئەنگلىيىلىك يازغۇچى، خىيالىي سوتسىيالىست. ئۇ فېئودالىزم تۈزۈمىگە ۋە كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىل، ئەركىن ئىشلەپ چىقارغۇچىلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، جەمئىيەتنى ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

(166) «ئالاستور» — ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ماقالە تېكىستىدىن كۆرۈڭ.

(167) ئاۋگۇستىن (354—430) — كاتولىكشۇناس، موناخ.

(168) سپېنسېر (1552—1599) — ئەنگلىيىلىك شائىر.

(169) پىسا — ئىتالىيىنىڭ بىر شەھىرى.

(170) بروكىنىنو — موسكۋانىڭ غەربىي كەنتى. روسىيە قوشۇنى 1812 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بۇ يەردە ناپولېئون قوشۇنىنى مەغلۇپ





قىلغان؛ 1831 - يىلى شۇ ئاينىڭ شۇ كۈنىمۇ چار رۇسىيە قوشۇنى ۋارشاۋانى بېسىۋالغان.

(171) بودېنستېد (1819—1892) — گېرمان يازغۇچىسى. ئۇ پۇشكىن، لېرمونتوف قاتارلىق رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

(172) مىسكېۋىچ (1798—1855) — پولشا شائىرى، ئىنقىلابچىسى. ئۇ ئۆمۈر بويى چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، پولشىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

(173) سىلوۋاتسكى (1809—1849) — پولشا شائىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە پولشا خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(174) كراسىنسكى (1812—1859) — پولشا شائىرى.

(175) كاۋنو — لىتۋا شەھىرى.

(176) ماچياۋېل (1469—1527) — ئىتالىيە يازغۇچىسى ۋە سىياسىيونى، مۇنارخىزمنىڭ ھىمايىچىسى.

(177) نىئوبە — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى بىر خانىش. ئۇ قۇياش خۇداسىنىڭ ئانىسىنى مەنسىتمەي، ئۆزىنىڭ يەتتە ئوغلى ۋە يەتتە قىزى بىلەن ماختانغانلىقى ئۈچۈن بالىلىرى قىرىپ تاشلانغان.

(178) بارىن — چار پادىشاھى پاۋېل I نىڭ ۋەزىرى بولۇپ، 1801 - يىل 3 - ئايدا پاۋېل I نى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن.

(179) ئارلوف — روسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشلىقى. ئۇ، 1762 - يىلىدىكى ئوردا ئۆزگىرىشىدە چار پادىشاھ پېتىر III نى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

(180) مور — ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى.

(181) پېتوفى (1823—1849) — ۋېنگرىيە (ماجارىستان) شائىرى، ئىنقىلابچىسى، 1848 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى بۇداپېشت قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرگە كىنايە قىلىپ، مەزلۇم خەلقنىڭ ئاھ - دەردىنى تەسۋىرلەپ، خەلقنى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە ئۈندىگەن.

(182) ۋوروسمارتى (1800—1855) — ۋېنگرىيە شائىرى.

(183) ئارانىي (1817—1882) — ۋېنگرىيە شائىرى، 1848 - يىلىدىكى ۋېنگرىيە ئىنقىلابىغا قاتناشقان.

(184) پېتوفى بۇ ئەسىرىدە پۈتۈن دۇنيا بويىچە زالىم پادىشاھلارنىڭ تەختى - بەختى بىلەن ھالاك بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

(185) كوسسوت (1802—1894) — 1848 - يىلىدىكى ۋېنگرىيە

ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي يېتەكچىسى. ئۇ قوشۇن تەشكىللەپ، ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋېنگرىيىنى مۇستەقىل قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرغان، ئۆزى دۆلەت رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن.

(186) لوكې (1632—1704) — ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ. ئۇ: بىلىم تۇيغۇدىن كېلىدۇ، كېيىنكى تەجرىبىلەر بىلىمنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، تۇغما ئاڭ نەزەرىيىسىگە ۋە ئىلاھىي بەخش ئەتكەن خاندانلىق ھوقۇقى تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرغان.

(187) كىرولىنكو (1853—1921) — روسىيە يازغۇچىسى، 1880 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان، شۇ جەرياندا نۇرغۇن ھېكايە ۋە پوۋېست يازغان.

(188) بۇ ماقالە دەسلەپ 1918 ـ يىل 8 ـ ئايدا «يېڭى ياش» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ جىلد 2 ـ سانىغا «تاڭسى» دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

(189) «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان» — فېئودالىزم دەۋرىدە مەنسەپدارلار ياكى ئەدىبلەرنىڭ پادىشاھقا تەقدىم قىلغان ئەسەرلىرى.

(190) كاڭ يۇۋېي (1858—1927) — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى مەشھۇر يېڭىلىق تەرەپدارى، ۋۇشۈي (ئىت يىلى، مىلادىيىنىڭ 1898 ـ يىلى) ئۆزگىرىشىنىڭ رەھبىرى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۇ قارشى مەيداندا تۇرۇپ، مۇتەئەسسىپ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىسلاھاتچىلىققا بېرىلىپ، پادىشاھلىقنى قوغدىغۇچىلار گۇرۇھىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۈن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارغا قارشى چىققان. 1917 ـ يىلى شىمالىي مىلىتارىست جاڭ شۈن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، فۇ يىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن. 1918 ـ يىل 1 ـ ئايدا «تاقەتسىزلىك» دېگەن ژۇرنالنىڭ 9 ـ ۋە 10 ـ قوشما سانىدا «جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزە» ۋە «مۇشاۋىر شۈي شىچاڭغا خەت» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت» كە ھۇجۇم قىلىپ، «ئاتاقتا پادىشاھ ساقلاپ قېلىنغان جۇمھۇرىيەت» (يەنى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق) نى تەشەببۇس قىلغان.

(191) 1917 ـ يىل 10 ـ ئايدا بۇفۇ، لۇ فېيكۈي قاتارلىق كىشىلەر شاڭخەيدە پەزىلەتگاھ تەسىس قىلىپ، رەمماللىق قىلىپ، كارامەتچىلەر جەمئىيىتىنى قۇرغان. 1918 ـ يىل 1 ـ ئايدا «كارامەتچىلىك مەجمۇئەسى» نى نەشر قىلىپ، خۇراپاتلىقنى ۋە كونىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلغان. پەزىلەتگاھ تەسىس قىلىنغان كۈنى قۇمغا پۈتكەن رەملىدە: «پەيغەمبەر، دانىشمەن، مالائىك ۋە ئەۋلىيالار دۇنياغا تەڭلا كېلىدۇ» دەپ بايان قىلىنىدۇ؛ مېڭزى «پەزىلەتگاھقا رىياسەتچىلىك» قىلىدۇ دەپ «تەبىر بېرىدۇ»؛ «بېشارەت» تە «مۇنداق پەزىلەتگاھقا رىياسەتچىلىك قىلىش پەيغەمبەر مېڭزىغا





مۇناسىپ» دەپ كۆرسىتىلدى، دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنى تېپىشقانىدى. 1918 ـ يىل 5 ـ ئايدا «يېڭى ياش» نىڭ 4 ـ جىلد 5 ـ سانىغا چېن بەيىەنىنىڭ «كارامەتچىلىككە رەددىيە»، چيەن شۈەنتۇڭ ۋە ليۇ بەننۇڭنىڭ «كارامەتچىلىك مەجمۇئەسىگە رەددىيە» دېگەن ماقالىلىرى بېسىلىپ، ئۇلارنىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن.

(192) بۇ يەردە ياپونىيىلىك ئايال يازغۇچى يوشىيې جېڭزى يازغان «ئىپپەت توغرىسىدا» دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسى 1918 ـ يىل 5 ـ ئايدا «يېڭى ياش» نىڭ 4 ـ جىلد 5 ـ سانىغا بېسىلغان. بۇ ماقالىدە ئىپپەت مەسىلىسىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت كۆزقاراش ۋە پوزىتسىيىلەر، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىپپەت جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكى كۆرسىتىلىپ، ئىپپەتنى ئەخلاق سۈپىتىدە يولغا قويماسلىق تەشەببۇس قىلىنغان.

(193) كەسپىي رايىش — كۇڭزى بىلەن مېڭزىنىڭ رايىشلىق تەلىماتى فېئوداللىق جەمئىيەتتە مۇنتىزىل (ئەنئەنىۋى) ئىدىيىگە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، كۇڭزى، مېڭزى تەلىماتىغا چوقۇنىدىغان موللىلار ئادەتتە ئۆزلىرىنى «كەسپىي رايىش» دەپ ئاتاشقان. لۇشۈن بۇ يەردە فېئوداللىق ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى جاھىللىق بىلەن تەرغىب قىلىدىغان تەرىقەتچىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

(194) يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئۆز يارلىقلىرىنىڭ بېشىغا ھەمىشە موڭغۇلچە «ساڭسىر تىڭگىرى دابۇۋ ئىنخجۇل» (ئۇلۇغ تەڭرىم ئامان ـ ئېسەنلىك ئاتا قىلغاي) دېگەن سۆزلەرنى يازاتتى. بەزىدە «ساڭسىر تىڭگىرى (ئۇلۇغ تەڭرىم)» دېگەن سۆزلەرنىلا يازاتتى. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ موڭغۇلچە مۇنداق قىسقا ناملىرى بار ئىدى: چېچېن (چېچەن) — قۇبلاي خاننىڭ نامى؛ ئۇلزىت (ئۆلمەس) — تېمۇرنىڭ نامى؛ شىلگۇ (چېۋەر) — خاسىننىڭ نامى.

(195) فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنى ۋە پادىشاھلارغا قارشى تۇرغان بارلىق قوشۇنلارنى «ئىسيانچى لەشكەرلەر» دەپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى بولسا «پادىشاھ لەشكەرلىرى» دەپ ئاتاشقان.

(196) فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىدە «قوش پىداكار» دېگەندەك ۋەقەلەر دائىم ئۇچرايدۇ. «يەتتە كىچىك خوتۇننىڭ قەبرە تەزكىرىسى» — يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا فەن يۈەنشاۋ دېگەن كىشى شۈي دا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەتتە كىچىك خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى بىراقلا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

كېيىن بۇ يەتتە كىچىك خوتۇننى سۇجۇدا بىر قەبرىگە دەپنە قىلغان. مىڭ دەۋرىدىكى جاڭ بۇي بۇ قەبرىگە تەزكىرە يازغان.

(197) چيەن چيەنيى (1582—1664) — مىڭ دەۋرىدىكى ئۆلىما، مۇراسىم ۋازارىتىنىڭ ئەمەلدارى؛ كېيىن مۇراسىم ۋازارىتىنىڭ ۋازىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. چىڭ لەشكەرلىرى نەنجىڭنى ئىشغال قىلغاندا ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال تەسلىم بولغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ پادىشاھى دەۋرىدە «ئىككى سۇلالە مۇلازىملىرىنىڭ تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ «ئىپتىدائىي بىلىم»، «بىدلىم» قاتارلىق توپلاملىرى بار.

(198) «مۇھاكىمە ۋە بايان. زىكرى»دا كۇڭزىنىڭ «زىكرى قىلدىم، ۋە لېكىن ئىجاد قىلمىدىم، قەدىمگە ئىشەندىم ۋە ھېرىس بولدۇم» دېگەن سۆزلىرى قەيت قىلىنغان. كۇڭزى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ «شېئىرنامە»، «قەدىمنامە»، «يوسۇننامە»، «نەغمىنامە»، «پالنامە»، «يىلنامە»لەرنى رەتلەشتە كونىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇلاردا ئۆز ئىجادىيىتى يوقلۇقىنى ئىپادىلىگەن. كونىلىققا چىرمىلىپ كەتكەن رايىش موللىلار كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىبارىنى تەۋەررۇك ئەقىدە قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كونىنى بايان قىلماي، ئۆز قورسىقىدىن چىقىرىپ ئىجاد قىلىش تەۋەررۇك ئەقىدىگە خىلاپ بولارمىش.

(199) ئۆي قىزلىرى — ياتلىق بولمىغان قىزلار. قىزلار چاي ئىچۈرۈلگەن، لېكىن تېخى ياتلىق بولمىغان چاغدا، چاي ئىچۈرگەن يىگىت ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ قىز ئەھدە نىكاھقا رىئايە قىلىپ بىللە ئۆلىدىغان فېئودال ئەخلاق بار ئىدى. بۇنداق ئەخلاقنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى مىڭ، چىڭ دەۋرىدە بەزى ئادەملەر ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۈي يۇگۇاڭ يازغان «ئىپپەتلىك قىزلار توغرىسىدا» دېگەن ئەسەردە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ جۇڭ يازغان «قىزلارغا چاي ئىچۈرۈلۈپ بولۇپ تېخى توي قىلماي يىگىتى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ قىزنىڭ ئەھدە نىكاھقا رىئايە قىلىپ بىللە ئۆلۈشى ۋە ئەقىدە ساقلىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە» دېگەن ئەسەردە، يۇ جېڭشيەننىڭ «ئىپپەتلىك قىزلار ھەققىدە مۇتالىئە» دېگەن ئەسەردە شۇنداق ئەخلاققا قارشى پوزىتسىيىلەر بىلدۈرۈلگەن.

(200) بۇ ماقالە دەسلەپ 1919 - يىل 11 - ئايدا «يېڭى ياش» ژۇرنىلىنىڭ 6 - جىلد 6 - سانىغا تاڭسى تەخەللۇسى بىلەن بېسىلغان.

(201) «پەيغەمبەر ئۇممەتلىرى» — بۇ يەردە ئۆز زامانىدا كونا ئەدەپ - قائىدە ۋە كونا ئەدەبىياتنى كۈچەپ ھىمايە قىلغان لىن چىننەن قاتارلىق كىشىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. لىن چىننەن 1919 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى سەي يۈەنپېيغا يازغان خېتىدە: «كۇڭزى - مېڭزىنى يوققا چىقىرىش ۋە ئەھكام - ئەركاننى ۋەيران قىلىش بىلەن ھۇزۇر تاپىدىغانلار»، «لى جوۋۇنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار»، «لى جوۋۇ ھايۋانلارچە ۋەھشىي ھەرىكەت قىلغان» دېگەندەك گەپلەرنى يېزىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىكى قاتناشقۇچىلارغا ھۇجۇم قىلغان. لى جوۋۇ (1527—1602) — يەنى لى جى، مىڭ دەۋرىدىكى ئىلغار خاھىشلىق مۇتەپەككۇر. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى تەرىقەتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، بەزىلەر ئۇنى «كۈندۈزدە پاھىشە ئاياللار بىلەن بىللە مۇنچىغا چۈشىدۇ»غان، «ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ خوتۇنلىرىنى ئازدۇرىدىغان»، «ھايۋانلارچە ۋەھشىي ھەرىكەت قىلغان» دەپ ھاقارەتلىگەن.

(202) ئەھكام - ئەركان — فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى؛ ئۆز زامانىدىكى پادىشاھ بىلەن پۇقرا، ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، ئاكا بىلەن ئۇكا، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئۆزگەرمەس مىزانى.

(203) «پارچە تەسىرات» — لۇشۈن «يېڭى ياش» ژۇرنىلىنىڭ 1918 - يىل 4 - ئايدىكى 4 - جىلد 4 - سانىدىن باشلاپ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتكە دائىر ئوبزورلىرىنى «پارچە تەسىرات» دېگەن باش تېما ئاستىدا ئېلان قىلغان. ھەربىر ئوبزورغا ئايرىم تېما قويۇلمىغان، 56 پارچە ئوبزوردىن باشلاپ ھەربىر ئوبزورغا ئومۇمىي تېما ئاستىدا كىچىك تېما قويۇلمىغان. ئاپتورنىڭ «يېڭى ياش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «پارچە تەسىرات»لىرى 1918 - يىل 9 - ئايدىكى 5 - جىلد 3 - سانىدىن باشلاپ بېسىلغان، جەمئىي 27 پارچە بولۇپ، لۇشۈن ياكى تاڭسى تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن، كېيىن «ئىسسىق شامال» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

(204) بۇ يەردە «ئېقىم خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ ئاپتورغا قاراتقان تىل - ھاقارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور «يېڭى ياش» ژۇرنىلىنىڭ 6 - جىلد 1 -، 2 -، 3 - (1919 - يىل 1 -، 2 -، 3 - ئايلاردا) سانلىرىدا ئېلان قىلغان «پارچە تەسىرات»نىڭ 43 -، 46 -، 53 - قىسىملىرىدا شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئېقىم خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ «KB» نامىدىكى قوشۇمچە سانىغا بېسىلغان كارىكاتۇرىلاردىكى بەتبەشىرە، ئوبرازلارنى ۋە ئەكسىيەتچى خاھىشلارنى تەنقىد قىلغان ۋە يېڭى گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ «پارچە تەسىرات — 46 -» دا: «بىزنىڭ ئادەملەر قابىلىيىتىمىز يەتمىگەن، ئىجادمۇ قىلالمىغان تەقدىردە ئۆگىنىشىمىز كېرەك» دېگەنىدى: «ئېقىم خەۋەرلىرى» گېزىتى 1919 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «مۇخبىر» تەخەللۇسى بىلەن «يېڭى

ۋەز - نەسىھەت» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، لۇشۈننى «ئۆپكىسى
يوق»، «تەلۋە»، «كاللىسى جايىدا ئەمەس، بىچارە!» ۋەھاكازا دەپ
ھاقارەتلىگەن.

(205) «ئادەم سۈتى بىلەن توڭگۇز بېقىش» — خاتىرىلەرگە قارىغان-
دا: «ۋۇدى شاھ (سىمايەن) ۋاڭ ۋۇزىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ۋاڭ ۋۇزى
ھەر خىل نېمەتلەرنى ھازىرلىدى،… ھوردا پىشۇرۇلغان توڭگۇز كۈچۈكى-
نىڭ گۆشى ھەم سېمىز، ھەم تەملىك بولۇپ، شاھقا ئادەتتىن تاشقىرى
تېتىپ كەتتى. شاھ ھەيران بولۇپ سورىۋىدى، ۋۇزى: «ئادەم سۈتى بىلەن
باققان توڭگۇز كۈچۈكى ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى.

(206) «ئېسىل نەسەب تەلىماتى» — ئەنگلىيىلىك گاردون 1883 -
يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «ئىرقنى ياخشىلاش تەلىماتى». ئۇنىڭچە، ئىنسان
ياكى ئىرقنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى پەرقلىرى نەسلىگە باغلىق
بولىدۇ، «ئېسىل نەسەبلىك ئادەملەر»نى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «ناچار نە-
سەبلىك ئادەملەر»نى شاللاپ چىقارغاندىلا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل
قىلغىلى بولىدۇمىش. لۇشۈن بىئولوگىيە نەزەرىيىلىرىنى ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشقا كۆچۈرۈپ كېلىدىغان مۇنداق تەلىماتنى رەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە
بولغان.

(207) «قىرانغا قايتىش» — ياشلىققا قايتىش دېگەن سۆز.

(208) «غىژ - غىژ» — بۇ يەردە قېيىنانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدى-
كى جېدەلنى كۆرسىتىدۇ.

(209) لىن چىننەن ئۆزى تەرجىمە قىلغان «ۋاپادار دوستلار ئەينىكى»
دېگەن رومان (بېلگىيىلىك ئىنخايگونس يازغان)غا يازغان «تەرجىمىدىن
كېيىنكى چۈشەنچىلىرىم» دېگەن خاتىمىسىدە: «مەزكۇر كىتابتا غەربلىكلەر-
نىڭ جادۇگەرلىك توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرى بايان قىلىنىدۇ. جۇڭگولۇق-
لارنىڭ غەرب ئالىملىرىنىڭ تەلىماتلىرى ئۆگەنگەنلىرى دائىم: ئەرلەر 20
ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى
قورۇپ تۇتالمايدۇ؛ ئاكا - ئۇكىلار ئايرىم ئۆينىڭ ئىگىسى بولغاندىن كېيىن
بىر - بىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنى سوتسىيالىزم دەيمىز، دۆلەت
شۇنىڭ بىلەن روناق تاپىدۇ، دەيدۇ. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىكى ئەھۋاللارغا
قارايدىغان بولساق، ئائىلە ئىنقىلابى نەتىجىسىدە ۋاپاسىز ئوغۇل، گۇمراھ
(ئازغان) قېرىنداشلار كۆپىيىۋاتىدۇ، شۇنداق ئىكەن، دۆلەت يەنە نېمىشقا
روناق تاپمىدى؟ بۇ راستتىن غەربلىكلەرگە ئىخلاس قىلغانلىقنىڭ خاسىيىتى-
مۇ؟ ياكى ئۆزلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى يېپىشقا ئاسان بولسۇن
ئۈچۈن چىقىرىلغان بەتنىيەتلىكمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ غەربلىكلەرنىڭ
ئادىتى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇشبۇ كىتاب… ئاتىلار دوستلۇقىنى،





ئاياللار ۋاپادارلىقنى ئۇدۇل قىلىشقا ئەينەك بولالايدۇ. شۇڭلاشقا، ۋاپادار
دوستلار ئەينىكى، دەپ ئات قويغان. جۇڭگولۇقلار غەپلەتتىن ئويغىنىشى،
جادۇگەرلەرنىڭ ئەپسانىلىرىگە قۇلاق سالماسلىقى لازىم» دەپ يازغان.

(210) ۋاپادارلارنى تاللاش — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدار
تاللاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەرقايسى جايدىن ئاتالمىش «ئاتا -
ئانىسىغا مېھرىبان» ۋاپادار بالىلار ئوردىدا مەنسەپ تۇتۇشقا تونۇشتۇرۇلاتتى.

(211) لۇسۇي كۇڭزىدىن نەقىل كەلتۈرگەن سۆز — «كېيىنكى خەن
سالنامىسى. كۇڭ رۇڭ تەرجىمىھالى»غا قارالسۇن. كۇڭ رۇڭ — لەقىمى
ۋېنجۈي، چېڭلىيۇ (ھازىرقى خېنەن كەيفېڭنىڭ جەنۇبى)دىن، ساۋ ساۋنىڭ
ھەربىي مەسلىھەتچىسى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ نىيىتى بويىچە كۇڭ رۇڭ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىپ، كۇڭ رۇڭ مى خېڭغا مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغان،
دېگەن؛ ساۋ ساۋ شۇنىڭ بىلەن «ۋاپاسىز» دېگەن جىنايەت بىلەن كۇڭ
رۇڭنى ئۆلتۈرگەن. لېكىن، ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ «ئاقىللارنى تاللاش پەرمانى»
دا يەنە قابىلىيىتىلا بولسا، «مېھىر - شەپقىتى يوق، ۋاپاسىز» ئادەم
بولسىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دەپ ئېيتقان. دېمەك، ساۋ ساۋنىڭ گېپى
بىلەن ھەرىكىتى قارىمۇقارشى بولغانلىقتىن، لۇشۈن «كىشىنىڭ كۈلكىسى-
نى كەلتۈرىدۇ» دەپ ئېيتقان. كۇڭ رۇڭ (153—208) — لەقىمى ۋېن-
جۈي، لۇ بەگلىكى (ھازىرقى شەندۇڭ چۈيفۇ)دىن، پادىشاھ خەن شىيەندى
دەۋرىدە بېيخەي ۋەزىرى بولغان، شۇ سەۋەبلىك «بېيخەي ئەپەندى» دەپ نام
ئالغان.

(212) سپېنسەر (H. Spencer 1820—1903) — ئەنگلىيىلىك پەيلا-
سوپ. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن ئالىم ئىدى، «ئۇنىۋېرسال پەلسەپە
سىستېمىسى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى بار.

(213) «پراگماتىزم» يەنى نەپپەرەسلىك — ھازىرقى زامان بۇرژۇئا
سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم پەلسەپە ئېقىمى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XX
ئەسىرنىڭ باشلىرى مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ تۈپكى كۆزقارىشى ھەقىقەتنىڭ
ئوبيېكتىپچانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، نەپ بەرگەنلىكى نەرسىنى ھەقىقەت دەپ
قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

(214) بامبۇك نوتىسى تىلەپ يىغلاش — ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى ۋۇ
دۆلىتىنىڭ مېڭزۇڭ خانى ھەققىدىكى ھېكايە: «مېڭ زۇڭنىڭ ئۆگەي
ئانىسى بامبۇك مايسىسىغا بەك ئامراق ئىدى، ئۇ مېڭ زۇڭنى توڭ قىشتا
بامبۇك مايسىسى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، مېڭ زۇڭ بامبۇكزارلىققا
بېرىپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، شۇ چاغدا بامبۇك ئۈنۈپ
چىقتى». مۇز ئاستىدىن بېلىق تۇتۇش — جىن دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ شياڭ
ھەققىدىكى ھېكايە. «جىن سالنامىسى. ۋاڭ شياڭ تەرجىمىھالى»دا مۇنداق

دېيىلگەن: ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى «يېڭى بېلىق گۆشى يەيدىكەن، قەھرىتان سوغۇق، دەريا توڭلاپ كەتكەن بىر مەزگىلدە، ۋاڭ شياڭ كىيىملىرىنى سېلىپ، مۇزنى چېقىپ بېلىق تۇتماقچى بولغاندا مۇز ئۆزىچىلا يېرىلىپ، بىر جۈپ بېلىق سەكرەپ چىققان، ۋاڭ شياڭ ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆيىگە قايتقان» . نىجاسەتنى تېتىپ كۆرۈش — جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لياڭ دۆلىتىدە ئۆتكەن يۈ چيەنلۇ ھەققىدىكى ھېكايە: «ئۇنىڭ دادىسى يۈ يى ئاغرىپ ئىككىنچى كۈنى، تېۋىپ: ‹كېسەلنىڭ يەڭگىللەشكەن ياكى ئېغىرلاشقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ چوڭ تەرىتىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈش كېرەك›، دېگەن. يۈ يىنىڭ ئىچى سۈرۈشكە باشلىغان؛ چيەنلۇ شۇ ھامان تەرەتنى تېتىپ كۆرگەن» . يوتىسىنىڭ گۆشىنى كېسىپ بېرىش، يەنى «يوتىسىنى كېسىپ ئاتا - ئانىسىنى داۋالاش» — ئۆزىنىڭ يوتىسىنىڭ گۆشىنى كېسىۋېلىپ قاتتىق ئاغرىپ قالغان ئاتا - ئانىسىغا پىشۇرۇپ بېرىپ داۋالاش دېمەكتۇر .

(215) «ۋاپانامە» — كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىرى، جەمئىي 18 باب بولۇپ، كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرى بايان قىلغان.

(216) بۇ ماقالە دەسلەپ 1924 - يىلى بېيجىڭ قىزلار ئالىي دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 6 - سانىغا بېسىلغان. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئاياللار ژۇرنىلى» نىڭ 10 - جىلد 8 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغاندا، ماقالىنىڭ ئاخىرىغا مۇشۇ ژۇرنال مۇھەررىرىنىڭ قوشۇمچە ئىزاھى بېرىلگەن: «مەزكۇر ماقالە لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بېيجىڭ قىزلار ئالىي دارىلمۇئەللىمىنىدە سۆزلىگەن نۇتقى بولۇپ، مۇشۇ مەكتەپنىڭ ‹ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى› ژۇرنىلىنىڭ 6 - سانىغا بېسىلغان. يېقىندا بىز لۇشۈن ئەپەندىدىن ماقالە يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدە، ئۇ ئەسلىي تېكىستىنى قايتىدىن قاراپ چىقىپ، ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىپ بەردى» .

(217) ئىبسىن — مۇشۇ كىتابتىكى «مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(218) لى خې (790—816) — لەقىمى چاڭجى، چاڭگۇ (ھازىرقى خېنەن يىياڭ) دىن، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۇ ئۆمۈر بويى كىچىك ئەمەلدار بولۇپ، مۇرادىغا يېتەلمەي ئارماندا ئۆتكەن، «لى چاڭجى شېئىرلىرى» ناملىق تۆت توملۇق ئەسىرى بار. ئۇنىڭ «مەرمەر راۋىقىغا چاقىرتىلىش» ھەققىدىكى ھېكايىسى ئۈستىدە، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لى شياڭيىن ئۆزىنىڭ «لى خې تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «چاڭجى جان ئۈزۈش ئالدىدا، كۈپكۈندۈزى قىزىل لىباس كىيگەن بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ كىشى بىر مۈڭگۈزلۈك قىزىل ئەجدىھا ئۈستىدە قولىغا





قەدىمىي يېزىق بىلەن ‹چاڭجىنى چاقىرىپ كەلدىم› دېگەن ئىرماش - چىرماش خەت يېزىلغان بىر تاختىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. چاڭجى تاختىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمىغانلىقتىن، قورققىنىدىن كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىۋېلىپ، باش ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ھەم: ئانام ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغرىقچان، شۇڭا پېقىر بارالمايمەن، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. قىزىل لىباس كىيگەن كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ: ‹تەڭرى مەرمەردىن بىر راۋاق ياساتقانىدى. جانابىڭىزنى مەڭگۈ پۈتۈك پۈتۈشكە چاقىرتتى، ئەرش شۇنچىلىك ئاۋات، غەم - قايغۇ دېگەننى بىلمەيسىز› دەپتۇ. چاڭجى پىنھان زار يىغلاپتۇ، بۇ ھالنى خەق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن، ئاز ئۆتمەي چاڭجى نەپەستىن توختاپتۇ . »

(219) ئارىسباشېف (1878—1927) — رۇس يازغۇچىسى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسەن روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەن شەخسلەر تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرىدە چارروسىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن، كېيىن ۋارشاۋادا ئۆلگەن. بۇ يەردىكى سۆز ئۇنىڭ «ئىشچى سىۋىرىئوف» ناملىق رومانىدىكى پېرسوناژ سىۋىرىئوفنىڭ ئاراجىپقا قىلغان سۆزى.

(220) بۇ سۆز ساكيامونى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن ئېلىنغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇددا دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ساكيامونى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 565—486) ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇشى، ئۆلۈشىدەك ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ، 29 يېشىغا يەتكەندە دۇئا - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كېلىپ، بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، يۇرتمۇيۇرت ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئالتە يىل يول يۈرگەن بولسىمۇ، بەرىبىر ئەقىل تاپالمايدۇ، كېيىن بودى (ئەقىل) دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ: «ناۋادا ئەقىل تاپالمىسام ۋۇجۇدۇم پارە - پارە بولۇپ كەتسىمۇ، ئورنۇمدىن قوپمايمەن» دەپ قەسەم ئىچىدۇ. شۇ ئولتۇرۇشىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز ئويلىنىپ، ھەر خىل چىگىش خىياللارنى يېشىپ ئاخىر ئەقىل تاپىدۇ.

(221) note — book ئىنگلىزچە «خاتىرە دەپتەر» دېگەن سۆز.

(222) بوكسچىلار — 1990 - يىلى (ئات يىلى) جاھانگىرلىككە قارشى يېخېتۇەن ھەرىكىتى پارتلىدى. شۇ قېتىمقى كۈرەشكە شىمالىي جۇڭگو تەۋەسىدىكى دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ترانسپورت ئىشچىلىرى، ئەسكەرلەر بولۇپ كەڭ ئامما قاتناشتى. ئۇلار قالاق، خۇراپىي تەشكىلىي شەكىل ۋە كۈرەش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، چامباشچىلار (بوكسچىلار) جەمئىيىتىنى قۇردى ھەم چامباشچىلىقنى مەشىق قىلدى، شۇڭا ئۇلار «چامباشچىلار» دەپمۇ ئاتالدى. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران سىنىپ-

لار ۋە جاھانگىرلار ئۇلانى «بوكسچى باندىتلار» دەپ ھاقارەتلىگەن.

(223) «قۇرۇق ئازگالدا ياتقان بېلىق» — جەنگو دەۋرىدىن قالغان
مەسەل: «جۇاڭجۇ كەمبەغەل بولغاچقا، مىرابتىن ئاشلىق قەرز ئېلىشقا
بارغانىدى، مىراب: ‹بولىدۇ› بەرسەم بېرەي، ئىش ھەققىم چىقىدىغانغا ئاز
قالدى، شۇ چاغدا ساڭا 300 سەر قەرز بەرسەم قانداق؟ دېدى. بۇ گەپنى
ئاڭلىغان جۇاڭجۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ھەم: پېقىر تۈنۈگۈن بۇ يەرگە
كېلىۋاتقاندا، يولدا بىراۋنىڭ تولۇغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى؛ بۇرۇلۇپ،
چاق ئىزىدىن قالغان ئازگالغا قارىسام، بىر بېلىق يېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن: ئەي
بىچارە بېلىق، سەن نېمە قىلىپ بۇ يەردە ياتىسەن؟ دەپ سورىدىم. ئۇ:
مەن ئەسلىي شەرقىي دېڭىزنىڭ پۇقراسى ئىدىم، جانابىڭىز بىر ساپال سۇ
بېرىپ پېقىرنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىزكەن، دېدى. پېقىر ئۇنىڭغا:
بولىدۇ، بەرسەم بېرەي، مەن جەنۇبتىكى ۋۇيۈ شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ،
شىجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كەلسەم قانداق؟ دېدىم. بېلىقنىڭ
چىرايى شۇئان تاتاردى ھەم: پېقىر ماكانىمدىن ئايرىلدىم، ماڭا باش تىققۇ-
دەك تۆشۈك يوق، ماڭا بىر ساپال سۇ بولسىلا كۇپايە بولار ئىدى؛ جانابىڭىز
ئۇنداق دېگەندىن كۆرە، سېنى بازاردىكى قاق بېلىقلار دۇۋىسىدىن تاپاي
دېسىلا تۈگىمەسمىدى» دېدى.

(224) Ahasvar ئاخاسۋار — ياۋروپا رىۋايەتلىرىدىكى موزدۇز بو-
لۇپ، «سەرگەردان يەھۇدىي» دەپ ئاتالغان.

(225) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1924 - يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېر-
سىتېتى يېنىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ نەشر قىلغان «مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسى»
ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىغا بېسىلغان. 1924 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 كۈنى
«بېيجىڭ گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى» نىڭ 21 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان-
دا، ماقالىنىڭ بېشىغا ئاپتوردىن كىچىككىنە كىرىش سۆز قوشۇلغان: «بۇ-
رادەر فۇيۈەن: 1 - ئايدا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇرا
مەكتەپتە سۆزلىگەن نۇتقۇمنى بۇگۈن ئوقۇپ كۆرسەم، ھەقىقەتەن ئۈمۈر
كۆرىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۈزىتىپ ئەۋەتتىم، كۆچۈرۈپ باسار-
سىز. 22 - كۈنى كېچىدە، لۇشۈن.»

(226) ALPS — ئالپس تېغى، فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئارىلى-
قىدا بولۇپ، ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ. ناپولېئون 1800 - يىلى
ئاۋستىرىيە بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن ئىتالىيىگە لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا،
مۇشۇ تاغدىن ئۆتكەن.

(227) خۇ شى 1919 - يىلدىن تارتىپ «مىللىي ئەتىقىلەرنى رەتـ-
لەش» پائالىيىتىنى تەرغىب قىلغان. «مىللىي بىلىم» ناملىق پەسىللىك
ژۇرنالنىڭ «نەشر قىلىشقا بېغىشلانغان خىتابنامە» سىدە «مىللىي ئەتىقى-





لەرنى رەتلەش» دېگەن تەشەببۇسنى سېستىمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىيالىي-
لارنى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى رېئال ئىنقىلابىي كۈرەشتىن چەتلەشتۈرۈشكە
ئۇرۇنغان. ئاپتور بۇ يەردە ئەنە شۇ سۆھبەتلەرگە رەددىيە بېرىدۇ.

(228) بۇ يەردىكى «ئىجادىيەتكە چوقۇنۇش» دېگەن سۆز، ئاپتورنىڭ
پىكرىچە، «چەتتىن كەلگەن ئىدىيىلەرنى يەكلەش» كە، تەرجىمىنى يامان
كۆرۈشكە قارىتىلغان. «ئىجادىيەت» تەھرىراتىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى
بىر قىسىم ئادەملەردە شۇنداق خاھىش بار ئىدى.

(229) تولستوي (1828 - 1910) — روسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ
«ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق رومانلى-
رى بار.

تۇرگېنېف (1818 — 1883) — روسىيە يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «ئوۋچى
خاتىرىسى»، «رۇدىن»، «ئاتىلار ۋە باللار» قاتارلىق رومانلىرى بار.

دوستويېۋىسكى (1821 — 1881) — روسىيە يازغۇچىسى، ئۇنىڭ
«كەمبەغەللەر»، خورلانغان ۋە شىكەستىلەنگەنلەر»، «جىنايەت ۋە جازا»
ناملىق رومانلىرى بار.

(230) پىئوتىر ۋە جون — ياۋروپالىقلار كۆپ قوللىنىدىغان ئىسىم-
لار. بۇ يەردە ئومۇمەن چەت ئەللىك ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(231) بۇ ماقالە دەسلەپ 1924 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «تىل
رىشتىسى» نىڭ 1 - سانىغا بېسىلغان.

(232) لېيفېڭ مۇنارى (چاقماق مۇنارى) — 1924 - يىل 9 -
ئايدا يىقىلىپ چۈشكەن. ئەسلىدە خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلىنىڭ جەنۇبى ئىبا-
دەتخانىسى ئالدىغا ۋۇيۈ خانى چيەنشۇ تەرىپىدىن مىلادىيە 975 - يىلى
سالدۇرۇلغان، دەسلەپكى ئىسمى «شىگۇەن خىش مۇنارى» ئىدى، كېيىن
«مەلىكە مۇنارى» دەپ ئاتالغان. ئۇ «لېيفېڭ» ناملىق كىچىككىنە بىر تاغ
ئۈستىگە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە «لېيفېڭ مۇنارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(233) «ۋاپادار دېۋە - پەرى داستانى» — بۇ «ئاق يىلان خېنىم»
توغرىسىدىكى خەلق ئەپسانىلىرىدىن ئىبارەت قوشاق بولۇپ، جەمئىي تۆت
توم 53 باب، داۋامى ئىككى توم 16 باب، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېن
يۈچيەن تەرىپىدىن يېزىلغان. «جىڭشەنگە سۇ تولۇپ كېتىشى»، «بەي
جۇاڭيەننىڭ مۇنارغا نەزىر بېرىشى» دېگەنلەر ئاق يىلان ھېكايىسىدىكى ۋەقە-
لەردۇر. جىڭشەن تېغى جياڭسۇنىڭ جىنجياڭ دېگەن يېرىدە بولۇپ، شەرقىي
جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان. «بەي جۇاڭيۈەن» بولسا ھېكايىدىكى ئاق
يىلان خېنىم بىلەن شۈيشەننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاق يىلان خېنىم شەيخ فاخەي
تەرىپىدىن لېيفېڭ مۇنارى ئاستىغا باستۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇاڭيۈەن مەن-
سىپىگە ئىگە بولۇپ قايتىپ كېلىپ، مۇنارغا نەزىر بەرگەن، شۇ مۇناسىۋەت

بىلەن ئانا - بالا يۈز كۆرۈشكەن.

(234) بۇ ماقالە تۇنجى ئېلان قىلىنغاندا، ئاخىرىغا ئاپتور تەرىپى-
دىن مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «بۇ نەرسە 1924 - يىل 10 - ئاينىڭ
28 - كۈنى يېزىلغان. بۇگۈن سۇڭ فۇيۈەن كەلگەندە، كوپىيىسىنى ئۇنىڭغا
كۆرسەتتىم. ئۇ لېيفېڭ مۇنارى باۋشۇ مۇنارى ئەمەس، دەيدۇ. بۇ گەپكە
قارىغاندا، مەن خاتا ئەسلىگەن ئوخشايمەن. لېكىن، ئۆزۈممۇ لېيفېڭ مۇنارى
ئاستىدا ئاق يىلان خېنىم يوقلۇقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. ھازىر بۇ سابىق
مۇخبىر ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن شۇنى پەملىدىمكى، بۇ ۋەقە ئۆزۈم ئوقۇغان
كىتابلاردىن چىققان ئەمەس، لېكىن بۇنى ئۆز ۋاقتىدا نەدىن بىلىۋالغانلىقىمنى
ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم. شۇڭا، بۇ يەردە ئىزاھات ۋە تۈزىتىش بەردىم.
11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.»

«باۋشۇ مۇنارى» شىخۇ كۆلىدىكى باۋشىشەن تېغىنىڭ چوققىسىدا بو-
لۇپ، ھازىرمۇ بار، ئۇنى ۋۇيۇ خانى چيەنشۇ سۇڭ خاندانلىقىغا سېلىق
تۆلەشكە كەلگىنىدە سالدۇرغان دېگەن رىۋايەت بار. مىن سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى جۇگو چىڭ «چوقچايغان بىنا توغرىسىدىكى يازمىلار»نىڭ 14 - تومىدا
مۇنداق قىسقىچە خاتىرىلەيدۇ: «خاڭجۇدا باۋشۇ مۇنارى بار، چيەنشۇ خان
زىيارىتىگە كەلگىنىدە، خان تەرىپىدىن قالدۇرۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن شۇ مۇنارنى سالدۇرغان...» يەنە بىر رىۋايەتتە،
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ (998 - 1003) زامانىسىدا يۇنباۋ ناملىق
بىر سوپى بۇ مۇنارنى ساۋابلىق ئۈچۈن سالدۇرغان... دېيىلىدۇ. مىن دەۋرى-
دىكى لاڭ يىن ئۆزىنىڭ «يەتتە پەرز توغرىسىدىكى يازمىلار» دېگەن ئەسىرىدە
مۇنداق يازىدۇ: «شيەنفېڭ يىللىرىدا سوپى يۇنباۋ بۇ مۇنارنى ساۋاب تېپىش
ئۈچۈن سالدۇرغان. كىشىلەر ئۇنى ‹ئۇستاز› دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، ئۇ مۇنار
«باۋشۇ (يۇنباۋ تاغا) مۇنارى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالدى».

(235) «تەڭرى يۇخۇاڭ» — جۇڭگودىكى «داۋ» دىنىدىكى ئەپسانىلەر-
دە ئۇچرايدىغان ئەڭ ئالىي خۇدا.

(236) بۇ ماقالە 1924 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «تىل
رىشتىسى»نىڭ 5 - سانىغا بېسىلغان.

(237) چاڭئەن — شىئەن. ئاپتور غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
تەكلىپىگە بىنائەن 1924 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭدىن شىئەنگە
بېرىپ لېكسىيە ئوقۇغان، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ
كەلگەن.

(238) لى ئېرچۇ (1629—1705) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جوۋزى دېگەن
يېرىدىن، چىڭ دەۋرىدىكى پەيلاسوپ.

(239) بۇ يەردە يۈەن (موڭغۇللار) سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ياپونى-





يىگە تاجاۋۇز قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پادىشاھ قۇبلايخان-
نىڭ ئەمرى بويىچە فەن ۋېنخۇ باشلىق قوماندانلار 100 مىڭدىن ئارتۇق
ئەسكەر بىلەن ياپونىيىگە ھۇجۇم قىلىپ ماڭغىنىدا، كېمىلىرى قاتتىق بوران-
دا كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن مەغلۇپ بولغان.

(240) بۇ يەردە فۇجۇ پاجىئەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. فۇجيەن خەلقىنىڭ
ياپون ماللىرىنى چەكلەش ھەرىكىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ فۇجۇ
شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى 1919 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى
ياپونىيە سەرگەردانلىرىنى ۋە مەخپىي ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر
ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرغان ۋە بەزى ئوقۇغۇچىلارنى، ئاممىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن،
يارىدار قىلغان. شۇ ۋەقەگە ئۆز ۋاقتىدا ياپونىيە بېسىۋالغان تەيۋەننىڭ
لۇكچەكلىرىمۇ قاتناشقان.

(241) بۇ يەردە ياپونىيە پادىشاھى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز چاڭگىلىغا
ئالغاندىن كېيىن، 1868 - يىلى كاپىتالىستىك تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىسلا-
ھاتلارنى قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(242) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «تىل
رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىغا بېسىلغان.

(243)S شەھىرى — ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى شاۋشىن.

(244) خۇاڭدى بىلەن چىبۇ — بۇ يەردە «خۇاڭدىنىڭ ئىچكى كېسەل-
لىكلەر دەستۇرى» دېگەن كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كىتاب مەملىكىتىمىز-
نىڭ ئەڭ مەشھۇر تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەخمىنەن جەنگو
دەۋرىنىڭ چىن، خەن زامانلىرىدىكى تېۋىپلار قەدىمكى زاماندىكى ۋە ئۆز
زامانىدىكى تېبابەتچىلىك ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، خۇاڭدى ۋە چىبو نامىدا
تۈزۈپ چىققان.

(245) ۋاڭ ماڭنىڭ زەيىپى پىرقىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشى — غەربىي
خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمى-
يىتىنى تارتىۋالغاندا، شەرقىي ۋىلايەت ۋالىيسى زەيىي ھەم ئۇنىڭ قېرىندى-
شى چېڭ فېڭ ۋاڭ ماڭغا قارشى ئەسكەر تارتىپ چىقىپ ئۇرۇشتا مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن، «توغراپ تاشلانغان جەسەتلىرى شەھەر ئىچىگە توشۇپ
كەتكەن»؛ زەيىي بىلەن بىللە ئەسكەر تارتىپ چىققانلارمۇ قەتلى قىلىنغان.
«خەن سالنامىسى، ۋاڭ ماڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، زەيىي
پىرقىسىدىكى ۋاڭ سۈڭچىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، «ۋاڭ ماڭ ئۆزىنىڭ
تېۋىپلىرىغا ئۇنى سويغۇزۇپ، سۆڭەكلىرىنى پارچىلاتقۇزغان، تومۇرنىڭ
نەدىن باشلىنىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىنچىكە قومۇشنى
تومۇرغا تىققان، بۇنى بىلسەك كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ، دېيىشكەن».

(246) «ئادەم مۇچىلىرى تەپسىرى» — مىڭ دەۋرىدە (ماقالىدە سۇڭ

دەۋرى دەپ خاتا قىلىنغان) ئۆتكەن نىڭ يىيۇ يازغان تېببىي كىتاب.

(247) زېڭ غوجام — زېڭ گوفەن، لى بېگىم — لى خۇڭجاڭ، زو ھەزرەت — زو زۇڭتاڭ، باۋ سەردار — باۋ چاۋ، بۇ كىشىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولۇپ، تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللاتلار.

(248) باۋمىيەنى جادۇدا توغراش — مەملىكىتىمىزدە ئۆتمۈشتە ئومۇملاشقان چاڭچىلىلەردىن بىرى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن باۋجېڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا يۈز قارىمىغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن نەۋرىسى باۋ مىيەنى جادۇدا توغراش جازاسى بىلەن جازالىغان.

(249) بۇ يەردە جىن دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ليۇلىڭ قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «ليۇ لىڭ ھاراقنى راسا ئىچىپ مەست بولۇپ ھەددىدىن ئاشاتتى، بەزىدە ئۆيىدە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ بولۇۋالاتتى، باشقىلار ئۇنى مەسخىرە قىلسا، ئۇ: ‹مەن جاھاننى ئۆي قىلدىم، ئۆينى ئىشتان قىلدىم، سىلەر مېنىڭ ئىشتىنىمنىڭ ئىچىگە نېمىدەپ كىرىۋالدىڭلار؟› دەيتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ۋاڭ پىڭزى، خۇمۇ، يەنگو دېگەن ئادەملەر تولىمۇ شاللاق ئىدى، بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. بەزىدە ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، يالىڭاچ بولۇۋالاتتى».

(250) Th. Lipps لىپپس (1851—1914) — نېمىس پسىخولوگى ۋە پەيلاسوپى. ئۇ «ئەخلاقشۇناسلىق» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر بابىدا: «باشقىلارنى ئۆزىگە قۇل قىلىشنى خالايدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدە قۇلچىلىق خاراكتېرى بولىدۇ، زالىم ھۆكۈمدار بولۇش ئارزۇسى بار ئادەملەر ئىنساپسىز تەمەنناچىلاردۇر؛ تەكەببۇر ئادەملەر ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە دۇچ كەلگەندە ھامان تىز پۈكىدۇ» دېگەن.

(251) سۇن خاۋ (243—283) — ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى ۋۇ دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندا، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا، زورلۇق ـ زومبۇلۇقتا ئۇچىغا چىققان، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى ۋە ئوردا خادىملىرىنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەن ياكى يۈزىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالغان، ياكى كۆزىنى ئويۇۋالغان، ئىشقىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، جىن دۆلىتىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن كىچىككىنە بىر مەنسەپكە چۈشۈرۈلگەن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، پادىشاھ جىن ۋۇدى بىر كۈنى ئۇنىڭدىن: ئاڭلىشىمچە، جەنۇبلۇقلار «سىز ناخشىسى»غا ماھىر كېلىدىكەن، قېنى سەن ئېيتالامسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ قولىغا قەدەھنى ئېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پادىشاھقا قاراپ مۇنداق ناخشا ئېيتقان: «ئۆتمۈشتە سىز بىلەن ئىدىم تام قوشنا، بۈگۈن سىزگە بولدۇم ھەم پۇقرا، تۇتتۇم سىزگە بىر قەدەھ شاراب، ئۆزۈن ئۆمۈر يار بولسۇن





سىزگە راسا».

(252) مېي لەنفاڭ (1894—1961) — جياڭسۇ تەيجۇلۇق، بېيجىڭ چاڭچىلىسى سەنئەتكارى. ئۇ چاڭچىلە ئويۇنلىرىدا ئايال رولىنى ئالغۇچى ئەر ئارتىس بولۇپ، چاڭچىلە سەنئىتىدە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

(253) ماگۇ — رىۋايەتلەردىكى ھۆر ـ پەرى.

(254) تاگور (R. Tagore 1861—1941) — ھىندى شائىرى. ئۇ 1924 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگوغا كەلگەن، «چىنىستانلىق ھىندى» دېگەن ئىسىمنى تاگور تۇغۇلغانلىقىنىڭ 64 يىللىقىنى جۇڭگودا ئۆتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لياڭ چىچاۋ قويغان. «چىنىستان» سۆزى — «جۇڭگو» دېگەن سۆز.

(255) رودىن (A. Rodin 1840—1917) — فرانسۇز ھەيكەلتىراش.

(256) ۋىلدى (O. Wilde 1856—1900) — ئەنگلىيىلىك ئېستېتىك يازغۇچى، «ۋىندىمىر خانىمنىڭ يەلپۈگۈچى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(257) روللاند (R. Roland 1866—1944) — فرانسۇز يازغۇچى ۋە جەمئىيەت ئەربابى، «جون كرىستوپ» ناملىق رومانى، «مۇھەببەت بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئېلىشىشى» ناملىق درامىسى ۋە باشقا ئەسەرلىرى بار.

(258) گوركىي (M. Горъкин 1866—1936) — سوۋېت پرولېتارىيات يازغۇچىسى، «ئانا»، «باللىق دەۋرىم»، «كىشىلەر ئىچىدە»، «مېنىڭ دارىلفۇنۇنۇم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(259) لىن چىننەن (1852—1924) — فۇجيەن مىڭخۇ (ھازىرقى فۇجۇ)لۇق، ئۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكا رومانلىرىدىن 170 نەچچە پارچىنى باشقىلارغا سۆزلەتتۈرۈپ، قەدىمىي تىل بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن «4 ـ ماي» ھەرىكىتىگىچە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. «4 ـ ماي» ھەرىكىتىگە كەلگەندە، ئۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە كۈچەپ قارشى چىققان كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان، سەي يۈەنپېيغا يازغان خېتىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكەتچىلىرىنى ھاقارەتلىگەن.

(260) «غالتەكچىلەر» تىلى — لىن چىننەن سەي يۈەنپېيغا يازغان خېتىدە ئاممىباب تىلغا ھۇجۇم قىلىپ: «ناۋادا قەدىمىي كىتابلارنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ، يەرلىك شېۋىلەرنى ئىشلىتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا غالتەكچىلەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ گراماتىكا بار دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا بېيجىڭ، تيەنجىندىكى ئۇششاق ئېلىپساتارلارنى يىغىپ كېلىپ پروفېسسور قىلغان تۈزۈك» دېگەن.

(261) شىپاڭ بېگى، يەنى لى باۋجيا (1860—1906) — جياڭسۇ

ۋۇجىنلىق، يازغۇچى. فۇشەنلىك ئادەم، يەنى ۋۇ ۋىياۋ (1910—1867) — گۋاڭدۇڭ نەنخەي فۇشەنلىك، يازغۇچى.

(262) «ئىجادىيەت تەھرىراتى» — «4 ـ ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدىكى مەشھۇر ئەدەبىيات تەشكىلاتى، 1920—1921 ـ يىللىرى قۇرۇلغان، ئاساسلىق ئەزالىرىدىن گو مورو، يۈ دافۇ ۋە چېڭ فاڭۋۇ قاتارلىقلار بار، 1923 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىجادىيەت» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 1 ـ سانىغا — بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش سانىغا — شۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىر پارچە سۈرىتى بېسىلغان.

(263) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1925 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 15 ـ سانىغا بېسىلغان.

(264) «ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىدىغان كېسەل مىكروبلىرى» — ئۆز ۋاقتىدىكى غەلىتە سەپسەتە. 1924 ـ يىل 4 ـ ئايدا «پسىخولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ جىلد 2 ـ سانىدا جاڭ ياۋشياڭنىڭ «يېڭى شائىرنىڭ كەيپى» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى، ئۇنىڭدا شۇ چاغلاردا نەشر قىلىنغان بەزى يېڭى شېئىرلار توپلاملىرىدىكى ئۈندەش بەلگىسى (!) ھېسابلاپ چىقىلغان ۋە: مۇشۇنداق بەلگىلەر «كىچىكلىتىپ قارىغاندا بىرمۇنچە مىكروبلارغا، چوڭايتىپ قارىغاندا بىرنەچچە قاتار تىزىلغان مىلتىق ئوقلىرىغا ئوخشايدۇ» دېيىلگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنى پاسسىپلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەركىدۇنياچىلىق كەيپىياتلىرىنىڭ ئىپادىسى دەپ تونۇپ، ئۈندەش بەلگىلىرى كۆپ قوللىنىلغان ئاممىباب تىلدىكى شېئىرلارنى «ۋەتەننى مۇنقەرزلىككە ئېلىپ بارىدىغان ئاۋاز» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان.

(265) «جۇڭيۇڭ» ناملىق كىتابتا: «ئالەمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە توققۇز ئەركان بولىدۇ: ئۆزىنى تەربىيىلەش، دانىشمەنلەرنى قەدىرلەش، قېرىنداشلىرىغا مېھرىبان بولۇش، باش ۋەزىرنى ھۆرمەتلەش، ۋەزىرلەرگە جان كۆيدۈرۈش، پۇقرانى سۆيۈش، چاكارلارغا سەدىقە قىلىش، مۇساپىرلارغا رەھىمدىل بولۇش، بەگلەرنى سۆيۈش» دەپ يېزىلغان. «ئەركان» — ئەسلىدە ھاكىمدارلارنىڭ كۈندىلىك قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، بۇ يەردە خەنزۇچە خەت ئاھاڭداش بولغانلىقتىن، «ئەركان» سۆزى «مەنزىرە» سۆزى ئورنىغا ئىشلىتىلگەن.

(266) كۇڭ چيۇ (مىلادىيىدىن 551 — 479 يىل بۇرۇن) — كۇڭزى. «لۈنيۈ» ناملىق كىتابتىكى «كۇڭزى غەلىتە كۈچلەرنى، پاراكەندىچى ئەرۋاھلارنى ئاغزىغا ئالمايتتى» دېگەن بايانغا قارىغاندا، كۇڭزى جىن ـ ئەرۋاھلارغا ئىشەنمەيدۇ. «مىگەر بار دەپ نەزىرە قىلساڭ، ئەرۋاھ بار» دېگەن سۆز «لۈنيۈ» دىن ئېلىنغان. كۇڭزى «چۈنچيۇ» ناملىق ئەسەرنى ئىشلىگەن. كېيىنكى چاغلاردىكى كلاسسىكشۇناسلارـ





نىڭ قارىشىچە، كۇڭزى سۆزلەرنى ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن قوللانغان. مەسىلەن، كۇڭ يېنىدا «چۈنچيۇ كىتابىنىڭ توغرا شەرھىگە كىرىش سۆز» دېگەن ئەسىرىدە: «ماختايدىغان بىرەر سۆزنى يازماقچى بولسا، گويا شاھانە تون ھەدىيە قىلغاندەك قىلىپ يازاتتى. بىرەر نۇقساننى ئېيتماقچى بولسا پالتا بىلەن يونۇغاندەك كەسكىن يازاتتى» دېگەن. زىلو — كۇڭزىنىڭ شاگىرتى. زىلوغا قەسەم ئىچىپ بەرگەنلىكىنى «لۈنيۈ» نىڭ «مادارا» بابىدىن كۆرۈڭ: كۇڭزى مەلىكە نەنزى بىلەن كۆرۈشسە، زىلو خاپا بوپتۇ. شۇڭا كۇڭزى: «مەن راۋا كۆرمىسەم خۇدامۇ بىزار، خۇدامۇ بىزار دەپ قەسەم ئىچىپتۇ». نەنزى — ۋېيىنكۇڭ ھەزرىتىنىڭ خوتۇنى.

(267) 1925 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، «سەھەر گېزىتى. قوشۇمچە بەت» نىڭ 12 ـ سانىدا بېسىلغان «لىللا سۆز» تەنقىدنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان، بولۇپمۇ جەڭگىۋار تەنقىدنىڭ بېلىگە تېپىشكە ئۇرۇنغان ماقالە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەر بار: «بۇنداق ئادەملەر (تەنقىدچىلەرنى دېمەكچى) نىڭ غەرىزى نېمىكىنتاڭ. پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلامدىكىن دېسە، گاھىدا ماقالىلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز بالىسىنى ئۇستەك بېرىدۇ. ئاياللارنى ئازدۇرۇشنى غەرەز قىلامدىكىن دېسە، جۇ يۈەنجاڭچە يۈزىنى ماقالىگە باسقىنى يوق. شۆھرەت تېپىشنى غەرەز قىلامدىكىن دېسە، باشقىلار ئۇلارنىڭ زەھەرخەندە ماقالىسىنى ئوقۇپ باقسىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلارغا كىم ئىشەنسۇن؟» لېكىن، لۇشۈن بۇ يەردە بۇ ماقالىنى قوشۇمچە تەنقىد قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە گەپ كۇڭزى ئۇستىدە بارغانلىقتىن، «جۇ يۈەنجاڭچە يۈز» دېگەن سۆزنى «چيۇپوچە يۈز» دەپ ئىشلىتىدۇ. چيۇ — جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ياشىغان جىيۇلى خەلقىنىڭ قەبىلە باشلىقى. ئۆتمۈشتىكى تارىخچىلار ئىرقىي خۇراپاتقا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ناھايىتى ياۋۇز قىلىپ سۈپەتلىگەن.

(268) شەنيۇڭ — جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ياشىغان شەرق قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. جۇگۇڭ ۋە چىگۇاڭ زامانلىرىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندى.

(269) بەش يات قەبىلە — مىلادىيىنىڭ 304 — 439 ـ يىللىرى ھۇن، جيې، شيەنپى، دى ۋە تاڭغۇت قاتارلىق بەش قەبىلە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىمال تەرەپتە ۋە غەربىي سىچۈەندە دۆلەت قۇرغان؛ خەنزۇلار قۇرغان ئالدىنقى لياڭ، غەربىي لياڭ، بېيەن قوشۇلۇپ ئىككى جاۋ، تۆت بەن، بەش لياڭ، ئۈچ چىن، شيا ۋە چېڭخەن قاتارلىق 16 دۆلەت بارلىققا كەلگەن. كونا تارىخچىلىق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «بەش يات قەبىلە، 16 دۆلەت» دەپ ئاتايتتى.

(270) جاڭ شيەنجۇڭ (1646—1606) — شەنشىنىڭ يەنچىنى دېگەن

يېرىدىكى ليۇشۇجيەن كەنتىدىن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە دېھقانلارنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەنشى، خېنەنلەردە ئۇرۇش قىلغان، 1644 ـ يىلى (مىڭ سۇلالىسى چۇنجىن دەۋرىنىڭ 17 ـ يىلى) سىچۇەنگە بېسىپ كىرىپ، چېڭدۇنى قولغا چۈشۈرۈپ، «ئۇلۇغ غەرب پادىشاھلىقى» دەپ ئاتىغان. كونا تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەردە ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقى قەستەن مۇبالىغە قىلىنغان. جاڭ شيەنجۇڭ 1646 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۇنجى خاندانلىقىنىڭ 3 ـ يىلى) سىچۇەندىن چىقىپ، سىچۇەننىڭ شىمالىدىكى يەنتىڭ چېگرىسىغا بارغاندا، ئۇشتۇمتۇت چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە يولۇقۇپ، فېڭخۇاڭ (سۇمۇرغ) تېغىدا ئوقيا تېگىپ، ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەن.

(271) لۇڭمېن — خېنەننىڭ لوياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ ئىسمى. شىمالىي ۋېي خاندانلىقى دەۋرىدە كىشىلەر شۇ يەردىكى يارلارغا تەخمىنەن 10 مىڭدەك تاش بۇت نەقىش قىلغان.

(272) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 16 ـ سانىغا بېسىلغان.

(273) ۋۇدى پادىشاھى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 138 ـ يىلىدىن باشلاپ جاڭ چيەن، لى گۇاڭلى قاتارلىق كىشىلەرنى غەربىي رايونغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلار پەرغانە، ئارساك قاتارلىق يەرلەرگىچە بېرىپ غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقە قىلىش يولىنى ئاچقان. پەرغانە هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكستان تەۋەسىدە؛ ئارساك هازىرقى ئىران تەۋەسىدە. ئات بىلەن ئۈزۈم پەرغانىدىن كەلگەن.

(274) ئاينىڭ ئىچىدە پاقا بار — مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدە «كۈننىڭ ئىچىدە ئۈچار قۇش بار، ئاينىڭ ئىچىدە پاقا» دېگەن گەپلەر بار.

(275) بۇغا ـ مارال — «خەن سالنامىسى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»گە قارىغاندا، غەربىي رايوندىكى ئۇيسانلى دۆلىتى (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربى) دىن چىقىدىغان هايۋان.

(276) تاڭ پادىشاھى قەبرىسى — تاڭ پادىشاھى لى شىمىنىنىڭ قەبرىسى، شەنشى ئۆلكىسى لىچۇەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جۇزۇڭ تېغىدا. بۇ قەبرىگە نەقىش قىلىنغان ئوقيالىق يورغا ئات پادىشاھ مىلادىيە 621 ـ يىلى لوياڭنى تىنچىتىش ۋاقتىدا مىنگەن داڭدار چىلان تورۇق ئات بولۇپ، قەبرىگە نەقىش قىلىنغان ئالتە يورغا ئات هەيكىلىنىڭ نامايەندىسى. پادىشاھ شۇ قېتىمقى جەڭدە، شۇ يورغىنىڭ ئۈستىدە جەڭ قىلىۋاتقاندا يورغا ياربدار بولۇپ، خەتەرگە دۇچ كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا پالۋان چيۇشىڭگۇڭ ئۆزىنىڭ ئارغىمىقىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلغان، پادىشاھ شۇنىڭ بىلەن خە-





تەردىن قۇتۇلۇپ چىققان. نەقىشتە ساۋۇت كىيگەن، خەنجەر ئاسقان چيۇشىڭگۇڭنىڭ ئۆز ئارغىمىقىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، چىلان تورۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈگىنىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، كۆكرىكىگە سانجىلغان ئوقنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ قۇربان بولغان ئالتە ئېتىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مىلادىيە 636 ـ يىلى تاش هەيكەل ئورنىتىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. بۇ هەيكەللەر قەبرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تاملىرى ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان. ئامېرىكا جاھانگىرلىرى 1921 ـ يىلى جۇڭگو مىلىتارىستلىرى ھەم هايانكەش سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇ ئاتلارنىڭ ئىككى هەيكىلىنى ئامېرىكىغا ئەكەتكەن، هازىر بۇ هەيكەللەر ئامېرىكىنىڭ فىلادېلفىيە ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. قالغان تۆت ئاتنىڭ هەيكىلىنى يۆتكەيدىغان ۋاقىتتا، يەرلىك خەلق يول قويمىغان. ئەمما، ھەممىسى ھەرىلەپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىلگەن، بۇلار هازىر شىئەن تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

(277) ئۇلۇغ ۋاپادار پادىشاھ — بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى پادىشاھى شۇەنيې كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(278) تانرۇۋان (1591—1666) — گېرمانىيىلىك خرىستىئان دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى، 1622 ـ يىلى جۇڭگوغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن، كېيىن كالېندار ئىشلىرى مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1644 ـ يىلى مۇنەججىملەر مەھكىمىسىنىڭ باش ۋازىرى بولغان، ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى كالېندار تۈزۈپ چىققان.

ياڭ گۇاڭشيەن — ئەنخۇي شېشەن ناهىيىسىدىن. ئۇ 1644 ـ يىللىرى باش نازارەتكە كالېندارنىڭ سىرتىغا «غەربنىڭ يېڭى ئۇسۇلى بويىچە» دېگەن سۆزلەرنى يازماسلىق كېرەك، دەپ شىكايەت قىلغان. ئاقىۋەت ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كاڭشى 4 ـ يىلى (1665) يەنە ئەرز تۇتۇپ، كالېندار ھېسابلاشتا شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خاتا ھېسابلانغانلىقىنى ئەيىبلىگەن، شۇنىڭ بىلەن تانرۇۋان قاتارلىقلار سوتقا تارتىلغان. ياڭ گۇاڭشيەن مۇنەججىملەر مەھكىمىسىنىڭ ۋازىرلىقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كونا كالېندارنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. كاڭشى 7 ـ يىلى كەبىسە يىلىنى خاتا ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان، دەسلەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، كېيىن ياشانغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، كەڭچىلىك ئاساسىدا سۈرگۈن قىلىنغان. «ئامالسىز» دېگىنى ياڭ گۇاڭشيەننىڭ تانرۇۋاننى ئەيىبلەپ يۇقىرىغا سۇنغان ئەرزلىرىنىڭ توپلىمى.

(279) رۇەن يۈەن (1764—1849) — جياڭسۇ يىجېڭلىق، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم، گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشىنىڭ باش ۋالىيسى بولغان، «مۇنەججىملەر تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(280) ۋاڭ يۈجېن (1813—1881) — جېجياڭ ۋۇشىنلىق، چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭ يىللىرى مۇدەررىس بولغان. ئۇ «نەپاسەت» ناملىق ئەسىرىدە ئەينەك ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەينەك كەڭ تارقىلىپ كەتتى، مىس ئەينەك ياسالماس بولۇپ كەتتى. ھازىرقى ئەينەكلەر ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ. مىس ئەينەكتە ئۇنداق نۇقسان كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينەك ئاسان سۇنىدۇ. مىستەك پىششىق بولمايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەل ئىچىدە مىسنىڭ تاشلىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەينەكنىڭ تارقىلىپ يۈرگىنى قىزىق گەپ. بۇ، ئادەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، كىشىلەرنىڭ يېڭىلىققا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ».

(281) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1925 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «چۆل» ناملىق ھەپتىلىك سەھىپىنىڭ 1 - سانىغا مىنجاۋ تەخەللۇسى بىلەن بېسىلغان.

(282) ئىنچىكە بەل ھەرە — ھاشاراتلار دۇنياسىدا نېپىز قاناتلىق ئىنچىكە بەل ھەرىلەر ئائىلىسىگە كىرىدۇ، بۇنىڭ نەسىل سۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدا، مەملىكىتىمىزدە قەدىمكى زامانلاردىن قالغان تۈرلۈك خاتىرىلەر بار. «شېئىرنامە» ناملىق بېيىت كىتابىدا: «دەرەخ پىتىنىڭ ئوغلىنى مېۋە چىۋىنى بالا قىلىۋالىدۇ» دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جېن شۈەن: «مېۋە چىۋىنى ئۇجمە قۇرتىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېتىپ، بالا قىلىپ بېقىۋالىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ياڭ شۇن «سۆزدىن ئۈلگە، ھەرىكەتتىن تەلىم ئال» دېگەن ئەسىرىدە: «كۆكپىتنىڭ ئوغلى جان تالىشىپ قالغاندا، مېۋە چىۋىنىغا يولۇقۇپ قاپتۇ، مېۋە چىۋىنى ئۇنىڭغا: ‹ماڭا ئوخشا! ماڭا ئوخشا!› دەپ دۇئا قىلغانىكەن، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ» دەپ يازغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەرگە ھەممىدىن ئاۋۋال «ئالتە خانىدانلىق» دەۋرىدىكى تاۋ خۇڭجىڭ قارشى چىققان، ئۇ «ئىلمىي گىياھتىكى كۆكپىت - ھەرە دېگەن ماددىغا ئىزاھ» دېگەن ئەسىرىدە: «‹كۆكپىت› نامدا ھەرە دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن ئۇ لايدىن ئۇۋا ياسىمايتتى، يەنى توپىدىن ئۆي سالمايتتى. ھازىرقى چاغدا بىر خىل ئىنچىكە بەل ھەرە بار، ئۇلار لايىنى چىشلەپ كېلىپ تام ۋە قاچا يانلىرىدا ئۆي ياساپ، شۇنىڭغا تېرىقتەك كىچىككىنە بالا چىقىرىدۇ، ئوت - چۆپلەردە بولىدىغان كۆك ئۆمۈچۈكتىن 10 نەچچىنى شۇنىڭغا تىقىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويىدۇ. ئوغلى چوڭ بولغاندا، شۇلارنى يەم قىلىپ يەيدۇ. يەنە بىر خىلى قومۇشلارنىڭ تۆشۈكىدە ئۇۋىلايدۇ ۋە بۇلارمۇ ئوت - چۆپلەردىكى كۆكپىتلارنى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ مېۋە چىۋىنى دېگەن ئىسمى بار. شۇڭا ‹شېئىرنامە›دە دەرەخ پىتىنىڭ ئوغلىنى مېۋە





چىۋىنى بالا قىلىۋالىدۇ، دەپ يازغان؛ ئىنچىكە بەل ھەرىنىڭ چىشىسى بولمايدۇ، ئەركەكلىرى كۆكپىتنى تەربىيىلەپ بالا قىلىۋالىدۇ، دېگەن سۆز يالغان» دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يېداچىن «ئاسار ئەتىقىلەرنى دەلىللەش ئۈستىدىن گۇمان» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئالتىنچى بابىدا مۇنداق يازغان: «جيايۇ ناملىق كىتابقا قارىسام، جاڭ يۇشى قاتارلىق كىشىلەر ‹سىچۈەن› تەزكىرىسىگە ئاساسەن ئىزاھات بېرىپ: ‹كۆكپىتنىڭ ئۆزى ئىنچىكە بەل ھەرە. ئۇ ئۇجمە قۇرتىنىلا تۇتماستىن باشقا قۇرتلارنىمۇ ئۇۋىسىغا تۇتۇپ كېتىپ، لاي بىلەن بەند قىلىۋېتىدۇ، ئۇ قۇرتلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەرىگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ› دەپتۇ. تاۋ فامىلىلىك كىشىمۇ، ئۇۋىسىدا تېرىقتەك بالا چىقىرىپ، ئۇلارغا باشقا قۇرتلارنى يەم قىلىپ بېرىدۇ، دەپتۇ. يېقىندا بىرى شۇ ھەرىنىڭ ئۇۋىسىنى بەند قىلغىنىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، كېيىن چىقىپ قارىسا، تېرىقتەك تۇخۇم چىقىپتۇ، ئۇ تۇخۇملار ئۆلۈك قۇرت ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋال تاۋنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش ئىكەن».

(283) فابرې (1823—1915) — فرانسىيىلىك مەشھۇر ھاشاراتشۇناس، «ھاشاراتلار ھەققىدە خاتىرە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان.

(284) E ئەپەندى — ئېروشىنكو؛ روسىيىلىك شائىر، چۆچەك ۋە مەسەل يازغۇچى، كىچىكىدىن ئەما؛ دۇنيا تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىللىرىنى بىلىدۇ، ئىلگىرى - كېيىن ياپونىيە، تايلاند، بىرما، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان. 1921 - يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بېيجىڭ دۇنيا تىللىرى تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ ئەسەرلىرىنىڭ تولىسىنى دۇنيا تىلى ياكى ياپون تىلى بىلەن يازغان. لۇشۈن ئۇنىڭ «ھال رەڭ بۇلۇت»، «ئېروشىنكو مەسەللىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

(285) بۇ يەردىكى «پادىشاھ» سۆزى كەڭ مەنىدە بولۇپ، تۆرە - بەگلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(286) بۇ يەردە «رەئىيە» سۆزى ئاددىي پۇقرا دېگەن مەنىدە.

(287) بۇ سۆز «مېڭزى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان.

(288) 1925 - يىل 2 - ئايدا دۈەن چىرۇي ئۆز ۋاقتىدا سۇن جۇڭشەننىڭ كومپارتىيە ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان خەلق كېڭىشى ئېچىش تەشەببۇسىنى چەكلەپ، ئۆزى سۈيىئىستېمال قىلىدىغان «ئاقىۋەتنى ياخشىلاش مەجلىسى» چاقىرىپ، شۇ مەجلىستە بىر ساختا خەلق كېڭىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئادەملەر بېيجىڭدا «چەت ئەللەردە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەنلەردىن خەلق كېڭىشىگە قاتناشقۇچى يولداشلار جەمئىيىتى» تەشكىل

قىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «مەركىزىي باغچە»دە مەجلىس ئېچىپ، «ئاقىۋەتنى ياخشىلاش مەجلىسى»گە تەكلىپ قويۇپ، تېخى چاقىرىلمىغان خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئۆزلىرىگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەكلىپتە، «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ زور ۋەزىپىسى: جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئاساسىي قانۇنىنى بەلگىلەش؛ چەت ئەللەردە ئوقۇغانلار بولسا پەۋقۇلئاددە زىيالىيلار سىنىپى؛ سۆزنى چالغىتىشنىڭ هاجىتى يوق، ئۇلارمۇ شۇ قۇرۇلتايغا قاتناشسا پايدىسى ناهايىتى كۆپ بولىدۇ» دەپ يازغان. ئاپتور تەنقىدلىگەن «پەۋقۇلئاددە زىيالىيلار سىنىپى» ئەنە شۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان.

(289) 1915 ـ يىلى يۈەن شىكەي خاندانلىق تۈزۈمىنى تىكلەشكە ئۇرۇنغاندا، ئۇنىڭ مەسلىهەتچىسى — ئامېرىكا ئىشپىيونى گۇدنو 8 ـ ئايلاردا «ئاسىيا» گېزىتىدە «دېموكراتىيە جۇڭگوغا مۇۋاپىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا» دېگەن بىر ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس «پەۋقۇلئاددە دۆلەت ئەهۋالى» بار؛ دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس، خاندانلىق هاكىمىيەتنى تىكلەش كېرەك، دېگەن. بۇنداق «پەۋقۇلئاددە دۆلەت ئەهۋالى» دېگەن سەپسەتە بارلىق دېموكراتىك ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بارلىق ئىسلاهاتقا توسقۇنلۇق قىلىشنىڭ ۋە ئىلغار تەلىمات ـ ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ باهانىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

(290) ئەڭ يۇقىرى پەللە — ئەڭ يۇقىرى هۆكۈمدارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بەزى شەرمەندە «ئالىم»لار ئەنە شۇنداق ئاتاش يولى بىلەن شىمالىي مىلىتارىستلارغا خۇشامەت قىلاتتى.

(291) بۇ رىۋايەتنى «خۇەينەنزى» دېگەن كىتابنىڭ «مەزكۇر كىتابنىڭ تەلىمى» دېگەن بابىدىن كۆرۈڭ: «بۇرۇنقىدا ساڭ جيې دېگەن ئادەم ئىملا كەشىپ قىلسا، كۈندۈزى يامغۇر قۇيۇلۇپتۇ، كېچىسى جىن ـ ئالۋاستىلار يىغا ـ زار قىپتۇ.»

(292) نېكولاي Ⅱ (1868—1918) — چاررۇسىيىدىكى رومانوف پادىشاهلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەڭ ئاخىرقى پادىشاه. ئۇ 1917 ـ يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدا ئاغدۇرۇلغان، 1918 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۆلۈمگە مەهكۇم بولغان.

(293) «شىڭتيەن» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مالائىكىلەرنىڭ نامى. «شىڭتيەن پادىشاه بىلەن مالائىكىلىك تالىشىپ قاپتۇ، شۇڭا پادىشاه ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ‹چاڭياڭ› دېگەن تاغقا دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمچىكىنى كۆز قىلىپ، كىندىكىنى ئېغىز قىلىپ، قالقان ۋە پالتا كۆتۈرۈپ دوق قىپتۇ.»

(294) تاۋ چيەن (372—427) — ئەسلىي ئىسىم ـ فامىلىسى تاۋ





يۈەنمىن، مەملىكىتىمىزدە جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشهۇر شائىر.

(295) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ ۋە 22 ـ كۈنى «دەشت ـ باياۋان»نىڭ 2 ـ ۋە 5 ـ سانىغا پارچىلاپ بېسىلغان.

(296) يۈەن شىكەي (1859—1916) — خېنەن شياڭچېڭلىق، شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ باشلىقى، ئۆز ۋاقتىدا جاهانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى ۋە ئىنقىلابقا رەهبەرلىك قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە بىلەن چىقىشۋالغانلىقى ئۈچۈن، 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن دۆلەت هاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، 1912 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭخۇا مىنگوغا ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭ بولغان، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆزىنى رەسمىي زۇڭتۇڭلۇققا سايلاتتۇرغان، ئۇنىڭدىن قانائەتلەنمەي، 1916 ـ يىل 1 ـ ئايدا پادىشاهلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشاه دەپ ئېلان قىلغان. سەي سۇڭپۇ قاتارلىق كىشىلەر يۈننەندە پادىشاهلىق تۈزۈمگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، بۇ قوزغىلاڭغا باشقا ئۆلكىلەرمۇ ئاۋاز قوشقان، شۇنىڭ بىلەن يۈەن شىكەي 1916 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نائىلاج پادىشاهلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆلگەن.

(297) سەي سۇڭپۇ (1882—1916) — خۇنەن شوياڭلىق، شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا يۈننەننىڭ باش ۋالىيسى ئىدى، يۈەن شىكەي 1913 ـ يىلى ئۇنى بېيجىڭغا يۆتكەپ كېلىپ نازارەت ئاستىغا ئالغان. ئۇ 1915 ـ يىلى بېيجىڭدىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىپ، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا يۈننەنگە قايتىپ بېرىپ، قوشۇن تەشكىللەپ يۈەن شىكەيگە قارشى قوزغالغان.

(298) دوسان «موڭغۇل تارىخى»دا يېزىلىشىچە، ئوكتايخان: «چىڭگىز خاندىن بۇيرۇق: مۇسۇلماندىن بىرنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە 40 بەلىش ئالتۇن جەرىمانە قويۇلىدۇ، خەنزۇدىن بىرنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ تۆلەيدىغىنى بىر ئېشەك بىلەن باراۋەر بولىدۇ» دېگەن. (فېڭ چىڭجۈنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە قارىغاندا) شۇ چاغلاردا خەنزۇلارنىڭ ئورنى قۇل بىلەن باراۋەر ئىكەن.

(299) «تارىخىي يىلنامە» — مەنچىڭ دەۋرىدە يېزىلغان جۇڭگو يىلنامىسى.

(300) يات مىللەت ۋە 16 دۆلەت — مىلادىيە 304 ـ يىلدىن 439 ـ يىلغىچە ئېلىمىزدىكى هۇن، جيې، شيەنبى، دى، چياڭ قاتارلىق بەش ئاز سانلىق مىللەت شىمالىي تەرەپتە دۆلەت قۇرغان؛ بۇلار خەنزۇلار قۇرغان دۆلەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 16 دۆلەت بولغان.

(301) بەش سۇلالە — مىلادىيە 907 ـ يىلدىن تارتىپ 960 ـ يىلغىچە بولغان لياڭ، تاڭ، جىن، خەن، جۇ قاتارلىق بەش سۇلالە.

(302) خېجيەن يۇيۇ (1885—1973) — ياپونىيە ئەنزارچىسى. لۇشۈن ئۇنىڭ «ئىدىيە، تاغ - سۇ ۋە ئادەم»، «بېيجىڭنىڭ جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلغان.

(303) سۇن مياۋ — ئۆز ۋاقتىدا سەندۇڭدىكى بودۇگە دېگەن يەرنى بېسىۋالغان باسمىچىلار باشلىقى ئىدى. ئۇ 1923 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تيەنجىن - فۇكۇ تۆمۈريولىنىڭ لىنچېڭ ۋوگزالىدا پويىزنى بۇلاپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچىلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېلىپ قاچقان، بۇ ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا ھەممە ياققا پۇر كەتكەنىدى.

(304) 1925 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ھازىرقى زامان ئەنزارى»غا بېسىلغان «سىچۇەنلىك ئادەمدىن خەت» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە، ئۆز ۋاقتىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان سىچۇەن ئەمگەكچىلىرىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭغا: «ئوغۇل بالىنىڭ باھاسى — بىر جىڭى سەككىز تىيىن بولدى، قىز بالىنى شۇ باھادىمۇ سېتىش تەس» دەپ يېزىلغان.

(305) رۇسسىل (1872—1970 ,B. A. W. Russll) — ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ. ئۇ 1920 - يىلى جۇڭگوغا لېكسىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ۋە ھەرقايسى جايلاردا ساياھەتتە بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو مەسىلىسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، بىز بىرنەچچە كىشى رىكشىغا چۈشۈپ تاغدىن ھالقىماقچى بولدۇق، يول تولىمۇ ئېگىز - پەس ئىدى، رىكشىچى ناھايىتى جاپا تارتاتتى؛ تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندا 10 مىنۇت توختاپ، رىكشىچىلارنى دەم ئېلىۋېلىڭلار، دېدۇق. ئۇلار دەرھال قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ، تاماكا خالتىلىرىنى چىقىرىپ خۇددى ھېچقانداق غېمى يوق ئادەملەردەك كۈلكە - پاراڭ قىلىشتى.»

(306) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «دەشت - باياۋان» ژۇرنىلىنىڭ 9 - سانىغا بېسىلغان.

(307) G. Byron بايرون. مۇشۇ كىتابتىكى «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(308) بايروننىڭ رەسىمى — ئەنگلىيە رەسسامى پىللىپس (T. Phillips) ئىشلىگەن بايرون رەسىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رەسىم 1924 - يىل 4 - ئايدا «ھېكايىلەر ژۇرنىلى»نىڭ 15 - جىلد 4 - سانىدا «بايرون ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس سان»غا بېسىلغان.

(309) «ھېكايىلەر ژۇرنىلى» — 1910 - يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، 1921 - يىلى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئەدەبىيات تەشكىلاتى بولغان ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىغا





ئايلانغان، 1932 - يىلى نەشردىن توختىغان.

(310) «يېڭى رىم رىۋايەتلىرى» — لياڭ چىچاۋ ئۆزى يازغان «ئىتالىيىدە دۆلەت قۇرغۇچى ئۈچ مەشھۇر ئەربابنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يازغان دراما. ئۇنىڭدا بايرون شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلمىگەن. لياڭ چىچاۋ ئۆزىنىڭ «يېڭى جۇڭگونىڭ كەلگۈسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى بابىدا بايروننىڭ «دون كىخوت» ناملىق داستانىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىكى بىر ئابزاسنى نەزمە شەكلىدە تونۇشتۇرغان.

(311) سۇ مەنشۇ (1884—1918) — گۇاڭدۇڭلۇق جۇڭشەنلىك ئەدىب، 20 يېشىدا خۇيجۇدىكى مەلۇم بۇتخانىدا راھىب بولغان. ئۇ بايروننىڭ بەش پارچە شېئىرىنى قەدىمىي شېئىر ئۇسلۇبىدا تەرجىمە قىلغان. سۇ مەنشۇنىڭ «سازچىغا سالام» دېگەن شېئىرى ئەڭ بۇرۇن 1910 - يىلى نەشر قىلىنغان «جەنۇب تەھرىراتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 - توپلىمىغا بېسىلغان، ئۇنىڭدىكى پىكىر ۋە ئۇسلۇب ئۆزى تەرجىمە قىلغان بايرون شېئىرلىرىدىن غەيرىيرەك ئىدى.

(312) Adam Mickiewicz ئادام مىسكىۋىچ، Petofi Sandor پېتوفى، بۇلار توغرىسىدا مۇشۇ كىتابتىكى «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىزاھلىرىغا قارالسۇن.

(313) رىزال J. Rizal (1861—1896) — فىلىپپىن يازغۇچىسى، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى. 1892 - يىلى «فىلىپپىن بىرلەشمىسى»نى قۇرغان، شۇ يىلى قولغا ئېلىنغان؛ 1896 - يىلى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، «بىزگە چېقىلما»، «ئىسيانچىلار» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. «ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىشىم» دېگەن شېئىرىنى لياڭ چىچاۋ «قەبرىدىن سادا» دېگەن تېما بىلەن تەرجىمە قىلغان.

(314) خۇپتمان Hauptmann (1862—1946) — نېمىس دراماتورگى، «توقۇمىچى»، «قوڭغۇراق» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يازغان. سۇدېرمان Sudermann (1857—1928)، نېمىس يازغۇچىسى، «يۇرتۇم» دراممىسى، «غەمكىن خانىم» رومانى قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يازغان. Ibsen — ئىبسىن، مۇشۇ كىتابتىكى «مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(315) «ياڭجۇدىكى 10 كۈن» — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جياڭدۇلۇق ۋاڭ شيۇچۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا 1645 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈنجى 2 - يىلى) مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ياڭجۇغا باستۇرۇپ كىرگەندە، خەنزۇ خەلقىنى قىرغىن قىلغان ئەمەلىي ئەھۋال خاتىرىلەنگەن.

(316) «جىيادىڭ يىلىدىكى قىرغىنچىلىق» — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جىياڭدۇلۇق جو زىسۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا 1645 - يىلى مەنچىڭ ئەسكەرلىرى جىيادىڭغا باستۇرۇپ كىرگەندە خەنزۇ خەلقىنى ئۈچ قېتىم قىرغىن قىلغان ئەمەلىي ئەھۋال خاتىرىلەنگەن.

(317) «جۇ شۇنشۇي ئەسەرلىرى» — جۇ جىيۇ يازغان. جۇ جىيۇ (1600—1682) — لەقىمى شۇنشۇي، جېجياڭ يۈياۋلىق، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن مۇتەپەككۇر. مىڭ سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن، جۇشەن تېغىدا مەنچىڭغا قارشى تۇرۇپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆلگەن.

(318) «جاڭ ساڭشۇي ئەسەرلىرى» — جاڭ خۇاڭيەن يازغان. جاڭ خۇاڭيەن (1620—1664) — لەقىمى ساڭشۇي، جېجياڭ يىنشەن ناھىيىسىدىن، جەنۇبىي مىڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە قارشى پىدائىيلىرىنىڭ داھىيسى، ئەدىب.

(319) «خۇاڭ شىياۋياڭنىڭ تىرىلىشى» — مەنچىڭغا قارشى ئىنقىلابنى تەرغىب قىلىپ يېزىلغان دراما. خۇاڭ شىياۋياڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۆتكەن گۇاڭدۇڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولۇپ، 1450 - يىلى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭتەي 1 - يىلى) ئۇرۇش ئۈستىدە ئوقيا تېگىپ قۇربان بولغان. درامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئادەمزاتنىڭ بوۋىسى خۇاڭ شىياۋياڭنى تىرىلدۇرۇپ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، جۇڭگونى «باي، قۇدرەتلىك دۆلەتلەر» قاتارىغا قوشۇشقا ئاتلاندۇرغان.

(320) زو رۇڭ (1885—1905) — سىچۈەن باشيەن ناھىيىسىدىن، مەنچىڭنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئىنقىلابچى؛ ياپونىيىدە ئوقۇغان، مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان، 1903 - يىل 7 - ئايدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شاڭخەيدىكى ئەنگلىيە كونسېسسىيە دائىرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قولغا ئالغان، ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بەرگەن، 1905 - يىل 4 - ئايدا تۈرمىدە ئۆلگەن. «ئىنقىلاب قوشۇنى» — زو رۇڭنىڭ مەنچىڭغا قارشى ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلىپ يازغان مەشھۇر ئەسىرى. كىتابتا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى پاش قىلىنغان، «ئەركىن، مۇستەقىل»، «جۇڭخۇا رېسپۇبلىكىسى» قۇرۇش غايىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇلار ناھايىتى زور ئىنقىلابىي تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىغان.

(321) جۇ - جاۋ جۇمھۇرىيىتى — تارىخلاردا خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي جۇ دەۋرىدە، پادىشاھ لى ۋاڭ زالىملىق قىلغانلىقتىن، خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 37 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇن 841 - يىلى) قېچىپ





كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن «جاۋ ھەزرەت بىلەن جۇ ھەزرەت بىرلىكتە ھاكىمىيەتنى باشقۇرغان، بۇنى جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتىغان».

(322) خۇاڭ شىڭ (1874—1916) — خۇنەن چاڭشالىق، يېقىنقى زامان دېموكراتىك ئىنقىلابچىسى، ئىلگىرى جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى تەشكىللىگەن، 1905 - يىلى سۇن جۇڭشەن تەشكىللىگەن ئىتتىپاققا قاتناشقان ھەم ئىتتىپاقنىڭ ياردەمچى رەئىسى بولغان، شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ باش قوماندانى بولغان، 1912 - يىلى نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان، يۈەن شىكەي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن ياپونىيىگە چىقىپ كەتكەن، 1916 - يىلى شاڭخەيدە ۋاپات بولغان.

(323) فاڭ شىياۋرۇ (1357—1402) — جېجياڭ نىڭخەيلىك، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيدى شاھ يىللىرى ئوردا تەربىيىچىسى بولغان، جيەنۋېننىڭ 4 - يىلى (1402) خۇيدى شاھنىڭ تاغىسى يەنۋاڭ ئەسكەر تارتىپ نەنجىڭغا بېسىپ كىرىپ ئۆزىنى پادىشاھ (يۇڭلو خان) دەپ جاكارلىغان ۋە فاڭ شىياۋرۇغا تەختتە ئولتۇرۇش جاكارنامىسىنى يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇغان، فاڭ شىياۋرۇ بۇنى قەتئىي رەت قىلغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەن ھەمدە 10 جەددى - جەمەتىدىن 870 نەچچە ئادەم قىرىپ تاشلانغان. قانلىق تاش — رىۋايەت قىلىنىشىچە، فاڭ شىياۋرۇنىڭ تىلىنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ تارتىپ، چىشىنى چاققاندا چاچراپ چىققان قان بىلەن بويالغان تاش ئىكەن.

(324) تۇغلۇقلار — مەنچىڭ دەۋرىدە سەككىز بايراققا ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ نامى. سەككىز بايراق مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش ۋە نوپۇس تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىدى؛ كېيىنكى مەزگىلدە مانجۇلار ئادەتتە تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان.

(325) «گۇناھى ئېغىر» — سۇڭ دەۋرىدىن باشلاپ بەزى كىشىلەر ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن يازغان تەزىيەنامىلىرىدە «پېقىر ۋاپاسىز، گۇناھى ئېغىر پەرزەنتلىرى… بېشىمغا مىڭ بالا كەلسە ئۆزۈمنىڭ شورى» دېگەندەك قېلىپلاشقان سۆزلەرنى يازاتتى.

(326) «ئۇدۇمنى ساقلىغۇچىلار» — مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاقسۆڭەك لياڭ بى، يۇ لياڭ قاتارلىقلار مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1911 - يىلى قۇرۇپ چىققان ئەكسىيەتچى تەشكىلات. بۇ كىشىلەر 1912 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنىنى ساقلاپ قېلىش جەمئىيىتى» نامى بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، فۇيىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە قارشى تۇرغان. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار تيەنجىن، دالىيەن قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ

يۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تىرىلىش ھەرىكەتلى-
رى بىلەن شۇغۇللانغان؛ 1914 - يىل 5 - ئايدا سارقىندى چاللاردىن لاۋ
نەيشۈەن، ليۇ تىڭچىن، سۇن يۈرېن قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ
پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان؛ 1917 - يىل 7 - ئايدا يەنە جاڭ
شۈن، كاڭ يۈۋېي قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تىرىلىش ھەرىكەتلىرى-
نى ئېلىپ بارغان، ئاخىر پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان.

(327) جەنۇب بىلەن شىمال ئۇتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت — 1913 - يىلى
(مىنگونىڭ 2 - يىلى) 7 - ئايدا يۈەن شىكەي بىلەن جەنۇبتىكى گومىنداڭ
ئوتتۇرىسىدا يۈەن شىكەيگە قارشى پارتلىغان ئۇرۇش، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى
يۈەن شىكەي سۇيىقەستلىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان،
ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ ۋاقىتتىكى سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى جەنۇبنى بازا
قىلغان گومىنداڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئۇرۇش پارتلاش-
تىن بۇرۇن، يۈەن شىكەي ئادەم ئەۋەتىپ گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى-
دىن بولغان سۇن جياۋرېننى شاڭخەيدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن ھەمدە جاھان-
گىرلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇرۇشقا پائال ھازىرلىق كۆرگەن؛ گومىن-
داڭ تەرەپ ئەسلىدە يۈەن شىكەي بىلەن مۇرەسسەلىشىش پوزىتسىيىسىدە
ئىدى. سۇن جياۋرېن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سۇن جۇڭشەن
ياپونىيىدىن شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ، يۈەن شىكەيگە قارشى ھەربىي ھەرى-
كەت قوزغىغان؛ ئۇرۇش 7 - ئايدا باشلىنىپ 8 - ئايدا يۈەن شىكەينىڭ
مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن بىر مەز-
گىلگىچە جەنۇب بىلەن شىمال قارىمۇقارشى ۋەزىيەتتە تۇرغان.

(328) ئۆلكە چېگرالىرىنى چىڭىتىش — يۈەن شىكەي مەغلۇپ بولغان-
دىن كېيىن، دۆەن چىرۇي دۆلەت زۇڭلىسى بولغان مەزگىلدە، شىمالىي
سىستېمىدىكى قوراللىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن، شۈي شۇ-
جېڭنى ھەرقايسى ئۆلكە ۋە رايونلارنىڭ ۋەكىللىرىنى شۈيجۇغا يىغىپ مەج-
لىس ئېچىشقا بۇيرۇغانىدى، ئۇ 1916 - يىلى ئاتالمىش «ئۆلكە رايونلارنىڭ
بىرلەشمىسى»نى قۇرغان. بۇ شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ ئاتالمىش ئۆلكە
بىرلەشمىسىنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ فېئودال بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت-
لىرىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەنۇبتىكى
ئۆلكىلەردە بىرلەشكەن «دۆلەتنى قوغدىغۇچى ھەربىي ھۆكۈمەت» قۇرۇلغان،
شۇنىڭدىن باشلاپ بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قەدەر
جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئۆلكىلەرنى بېسىپ ياتقان مىلىتارىستلار ھەمىشە بىر-
لەشمە نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۆلكىنى بىرلىك قىلغان فېئودال
بۆلگۈنچىلىكنى يولغا قويغان، پايدا - زىيان توقۇنۇشى يۈز بەرگەندە بولسا،
يەنە ئۆزئارا ئۇرۇشقان.





(329) بۇ يەردە شۇ دەۋردىكى شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
پروفېسسورى ۋۇمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاپتور «ئالا كۆڭۈل، شاڭخەي ئەدەبى-
يات - سەنئىتىگە بىر نەزەر»دە: «ئۇ ۋاقىتتا ۋۇمى ئەپەندى ماقالە ئېلان
قىلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ نېمىشقا ساپلا پەسكەشلەر جەمئىيىتىنى تەسۋىر-
لەشكە خۇشتارلىقىنى چۈشەنمەيۋاتىمەن دېگەن» دەپ يازغان.

(330) «دۆمەي خەۋەرلىرى» — ياپونىيە گېزىتى، 1874 -
يىل 11 - ئايدا توكيودا نەشر قىلىنغان، 1924 - يىلى ئىسلاھ قىلىنغان-
دىن كېيىن مەملىكەت خاراكتېرلىك گېزىتكە ئايلانغان، بۇ گېزىت دائىم
ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ئوبزورلارنى بېسىپ تۇراتتى.

(331) جياڭ كوخۇەن (1887—1975) — ياپونىيە يازغۇچىسى.
«يانار تاغ ئاستىدا»، «بىر ئايالنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى» قاتارلىق ئەسەر-
لەرنى يازغان. ئۇ ئېروشىنكو ھەققىدە يازغان «ۋاسلى ئېروشىنكو جانابلىرى-
نى ئەسلەيمەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە ئېروشىنكونىڭ ياپونىيىدە ئۇچرى-
غان زىيانكەشلىكلىرى بايان قىلىنغان. لۇشۇن تەرجىمە قىلغان بۇ ماقالە
1923 يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «سەھەر» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سانىغا
بېسىلغان.

(332) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى
«تىل رىشتىسى»نىڭ 37 - سانىغا بېسىلغان.

(333) شىيىڭ ئەپەندى دېگەندەك «مەلۇم يۇرتلۇق» — 1925 - يىلى
بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇدىر ياڭ يىڭيۈگە
قارشى چىققاندا، لۇشۇن قاتارلىق يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچى 5 - ئاينىڭ
27 - كۈنى «بېيجىڭ» گېزىتىدە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى
قوللىغانىدى. چېڭ شىيىڭ «ھازىرقى زامان ئوبزورى» ژۇرنىلىنىڭ 1 -
جىلد 25 - سانىدا (1925 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) ئېلان قىلغان
«قۇرۇق گەپ» دېگەن ماقالىسىدە لۇشۇن قاتارلىق كىشىلەرگە ھۇجۇم قى-
لىپ: «بىز بۇرۇن قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدە بولۇۋاتقان غۇلغۇلىلاردا بېي-
جىڭ مائارىپ ساھەسى بويىچە ئەڭ زور تەسىر كۈچىگە ئىگە مەلۇم يۇرتلۇق
كىشىنىڭ ئاستىرتىن قۇترىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق، شۇنداقتىمۇ
ئىشىنىشكە پېتىنالماي كەلگەندۇق... ئەمما مۇشۇ خىتابنامە چىققاندىن كې-
يىن، ئۇسەك سۆزلەر تېخىمۇ تارقىلىپ يامىنىغا چىقماي قالمايدۇ» دېگەن.
مەلۇم يۇرت دېگىنى، لۇشۇننىڭ يۇرتى جېجياڭ ئۆلكىسىنى كۆرسىتىدۇ.
چېڭ شىيىڭ (1896—1970) — چېڭ يۈەن، ھازىرقى زامان ئوبزورى
تەرەپدارلىرىنىڭ مۇھىم ئەزاسى.

(334) Hamsun گامسۇن (1859—1952) — نورۋېگىيە يازغۇچى-
سى، ئۇنىڭ «ئاچارچىلىق» رومانى 1890 - يىلى ئېلان قىلىنغان.

(335) Artzybashev ئارىسسىباشېپ، مۇشۇ كىتابتىكى «نورا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(336) توبباقلار — قەدىمكى سيانپى قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى، مىلادىيە 386 ـ يىلى توبباق ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان، كېيىن بارغانسېرى كۈچىيىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىنى ئىشغال قىلغان. مىلادىيە 398 ـ يىلى دۇپىڭ (ھازىرقى داتۇڭ) شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، خانىدانلىق نامىنى شىمالىي ۋېي دەپ ئاتىغان.

(337) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 38 ـ سانىغا بېسىلغان.

(338) شۈي شېڭ — «ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شۈي بىڭشيۇنىڭ تەخەللۇسى. «ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش» ئۆز ۋاقتىدا ئىلغار خاھىشقا ئىگە سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ژۇرنال ئىدى. 1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بېيجىڭدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان، كېيىنكى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 53 ـ سان چىقىش بىلەن نەشردىن توختىتىلغان.

(339) بۇ نەقىل «مېڭزى» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان.

(340) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن يازغۇچىلار — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۆلىما ـ نازىنىنلار (تالىپ يىگىت ۋە تالىپ قىزلار) ھەققىدە رومان يازغان يازغۇچىلار: «پىڭشەن تېغىدىكى لىڭ بىلەن يەن» رومانىنى يازغان دىئەنسەنرېن، «خاۋچيۇ قىسسىسى»نى يازغان مىڭجياۋجۇڭرېن قاتارلىقلار.

(341) گېككىل — بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز ئۇنىڭ «كائىناتنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «بىزنىڭ تۆرەلمە تارىخىمىز» دېگەن تۆتىنچى بابىدىن ئېلىنغان.

(342) گۇەن يۇ (160—219) — لەقىمى يۇنچاڭ، خېنەن جىشەن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىڭيى) لىق، ئۈچ دۆلەت دەۋرىدە شۇ دۆلەتنىڭ لەشكەر بېشى بولغان، ليۇ بېي غەربىي شۇ دۆلىتىنى تىنچىققاندا، ئۇ جىنجۇ بىلەن شياڭياڭنى بېسىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان، جيەنئەن 24 ـ يىلى جىنجۇدا سۈن چۇەن قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە» دېگەن روماندا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئەۋلىيا بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. يۆ فېي (1103—1142) — لەقىمى پىڭجۈي، شياڭجۇ چاڭيىن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭياڭ ناھىيىسى) لىق، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى، جىن پادىشاھلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن، شاۋ-





شىن 12 ـ يىلى تەسلىمچى جاۋ گو (سۇن گاۋزۇڭ) ۋە خائىن چىن خۇي تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. «يۆ فېي ھەققىدە ھېكايىلەر» دېگەن روماندا، يۆ فېي بولسا ئەنقار قۇشنىڭ ئادەمگە ئايلانغان شەكلى، چىن خۇي بولسا قارا ئەجدىھانىڭ ئادەمگە ئايلانغان شەكلى؛ چىن خۇينىڭ يۆ فېينى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشى ئەسلىدىكى ئەنقا قۇشنىڭ قارا ئەجدىھانى چوقۇم زەخىملەندۈرگەن كونا ئاداۋىتىدىن كېلىپ چىققان، دەپ يېزىلغان.

(343) شاڭخەي ۋە خەنكۇ شېھىتلىرىنىڭ ماتەم مۇراسىمى — 1925 ـ يىلى شاڭخەي «30 ـ ماي» قانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خەنكۇ ئاممىسىنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى جاھانگىرلىككە قارشى كۆرىشىمۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن خۇبېي لەشكەر بېشى شياۋ ياۋنەننىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭدا ھەر ساھەدىن بولۇپ 100 مىڭدىن ئوشۇق كىشى نامايىش ئۆتكۈزگەن ھەمدە تيەنئەنمېندە شاڭخەي ۋە خەنكۇ شېھىتلىرىگە ماتەم مۇراسىمى ئاچقان. بەزىلەر يىغىن مەيدانىغا ئىككى جاڭ تۆت چى ئېگىزلىكتە ياغاچ مۇردا ئورنىتىپ، ئۈچ جاڭ ئالتە چى ئۇزۇنلۇقتا ماتەم لەۋھەسى ئاسقان. ئۇنىڭغا: «كۈڭزى ئېيتقاندەك رەھىمدىللىك يولىدا قۇربان بولغان، مېڭزى ئېيتقاندەك ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بولغان»، «ئەدەپتىن ئېيتقاندا ۋەتەن يولىدا ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن، ھەققانىيەت ئۈچۈن شېھىت بولغان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. سەھنىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا تارتىلغان ئاق لاتىغا: «جاھانشۇمۇل ھەققانىيەت» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

(344) بۇ ماقالە تۇنجى قېتىم 1925 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ 52 ـ سانىغا بېسىلغان.

(345) «10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمى» — 1911 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سۈن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابچىلار ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى (يەنى شىنخەي ئىنقىلابى) نى قوزغاپ، كېيىنكى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان، ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى يىغىنىدا 10 ـ ئۆكتەبىر كۈنى دۆلەت بايرىمى كۈنى قىلىپ ماقۇللانغان، ئادەتتە «10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(346) «تىل رىشتىسى» — ھەپتىلىك ئەدەبىي ژۇرنال. دەسلەپ سۈن فۇيۈەن قاتارلىقلارنىڭ تەھرىرلىكىدە 1924 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان، 1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە 5 ـ جىلد 52 ـ سانى چىقىش بىلەن نەشردىن توختىتىلغان. لۇشۇن ئاساسلىق ماقالە يازغۇچىلاردىن ۋە قوللىغۇچىلاردىن بىرى ئىدى ھەمدە ژۇرنال شاڭخەيدە نەشر قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە مۇھەررىرمۇ بولغانىدى. بۇ ھەقتە «ئۈچ بىكار. مەن ۋە تىل رىشتىسى»نىڭ باش ـ ئاخىرىغا قارالسۇن.

(347) جاڭ شىجاۋ (1881—1973) — لەقىمى شىڭيەن، تەخەللۇسى گۇتۇڭ، خۇنەن ئۆلكىسى چاڭشا شەھىرىدىن. شىنخەي ئىنقىلابىدىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان، 1914 ـ يىلى 5 ـ ئايدا توكيودا «جيايىڭ» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان (ئىككى يىلدىن كېيىن نەشردىن توختىغان). «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، كونىلىقنى تىرىلدۇرگۈچىلەردىن ئىدى، 1924 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە شىمالىي مىلىتارىست دۇەن چىرۇي سىياسىي گۇرۇھىغا قاتناشقان ھەمدە ھۆكۈمران دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە ۋە مائارىپ ۋازىرى بولغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەشلىرىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «جيايىڭ» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، كۆڭزىغا چوقۇنۇش، كىتاب ـ نامىلەرنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغان، ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە ئۆزگىرىش ياساپ، ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىش تەرىپىگە ئۆتكەن. ئۇ « فرۇدنىڭ تەرجىمىھالى» «مەنتۇۋى ئانالىز ئىلمى» نى تەرجىمە قىلغان.

(348) بۇ ئىبارە ئەسلىدە «بارغانسېرى بەتتەرلىشىپ كەتكەن» دېگەن سۆز بولۇپ، باشقىلار خاتا ھالدا «بارغانسېرى پېتىرلىشىپ كەتكەن» دەپ يازسا، جاڭ شىجاۋمۇ شۇنداق خاتا يازغان. ئاپتور بۇ يەردە شۇ خاتالىققا تەنە قىلغان.

(349) «ئەينەك» گېزىتى — شۇ دەۋرلەردە شاڭخەيدە چىقىدىغان، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بىلەن تولغان كىچىك گېزىت ئىدى، ئەسلىدە «شېنجۇ گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە سەھىپىسى بولۇپ، 1919 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ مۇستەقىل چىققان.

«قوڭغا ئاپتاپ چۈشتى» سەرلەۋھىلىك نەزمە — جاڭ دەنشىن يازغان تېتىقسىز ماقالە، ئۇ 1917 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شېنجۇ گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە ساندا ئېلان قىلىنغان.

(350) «ئاق سويمىلار» — بۇ جاڭ شىجاۋنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتىشتە ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن سۆزى.

(351) gentleman ئىنگلىزچە تۆرە دېگەن سۆز.

(352) قارا ساغرا — چۇنچيۇ دەۋرىدە ئۆتكەن جىن چېڭ ھەزرىتىنىڭ ئىسمى. رىۋايەتلەردە شەن شياڭ ھەزرىتىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن: «مەن چېڭ ھەزرەتلىرىنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئانىسى چۈشىدە خىزىرنى كۆرۈپتۇمىش، خىزىر بالىنىڭ ساغرىسىغا قارا سۈركەپ قويۇپتۇمىش ۋە بۇ بالا كەلگۈسىدە ئەلنى سورايدۇ، دەپتۇمىش، شۇڭا بالىغا 〈قارا ساغرا〉 دەپ ئات قويۇلۇپتۇ.»





(353) «نورمال سەۋىيە» — بۇ سۆز بۇ يەردە «يارىماس» دېگەن سۆز بولۇپ، تەنە ئورنىدا قوللىنىلغان.

(354) «ئادەم يارىتىلىشىدىن ياخشى قىلىپ يارىتىلمىش»، «ئاسمانۇ زېمىن تۇتەكتۇر» دېگەن ئىبارىلەر بۇرۇنقى زاماندا ئىپتىدائىي مەكتەپلەردە يېزىق مەشىقى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تاپشۇرۇقلار.

(355) تۈركىيە ئىنقىلابى — 1919 ـ يىلى مۇستاپا كامال رەھبەرلىكىدە جاھانگىرلىككە، فېئودال خانىدانلىق تۈزۈمىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب. كۆپ يىللىق مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرى ئارقىسىدا، 1923 ـ يىل 10 ـ ئايدا تۈركىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن دىن، نىكاھ تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەت ئۈستىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغان، ئاياللارنىڭ چۈمپەللىرىنى ئېلىپ تاشلىشى — ئۆرپ ـ ئادەت ئىسلاھاتىنىڭ بىر تۈرى ئىدى.

(356) «ئاغرىماي ئىڭىشىش» — ئەينى زاماندا كونىلىقنى تىرىلدۈرگۈچى جاڭ شىجاۋ قاتارلىقلار ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا ھەمىشە «ئاغرىماي ئىڭىشىيدىغان» لار دەپ ھۆكۈم قىلىشقان.

(357) «كاللامنى كىممۇ كېسەر» — تارىخلاردا خاتىرىلىنىشىچە، پادىشاھ سۈي ياڭدى ھۆكۈمرانلىق ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندە، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، خانىشتىن: ئىسىت بوينۇم، كاللامنى كىممۇ كېسەر؟» دەپ سورىغان. «يوتامنىڭ گۆشى يەنە تولۇپ قاپتۇ» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ليۇ بېي جىنجۇ ۋالىيسىنىڭ ئالدىغا خىزمەتكە بارغىنىدا ئۇزۇنغىچە ئات مىنمەي، ئۆز ماھارىتىنى ئىشلىتەلمەي قالغانلىقىدىن ئېچىنىپ: «يوتامنىڭ گۆشى يەنە تولۇپ قاپتۇ» دەپ كۆزىگە ياش ئالغان.

(358) M ئەپەندى — ماۋ باڭۋېينى دېمەكچى. ئۇ گۈيجۇ زۇيىنلىق، ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان، توكيودىكى ئالىي دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن، 1920 ـ يىلى بېيجىڭ قىزلار ئالىي دارىلمۇئەللىمىنىگە مۇدىر بولغان.

(359) چاپقاقلىق قىلماق — باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق دېگەن سۆز.

(360) 1925 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (ماقالىدە 27 ـ كۈنى دەپ خاتا قىلىنغان) دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى 1922 ـ يىل 2 ـ ئايدىكى ۋاشىنگتون يىغىنى قارار قىلغان توققۇز دۆلەت تاموژنا بېجى كېلىشىمى بويىچە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق 12 دۆلەتنى بېيجىڭغا ئاتالمىش «تاموژنا بېجى پەۋقۇلئاددە يىغىنى» ئېچىشقا تەكلىپ قىلىپ، تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئاساسىدا، جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن يېڭى تاموژنا بېجى كېلىشىمىنى تۈزۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ ئەھۋال ئەينى زاماندىكى پۈتۈن مەملە-

كەت خەلقىنىڭ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى، شۇڭا يىغىن ئېچىلغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە، بېيجىڭدىكى مەكتەپلەردىن ۋە ھەرقايسى تەشكىلاتلاردىن 100 مىڭدىن ئوشۇق كىشى تيەنئەنمېنگە يىغىلىپ، تاموژنا بېجى يىغىنىغا قارشى تۇرۇش، تاموژنا ئىگىدلىك ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش يۈزىسىدىن ئاممىۋى يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزگەن. نامايىشچىلار قوشۇنى ئەمدىلا شىنخۇامېنغا بېرىشىغا نۇرغۇن ساقچىلار توسۇۋېلىپ ئۇرۇش نەتىجىسىدە 10 نەچچە كىشى يارىدار بولغان، بىرنەچچە كىشى قولغا ئېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن قانلىق ۋەقە پەيدا قىلغان.

(361) بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان گېزىتلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلاتتى.

(362) L مەكتەپ — بېجى «تاڭ سەھەر» ناملىق ئوتتۇرا مەكتەپ، لۇشۈن 1925 - يىلى مۇشۇ مەكتەپتە بىر مەۋسۇم دەرس ئۆتكەن.

(363) پېڭچى — يەنى خۇاڭ پېڭجى، سىچۇەن رېنشۇلۇق، شۇ ۋاقىتلاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، «دەشت» ژۇرنىلىنىڭ ماقالە يازغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى.

(364) بۇ سۆزنى «خۇدا ئۇرۇپتۇ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىشمۇ مۇمكىن.

(365) «ئوقۇغۇچىلار ئىستىلىنى رەتكە سېلىش» — 1925 - يىلى «30 - ماي» ۋەقەسىدىن كېيىن، بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن دەرس تاشلاپ، شاڭخەي ئىشچىلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىگە مەدەت بەرگەنىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، مائارىپ ۋازىرى جاڭ شىجاۋ «ئوقۇغۇچىلار ئىستىلىنى رەتكە سېلىش» پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا قاراردىن ئۆتكۈزگەن، دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى بۇنى ئېلان قىلىشنى بۇيرۇق قىلغان.

(366) خۇ شى (1891—1962) — لەقىمى شىزى، ئەنخۇي جىشىدىلىق، شۇ ۋاقىتلاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدى. «30 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئىنقىلاب دولقۇنىدا، خۇ شى ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەتكە جېنىنىڭ بارىچە بوھتان چاپلىغان. زىيالىيلارنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسىدىن چىقماي ئولتۇرۇشلىرىنى تەشۋىق قىلغان. مەسىلەن، «ھازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ 2 - جىلد 39 - سانى (1925 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) دا ئېلان قىلغان «ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە ئوقۇش ھەۋىسى» دېگەن ماقالىسىدە نېمىس ئالىمى توتېنىڭ ناپولېئون ئەسكەرلىرى بېرلىننى قورشىۋالغاندىمۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ جۇڭگو مەدەنىي يادنامىلىرىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى، ۋىگتىنىڭ بېرلىن قولدىن كەتكەندىن





كېيىنمۇ ئىلمىي مۇھاكىمە دوكلاتىنى داۋاملىق سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنى بۇرمىلاپ مىسال قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىن چەتلىنىشكە دەۋەت قىلغان.

(367) جياڭ شاۋيۈەن — ئەنخۇي جىڭدېلىق، شۇ ۋاقىتلاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى بولغان. ئۇ «ھازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ 2 - جىلد 30 - سانىدا (1925 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) ئېلان قىلغان «سېرىق ئىت ۋە ياش ئاپتورلار» دېگەن ماقالىسىدە ياش ئاپتورلارنىڭ پىشمىغان ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشى «بويىدىن چۈشۈپ كەتكەن» گە ئوخشاش ئىش دەپ قارىغان ھەمدە: «مېنىڭ تەشەببۇسۇم — ھەرقانداق نەرسىنى ئىنچىكىلەپ باش قاتۇرۇپ تەكرار تۈزىتىشلەردىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئېلان قىلىشقا زادى بولمايدۇ» دېگەن.

(368) ئىبسېن براندىسقا يازغان خېتىدە: «بەزى چاغلاردا، جاھان گويا دېڭىزدا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، مۇنداق چاغدا، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك ، دەپ ئويلايمەن» دېگەن. خۇ شى «ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە ئوقۇش ھەۋىسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇشنى «ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش» دەپ ئاتىغان.

(369) yes ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، شۇنداق، ھەق - راست دېگەن مەنىدە.

(370) «داۋالاشنىڭ يېڭى رىسالىسى» — جەمئىي سەككىز توم؛ چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن باۋ شياڭئاۋ تۈزگەن، ئۆتمۈشتە ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئاممىباب تېببىي كىتابلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

(371) Victor Hogo گىئوگو (1802 — 1885) — فرانسىيە يازغۇچىسى. Les Miseraples — «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانى گىئوگونىڭ نامايەندە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

(372) يۈەن شىكەي 1914 - يىل 4 - ئايدا پۈتۈن مەملىكەتتە كۇڭزىغا چوقۇنۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن، «ئەۋلىياغا تائەت - ئىبادەت قىلىش نىزامى» نى ئېلان قىلغان. 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ھەرقايسى ۋازىرلارنى ۋە بىر تۈركۈم مۇلكىي - ھەربىي ئەمەلدارلارنى باشلاپ، كونا پاسوندىكى بەيئەت كىيىملىرىنى كىيىپ، كۇڭزى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، كۇڭزىغا سەجدە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

(373) ئاپتور 1912 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ مائارىپ ۋازارىتىدە ياردەمچى مۇشاۋىر بولغان، 1925 - يىلى بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇدىر ياڭ يىڭيۈنى قوغلاش ھەرىكىتىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، مائارىپ ۋازىرى جاڭ شىجاۋ قانۇنسىز ھالدا خىزمىتىدىن قالدۇر-

غان. ئاپتور بېيجىڭ قانۇن مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. شۇ ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنى «چاغلىق مەنسەپ»تىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدىماي جاڭ شىجاۋ بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ، كۆزى كىچىك، «ئىلىم ئىگىسىگە خاس پوزىتسىيىسى يوق، ۋەھاكازا» دېيىشكەن.

(374) «يوپۇق» — قەدىمكى زاماندا نەزىر - چىراغ قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان، يىپەكتىن توقۇلغان رەخت بولۇپ، تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈلەتتى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا قەغەزنى ئىشلىتىدىغان بولغان. «جام» — قەدىمكى زاماندىكى شاراب قاچىسى، نەزىر - چىراغ قىلغاندا هاراق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

(375) ئەسلىي مىنگونىڭ 12 - يىلى باهاردا بولغان ئىش. «لۇشۈن كۈندىلىك خاتىرىلەر»دە: 1923 - يىلى: «3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، هاۋا ئوچۇق، يەكشەنبە. تاڭ سەھەر مۇلازىملىق ئىشى بىلەن كۇڭزى ئىبادەتخانىسىغا بارغانىدىم، قايتىشىمدا يولدا رىكشا ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئىككى چىشىم چۈشۈپ كەتتى» دەپ يېزىلغان.

(376) كۇڭئېر ئەپەندى — يەنى كۇڭزى.

(377) جاڭ شىجاۋنىڭ بۇ سۆزى «جيايىن» ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 1 - سانى (1925 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) دىكى خەۋەر سەھىپىسىدە ۋۇ جىڭخېڭنىڭ خېتىگە يازغان قوشۇمچە سۆزىدىن ئېلىنغان.

(378) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926 - يىل 1 - ئايدا شاڭخەيدە چىقىدىغان «يېڭى ئاياللار» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان.

(379) «قەلئەنى مۇستەھكەملەش، تالا - تۈزنى يىغىشتۇرۇش» دېگەن سۆز ئەسلىي «ئۈچ دۆلەت قىسسىسى»دىن ئېلىنغان.

(380) بۇ سۆزلەر ئەسلىي كۇڭزىنىڭ سۆزى.

(381) قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى خەۋەر «بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ 1925 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مائارىپ ۋازارىتىنىڭ تۈنۈگۈن پايتەخت مائارىپ ئىدارىسىگە چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدا: جايلارنىڭ مەلۇم قىلىشىغا قارىغاندا، جېڭياڭمېن سىرتىدىكى «مۇئەتتەر بۇيۇملار زاۋۇتى كوچىسى»نىڭ جەنۇبىدىكى ئىستىراھەت باغچىسى ۋە شەھەر ئىچى دۇڭئەن شىچاڭدىكى مەركىزىي جامائەت باغچىسى، بېيخەي جامائەت باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئەخلاقسىزلىق ۋەقەلىرى نەچچە قېتىم يۈز بەرگەن. ھەرقايسى قىزلار مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى شۇ يەرلەرگە بېرىپ سەيلە - تاماشا قىلىشتىن چەكلەش لازىم. بۇ بۇيرۇقنى مەزكۇر ئىدارە ھەر دەرىجىلىك قىزلار مەكتەپلىرىگە ئۇقتۇرۇپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا سەيلە - تاماشا قىلىپ بېرىشنى چەكلىسۇن ھەمدە مەكتەپلەر





قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بۇيرۇققا ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرسۇن.

(382) «ئېسىل نەرسەڭنى ئوبدان يىغىشتۇرۇپ ساقلىمىغىنىڭ ئوغرىنى چىللىغىنىڭ؛ ھەددىدىن زىيادە ياسانغانلىقىڭ زىناخورنى چىللىغىنىڭ» دېگەن سۆز ئەسلىي «جۇ پالنامىسى»دىن ئېلىنغان. مەنىسى مۇنداق: پۇل - مېلىڭغا پۇختا بولمىساڭ، ئوغرىلارنىڭ كۆزىگە يېقىن بولىسەن، ھەددىدىن ئارتۇق ياسىنىپ كەتسەڭ، كىشىلەرنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قوزغايسەن.

(383) خۇ ۋېيبا (1487—1540) — ئىسمى تاۋ، گۇاڭدۇڭ نەنخەيلىك، مىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن تەرىقەتچى. ئۇنىڭ «ئائىلە نەسىھەتلىرى» دېگەن ئەسىرىدە «ئەر - ئاياللار ماڭىدىغان يوللارنى كۆرسىتىش خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈش» دېگەن مەزمۇن بار. خەرىتىدە ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆيدىكى كىرىش - چىقىشتا ماڭىدىغان يوللىرىنى قىزىل ھەم قارا رەڭدە بوياپ ئايرىپ كۆرسەتكەن.

(384) بۇ يەردە جاڭ شىجاۋ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «كىچىكىمدە كەپسىز ئاتالغان، چوڭ بولۇپ ئىسمىنى بىلگەندە ئەركىنلىك تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن» دېگەن گەپ ئۇنىڭ «بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنى تاقىۋېتىش توغرىسىدا دوكلات»ىدا بايان قىلىنغان.

(385) ۋېي جۇڭشيەن (1568—1627) — خېيجيەن (بۈگۈنكى خېبېي) سۇنىڭلىق. مىڭ سۇلالىسى تيەنچى يىللىرىدا بەكمۇ ھەددىدىن ئاشقان ھەرەمئاغىسى ئىدى. ئۇ دۇڭگۇاڭ ناملىق ئىشپىيونلار ئىدارىسىدىن پايدىلىنىپ، تۈز كۆڭۈل، ۋىجدانلىق كىشىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرگەنىدى. شۇ زاماندا ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان نومۇسسىزلار ئۇنىڭغا ھەدەپ خۇشامەت قىلىپ ئۆز ئەپت - بەشىرىسىنى خەلقئالەمگە يايغانىدى. «مىڭ تارىخى. ۋېي جۇڭشيەن تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، «بىر توپ سولتەكلەر خۇشامەتچىلىككە بېرىلدى»، «ئۆزلىرىنى جۇڭشيەن قۇچىقىغا ئېتىپ ئوغلان بولدى»، «لو ۋەنلىڭ دېگەن تالىپ جۇڭشيەننى كۇڭزى بىلەن قاتار قويۇش تەكلىپىنى بەردى».

(386) كونا زاماندا قاراقچىلار كىشىلەرنى بۇلاپ كېتىپ، بۇلانغۇچىنىڭ ئائىلە تەۋەسىنى بەلگىلىك قەرەلدە پۇل تاپشۇرۇپ ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇرلايتتى.

(387) «ئۆي كىشىسىنىڭ ئاۋازى بوسۇغىدىن چىقماسلىق» دېگەن سۆزلەر «ئەدەپنامە»دىن ئېلىنغان. «ئەر بىلەن ئايال قولىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ كەتمەسلىكى» دېگەن سۆزلەر «مېڭزى»دىن ئېلىنغان.

(388) لى زىچېڭ (1606—1645) — شەنشى مىجىلىق، مىڭ سۇلا-

لىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى. ئۇ 1629 - يىلى (مىڭ سۇلالىسى چۇڭجېن 2 - يىلى) قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، كېيىن باھادىر شاھ دەپ ئاتالغان. ئۇ «يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش، باج ئالماسلىق» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان، قوشۇنلىرىنىڭ ئىنتىزامى چىڭ بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 1694 - يىل (مىڭ سۇلالىسى چۇڭجېن 17 - يىلى) 2 - ئايدا شىئەندە داشۇن پادىشاھلىقىنى قۇرغان، شۇ يىلى 4 - ئايدا بېيجىڭغا باستۇرۇپ كىرگەن، كېيىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەر بېشى ۋۇ سەنگۇي چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كىرىپ، لى زىچېڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ھەم بېيجىڭدىن چېكىندۈرگەن، 1645 - يىلى 4 - ئايدا خۇبېينىڭ تۇڭشەن ناھىيىسىنىڭ جوگۇڭشەن دېگەن يېرىدە پومېشچىكلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(389) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «بېيجىڭ گېزىتى» نىڭ قوشۇمچىسى «ئاياللار ژۇرنىلى» نىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان ئالاھىدە سانىغا بېسىلغان.

(390) فەن يۈەنلىيەن (1874—1934) — لەقىمى جىڭشېڭ، خۇنەن شياڭيىنلىق؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ياپونىيىدە قانۇن، مائارىپ كەسىپلىرى بويىچە تېز پۈتتۈرۈش مەكتىپى ئاچقان، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋازىرى، مائارىپ ۋازىرى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1925 - يىل ئەتىيازدا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادى يېتىشسىزلىكى تۈپەيلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەندە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى مۇدىرنى ئورنىدا قالدۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغىغان. ئاپتورنىڭ بۇيەردە ئېيتقان «نۇرغۇن ياشلار ئاپىرىن ئوقۇماقتا» دېگىنى ئېھتىمال مۇشۇ ئىشنى كۆرسەتسە كېرەك.

(391) مىلىتارىزم — ئۇ، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى سىرتقا كېڭەيدىغان ھەربىي مەقسەتكە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ياپونىيە بۇرژۇئازىيىسى ۋە فېئودال كۈچلىرى «مېڭجى يىللىرىدىكى ئىسلاھات» تىن تارتىپ مىلىتارىزم تەربىيىسىنى يۈرگۈزگەن. «پادىشاھنى قەدىرلەش، ياتلارغا قارشى تۇرۇش تەلىماتى» — مەملىكىتىمىزنىڭ چۇنچيۇ دەۋرىدە جۇ بەگلىكىنىڭ ئوردىنى ھىمايە قىلىش، يات مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش ھەرىكىتى پادىشاھنى قەدىرلەش، ياتلارغا قارشى تۇرۇش دەپ ئاتالغان. بۇ تەلىمات ياپونىيىگە ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، فېئودال ئىسلا-





ھاتچىلىق ئىدىيە تۈسىنى ئالغان؛ پادىشاھنى قەدىرلەش دېگىنى، تيەنخۇاڭ باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، بەگلىكلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىش دېگەن مەزمۇننى ئالغان. ياتلارغا قارشى تۇرۇش دېگىنى، سىرتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دېگەن مەنىنى ئالغان. بۇ تەلىمات كېيىن ئىچكى جەھەتتە مۇستەبىتلىككە، تاشقى جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىققا ئايلىنىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. «ئاقىل ئانا بىلەن ياخشى خوتۇن تەلىماتى» — ئۆز ۋاقتىدا ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردە تارقالغان بۇرژۇئاچە ئاياللار تەربىيىسى ئىدىيىسى ئىدى.

(392) «ئانامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، بۇددا قائىدىلىرى بويىچە رەسمىيىتىنى ئادا قىلدىم» — ئاپتور بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈشتە ئۆز ۋاقتىدىكى بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلىدىغان تەرىقەتچىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

(393) «روھ - ئەرۋاھلار ۋاسىتىسى بىلەن تەلىم بېرىش» — فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئالداش ئۇسۇلى.

(394) «مەرىپەت ئىلاھىنىڭ گۇناھ ۋە ساۋابلىق مىزانى» — خۇراپىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جىن دەۋرىدە ئۆتكەن سىچۇەن زىتۇڭلۇق جاڭ يا ئۆلگەندىن كېيىن ئىلاھقا ئايلانغان ھەم پانىي ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ ساۋابلىقلىرىنى پۈتكۈچى «مەرىپەت ئىلاھى» دەپ ئاتالغان. «گۇناھ ۋە ساۋابلىق مىزانى» فېئوداللىق ئەخلاقنى تەرغىب قىلىدىغان ھەمدە قويۇق خۇراپىي تۈس ئالغان ئاتالمىش ساۋابلىققا دەۋەت قىلىدىغان كىتاب. بۇ كىتاب كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق دەپ 10 تۈرگە ئايرىپ، ھەربىر تۈرگە مۇناسىپ بىرقانچە ساۋابلىق ۋە گۇناھ مىزانلىرىنى بېكىتكەن ھەمدە كىشىلەرنى ھەر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن ساۋابلىق ۋە گۇناھلىرىنى خاتىرىلەش ئېيتىلغان. مۇشۇ يول بىلەن كىشىلەرنى ساۋابلىق تېپىپ «جەننەتكە كىرىش» كە دەۋەت قىلغان. ئۇنىڭدا: «باشقىلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئارقىسىدىن سۆزلەش 50 گۇناھ بولىدۇ» دېيىلگەن.

(395) «ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان» دېگەن سۆز «مېڭزى» دىن ئېلىنغان.

(396) «رايىشلىق پەزىلىتى» — كۇڭزىچى رايىشلارنىڭ غايىۋى ئەخلاق - پەزىلىتى. «قائىدە - يوسۇنلار مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابنىڭ «رايىشلىق پەزىلىتى» دېگەن پارىسىدە كۇڭزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدا لۇ ئەنگوڭنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

(397) بۇ يەردە گەپ ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي، قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغانلارغا قارىتىلغان.

(398) «تۇل خوتۇن» ياكى «تۇل خوتۇن چېلىش» مۇدىر ۋە تەرتىپ مۇدىرى دېگەن سۆز ئۆز ۋاقتىدىكى بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى ياڭ يىڭيۈ بىلەن تەرتىپ مۇدىرى چېن جۇيىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(399) Sopie Koealewsky سوپىيە كوۋالېۋىسكايا (1850—1891) — رۇس ماتېماتىكا ئالىمى ۋە يازغۇچىسى. دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال تەڭلىمىلىرى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۆھرەت قازانغان، 1888 - يىلى پارىژ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باۋۇردان مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە «بەخت ئۈچۈن كۈرەش» درامىسىنى، «ئېتىقىسىز ئايال» رومانىنى يېزىپ چىققان.

(400) Ellen Key ئېللىن كەي (1849—1926) — شۋېتسىيە مۇتەپەككۇرى ھەم ئاياللار ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشكەن پائالىيەتچى، «ئۇسمۇرلەر دەۋرى»، «مۇھەببەت ۋە ئەخلاق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(401) جاڭ شىجاۋنىڭ دوكلاتى — جاڭ شىجاۋنىڭ «بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنى تاقاش توغرىسىدىكى دوكلاتى»، ئاپتور نەقىل كەلتۈرگەن سۆزلەر قىز ئوقۇغۇچىلارنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەردۇر.

(402) بۇ گەپ، توي قىلىشقا ماقۇل بولماي تۇرۇپلا روھىي جەھەتتە تۇل خوتۇنغا ئوخشاپ قالغان دېگەنلىكتۇر.

(403) «ئاياللار ژۇرنىلى» — ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭدا چىقىدىغان «بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ قوشۇمچىسى بولۇپ، بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىندىكى «ئەتىرگۈل تەھرىراتى» تەھرىرلىكىدە چىققان.

(404) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1926 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېرىم ئايلىق «دەشت - باياۋان» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىغا بېسىلغان.

(405) يۇتاڭ — يەنى لىن يۇتاڭ (1895—1976) فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ لۇڭشى دېگەن يېرىدىن، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە پروفېسسورلۇق قىلغان؛ «تىل رىشتىسى» ژۇرنىلىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا لۇشۈن بىلەن باردى - كەلدى قىلغان، كېيىن مەيدانى ئوخشاشمىغاچقا، لۇشۈن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بارا - بارا چۆشكۈنلىشىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كەتمىنىنى چاپقان. ئۇ 1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «تىل رىشتىسى» دە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە: «‹فاير پلەي› روھى جۇڭگودا كەم ئۇچرايدۇ، بىزمۇ ئۇنى تىرىشىپ تەرغىب قىلىشىمىز كېرەك، جۇڭگودا ‹فاير› روھى ناھايىتى ئاز، ‹پلەي› روھى تېخىمۇ يوق... باشقىلارنى تىللىيالايدىغان ئادەمدە شۇنداق بىر شەرت بولۇشى كېرەككى، باشقىلارنى تىللايدىغان بولۇشى كېرەك، باشقىلار-





نىڭ تىللىشىنىمۇ كۆتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەغلۇپ بولغانلارغا ھۇجۇم قىلىشۋەرمەسلىك كېرەك، چۈنكى بىز ئادەمگە ئەمەس، ئىدىيىگە ھۇجۇم قىلىمىز. بۈگۈنكى كۈندە دۇەن چىرۇيى بىلەن جاڭ شىجاۋنى ئالساق، ئەمدى ئۇلارنىڭ شەخسلىكىگە ھۇجۇم قىلىشۋەرمەسلىكىمىز كېرەك» دەپ يازغان.

(406) «فاير پلەي» (Fair play) — ئىنگلىزچە سۆز. بۇ، ئەسلىدە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ۋە باشقا سىرىك مۇسابىقىلىرىدە قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، مۇسابىقىنى ناتوغرا ئۇسۇل بىلەن قىلماستىن، توغرا - ھالال قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «فاير» — قارشى تەرەپكە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشۋەرمەسلىك، كەڭرى بولۇش دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ «پلەي» — ھەرقانداق ئىشقا ھەددىدىن زىيادە ئەستايىدىل بولماي، ئويۇن قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بەزى ئىنگلىز بۇرژۇئازىلىرى مۇشۇنداق روھنى سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندى ۋە بۇنى ھەربىر بۇرژۇئا تۆرىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك «تۆرىلەرچە پەزىلەت» دەپ قاراشقاندى. ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيە كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا زۇلۇم قىلىشتا ۋە ئۇلارنى ئالداشتا ھەمىشە «ناتوغرا ئۇسۇل» قوللىنىدۇ، ھەرگىزمۇ «توغرا - ھالال»لىق قىلمايدۇ. دېمەك، بۇرژۇئا تۆرىلەر تەرىپ - تەۋسىيە ۋە تەرغىب قىلغان ئاتالمىش «فاير پلەي» روھى تامامەن ساختا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى پەردىلەش ۋە ئىنقىلابىي خەلقنى بىخۇد قىلىشتىن ئىبارەت.

(407) «ياسىما مۇڭگۇز» — چېن شىيىڭ «ھازىرقى زامان ئەنزارى» ژۇرنىلىنىڭ 1925 - يىل 12 - ئايدا چىققان سانىدىكى «قۇرۇق گەپ» دېگەن ماقالىسىدە لۇشۈنگە: «ئالۋاستىنى ھەممە ئادەم يامان كۆرىدۇ. لېكىن، ئاممىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن... بېشىغا ياسىما مۇڭگۇز تاقىۋېلىشتىن يانمايدۇ...» دەپ ھۇجۇم قىلغان. چېن شىيىڭ بۇ سۆز بىلەن: لۇشۈننىڭ ماقالىلىرى كىتابخانلارغا يېقىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، لۇشۈن كىتابخانلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزىنى جەڭچى قىلىپ كۆرسەتكەن، دېمەكچى.

(408) «خالىس يول» — كۇڭزى - مېڭزىچى موللىلار پەلسەپىسىدە تەشەببۇس قىلىنغان قانداقتۇر «يان باسماي، بىتەرەپ بولۇش» دەيدىغان فېئوداللىق جاھاندارچىلىق پوزىتسىيىسى.

(409) كاڭ يۇۋېيچى — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كاڭ يۇۋېيلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن «قانۇننى يېڭىلاش»نى تەلەپ قىلىشىغا قاتناشقان كىشىلەرنى دېمەكچى. ئىنقىلابچى — چىڭ سۇلالىسىگە قارشى سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابچىلارنى دېمەكچى.

(410) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار مەنسەپىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى تۇرلۇك خېرىت ۋە رەڭلەردە ياسالغان تاج قۇببىلىرى بىلەن پەرقلەندۈرەتتى. ئەڭ يۇقىرى جىركىلىك ئەمەلدار قىزىل مارجاندىن قۇببى قىلىۋالاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى بەگ - تۆرىلەر ھەمىشە ئىنقىلابچىلارنى چېقىش ۋە ئۇلارنى تۇتۇش - ئۆلتۈرۈشنى مەنسەپتە كۆتۈرۈلۈش ۋاستىسى قىلاتتى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا «قۇببىلىرىنى ئادەم قېنى بىلەن بوياش» دېگەن سۆز بار ئىدى.

(411) مانجۇ مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئەرلەر ئۇزۇن چاچ ئۆرۈۋالاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا، خەنزۇلارنىمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇپ ئۆرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە، ئىنقىلابچىلار ئۇچرىغانلا يەردە ئۆرۈمە چاچنى كەستى. بەزىلەر چىڭ سۇلالىسى تىرىلەرمىكىن، دەپ چاچلىرىنى كېسىشكە پېتىنالمىدى؛ بەزى قېرى ساقىندىلار چىڭ سۇلالىسىدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي، قايتا تىرىلىشىنى چۈشەكەپ، چاچلىرىنى كېسىشنى خالىماي، چوققىسىغا تۈگۈۋېلىپ، «ئىنقىلابچى» قىياپىتىگە كىرىۋالغان. بۇ يەردە ئەنە شۇ كېيىنكى بىر خىل ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(412) «ھەممىمىز يېڭىلاندۇق» — ھەممىمىز يېڭىلاش ئىشىغا قاتناشتۇق، دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە شىنخەي ئىنقىلابى چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇشى بىلەنلا، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ «ئىنقىلاب» ۋىۋىسكىسىنى قاداپ، ئىنقىلاب سېپىگە كۆز بوياپ كىرىۋالغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغان.

(413) 2 - نۆۋەتلىك ئىنقىلاب — 1913 - يىل7 - ئايدا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدە گۇاڭدۇڭ - جياڭشى - ئەنخۇيلاردا ئىنقىلابچى قوشۇننىڭ يۈەن شىكەيگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ 1911 - يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىغا نىسبەتەن «2 - نۆۋەتلىك ئىنقىلاب» دەپ ئاتالغان، يۈەن شىكەيگە قارشى ئۇرۇش قوزغىغىچە ۋە قوزغىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن شىكەي ئۆز لالمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىرمۇنچە ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

(414) چيۇ جىن (1875—1907) — تەخەللۇسى جىڭشيۇڭ، لەقىمى «جيەنخۇ كۆلىنىڭ ئايال باتۇرى»، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدىن، ياش ۋاقتىدا ياپونىيىدە ئوقۇغان، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى «قۇتۇلدۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دېگەن ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق شەخسلىرىدىن بىرى، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، 1907 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قولغا ئېلىنىپ، 15 - كۈنى شاۋشىڭ شەھىرىنىڭ شۈەنتىڭكۇ دېگەن يېرىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

(415) تۇتۇق — مىنگوننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بىر رايوننىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئەمەلدار.





(416) ۋاڭ جىنفا 1882—1915 جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شېڭشيەن ناھىيىسىدىن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە، ئىنقىلابچى قوشۇنلارنى شاۋشىڭغا باشلاپ بېرىپ ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، شاۋشىڭغا تۇتۇق بولغان، 1912 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلىپ، 1915 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يۈەن شىكەينىڭ غالچىسى، جېجياڭ تۇتۇقى جۇ رۈي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(417) باش سۇيىقەستچى — باش بولۇپ پىلان كۆرسەتكەن ئادەم. بۇ يەردە چيۇ جىننى ئۆلتۈرگەن سۇيىقەستچى جاڭ جيېمبېي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ، ئۆز ۋاقتىدا شاۋشىڭدا چوڭ بىر پومېشچىك ئىدى، 1907 - يىلى چيۇ جىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، جېجياڭ شۈنفۇسى زېڭ ياڭنىڭ قول ئاستىدىكى «مەسلىھەتچى» ئىدى، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋاڭ جىنفا ئۇنى قولغا ئالدى، لېكىن ئۇ ئاز - پاز يەر - زېمىننى ئىئانە قىلىش يولى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي قاماقتىن قۇتۇلۇۋالدى ۋە بېيجىڭغا بېرىپ يۈەن شىكەينىڭ قولتۇقىغا كىرىپ، زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلدى. 2 - قېتىملىق ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئىئانە قىلغان يەر - زېمىننى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ جېجياڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئارقىلىق چۈشۈرگەن بۇيرۇقى بىلەن تامامەن قايتۇرۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن ۋاڭ جىنفا ئۆلتۈرۈلدى. جاڭ جيېمبېيمۇ بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقان.

(418) مەشھۇر شەھەر— بۇ يەردە ۋۇشى شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چېن شيىڭ ئۆزىنىڭ 1925 - يىل 8 - ئايدا «ھازىرقى زامان ئەنزارى» دە ئېلان قىلغان «قۇرۇق گەپ» دېگەن ماقالىسىدە: «ۋۇشى — جۇڭگو بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە» دەپ يازغانىدى. لۇشۈننىڭ «ئۈلگە بولالايدىغان مەشھۇر شەھەر» دېگىنى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان.

(419) ياڭ يىڭيۇ — ئايال، ئامېرىكىدا ئوقۇغان، مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىگە مۇدىر قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ قۇللۇق تەربىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىنقىلابقا قارشى تۇرغان، ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇم سالغان. ئۇ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى ناھىيىسىدىن.

(420) باشقىلار ساڭا چېقىلسىمۇ، سەن ئۇنى تەگەپ كەتمىسەڭ — بۇ كەڭ قورساقلىق بولىدۇ، دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز «لۇنيۇ» («مۇھاكىمە ۋە بايان») دېگەن كىتابنىڭ «تەيبۇ» دېگەن بابىدىن ئېلىنغان.

(421) «كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى چاققاننىڭ چىشىنى چاق، قولغا قول، پۇتقا پۇت ياندۇر». بۇ سۆز «تەۋرات» نىڭ «مۇناجات بابى» دىن ئېلىنغان، باشقىلار ماڭا نېمە بىلەن تەڭ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇنىڭ بىلەن تاقابىل تۇرىمەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ بۇنىڭدا

قارشى چىقىش، ئىنتىقام ئېلىش، دۈشمەنگە دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇش، ئۇدۇل كەلگەنگە ئۇدۇل تۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، شۇڭا بۇ يوللۇق دەپ ئېيتىلىدۇ.

(422) «كۆپكە ئىلتىپات قىلىسىلا» — «ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابتىكى ھېكايە. تاڭ خاندانى ۋۇ زېتيەن دەۋرىدە، بىركىم زالىم سوراقچى جۇ شىڭنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى پاش قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ۋۇ زېتيەن يېقىن ئادىمى لەي جۇنچېنغا بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. لەي جۇنچېن جۇ شىڭنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، زىياپەت ئۈستىدە ئۇنىڭغا: «گۇناھكارلار ئۆز گۇناھىغا ئىقرار كەلمىسە، قانداق قىلىش كېرەك؟» دېسە، جۇ شىڭ: «بۇ ناھايىتى ئاسان گەپ، يوغان كۆپتىن بىرنى تېپىپ، چوغنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قىزىتىپ گۇناھكارنى شۇنىڭغا سولىسىڭىز، ئىقرار قىلمايدىغان نېمىسى بار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن لەي جۇنچېن يوغان كۆپنى كەلتۈرۈپ، جۇ شىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك قىزىتتۇرىدۇ ۋە جۇ شىڭغا سىزنى سوراققا تارتىش توغرىسىدا پادىشاھدىن بۇيرۇق بار، قېنى، «كۆپكە ئىلتىپات قىلىسىلا» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇ شىڭ قورقۇپ، دەرھال باش ئېگىپ گۇناھىغا ئىقرار بولىدۇ.

(423) «ياتلارنى يەكلەش» — پىكىردە، مەيداندا ئوخشاش بولغان ئادەملەر بىرلىشىپ باشقا پىكىر ۋە مەيداندىكى ئادەملەرگە زەربە بېرىش دېگەن سۆز. لۇشۈن «ھازىرقى زامان ئەنزار» چىلىرىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغاندىن كېيىن، چېن شىيىڭ «ھازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ 1925 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىققان 3 ـ جىلد 53 ـ سانىدىكى «قۇرۇق گەپ» تە: «جۇڭگولۇقلار ئىچىدە ھەق ـ ناھەق دېگەن گەپ يوقىلىپ كەتتى… بىر نىيەتتىكى ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى ياخشى بولۇپ قالىدۇ؛ يات بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى يامان بولۇپ قالىدۇ» دېگەن، لۇشۈنگە «ياتلارنى يەكلەيدۇ» دەپ ھۇجۇم قىلغان. زەربە بېرىشتىكى مەقسىتى، بىر تەرەپتىن، چېن شىيىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەققانىي مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە بولۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە مۇرەسسەلەشمەسلىك لازىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

(424) «قېينانىلىق» دېگەن سۆز «ئادىللىق» قا نىسبەتەن ئېيتىلغان. چۈنكى قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى كۆتۈرۈلگەندە، چېن شىيىڭ قاتارلىق كىشىلەر «مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئادىللىقىنى ساقلاش جەمئىيىتى» نى تەشكىل قىلىپ، «ئادىللىق» دېگەن نىقابنى تارتىۋېلىپ، ئەكسىيەتچى ئايال مۇدىر ياڭ يىڭيۈنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باستۇرۇشىغا





مەدەت بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۈن ئۇلارغا ئەنە شۇنداق دەككە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە لۇشۈننىڭ بۇ يەردە «قېينانىلىق» دېگەن سۆزنى ياڭ يىڭيۈنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى «قېينانا بىلەن كېلىننىڭ جېدىلى» دەپ، ئۆزىنى فېئودال ئائىلىسىنىڭ «قېينانا» سى قىلىۋالغانلىقىغا دارىتىپ ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۈن ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى «قېينانىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(425) نازاپەتلىكلەر — فېئودالىزم دەۋرىدىكى دۆلەتمەن ـ ھوقۇقدار ئادەملەرگە قېتىلىشنى خالىمايدىغان مۆتىۋەر موللىلار. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن نازاپەتلىكلەر شەرقىي خەننىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆلىما گوتەي، جيا بياۋ ھەم ۋەزىر لى يىڭ، چېن فەن قاتارلىق كىشىلەرگە قارىتىلغان. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا بىرلىشىپ ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىپ، ھەرەمئاغىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ تاشلىغاچقا، ھەرەمئاغىلىرىنىڭ «پىرقە بولۇپ ھۆكۈمەتكە زىيانكەشلىك قىلدى» دېگەن تۆھمىتى بىلەن خاندانلىق تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغان.

مىڭ دەۋرىدە ياشىغان دۇڭلىنچىلار — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دۇڭلىن پىرقىسى. بۇ پىرقىنىڭ گۇ شيەنچېڭ، گاۋ پەنلۇڭ باشلىق ئاساسىي ئادەملىرى دۇڭلىن مەدرىسىدە دەرس ئۆتۈش باھانىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئۈستىدە گەپ ـ سۆز قىلغان، ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغان. يۇقىرى قاتلامدىكى زىيالىيلارنى ئاساس قىلغان ئىسلاھاتچى سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلار ھەرەمئاغىسى ۋېي جۇڭشيەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(426) سۇي رېنشى — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا ياغاچنى ئۈچكىلەش يولى بىلەن ئوت كەشىپ قىلىپ، كىشىلەرگە تاماقنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەتكەن ئادەم.

(427) ياۋ، شۈن — رىۋايەتلەردىكى قەدىمكى پادىشاھلار.

(428) بۇ — كۆڭزىنىڭ سۆزى. لۇشۈن بۇ سۆزنى مۇنۇ مەنىدە نەقىل قىلغان، نېمىنى خالىغان بولسا شۇنىڭغا ئېرىشكەن ئادەم يەنە نېمىدەپ زارلىنىدىكەن.

(429) ليۇ بەيجاۋ — 1925 ـ يىلى شىمالىي مىلىتارىست دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى مائارىپ ۋازارىتى مەخسۇس مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى. بۇ يەردە گەپ 1925 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ليۇ بەيجاۋنىڭ بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەر ـ ئايال لۈكچەكلەرنى ياللىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرغۇزغانلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى زورلۇق بىلەن مەكتەپتىن چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۈستىدە بارىدۇ.

(430) جەنۇبىي پۇتۇ ئىبادەتخانىسى — شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

# ياۋا گىياھ



يېنىدا. بۇ ئىبادەتخانا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (713—741) دا سېلىنغان، ئەسلىي نامى پۇجاۋ ئىبادەتخانىسى ئىدى.

(431) ليۇلىڭ — لەقىمى بولۇن، فېي بەگلىكى (بۇگۇنكى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ سۇشيەن ناھىيىسى) دىن، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق فېئودال بولۇپ، هاراقكەشلىك بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇ ھەمىشە بىر كورا هاراقنى ئېلىپ، بۇغا قېتىلغان هارۋىدا ئولتۇرىدىكەن؛ ئارقىسىدىن ماڭغان چاپارمىنىگە، قەيەردە ئۆلسەم شۇ يەرگە كۆمۈپ قوي، دەيدىكەن.

(432) بۇ يەردە شاڭخەي كەيمىڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئومۇم» ناملىق ژۇرنال كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ 1926 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى 1 ـ جىلد 3 ـ سانىدا مىڭ شى (جۇ گۇاڭچيەن) نىڭ «يامغۇرلۇق كۈندىكى مەكتۇپ» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان، ئۇنىڭدا: «ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان بىرنەچچە پارچە ئېسىل ئەدەبىياتنى ئوقۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولسا كېرەك. هازىرقى كۈندە ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بىلەن يازغۇچى ئاپتورلاردىن خۇ شىجى، ۋۇ جىخۇي، جۇ زورېن، لۇشۈن ئەپەندىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، بۇ ئەپەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بىلەن يازغان ئەسىرلىرىدە قەدىمكى تىلدىن مەدەت ئالغان يەرلىرى بار (ئۇلارنىڭ ئۆزى بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىقى مۇمكىن)» دېيىلگەن.

(433) جۇاڭ جۇ — ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىكى پەيلاسوپ ۋە نەسرىي ئەسەر يازغۇچى، كۆڭزى تەرىقىتىنىڭ ۋەكىلى. خەن فېي — ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن سىياسىيون ۋە پەيلاسوپ، قانۇنچىلارنىڭ ۋەكىلى.

(434) لۇ جى (261—303) — يەنە بىر ئىسمى شىخېڭ، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب. ساۋ مىڭدې — ساۋ ساۋ. لۇجى ساۋ مىڭدې توغرىسىدىكى تەزىيەنامىسىگە «ۋېي پادىشاھى ۋۇدىغا تەزىيە» دەپ سەرلەۋھە قويغان، بۇنى جىن سۇلالىسىنىڭ ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساۋ ساۋ يازغان «ۋەسىيەتنامە» نى كۆرگەندىن كېيىن يازغان. ساۋ ساۋ «ۋەسىيەتنامە» دە: مەن ئۆلگەندىن كېيىن قەدىمكى مۇرەككەپ قائىدە ـ يوسۇنلار بويىچە دەپنە قىلماڭلار، ماتەم مۇراسىمىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈڭلار؛ مىراس قالدۇرۇلغان سەرۇپاي ۋە ئەڭگۈشتەرلىرىمنى تەقسىم قىلماڭلار؛ نەغمىچىلەر بۇرۇنقىدەك مىس توز پەشتىقىدا قېلىۋېرىپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ماتەم مۇزىكىسى چېلىپ تۇرسۇن، دېگەن. لۇ جى بۇ تەزىيەنامىسىدە: ساۋساۋ ئۆز ۋاپاتى ئالدىدا «رەسمى ـ يوسۇن ئاددىي» بولسۇن، «ئىسقات يەڭگىل بولسۇن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ نەرسىلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، كېيىنكىلەرنىڭ لەنىتىگە قالغان دەپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز ھەسرەتلەنگەن.

# بېغىشلىما[1]

شۈك بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئىچىم تولۇپ تۇرغاندەك بولۇپ قالىمەن؛ ئاغزىمنى ئاچاي دېگىنىمدە بولسا ھېچ نەرسە يوق قۇرۇق بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قالىمەن.

ئۆتكەن ھايات ئۆلۈپ بولدى. بۇ ئۆلۈمدىن ناھايىتى خۇشال بولىمەن، چۈنكى شۇ ئۆلۈم مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر چاغلاردا ھايات ياشىغانلىقىنى بىلىۋالالايمەن. ئۆلگەن ھايات ئاللىقاچان چىرىپ بولدى، بۇ چىرىشتىن ناھايىتى خۇشالمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇرۇق - پۇچەك ئەمەسلىكىنى شۇ چىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىلىۋالالايمەن.

ھاياتنىڭ لاي توپىسىنى يەرگە تاشلىۋەتسەم، ئۇنىڭدىن دەل - دەرەخ ئۈنمەي، ياۋا گىياھ ئۈنۈپ چىقتى، بۇ مېنىڭ گۇناھىم.

ياۋا گىياھنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر بولمايدۇ، گۈل - چېچەكلىرىمۇ، يوپۇرماقلىرىمۇ گۈزەل ئەمەس؛ لېكىن ئۇ شەبنەمنى، سۇنى سۈمۈرۈپ، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ قېنى ۋە گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىپ ئۆمۈر سۈرىدۇ. ئۇلارمۇ ھايات كۆكىرىپ تۇرغان چاغلىرىدا دەپسەندە بولىدۇ، ئورۇلىدۇ ھەتتا ئۆلىدۇ، چىرىيدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ پەرۋا قىلمايمەن، ھۇزۇرلىنىمەن، قاقاقلاپ كۈلىمەن، جاراڭلىق مەدھىيە ئوقۇيمەن.

ياۋا گىياھلىرىمنى قەدىرلەيمەن، لېكىن ياۋا گىياھ بىلەن پەردازلىنىۋالغان يەر يۈزىدىن[2] بىزارمەن.

يەر ئاستىدىكى ئاتەش - ئوت كۆچۈپ يۈرمەكتە. بۇخسىرىماق-

تا؛ ئېرىپ سۈيۈلغان ئوت ئېقىنلىرى ئاخىر بىر كۈنى بۇلاقتەك كۆز يېرىپ ئېتىلىپ چىقىپ، بارلىق ياۋا گىياھلارنى ۋە دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چىرىگۈچىلىكىمۇ قالمايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ پەرۋايىم پەلەك، ھۇزۇرلىنىمەن؛ قاقاقلاپ كۈلىمەن، مەدھىيىلەيمەن، مەدھىيىلەر ياڭرىتىمەن.

يەر - جاھان مۇشۇنداق تىمتاس تۇرۇۋەرسە، قاقاقلاپ كۈلەلمەيمەن، مەدھىيىمۇ ياڭرىتالمايمەن. يەر - جاھان مۇشۇنداق تىمتاس تۇرمىغان تەقدىردىمۇ كۈلەلمەسلىكىم، مەدھىيە ياڭرىتالماسلىقىم مۇمكىن. مەن بۇ بىر دەستە ياۋا گىياھنى نۇر بىلەن زۇلمەت، ھايات بىلەن مامات، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئارىلىقىدا دوستلىرىم بىلەن رەقىبلىرىم، ئىنسان بىلەن ھايۋان، قەدىرلىگۈچى بىلەن قەدىرلىمەيدىغانلار ئالدىدا دەلىل ئۈچۈن قويدۇم.

بۇ ياۋا گىياھلارنىڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆلۈشىنى ۋە چىرىشىنى ئۆزۈم ئۈچۈن، دوستلىرىم ۋە رەقىبلىرىم ئۈچۈن، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن قەدىرگە يېتىدىغانلار ۋە قەدىرگە يەتمەيدىغانلار ئۈچۈن ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنداق بولمىسا مەن ئۆزۈم ئىلگىرى ھايات ياشىمىغان بولۇپ قالىمەن - دە، بۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈشتىنمۇ ۋە چىرىشتىنمۇ بەتتەر شۇملۇق بولۇپ قالىدۇ.

كېتىڭلار، ياۋا گىياھلىرىم، بېغىشلىمام بىلەن بىللە كېتىڭلار!

1927 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، لۇشۈن،
گۇاڭجۇدىكى «ئاق بۇلۇت راۋىقى»[3] دا يېزىلدى.





# كۈز كېچىسى[4]

ئارقا ھويلامدىن تامنىڭ سىرتىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى چىلان، يەنە بىرىمۇ چىلان.

ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى تۈن ئاسمىنى شۇنداق غەلىتە ۋە ئېگىزكى، ئۆمرۈمدە ئۇنداق غەلىتە ۋە ئېگىز ئاسماننى كۆرمىگەنىدىم. ئۇ[5] خۇددى ئىنسانىيەت ئالەمىدىن كېتىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز كۆزىڭىز يەتمەيتتى. لېكىن ھازىر ئۇ تولىمۇ كۆپكۆك تۇرماقتا، نەچچە ئون يۇلتۇز ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىنى خۇددى گۆلەيگەندەك جىمىرلىتىپ تۇرماقتا. بۇ ئاسمان گويا ئۆزىچە چوڭقۇر مەنە بار دېگەندەك قىلىپ، ئاغزىنىڭ چىۋىقىدا تەبەسسۇم قىلاتتى، شەبنەملىرىنى ھويلامدىكى ياۋا ئوت، گۈللەرگە چاچماقتا.

ئۇ ئوت - چۆپ، گۈللەرنىڭ نېمىدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، خەقنىڭ ئۇلارنى نېمىدەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر چاغلاردا ناھايىتى كىچىك، ناۋات رەڭ ئېچىلغان بىر خىل گۈل ھازىرمۇ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن. ئۇ تۈننىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا تۈگۈلۈپ چۈش كۆرمەكتە، چۈشىدە باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، كۈزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئورۇق شائىرنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بەرگىلىرىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ: كۈز كەلسىمۇ، قىش كەلسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باھار كېلىدۇ، كېپىنەكلەر ئۇچۇشىدۇ، ھەرىلەر باھار قوشاقلىرىنى ئوقۇيدۇ دەپ خەۋەر قىلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، توڭلىغانلىقتىن رەڭگى قىزىرىپ كەتكەن، يەنىلا تۇگۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، پىسىڭگىدە كۇلۇپ قويدى.

چىلان دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ بولاي دەپ قاپتۇ. ئىلگىرى بالىلارنىڭ بىر - ئىككىسى كېلىپ، باشقىلاردىن ئېشىپ قالغان چىلانلارنى قېقىپ چۈشۈرەتتى، ھازىر بىرەر دانىسىمۇ قالماپتۇ، ھەتتا يوپۇرماقلىرىمۇ تۆكۈلۈپ بوپتۇ. ئۇ ناۋات رەڭ گۈللەرنىڭ كۆرگەن چۈشىنى، كۈزدىن كېيىن باھار يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى؛ غازاڭلارنىڭ كۆرگەن چۈشىنى، باھاردىن كېيىن يەنە كۈز كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى تامامەن دېگۈدەك تۆكۈلۈپ، پەقەت غوللىرىلا قالغان، لېكىن ھەممە شاخلىرى مېۋە ۋە يوپۇرماق بىلەن تولغان چاغدىكىدەك كامانغا ئوخشاش پۈكۈلۈپ تۇرۇش ھالەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، خېلىلا راھەتلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىرنەچچە تال شېخى چىلان قاقىقان خادا پەيدا قىلغان جاراھەتنى قوغداپ ئېگىلىپ تۇرۇپتۇ. ناھايىتى تۈز ۋە ناھايىتى ئۇزۇن شاخلىرى بولسا، ئۈن - تىن چىقارماستىن غەلىتە ۋە ئېگىز ئاسمانغا خۇددى تۆمۈر مىختەك قادىلىپ، ئاسماننىڭ مەلئۇن كۆزلىرىنى جىمىرلىتىۋېتىپتۇ؛ ئاسماندىكى تولۇن ئايغا قادىلىپ، ئاينى ئەيمەندۇرۇپ چىرايىنى تاتارتىۋېتىپتۇ.

مەلئۇن كۆزلىرىنى جىمىرلىتىپ تۇرغان ئاسمان گويا ئىنسانىيەت ئالىمىدىن نېرى كېتىپ، چىلان دەرىخىنى تاشلاپ قويۇپ ئاينىلا قالدۇرىدىغاندەك، تېخىمۇ كۆكىرىپ، خاتىرجەمسىزلىنىپ[6] تۇرماقتا. ئايمۇ چاندۇرماستىن ئۆزىنى شەرق تەرەپكە دالدىغا ئالدى. چىلاننىڭ ھېچ نەرسىسى قالمىغان قۇرۇق غوللىرى غەلىتە ۋە ئېگىز ئاسماننىڭ جىمىرلاپ تۇرغان ھەر خىل ئېزىتقۇ كۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش نىيىتى بىلەن، ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز ھالدا تۆمۈر مىختەك قادىلىپ تۇرماقتا.





تۈندە سەيلە قىلىدىغان ھۇۋقۇش غۇي قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

يېرىم كېچە، ئۇشتۇمتۇتلا بىر كۈلكە ئاۋازى، گويا ئۇخلاپ ياتقان ئادەملەرنى ئويغىتىۋەتكۈسى كەلمىگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ كۈلكە ئاۋازى ئەتراپتىكى ھاۋانىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى. تۈن كېچە، باشقا ئادەم يوق ئىدى، بۇ ئاۋازنىڭ ئۆز ئاغزىمدىن چىققانلىقىنى دەرھال ئاڭقىرىۋالدىم، شۇ كۈلكە ئاۋازى ئۆزۈمنىمۇ دەرھال ئۆز ھۇجرامغا قوغلاپ كىرگۈزۈۋەتتى، پەنەرنىڭ پىلىكىنى دەرھال يۇقىرى چىقىرىپ قويدۇم.

ئارقا تامنىڭ دېرىزە ئەينىكى تىرىق - تىرىق قىلىپ قالدى، قارىسام، يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق ئۇچار جانىۋار ھەريان ئۇسۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى ئۆيگە كىرىپ كەلدى، دېرىزە قەغىزىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن كىرگەن بولسا كېرەك. ئۇلارمۇ ئۆيگە كىرىش بىلەنلا پەنەرنىڭ شېشىسىگە تىرىق - تىرىق قىلىپ ئۇسكىلى تۇردى. بىرى شېشىنىڭ ئۇستىدىن كىرىپ كېتىپ ئوتقا يولۇقتى، مېنىڭچە، بۇ راست ئوت ئىدى. ئىككى ئۇچى پەنەرنىڭ قەغەز لەمپىسىدە ھاسىراپ دېمىنى ئالماقتا. بۇ لەمپىنى تۈنۈگۈن ئاخشام يېڭىدىن يەڭگۈشلەپ قويغانىدىم؛ سۈتتەك ئاق قەغەزدىن قاتلاق - پۇرمە ئىز چىقىرىلغان بۇ لەمپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر تال چوغدەك قىپقىزىل توشقانقۇلاقمۇ[7] سىزىقلىق ئىدى.

قىزىل توشقانقۇلاق چېچەكلىگەندە، چىلان دەرىخىمۇ كىچىك ناۋات رەڭ گۈل كۆرگەن چۈشىنى كۆرىمەن دەپ، خۇددى سۆڭپىيازنىڭ كۆكىگە ئوخشاش كاماندەك ئېگىلىدۇ، ••• يەنە تۈن كېچىدە كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدىم؛ خىيال رىشتىلىرىمنى دەرھال كېسىپ تاشلاپ، ھېلىقى ئاق قەغەزدىن ياسالغان لەمپىدە تۇرۇپ قالغان كىچىككىنە كۆك ھاشارەتلارغا قارىدىم، ئۇلار بېشى يوغان، قۇيرۇ-

قى كىچىك، بەئەينى ئاپتاپپەرەسنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىكەن، چوڭلۇقى بىر دانە بۇغدايىنىڭ يېرىمىچىلىكلا كېلىدۇ، پۈتۈن ئەزايىنىڭ رەڭگى ئېچىڭىزنى كۆيدۈرگۈدەك، ئېچىڭىزنى ئاغرىتقۇدەك زۇمرەتنىڭ ئۆزى.

مېنى ئەسنەك تۇتتى، بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، تۇتۇننى چىراغقا پۈرقىرىتىپ، ھېلىقى زۇمرەتتەك ناتىۋان قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈردۈم.

1924 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى





# قار[8]

ئىسسىق ئىقلىمنىڭ[9] يامغۇرى ھېچقاچان سوغۇق، قاتتىق، پارقىراق قار ئۇچقۇنلىرىغا ئايلانمايدۇ. كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرگە ئۇ زېرىكەرلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇمۇ ئۆزىنى بەختسىز، دەپ ھېسابلامدىكىن؟ ئەمما جياڭنەندە قار يېقىملىق، گۈزەل بولىدۇ. ئۇ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان باھارنىڭ خەۋەرچىسى، شۇنداقلا ئۇ قەددى - قامىتى تولغان رەسىدە قىزنىڭ جامالى. چايگۈلىنىڭ قىزىل ياقۇتتەك غۇنچىلىرى، ئاق كۆكۈچ كەلگەن يالغۇز بەرگلىك ھەپىرەڭگۈل، بالىمانىڭ ئاغزىغا ئوخشاش ئېچىلىدىغان توق سېرىق ھەپىرەڭگۈلى بولىدۇ. قارنىڭ ئاستىدا مۇزلىغان يېشىل گىياھلارمۇ بولىدۇ. ئۇ يەرلەردە كېپىنەكلەر بولمايدۇ. چايگۈلى بىلەن ھەپىرەڭگۈلنىڭ شەربەتلىرىنى ئالىدىغان ھەسەل ھەرىلىرى بولامدۇ، يوقمۇ، بۇنى ئېنىق بىلمەيمەن. لېكىن، قارلىق دالىدا ئېچىلىپ تۇرغان قىش گۈللىرى ئارىسىدا بىرمۇنچە ھەسەل ھەرىلىرى ئالدىراپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەندەك، ئۇلارنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

باللار سوغۇقتىن قىزىرىپ ئېگىردەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى ھورداپ، يەتتە - سەككىزى بىر بولۇپ قار بوۋاي ياسايتتى. ئۇلار قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقتىن قايسىنىڭدۇر دادىسى ياردەملىشەتتى. قار بوۋا يۇقىرى تەرىپى ساپاقتەك، تۆۋەن تەرىپى قاپاقتەك بولۇپ، ئۇنىڭ قاپاق ئىكەنلىكىنى ياكى بوۋا ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا باللاردىن ئېگىز قىلىپ ياسىلاتتى. شۇنداقلا ناھايىتى ئاق، ناھايىتى سۈزۈك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆز-

لەشكەنلىكى بىلەن بىر - بىرىگە يېپىشىپ، قوياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى. بالىلار ياڭاقتا ئۇنىڭغا كۆز ياسىشاتتى. كىمدۇر بىرى ئانىسىنىڭ ئەڭلىك قۇتىسىدىن ئەڭلىك ئوغرىلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كالپۇكىغا سۇرتۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ بۇرھان (قار بوۋا) بولۇپ قالاتتى - دە، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان، كالپۇكلىرى قىپقىزىل ھالدا قاردا ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئەتىسى يەنە بىرنەچچە بالىلار ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ چاۋاك چېلىشاتتى، باش لىڭشىتىشاتتى، كۇلۇشەتتى. ئەمما، ئاخىر يەنە قار بوۋىنىڭ ئۆزى يالغۇز قالاتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى تېشى ئېرىپ كېتەتتى. سوغۇق كېچىلىرى بولسا ئۇنى يەنە بىر قات مۇز پەردىسى قاپلاپ خىرە - رەڭسىز كرىستال تۇسكە كىرگۈزەتتى. ھاۋا ئۇدا ئوچۇق بولغاندا، لەۋلىرىدىكى ئەڭلىك غايىب بولۇپ، ئۆزى ئېرىپ شەكلىنى يوقىتاتتى.

لېكىن، شىمالدا قار يېغىپ بولغاندىن كېيىن، ھەمىشە كېپەككە، قۇمغا ئوخشاش بولۇپ ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە يېپىشمايدۇ؛ ئۆگزىدىمۇ، يەردىمۇ قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەردىمۇ شۇنداق ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۆيدە يېقىلغان ئوچاقلارنىڭ ئىسسىقى بىلەن ئۆگزىلەردىكى قار بالدۇر ئېرىيدۇ. باشقا يەردىكىلىرى بولسا، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى شۇۋۇرغاننىڭ سوقۇشى بىلەن بىردىن قويۇن شامال كۆتۈرۈلۈپ، قار پۇرقىراپ ئۇچۇپ، كۆزنى چاقنىتىپ نۇرلىنىدۇ. خۇددى يالقۇننى ئورىۋالغان قويۇق تۇمانغا ئوخشاش پىرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ ئاسماننى قاپلايدۇ. ئاسماندا پىرقىرىغان ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھالدا يېلىنجايدۇ.

سوغۇق ساما گۈمبىزى ئاستىدا چەكسىز دالىلاردا يېلىنجاپ ۋە پىرقىراپ ئۆرلەۋاتقىنى يامغۇرنىڭ ئەرۋاھى…

شۇنداق، ئۇ يەككە - يېگانە بولۇپ قالغان قار، قېتىپ قالغان يامغۇر، يامغۇرنىڭ ئەرۋاھى.

1925 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى





# سايىنىڭ ۋىداسى

ئادەم ئۇخلاپ، ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ھالغا يەتكەندە، ئۇنىڭ سايىسى ۋىدالاشقىلى كېلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

خۇشۇم كەلمەيدىغانلار جەننەتتە بولسا، مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايمەن؛ خۇشۇم كەلمەيدىغانلار دوزاختا بولسا، مەن بۇ يەرگە بېرىشنى خالىمايمەن، خۇشۇم كەلمەيدىغانلار ئەگەر سىلەرنىڭ كەلگۈسى ئالتۇن دەۋرىڭلاردا بولسا، ئۇ يەرگە بېرىشنىمۇ خالىمايمەن.

لېكىن، خۇشۇم كەلمەيدىغىنى سەن.

بۇرادەر، ئەمدى ساڭا ئەگەشمەيمەن، ساڭا ئۇلپەت بولمايمەن.

ساڭا خۇشۇم يوق!

داد - پەرياد! ساڭا خۇشۇم يوق. ساڭا ئەگىشىپ يۈرگىنىمدىن كۆرە ماكانسىز يۈرگىنىم ياخشى.

مەن بىر سايە، بىر كۆلەڭگە، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقىتىش ئۈچۈن سەندىن جۇدالىق تىلەيمەن. لېكىن، قاراڭغۇ زۇلمەت مېنى يۇتۇپ كېتىدۇ، يورۇقلۇقمۇ مېنى يوقىتىدۇ.

قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ يۈرگـ-

نىدىن كۆرە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغىنىم ياخشى.

نېمە ئۈچۈندۇر، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئىچىدىلا تېڭىرقاپ يۈرۈۋاتىمەن. زاۋال ۋاقتىمۇ ياكى تاڭمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. قاراڭغۇلۇقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان قولۇم بىلەن خۇددى بىر پىيالە مەينى ئىچىۋەتكەندەك قىلىپ، ۋاقتىنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى بىلمىگەن هالدا بېشىم قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ تۇراي.

خەير؛ زاۋال ۋاقتى بولغان بولسا قاراڭغۇلۇق مېنى يۇتۇپ كېتىشى تەبىئىي ياكى هازىر تاڭ ۋاقتى بولغان بولسا يورۇقلۇقنىڭ مېنى يۇتۇۋېتىشى چوقۇم.

بۇرادەر، ۋاقىت يېقىنلاشتى.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماكانسىز تېڭىرقاپ يۈرەي.

مېنىڭدىن هەدىيە ئۈمىد قىلىۋاتىسەن. هەدىيە قىلغۇدەك نېمەم بار؟ يوق. بار ـ يوقى قاراڭغۇلۇق ۋە ناشۇدلۇق (قۇرۇقلۇق، پۇچەكلىك)، خالاس.

لېكىن، قاراڭغۇلۇقنىلا تىلەيمەن، قاراڭغۇلۇق ئېھتىمال سېنىڭ يورۇقلۇقۇڭدا يوقىلىشى مۇمكىن؛ ناشۇدلۇقنىلا ئارزۇ قىلىمەن، سېنىڭ يۈرىكىڭدە ئورۇن تۇتۇپ تۇرۇشنى هەرگىز خالىمايمەن.

بۇرادەر، شۇنى خالايمەن.

يەككە ـ يېگانە بولۇپ يىراق يەرلەرگە كەتسەم؛ قاراڭغۇلۇقتا سەنمۇ بولمىساڭ، بەلكى باشقا سايىلەرمۇ قالمىسا.

قاراڭغۇلۇقتا ئۆزۈملا تۈگەپ كەتسەم، قاراڭغۇ دۇنيا تامامەن ئۆزۈمگىلا تەن بولسا.

1924 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى





# تىلەمچى

كاكىل لاي سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئېگىز تامنى بويلاپ، يۇمشاق توپا ـ توزاننى دەسسەپ كېتىۋاتىمەن. يەنە بىرنەچچە ئادەممۇ ئۆز كويى بىلەن كېتىۋاتىدۇ. غۇرقىراپ چىقىۋاتقان سالقىن شامال تام تۆپىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇۋادانىنىڭ تېخى تامام قۇرۇپ كەتمىگەن يوپۇرماقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلىرىنى بېشىمدا پۇلاڭشىتماقتا.

سالقىن شامال غۇرقىرىماقتا. ئەتراپ توپا ـ توزان.

ماڭا ئوخشاش پەشمەت كىيگەن، چىرايىدىن دەرد ـ ھەسرەت ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بىر كىچىك بالا يولۇمنى توسۇپ، ئارقامغا كىرىۋېلىپ، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ، نالە بىلەن مەندىن سەدىقە تىلىدى.

ئۇنىڭ سازاسىدىن، پەيلىدىن بەزدىم. ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەتسىز ئەپتىدىن، مۇغەمبەرلىكىدىن بەزدىم. ئارقامغا كىرىۋېلىپ سازا قىلىشىدىن يىرگەندىم.

يولدا كېتىۋاتىمەن، يەنە بىرنەچچە ئادەممۇ ئۆز كويىدا كېتىۋاتىدۇ؛ سالقىن شامال غۇرقىرىماقتا، ئەتراپ توپا ـ توزان.

بىر كىچىك بالا تىلەمچى ماڭا سازا قىلدى. بۇ ھەم پەشمەت كىيىۋاپتۇ. بۇنىڭ ئەپتىدىنمۇ دەرد ـ ھەسرەت بەلگىسى كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن، بۇ بالا گاچا؛ بۇ پەقەت ئىككى قولىنى ئېچىپ تىلەش ئىشارىتىنىلا قىلدى.

بۇنىڭ ئىشارىتىدىن بەزدىم، يىرگەندىم. ئېھتىمال بۇ گاچا

بولمىسا كېرەك، گاچا بولۇۋېلىشى پەقەت تىلەمچىلىك قىلىشىنىڭ بىرەر ھىيلىسى بولسا كېرەك.

سەدىقە بەرمىدىم، رەھىممۇ كەلمىدى. لېكىن، سەدىقە بەرگۈچىلەردىنمۇ ئۈستۈن كەلدىم: ئۇنىڭغا بەرگىنىم يىرگىنىش، گۇمان، بىزارلىق بولدى.

ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامنى بويلاپ كېتىۋاتىمەن. تامنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يەرلىرىدە پارچە - پارچە كېسەكلەر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، تامنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. غۇرقىراپ چىقىۋاتقان سالقىن شامال كۈزنىڭ سوغۇقىنى پەشمىتىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئەتراپ چاڭ - توزان.

ئويلىنىپ قالدىم: مەن قانداق ئۇسۇل بىلەن تىلىسەم بولار؟ زۇۋان چىقىرايمۇ، زۇۋان چىقارغاندا قايسى تەقلىدتە چىقىراي؟ گاچا بولۇۋالسام، قايسى تەرىقىدە قول ئىشارىتى قىلسام بولار؟...

باشقا بىرقانچە ئادەم ئۆز يولىدا كېتىۋاتىدۇ.

سەدىقە ئالالمايدىغان ئوخشايمەن، كىشىلەرنىڭ رەھىمىنىمۇ ئالالمايدىغان ئوخشايمەن. سەدىقە ئورنىغا يىرگىنىش، گۇمان، بىزارلىق ئالىدىغان ئوخشايمەن...

بىچارىلىك ۋە سۈكۈت بىلەن تىلەي!...

ھېچبولمىغاندا، ناشۇدلۇق - كۆڭۈلسىزلىك تاپارمەن.

سالقىن شامال غۇرقىرىماقتا. ئەتراپ چاڭ - توزان، باشقىلار ئۆز يولىدا كېتىۋاتىدۇ.

توزان، چاڭ...

......

توزان...

1924 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى





# مېنىڭ پىراقىم

## — قەدىمكى ئۇسلۇبقا تەقلىد قىلىنغان ھەجۋىي شېئىر

مەشۇقۇم ئېگىز تاغ ئېتەكلىرىدە،
ئۇنى ئىزدەي دېسەم تاغ غايەت ئېگىز بۇندىن.
ئىلاجىم يوق، بېشىمنى تۆۋەن سالدىم —
ياقام ھۆل بولدى ياشتىن.
مەشۇقۇم قىلدى كېپىنەك ياغلىق ھەدىيە،
مەن سۇندۇم مۇشۇكياپىلاقنى قىلىپ ھەدىيە.
يۈز ئۆرۈپ، قارىماس شۇنىڭدىن بۇيان ماڭا،
بىلمىدىم سەۋەبىنى، ۋەھىمە بولدى ھەمراھ ماڭا.

مەشۇقۇم يۇرۇپتۇ قايناق بازاردا،
ئىزدەپ كۆرەي دېسەم ئادەملەر مىژ - مىژ راسا،
ئىلاجىسىز بوينۇمنى قىستىم، —
قۇلاقتا ئاقتى كۆز ياش مانا.
جۈپ قارلىغاچ سۈرىتى بەردى مەشۇقۇم ماڭا،
نۆكچە ناۋات ئالمىسى[10] ياندۇردۇم ئاڭا،
يۈز ئۆرۈپ، قارىماس شۇنىڭدىن بۇيان ماڭا،
بىلەلمەي سەۋەبىنى يۇردۇم قايمۇقۇپ مانا.

مەشۇقۇم دەريانىڭ بويىدا تۇرار،
ئۇنى ئىزدەپ باراي دېسەم چوڭقۇر ئىكەن سۇ.
ئىلاجىسىز بوينۇمنى تولغىدىم —
ياشلاندى پەشلىرىم بولۇپ سۇ.
مەشۇقۇم ھەدىيە قىلدى ئالتۇن سائەت بېغى،
مەن ياندۇردۇم ئۇنىڭغا تەرلىتىش دورىسى.
يۈز ئۆرۈپ، قارىماس شۇنىڭدىن بۇيان،
بىلەلمەي سەۋەبىنى بۇزۇلدى نېرۋام.

مەشۇقۇم كاتتا ـ ئېسىل بىر ئائىلىدە،
ئىزدەپ باراي دېسەم ماشىنا يوق ماڭا.
ئىلاجىسىز بېشىمنى چايقىدىم، —
تاراملىدى ياشلىرىم مانا.
مەشۇقۇم ئەتىرگۈل ئەيلىدى تەقدىم،
ياندۇردۇم ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ چار يىلاننى[11].
يۈز ئۆرۈپ، قارىماس شۇنىڭدىن بۇيان،
بىلمىدىم سەۋەبىنى، مەيلى تاپسۇن باشقىنى.

1924 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى





# قىساس (1)

ئادەمنىڭ تېرىسى تولىمۇ نېپىز بولسا كېرەك؛ قىزىل ئىسسىق قان ئەنە شۇ تېرىنىڭ ئاستىدىكى تام بويلاپ مىغىلداپ يۈرگەن يىپەك قۇرتىدىنمۇ زىچ جايلاشقان تومۇرلاردا جۇش ئۇرۇپ ئېقىپ، ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ قانلار ئەنە شۇ ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى مەپتۇن قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى قوزغايدۇ، ئەگەشتۈرىدۇ؛ ھاياتنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان ئۇلۇغ شادلىقىغا يېتىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە بىر ـ بىرىگە ئېجىل بولۇشنى، بىر ـ بىرى بىلەن لەۋلىشىپ سۆيۈشۈشنى، قۇچاقلىششىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

لېكىن، ئەگەر شۇ نېپىز، ھال رەڭ تېرىگە ئۆتكۈر پىچاقنىڭ بىسى تەگدىمۇ بولدى، شۇ زامان قىپقىزىل، ئىسسىق قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىدۇ ـ دە، قاتىلنى قانغا بويايدۇ؛ ئاندىن كېيىن ھالاك بولغۇچىنىڭ نەپىسى قىسىلىپ، لەۋلىرى ئاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ روھى ھاياتنىڭ پەرۋاز قىلىپ تۇرغان چەكسىز زور شادلىقىغا ئېرىشىدۇ؛ ئۇنىڭ جەستى بولسا، ھاياتنىڭ پەرۋاز قىلىپ تۇرغان چەكسىز زور شادلىقىغا مەڭگۈ چۆكىدۇ.

دېمەك، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قوللىرىغا ئۆتكۈر خەنجەر تۇتۇشۇپ، كەڭ ئايدالىدا يالىڭاچ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاشقىمۇ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ تەييار تۇرۇشۇپتۇ...

بىگانە ئادەملەر خۇددى تامدا ئۆمىلەۋاتقان يىپەك قۇرتلىرىغا،

قۇرۇپ قالغان بېلىقنىڭ بېشىنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتقان چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش تەرەپ - تەرەپتىن مىغ - مىغ كېلىشمەكتە. ئۇلار چىرايلىق كېيىنگەن، لېكىن قوللىرىدا ھېچ نەرسە يوق. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىدۇ - دە، بىر - بىرىنى قۇچاقلاشماقچى ياكى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغانلارنى زوق بىلەن تاماشا قىلىش ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قارايدۇ. ئۇلار كېيىن ئۆز تىللىرىنىڭ ئۇچىدا تەر ياكى قان تەمى پەيدا بولىدىغانلىقىنى سېزىشىدۇ.

ئەمما، ھېلىقى ئىككىيلەن بولسا، قوللىرىغا خەنجەر تۇتۇشۇپ كەڭ ئايدالىدا يالىڭاچ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى تۇرۇشىدۇ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشمايدۇ ياكى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىش خىياللىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ئۇلار شۇ ھالدا ئۇزاق تۇرۇشىدۇ، ھەرىكەتچان ۋۇجۇدى ھالىدىن كېتىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىر - بىرىنى قۇچاقلاش ياكى ئۆلتۈرۈش خىياللىرى قىلچە كۆرۈنمەيدۇ.

بىگانىلەر زېرىكىشىدۇ؛ زېرىكىش ئۇلارنىڭ ئىچ - ئىچىگە سىڭىشكە باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى زېرىكىش بەدىنىدىكى تەر تۆشۈكلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، پۈتۈن كەڭ دالىغا يېيىلغاندەك، شۇنىڭ بىلەن باشقا كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرىدىكى تەر تۆشۈكلىرىدىن كىرىپ كەتكەندەك سېزىلىدۇ. ئاخىر، ئۇلار تىل ۋە گاللىرىنىڭ قۇرۇپ، بويۇنلىرىنىڭ تېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ ۋە بىر - بىرىگە نەزەر تاشلاپ ئاستا تارقىلىشقا باشلايدۇ؛ ھەتتا ھاياتتىن بەزگۈدەك دەرىجىدە ھالىدىن كەتكەنلىكىنى سېزىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كەڭ ئايدالىلا قالىدۇ، ھېلىقى ئىككىيلەن بولسا شۇ دالىدا قوللىرىدا خەنجەر تۇتقان، يالىڭاچ، ھالىدىن كەتكەن ھالدا تۇرۇۋېرىدۇ؛ ئۇلار ھېلىقى بىگانىلەرنىڭ ھالسىزلان-





غانلىقىغا، قانسىز قىرغىنچىلىقلىرىغا خۇددى ئۆلگەن ئادەمنىڭكىدەك نەزىرى بىلەن قاراپ تاماشا قىلىپ، ھاياتنىڭ پەرۋاز قىلىپ تۇرغان چەكسىز شادلىقىغا مەڭگۈ چۆكىدۇ.

1924 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

# قىساس (2)

ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىسرائىلىيىنىڭ سۇلتانى[12] دەپ ھېسابلاپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن دارغا تارتىلدى.

ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئۇستىگە جىگەر رەڭ تون، بېشىغا يانتاق تاجى كىيدۈرۈپ ئۇنى تەبرىكلەشتى. كېيىن، قومۇش تاياق بىلەن ئۇنىڭ باشلىرىغا ئۇردى، يۈزلىرىگە تۈكۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشتى؛ ئۇنى شۇنداق مەسخىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇستىدىكى جىگەر رەڭ توننى سالدۇرۇۋېلىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئەسكى كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشۈپ قويدى[13].

ئەنە قاراڭ، ئۇلار ئۇنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇپ، يۈزلىرىگە تۈكۈرمەكتە ۋە يەنە ئالدىدا تىز پۈكۈپ تەزىم قىلماقتا.

ئۇ مور[14] قوشۇلغان مەينى ئىچىشتىن باش تارتتى، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگە، يەنى خۇدانىڭ ئوغلىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىپ كۆرمەكچى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مەڭگۈلۈك قايغۇرۇپ، ھازىرقى كۈنلىرىگە نەپرەت قىلماقچى.

ئەتراپ دۈشمەنلىك بىلەن تولغان ۋە لەنەت - نەپرەتلىنەرلىك.

گۈچۈلداپ قېقىلغان مىخ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئالىقىنىدىن تېشىپ ئۆتتى، لەنىتىلەر ئۆز خۇداسىنىڭ ئوغلىنى مىخلاپ ئۆلتۈرمەكچى. بۇ نائەھلىلەر ئۇنى قىيناپ يىلاندەك تولغىنىدىغان ھالغا





كەلتۈرمەكچى. يەنە گۈچۈلدىتىپ مىخ قاقتى، مىخ ئۇنىڭ پۇتىنىڭ دۈمبىسىدىن تېشىپ كىرىپ، بىر پارچە سۆڭىكىنى چېقىۋەتتى، ئاغرىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە زىڭىلداپ باردى. ئۇلار ئۆز خۇداسىنىڭ ئوغلىنى مىخلاپ ئۆلتۈرمەكچى. ھەي لەنەتكەردىلەر، سەنلەرنىڭ قىيناشلىرىڭ ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزدى.

دار ياغاچ تىكلەندى، ئۇ دارغا مۇئەللەق ئېسىلدى.

ئۇ مور قوشۇلغان مەينى ئىچىشتىن باش تارتتى، ئۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆز رەسۇلىغا، يەنى خۇدانىڭ ئوغلىغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىپ كۆرمەكچى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مەڭگۈلۈك قايغۇرۇپ، ھازىرقى كۈنلىرىگە نەپرەت قىلماقچى.

بىگانىلەر ئۇنى ھاقارەتلەپ تىللىسا، شەيخلەر ۋە موللىلار ئۇنى مەسخىرە قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىخلانغان ئىككى قاراقچىمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

ئەنە قاراڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مىخلانغانلار…

ئەتراپ دۈشمەنلىك بىلەن تولغان ۋە لەنەت - نەپرەتلىنەرلىك.

ئۇ پۇت - قولى ئاغرىپ تۇرغاندا، ئەنە شۇ نائەھلىلەرنىڭ ئۆز رەسۇلىنى مىخلاپ ئۆلتۈرۈۋاتقان چاغدىكى پىغانلىرىنى ۋە لەنەتكەردىلەر ئۆز رەسۇلىنى مىخلاپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتسا خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ مىخلىنىپ ئۆلۈشتىن ئارمانىغا يېتىدىغانلىقىنى تاماشا قىلدى. بىردىنلا چېقىلغان سۆڭەكنىڭ شىددەت بىلەن زىڭىلداپ ئاغرىشى يۈرىكىگە چىقتى - دە، ئۇ شۇ ھامان زور شادلىق ۋە زور مەيۇسلۇككە چۆمدى.

ئۇنىڭ قورسىقى مەيۇسلۇك ۋە لەنەت - نەپرەتتىن لىپىلدىدى.

يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

«ئىلاھا، ئىلاھا، لىمازا بەئەدەنى!» (تەرجىمىسى: ئى خۇدايىم، نېمىشقا مېنى تاشلاپ كەتتىڭ؟!)

خۇدا ئۇنى تاشلاپ كەتتى، ئۇ ئاخىر «ئىنسان پەرزەنتى» ئىدى، ئەمما بەنى ئىسرائىل «ئىنسان پەرزەنتى» نىمۇ مىخلاپ ئۆلتۈردى.

«ئىنسان پەرزەنتى» نى مىخلىغانلار «رەسۇل — خۇدانىڭ ئوغلى» نى مىخلىغانلاردىنمۇ بەتتەر قانغا پاتتى، قانغا مىلەندى.

1924 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى





# ئۈمىد

يۈرىكىم ھەسرەت بىلەن تولغان.

ئەمما، كۆڭلۈم ناھايىتى خاتىرجەم، ئۇنىڭدا نە مۇھەببەت، نە نەپرەت بولسۇن، نە مەيۈسلۈك ياكى خۇشاللىق ۋە نە رەڭ ۋە نە سادا.

مەن قېرىپ قالغان بولسام كېرەك. چاچلىرىمنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكى، قوللىرىمنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ؟ شۇنداق ئىكەن، مەنىۋى قوللىرىمنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقىدا، مەنىۋى چاچلىرىمنىڭمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق.

ئەمما، بۇ بۇنىڭدىن خېلى يىل ئالدىدىكى ئىش.

بۇرۇنلاردا يۈرىكىم قانلىق سادا بىلەن: قان ۋە تومۇر بىلەن، يالقۇن ۋە زەھەر بىلەن، تىكلەش ۋە ئىنتىقام بىلەن تولغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا ناشۇدلۇققا ئايلاندى، ئەمما يۈرىكىمنى بەزىدە ئىلاجسىز ئۆزۈمنى ئۆزۈم بەزلەيدىغان ئۈمىدلەر بىلەن تولدۇرۇپمۇ تۇردۇم. شۇنداق ئۈمىدلەردە بولدۇمكى، ناشۇدلۇق ئىچىدە قاراڭغۇ كېچە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئۈمىد قالقىنى بىلەن قارشى تۇرسام، مەيلى شۇ قالقاننىڭ ئارقىسىدا يەنىلا ناشۇدلۇق ئىچىدىكى قاراڭغۇ كېچە بولسىمۇ. لېكىن، يەنە شۇنداق قىلىپ بارا - بارا ياشلىقىمنى يوقاتتىم.

مەن ياشلىقىمنىڭ ئاللىقاچان غازاڭ بولغانلىقىنى بىلمىگەنمىدىم؟ ئەتراپىمدا ياشلىق باھارلىرى: يۇلتۇزلار، ئاي نۇرى، قېتىپ قالغان كېپىنەكلەر، قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان گۈللەر، ھۇۋقۇش-

لارنىڭ ھۇۋلاشلىرى، كاككۇكنىڭ نالىلىرى، خۇنۇك تەبەسسۇملەر ۋە سۆيگۈ شادلىقى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بۇلار مەيۇس ۋە خۇنۇك ياشلىق باھارى بولسىمۇ، ھەرھالدا ياشلىق باھارى ئىدى.

لېكىن، ھازىرقى مەيۇسلۇكنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ھەتتا ئەتراپىمدىكى ياشلىق باھارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ پۈتۈن دۇنيادىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى قېرىپ كەتتىمۇ؟

بۇ ناشۇدلۇق ئىچىدىكى قاراڭغۇ كېچە بىلەن تۇتۇشۇشقا مەجبۇرمەن. مەن ئۈمىد قالقىنىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ Petofi Sandor[15] (1823—1849) نىڭ «ئۈمىد» دېگەن ناخشىسىغا قۇلاق سالدىم:

«ئۈمىد نېمە ئۇ؟ ئۈمىد — جالاپ:
ھەممىگە جىلۋە قىلىپ، بارىنى بېرەر.
سەن ئۇنىڭغا بىباھا ياشلىق باھارىڭنى بېرىسەنۇ،
ئاخىر ئۇ سېنى پەرۋاسىز تاشلاپ كېتەر.»

ۋېنگرىيىنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئۇلۇغ لىرىك شائىرىنىڭ ۋەتەن يولىدا كازاكلار[16] نىڭ نەيزىسىدە ئۆلگىنىگە 75 يىل بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى پاجىئەلىك بولغان، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۆلمىگەنلىكى ئۇنىڭدىنمۇ پاجىئەلىكتۇر.

ھايات نېمىدېگەن رەھىمسىز! ھەتتا Petofi دەك مەغرۇر ۋە جەسۇر ئىنسانمۇ قاراڭغۇ تۈن ئالدىدا قەدىمىنى توختىتىپ بىپايان شەرققە قاراپ مۇنداق دېگەن:

«ئۈمىدسىزلىكمۇ ئۈمىدكە ئوخشاشلا بىھۇدە نەرسە».

ئەگەر ماڭا ئەنە شۇ يورۇق دېسە يورۇق ئەمەس، قاراڭغۇ دېسە قاراڭغۇ ئەمەس تۇرغان «بىھۇدە» لىك ئىچىدە جان بېقىش توغرا





كېلىدىكەن، ئەتراپىمدىكى ئەنە شۇ ئۆتۈپ كەتكەن مەيۇس ۋە خۇنۇك ياشلىق باھارىنى ئىزدەيمەن. چۈنكى، ئەتراپىمدىكى ياشلىق باھارى يوقىلىپ كەتسە، ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى قېرىلىقمۇ غازاڭ بولىدۇ.

بىراق، ھازىر يۇلتۇزلارمۇ، ئاي نۇرىمۇ، قېتىپ قالغان كېپىنەكلەرمۇ، ھەتتا خۇنۇك تەبەسسۇم ۋە سۆيگۈ شادلىقىمۇ يوق، لېكىن ياشلار بولسا ئامان - ئېسەن تۇرۇپتۇ.

بۇ ناشۇدلۇق ئىچىدىكى قاراڭغۇ كېچە بىلەن تۇتۇشۇشقا مەجبۇرمەن، ئەتراپىمدىكى ياشلىق باھارىنى تاپالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى قېرىلىقنى چۆرۈپ تاشلايمەن.

ئەمما، قېنى بۇ قاراڭغۇ كېچە؟ ھازىر يۇلتۇزلارمۇ، ئاي نۇرىمۇ، ھەتتا خۇنۇك تەبەسسۇم ۋە سۆيگۈ شادلىقىمۇ يوق. ياشلار ئامان - ئېسەن، مېنىڭ ئالدىمدا بولسا ھەقىقىي قاراڭغۇ كېچىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ئۈمىدسىزلىكمۇ ئۈمىدگە ئوخشاشلا بىھۇدە نەرسە!

1925 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# لەگلەك (16)

بېيجىڭدا قىش پەسلى، يەرنى قار قاپلاپ تۇرماقتا، تاقىر باش بولۇپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرى خۇددى مومىغا ئوخشاش قاداپ قويۇلغان ئاچا ياغاچلاردەك، سوزۇك ئاسمانغا بوي تارتىپ تۇرۇپتۇ؛ يىراقتا بىر - ئىككى لەگلەكمۇ لەيلەپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئەھۋال مېنى ئەجەبلەندۇردى، مەيۈسلەندۈردى.

يۇرتۇمدا لەگلەك باھاردا — 2 - ئايدا ئۇچۇرۇلاتتى، پىرىلداقنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارايدىغان بولسىڭىز، قارامتۇل قىسقۇچپاقىغا ئوخشىشىدىغان ياكى يۇمران كۆكۈچ سازاڭ قۇرتقا ئوخشىشىدىغان لەگلەكلەرنى كۆرىسىز. غېرىبسىنىپ قالغان، پۇچۇق كاھىشقا ئوخشاش لەگلەكمۇ بولاتتى: بۇنداق پىرىلدىقى يوق لەگلەكلەر غېرىبلىق يېتىپ بويىنىنى قىسىپ قالغان يېتىم بالىغا ئوخشاش ناھايىتى پەس ئۇچاتتى. لېكىن، شۇ چاغلاردا يەردىكى تېرەكلەر، تال سۆگەتلەر بىخ سۇرەتتى، ياۋا شاپتۇلمۇ چېچەك سېلىپ، بالىلارنىڭ ئاسماندىكى بېزەكلىرىگە ياراشقان ھالدا باھار ئىللىقلىقىنى پەيدا قىلاتتى. ھازىر مەن قەيەردە تۇرۇۋاتىمەن؟ ئەتراپىم تېخىچە زىمىستان قىشىنىڭ جۇدۇنى ئىچىدە يېتىپتۇ، ئايرىلىپ كەتكىنىمگە ئۇزۇن بولغان يۇرتۇمنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان باھارى بولسا مۇشۇ ئاسماندا جەۋلان قىلىپ تۇرماقتا.

لەگلەك ئۇچۇرۇشنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيتتىم، ياخشى كۆرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يامان كۆرەتتىم، چۈنكى ئۇنى شۇدى يوق بالىلارنىڭ قىلىقى دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، كىچىك





ئۇكام ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ شۇ چاغلاردا 10 ياشلاردا بولسا كېرەك، كېسەلچان بولغاچقا تولىمۇ ياداڭغۇ، ئورۇق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ لەگلەك ئۇچۇرۇشقا ئامراق ئىدى، ئەگەر لەگلەك سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىسە، مەنمۇ ئۇنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇشىغا يول قويمىسام، كىچىككىنە ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى، ھەتتا بەزىدە چارەك كۈن شۇ ھالەتتە تۇراتتى. يىراقتىكى قىسقۇچپاقا لەگلەك بىردىنلا ساڭگىلاپ چۈشۈپ كەتسە، ھودۇقۇپ ۋارقىرىۋېتەتتى؛ ئىككى دانە پۇچۇق كاھىش لەگلەكنىڭ يىپى قويۇپ بېرىلسە، خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي سەكرەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى مېنىڭ نەزىرىمدە كۈلكىلىك يارىماس بىر ئىش ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى كۆرمىگىنىمگە بىرقانچە كۈن بولغانىدەك، ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا خىيالىمغا كېچىپ قالدى؛ لېكىن ئۇنىڭ ئارقا ھويلىدا قۇرۇق بامبۇك شاخلىرىنى يىغىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ئېسىمگە چۈشتى - دە، ئېسىمنى يىغقاندەك بولۇپ ئۇششاق - چۈشەك نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويىدىغان، ئادەم ئاز بارىدىغان كىچىككىنە ئۆيگە يۈگۈرۈپ باردىم، ئىشىكنى ئاچتىم، دەرۋەقە ئۇ چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن قېقىر - سوقۇر بىر نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىكەن. ئۇ چوڭ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كىرىپ كېلىشىم بىلەن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، رەڭگى ئۆچكەن ھالدا قورۇنۇپ تۇرۇپ قالدى، چوڭ ئورۇندۇقنىڭ يېنىدا بىر دانە كېپىنەك لەگلەكنىڭ بامبۇك قومۇشىدىن تەييارلانغان جازىسى تۇرۇپتۇ، لېكىن تېخى قەغەز چاپلانمىغان. كۆز ئورنىدا ئىشلەتمەكچى بولغان كىچىككىنە پىرىلدىقنى شەلپەر باغاق بىلەن بېزەۋاتقانىكەن، ئۇ تېخى پۈتمىگەن ھالدا ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. مەن سىرنى بىلىپ قالغانلىقىمدىن خۇشال بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ شۇدى يوق بالىلار-

نىڭ قىلىقلىرىنى مېنىڭ كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ مۇشۇنداق ئەجىر بىلەن ئوغرىلىقچە قىلىپ يۈرگەنلىكىگە غەزىپىم كەلدى ـ دە، كېپىنەكنىڭ بىر قانىتىنى قارس قىلىپ ئوشتۇۋەتتىم، پىرىلدىقىنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ چەيلىۋەتتىم. مەيلى بوي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى كۈچ جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ماڭا تەڭ تۇرالمايتتى، تولۇق غەلىبە قىلدىم، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن مەغرۇر ھالدا چىقىپ كەتتىم، ئۇ بولسا كىچىككىنە ئۆيدە خورسىنىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن قانداق قىلغانلىقىنى بىلمىدىم، دىققىتىمۇ چۈشمىدى.

لېكىن، بۇنىڭ قىساسىمۇ ئاخىر ئۆز بېشىمغا كەلدى. بىزنىڭ ئايرىلىشىپ كەتكىنىمىزگە خېلى كۆپ ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئوتتۇرا ياشلىق بولۇپ قالغان ۋاقتىم ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا چەت ئەللىكلەرنىڭ بالىلار توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىنى ئوقۇپ، ئويۇن ئويناش بالىلارنىڭ ناھايىتى توغرا ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى، ئويۇنچۇق بولسا بالىلار ئۈچۈن پەرىشتە ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن 20 يىلدىن بۇيان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، گۆدەك ياشلىقىمدا مەنىۋى زۇلۇم قىلغانلىقىمنىڭ كۆرۈنۈشى بىردىنلا كۆز ئالدىمغا كەلدى، يۈرىكىممۇ سىقىلىش بىلەن تەڭلا مۇشتەك بىر پارچە قوغۇشۇنغا ئايلىنىپ، ناھايىتى ئېغىرلىشىپ ـ ساڭگىلاپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

لېكىن، يۈرىكىم ساڭگىلاپ ئۈزۈلۈپ كەتمىدى، ئۇ ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى ئېغىر ھالدا ساڭگىلاپ قالدى.

سەۋەنلىكىمنى يۇيۇشنىڭ چارىسىنىمۇ تاپتىم: ئۇنىڭغا لەگلەك ئېلىپ بەرگۈم، ئۇنىڭ ئۇچۇرۇشىنى قوللىغۇم، ئۇنى ئۇچۇرۇشقا دەۋەت قىلغۇم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇچۇرغۇم، بىللە ئويناپ ـ كۈلگۈم كەلدى. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇنىمۇ ماڭا ئوخشاشلا ساقال بېسىپ كەتكەنىكەن.





سەۋەنلىكنى يۇيۇشنىڭ يەنە بىر چارىسىنىمۇ تاپتىم: بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىسام، ئۇ «سېنىڭدىن رەنجىمىگەنىدىمغۇ» دېسە، كۆڭلۈم جەزمەن ئارامىغا چۈشىدۇ، دەپ ئويلىدىم، بۇ ھەقىقەتەن بولىدىغان چارە ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىز دىدارلاشقان چاغدا، چىرايلىرىمىزغا جاپالىق «تىرىكچىلىك» نىڭ سىزغان بىرمۇنچە قورۇقلىرى كىرىپ قالغان، يۈرىكىممۇ ناھايىتى سىقىلغاندى. بىز بارا ـ بارا بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق؛ ھېلىقى ئەھۋالنى سۆزلەپ كېلىپ، بالىلىق دەۋرىمدىكى ئەخمەقلىقىمنى ئېيتتىم ۋە ئۇ: «سېنىڭدىن رەنجىمىگەنىدىمغۇ» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئەپۇ قىلىنىدىغان بولىدۇم، يۈرىكىممۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئارام تېپىپ قالىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم.

— شۇنداق ئىشمۇ بولغانمۇ؟ — دېدى ئۇ خۇددى باشقىلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋېتىپ ھەيران بولغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ ئېسىدە زادىلا قالماپتۇ.

پۈتۈنلەي ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، قىلچىلىكمۇ ئاداۋەت تۇتمىغان تۇرسا، ئەپۇ ـ پەپۇ دېگەن گەپنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئاداۋەتسىز تۇرۇپ كەچۈردۈم دېگەن گەپ يالغان ئېيتقانلىق بولىدۇ.

يەنە نېمىگە ئىلتىجا قىلىشىم مۇمكىن؟ يۈرىكىم سىقىلىپ قېلىۋەردى.

مانا ھازىر يۇرتۇمنىڭ باھار كۈنلىرى يەنە مۇشۇ يات يەرنىڭ ئاسمىنىغا كېلىپ قالدى، ئۇ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېگى يوق مەيۈسلۈكنىمۇ كەلتۈردى. مۇزدەك سوغۇق زىمىستان قىش قوينىغا كىرىۋېلىشنى ئەۋزەل كۆردۈم — لېكىن ئەتراپىمدىكى زىمىستان قىش مانا تېنىمنى ناھايىتى جۇغۇلدىتىپ تۇرۇپتۇ.

1925 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# ياخشى ھېكايە

پەنەرنىڭ يورۇقى بارا - بارا خىرەلىشىپ، كىرسىنىنىڭ ئازدىيىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىشكە باشلىدى. كىرسىن تازا ياخشى بولمىغاچقا، پەنەرنىڭ شىشىسىنى ئاللىقاچان ئىسلاشتۇرۇۋەتكەندى. يېقىن ئەتراپتا پوجاڭزىلار ئېتىلماقتا، ئەتراپىمدا تاماكا تۈتۈنى تۇمان ھاسىل قىلىپ ئايلانماقتا؛ دىمەك، قاراڭغۇ كېچە.

مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۆزۈمنى ئارقىغا تاشلىدىم - دە، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندىم، «ئىپتىدائىي مەلۇمات» ناملىق كىتابنى تۇتۇپ تۇرغان قولۇمنى تىزىمغا قويدۇم.

خىرە - ئەلەسلىك ئىچىدە بىر ياخشى ھېكايىنى كۆردۈم.

بۇ شۇنداق گۈزەل، لاتاپەتلىك، قىزىق ھېكايىكى، نۇرغۇن گۈزەل ئادەم ۋە گۈزەل ۋەقەلەر خۇددى ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن بولۇت كىمخابلىرىدەك توقۇلۇپ - چىرمىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈمەنلىگەن كۆچكۈن يۇلتۇزدەك ئۇيان - بۇيان ئۇچماقتا، پايانسىز كەڭ يېيىلماقتا.

قېيىقتا ئولتۇرۇپ سەنيىنداۋدىن ئۆتكەنلىكىم كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى: ئىككى قاسناقتىكى تېرەكلەر، كۆكىرىپ تۇرغان زىرائەتلەر، ياۋا گۈل - چېچەكلەر، توخۇلار، ئىتلار، توپ - توپ دەرەخلەر ۋە قاقشال ياغاچلار، كەپە - ساتمىلار، مۇنارلار، مازار - ئىبادەتخانىلار، دېھقانلار ۋە يېزا ئاياللىرى، يېزا قىزلىرى، ئاپتاپقا يېيىلغان كىيىم - كېچەكلەر، شەيخلەر، يېكەندىن توقۇلغان يامغۇرلۇق جەندە ۋە كۇلالار، ئاسمان، بۇلۇت،





بامبۇك... لارنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك دەرياغا چۈشۈپ تۇرغان سايىسى قېيىق پالاقنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن سۇ يۈزىدە جىمىرلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىنى، سۇدىكى لەيلەپ تۇرغان لەش ۋە بېلىقلارنى ئۆزىگە چېتىپ لەپپەك ئۇراتتى. شۇ سايە ۋە نەرسىلەر قىمىرلايتتى، كېڭىيەتتى، بىر - بىرىگە قوشۇلاتتى، لېكىن تارقالمايتتى؛ بىر - بىرىگە قوشۇلۇش بىلەنلا يەنە ئارقىلىرىغا قايتىپ ئەسلىي ھالىغا كېلەتتى. ياز بۇلۇتلىرىغا ئوخشاش ئېگىز - پەس قىرغاقلىرىغا چۈشكەن كۈن نۇرى كۈمۈش رەڭدە ئەكس ئېتەتتى. مەن كەزگەن دەريالارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى.

ھازىر كۆزۈمگە كۆرۈنگەن ھېكايىمۇ شۇنداق. كۆك ئاسماننىڭ سۇ يۈزىدىكى كۆرۈنۈشى ۋە باشقا بارلىق شەيئىلەر سۇ يۈزىدە گىرەلىشىپ، توقۇلۇپ مەڭگۈ جانلىنىپ، يېيىلىپ تۇرىدىغان بىر داستاننى ھاسىل قىلماقتا، بۇ داستاننىڭ ئاخىرلىشىشىغا كۆزۈم يەتمىدى.

دەريا بويىدىكى قۇرۇپ كەتكەن مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىدىكى بىرنەچچە تۈپ سولغۇن ئاپتاپپەرەسنى يېزا قىزلىرى تىككەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ توق ۋە چالا ئېچىلغان گۈللىرى سۇ يۈزىدە لەيلەپ، بىردەم پارچىلانماقتا، ئۇزارماقتا، گىردابسىز قىزغۇچ سۇغا ئايلانماقتا. كەپە - ساتمىلار، ئىتلار، مۇنارلار، يېزا قىزلىرى، بۇلۇتلار... مۇ لەيلەپ پىرىلدىماقتا. لېگەن - تەخسىدەك ئاپتاپپەرەس گۈللىرى ئۇزارغاندا، ئۇلاردىن جۇشقۇن قىزىل چۈچىلار ھاسىل بولماقتا. بۇ چۈچىلار گاھىدا ئىتقا گىرەلىشىپ كەتسە، ئىت ئاق بۇلۇتقا، ئاق بۇلۇت يېزا قىزىغا... گىرەلىشىپ كېتەتتى. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يەنە ئارقىسىغا قايتاتتى. چالا ئېچىلغان گۈللەرنىڭ كۆلەڭگىلىرىمۇ پارچىلىنىپ، ئۇزىراپ، مۇنارغا، يېزا قىزلىرىغا، ئىتقا، كەپە - ساتمىلارغا، بۇلۇتقا گىرەلىشىپ كېتەتتى.

كۆزۈمگە كۆرۈنگە ھېكايە ئەمدى گۈزەل، لاتاپەتلىك، قىزىقارلىق ۋە روشەن بولۇپ كۆرۈندى. كۆك ئاسماندىكى سانسىز گۈزەل ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆردۈم، چۈشەندىم.

ئۇلارغا تىكىلىپ قارىماقچى بولدۇم...

ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىمدا، بىردىنلا چۆچۈپ كۆزۈم ئېچىلىپ كەتتى، بۇلۇت كىمخابلىرىمۇ تۈرتەكلىنىپ، مالىمانىلىشىپ كەتتى، گويا كىمدۇر بىراۋ دەرياغا يوغان بىر پارچە تاشنى تاشلىغاندەك، سۇ تىك دولقۇنلىنىپ كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن بىر داستان تۇسىگە كىرگەن كۆلەڭگىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەندەك بولدى. مەن قولۇمدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قالغان «ئېپتىدائىي مەلۇمات»نى ئىختىيارسىزلا دەرھال مەھكەم تۇتۇۋالدىم، كۆز ئالدىمدا ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشاش ئازغىنە بىرنەچچە پارچە كۆلەڭگىلا قالدى.

ئەنە شۇ ياخشى ھېكايىگە ھەقىقەتەن زوقۇم كەلدى، پارچە كۆلەڭگىلەر تېخى مەۋجۇت تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇنى توختىتىۋالغۇم، چالىسىنى پۈتتۈرگۈم، ساقلاپ قويغۇم كەلدى. قولۇمدىكى كىتابنى تاشلىۋېتىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا ئېڭىشتىم. لېكىن، ئازغىنە پارچە كۆلەڭگىگە قالغان بولسا كاشكى. كۆزۈمگە خۇنۇك پەنەر يورۇقىلا كۆرۈندى، قېيىقتىن ئەسەر يوق.

لېكىن، شۇ قاراڭغۇ كېچىدە شۇ ياخشى ھېكايىنى كۆرگەنلىكىم زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ...

1925 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى





# يولۇچى[18]

ۋاقتى:

مەلۇم بىر كۈننىڭ قاش قارايغان ۋاقتى.

ئورنى:

مەلۇم بىر جايدا.

قاتناشقۇچىلار:

بوۋاي — تەخمىنەن 70 ياش، چاچلىرى ئاقارغان، ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن.

قىز بالا — تەخمىنەن 10 ياش، قوڭۇر چاچ، قارا كۆز، تېگى ئاق چاقماق گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن.

يولۇچى — تەخمىنەن 30 — 40 ياشلاردا، ھالىتى: غۇربەتچىلىككە ئۇچرىغان، تەرسا، كۆز نۇرى خۇنۇك، قارا بۇرۇت، پاخما چاچ، يىرتىق قارا كالتە چاپان ۋە ئىشتان كىيگەن، يىرتىق خەيىنى قوڭالتاق كىيىۋالغان، قولتۇقىغا بىر دانە تاغارنى قىستۇرۇۋالغان، بويى بىلەن تەڭ بامبۇك ھاسا تاياق تايىنىۋالغان.

شەرق تەرەپتە بىرنەچچە تۈپ دەرەخ ۋە پارچە ـ پۇرات خىش ـ كېسەك؛ غەرب تەرەپتە ۋەيران بولۇپ چۆلسىرەپ كەتكەن زاراتگاھلىق؛ بۇ ئارىلىقتا بىر قاراشتا يولغا ئوخشىشىدىغان، بىر قاراشتا ئوخشاشمايدىغان ئىز. كىچىككىنە بىر ئېغىز سوقما ئۆينىڭ ئىشىكى شۇ ئىزغا قاراپ ئېچىلىق؛ ئىشىكنىڭ يېنىدا كېسىلىپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كۆتىكى.

(قىز بالا كۆتەكتە ئولتۇرغان بوۋاينى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى)

بوۋاي: بالام، ھەي بالام! نېمىشقا يۆلىمەيسەن؟

بالا: (شەرق تەرەپكە قاراپ) بىراۋ كېلىۋاتىدۇ، قاراپ كېلەي.

بوۋاي: بولدى بارما، مېنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ قوي، كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى.

بالا: مەن، مەن بېرىپ قاراپ باقاي.

بوۋاي: ھەي، قارا سېنى! ئاسماننى، يەرنى، شامالنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، شۇلار يارىمامدۇ؟ بۇلاردىنمۇ ئوبدان نەرسە بارمۇ؟ يەنە كىم ئىكەن، كۆرۈپ كېلەي دەيسەن. زاۋال ۋاقتىدا پەيدا بولغان نەرسىلەردىن ساڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ... كىرىپ كېتەيلى.

بالا: يېقىن كېلىپ قاپتۇ. ھە، قەلەندەر ئىكەنغۇ.

بوۋاي: قەلەندەر؟ ئۇنداق ئەمەستۇر؟

(يولۇچى شەرق تەرەپتىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاران دەسسەپ ماڭغان ھالدا چىقىدۇ، بىردەم تېڭىرقاپ قالغاندىن كېيىن، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، بوۋايغا يېقىن كېلىدۇ).

يولۇچى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا.

بوۋاي: بۇيان كەپسىز؟ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەرھەمەت.

يولۇچى: ئاتا، مالال قىلىدىغان بولدۇم، بىر پىيالە سۇ سورايمەن. يول يۈرۈپ تولىمۇ چاڭقاپ كەتتىم. بۇ يەردە بىرەر كۆلچەكمۇ، سازلىقمۇ يوق ئىكەن.

بوۋاي: ھە، بولىدۇ، بولىدۇ. قېنى ئولتۇرۇڭ. (قىز بالىغا قاراپ) بالام، سۇ ئاچىق، پىيالىنى پاكىز چايقا.

(قىز گەپ - سۆز قىلماستىن سوقما ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ).

بوۋاي: مېھمان، ئولتۇرۇڭ. ئېتىڭىز نېمە؟





يولۇچى: ئېتىڭىز؟ بىلمەيمەن. ئەقلىمگە كەلگىنىمدىن تارتىپ تەنھا ئادەممەن، ئېتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. يولدا بەزىلەر گاھىدا مېنى ھەر خىل ئاتلار بىلەن قىچقىرىشتى، ئۇلارمۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق، ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرەر ئاتنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىغىنىممۇ يوق.

بوۋاي: ھە، خوش، نەدىن كېلىشىڭىز؟

يولۇچى: (بىرئاز تۇرۇۋېلىپ) بىلمەيمەن. ئەقلىمگە كەلگىنىمدىن تارتىپ مۇشۇنداق مېڭىۋاتىمەن.

بوۋاي: دۇرۇس. ئۇنداق بولسا، نەگە كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى سورىسام بولارمۇ؟

يولۇچى: ۋاي بولمامدىغان. لېكىن، بىلمەيمەن. ئەقلىمگە كەلگىنىمدىن تارتىپ مۇشۇنداق كېتىۋاتىمەن، بىر يەرگە بارماقچىمەن، ئۇ يەر ئالدىمدا. نۇرغۇن يول ماڭغىنىمنىلا بىلىمەن، ئەمدى بۇ يەرگە كېلىشىم. يەنە ئاۋۇ (غەرب تەرەپنى كۆرسىتىپ) تەرەپكە، ئالدى تەرەپكە ماڭىمەن!

(قىز بىر دانە چۆچەكنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇزىتىدۇ).

يولۇچى: (قولىغا ئېلىپ) رەھمەت، قىزىم. (سۇنى ئىككى ئوتلاپلا ئىچىپ بولۇپ، چۆچەكنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ) رەھمەت، قىزىم. كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن!

بوۋاي: رەھمەت ئېيتقۇچىلىكى يوق. بۇ سىز ئۈچۈن ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ.

يولۇچى: شۇنداق، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ. لېكىن، ھازىر خېلىلا دەرمانغا كېلىپ قالدىم. مەن ماڭاي. ئاتا، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالغىنىڭىزغا كۆپ ۋاقىت بولغان ئوخشايدۇ، ئالدى تەرەپنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

بوۋاي: ئالدى تەرەپ؟ ئالدى تەرىپىڭىز قەبرە.

يولۇچى: (ھاڭ - تاڭ بولۇپ) قەبرە؟

بالا: ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ يەردە بىرمۇنچە ياۋا رەيھان، ياۋا قىزىلگۈل بار، مەن پات - پات ئوينىغىلى، ئۇلارنى كۆرگىلى بارىمەن.

يولۇچى: (غەرب تەرەپكە قاراپ، كۈلۈمسىرىگەندەك) توغرا. ئۇ يەرلەردە بىرمۇنچە ياۋا رەيھان، ياۋا قىزىلگۈل بار، مەنمۇ پات - پات بېرىپ ئوينىغان، كۆرگەن. لېكىن، ئۇ قەبرە. (بوۋايغا قاراپ) ئاتا، ئۇ قەبرىستانلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىنچۇ؟

بوۋاي: ئۆتكەندىن كېيىن؟ ئۇ يەرنى بىلمەيمەن. مەن بېرىپ باقمىغان.

يولۇچى: بىلمەيمەن؟!

بالا: مەنمۇ بىلمەيمەن.

بوۋاي: پەقەت جەنۇب تەرىپىنى، شىمال تەرىپىنى، سىز بېسىپ كەلگەن شەرق تەرىپىنىلا بىلىمەن. ئۇ يەرلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن، سىلەر ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ياخشى يەر بولسا كېرەك. مېنى ۋات - ۋات ئىكەن دەپ قالماڭ، مېنىڭچە، سىزگە كۆپ ھاردۇق يېتىپتۇ، ئارقىڭىزغا قايتىپ كەتكىنىڭىز ياخشى، چۈنكى ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىۋەرسىڭىزمۇ مېڭىپ تۈگىتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

يولۇچى: مېڭىپ تۈگىتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن؟... (قاتتىق خىيالغا چۆشكەندىن كېيىن، بىردىنلا چۆچۈپ) ياق، ماڭمىسام بولمايدۇ. ئۇ تەرەپلەرگە قايتىپ كەتسەم، ئۇ تەرەپلەردە بىرەرمۇ نامسىز يەر يوق، بىرەر پومېشچىكسىز يەر يوق، بىرەرمۇ سۈرگۈن قىلمايدىغان، زىندانى بولمىغان يەر يوق، بىرەرمۇ يالغان كۈلكىسى يوق يەر يوق، بىرەرمۇ زار يىغلاتمايدىغان يەر يوق، مەن ئۇلاردىن جاق تويدۇم، قايتمايمەن!





بوۋاي: ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ سىزنىڭ قايغۇڭىزنى يەپ چىن يۈرىكىدىن چىققان كۆز ياشلىرىنى ئۇچرتىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

يولۇچى: ياق. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن چىققان كۆز ياشلىرىنى كۆرگۈم يوق. ئۇلارنىڭ مەن ئۈچۈن قايغۇرۇشىنىڭ كېرىكى يوق!

بوۋاي: ئۇنداق بولسا (بېشىنى چايقاپ) مېڭىۋېرىدىكەنسىز - دە.

يولۇچى: شۇنداق، مېڭىۋېرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىمدا بىر سادا دائىم مېنى ئالدىرىتىدۇ، چاقىرىدۇ، ماڭا ئارام بەرمەيدۇ، پۇتلىرىم قاپىرىپ، بىرمۇنچە قېنىم ئاقمىغان بولسا كاشكى. (بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ، بوۋايغا كۆرسىتىدۇ) شۇڭا قېنىم يېتىشمەيدۇ، بىرئاز قان ئىچكۈم بار. لېكىن، قان نەدىكىنتاڭ؟ بىراق، مەيلى كىمنىڭ بولسۇن، بىرەر ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچىشنى خالىمايمەن. قېنىمنى ئاز - پاز سۇ ئىچىش يولى بىلەنلا تولۇقلايمەن، يولدا ھەرھالدا سۇ تېپىلىدىكەن، بىرەر نەرسىدىن قانائەت ھاسىل قىلالمىغاندەكمۇ بولمىدىم. شۇغىنىسى، مادارىم كېتىپ قېلىۋاتىدۇ، قېنىمدا سۇ تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. بۈگۈن بىرەر كۆلچەكمۇ ئۇچرىمىدى، بۇمۇ يولنى ئاز باسقانلىقىمدىن بولسا كېرەك.

بوۋاي: ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر. كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى، مېنىڭچە، بىرئاز دەمىڭىزنى ئېلىۋالسىڭىز، ماڭا ئوخشاش، ياخشى بولارمىكىن.

يولۇچى: بىراق ئالدىمدىكى سادا مېنى ماڭ دەپ چاقىرىۋاتىدۇ.

بوۋاي: خەۋىرىم بار.

يولۇچى: خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئۇ سادادىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

بوۋاي: شۇنداق. ئۇ مېنىمۇ چاقىرغاندەك قىلغان.

يولۇچى: ئۇ ھازىر مېنى چاقىرىۋاتقان سادامۇ؟

بوۋاي: ئۇنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرغان، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ چاقىرمىدى، مەنمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم.

يولۇچى: ھە، ھە، پەرۋا قىلمىدىم… (قاتتىق خىيال سۈرگەندىن كېيىن بىردىنلا چۆچۈپ، قۇلاق سالىدۇ) ياق، ماڭغىنىم ياخشى. تەسكىن تاپالمايمەن. ھەي، پۇتلىرىمنىڭ قاپىرىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. (مېڭىشقا ھازىرلىنىدۇ)

بالا: مەڭ! (بىر پارچە لاتىنى سۇنىدۇ) قاپىرىپ كەتكەن يەرلىرىڭىزنى تېڭىۋېلىڭ.

يولۇچى: ھەشقاللا (قولىغا ئېلىپ)، قىزىم. ئەجەبمۇ ياخشىلىق قىلدىڭىز. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ يول يۈرەلەيدىغان بولدۇم. (پارچە - پۇرات خىشلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، لاتىنى تاپىنىغا يۆگىمەكچى بولىدۇ) بىراق، بولمىدى! (زور بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ) قىزىم، ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرەي، يۆگەشكە يەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنچىۋالا كۆپ ياخشىلىقلىرىڭىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەلمەيدىكەنمەن.

بوۋاي: بۇنداق مىننەتدارلىق قىلماڭ، بۇنىڭدىن سىزگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

يولۇچى: شۇنداق، بۇنىڭدىن ماڭا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق. لېكىن، بۇ سەدىقە مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا. قاراڭ، مېنىڭ ئۇستۇۋېشىمغا.

بوۋاي: بۇنىڭغا چىنپۈتمىسىڭىز بولىدۇ.

يولۇچى: شۇنداق. بىراق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مۇبادا بىراۋنىڭ سەدىقىسىنى ئالسام، خۇددى قۇزغۇنلارنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىدەك، ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەپ، ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى تىلەپ قېلىشىمدىن ياكى ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى قارغاپ قىلد-





شىمدىن قورقىمەن، ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ قارغىۋېتىشىمدىن قورقىمەن، چۈنكى مەن قارغىش ئېلىشقا لايىقمەن. لېكىن، مەندە ئۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت يوق، شۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ شۇنداق رىيازەت چېكىشىنى خالىمايمەن، چۈنكى ئۇلار شۇنداق رىيازەت چېكىشنى خالىمىسا كېرەك. مېنىڭچە، مۇشۇنداق قىلغىنىم ھەممىدىن جايىدا ئىش بولىدۇ. (قىزغا قاراپ) قىزىم، بۇ لاتا تولىمۇ ياخشى ئىكەن، شۇغىنىسى تولىمۇ كىچىك ئىكەن، ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرەي.

بالا: (چۆچۈپ، ئارقىسىغا يانىدۇ) ئالمايمەن! ئۆزىڭىز ئەكېتىڭ!

يولۇچى: (كۈلۈمسىرىگەندەك قىلىپ)، ھە، ھە،… مېنىڭ تۇتۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟

بالا: (بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، تاغارنى كۆرسىتىپ) ئاۋۇنىڭغا سېلىپ قويۇڭ، ئوينارسىز.

يولۇچى: (خورسىنىپ، ئارقىسىغا يانىدۇ) بۇنى ئۆشنەمگە ئارتىۋالسام، قانداق ماڭىمەن؟…

بوۋاي: دەم ئالالمىغاندىكىن كۆتۈرەلمەيسىز. بىرئاز دېمىڭىزنى ئېلىۋالسىڭىز ھېچ گەپ بولمايدۇ.

يولۇچى: توغرا، دەم… (خىيال سۈرىدۇ، لېكىن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، قۇلاق سالىدۇ) ياق، بولمايدىكەن! ماڭغىنىم ياخشىكەن.

بوۋاي: دەم ئېلىشنى زادىلا خالىمامسىز؟

يولۇچى: دەم ئېلىشنى خالايمەن.

بوۋاي: ئۇنداق بولسا، بىرئاز دېمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ.

يولۇچى: بىراق، بولمايدىكەن…

بوۋاي: ماڭغىنىم ياخشى ئىكەن دەپلا ئويلامسىز؟

يولۇچى: شۇنداق. ماڭغىنىم ياخشى.

بوۋاي: ئۇنداق بولسا، ماڭغىنىڭىز ياخشى ئىكەن.

يولۇچى: (قەددىنى رۇسلىۋېلىپ) خەير - خوش. سىلەرگە كۆپ رەھمەت. (قىزغا قاراپ) قىزىم، ماۋۇنى قايتۇرۇپ بېرەي، ئېلىپ قېلىڭ.

(قىز چۆچۈپ، قولىنى قاچۇرۇپ، سوقما ئۆيگە كىرىۋالماقچى بولىدۇ).

بوۋاي: ئالغاچ كېتىڭ. بەك ئېغىرلىق قىلسا، قەبرىستانلىققا چۆرۈۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بالا: (ئالدىغا كېلىپ) ياق، ياق. بولمايدۇ!

يولۇچى: ياق، ياق، بولمايدۇ.

بوۋاي: ئەمىسە، ياۋا رەيھان، ياۋا قىزىلگۈل ئۈستىگە ئېسىپ قويۇڭ.

بالا: (چاۋاك چېلىپ) ھا - ھا - ھا! خوپ، شۇنداق قىلىڭ!

يولۇچى: نېمە، نېمە...

(بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ).

بوۋاي: شۇنداق بولسۇن، خەير، ئاقىۋول تىلەيمەن. (ئورنىدىن تۇرۇپ، قىز بالىغا قاراپ) بالام، مېنى ئۆيگە ئەكىرىپ قوي. قارىغىنە، كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. (ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلىدۇ)

يولۇچى: سىلەرگە كۆپ رەھمەت. ئامان بولۇڭلار. (ئىككى خىيال بولۇپ، قاتتىق خىيالغا چۆمىدۇ، كېيىن بىردىنلا چۆچۈپ) ياق، ماڭمىسام بولمايدىكەن! ماڭاي. ماڭغىنىم ياخشى... (دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، غەيرەت بىلەن غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ)

(قىز بالا بوۋاينى قولتۇقلاپ، سوقما ئۆيگە ئەكىرىپ ئىشىكنى ياپىدۇ. يولۇچى ئاياغلىرىنى سۆرىگىنىچە دەشتكە قاراپ كېتىدۇ، تۈن قاراڭغۇسى ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ).

1925 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى





# قوقاس

چۈشۈمدە مۇز تاغلىرى ئىچىدە يۈرۈپتىمەن.

مۇزلۇق تاغنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقان، ئاسماندا خۇددى بېلىق قاسىراقلىرىغا ئوخشاش پارچە - پارچە مۇز بۇلۇت. تاغ ئېتەكلىرىدە مۇزلۇق دەرەخلەر، ئۇنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى قارىغايغا ئوخشايدۇ. ھەممە يەر مۇز بىلەن قاپلانغان، ھەممە يەر كۆكۈچ رەڭگە كىرگەن.

مەن بىردىنلا مۇزلۇق جىلغىغا چۈشۈپ كەتتىم.

ئەتراپ كۆكۈچ مۇز بىلەن قاپلانغان. لېكىن، بۇ كۆكۈچ مۇزلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى چېچىلىپ ياتقان مارجان تىزمىسىدەك سانسىز قىزىل شولا ئەكس ئەتمەكتە. ئايىغىمغا قارىسام، ئوتقا كۆزۈم چۈشتى.

بۇ قوقاس — ئۆچكەن ئوت ئىدى. سۇس ئوت شەكلىدە تۇرغان بۇ قوقاس مىدىر قىلمايتتى. ئۇ تامامەن مۇز بولۇپ قالغان، خۇددى مارجان تىزمىلىرىغا ئوخشايتتى، ئوتنىڭ ئۇچىدا قارا ئىسمۇ قېتىپ قالغانىدى. بۇ قارا تۈتۈن كۆلخانىدىن چىقىپ قېتىپ قالغان بولسا كېرەك. دېمەك، بۇ ئوت مۇز تاملارغا شولا چېچىپ، بىر - بىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سانسىز شولا ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن مۇزلۇق جىلغىنى قىزىل مارجان رەڭگىگە كىرگۈزگەن.

«ھا - ھا!»

بالىلىق چاغلىرىمدا پاراخوتنىڭ تېز يۈرۈشىدىن پەيدا بولغان سۇ دولقۇنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوتخانىسىدىن پۇرقۇپ چىقىدىغان يال-

قۇنلارنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىم. ياخشى كۆرۈشلا ئەمەس، بەلكى ئىنتىقراق كۆرۈۋالغۇم كېلەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار بىر ئۆزگىرىپ، بىر يوقىلىپ كېتەتتى. زادىلا بىر شەكىلدە تۇرمايتتى. شۇنچە تىكىلىپ قارىساممۇ ھېچقانداق بىرەر ئىنىقراق تەسىرات ئالالمايتتىم.

ھەي قوقاس، ئۆچكەن ئوت، مانا ئەمدى سېنى دەسلەپ قولغا چۈشۈردۈم!

مەن ئۆچكەن ئوتنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاردماقچى بولۇۋىدىم، ئۇنىڭ سوغۇق تەپتى بارماقلىرىمنى كۆيدۈردى؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، ئوتنى يانچۇقۇمغا سالدىم. شۇ زامان مۇزلۇق جىلغا كۆكۈچ رەڭگە كىردى. مەن مۇزلۇق جىلغىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشتۈم.

بەدىنىمدىن پۇرقىراپ بىر ئىنچىكە قارا ئىس چىقتى ۋە يىلاندەك تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. جىلغىدا شۇ زامان يەنە قىپقىزىل شولا دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار خۇددى چوڭ گۈلخاندەك مېنى ئورىۋالدى. دەرھال تۆۋەنگە قارىدىم، ئۆچكەن ئوت يېنىپ، ئۇستۇۋېشىمنى كۆيدۈرۈپ، مۇز ئۇستىگە يېيىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي، بۇرادەر! ئۆز ئىسسىقىڭ بىلەن مېنى ئويغىتىۋەتتىڭ، — دېدى ئۇ.

مەن دەرھال ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدىم.

— مېنى ئەسلىدە كىشىلەر مۇشۇ مۇزلۇق جىلغىغا تاشلىۋەتكەندى، — دېدى ئۇ مەن سورىمىغان يەردىن سۆزلەپ، — مېنى تاشلىغانلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللىقاچان يوقالدى، تۈگىدى، مەنمۇ سوغۇقتىن ئۆلۈش ھالغا كەلگەنىدىم.

— سېنىڭ ئويغانغىنىڭ مېنى خۇشال قىلدى. مەن مۇزلۇق





جىلغىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ كويىدا ئىدىم؛ سېنى ئۆزۈم بىلەن ئاچىقىپ كېتەي، سېنى مەڭگۈ مۇزلاتمايمەن، سەن ئەمدى مەڭگۈ يېنىپ تۇرىسەن.

— ھە، ھە! ئۇنداق بولسا مەن پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگەپ كېتىمەن.

— سېنىڭ كۆيۈپ تۈگەپ كېتىشىڭ مېنى ئېچىندۇرىدۇ. ئۇنداق بولسا مەن سېنى قالدۇرۇپ كېتەي، يەنە مۇشۇ يەردە قالغىن.

— ھە، ھە! ئۇنداق بولسا مەن مۇزلاپ ھالاك بولىمەن.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— سەن ئۆزۈڭ قانداق قىلماقچىسەن؟ — ئۇ ياندۇرۇپ سورىدى.

— مەن ئېيتتىمغۇ: مەن بۇ مۇزلۇق جىلغىدىن چىقىپ كېتىمەن.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ كۆيۈپ تۈگىگىنىم ياخشى!

ئۇ، بىردىنلا خۇددى قىزىل قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك تىك كۆتۈرۈلدى ۋە مەن بىلەن بىللە جىلغىدىن چىقىپ كەتتى. بىردىن تاش چاقلىق هارۋا كېلىپ قالدى. مەن بولسام ئۇنىڭ چاقى ئاستىدا قالدىم. لېكىن، مەن جان ئۈزگىچە ھارۋىنىڭ مۇزلۇق جىلغىغا موللاقلاپ چۈشۈپ كەتكىنىنى ئېنىق كۆردۈم.

— ھا، ھا! سىلەر ئەمدى ئۆچكەن ئوتنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇڭلار! — دېدىم خۇددى ئەنە شۇنداق بولۇشنى تىلىگەندەك مەمنۇنلۇق بىلەن.

1925 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

# ئىتنىڭ رەددىيىسى

چۈشۈمدە، بىر تار كوچىدا كېتىۋېتىپتىمەن؛ ئۈستۈمدە جۇل - جۇل كىيىم، پۇتۇمدا ئەسكى كەش، خۇددى قەلەندەرمەن.

ئارقامدا بىر ئىت ماڭا قاراپ قاۋىدى.

مەغرۇرلۇق بىلەن ئارقامغا قاراپ غەزىپىم بىلەن توۋلىدىم:

— چاخ! ئاغزىڭنى يۇم! ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن - ھە!

— ھى! ھى! — ئۇ جاۋاب ئورنىغا كۈلدى، — ئۇنداق ئەمەس، بۇ جەھەتتە ئادەملەرگە يېتىشەلمەيمەن.

— نېمە؟! — بۇ سۆزدىن ناھايىتى ئارسىنىپ، كەيپىم ئۆرلىدى.

— شۇ كەمگىچە مىس بىلەن ئالتۇننى، ماتا بىلەن شايىنى، ئەمەلدار بىلەن پۇقرانى، خوجايىن بىلەن قۇلنى… پەرق قىلالمايۋاتقانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن.

مەن قاچتىم.

— نەگە؟ ئالدىرىما! يەنە گەپلىشەيلى! … — ئۇ مېنى توختىتىش ئۈچۈن ئارقامدىن توۋلىدى.

مەن يۈگۈردۈم، يۈگۈرگەندىمۇ كۈچۈمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام، ئورنۇمدا يېتىپتىمەن.

1925 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى





# قولدىن كەتكەن ياخشى دوزاخ

مەن چۈشۈمدە ئۆز ئورنۇمدا، باياۋاندىكى دوزاخنىڭ بىر چېتىدە يېتىپتىمەن. روھ - ئەرۋاھلارنىڭ پەس ۋە لېكىن رەتلىك چۇقانلىرى ئوت يالقۇنىنىڭ گۈرۈلدىشى بىلەن، ياغنىڭ پىژىلداپ قاينىشى ۋە پولات ئارىلارنىڭ سىلكىنىشى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چوڭ نەغمە ھاسىل قىلىپ، ئۈچ ئالەمنىڭ[19] ھەممىسىگە جەھەننەم (دوزاخ) تىپتىنچ دەپ ئېلان قىلماقتا.

يېنىمدا ئۇلۇغۋار، چىرايلىق ۋە مۇلايىم بىر ئادەم تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ شەيتان ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم.

— ئىش تامام - ۋەسسالام! ھەممە تۈگىدى! بىچارە روھ - ئەرۋاھلار ياخشى دوزاخنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولدى! — دېدى ئۇ ئېچىنغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا. كېيىن ئولتۇردى - دە، ماڭا ئۆزى بىلىدىغان مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

«يەر - جاھان ناۋات رەڭگە كىرگەن چاغ — شەيتان پەرىشتىلەرنى يېڭىپ، ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان زور نوپۇزنى قولغا ئالغان پەيت. ئۇ، جەننەتنىمۇ، بەندىلەرنىمۇ، دوزاخنىمۇ قولغا كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى دوزاخقا كېلىپ تۆردە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بارلىق روھ - ئەرۋاھلارغا نۇر چاچىدۇ.

دوزاخ ئاللىقاچان كاردىن چىققان: خەنجەر دەرەخلەر[20] نىڭ

يالتىراپ تۇرىدىغان نۇرى ئۆچكەن؛ قايناپ تۇرىدىغان ياغلار بۇل-
دۇقلاشتىن توختىغان؛ ھەيۋەتلىك گۇلخان ئۈستىدە گاھىدا ئىس
كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ؛ يېقىنراق بىر جايدا بەگگىدىۋانە[21] گۇللىرى
ئۈششاق ئاقۇچ ئېچىلىپ تۇرىدۇ — بۇ، ئەجەبلىنەرلىك ئىش
ئەمەس، چۈنكى، زېمىن يانغىن ئىچىدە قالغان، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ
مۇنبەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ئەلۋەتتە.

روھ ـ ئەرۋاھلار قىزىق ئوت، سوغۇق ياغ ئىچىدە ئويغىنىپ،
شەيتان چاچقان نۇر ئىچىدە دوزاختىكى ئاقۇچ ئېچىلىپ تۇرغان
گۇللەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا زوقلىنىپ، بىردىنلا ئادەمزات دۇنيا-
سىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، ئۇلار قانچە ـ قانچە يىل خىيال
سۈرۈپ، كېيىن ئادەمزات دۇنياسىغا تەلمۈرۈپ دوزاختا قارشى
قاتتىق نالە قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئۇنىڭغا جاۋابەن قوزغىلىپ، ئادالەت ئۈچۈن شەيتان-
غا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ، گۈلدۈرمامىنى بېسىپ چۈشكۈدەك
جەڭ سادالىرى ئۈچ ئالەمنىڭ ھەممە يېرىدە جاراڭلايدۇ. ئاخىر
چوڭ تەدبىرلەر بىلەن غايەت چوڭ تور يېيىپ، شەيتاننى دوزاختىن
چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئاخىرقى غالىبىيەت سىمۋولى
سۈپىتىدە دوزاخنىڭ دەرۋازىسىغا ئىنسانلارنىڭ تۇغىنى قادايدۇ!

روھ ـ ئەرۋاھلار خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىۋاتقاندا، ئىنسان-
لارنىڭ دوزاخنى تەرتىپكە سالىدىغان ئەلچىسى دوزاختا كېلىپ،
تۆردە ئولتۇرۇپ، بارلىق روھ ـ ئەرۋاھلارغا ئىنسان سالاپىتى
بىلەن دوق قىلىدۇ.

روھ ـ ئەرۋاھلار يەنە دوزاختا قارشى ئاھ ئۇرغاندا، ئىنسان-
لارغا خىيانەت قىلغان ئاسىيلارغا ئايلىنىپ، مەڭگۈ رىيازەت چې-
كىش جازاسىغا ئۇچرايدۇ ـ دە، خەنجەر دەرەخ ئورمانلىقىنىڭ
مەركىزىگە كۆچۈپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار دوزاختا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇ-





قىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزى ھەتتا شەيتانىن-
مۇ بېسىپ چۈشىدۇ. كېيىن ئىنسانلار خارابىلىكنى رەتلەپ، ھەم-
مىدىن ئىلگىرى كالا باش ئاپاڭغا[22] ھەممىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك
ئوت ـ چۆپ بىلەن ھەق بېرىدۇ. گۇلخان ئۈستىگە شاخ تاشلاپ،
خەنجەر تاغلارنى سىلىغايتىپ، پۈتۈن دوزاخنى باشقىچە بىر قىيا-
پەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاۋۋالقى خارابىلىك ئەسەرلىرىنى سۈپۈرۈپ
تاشلايدۇ.

بەگگىدىۋانە گۇللىرى دەرھال قۇرۇپ كېتىدۇ. ياغ ئاۋۋالقى
پېتى قايناۋېرىدۇ، پىچاقلار يەنە ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئوت ئاۋۋالقىدەكلا
يانىدۇ، روھ ـ ئەرۋاھلار ئاۋۋالقىدەكلا پەرياد ئۇرىدۇ، ئەلەمدىن
تولغىنىدۇ؛ قولدىن كەتكۈزگەن ياخشى دوزاخنى ئەسلەشكە ئۇلار-
نىڭ چولىسىمۇ تەگمەي قالىدۇ.

بۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، روھ ـ ئەرۋاھلارنىڭ
بەختسىزلىكى...

بۇرادەر، سەن مەندىن گۇمانلىنىۋاتىسەن، توغرا، سەن ئىن-
سان! مەن بېرىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ياۋۇز جىنلارنى ئىزدەپ
تاپاي...»

1925 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# قەبرە يازۇلىرى

چۈشۈمدە قەبرە تېشى ئالدىدا تۇرۇپتىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئويۇلغان يازۇلارنى ئوقۇۋېتىپتىمەن. بۇ قەبرە تېشى قۇم تاشتىن ياسالغان ئوخشايدۇ، بىرمۇنچە يەرلىرى ئۈۋۈلىنىپ كەتكەن، ئۈستىنى بولسا مۇخ بېسىپ كەتكەن. بۇ تاشتا مۇنداق ئازغىنە سۆزلا قالغان:

«... ساماغا چۈشۈپ تۇرغاندا سوغۇق تەگكەن؛ ئاسماندا ھاڭنى كۆرگەن؛ ھەممىنىڭ كۆزىدىن يوقنى كۆرگەن؛ ئۈمىد بولمىغان جايدا نجات تاپقان...

... بىر ئەرۋاھ زەھەرلىك يىلانغا ئايلاندى، ئادەمنى چېقىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى چېقىپ، ئاخىر ھالاك بولدى...

... نېرى كەت!...»

قەبرە تېشىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يالغۇز قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچبىر گىياھ يوق، قەبرە بۇزۇلۇپ - گۆمۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. چوڭ بىر يوچۇقتىن قارىسام، مۇردىنىڭ كۆكرىكى، قورسىقى يېرىق؛ يۈرەك - بېغىرلىرى كۆرۈنمەيدۇ. رەڭگىدە قايغۇدىنمۇ، شادلىقتىنمۇ ئەسەر يوق، بىراق چىرايى تۇمانلىق.

قورقۇنچ ئىچىدە ئارقامغا يانغۇچە قەبرە تېشىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى مۇنداق خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى:





«... يۈرەكنىڭ ئەسلىي تەمىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۆز يۈرىكىڭنى يۇلۇۋېلىپ يېگىن. جاراھەت قاتتىق ئاغرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ تەمىنى قانداق بىلىپ بولىدۇ؟...

... ئاغرىق بېسىلغاندىن كېيىن ئاستا يېگىن. ئەمما، يۈرەك كونىراپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ تەمىنى قانداق قىلىپ بىلىشكە بولىدۇ؟...

جاۋاب بەر. بولمىسا، نېرى كەت!...»

مەن دەرھال نېرى كەتمەكچى بولدۇم، لېكىن قەبرىدىكى مۇردا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن:

«مەن تۇپراققا ئايلانغاندا، ئاندىن مېنىڭ تەبەسسۇم قىلغىنىمنى كۆر!» دېگەن زۇۋان چىقتى.

مەن ئۇنىڭ كەينىمدىن قوغلىشىدىن قورقۇپ ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئىلدام كەتتىم.

1925 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# ھالسىرىغان جەسەتنىڭ قىمىرلىشى

چۈشۈمدە چۈش كۆرۈپتىمەن. قەيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. قارىسام، يېرىم كېچىدە مەھكەم بېكىتىلگەن بىر كىچىك ئۆينىڭ ئىچى؛ لېكىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى قويۇق شىۋاق ئورمانلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ياغاچ جوزا ئۈستىدىكى پەنەرنىڭ شېشىسى يېڭى سۈرتۈپ تازىلانغان، ئۆينىڭ ئىچىگە ناھايىتى يورۇق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئەسكى كارىۋاتتا تونۇش بولمىغان، يۇڭلۇق، كۈچلۈك بىر پارچە گۆش ئاستىدا ئورۇق، يېرىم جان بىر گەۋدە ئاچلىقتىن، ئازابتىن، تەئەججۈپتىن، نومۇستىن، خۇشاللىقتىن قىمىرلىماقتا، يۇمشاق ۋە سېمىز ئەتلىرى پارقىرايدۇ، خۇددى قوغۇشۇنغا ئەگىلىك سۈرتۈلگەندەك، ئاقۇچ ياڭاقلىرى ئاستا قىزارماقتا.

شەرقتە تاڭ ئېتىشقا باشلىدى، چىراغ نۇرىمۇ ئۇنىڭدىن قورققىنىدىن پەسەيمەكتە.

لېكىن، بوشلۇقنى ھەممە يېرىدە ئاچلىق، ئازاب، تەئەججۈپ، نومۇس ۋە خۇشاللىق دولقۇنلىرى بىر ئالغان...

— ئانا! — بۇلۇڭدا بورىغا يۆگىلىپ ياتقان ئىككى ياشلاردىكى قىزچاق ئىشىكنىڭ غىچىرلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— تېخى ئەتىگەن، يەنە بىردەم ئۇخلا، — دېدى ھودۇققان ئانا.

— ئانا! قورسىقىم ئېچىپ، ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈن يېگۈدەك بىرنەرسە بولارمۇ؟





— بۈگۈن يەيدىغان نەرسە تېپىلىدۇ. سەل تۇرۇپ ناۋاي كەلسە نان ئېلىپ بېرىمەن، — ئانا قولىدىكى كىچىككىنە كۈمۈش تەڭگىنى مەمنۇن بولغان ھالدا تېخىمۇ مەھكەم سىقتى، ئۇنىڭ كۈچسىز ئاۋازى غەمكىن تىترىدى. ئۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ قىزىغا قارىدى - دە، بورىنى نېرى يۆتكىۋېتىپ، قىزىنى ئەسكى كارىۋاتقا ئېلىپ قويدى.

— تېخى ئەتىگەن، يەنە بىردەم ئۇخلا، — دېدى ئۇ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەسكى تورۇستىن ئاسمانغا قارىدى.

ھاۋادا بىردىنلا يەنە ناھايىتى زور دولقۇن پەيدا بولۇپ، ئاۋۋالقى دولقۇنلار بىلەن سوقۇشۇپ، پىرقىراپ، ھەممىنى، شۇ قاتاردا مېنىمۇ ئۆز گىردابىغا قامىۋالغاندەك بولدى، نە ئېغىز، نە بۇرۇن بىلەن نەپەس ئالغىلى بولمايدۇ.

دېمىم سىقىلىپ ئويغىنىپ كەتتىم. دېرىزە سىرتى سۈتتەك ئايدىڭ، تاڭ ئېتىشقا تېخى خېلى باردەك تۇرىدۇ.

قەيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. قارىسام يېرىم كېچە، مەھكەم بېكىتىلگەن بىر كىچىك ئۆينىڭ ئىچى. بۇ، چۈشۈمنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. لېكىن، شۇنىڭدىن بۇيان كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ ناھايىتى تەرتىپلىك؛ بۇ يەردە ياش ئەر - خوتۇن، بىر توپ كىچىك بالا بىر قېرى ئايالغا نەپرەت ۋە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تۇرۇپتۇ.

— ئادەملەرگە قارىغۇدەك يۈزىمىزمۇ قالمىدى. ھەممىسى سېنىڭ دەردىڭ! — دېدى ئەر غەزەپلىنىپ، — سەن تېخى بۇنى بېقىپ چوڭ قىلدىم دەيسەن، ئەمەلىيەتتە سەن بۇنىڭغا جاپا قىلدىڭ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ كىچىك چېغىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپلا كەتكەن بولسا بوپتىكەن!

— مېنى ھەسرەتكە قالدۇرغان ئادەم سەن! — دېدى جۇۋان.

— سېنىڭ كاساپىتىڭ ماڭىمۇ تەگدى! — دېدى ئەر.

— مانا بۇ بالىلارغىمۇ كاساپىتىڭ تەگدى! — دېدى جۇۋان بالىلارنى كۆرسىتىپ.

بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى قورۇپ قالغان قومۇش يوپۇرمىقىنى پولات خەنجەردەك شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— ئۆلتۈرىمەن!

ھېلىقى ياشانغان ئايالنىڭ چىشى كىرىشىپ تۇرغانىدى، ئۇ بىر ئەندىكتى - دە، يەنە دەرھال ئارامىغا چۈشتى، بىرئازدىن كېيىن سۇس بىر ھالدا خۇددى تاش ھەيكەلدەك ئورنىدىن قوپتى. ئۇ ئىشىكنى يوغان ئېچىپ، جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق تىل ۋە زەھەرلىك كۆلكىلەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، زور قەدەملەر بىلەن قاراڭغۇ تۈن قوينىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ قاراڭغۇ تۈن قوينىدا توپتوغرا چەكسىز باياۋانغا قاراپ يول ئالدى؛ ئەتراپ ئايدالا، يۇقىرىدا ئېگىز ئاسمان، ئۇنىڭدا قانات قاققان نە ئۇچار قانات، نە ھاشارات يوق. ئايال دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالىڭاچ، خۇددى ھەيكەلدەك تۇردى. ئۇ شۇئاندا پۈتۈن ئۆتمۈشنى — ئاچلىق، ئازاب، تەئەججۇپ، نومۇس، خۇشاللىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تىترەپ كەتتى. دەرد، ھەسرەت، كاساپەت دېگەن سۆزلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى... يەنە شۇئانلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى: سېغىنىش بىلەن ئادا - جۇدالىقنى، مۇھەببەت بىلەن ئىنتىقامنى، بېقىپ تەربىيەلەش بىلەن كۆزدىن يوقىتىشنى، بەخت تىلەش بىلەن قارغاشنى... بىر - بىرىگە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن قولىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە يۇقىرى كۆتۈردى، ئاغزىدىن ئادەمنىڭمۇ، ھايۋاننىڭمۇ تىلىغا ئوخشىمايدىغان، ئىنسانلارغا خاس بولمىغان سۆزسىز زۇۋان چىقتى.

ئۇ سۆزسىز زۇۋان چىقارغاندا، ئۇنىڭ تاش ھەيكەلگە ئوخشاش





ئۇلۇغۋار ۋە لېكىن كاردىن چىققان، ھالسىرىغان تېنى قىمىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تېنىنىڭ قىمىرلىشى خۇددى بېلىق قاسىراقلىرىغا ئوخشايتتى. بۇ قاسىراقلارنىڭ قىمىرلىشى خۇددى كۆچلۈك ئوتتا قايناۋاتقان سۇغا ئوخشايتتى. ھاۋادىمۇ شۇ ھامان خۇددى بوراندا دېڭىز دولقۇنلىغاندەك تىترەش پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

كېيىن ئايال كۆزىنى ئاسمانغا تىكتى، ئۇنىڭ سۆزسىز زۇۋانىمۇ يوقالدى، پەقەت كۆنىنىڭ شولىسىغا ئوخشاش قىمىرلىغان تىترەكتىن باشقا نەرسە قالمىدى، بۇ تىترەك ھاۋادىكى دولقۇننى خۇددى قارا قۇيۇنغا يولۇققاندەك پىرقىرىتىپ، چەكسىز دالىنى بىرلا ئالدى.

چۈشۈمدە جۆيلۈپ سالدىم، ئىككى قولۇمنىڭ مەيدەم ئۈستىدە تۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىمنى بىلدىم. چۈشۈمدە بۇ ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىككى قولۇمنى مەيدەمدىن يۆتكىۋېتىشكە بار كۈچۈم بىلەن تىرىشقانلىقىمنىمۇ بىلدىم.

1925 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# مۇھاكىمە

چۈشۈمدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىدا ئىنشا يېزىپ ئولتۇرۇپ، مۇئەللىمدىن مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى سورىدىم.

— قىيىن مەسىلە! — دېدى مۇئەللىم ۋە كۆزەينىكىنىڭ تۆپىسىدىن ماڭا قاراپ، — مەن ساڭا بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:

بىر ئائىلىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ، شۇ ئائىلىدىكىلەر بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. بوۋاق بىر ئايلىق بولغاندا ئاتىسى ئۇنى مېھمانلار ئالدىغا ئاچىقىپتۇ. ئاتا - ئانىسى بوۋاق ھەققىدە مېھمانلاردىن بىرەر ياخشى بېشارەت ئاڭلاش ئارزۇسىدا بولغان بولسا كېرەك.

مېھمانلاردىن بىرى: «بۇ بالا چوڭ بولغاندا باي بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مېھمان ھەشقاللا ئاپتۇ.

يەنە بىرى: «بۇ بالا چوڭ بولغاندا چوڭ ئەمەلدار بولىدۇ» دەپتۇ. بۇ ئادەممۇ باركاللا ئاپتۇ.

يەنە بىرى: «بۇ بالا چوڭ بولغاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپتۇ، بۇ ئادەم ھەممەيلەندىن دۇمبا يەپتۇ.

ئۆلىدۇ دېگەن كىشى ھەق گەپنى قىلغان، باي - ئەزىز بولىدۇ دېگەن كىشى يالغان ئېيتقان. لېكىن، يالغان سۆزلىگەن ئادەم باركاللىغا ئېرىشىپ، ھەق گەپنى قىلغان ئادەم دۇمبا يېگەن. سەن...

— مەن يالغان گەپ قىلىشنىمۇ، دۇمبا يېيىشنىمۇ خالىماي-





مەن. ئۇستازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— ئۇنداق بولسا، سەن: «پاھ! بۇ بوۋاقنى قاراڭ! بۇنىڭغا قاراڭە! پاھ، نېمىدېگەن... ۋاي ئاللا، ھا - ھا! He he! He, he he he!» دېسەڭلا بولىدۇ.

1925 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# ئۆلگەندىن كېيىن

مەن چۈشۈمدە يولدا ئۆلۈپ يېتىپتىمەن.

بۇ قەيەر، مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم، قانداق ئۆلۈم — بۇلارنى بىلمەيمەن. ھەرھالدا، ئۆلگەنلىكىمنى بىلگەن چاغدا قارىسام، شۇ يەردە يېتىپتىمەن.

سېغىزغاننىڭ سايرىشى، ئۇنىڭ ئارىسىدىن قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى قۇلىقىمغا كىردى. ھاۋا ناھايىتى سۈزۈك — ئازراق توپا بولسىمۇ — ئېھتىمال، تاڭ ئېتىش ئالدىدا تۇرغان بولسا كېرەك. مەن كۆزۈمنى ئاچماقچى بولدۇم، خۇددى كۆزلىرىم مېنىڭ ئەمەستەك، كىرپىكلىرىمنى مىدىرلىتالمىدىم. قولۇمنى كۆتۈرمەكچى بولدۇم، لېكىن ئەھۋال يەنە شۇنداق.

يۈرىكىمنى بىردىنلا ۋەھىمە قاپلىدى. ھايات ۋاقتىلىرىمدا چاقچاق بىلەن: ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈشى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋىلىرىنىڭلا كاردىن چىققانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا بولسا، بۇ ئەھۋال تولۇق ئۆلگەندىنمۇ يامان بولسا كېرەك، دەپ پەرز قىلاتتىم. بۇ پەرىزىمنىڭ توغرا چىقىشىنى، بۇ پەرەزنى ئۆزۈمنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىمنى نەدىن بىلەي؟

ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى، يولدا كىمدۇر بىراۋ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك. بېشىمنىڭ يېنىدىن بىر دانە بىر چاقلىق قول ھارۋىسى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، يۈك باسقان ھارۋا بولسا كېرەك، ئۇنىڭ غىچىرلىشى يۈرىكىمنى سىقتى، چىشلىرىمنى زىڭىلداتتى، كېيىن يۈز - كۆزۈم قىزارغاندەك بولدى، قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان بولسا





كېرەك. دىمەك، شەرققە قاراپ يېتىپتىمەن. لېكىن، بۇنىڭمۇ كارايىتى يوق. كىشىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن توزۇپ چىققان چاڭ - توپىلار بۇرنۇمغا كىرىپ چۈشكۈركۈمنى كەلتۈردى، ئەمما چۈشكۈرەلمىدىم.

يەنە ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار خۇددى يېنىمغا كېلىپ توختىغاندەك بولدى، شىۋىر - شىۋىر سۆزلەرمۇ ئاڭلاندى. دېمەك، مېنى كۆرۈشكە كەلگەنلەر تېخىمۇ كۆپەيمەكتە، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلدى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە: ھايات ۋاقتىمدا تەنقىد - باھا دېگەن نەرسە بىر پىسەڭغىمۇ ئەرزىمەيدۇ دېگەن سۆزۈم قارىسىغا ئېيتىلغان گەپ بولسا كېرەك، ئۆلگەندىن كېيىن، مانا ئەمدى، شۇ گەپلەرنىڭ قۇسۇرى چىقىپ قالدى، دەپ ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدىم، لېكىن ھېچقانداق بىر خۇلاسە تاپالمىدىم، يىغىپ ئېيتسام، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى مانا مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

— ئۆلۈپتىمۇ؟...

— ھا... بۇ...

— خوپ بوپتۇ!...

— ھەي! رەھمەتلىك...

مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، چۈنكى بىر تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىمىدىم. ئەگەر تونۇش ئادەم بولغان بولسا ئۇلارنىڭ مېنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولغان بولاتتى ياكى كۆڭلى سۆيۈنگەن بولاتتى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن سۆز - چۆچەك قىلىشىغا، قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكار كەتكۈزۈشكە دەسمايە بولۇپ بەرگەن بولاتتىم. بۇنىڭ بىلەن خىجالەتچىلىكتە قالغان بولاتتىم. ھازىر مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، مېنىڭ ئۆلۈمۈم ھېچكىمگە تەسىرمۇ قىلمايدۇ. دۇرۇس، ھەرھالدا مەن خەلق ئال-

دىدا يەرگە قاراپ قالمىدىم.

ئەمما، دۈمبەمدە چۇمۇلە كېتىۋاتقان بولسا كېرەك، قىچىشىۋاتىدۇ. قىمىرلىيالمايمەن، چۇمۇلىنى ئېلىپ تاشلىغۇدەك ھالىم يوق، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسا بىر مىدىرلاپلا قاچۇرغان بولاتتىم. پۇتۇمدىمۇ بىرى ئۆمىلەپ كېتىۋاتىدۇ! نېمە قىلىشىۋاتىسەن، ھەي نىجىسلار!

ئەھۋالىم تېخىمۇ يامانلاشتى: غوڭۇلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، بىر يېشىل چىۋىن كېلىپ مەڭزىمگە قوندى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، يەنە ئۇچتى ۋە تۇمشۇقى بىلەن بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى يالىدى. مەن ئەلەم بىلەن: جانابلىرى، مەن ھېچقانداق بىرەر ئۇلۇغ زاتلاردىن ئەمەسمەن، مۇھاكىمە ئۈچۈن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن دەسمايە ئىزدىمەي قويۇڭ... دېگۈم كەلدى. ئەمما، بۇ سۆزلەرنى قىلىشقا ماجالىم يوق. ئۇ بولسا بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىن كەتتى - دە، سوغۇق تۇمشۇقى بىلەن لەۋلىرىمنى يالىدى. بۇ، ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلغىنىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. يەنە بىرنەچچە چىۋىن قېشىمغا ئولاشتى، ئۇلار بىر قەدەم ماڭغۇدەك بولسا، قاشلىرىم تېگى - تېگىدىن مىدىرلايتتى. ھەقىقەتەن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، تاقىتىم تاق بولدى.

بىردىنلا شامال چىقتى، يۇقىرىدىن بىر پارچە نەرسە يېپىلىپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن چىۋىنلار ئۇچۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئۇچۇش ئالدىدا تېخى مۇنداق دېيىشتى.

— ئى... ئى... ئىسىت!

غەزەپتىن ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقىلى تاسلا قالدىم.

يەرگە ياغاچلارنىڭ گۇپ - گۇپ قىلىپ چۈشكەنلىكى ۋە يەرنىڭ تىترىگەنلىكى مېنى بىردىنلا ھوشۇمغا كەلتۈردى. بورا قومۇشلىرى پېشانەمگە تېگىپ تۇرغاندەك بولدى، لېكىن بورىنى ئېلىپ تاشلاشتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە دەرھال قۇياش نۇرىنىڭ





ئىسسىقىنى ھېس قىلدىم ۋە كىمدۇر بىرىنىڭ:

— نېمىشقا بۇ يەردە ئۆلدىكىنە؟ ... — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

بۇ ئاۋاز ناھايىتى يېقىندىن ئاڭلاندى، ئۇ ماڭا ئېڭىشىپ قارىغان بولسا كېرەك. ئادەم قەيەردە ئۆلسە بولاتتى؟ مەن ئىلگىرى: ئىنسان يەردە كۆڭۈلدىكىدەك ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولسىمۇ، ھەرھالدا ئارامخۇدا ئۆلۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، ئاممىنىڭ پىكرىگە لايىقلىشىش قىيىن ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. ئەپسۇسكى، مەندە قەغەز - قەلەم يوق، بولغاندىمۇ يېزىشىم مۇمكىن ئەمەس؛ يازغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئېلان قىلغۇدەك يەر يوق. يېپىلغان قازان يېپىق تۇرۋەرسۇن.

مېنى بىراۋلار كۆتۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. خەنجەرلەرنىڭ غىلاپلىرىدىن ئاۋاز چىقتى، مەن «ئۆلۈشكە بولمايدىغان بۇ يەر» دىمۇ ساقچىلار بار ئوخشايدۇ. مېنى ئۇيان - بۇيان ئاغدۇرۇشتى، كېيىن دەس كۆتۈرۈپ يەنە پەسكە قويدى، قاپقاقنى ياپتى، ئۈستىدىن مىخلارنىڭ قېقىلغىنى ئاڭلاندى. لېكىن، قىزىق ئىش، ئاران ئىككى مىخ قېقىشتى. ئەجەبا بۇ يەردە ئۆلۈك ساندۇقىغا زادى ئىككى تاللا مىخ قېقىلامدىكىنە؟

مەن ئويلاپ قالدىم: «ئالتە تەرىپىم تام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستىلەپ مىخ قېقىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام - ۋەسسالام!»

... «دېمىم سىقىلدى! ...» دەپ ئويلىدىم يەنە. مېنى كۆمۈشتىمۇ، كۆمۈشمىدىمۇ، بۇنى گەرچە بايقىۋالالمىغان بولسامۇ، ھەقىقەتتە ئۆزۈمنى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا تىنچ ھېس قىلدىم. قولۇمنىڭ دۈمبىسى بورىغا تېگىپ تۇرۇپتۇ. بۇ كېپەن ئانچە يامان

ئەمەستەك تۈيۈلدى، ئەپسۇسكى، مېنى كۆمۈش ئۈچۈن كىم پۇل سەرپ قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، مېنى كېپەنلىگەن بەتبەختلەرگە لەنەت! كۆڭلىكىمنىڭ ئارقا پېشى قاتلىنىپ قالغانكەن. ئۇنى تۈزىتىشۋەتمەپسەن، ئۇ ناھايىتى ئىچىمنى پۇشۇرۇپ بىئارام قىلدى. سەنلەر، ئۆلگەن ئادەم ھېچ نەرسىنى سەزمەيدۇ دەپ، شۇنداقمۇ چالا - چۇشتى ئىش قىلىشتىڭمۇ؟ ھا - ھا!

بەدىنىم ھايات ۋاقتىمدىكىگە قارىغاندا ئېغىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىيىملىرىمنىڭ چاكلىرى بەدىنىمگە پېتىپ ناھايىتى بىئارام قىلدى، لېكىن: ئۇزۇن ئۆتمەي كۆنۈكۈپ قېلىشىم مۇمكىن ياكى چىرىپ كەتسەم بۇنداق بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇپ قالارمەن، ھازىر تېپتىنچ خىيال سۈرۈپ ياتقىنىم ياخشى، دەپ ئويلىدىم.

— ئەھۋالىڭىز قانداق؟ سىز ئۆلدىڭىزمۇ؟

بۇ ناھايىتى تونۇش ئاۋاز. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، كونا كىتابلار ساتىدىغان «قەدىمكىنى گۈللەندۈرۈش» ناملىق دۇكاننىڭ ياش خىزمەتكارى ئىكەن. ئۇنى كۆرمىگىلى 20 يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇ يەنە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. يەنە ئالتە تەرىپىمدە تۇرغان تامغا قارىدىم: ھەددىدىن تاشقىرى قوپال، ئوبدان رەندىلەنمىگەن تاختىلارنىڭ قىلولىرى دىڭ - دىڭ تۇرۇپتۇ.

— بۇ، مەيلى، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى ئۇ ۋە قارا كۆك تۈگۈنچەكنى ئېچىۋېتىپ، — مانا بۇ «گوڭياڭ تەزكىرىسى»[23]، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەشر قىلىنغان جىياجىڭ نۇسخىسى[24] سىزگە ئەكەلدىم. ئېلىپ قېلىڭ، بۇ…

— سىز، … — مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم، — سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ھالىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ، مۇشۇ ئەھۋالدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەشر قىلىنغان كىتابنى قانداق ئوقۇيمەن؟





— زىيىنى يوق، ئوقۇڭ.

مەن دەرھال كۆزۈمنى يۇمدۇم، چۈنكى ئۇ جېنىمغا تەگكەندى. بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئۇ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. لېكىن، بويىنۇمدا يەنە بىر چۈمۈلە ئۆمىلەشكە باشلىدى، ئاخىر يۈزۈمگىمۇ چىقتى، كۆزۈمنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئادەمنىڭ پىكىر - خىيالى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەپتىكەنمەن. بىردىنلا ئاللىقانداق بىر كۈچ يۈرىكىمنىڭ تىنچلىقىنى بۇزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىرمۇنچە چۈشلەرنى كۆردۈم: دوستلىرىم ماڭا خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك تىلىدى، دۈشمەنلىرىم بولسا ئۆلۈم تىلىدى. مەن بولسام خۇشالمۇ بولماي، ھالاكمۇ بولماي، كۆتۈرۈلۈپمۇ كەتمەي، چۈشۈپمۇ كەتمەي ياشاپ كەلدىم، بىرەر ئارزۇنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالىغىنىم يوق، ھازىر سايىگە ئوخشاش ئۆلدۈم، دۈشمەنلىرىمگىمۇ بىلدۈرمىدىم، ئۇلارغا بىرەر ئەجىرسىز خۇشاللىقنىمۇ بەرمىدىم…

خۇشاللىقىمدىن يىغلىغۇم كەلگەندەك بولدى. بۇ مېنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىنكى بىرىنچى كۆز ياشلىرىم بولسا كېرەك.

ئەمما، كۆزلىرىمگە ياشمۇ كەلمىدى؛ كۆز ئالدىمدا ئۈچقۇن چاقنىغاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم.

1925 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# شۈنداق جەڭچى[25]

شۈنداق جەڭچى باركى —

ئۇ ۋالىلداپ تۇرىدىغان ماۋزۇرنى ئېسىۋالغان ئافرىقىلىقلارغا ئوخشاش نادان ئەمەس؛ جۇڭگونىڭ خازىچاڭنى ساڭگىلىتىپ ئېسىۋالىدىغان يېشىل تۇغلۇق چېرىكلىرىگە[26] ئوخشاش لەقۋامۇ ئەمەس. ئۇ قېيىش چەمدىن ياكى ئەسكى تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ساۋۇتقىمۇ موھتاج ئەمەس؛ پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىلا بار، لېكىن قولىدا بەدەۋىلەر ئىشلىتىدىغان، غوي قىلىپ ئاتسىلا بولىدىغان نەيزىسى بار.

ئۇ ھېچ نەرسە يوق سەپكە كىرگەندە، ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بىر خىلدا بېشىنى لىڭشىتىدۇ. ئۇ بۇ باش لىڭشىتىشنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ قورالى ئىكەنلىكىنى، قان چىقارماي جان ئالىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن جەڭچىنىڭ شۇنىڭدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خۇددى زەمبىرەك ئوقىغا ئوخشاش شىر يۈرەك پالۋانلارنى ئىلاجسىز قالدۇرغانلىقىنى بىلىدۇ.

لېكىن، ئۇ نەيزىسىنى كۆتۈردى.

بېشىدا خەير - ساخاۋەتچى، ئۆلىما، ئەدىب، پېشقەدەم، ياش، مۆتىۋەر، موللا… دېگەن چىرايلىق ناملار كەشتە قىلىنغان بايراقلىرى بارلار، بېشىنىڭ ئاستىدا ئىلىم، پەزىلەت، مىللىي ئەنئەنە، خەلق پىكرى، لوگىكا، ئادالەت، شەرق مەدەنىيىتى…[27] دېگەن چىرايلىق گۈل - غۇنچىلار كەشتە قىلىنغان تونلىرى بارلار —

ئۇلار: يۈرىكىمىز كۆكسىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا، باشقا





قىڭغىر - قىيسىق يۈرەكلىك ئادەملەرگە ئوخشاشمايمىز، كۆكسىمىزدە يۈرىكىمىزنى ئاسرايدىغان ئەينەكلىرىمىز[28] بار، بۇ ئەينەكلەر كۆكسىمىزنىڭ مەركىزىدىكى ئىشلارغا ئۆزىمىزنىڭمۇ ئوبدان ئىشىنىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، دەپ تەڭلا قەسەم بېرىدۇ.

شۈنداق بولسىمۇ ئۇ نەيزىسىنى كۆتۈردى.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، نەيزىسىنى ياندىن بىر ئاتقانىدى، دەل ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قادالدى.

ھەممىسى لاسسىدە يەرگە يىقىلدى — ئۇلار ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق قۇرۇق تون ئىدى. ھېچ نەرسىسى يوق نەرسىلەر قېچىپ قۇتۇلدى، دېمەك، ئۇلار غەلىبە قىلدى، چۈنكى جەڭچى ھازىر خەير - ساخاۋەتچى قاتارلىق بىرنېمىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان گۇناھكار بولۇپ قالدى.

شۈنداق بولسىمۇ ئۇ نەيزىسىنى كۆتۈردى.

ئۇ ھېچ نەرسىسى بولمىغانلارنىڭ سېپىدە چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدى، يەنە بىر خىلدا لىڭشىغان باشلارنى، ھەر خىل بايراقلارنى، ھەر خىل تونلارنى كۆردى…

لېكىن، ئۇ نەيزىسىنى كۆتۈردى.

ئاخىر ھېچ نەرسىسى يوقلارنىڭ سېپىدە قېرىپ، ئۆمرىنى تۈگەتتى. ئۇ ئاخىر جەڭچى ئەمەس ئىدى، لېكىن ھېچ نەرسىسى يوق نەرسىلەر غالىب بولۇپ قالدى.

مۇشۇنداق بىر ماكاندا تىپتىنچلىق دېگەن سادانى ھېچكىم ئاڭلىغىنى يوق.

تىپتىنچلىق…

لېكىن، ئۇ نەيزىسىنى كۆتۈرمەكتە!

1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

# دانا، تەلۋە ۋە مالاي[29]

مالاي ھەرقاچان بىرەر ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭغا دەردى - ھالىنى ئۇقۇيدۇ. ئۇ پەقەت شۇنىڭغىلا موھتاج ۋە پەقەت شۇنداق قىلىشتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر دانا ئادەمنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

— ئەپەندىم! — دەپتۇ ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدىن تىزىلغان ئۈنچىدەك بولۇپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ، — ئۆزلىرىگە مەلۇم، مېنىڭ كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇشۇم تولىمۇ بەتتەر. كۈنىگە بىرەر قېتىم قورساق تويغۇزۇشۇم ناتايىن، شۇ بىر قېتىملىق يەيدىغىنىممۇ ھەتتا توڭگۇز، ئىتلارمۇ يېمەيدىغان قوناق كېپىكى، ئاران بىر پىيالە تېخى...

— بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ، — دەپتۇ دانامۇ ھەسرەت بىلەن.

— شۇنى دېمەمدىلا! — ئۇ خۇشال بولۇپ قاپتۇ، — بىراق كېچە - كۈندۈز ئارام ئالماي ئىشلەيمەن: سەھەردە سۇ توشۇيمەن، ئاخشامدا غىزا تەييارلايمەن، چۈش ۋاقتىدا بازارغا چاپىمەن، كېچىدە ئۇن تارتىمەن؛ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كىر يۇيىمەن، يامغۇر ياغقاندا كۈنلۈك كۆتۈرىمەن؛ قىشتا گاز ئوچاققا ئوت ياقىمەن، يازدا يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈيمەن. يېرىم كېچىدە غارىقۇن (قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ بىر خىلى — ت) قايناتقاچ، قىمار ئويناپ تۇرغان خوجايىنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن؛ چوتارغا چۈشكەن پۇلدىن مېنىڭ نېسىۋەم يوق، بەزىدە قامچىمۇ يەيمەن تېخى...

— ھەي - ي - ي ... — دانا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ،





ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى خۇددى ھېلىلا ياش چىقىدىغاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

— ئەپەندىم! مېنىڭ شۇنداق كېتىۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى. باشقا بىر ئامال تاپسام بولاتتى. نېمە ئامال بار؟...

— مېنىڭچە، ھالىڭ ھەرھالدا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ...

— شۇنداقمۇ؟ ئېيتقانلىرىدەك بولسۇن. ھال - ئەھۋالىمنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەيرخاھلىقلىرىنى ۋە تەسەللىلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئادالەت دېگەن نەرسە تۈگەپ كەتمەپتۇ...

لېكىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ يەنە قورسىقى كۆپۈپتۇ - دە، يەنە بىراۋنى تېپىپ، دەردى - ھالىنى ئېيتىپتۇ.

—ئەپەندىم! — دەپتۇ ئۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، — ئۆزلىرىگە مەلۇم، مېنىڭ تۇرىدىغان جايىم ھەتتا توڭگۇز قوتىنىدىنمۇ بەتتەر. خوجايىنىم مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پىستەكلىرىگە مەندىن نەچچە تۈمەن ھەسسە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ...

— بەتبەخت! — ئۇ كىشى ۋارقىراپتۇ، مالاي چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى تەلۋە ئىكەن.

— ئەپەندىم، مېنىڭ تۇرىدىغان ماكانىم ھەم زەي، ھەم قاراڭغۇ، چۈسا بىلەن تولۇپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ۋەيرانە ئۆي، چۈسا چېقىپ ئارام بەرمەيدۇ. سېسىق بۇسىنىڭ دەردىدە تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرەر دېرىزىسىمۇ يوق...

— خوجايىنىڭغا ئېيتىپ دېرىزە ئاچتۇرساڭ بولمامدۇ؟

— ئۇنداق قىلسام بولماسمىكىن؟...

— ئۇنداق بولسا، مېنى باشلاپ بار، قاراپ باقاي!

تەلۋە مالاي بىلەن بىللە ئىشىك ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، تامنى





چېقىشقا كىرىشىپتۇ.

— ئەپەندىم! نېمە قىلىۋاتىدىلا؟ — دەپتۇ ئۇ ھەيران بولۇپ.

— ساڭا بىر دېرىزە ئېچىپ بېرىمەن.

— ياق، بولمايدۇ! خوجايىنىمدىن دەشنەم يەپ قالىمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ! — ئۇ يەنە چېقىۋېرىپتۇ.

— ئادەم بارمۇ! قاراقچى بىزنىڭ ئۆيىمىزنى چېقىۋاتىدۇ! تېز كېلىڭلار! كېچىكىپ قالساڭلار تامنى تېشىۋېتىدۇ! ... — ئۇ يىغلاپ - ۋارقىراپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئېغناپتۇ.

بىرنەچچە مالاي پالاقلاپ كېلىپ تەلۋىنى قوغلىۋېتىپتۇ.

بۇ چۇقاننى ئاڭلىغان خوجايىن ئاخىرىدا ھويلىسىدىن ئاستا چىقىپ كەپتۇ.

— بىر قاراقچى بىزنىڭ ئۆيىمىزنى چېقىۋەتمەكچى بولۇپ كەپتىكەن، ھەممىدىن ئاۋۋال مەن چۇقان سالدىم، شۇنىڭ بىلەن بىز ھەممىمىز بىرلىشىپ ئۇنى قوغلىۋەتتۇق، — دەپتۇ ئۇ ھۆرمەت بىلەن ۋە غەلىبە قىلغان قىياپەتتە.

— يارايسەن، — دەپتۇ خوجايىن ئۇنى ماختاپ.

شۇ كۈنى بىرمۇنچە ئادەم ھال سوراپ كەپتۇ، دانامۇ قاتاردا بار ئىكەن.

— ئەپەندىم، بۇ نۆۋەت مەن خىزمەت كۆرسەتكەچكە خوجايىن مېنى ماختىدى. ئىلگىرى ئۆزلىرى ماڭا، ھالىڭ ياخشىلىنىپ قالىدۇ، دېگەنىدىلە، ھەقىقەتەن ئەۋلىيا ئىكەنلا ... — دەپتۇ ئۇ ناھايىتى ئۈمىدۋار ھالدا مەمنۇنىيەت بىلەن.

— شۇنداق ئەمەسمۇ ... — دەپتۇ دانامۇ مەمنۇن بولغاندەك جاۋاب بېرىپ.

1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى





# قۇرۇغان يوپۇرماق

چىراغ يورۇقىدا «يەنمىن شېئىرلىرى» [30] نى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، بىردىن كىتاب ئىچىدىن ئېرەن دەرىخىنىڭ قۇرۇپ قالغان بىر تال يوپۇرمىقى چىقىپ قالدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن يىلقى كەچ كۈز پەسلى كۆز ئالدىمغا كەلدى. كېچىچە قېلىن قىرو چۈشۈپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن؛ ھويلىدىكى بىر تۈپ ئېرەن دەرىخىمۇ قىپقىزىل تۇس ئالغان. مەن بۇ دەرەخنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. ئۇ، يايپېشىل كۆكىرىپ تۇرغان ۋاقتىدا مۇنداق دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ئۇ چاغدا ھەممىسى قىپقىزىلمۇ ئەمەس ئىدى، سەل - پەل قىزغۇچ ئىدى، بەزىبىر قىزارغان يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆيەر - بۆيېرى كۆك - يېشىل ئىدى. پەقەت بىرلا يوپۇرماقنىڭ قۇرت يېگەن، ئەتراپى قارا چىلتەك شەكىلنى ئالغان تۆشۈكى قىزىل، سېرىق ۋە يېشىللىقلار ئارىسىدا كىشىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆز قارىچۇقىدەك كۆرۈنەتتى. «بۇ ناكار يوپۇرماققۇ!» دەپ، ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ، يېڭى سېتىۋالغان «يەنمېن شېئىرلىرى» نىڭ ئىچىگە سېلىپ قويغانىدىم. ئېھتىمال، ئۆز شېخىدا ئاران ئىلىنىپ، غازاڭ بولۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ يوپۇرماقنىڭ ئالىپاساق رەڭگى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ساقلىنىپ قالسۇن، باشقا يوپۇرماقلار بىلەن بىللە غازاڭ بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك.

مانا بۈگۈن كېچە شۇ يوپۇرماق خۇددى سېرىق مومدەك ئالدىم-

دا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ قارىچۇقىمۇ ئۆتكەن يىلدىكىدەك نۇرلۇق ئەمەس. يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتسە، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەر، ھەتتا ئۇنىڭ قانداقلارچە كىتابنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلۇپ قالغانلىقىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەر. ياپيېشىللىقى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئارانلا شاخقا ئىلىنىپ تۇرغان يوپۇرماقنىڭ يۈزىدىكى ئالىپاساقلىقىمۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى نىسبەتتىنلا ئىبارەت بولسا كېرەك. قاراڭ، دېرىزە سىرتىدىكى سوغۇققا چىدامىلىق دەرەخلەرمۇ يالىڭاچ بولۇپ قالغان؛ ئېرەن تېخىمۇ شۇنداق. كەچ كۈز پەسلى كېلىش بىلەن مانا مۇشۇ بۇلتۇرقىغا ئوخشاش ناكار يوپۇرماقلار كۆپەيسە كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ يىل كۈزدە دەل - دەرەخلەرگە قاراپ تاماشا قىلغۇدەك بوش ۋاقىت تاپالمىدىم.

1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى





# سۇس قان داغلىرى ئىچىدە

— بىرنەچچە ئۆلگەنلەرنى، ھاياتلارنى ۋە تېخى تۇغۇلمىغانلارنى خاتىرىلەيمەن

ھازىرقى پەرۋەردىگار توخۇ يۈرەك ئىكەن.

ئۇ ئاسمان - زېمىننى تۈيدۈرماستىن ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتەلەيدىكەنۇ، مۇشۇ يەر شارىنى نابۇت قىلىۋېتىشكە پېتىنالمايدىكەن؛ جانلىقلارنى تۈيدۈرماستىن ئاجىزلاشتۇرۇپ ھالاك قىلىۋېتەلەيدىكەنۇ، بارلىق جەسەت - مۈردىلارنى مەڭگۈ مەۋجۇت قالدۇرۇشقا پېتىنالمايدىكەن؛ ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۈيدۈرماستىن تۆكتۈرەلەيدىكەنۇ، قاننىڭ رەڭگىنى مەڭگۈ قېنىق ھالىتىدە قالدۇرۇشقا پېتىنالمايدىكەن؛ ئىنسانلارنى تۈيدۈرماستىن خار - زارلىققا ئۇچرىتالايدىكەن، ئىنسانلارنى مەڭگۈ ئەستە تۇتىدىغان قىلىشقا پېتىنالمايدىكەن.

ئۇ مەخسۇسلار ئۆزىنىڭ قاياش — ئىنسانلار ئىچىدىكى توخۇ يۈرەك — لىرىنىڭ غېمىنى يەپ، ھەشەمەتلىك ئۆي - جايلارغا تەڭكەش زىننەت ئۈچۈن خارابىلىك ۋە گۆرىستان پەيدا قىلماقتا؛ دەرد - ئەلەم ۋە قان داغلىرىنى ۋاقىت - زامان بىلەن سۇسلاشتۇرماقتا؛ ھەر كۈنى ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، سەل - پەللا مەست قىلالىغۇدەك بىرەر قەدەھ ئازغىنە شىرىنلىكى بار ئاچچىق ھاراقنى ئادەملەرگە سۇنۇپ بېرىپ، بۇنى ئىچكەنلەرنى نالە - زار قىلالايدىغان، كۈلەلەيدىغان، بىر ئويغاق، بىر مەست، بىر ئەقلى بار، بىر ئەقلى يوق، ئۆلگۈسىمۇ كېلىدىغان، ياشاشنىمۇ خالايدىغان ھالغا كەلتۈرمەكتە. ئۇ ھەممىنى ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان

قىلىشقا مەجبۇر؛ ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋەتكۇدەك جاسارەت يوق.

زېمىندا ئۇيەر ـ بۇيەردە بىرنەچچە خارابىلىك ۋە گۆرىستان سۇس قان داغلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى كۆشەپ تۇرماقتا، لېكىن ئۇنى تۇكۇرۇۋېتىشنى خالىمايدۇ، يوقتىن بارى ياخشى دەيدۇ، ھەرقايسىسى باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ كۆز يەتكۇسىز دەرد ـ ئەلەملىرىنى چايناپ تۇرغانلىقىنى ئاقلاش سۇپىتىدە ئۆزلىرىنى «خۇدانىڭ خار بەندىسى» دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭى دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ كېلىشىنى تەشۋىش بىلەن كۇتىدۇ. يېڭىسى ئۇلارنى تەشۋىشكە سالىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىشقا ئىنتىزار.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ ياخشى بەندىسى. ئۇ ئەنە شۇنداق بولۇشنى زۆرۆر تاپىدۇ.

ئىسيانچى باتۇر ئادەملەر ئارىسىدىن چىقىدۇ؛ ئۇ قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ھازىر بار بولغان خارابىلەرگە، گۆرىستانلارغا نەزەر سالىدۇ، چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن دەرد ـ ئەلەملەرنى ئېسىگە كەلتۇرىدۇ، تۆپە ـ تۆپىلەپ ئۇيۇپ كەتكەن قانلارغا تىكىلىپ قارايدۇ، بارلىق ئۆلۇپ كەتكەنلەرنى، يېڭى تۇغۇلغانلارنى ۋە تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلارنى، تېخى تۇغۇلمىغانلارنى بىلىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ نەيرەڭلىرىدىگە نەپرەت قىلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنى ئويغىتىش ياكى ئىنسانلارنى — پەرۋەردىگارنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى — تۇگىتىش ئۇچۇن قوزغالماي قالمايدۇ.

پەرۋەردىگار، توخۇ يۇرەك نومۇس قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا يوشۇرىدۇ. يەر ـ جاھان باتۇرنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچە تۇس ئالىدۇ.

1926 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۇنى





# بىر تەسىرات

بومبا تاشلاش ۋەزىپىسى يۇكلەنگەن ئايروپىلانلار خۇددى مەكتەپتە ھەركۇنى بەلگىلىك ۋاقىتتا دەرس ئۆتۇلگەندەك، ھەر كۇنى چۇشتىن بۇرۇن بېيجىڭ ئۇستىدە ئۇچۇشىدۇ. ھەر قېتىم ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا، خۇددى «ئۆلۇم» ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندەك، ئۆزۇمنى بىر تۇرلۇك سۇس جىددىيەت ئىچىدە ھېس قىلىمەن، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھايات» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنىدىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمەن.

بىر ـ ئىككى پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىن، ئايروپىلانلار غارقىرىغان پېتى ئاستا ئۇزاپ كېتىشىدۇ. ئېھتىمال، ئۆلگەن، يارىدار بولغانلارمۇ باردۇر، ئەمما يەر ـ جاھان بىردىن تېخىمۇ تىنچلانغاندەك بولىدۇ. دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى تېرەك يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىدۇ؛ قارىياغاچ ۋە ئەينۇلا يوپۇرماقلىرى تۇنۇگۇنكىدىنمۇ ئوبدان كۆكىرىپ تۇرىدۇ. كارىۋات ئۇستىدە چېچىلىپ ياتقان گېزىتلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئىش ئۇستىلىدىكى تۇنۇگۇن كېچىدىن قالغان كۇل رەڭ چاڭلارنى سۇرتتۇم، كىچىككىنە كىتابخانا بۇگۇنمۇ مانا ھەم «يورۇق»، ھەم «پاكىز» بولۇپ كەتتى.

نېمە ئۇچۇندۇر، ئۇزۇندىن بۇيان قولۇمغا توپلىنىپ قالغان ياش ئاپتورلارنىڭ ماقالىلىرىنى تۇزىتىپ ـ رەتلەشكە باشلىدىم؛ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ رەتلىمەكچىمەن. بۇ ئەسەرلەرنى يېزىلغان يىل، ئايلىرى بويىچە كۆرۇشكە كىرىشتىم. ئۆزلىرىنى پەردازلاشنى خالىمايدىغان بۇ ياشلارنىڭ قەلبى كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىر

ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار مۇلايىم، ساپ دىل. لېكىن، ئۇلار غەم - غۇسسىگە چۆكمەكتە، نالە قىلماقتا، غەزەپلەنمەكتە، ئاخىر ئۇلار مۇشت كۆتۈرمەكتە. ۋاھ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ياشلىرىم!

ئۇلار جۇت زەربىدىن مۇشت كۆتۈرمەكتە، مانا بۇ چىن ئىنسان قەلبىدۇر، مەن ئەنە شۇنداق قەلبنى سۆيىمەن. ئۆز شەكلى ۋە ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان يېڭى قان داغلىرى بار مۇشۇلارنى سۆيگۈم كېلىدۇ. گۈزەل ۋە مەشھۇر باغدا ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەر چىمەن بولۇپ ئېچىلىپ تۇرسا، ئىككى مەڭزى ئالمىدەك قىزىل مۇلايىم قىزلار ھۆر - پەرىدەك بەھۇزۇر سەيلە قىلىپ يۈرسە، تۇرنىلارنىڭ سايرىشى بىلەن ئاق بۇلۇتلار كۆكتە پەرۋاز قىلسا... بۇلار كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، مېنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىم ھامان ئېسىمدە.

تۇيۇقسىزلا بىر ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالدى: بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرى، مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلار خانىسىدا ئولتۇراتتىم. ناتونۇش بىر يىگىت [30] كىرىپ كەلدى - دە، ماڭا ئوراقلىق بىر كىتابنى بېرىپ، لام - جىم دېمەي جىمجىت چىقىپ كەتتى. ئېچىپ قارىسام، «يۇمران گىياھ» ناملىق ژۇرنال ئىكەن. ئەنە شۇ لام - جىم دېمەسلىك ماڭا نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۇقتۇردى. قاراڭ، بۇ سوۋغا نېمىدېگەن مول - ھە! ئەپسۇسكى، بۇ ژۇرنال ھازىر نەشردىن توختاپ قالدى، ئۇ «بوم قوڭغۇراق» ناملىق ژۇرنالنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالغان ئوخشايدۇ، خالاس. «بوم قوڭغۇراق» مانا بۇ جۇت گىردابدا، ئادەم دېڭىزىنىڭ تېگىدە بوم ئاۋاز چىقارماقتا.

يانتاق يانجىپ تاشلانغان تەقدىردىمۇ، يەنە گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، تولستوي ئەنە شۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ بىر ھېكايە يازغان. ئۆسۈملۈكلەر قۇرغاق چۆللەردىمۇ جانبازلىق بىلەن يىلتىز تارتىدۇ، يەر ئاستىدىكى سۇلارنى سۈمۈ-





رۈپ، يېشىل ئورمان ھاسىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزىنىڭ «ھايات»لىقىنى كۆزلەيدۇ، لېكىن ھارغان، چاڭقىغان يولۇچىلار ئۇنى كۆرۈش بىلەن بىرئاز بولسىمۇ دەم ئېلىش ئۈچۈن جاي تېپىلغانلىقىغا خۇش بولۇشىدۇ. بۇ نەقەدەر خۇشال بولارلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە نەقەدەر قايغۇلۇق ئىش!؟

«بوم قوڭغۇراق»تىكى ئېلان ئورنىدا يېزىلغان «ماۋزۇسىز» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەزىلەر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنى بەئەينى بىر دەشتكە ئوخشىتىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن دەشت ئىكەن، ئۇ گەرچە بىرئاز چۆل بولسىمۇ، يەنىلا جىمجىتتۇر؛ ئۇ گەرچە زېرىكەرلىك بولسىمۇ، ساڭا بىپايان تۇيۇلىدۇ. قاراڭ، ئۇ نەدىمۇ تۇمانلىق، خۇنۇك، غەلىتە بولسۇن؟!»

شۇنداق، مانا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ياشلارنىڭ قەلبى تۇرۇپتۇ، ئۇلار مۇشت كۆتۈرگەن ياكى مۇشت كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. لېكىن، مەن ئەنە شۇنداق قانلىرى تۆكۈلۈۋاتقان ۋە ئەلەم تارتىۋاتقان قەلبلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئادەملەر ئارىسىدا ئىكەنلىكىمنى، ئادەملەر ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىشىمگە ياردەم بېرىدۇ.

ماقالىلەرنى تۈزىتىپ رەتلەپ ئولتۇراتتىم، كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى، چىراغ نۇرى يورۇق بېرىشكە باشلىدى. ھەر تۈرلۈك ياشلىق باھارلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. مەن ھارغىنلىق ئىچىدە قولۇمغا تاماكا ئېلىپ، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ، ئاستا كۆزۈمنى يۇمدۇم - دە، ئۇزۇن چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم. كېيىن بىردىن ئويغىنىپ كەتتىم، ئەتراپ ھامان قاراڭغۇ؛ تاماكىنىڭ تۈتۈنى ھەرىكەتسىز بوشلۇقتا خۇددى يازدىكى بۇلۇتلارغا ئوخشاش ئاجايىپ شەكىللەرگە كىرىپ لەرزان كۆتۈرۈلمەكتە.

1926 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

## ئىزاھلار:

(1) بۇ ماقالە دەسلەپ 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يېزىلغان، 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى نەشردىن چىققان «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ 138 ـ سانىغا لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان. «ياۋا گىياھ» ناملىق كىتاب دەسلەپ بىرقانچە قېتىم نەشر قىلىنغاندا، بۇ ماقالە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كىرگۈزۈلگەنىدى؛ كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كىتاب ـ گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش ئورگانلىرى چىقىرىپ تاشلىغان. 1941 ـ يىلى شاڭخەيدىكى لۇشۈن ئەسەرلىرىنى توپلاپ نەشر قىلىش نەشرىياتى «لۇشۈننىڭ 30 يىللىق توپلاملىرى» نى نەشر قىلغاندا بۇنى يېڭىۋاشتىن كىرگۈزگەن.

1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جياڭ جيېشى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى؛ 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گۇاڭجۇدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە ئىنقىلابىي ياشلارنى قولغا ئالدى، ئۆلتۈردى. لۇشۈن گومىنداڭنىڭ بۇ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە غەزەپ بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي بۆلۈم باشلىقى دېگەن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

(2) بۇ يەردە «كونا» زۇلمەتلىك جەمئىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(3) گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى بىر چوڭ كوچىغا جايلاشقان بىر چوڭ بىنانىڭ ئىسمى.

(4) بۇ ماقالە دەسلەپ 1924 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىغا «ياۋا گىياھ — 1. كۈز كېچىسى» دېگەن ماۋزۇدا، لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

بۇ ماقالە چوڭقۇر مەنىلىك نەسرىي نەزمە. ئاپتور ئۆز ۋاقتىدىكى زۇلمەتلىك رېئاللىقتا بولغان غەزەپلىرىنى ۋە قارشىلىقىنى، مەزلۇملارنىڭ پارلاق ئىستىقبالغا تەلپۈنۈش ئارزۇسىغا بولغان تولۇق ھېسداشلىقىنى مەنزىرە لىرىكىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن؛ زۇلمەتكە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان جەڭچىلەرنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەسەردە ئىنقىلابىي ئىستىقبالغا بىر مەھەل كۆزى يەتمەسلىكتىن پەيدا بولغان تېڭىرقاش كەيپىياتىمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.





(5) بۇ ماقالىدىكى «ئۇ» ، «ئۇلار» دېگەن سۆزلەر ئۆز جايىدا ئاسمانغا، ئوت ـ چۆپ ۋە گۈلگە، چىلان دەرىخىگە قارىتىلغان. تۆۋەندىكى ماقالىلەردىكى «ئۇ» ، «ئۇلار» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئادەمگە ياكى نەرسىلەرگە قارىتىلغانلىقىنى ماقالىنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ پەملەش توغرا كېلىدۇ.

(6) بۇ — ئاينىڭ راستتىن شەرققە يۆتكەلگەنلىكى ئەمەس، ئاپتورنىڭ تۈن كېچىدىكى بىردەملىك ھېس ـ تۇيغۇلىرى.

(7) توشقانقۇلاق — دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل چاتقال ئۆسۈملۈك، يازدا ئاق چېچەكلەيدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى «توشقانقۇلاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

(8) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 11 ـ سانىغا «ياۋا گىياھ — 9» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇدا، لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

بۇ ماقالىدە ھاياتتىكى گۈزەل شەيئىلەرگە زوقلىنىش، مۇدھىش رېئاللىققا قەيسەرلىك بىلەن قارشى كۆرەش قىلىش روھى جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكى قارنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ لېكىن ئۇنىڭدىن يېگانىلىك ۋە غەمكىنلىكمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

(9) ئىسسىق ئىقلىم — جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى ئىسسىق يەرلەر.

(10) ناۋات ئالمىسى — زىخقا ئۆتكۈزۈپ ناۋات يالىتىلغان تاشئالما.

(11) چار يىلان — ئورمانلىقتا ياكى سازلىقتا بولىدىغان زەھەرسىز يىلان.

(12) ئىسرائىلىيىنىڭ سۇلتانى — يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى.

(13) ئەيسا مەسىھنىڭ دارغا تارتىلىشى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئىنجىلدىن كۆرۈڭ.

(14) مور — ئادەمنى ھوشسىزلاندۇرىدىغان دورا.

(15) Petofi Sandor — پېتوفى ساندور — ماجارىستان (ھونگارىيە) لىك شائىر، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى 1848—1849 ـ يىللاردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان.

(16) كازاكلار — تۈركىي تىلدا «ئەركىن ئادەملەر» ، «باتۇر ئادەملەر» دېگەن سۆز، ئەسلىي XV — XVI ئەسىرلەردە زۇلۇمغا چىدىماي روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن روسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كۇبان، دوناي دەريالىرى ۋادىلىرىغا قېچىپ بېرىپ يەرلىشىپ قالغان رۇس قۇللار ۋە كەمبەغەللەر. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە تولىمۇ باتۇر چەۋەنداز بولغان.

(17) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانىغا «ياۋا گىياھ — 9» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇدا، لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

بۇ ماقالە لەگلەك توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش روھىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بالىلارغا كۆيۈنىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق كۆيۈنۈش ئاپتورنىڭ فېئوداللىق ئەقىدىلەرگە قارشى ئىدىيىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

(18) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 17 سانىغا «ياۋا گىياھ — 11» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇدا، لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

بۇ ماقالىدە ھارغان - تالغىنىغا قارىماي، تىكەنلەرنى دەسسەپ قەتئىيلىك بىلەن ئالغا قاراپ ماڭغان، لېكىن تولىمۇ يېتىمسىرىگەن، ئىستىقبالغا كۆزى يەتمەيدىغان «يولۇچى» نىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن؛ ئۇ «يولۇچى» ساددا - گۆدەك قىزغىمۇ، يېرىم يولدا توختاپ قالغان بوۋايغىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بۇ ماقالىدە ئاپتورنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى رېئال كۈرەشتىكى قەيسەر ئىنقىلابىي ئىرادىسى ۋە بەرداشلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

(19) ئۈچ ئالەم — بۇددا تەبىرى بويىچە جەننەت، ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋە دوزاخ.

(20) خەنجەر دەرەخ — بۇددا تەبىرى بويىچە دوزاختىكى جازا قوراللىرى.

(21) بەگدىۋانە — چىرايلىق ئېچىلىدىغان، شېرىن پۇرايدىغان ئەمما چاققاق ئوت - چۆپ.

(22) كالا باش ئاپاڭ — بۇددا رىۋايەتلىرىدىكى قەددى ئادەمگە، بېشى كالىغا ئوخشايدىغان جىن.

(23)، (24) مىلادىيىدىن 480 نەچچە يىل ئىلگىرى تارىشا، رەختىلەرگە يېزىلغان كونا كىتابلارنىڭ قەغەزگە بېسىلغان نۇسخىسى.

(25) بۇ ماقالە دەسلەپ 1925 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 58 - سانىغا ‹ياۋا گىياھ — 19› دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇدا، لۇشۈن دېگەن ئىمزا بىلەن بېسىلغان.

لۇشۈن كېيىن «ياۋا گىياھ» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز» دە مۇنداق يازغان: ‹شۇنداق جەڭچى›، ئەدىب - ئالىملارنىڭ مىلىتارىستلارغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان. ئاپتور «شۇنداق جەڭچى» نى يازغان چاغلاردا بېيجىڭدا شىمالىي مىلىتارىستلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بولغان «ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرى» خۇ شى، چېن شىيىڭ قاتارلىق بىرنېمىلەرگە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلماقتا ئىدى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە بەرداشلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە بىر جەڭچىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن، بۇ جەڭچى دۈشمەنلەر-





نىڭ يالغاندىن باشلىرىنى لىڭشىتقانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ چىرايلىق نىقابلىرىغا ئالدانماي، ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىغان. ماقالىدە «يەككە - يېگانە ھالدا جەڭ قىلىش» دېگەن بەلگىلىك ئىدىيىۋى كەيپىياتمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

(26) يېشىل تۇغلۇق چېرىك — مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى مانجۇلاردىن «سەككىز تۇغلۇق چېرىك» لارنى تەييارلىغاندىن باشقا، خەنزۇلاردىنمۇ ئەسكەر ئېلىپ قوشۇن تەشكىل قىلغان، بۇلارنىڭ بايراقلىرى يېشىل رەڭلىك بولغاچقا، «يېشىل تۇغلۇق چېرىك» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى بويىچە جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئاجىز قوشۇن ئىدى.

(27) شەرق مەدەنىيىتى — مىنگونىڭ دەسلەپكى يىلىدىن «4 - ماي» نىڭ ئالدى - كەينىگىچە كونىلىقنى تىرىلدۈرگۈچى ئەكسىيەتچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان شوئارلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مەقسىتى فېئوداللىزم مەدەنىيىتىنى قوغداپ، بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە قارشى تۇرۇش ئىدى.

(28) يۈرەكنى ئاسرايدىغان ئەينەك — قەدىمكى زاماندا جەڭدە كۆكرەكنى ئاسراش ئۈچۈن جەڭ كىيىمىنىڭ مەيدىسىگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان يۇمىلاق پارچە مېتال.

(29) بۇ ماقالە دەسلەپ 1926 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «تىل رىشتىسى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 60 - سانىغا «ياۋا گىياھ — 20» دېگەن قوشۇمچە سەرلەۋھىدە لۇشۈن ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان.

20 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈچ چوڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرىشى كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئالغانىدى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى خەلق ئاممىسىغا ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنى ۋە قۇللۇق پەلسەپىسىنى تارقىتىپ، شۇ يول بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. لۇشۈن ئەنە شۇ ئىسلاھاتچىلىق تەتۈر ئېقىمىنى كۆپ تەرەپلەپ تەنقىد قىلدى.

لۇشۈن بۇ ماقالىسىدە بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە، زۇلۇمغا تۇتقان تۈرلۈكچە پوزىتسىيىلىرىنى مەسەلىگە يېقىن ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان. ئاپتور قىلچىلىكمۇ قۇللۇق مىجەزى بولمىغان ۋە خۇشامەتچىلىك قىلمايدىغان، قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلغان «تەلۋە» نى مەدھىيىلىگەن؛ ئىدىيىدە بىخۇدلىشىپ كەتكەن، مالايلىقىغا شۈكۈر قىلىدىغان «مالاي» نى تەنقىد قىلغان؛ «دانا» نىڭ ساختا خەيرخاھلىقىغا تەنە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ يالاقچىسى ۋە قولچومىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تەسەللى بېرىشتەك يالغان گەپ بىلەن ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپى-

نىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

(30) «يەنمىن شېئىرلىرى» — خەنزۇچە شېئىرلار توپلىمى. ئاپتورى سەئدۇللا. ئەسلىي غەربىي دىيارلىق مۇسۇلمان دانىشمەن ئەۋلادى. چىڭگىزخان دەۋرىدە بوۋىسى يەنمېن (هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەيشەن ناھىيىسى) گە يەرلىشىپ قالغان. سەئدۇللا 1327 - يىللىرى خاندان مەمۇرىي دەرىجىسى بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك باش مۇپەتتىش بولغان. ئۇنىڭ «يەنمېن شېئىرلىرى» تولىمۇ شۆھرەت قازانغان.

(31) ناتونۇش يىگىت — ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى، شائىر، چېڭ جى.



بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. (ئىزاھاتلاردا خەلق نەشرىياتىنىڭ 2005 - يىلى 3 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىنغان «لۇشۈن فېليەتونلىرىدىن تاللانما» دىن پايدىلىنىلدى)

本书根据人民文学出版社 1981 年第 1 版,第 1 次印刷本翻译出版。(注文参照《鲁迅杂文选读》:人民出版社 2005 年 3 月第一版)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
ياسىن زايىدوف
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# لۇشۈن ئەسەرلىرى (1)

ئاپتورى: لۇشۈن
تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى ئارتىشى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 16.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 7—228—09890—0
باھاسى: 30.00 يۈەن